www.kitaphumar.net

# جىمجىت ئۆي

ئورخان پاموك(تۈركىيە)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر ھامىت

(رومان)

ئەسەر مەنبەسى: ئىزدىنىش مۇنبىرى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب........ 4
ئىككىنچى باب........ 16
ئۈچىنچى باب........ 28
تۆتىنچى باب........ 37
بەشىنچى باب........ 45
ئالتىنچى باب........ 55
يەتتىنچى باب........ 63
سەككىزىنچى باب........ 75
توققۇزىنچى باب........ 81
ئونىنچى باب........ 87
ئون بىرىنچى باب........ 96
ئون ئىككىنچى باب........ 108
ئون ئۈچىنچى باب........ 117
ئون تۆتىنچى باب........ 124
ئون بەشىنچى باب........ 132
ئون ئالتىنچى باب........ 142
ئون يەتتىنچى باب........ 152
ئون سەككىزىنچى باب........ 162
ئون توققۇزىنچى باب........ 171
يىگىرمىنچى باب........ 180
يىگىرمە بىرىنچى باب........ 191
يىگىرمە ئىككىنچى باب........ 206
يىگىرمە ئۈچىنچى باب........ 217
يىگىرمە تۆتىنچى باب........ 230

يىگىرمە بەشىنچى باب........................................................ 243
يىگىرمە ئالتىنچى باب........................................................ 259
يىگىرمە يەتتىنچى باب........................................................ 278
يىگىرمە سەككىزىنچى باب........................................................ 287
يىگىرمە توققۇزىنچى باب........................................................ 299
ئوتتۇزىنچى باب........................................................ 310
ئوتتۇز بىرىنچى باب........................................................ 323
ئوتتۇز ئىككىنچى باب........................................................ 332

# بىرىنچى باب

ــــ تاماق تەييار بولدى چوڭ خانىم ــ دېدىم ــ ئۇستەلگە مەرھەمەت.

بىر نەرسە دېمىدى. ھاسىسىغا تايانغىنىچە قاراپ تۇراتتى. قېشىغا باردىم، قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدۇم. بىر نېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىدى، ئاشخانىغا چۇشۇپ، تەخسىسىنى ئەكەلدىم، ئالدىغا قويدۇم. قاراپ قويدى، لېكىن تاماققا قولىنى ئۇزىتىپمۇ قويمىدى. شالدۇرۇقىنى چىقاردىم، يوغان قۇلاقلىرىنىڭ ئاستىدا ئېگىشىپ تۇرۇپ باغلىدىم.

ـ بۇ ئاخشام نېمە تاماق قىلدىڭ يەنە؟ ـ دېدى ــ قانداقراق نەرسە قىلدىڭكىن قېنى؟

ـ ئىمام بايىلدى①، ــدېدىم، ـ تۇنۇگۇن كۆڭلۇم تارتتى دېۋىدىڭىز.

ـ چۇشتىكىسىمۇ؟

تەخسىسىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدۇم. ۋىلكىنى ئالدى، ئۆز-ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دېگەچ پېدىگەنلەرنى مالتىلاپ قويدى. بىردەم ئۆرۈپ-چۆرگەندىن كېيىن يېيىشكە باشلىدى.

ـ چوڭ خانىم، سالاتلىرىڭىز مانا بۇ يەردە، ـ دېدىم، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتىم. ئۆزۈمگىمۇ بىر پېدىگەن ئالدىم ـ دە ئولتۇردۇم، مەنمۇ يېيىشكە باشلىدىم.

بىردەمدىن كېيىن «تۇز» دەپ توۋلىدى: ــ رەجەپ تۇز نەدە؟

ئورنۇمدىن تۇردۇم، چىقىپ قارىدىم، قولىنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى.

ـ ئەنە تۇرىدىغۇ تۇز؟

ـ يېڭى خۇيلىرىڭ چىققىلى تۇردى ــ دېدى ــ مەن تاماق يەۋاتسام نېمىشقا ئىچىگە كىرىپ كېتىسەن؟

جاۋاپ بەرمىدىم.

ـ ئۇلار ئەتە كېلەمدۇ؟

ـ كېلىدۇ، چوڭ خانىم، كېلىدۇ!ــدېدىم ــ تۇز سەپمەمسىز؟

ـ سەن ئارىلاشما!ــ دېدى ــ كېلەمدۇ؟

ــئەتە چۇشتىن كېيىن ــدېدىم ــ تېلېفون قىلغانتىغۇ...

ـ يەنە نېمە بار؟

يېرىم پېدىگەننى ئەكىرىپ كەتتىم، پاكىز تەخسىگە چىرايلىق قىلىپ پۇرچاق ئۇسسۇپ ئەكىردىم. پۇرچاقنىمۇ خۇددى يىرگەنگەندەك قىلىپ مالتىلاشقا باشلىۋىدى، ئىچىگە كىرىپ كەتتىم، ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدىم. بىر دەمدىن كېيىن، بۇ قېتىم «لازا» دەپ توۋلىدى، ئاڭلىماسلىققا سېلىۋالدىم. كېيىن «مېۋە» دەپ توۋلىدى، بېرىپ مېۋە تەخسىسىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدۇم. ئۇستىخانلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىنچىكە قوللىرى شاپتۇللارنىڭ ئۇستىدە ھارغۇن ئۆمۈچۈكتەك ئاستا-ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا توختىدى.

ــ ھەممىسى سېسىق! نەدىنمۇ تېپىپ كەلگەنسەن بۇلارنى، دەرەخ تۈۋىگە چۈشۈپ قالغانلىرىنى يىغىپ كەلدىڭمۇ-يا؟

ــ سېسىق ئەمەس، چوڭ خانىم ــ دېدىم ــ پىششىق. ئەڭ سورتلۇق شاپتۇللار بۇلار. باققالدىن ئالدىم. بۇ يەرلەردە شاپتۇل دەرىخىنىڭ قالمىغانلىقىنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز...

ئاڭلىماسقا سېلىۋالدى، شاپتۇلدىن بىرنى تاللىدى. مەن ئىچكىرى كىرىپ كەتتىم، پۇرچاقلىرىمنى تېخى يەپ بولالمىغان ئىدىم.

ــيەش!ــ دەپ توۋلىدى ــ رەجەپ، نەدىسەن، يېشىۋەتكىنە!

يۈگۈردۈم، يېنىغا باردىم. شالدۇرۇقنى يېشىۋېتىپ قارىدىم، شاپتۇلنىڭ يېرىمىنى تاشلاپ قويغان ئىدى.

ــ ئازراق ئۆرۈك ئەكىلەي، چوڭ خانىم ــ دېدىم ــ بولمىسا سەل تۇرۇپ قورسىقىم ئاچتى دەيدىكەنسىز، كېچىسى مېنى ئويغىتىدىكەنسىز.

ــ رەھمەت ــ دېدى ــ مەن تېخى دەرەخ تۈۋىگە تۆكۈلۈپ قالغان نەرسىلەرنى يەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، مىڭ شۈكرى. يەش بۇنى.

قولۇمنى ئۇزىتىپ شالدۇرۇقنى يەشتىم، ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، دۈئا قىلغاندەك قىلدى. ئورنىدىن تۇردى.

ــ مېنى يۇقىرىغا چىقار!

ماڭا يۆلەندى، بىر ئاز چىقتۇق، پەلەمپەينىڭ توققۇزىنچى باسمىقىدا توختىدۇق، نەپەس ئالدۇق.

ــ ئۇلار ياتىدىغان ھوجرىلارنى تەييارلىدىڭمۇ؟

ــتەييارلىدىم.

ــ ماڭايلى ئەمسە ــ دېدى، ماڭا تېخىمۇ بەك يۆلەندى.

يەنە چىقتۇق، ئاخىرقى باسماققا دەسسىگىنىدە «ئون توققۇز، شۈكرى!» دېدى، ھوجرىسىغا كىردى.

ــ چىراقنى يېقىڭ!ــدېدىمــ مەن كىنوغا بارىمەن.

ــ كىنوغا بارارمىش!ــدېدىــ چوپچوڭ تۇرۇپ. بەك كەچ قالما ئۇنداق بولسا.

ــ كەچ قالمايمەن.

تۆۋەنگە چۈشتۈم، پۇرچاقلارنى يېۋەتتىم، قاچا-قۇچىلارنى يۇيىۋەتتىم. پەرتۇقنى يەشتىم، گىلاستۇكۇم جايىدا، چاپىنىمنى ئالدىم، پورتماللىمۇ تەييار. چىقتىم.

دېڭىزدىن سالقىن شامال كېلىپ تۇراتتى، خوشياقتى؛ ئەنجۈر يوپۇرماقلىرى شىرىلداپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئىشىكىنى تاقىدىم، دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ماڭدىم: بىزنىڭ باغنىڭ تېمى ئاخىرلاشقان يەردىن باشلاپ پىيادىلەر يولى ۋە يېڭى بېتون ئۆيلەر باشلاندى. كىشىلەر بالكونلىرىدا، كىچىك، تار گۈللۈكىدە ئولتۇرۇشاتتى، تېلېۋىزوردىن خەۋەر كۆرۈشىۋاتاتتى، ئاڭلىشىۋاتاتتى؛ كاۋاپدانىنىڭ بېشىدا ئاياللار بار ئىدى، ئۇلارمۇ شۇنداق، مېنى كۆرمەيتتى. كاۋاپدانىنىڭ ئۈستىدە گۆش ۋە ئىس-تۈتەك: ئائىلە، ھايات؛ مەستلىكىم كېلەتتى. لېكىن قىش كەلگەندە ھېچكىم قالمايتتى، ئۇ چاغدا بوش كوچىلاردا ئۆز ئاياق تىۋىشلىرىمنى ئاڭلاپ تېنىم شۈركۈنەتتى، مۈزلىدىم، چاپاننى كىيدىم، يان تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلدۇم.

ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا تېلېۋىزور كۆرگەچ تاماققا ئولتۇرۇشلىرىنى خىيال قىلىشمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن! يان كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرىمەن. كىچىك مەيدانغا تۇتىشىدىغان كوچىنىڭ بېشىدا بىر ماشىنا توختىدى، ماشىنىدىن ئەمدىلا ئىستانبۇلدىن كەلگەن بىر ئەر چۈشتى، قولىدا سومكا، ئۆيىگە كىردى، خەۋەر كۆرگەچ يېيىلىدىغان تاماققا كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەل جىددىيلەشكەندەك قىلاتتى. ئايلىنىپ يەنە ساھىلغا كەلگىنىمدە ئىسمايىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم:

ــ دۆلەتلىك لاتارىيە، ئېچىلىشقا ئالتە كۈن قالدى.

مېنى كۆرمىدى. ئۈن-تىن چىقارمىدىم. بېشىنى گىلدىڭشىتقىنىچە ئاشخانىدىكى ئۈستەللەرنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئۈستەلدىكىلەر ئۇنى چاقىردى، ئۇ باردى، ئېگىلدى، ئاق كىيىملىك، چاچلىرىغا لىنتا چېگىلگەن بىر قىزغا لاتارىيە دەپتىرىنى ئۇزاتتى، قىز ئالدىرىماي تاللاۋاتاتتى، ئانىسى بىلەن دادىسى مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەۋاتاتتى؛ قايتتىم بولدى، قارىمىدىم. گەپ قىلغان بولسام، ئىسمايىل مېنى كۆرگەن بولسىغۇ دىڭگوسلاپ بىردەمدىلا يېنىمغا ئۈنگەن بولاتتى. بىز تەرەپلەرگە كەلمەس بوپ كەتتىڭ ئاكا، دەيتتى. ئىسمايىل، ئۆيۈڭلار يىراقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆڭدە، دەيتتىم. دېمىسىمغۇ شۇ، دەيتتى. دوغان بەي بىزگە شۇ پۇلنى بەرگەن چاغدا، دۆڭ تەرەپتىن ئەمەس بەلكى بۇ تەرەپلەردىن يەر ئالغان بولسام ئاكا، دەيتتى، ئاھ، ئۇ چاغلاردا پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن دەپ ئۇ تەرەپتىن ئالغۇچە دېڭىز بويىدىن ئالغان بولسام رەجەپ، ھازىر مەن مىليونىر

بولغان بولاتتىم، دەيتتى. شۇنداق، يەنە شۇ گەپلەر، چىرايلىق ئايالى جىممىدە قاراپ تۇراتتى. نېمىدەپ بارغۇدەكمەن؟ لېكىن بەزىدە خالاپ قالىمەن، قىش كېچىلىرى پاراڭلاشقۇدەك بىرەرسىنى تاپالمىغىنىمدا خالاپ قالىمەن ۋە بارىمەن، لېكىن بارسام بولىدىغىنى يەنە شۇ گەپلەر.

قىرغاقتىكى قىمارخانىلار قۇپقۇرۇق. تېلېۋىزورلار ئۆچۈق. چايچىلار يۈزلىگەن بوش ئىستاكاننى قاتار تىزىپ قويۇشقان، كۆچلۈك چىراق نۇرى ئاستىدا ھەممىسى پاك-پاكىز پارقىراپ تۇرىدۇ. خەۋەرلەرنىڭ توگەپ، كۆپچىلىكنىڭ كوچىغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا. مۈشۈكلەر بوش ئۈستەللەرنىڭ ئاستىدا. ماڭدىم.

پىرىستانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قېيىقلار توختىتىلغان ئىدى. كىچىك، مەيىنەت قۇم ساھىلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. قىرغاققا ئۆرۈلۈپ چىقىپ، قۇرۇپ قالغان يوسۇنلار، شىشىلەر، يالتىراق پارچىلىرى... قېيىقچى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىنى چاقارمىش، قەھۋەخانىنىمۇ چاقىدىكەن. قەھۋەخانىنىڭ يورۇق دەرىزىلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا ھاياجانلاندىم. بىرەرسى باردۇر بەلكىم، قەرت ئوينىمىغان بىرەرسى، پاراڭلىشارمىز، ھال-خاتىرە سورار، جاۋاپ بېرەرمەن، گېپىمگە قۇلاق سالار، مەنمۇ ھال-ئەھۋال سورارمەن، ئۇلار گەپ قىلىپ بېرەر، ئاڭلارمەن: تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭنى بېسىش ئۈچۈن ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىشەرمىز: ئەل-ئاغىنەدارچىلىق، بەلكىم بىللە كىنوغا بارامدۇق ــ تېخى.

ئەمما قەھۋەخانىغا كىرە-كىرمەيلا كەيپىم ئۇچتى، چۈنكى ئۇ ئىككى ياش يەنە بۇ يەردە تۇراتتى. ئەنە: مېنى كۆرۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىشكە باشلىدى، بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى، لېكىن مەن سىلەرنى كۆرمىدىم، سائىتىمگە قاراۋاتىمەن، ئۈلپەت ئىزدەۋاتىمەن. ئاۋۇ يەردە، سولدا نەۋزات ئولتۇرۇپتۇ، قەرت ئويناۋاتقانلارنى تاماشا قىلىۋېتىپتۇ. يېنىغا باردىم، ئورۇندۇققا چىقىپ ئولتۇردۇم. مەمنۇن ئىدىم. نەۋزاتقا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

ــ مەرھابا ــ دېدىم ــ قانداق ئەھۋالىڭ؟

گەپ قىلمىدى.

بىردەم تېلېۋىزورغا قارىدىم، خەۋەرلەر ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئىدى.

ئاندىن ئايلىنىۋاتقان قەرتلەرگە، قەرتلەرگە قاراپ ئولتۇرغان نەۋزاتقا قارىدىم، بىر قول تۆگىسۇن دەپ ساقلىدىم، تۆگىدى، لېكىن مەن بىلەن ئەمەس، ئۆز ئىچىدە پاراڭ سېلىشتى ۋە كۈلۈشتى. ئاندىن يەنە باشلاندى، كىرىشىپ كېتىشتى، يەنە تۆگىدى. قەرتلەر يەنە تارقىتىلىشقا باشلىغاندا ئەمدى بولسىمۇ بىر نەرسە دەي دېدىم.

ــ نەۋزات، بۈگۈن ئەتىگەن بەرگەن سۈتۈڭ بەك ياخشىكەن.

كۆزىنى قەرتلەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ شۈنداق، ياغلىق سۈت ياخشى بولىدۇ.

يەنە بېشىنى لىڭشىتتى. سائىتىمگە قارىدىم، توققۇزغا بەش مىنۇت قاپتۇ. ئاندىن تېلېۋىزورغا قارىدىم؛ خىيال سۈرۈپ كېتىپتىمەن، ياشلارنىڭ خىرىلداشلىرىدىن ئېسىمگە كەلدىم. قوللىرىدىكى گېزىتنى كۆرۈپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم: ۋاي خۇدايىم، يەنە بىرەر رەسىم بېسىلغان بولمىسۇن؟ چۈنكى بىر ماڭا، بىر گېزىتكە قاراپ، قىلىقسىزلارچە كۈلۈشۈۋاتاتتى. كارىڭ بولمىسۇن، رەجەپ! لېكىن يەنىلا ئويلىماي تۇرالمىدىم؛ گېزىتكە بەزىدە ئاجايىپ رەسىملەرنى چىقىرىشىدۇ؛ ئۇلار بەك رەھىمسىز كېلىدۇ؛ ئاستىغا يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ياكى ھايۋاناتلار باغچىسىدا كۆچۈكلىگەن ئېيىقلارنىڭ رەسىمىنى باسقان چاغلىرىدا يازغىنىغا ئوخشاش پەلسەپەتىش ۋە نااھەق گەپ-سۆزلەرنى يېزىشىدۇ. بىردىنلا نەۋزاتقا قارىدىم ۋە ھېچنىمىنى ئويلىماستىنلا:

ــ قانداق ئەھۋالىڭ؟ــ دېدىم.

ئالىنىپىملەرنىدۇر دېگىنىچە ماڭا بۇرۇلدى، ئەمما ئەقلى-خىيالىم رەسىمدە قالغانلىقى ئۈچۈن، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي پاراڭلىشىش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىكار قېلىپ، يەنە ئۇ ئىككى ياش ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدىم. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېششىتى. بېشىمنى باشقا تەرەپكە بۇرىدىم. ئۈستەلگە بىر كارول چۈشتى. قەرت ئويناۋاتقانلار تىللىشىشتى، كۈلۈشتى، ھەسرەت چېكىشتى. ئاندىن يەنە بىر قول ئويۇن باشلاندى؛ قەرتلەر بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئورنى ئالماشتى: رەسىم بارمىدۇ؟ تۇيۇقسىزلا كاللامغا كەلدى:

ــ جەمىل!ــ، دەپ توۋلىدىمــ بۇ يەرگە بىر چاي!

شۈنداق قىلىپ بىردەم بولسىمۇ كاللامدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ھەپىلەشكۈدەك بىر ئىش تاپقانمۇ بولدۇم، لېكىن بۇمۇ ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، كاللامغا ئۇ ياشلار كۈلۈشكىنىچە قاراپ تۇرغان گېزىت كىرىۋالدى. يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا قارىغىنىمدا گېزىتنى جەمىلگە بېرىشكەنىدى، ئۇمۇ ئۇلار كۆرسەتكەن يەرگە قاراۋاتاتتى. جەمىل مېنىڭ ئىچىمنىڭ پۇشقانلىقىنى كۆرۈپ بىئارام بولدى ۋە تۇيۇقسىزلا قوپاللىق بىلەن ياشلارغا ۋارقىرىدى:

ــ نومۇسسىزلار!

شۈنداق قىلىپ ئۇق يادىن چىققاندى. ئەمدى بىلمەسكە سېلىۋالمايتتىم. ئەسلىدە بۇ يەردىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ بالدۇرلا كېتىشىم كېرەك ئىدى. ياشلار قاقاھلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.

ــ نېمە باركەن جەمىل؟ــ دېدىمــ ئۇ گېزىتتە نېمە باركەن؟

ــ ھېچنېمە!ــ، دېدى ــ، نەدىكى بىر نەرسىلەر!

پەيلىمگە هاي بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم، لېكىن كۈچۈم قالمىدى. خۇددى ئوقۇتۇۋېتىلگەندەك ئورۇندۇقتىن چۈشتۇم، ئۇنى ئۆچكەن ياشلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ جەمىل تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدىم.

ـ ئەكىلە ئۇ گېزىتنى!

گېزىتنى يۇشۇرماقچى بولغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى. ئاندىن گۇناھكارلارچە:

ـــ بەك غەلىتە. دېدى. بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن! ئاندىن ياشلارغا قاراپ «نومۇسسىزلار!» دېدى ۋە ئاخىرىدا، خۇداغا مىڭ شۈكرى، گېزىتنى ماڭا ئۇزاتتى.

گېزىتنى قولىدىن ئاچ بۆرىدەك تارتىپلا ئالدىم، ئاچتىم؛ يۈرىكىم سىلىپ كېتىۋاتاتتى. نەپسىم بوغۇلغاندەك، ھاياجان بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن يەرگە قارىدىم، لېكىن، رەسىم يوق ئىدى.

ـ نەدە؟

ـ ئەنە.، دېدى جەمىل قىزىقىش بىلەن بارمىقىنىڭ ئۇچىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۇ كۆرسەتكەن يەرنى تېز-تېز ئوقۇدۇم:

تارىخ سەھىپىسى... ئۇسكۇدارنىڭ تارىخى خەزىنىلىرى... شائىر يەھيا كەمال ۋە ئۇسكۇدار...تېخىمۇ ئاستىدا كىچىك ماۋزۇلار: رۇم مەھمەت پاشا جامەسى... ئەھمەدىيە جامەسى ۋە چەشمىسى...شەمسى پاشا جامەسى ۋە كۇتۇپخانىسى...جەمىلنىڭ بارمىقى ئاستا-ئاستا ئاستىغا چۈشتى ۋە كۆردۈم:

ئۇسكۇداردىكى پاپىلار ساناتورىيەسى!

يۈزۈم ھۆپپىدە قىزاردى، بىر تىنىقتىلا ئوقۇپ چىقتىم:

بۇلاردىن باشقا، بىر زامانلاردا ئۇسكۇداردا بىر پاپىلار ساناتورىيەسى بار ئىكەنتۇق. نورمال كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس، پاپىلار ئۈچۈنلا سېلىنغان بۇ ساناتورىيەنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل ئىدى. پەقەت، ئۆيلەرنىڭ، ئىشىكلەرنىڭ، دەرىزىلەرنىڭ، پەلەمپەيلەرنىڭ ئۆلچەملىرى پاپىلارغا لايىق قىلىنغان ۋە ئوتتۇرا ھال بويدىكى بىر ئادەم ئېچىگە كىرىش ئۈچۈن بېلىنى پۈكۈپ بىر قاتلىنىشى كېرەك ئىدى. سەنئەت تارىخچىسى ئۇستازىمىز، پروفېسسور، دوكتور سۇھەيل ئەنۋەرنىڭ تەتقىقاتلىرىغا كۆرە، بۇ ساناتورىيەنى پاپىلارنى بەك ياخشى كۆرىدىغان، سۇلتان مەھمەتII نىڭ ئامراق خانىشى ۋە سۇلتان ئەھمەتIنىڭ ۋالىدەسى خەندان سۇلتان سالدۇرغانىدى. بۇ ئائىلىنىڭ پاپىلارغا بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى ھېرىسمەنلىكى ھەرەم تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. خەندان سۇلتان، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ سۆيۈملۈك دوستلىرىنىڭ پاراكەندە قىلىنماي، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە بىرلىكتە ياشاشلىرىنى

ئـاررۇ قىلغـانىكەن، شـۇ سـەۋەپتىن سـارايىنىڭ بـاش ياغاچچىسـى رامـزان ئۇسـتا سـەپەرۋەر قىلىنغانىكەن. تۇجۇبىلەپ قىلىنغان ياغاچچىلىقنىڭ مۇكەممەللىكى بۇ ساناتورىيەنى كىچىك بىر شـاھ ئەسـەر دەرىجىسـىگە كۆتـۈرگەن، دەپ تەرىپـى قىلىنىـدىكەن. لـېكىن شـۇ يىلـلاردا ئۇسكۇدارنى كەزگەن ئەۋلىيا چەلەبى تىلغا ئالمىغاچقا، بۇنداق ئاجايىپ بىـر سـاناتورىيەنىڭ راسـتىن بولغـان-بولمىغانلىقىغا كېسـىپ بىـر نەرسـە دېيەلمەيـدىغانلىقىزنى دەپ ئۆتـشـىمىز كېرەك. ھەقىقەتەن بولغان تەقدىردىمۇ، بـۇ ئاجايىـپ سـاناتورىيە 1642-يىلـى ئۇسـكۇدارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن داڭلىق ئوت ئاپىتىدە يوق بولغان بولسا كېرەك.

بېشىم قېيىپ كەتتى. پاچاقلىرىم تىترەپ، دۈمبەم تەرلەپ چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتتى.

ــ كارىڭ بولمىسۇن، رەجەپ!ــدېدى جەمىلــ نېمە قىلىسەن ئۇ نومۇسسىـۇزلار بىـلەن تەڭ بولۇپ؟

ئىچىمدە گېزىتنى يەنە بىر ئوقۇپ چىقىشتىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق ئىستەك بار ئىدى، لېكىن كۈچـۈم يەتمەيتتـى. نەپسىم يېتىشـمەيۋاتقاندەك ھـېس قىلاتـتىم. گېزىـت قولۇمـدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

ــ ئولتـۇرغىنە مەيەردەــ دېـدى جەمىـلــ سـەل ئـارام ئېلىـۋال. جىـلە بولـۇپ قالـدىڭ، كۆڭلۈڭ يېرىم بولدى. ئاندىن ياشلارغا قاراپ يەنە بىر قېتىم «نومۇسسىزلار!» دېدى.

مەنمۇ تىترەپ ئاران تۇرغان پۇتلىرىم بىلەن ئۆرە تۇرغىنىمچە ئۇلارغا قارىدىم.

مۇغەمبەرلەرچە بىر خىل قىزىقىش بىلەن مېنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ــھەئەــ دېـدىمــ كۆڭلـۈم يېـرىم بولـدى. بىـردەم تۇرۇۋالـدىم، ئـازراق دېمىمنـى ئېلىۋالغاندىن كېيىن پۇتۇن كۈچۈمنى يىغىپ يېڭىباشتىن سۆزلەشكە باشلىدىم.

ــ لېكىن پاپا بولغىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولمىدىــ دېدىمــ كىشىلەرنىڭ ئەللىك بەش ياشتىكى بىر پاپىنى مازاق قىلغۇدەك دەرىجىدە ناچارلىشىپ كەتكىنىگە كۆڭلـۈم يېـرىم بولدى ئەسلى.

ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. قەرت ئويناۋاتقانلارمۇ ئاڭلىدى بەلكىم. نەۋزات بىـلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى؛ چۈشەنگەنمىدۇر؟ ياشـلار ئالـدىغا قارىۋېلىشقاندى، بەلكىم ئازراق بولسىمۇ خىجىل بولۇۋشقاندۇر. بېشىم قېيىۋاتاتتى، تېلېۋىزور گىژىلدايتتى.

ــ نومۇسسىزلار!ــ دېدى جەمىل بىكاردىنلا.

ــ توختا، رەجەپــ دېدىــ نەگە؟

جاۋاب بەرمىدىم. سەنتۈرۈلگىنىمچە بىر نەچچە قەدەم ماڭدىم، قەھۋەخانىنىـڭ نۇرلـۇق چىراقلىرى ئارقامدا قالدى. سىرتتا ئىدىم يەنە، سوۋۇن، قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئىچىدىمەن .

ماڭالىغۇدەك ھالىم يوق ئىدى، لېكىن كۆچەپ بىر نەچچە قەدەم ماڭدىم، ئاندىن پىرىستاننىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كېملەر باغلىنىدىغان سۇپىلارنىڭ بىرىدە ئولتۇردۇم. ساپ ھاۋادا چوڭقۇر نەپەس ئالدىم، يۈرىكىم تېخىچە سېلىۋاتاتتى. قانداق قىلسام بولار؟ يىراقتىكى قاۋاقخانىلارنىڭ، ئاشخانىلارنىڭ چىراقلىرى چاقناپ تۇراتتى؛ دەرەخلەرگە رەڭگارەڭ چىراقلار ئېسىلغانىدى، ئۇ چىراقلارنىڭ ئاستىدا كىشىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى: ۋاي خۇدايىم!

قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، جەمىلىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدىم.

ــ رەجەپ، رەجەپ، قېنى سەن؟

جىم تۇرىۋالدىم. مېنى كۆرمىدى، ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئەنقەرەگە ماڭغان موتۇرلۇق پويىزنىڭ گۈرۈلدىشىنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. سائەت توققۇزدىن ئون مىنۇت ئۆتكەن چاغ ئىدى ۋە مۇنداق ئويلاۋاتاتتىم: بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئەمەسمۇ؟ بوشلۇقتا تارىلار ـ تارالماي يوق بولۇپ كېتىدىغان ئاۋاز بۇلۇتلىرى ئەمەسمۇ بۇلار؟ كۆڭلۈم سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى، لېكىن ئۆيگە قايتقۇم يوق ئىدى، باشقا قىلغۇدەك ئىشىمۇ يوق ئىدى. كىنوغا باراي. تەرلىرىم قۇرۇغان، يۈرەك سېلىشىمۇ ئاستىلاپ قالغان ئىدى، خېلى ياخشى بولۇپ قالغان ئىدىم. چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئالغاچ يۈرۈپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ قەھۋەخانا كەينىمدە قالدى؛ مېنى ۋە ھېلىقى گەپ ـ سۆزلەرنى ئۇنتۇپمۇ قىلىشقاندۇر بەلكىم، تېلېۋىزور كىرگۈزىلداۋاتقاندۇر، جەمىل قوغلىشىۋەتمىگەن بولسىلا، ھېلىقى ياش باللار قېرىشىدىغانغا يېڭى بىرلىرىنى ئىزدىشىۋاتقاندۇر؛ يەنە كوچىغا چىقىپ قالدىم، توپ ـ توپ كىشىلەر يۈرۈشمەكتە، تاماقلىرىنى يەپ بولۇشتى، يەنە تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشتىن، قاۋاقخانىلارغا كىرىپ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن، تاماق سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرۈشىۋاتاتتى. ماروژنى يېيىشەتتى، پاراڭ سېلىشاتتى، ھال ـ ئەھۋال سورىشاتتى، ئاياللار، كەچقۇرۇن ئىستانبۇلدىن قايتقان ئەرلىرى، ئۇششاق ـ چۈششەك بىر نەرسە يېيىشىۋاتقان باللار؛ بىر ـ بىرىنى پەرق ئېتىشىپ قايتىدىن كۆرۈشىشەتتى. ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم، ئىسمايىل يوق تۇراتتى. بەلكىم قولىدىكى لاتارىيەلەرنى تۈگىتىپ ئۆيى تەرەپتىكى دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقاندۇر. كىنوغا بارغۇچە ئۇنىڭ يېنىغا بارغان بولسام پاراڭلاشقان بولاتتۇق. لېكىن يەنە شۇ ئوخشاش گەپلەر...

كوچا تىقما ـ تىقماق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ماروژنىچىلارنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ماشىنىلار، ئۆتۈپ كېتىپ بارغان كىشىلەر قاتناشنى توسۇپ قويغان ئىدى. گالستۇكۇم ۋە چاپىنىمدا چاتاق يوق ئىدى، لېكىن بۇنداق قىستا ـ قىستاڭغا چىدىيالمايتتىم؛ يان تەرەپتىكى بىر كوچىغا قايرىلدىم. تېلېۋىزورلارنىڭ كۆكۈش نۇرلىرى

چۈشۈپ تۇرغان تار كوچىلارغا تونختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدا باللار مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئوينىشىۋاتاتتى. كىچىك چېغىمدا بۇ ئويۇننى ياخشى ئوينىيالايدىغانلىقىمنى خىيال قىلاتتىم، لېكىن ئۇ چاغلاردا مەندە ئىسمائىلغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئوينىغۇدەك جاسارەت يوقتى. ئوينىيالىغان بولسام، مەن ئەڭ ياخشى مۆكىنەلەيتتىم، بەلكىم بۇ يەرگە، ئانام ۋابا بار، دېگەن سارايلارنىڭ خارابىسىنىڭ ئارىسىغا، يېزامدا بولسا مەسىلەن، ئېغىللارغا مۆكۈنگەن بولاتتىم ۋە سىرتقا چىقماي تۇرىۋالسام كىمنى مازاق قىلىشاتتىكىن، كۆرەتتۇق. لېكىن ئانام مېنى ئىزدەپ كېتەتتى، ئىسمائىل، ئاكاڭ نەدە، دەپ سورايتتى، ئىسمائىل بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ، مەن نەدىن بىلەي، دەيتتى ۋە بۇ چاغدا مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. مەن ئانامغا، ئانا، مەن يوشۇرۇن، ئۆزۈم يالغۇز ياشىسام دەيمەن، دەيتتىم. ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ياشىسام دەيمەن، ئانا، دەيتتىم. ئانام يىغلاپ كېتەتتى، ماقۇل ئانا، مەن چىقاي، مانا مەن بۇ يەردە، ئەمدى مۆكۈۋالمايمەن، ئانا، دەيتتىم. ئانام، نېمىدەپ يوشۇرنۇپ يۈرگۈدەكسەن، ئوغلۇم، دەيتتى ۋە بەلكىم ئانامنىڭ دېگەنلىرى توغرىدۇر، دەپ ئويلاشقا باشلايتتىم، نېمىدەپ يوشۇرنۇپ، مۆكۈپ يۈرگۈدەكمەن؟ شۇئان ھەممىنى ئۇنۇتاتتىم.

چوڭ كوچىدا تېز، تېز كېتىۋېتىپ ئۇلارنى كۆردۈم: سىتكى بەي چوڭ بوپ كېتىپتۇ، ئۆيلىنىپتۇ، يېنىدا ئايالى ۋە بويى مەندەك كېلىدىغان بالىسىمۇ بار ئىدى. مېنى تونۇدى، كۈلۈمسىرىدى، توختىدى.

— تىنچلىقمۇ رەجەپ ئەپەندى؟— دېدى— قانداقراق ئەھۋالىڭ؟

ھەر دائىم ئاۋال ئۇلار گەپ قىلسۇن، دەپ ساقلاپ تۇراتتىم.

— تىنچلىقمۇ سىتكى بەي— دېدىم— رەھمەت.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. لېكىن ئايالى بىلەن ئەمەس. بالىسى قىزىقىش ۋە قورقۇمسىراش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

— شىكەرىم، رەجەپ ئەپەندى جەننەتھىسارنىڭ ئەڭ پىشقەدەملىرىدىندۇر.

ئايالى كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىۋاتاتتى. سۆيۈندۇم، بۇ يەرنىڭ پىشقەدىمى بولۇشتىن پەخىرلىنەتتىم.

— چوڭ ئانا ئۇبدان تۇرغاندۇر؟

— يامان ئەمەس— دېدىم— قاخشاپلا تۇرىدۇ!

قانچە يىل بولدى؟— دېدى— فارۇق قەيەردە؟

— ئەتە كېلىدۇ—دېدىم.

ئايالىغا قاراپ فارۇق بەيىنىڭ بالىلىقتىكى ئاغىنىسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا قول ئېلىشماستىن بېشىمىزنى لىڭشىتىپ خوشلاشتۇق. ئەمدى ئايالىغا بالىلىق

چاغلىرىدىكى ئىشلارنى دەپ بېرىۋاتقاندۇر، بەلكىم. مېنىڭ گېپىمنىمۇ قىلغاندۇر، كىچىك چېغىمىزدا ئۇلارنى قۇدۇق بېشىغا ئاپىرىپ كەفال بىلىقنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرگەندۇر ۋە بالىسىمۇ ئەگىشىپلا بۇ سۇئالنى سورىغاندۇر: دادا، ئۇ ئادەم نېمىشقا ئۇنداق كىچىك؟ بۇرۇنقى چاغلاردا، ئانىسى ئۇ بالىنى توي قىلماي تۇرۇپلا تۇغۇپتىكەن، شۇڭا، دەپ جاۋاپ بېرەتتىم. ستىكى توي قىپتۇ. فارۇق بەيمۇ ئۆيلەندى، لېكىن بالىلىق بولالمىدى، ئانام بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغاچقا، چوڭ خانىم ئانام ۋە بىزنى يېزىغا ئەۋەتىۋەتكەن ئىكەن. ئەۋەتىۋېتىشتىن بۇرۇن  گەپ-سۆز ۋە تاياق ھەيۋىسى بىلەن بىزنى راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇرلىغان چاغلاردا ئانام،  ئۆتۈنۈپ قالاي، چوڭ خانىم، ئۇنداق قىلماڭ، باللارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ دەپ يالۋۇرغان ئىكەنتۇق. ئۇ گەپ-سۆزلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغانەك ۋە ئۇ قورقۇنچلۇق كۈن ئېسىمدە باردەك تۇيۇلىدۇ بەزىدە...

كىنوخانا جايلاشقان كوچىغا كىردىم، مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كىنو باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇزىكا چېلىناتتى. بۇ ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى. رەسىملەرگە قارىدىم: جەننەتتە كۆرۈشەيلى. كونا فىلىم: ھۆليا كوچىيگىت بىلەن ئەدىز ھۇن بىر رەسىمدە قۇچاقلىشىپ تۇراتتى، كېيىنكىسىدە ئەدىز تۈرمىدە، ھۆليا ناخشا ئوقۇۋاتقانىدا، لېكىن رەت تەرتىپىنى كىنونى كۆرمەي تۇرۇپ ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. رەسىملەرنى بەلكىم مۇشۇ سەۋەپتىن سىرتقا ئېسىپ قويۇشقاندۇر، كىشلەر قىزىقىپ قالىدۇ. تۆشۈككە باردىم، بىلەتتىن بىرنى بەرسىڭىز، بىلەتنى كېسىپ ئۇزاتتى، رەھمەت، سورىدىم:

— بۇ كىنو ياخشىمۇ؟

كۆرمەپتۇ. بەزىدە تۇرۇپلا مۇشۇنداق پاراڭلاشقۇم كېلىپ قالىدۇ. ئىچىگە كىردىم، ئورنۇمدا ئولتۇردۇم، ساقلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن كىنو باشلاندى.

دەسلەپ تونۇشۇپ قېلىشتى، قىز ناخشىچى ئىدى ۋە ئۇنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن بىر كۈنى يىگىت ئۇنى ئۇلاردىن قۇتۇلدۇرىۋالغاندا ياقتۇرۇپ قالىدۇ ۋە ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. دادىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قارشى چىقىدۇ. كېيىن يىگىت تۈرمىگە كىرىپ قالىدۇ. بىردەم دەم ئېلىشقا  قويۇپ بېرىلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقمىدىم. بىردەمدىن كېيىن كىنو يەنە باشلاندى. قىز بىر قاۋاقخانىنىڭ خوجايىنى بىلەن توي قىلىدۇ، لېكىن بالىسى بولمايدۇ، ئۇلارمۇ بوپتۇ، قانداق قىلىمىز ئەمدى، دەپ تەقدىرگە تەن بېرىدۇ. ئېرى ئۇ ئەسكى خوتۇن بىلەن كېتىپ قالغاندا، ئەدىزمۇ تۈرمىدىن چىقىدۇ ۋە بوغۇز كۆۋرۈكىگە يېقىن بىر يەردىكى بىر ئۆيدە كۆرۈشىدۇ، ھۆليا كوچىيگىت ناخشا ئوقۇيدۇ. ئۇ ناخشىنى ئاڭلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. كېيىن ئۇنى ئۇ ئەسكى ئېرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا

پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان ھېچنېمە قالمايدۇ. ئۇلار يولدا قولتۇقلىشىپ يۈرۈپ كېتىدۇ ۋە دادىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۆيۈنۈپ قاراپ قالىدۇ، ئۇلار ماڭغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىدۇ، ئۇزاقلىغانسېرى كىچىكلەپ كېتىدۇ ۋە «تۈگىدى» دەپ خەت چىقىدۇ.

چىراقلار ياندى، سىرتقا چىقتۇق، كىشىلەر كۇسۇلداشقىنىچە كىنو توغرۇلۇق پاراڭلاشماقتا. مېنىڭمۇ بېرەرسى بىلەن كىنو توغرۇلۇق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. سائەت ئون بىردىن ئون مىنۇت ئۆتكەن ئىدى، چوڭ خانىم ساقلاۋاتقاندۇر، لېكىن مېنىڭ ئۆيگە قايتقۇم يوق ئىدى.

ساھىل تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ ماڭدىم. دورىگەر كامال بەي بەلكىم بۇگۈن نۆۋەتچىدۇر، ۋە بەلكىم ئۇيقۇسى كەلمەي ئولتۇرغاندۇر. ئاۋارە قىلارمەن، بىردەم مۇڭدىشارمىز، مەن سۆزلەپ بېرەرمەن، ئۇدۇل تەرەپتىكى تاماقخانىنىڭ يورۇقىدا ۋارقىرىشىپ، جارقىراشقىنىچە ماشىنا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشىۋاتقان ياشلارغا قارىغىنىچە ھارغىن ھالدا سۆزلىرىمگە قۇلاق سالار. دورىخانىنىڭ چىراقلىرىنىڭ يېنىق تۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم: ياتمىغان ئىدى. ئىشىكنى ئاچتىم، قوڭغۇراق جىرىڭلىدى. ۋاي خۇدايىم، كامال بەي ئەمەس ئايالى تۇراتتى.

ــ تىنچلىقمۇ؟ــ دېدىم ــ ئاسپىرىن ئالاي دېۋىدىم.

ــ بىر قاپمۇ ياكى بىر نەچچە تالمۇ؟ــ دېدى ئايالى.

ــ ئىككى تال ئالاي، بېشىم ئاغرىپ، ئىچىم سىقىلىپ تۇرىدۇ... كامال بەي... دېدىم. لېكىن گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك قىلمايتتى. قولىغا قايچا ئېلىپ ئاسپىرىننى كەستى، ماڭا بەردى، پۇلنى بېرىۋەتتىپ:

ــ كامال بەي ئەتىگەن بېلىق تۇتقىلى چىقتىمۇ؟ــ دەپ سورىدىم.

ــ كامال ئۈستىدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

بىردەم تورۇسقا قارىدىم. تورۇستىن ئىككى غېرىچ يۇقىرىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئويغانغان بولسا سۆزلەپ بېرەتتىم، بەلكىم ئۇ نومۇسسىز ياشلارغا بىر نەرسە دەر بولغىيتتى، بەلكىم ھېچنېمە دېمەستى، خىيالچان ۋە غەمكىن ھالدا سىرتقا قاراپ ئولتۇرار بولغىيتتى، پاراڭلىشاتتىم، پاراڭلىشاتتۇق. ئايالىنىڭ كىچىك، ئاپئاق قوللىرى بىلەن قويۇپ قويغان پارچە پۇللارنى ئالدىم. ئۇمۇ دەرھال پۇكەي ئۈستىدە تۇرغان نەرسىگە بېرىلىپ كەتتى: فوتو-رومان بولسا كېرەك. گۈزەل ئايال! خەيرلىك كېچىلەر، دەپ ئاۋارە قىلمايلا يېنىپ چىقتىم، قوڭغۇراق جىرىڭلىدى. كوچىلار جىمىپ قالغان ئىدى، مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناۋاتقان باللارمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن ئىدى. ئامالسىز ئۆيگە قايتتىم.

باغنىڭ ئىشىكىنى تاقىغاندىن كېيىن، دەرىزىنىڭ رىشاتكىلىرى ئارىسىدىن چوڭ خانىمنىڭ ھوجرىسىدىكى چىراق نۇرىنى كۆردۈم: مەن ياتماي تۇرۇپ ئۇخلىمايتتى. ئاشخانا

ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىردىم، ئىچىدىن قۇلۇپلىدىم، بىردەم ئۆي ئىچىدە لاغىلىلىۋەتتىم، پەلەمپەيلەردىن ئاستا چىقىۋېتىپ ئويلاپ قالدىم. ئۇسكۇداردىكى ئۆينىڭ پەلەمپەيلىرى بولغىيمىدى ئەجىبا؟ قايسى گېزىت بولغىيتتى، ئەتە بىرىپ گېزىتچىدىن ئالاي، سەندە « تەرجىمان» گېزىتى بارمۇ، دەپ سوراپ باقاي، بىزنىڭ فارۇق بەيگە لازىمكەن، دەي، ئۇ تارىخچىدۇر، تارىخ سەھىپىلىرىگە قىزىقىدۇ... ئۇستىگە چىقتىم، ھوجرىسىغا كىردىم، كارىۋىتىدا ياتاتتى.

ـ مەن كەلدىم، چوڭ خانىم ـ دېدىم.

ـ ئاپىرىن!ـ دېدى ـ ئاخىرى ئۆينىڭ يولىنى تاپالاپسەن.

ـ قانداق قىلاي، كىنو ئۈزۈندا تۇگىدى.

ـ ئىشكىلەرنى ئوبدان تاقىغانسەن؟

ـ تاقىدىم ـ دېدىم ـ بىرەر نەرسە لازىممۇ؟ مەن ياتىمەن. ئۇخلاپ بولغاندا ئادەمنى ئويغۇتىدىكەنسىز.

ـ ئۇلار ئەتە كېلىدۇ ـ ھە؟

ـھەئەـ دېدىم ـ كارىۋاتلىرى ۋە ئۆيلىرىنى تەييارلاپ قويدۇم.

ـ بوپتۇ، ئىشىكىمنى ئوبدان تاقا.

ئىشىكىنى تاقاپ چىقتىم. يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىمەن. پەلەمپەيلەردىن چۈشتۇم.

# ئىككىنچى باب

پەللەمپەيگە بىردىن، بىردىن دەسسەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمەن. مۇشۇ ۋاقىتقىچە كوچىلاردا نېمە ئىش قىلغاندۇر؟ كاللاڭدىن چىقىرىۋەت فاتىمە، كۆڭلۈڭ ئېلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن يەنىلا بىلگۈم كېلىدۇ. ئىشىكلەرنى ئۇبدان تاقىغانمىدۇر بۇ كاززاپ پاپا؟ پەرۋايى پەلەك ئۇنىڭ! ئۇرنىغا كىرىپلا مالاي ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، كېچىچە خورىلداپ ئۇخلايدۇ. غەمسىز، بىپەرۋا مالاي ئۇيقۇسىنى ئۇخلا بوپتۇ سەن يەر پاپىسى، سەن ئۇخلا ۋە كېچە ماڭا قالسۇن. مەن ئۇخلىيالمايمەن. ئۇخلاپ قالسام ۋە ئۇنتۇپ كەتسەم دەيمەن، لېكىن ئۇيقۇنى ساقلايمەن خالاس، ساقلىغانسېرى بىكاردىن بىكار ساقلاۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىپ يېتىمەن.

سېنىڭ بۇ ئۇيقۇڭ خىمىيەلىك بىر ھادىسە، فاتىمە، دەيتتى سالاھىددىن، باشقا بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاش، چۈشىمۇ ماھىيىتىگە يەتكىلى بولىدىغان بىر نەرسىدۇر، بىر كۈنى خۇددى سۇنىڭ فورمۇلاسىنىڭ ھىدروگېن ئىككى ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققانغا ئوخشاش، چۈشىنىڭ فورمۇلاسىنىمۇ تېپىپ چىقىشىدۇ. لېكىن بىزنىڭ لەقۋالار ئەمەس، يەنە شۇ ياۋرۇپالىقلار تېپىپ چىقىدۇ ۋە ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ ئۇيقۇم قانسۇن، دەپ بۇ كۈلكىلىك ئۇخلاش كېيىملىرىنى كېيىپ، كېرەكسىز كىرلىك ۋە سېنىڭ گۈللۈك ۋە كۈلكىلىك يوتقانلىرىڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىكاردىن بىكار تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ياتمايدۇ. ئۇ چاغدا كىچىك بىر شىشىدىن ھەر ئاخشىمى بىر ئىستاكان سۇغا ئۈچ تامچە تېمىتىپ ئىچىپ قويۇش، بىزنى خۇددى قاتتىق ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغاندەك جانلىق ۋە روھلۇق قىلىۋېتىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئۇيقۇسىز ۋاقىتلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىۋېتىدىغانلىقىمىزغا كاللاڭ يېتەرمۇ فاتىمە، ئويلاپ يېتەلەمسەن ئۇ ئۇيقۇسىز ۋاقىتلارنى؟

ئويلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، سالاھىددىن، بىلىمەن: بىرەرسى كېلىپ خىياللىرىمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن مېنى ئېلىپ كەتسۇن، دەپ تورۇسقا قارىغىنىمچە كۈتىمەن، لېكىن ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. شاراپ ياكى راكى① ئىچەلىگەن بولسامغۇ سەندەك ئۇخلار ئىدىم، لېكىن مەن خالىمايمەن ئۇ سەت ئۇيقۇنى. سەن ئىككى شىشە ئىچەتتىڭ: ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ھاردۇقىنى چىقارسۇن، زېھنىمنى ئاچسۇن، دەپ ئىچىمەن فاتىمە، كەيپ ئۈچۈن ئەمەس، دەيتتىڭ ۋە ئاندىن ئاغزىڭ ئوچۇق، خورۇلداپ ئۇخلايتتىڭ. مەن سېنىڭ ئۇ ئىچىدە چايانلار، پاقىلار

جۇپلىشىدىغان قۇدۇقلارنىڭ قاراڭغۇ ئېغىزىنى ئەسلىتىدىغان ئاغزىڭدىن بىخەسىپ تۇرغان راكى پۇرىقىدىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ قاچاتتىم. سوغۇق خوتۇن، بىچارە خوتۇن، مۇزدەك بىر نېمىسەن، روھىڭ چىقىپ كەتكەن! بىر قەدەھ ئىچكەن بولساڭ چۈشەنگەن بولاتتىڭ! ئالە قىنى، ئىچە فاتىمە، مەن ساڭا ئىچ دەۋاتىمەن، ئېرىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەكلىكىگە ئىشىنىدىغانسەن؟ ھە...ئىشىنىسەن، چۈنكى ساڭا شۇنداق ئۆگىتىلگەن، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، ئىچ فاتىمە، گۇناھى ماڭا يېزىلسۇن، قىنى ئالە ئىچە، ئەقلىڭنىڭ ئازات بولۇشى ئۈچۈن، قارا، ئېرىڭنىڭ تەلىپى بۇ، قىنى ئالە، ئۆتۈنۈپ قالاي، ۋاي خۇدايىم، بۇ خوتۇن مېنى يالۋۇرتىۋاتىدۇ، زېرىكتىم بۇ يالغۇزلۇقتىن، ئۆتۈنەي فاتىمە، بىر قەدەھ ئىچ، ئېرىڭغا بويۇن تولغىماقچىمۇ سەن_ يا؟

ياق، مەن ئۇنداق يىلان پوستىغا كىرىۋالغان يالغان-ياۋىداقلارغا ئالدانمايمەن! پەقەت ئىچمىدىم. پەقەت بىر قېتىم. قانداق بولىدىغاندۇ، دەپ قالغان ئىدىم. ھېچكىم يوقتى. تىلىمنىڭ ئۈچىدا تۇز، لىمون ۋە زەھەردەك بىر تەم. كېيىن قورقۇشقا باشلىدىم، پۇشايمان قىلدىم، دەرھال ئاغزىمنى چايقىدىم، ئىستاكاننى قايتا-قايتا يۇدۇم ۋە بېشىم قايىدۇ، دەپ قىزىقسىنىپ ساقلىدىم، يىقىلىپ چۈشمەي دەپ ئولتۇرىۋالدىم، ۋاي خۇدايىم، مەنمۇ ئۇنىڭدەك مەس بولۇپ قالارمەنمۇ، دەپ قورقتۇم، لېكىن ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. كېيىن چۈشەندىم، يەڭگىللەپ قالدىم: ماڭا شەيتان چېپىلالمايدۇ.

تورۇسقا باقماقتىمەن. ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك قىلمايتتى، تۇرۇپ كېتەي تايىنلىق. بىرىپ دەرىزىنى ئاۋايلاپ ئاچتىم، مېنى پاشىلارمۇ چاقمايتتى. دەرىزە قاناتلىرىنى ئاستا ئىتتەردىم، شامال توختىغان ئىدى؛ تىنىق كېچە: ئەنجۈر شاخلىرى مىتمۇ قىلمايتتى. قارىدىم، رەجەپنىڭ چىرىقى ئۆچۈك: ئۇخلاپ كېتىپتۇ، ئۇ پاپىنىڭ ئويلىغۇدەك بىر نەرسىسىمۇ يوق، بېشىنى قويسىلا ئۇخلايدۇ. تاماق قىلىش، ئازراق كىرلىرىمنى يۇيۇش ۋە بازارغا چىقىپ سودىلىق قىلىش، لېكىن نەتىجىدە ئالغىنى سېسىق شاپتۇل، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچىلاردا سائەتلەپ ئايلىنىپ تۇرۇپمۇ.

دېڭىزنى كۆرەلمەيۋاتىمەن، لېكىن نەدىن نەگىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى ۋە تا نەلەرگىچە كۆزگە كۆرۈنمەستىن سوزۇلىدىغانلىقىنى خىيال قىلماقتىمەن: بىپايان دۇنيا! گۈرۈلدەپ تۇرغان موتۇرلار ۋە قېيىپالىڭاچ كىشىلەر چىقىۋالغان قېيىقلار بولمىسىدى، پۇرىقىمۇ گۈزەل ئىدى، ياخشى كۆرەتتىم. تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمەن. ئۇلار ھەيپتىدە بىر قەدەم بولسىمۇ يول ماڭىدۇ، مەن شۇنچىلىكمۇ قىلالمايمەن. بىر چاغلاردا دۇنيانى گۈزەل بىر جاي دەپ خىيال قىلاتتىم، بالا ئىدىم، نادان ئىدىم. دەرىزىنى ياپتىم، ئىچىدىن تاقىدىم: دۇنيا سىرتتا قالسۇن.

ئورۇنـدۇقتا ئاسـتا ئولتـۇردۇم، ئۇسـتەلنىڭ ئۇسـتىگە كـۆز يۈگۈرتتـۇم. جىمجىتلىـق ئىچىدىكى نەرسىلەر. يېرىمىغىچە سۇ قاچىلانغان ئەينەك چۆگۈن، ئىچىدىكى سۇ مىت قىلماي تۇرىـدۇ. ئىچكـۈم كەلگەنـدە ئەيـنەك ئـاغزىنى ئـاچىمەن، تۈتـۈپ كۆتـۈرىمەن، ئىسـتاكاننى تولدۇرىمەن، سـۇنىڭ ئېقىشـىغا قارىغاچ ، قـۇلاق سـالىمەن؛ ئەيـنەك جاراڭلايـدۇ، سـۇ ئاسـتا شىلدىرلايدۇ، سالقىن بىر ھاۋا ئۇيـاقتىن بۇياققا ئۇرۇلـدۇ؛ ئاجايىـپ بىـر ئىـش، بـۇلار ماڭـا ئەرمەك بولـدۇ، ئىـچ پۇشـۇغىمنى چىقىرىـدۇ، لـېكىن ئىچمەيـمەن. تېخـى ۋاقتـى بولمىـدى. ۋاقتىنى بۆلىدىغان نەرسىلەرنى ئاۋايلاپ ئىشلىتىش كېرەك. تارغىقىمغا قاراۋاتىمەن ۋە ئارىسىغا قىسىلىپ قالغـان چاچلىرىمنى كـۆرۈپ تـۇرۇۋېتىمەن. قولۇمغـا ئالـدىم ۋە ئايرىـپ چىقىرىشقا باشلىدىم. مېنىڭ توقسان ياشقا كىرگەن زەئىپ، ئىنچىكە چاچلىرىم. بىـر تـال، بىـر تالـدىن تۆكۈلمەكتە. ۋاقىت، دەپ غۇدۇراپ قويـدۇم، ۋاقىـت دېـگەن نەرسـىمۇ تۆكۈلـدۇ. توختىـدىم، تارغاقنى ئوڭـدىسىغىلا تاشلاپ قويدۇم: ئوڭدا يېتىپ قالغان قوڭغۇزدەك تۇراتتى ۋە تېنىمنـى شۈركۈندۈردى. ھەممە نەرسىنى مۇشۇنداق تاشلاپلا قويسام ۋە مىڭ يىلغىچە ھېچكىم بـىزگە تەگمىسە، ھەممە نەرسە مىڭ يىل مۇشۇنداق تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئاچقۇچ، ئەيـنەك چۆگۈن، نەرسە-كېرەكلەر: ئاجايىپ ئىش؛ ھەممە نەرسە شۇ پېتى جايىدا، مىت قىلماستىن! خىياللىرىممۇ شۇ چاغدا بىر پارچە مۇزدەك قېتىپ، رەڭسىز، پۈراقسىز ھالەتتە تۇرۇپ قالاتتى.

لـېكىن ئـۇلار ئەتە كېلىشـىدۇ ۋە مەن ئـويلايمەن. تىنچلىقمـۇ، تىنچلىقمـۇ، قانـداق ئەھۋالىڭ، ئۆزۈڭچۇ، قانداقراق، قولۇمنى سۆيۈشىدۇ، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، موما، قانـداق ئەھۋالىڭىز، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ موما؟ ئۇلارنى كۈزىتىمەن. ھەممىڭلار تەڭ گەپ قىلماڭلار، قېنى سەن كەلگىنە يېنىمغا. ھە، قېنـى سـۆزلە، سـەن نـېمە ئىـش قىلىۋاتىسـەن؟ ئالـدىنىش ئۇچۇن سوراۋاتىمەن، بىلىمەن ۋە ئالـدىنىش ئۇچـۇن بـۇ شـۇنداقلا دەپ قويۇلۇۋاتقـان گەپ-سـۆزلەرنى ئـاڭلاپ قـويىمەن. مۇشـۇنچىلىكمۇ؟ موماڭلار بىـلەن پاراڭلاشمامسىلەر؟ قـاراپ تۇرىشىدۇ، ئۆز-ئارا پاراڭ سېلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ، بۇلارنى ئاڭلاپ، چۈشىنىپ تۇرىمەن. ئاندىن ۋارقىراپ گەپ قىلىشقا باشلايدۇ. ۋارقىراشما، ۋارقىراشما، خۇداغا مىڭ شۈكرى قۇلاقلىرىم تېخى گـاس بولـۇپ قالمىـدى. كەچـۈرۈڭ، موما، يەنە بىـر موممىزنىـڭ قـۇلاقلىرى تـازا ياخشـى ئاڭلىمـايتتى! مەن سـىلەرنىڭ يەنە بىـر موماڭلار، يەنـى ئانـا ئاناڭلار ئەمەس، دادائاناڭلار! (تۈركچىدە ئانىسىنىڭ ئانىسى ئاننەئاننە، دادىسىنىڭ ئانىسى بابائاننە، يەنى دادائانا دېيىلىدۇ) خاپا بولماڭ، رەنجىمەڭ! بولدى، بولدى، ماڭا گەپ قىلىپ بېرىڭلار، نـېمە توغرۇلۇقمۇ؟ ھە، بوپتۇ، شۇ موماڭلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭلار، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بىردىنلا ئۇنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشىدۇ: ھە، راست، مـوممىز نـېمە ئىـش قىلاتتـى بىزنىـڭ؟ بـۇ چاغـدا ئۇلارنىـڭ كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ تولۇق يېتىلىـپ بولالمىغـانلىقىنى چۈشـىنىپ يېتىمەن،

بوپتۇلا، يەنە سوۋارمەن، دېمەن، لېكىن چىنپۈتۈش ئۈچۈن ئەمەس، يەنە سوۋارمەن دېيىشتىكى مەقسىدىم، ئۇلار بەلكىم ئاللىقاچان ئۈنتۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى: ئۇلار مەن بىلەن ئەمەس، ھوجرا بىلەن؛ سورىغانلىرىم بىلەن ئەمەس، ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى ۋە مەن يەنىلا ئۆزۈم يالغۇز تىكەندەك...

قولۇمنى ئۇزىتىپ تەخسىدىن بىر تال ئۆرۈك ئالدىم، بىگەچ ساقلىدىم. ياق، پايدىسى بولمىدى. بۇ يەردىمەن، يەنە نەرسە-كېرەكلەر ئارىسىدا، خىياللىرىمنىڭ ئارىسىدا ئەمەس. ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئولتۇرماقتىمەن. سائەت ئون ئىككىگە بەش مىنۇت بار. سائەتنىڭ يېنىدا كولۇنيا①شىشىسى، يېنىدا گېزىت، ئۇنىڭ يېنىدا قولياغلىق. شۇ پېتى تۇرماقتا. ئۇلارغا قارايمەن، نەزىرىم ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كېزىدۇ ۋە ماڭا بىر نېمە دېسۇن، دەپ يۈزىنى ئاستا سىيپاپ ئۆتىدۇ، لېكىن ئۇلار شۈنچىلىك كۆپ نەرسىنى، ئىشنى ئەسلىتەتتىكى، ئەمدى دېگۈدەك بىر نەرسە قالمىغان ئىدى. پەقەت ۋە پەقەت بىر كولونيا شىشىسى، گېزىت، قولياغلىق، ئاچقۇچ ۋە سائەت: چېكىلدايدۇ، ھېچكىم، ھەتتا سالاھىددىنمۇ ۋاقتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ.

تۇرۇپلا ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئۇششاق-چۈششەك ۋە ئۇياقتىن بۇياققا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان خىياللىرىم، ھەرگىز بۇنداق پەيتلەرگە يېقىن يولاپ قالمىغىن، چاچرا، تېشىغا چىقىپ كەت، سىرتقا چىقايلى بولۇڭلار، ۋاقىت ۋە ئۆيىنىڭ سىرتىغا. يەنە بىر تال ئۆرۈك يېدىم، لېكىن چىقالمىدىم. بۇنداق چاغدا نەرسە-كېرەكلەرگە تېخىمۇ كۆپ قاراپ كېتىمەن ۋە ئوخشاش نەرسىلەردىن تېنىم شۈركۈنۈپ، ۋاقىتنى تېزراق ئۆتكۈزۈشنى ئىستەپ قالىمەن: مەن بولمىغان بولسام ۋە ھېچكىم بولمىغان بولسا، نەرسە كېرەكلەر تۇرغان يەرلىرىدە مەڭگۈ تۇرغان بولاتتى ۋە بۇ چاغدا ھېچكىم ھاياتىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولاتتى، ھېچكىم!

ياق، ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرالمىدىم. ئورۇندۇقتىن تۇردۇم، سۇخانىغا كىردىم، يۇيۇنۇپ-تارىنىپ پاكىزلەندىم، بۇلۇڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈكنى يالغۇز تاشلاپ قايتىپ چىقتىم. كونۇپكىنى بېسىشىمغا تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان چىراق ئۆچتى، پەقەت كارىۋاتنىڭ بېشىدىكىسى يېنىق، ئورنۇمغا كىردىم. ھاۋا ئىسسىق، لېكىن يوتقانسىز ياتالمايمەن، نېمە ئامال، ھېچ بولمىسا قوچاقلاپ ياتارمەن، ئاستىدا ياتارمەن، ئىچىگە يوشۇرىنارمەن، بېشىمنى ياستۇققا يۆلىدىم، كۆتمەكتىمەن ۋە ئۇيقۇنىڭ تېزلا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. غۇۋا چىراق نۇرى تورۇسقا چۈشۈپ تۇرىدۇ، تومۇزغا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسسىق ياز كېچىلىرى!

لېكىن يازلار بۇرۇنقى چاغلاردا تېخىمۇ ئىسسىقتەك قىلاتتى. لىمون سۈيى ئىچەتتۇق، شەربەت ئىچەتتۇق. لېكىن كوچىلاردا ئەمەس، ئاق پەرتۇق تارتقان كىشىلەر؛ ئانام مۇنداق

دېيتتى: ئۆيدە پاكىز تەييارلانغۇزۇپ ئىچىمىز، فاتىمە؛ بازاردىن قايتىمىز، دۇكانلاردا تۇزۇك يېگى نەرسىلەر يوق. ئاخشىمى دادامنى ساقلايمىز، كېلىدۇ، پاراڭ سالىدۇ، بىز ئاڭلايمىز؛ گۇپۇلدەپ تاماكا پۇرايدۇ، يۆتىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ. بىر قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى: ساڭا بىر لايىق چىقتى، ئۆزى دوختۇر. جاۋاپ بەرمىدىم! بىر دوختۇر بارمىش، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم، دادامغۇ بىر نەرسە دېمىدى، لېكىن ئەتىسى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالدى، مەن ئەمدى ئۈن ئالتە ياشتا ئىدىم، ئانام، قارا فاتىمە، ئۇ ئادەم دوختۇركەن، دېدى، مەن ئويلاندىم: قىزىق ئىش، مېنى نەدە كۆرگەن بولغىيتتى؟ قورقتۇم، سورىمىدىم، لېكىن يەنە ئويلاندىم: دوختۇر. باش سۆڭكى؟ كېيىن دادام يەنە بىر قېتىم ئىغىز ئاچتى ۋە قوشۇپ قويدى: كەلگۈسى پارلاق بىر دوختۇركەن، فاتىمە، مەن سۈرۈشتە قىلدىم، تىرىشچان ۋە بىر ئاز كەم قانائەت، لېكىن، غۇرۇرلۇق ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىكەن، ئوبدان ئويلانغىن. لام-جىم دېمىدىم. ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى، شەربەت ئىچىۋاتاتتۇق: مەن نېمە بىلەي! ئاخىرىدا، ماقۇل، دېدىم، دادام مېنى ئالدىغا تارتتى: قىزىم، داداڭنىڭ ئۆيىدىن كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن، دېگەنلىرىمنى قۇلاقلىرىڭغا ھالقا قىلىپ ئاس: ئەرلەردىن تولا گەپ سورىماسلىق كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى، قىزىقىسىنىش مۇشۇكلەرگىلا يارىشىدۇ، بولىدۇ، دادا، مەن دېمىسەڭمۇ بىلەتتىم، شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي قىزىم، قولۇڭنى ئۈنداق قىلما، قارا، تىرناقلىرىڭنى چىشلىمە ئۈنداق، چوپچوڭ بولدۇڭ ئەمدى، ماقۇل دادا، سورىمايمەن، سورىما، سورىمىدىم.

سورىمىدىم. توي قىلغىلى تۆت يىل بولغان بولسىمۇ، باللىق بولالمىغان ئىدۇق، ئىستانبۇلنىڭ ھاۋاسى تۇپەيلىدىنمىش، كېيىن چۈشەندىم، ھاۋا ئىسسىق بىر ياز ئاخشىمى، سالاھىددىن كېسەل كۆرۈش ئۆيىگە ئەمەس، ئۇدۇل يېنىمغا كەلدى : فاتىمە، بۇندىن كېيىن ئىستانبۇلدا تۇرمايمىز! سالاھىددىن، نېمىشقا، دەپ سورىمىدىم، ئۆزى دەپ بېرىۋاتاتتى، پۇت-قولى خۇددى كىچىك باللارنىڭكىدەك جىم تۇرالمايتتى: ئەمدى ئىستانبۇلدا ياشىمايمىز، فاتىمە، بۈگۈن تەلەت پاشا مېنى چاقىرىپ، سالاھىددىن دوختۇر، سەن ئەمدى ئىستانبۇلدا تۇرمايسەن، سىياسىي بىلەنمۇ ھەپىلەشمەيسەن! دېدى. ئۇ نومۇسسىز يەنە، ياق، دېگىنىم دېگەن، مەن دېگەن بىر قەھرىمان، دەپ تۇرىۋالساڭ، سېنىمۇ باشقىلار بىلەن بىللە بۈگۈنكى تۈنجى كېمە بىلەن سىنوپ تۇرمىسىگە يوللىۋېتىسەممۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنى خالىمايسەنغۇ دېيمەن. بىزگىمۇ ئامال يوق، بىز بىلەن بەك ھەپىلىشىپ كەتتىڭ، ھېلى ئۇ پارتىيەگە كىرسەڭ، ھېلى بۇنىڭدىن چىقتىڭ، قارىسام ئەقلى-ھۇشۇڭ جايىدا ئادەمدەك قىلىسەن، كاللاڭنى سىلكىۋەت، توي قىلغان ئىكەنسەن، دوختۇركەنسەن، ياخشى كەسىپىڭ باركەن، دۇنيانىڭ قانداق يېرىگە بارساڭ قىينالماي تۇرمۇش كەچۈرگىدەك پۇل تاپالايسەن، فرانسۇزچەڭ قانداقراق؟ ئاللاھ جاجاڭنى بەرسۇن! چۈشەندىڭمۇ فاتىمە، بۇ ئىتتىھاتچىلار(ياش

تـۇركلەر) ئالجـــپ قىلىشـــىپتۇ، ئەركىنلىكنـــى كـــۆزىگە ســـىغدۇرالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىـــڭ ئابدۇلھەمىتتىن نىمە پەرقى قالدى؟ ماقۇل، تەلەت ئەپەندى، تەكلىپىڭنى قوبـۇل قىلىـمەن، كۆدە-كۆرپەمنى دەرھال يىغىشتۇرسام، سىنوپ تۈرمىسىدىن قورقتى، دەپ قالما: ياق! تۈرمىدىن قـورققىنىم ئۈچـۈن ئەمەس، سـىلەرگە تېگىشـلىك جـاۋاپنى پـارىژدىن بېرەلەيـدىغانلىقىمنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن. بىز پارىژغا كېتىمىز، فاتىمە، ئۈزۈكلىرىڭدىن ياكى ئالماسلىرىڭدىن بىر-ئىككىنى سات! خالىمامسەن، ماقۇل، مېنىڭ ھازىرچە تېخى دادامـدىن قالغـان ئـازراق مـال-بىساتلىرىم بار، بولمىسا ياۋرۇپاغا ئەمەس، سەلانىككە كېتەرمىز، نېمەدەپ چەتـئەلگە چىقىـپ كەتكۈدەكمىز، شامغا كەتسەكمۇ بولىدۇ. رىزا دوختۇر ئىسكەندىرىيەگە كېتىپتۇ، ئۇ يەردە كۆپ پـۇل تاپقـانلىقىنى يېـزىپتىكەن، خەتلىـرىم نەدە، تاپالمـايۋاتىمەن، ئۈسـتىلىمگە تەگمەڭـلار، دېمىگەنمۇ مەن، ۋاي خۇدايىم، بېرلىنمۇ بولىدۇ، سـەن جەنـۋە دەپ ئاڭلىغـانمۇ فـاتىمە، بـۇلار ئابـدۇلھەمىتنىمۇ بەتـتەر بولـۇپ كېتىشـتى، بـولە، ئۇنـداق ھاڭۋىقىــپ قـاراپ تــۇرغىچە چامادانلارنى، ساندۇقلارنى يىغىشتۇر، بىر ھۆرىيەتپەرۋەرنىڭ ئايالى دېگەن قەيسەر بولۇشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ، قورققۇدەك بىر ئىش يوق. مەن لام-جىم دېمەيتتىم، خـالىغىنىڭچە بولسـۇن، دېـگەن گـەپنىمـۇ قىلمىــدىم، ســالاھىددىن ھەدەپ ئەزۋەلەيتتــى، ئابــدۇلھەمىتكە ئۇلارنىڭ پارىژدا تۇرۇپ قىلغان ئەتكەنلىرىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ پارىژغا بېرىپ ئۇلارنى نېمە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىتىۋاتاتتى ۋە ئاخىرىدا ئۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە بىز پارىژدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىدىكەنمىشمىز! كېيىن، ياق، شامغا، دېدى، ئىزمىرغا دېدى ۋە كەچقۇرۇن بولغاندا ترابزونغا كەتسەكمۇ مەن رازى، دېدى، مـال-مۈلكىمىزنى سېتىشـىمىز كېرەك، فاتىمە، پىداكارلىققا تەييارمۇ سەن؟ پۈتۈن كۈچۈمنى كۆرەشكە ئاتىماقچىمەن، شـۇڭا سورىدىم، خىزمەتچىلەرنىڭ، مالايلارنىڭ ئالدىـدا دەپ يـۈرمە، تـامنىڭمۇ قـۇلىقى بـار، لـېكىن تەلەت ئەپەنـدى، سـەن ماڭـا كەت دېمىسـەڭمۇ، مەن ئىسـتانبۇل دېـگەن بـۇ لەنەتتەككـۈر پاھىشىخانىدا تۇرمايتتىم، فـاتىمە، نەگە كېتەيلـى، بىـر نەرسـە دېمىسەڭچۇ! مەن يەنىـلا ئـۈن چىقارماي تۇراتتىم ۋە بۇ تېخى كىچىك بالىكەن، دەپ ئويلاۋاتاتتىم. شۇنداق، شەيتان پەقەت كىچىـك بـالىنىلا مۇشـۇنداق ئالدىيالايـدۇ، ئـۈچ قىسـىم كىتـاب بىلەنـلا يولـدىن چىقـارغىلى بولىدىغان بىر كىچىك بالا بىلەن توي قىلىپتىمەن مەن، چۈشەندىم: ئۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ھۇجرامدىن چىققان ئىدىم، ھاۋا ئىسسىق ئىدى، بىـر نەرسـە ئىـچەي دېـگەن ئىـدىم، ئۇنىـڭ خانىســىدىكى چىــراق يــورۇقىنى كــۆرۈپ چىقــتىم، ئىشــىكنى ئــاۋايلاپ ئېچىــپ قارىــدىم: ســالاھىددىن جەينەكلىرىنــى ئۈســتەلگە تىــرەپ، يــۈزىنى ئالقــانلىرى ئارىســىغا ئــالغىنىچە يىغلاۋاتاتتى: غوۋا يېنىۋاتقان چىراق يىغلاۋاتقان يۈزىگە كۆرۈمسىـز نـۇرلىرىنى چېچىۋاتــاتتى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىن ئۆكسۈپ قالمايدىغان باش سۆڭـىكىمۇ يىغلاۋاتقان بۇ يوغـان ئـادەمگە

قاراپ تۇراتتى. ئىشىكنى ئاستا ياپتىم، ئاشخانىغا بىرىپ بىر ئىستاكان سۇ ئىچتىم ۋە دىمەك، بالىكەن، دەپ ئويلىدىم، تىخى بالىكەن.

كارىۋاتتىن ئاستا تۇرۇپ، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم، ئەينەك چۆگۈنگە قارىدىم. ئىچىدىكى سۇ قانداق قىلىپ ئۇنداق مىت قىلماي تۇرالايدىغاندۇر؟ بۇ ئىشقا ھەيران قالغاندەك قىلاتتىم ، خۇددى بىر ئەينەك چۆگۈن ئىچىدىكى سۇ ھەيران قالغۇدەك بىر نەرسىدەك. بىر قېتىم، بىر ھەرىنىڭ ئۈستىگە ئىستاكاننى دۈم كۆمتۈرۈپ، ئۇنى ئىچىگە سولىۋالغان ئىدىم. ئىچىم پۇشقاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماشا قىلاتتىم: بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىغان يولنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكۈچە، ئىستاكاننىڭ ئىچىدە ئىككى كېچە-كۈندۈز توختىماي تىپىرلاپ چىقتى ۋە ئاخىرىدا بىر بۇلۇڭدا مىت قىلماي تۇرۇشتىن ۋە ساقلاشتىن ۋە نېمىنى ساقلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەستىن ساقلاشتىن باشقا قىلغۇدەك ئىش قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بىزار بولدۇم، يىرگەندىم، دەرىزىنى ئاچتىم، ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە سۈرۈپ ئاپىرىپ، قېچىپ كەتسۇن، دەپ ئىستاكاننى كۆتۈردۈم،لېكىن ئەخمەق جانىۋار ئۇچۇپ كەتمىدى! ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە شۇ پېتى قېپقالدى. رەجەپنى چاقىردىم، ئۇ يىرگىنىشلىك مەخلۇقنى ئېزىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدىم. گېزىتتىن ئازراق يىرتتى، ھەرىنى ئاۋايلاپ تۇتتى، دەرىزىدىن تۆۋەنگە تاشلىۋەتتى. كۆزى قىيمىدى، ئۇمۇ ئۇلار كەبى ئىدى.

ئىستاكانغا لىق سۇ قۇيدۇم، ئالدىرىماي ئىچتىم، تۈگىدى. قانداق قىلاي؟ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئورنۇمغا كىردىم، بېشىمنى ياستۇققا يانچىلاپ قويدۇم ۋە بۇ يەرگە بۇ ئۆينى سالدۇرغان چاغلارنى خىيال قىلدىم. سالاھىددىن قوللىرىمدىن تۇتقىنىچە ئايلاندۇراتتى: بۇ يەردە كېسەل كۆرىدىغان ئۆيۈم بولىدۇ، بۇ يەردە تاماق يەيدىغان ئۆي بولىدۇ، بۇ يەردە ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ئاشخانا؛ باللارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىم، ئايرىم ھوجرا ياسىتىۋاتىمەن، چۈنكى ھەر بىرى ئايرىم ھوجرىسىدا يېتىپ ئۆز خاراكتىرىنى يېتىشتۈرىشى كېرەك، شۇنداق فاتىمە، ئۈچ بالام بولسىكەن، دەيمەن، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، دەرىزىلەرگە سالاسۇن ياكى قاپقاق ئورناتمىدىم، نېمە دېگەن قاملاشمىغان نەرسە، ئايااللار قۇشمۇ، ھايۋانمۇ؟ ھەممەيلەن ئەركىن كىشىلەرمىز، خالىساڭ مېنى تاشلاپ كېتەلەيسەن، بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش دەرىزىگە سالاسۇن بېكىتەيلى، ئۇ يەرگىمۇ، بۇ يەرگىمۇ، دىمە فاتىمە، بىنانىڭ ئاۋۇ چىقىپ تۇرغان يېرى پىشايۋان ئەمەس، بەلكى بالكون، ئۇ دېگەن ئەركىنلىككە ئېچىلغان دەرىزىدۇر، نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئىستانبۇل ئاۋۇ بۇلۇتلارنىڭ تېگىدە قالغاندۇ بەلكىم، ئەللىك كىلومېتىر، پويىزدىن ھېلىمۇ ياخشى گەبزەدە چۈشۈپ قاپتۇق، ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئەخمەقلەر ھۆكۈمىتى بىلەن ئېقىنىڭ كېلىشىشىمۇ ناتايىن، بەلكىم بۇ ئۆي پۈتمەستىنلا

ئىتتىھاتچىلار(ياش تۈركلەر) ئاغدۇرۇلۇپ كېتەر ۋە بىزمۇ دەرھال ئىستانبۇلغا قايتارمىز، فاتىمە...

كېيىن ئۆي پۈتتى ۋە بالام دوغان تۇغۇلدى، يەنە بىر ئۇرۇش پارتلىدى، لېكىن ئىتتىھاتچى ئەخمەقلەرنىڭ ھۆكۈمىتى تېخىچە ئاغدۇرۇلمايۋاتاتتى، سالاھىددىن ماڭا، فاتىمە، سەن ئىستانبۇلغا بىر بېرىپ كەل ، تەلەت سېنىڭ ئەمەس مېنىڭ ئىستانبۇلغا كېلىشىمنى چەكلىدى ، سەن نېمىشقا بېرىپ كەلمەيسەن، ئاناڭنى كۆرۈپ كېلەتتىڭ، داداڭنى كۆرۈپ كېلەتتىڭ، شۈكرى پاشانىڭ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىڭ، نەرسە-كېرەك سېتىۋالاتتىڭ،يېڭى نەرسىلەردىن ئېلىپ كېيەتتىڭ، بۇ يەردە ئەتىدىن كەچكىچە تىكىش ماشىنىسىنىڭ پېدالىنى تېپىپ ۋە كېچىلىرى كۆزەل كۆزلىرىڭنى خورىتىپ تىككەن، توقىغان نەرسىلىرىڭنى ھېچبولمىسا كىيىپ ئاناڭغا كۆرسىتەتتىڭ، فاتىمە، نېمىشقا بېرىپ كەلمەيسەن؟ دەيتتى. لېكىن مەن ياق، دەپ تۇرۇۋالاتتىم، بىللە بارىمىز، سالاھىددىن، ئۇلار ئاغدۇرۇلغاندا بىللە بارىمىز، لېكىن نېمىشقىكىن ئاغدۇرۇلمايۋاتاتتى. بىر كۈنى گېزىتتە كۆردۈم، سالاھىددىنىنىڭ گېزىتلىرى ئۈچ كۈن كېچىكىپ كېلەتتى، لېكىن ئۇ بۇرۇنقىدەك گېزىتقا ۋاي دەپ كەتمەيتتى، پەلەستىن، گالىچيا ۋە چاناق قەلئەدىن كەلگەن ئۇرۇش خەۋەرلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماس بولۇپ كەتكەن ئىدى. بەزى كۈنلەردە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ قويۇۋېتىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ گېزىتنى ۋە خەۋەرنى تۇنجى بولۇپ مەن ئوقۇدۇم؛ ئىتتىھاتچىلارنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، گېزىتنى تەخسىسىنىڭ ئۈستىگە خۇددى چىرايلىق پىشقان مېۋىدەك قويۇپ قويدۇم؛ يېزىۋاتقان ئېنسىكلوپېدىيىدىن باش كۆتۈرۈپ، چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپلا گېزىتتىكى خەۋەرنى كۆردى؛ چۈنكى چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئىدى. ئوقۇدى ۋە ھېچنىمە دېمىدى. مەنمۇ سورىمىدىم، لېكىن ئاخشامغا قەدەر ئۈستىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، پۈتۈن چۈشتىن كېيىن ئېنسىكلوپېدىيىگە بىر سۆزمۇ يېزىلمىغان ئىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ سالاھىددىن بىر نەرسە دېمەي تۇرىۋالغاچقا، مەن پەقەت مۇنداق دەپ قويدۇم: كۆردۈڭمۇ سالاھىددىن، ئاغدۇرۇلۇپتۇ؟ ھە، شۇنداق، دېدى، ھۆكۈمەت غۇلاپتۇ، ئىتتىھاتچىلار دۆلەتنى ۋەيران بوپتۇ، ئۇرۇشتىمۇ مەغلۇپ بوپتۇق! كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىيالمايۋاتاتتى ۋە لام-جىم دېمەيتتى. كېيىن داستىخاندىن قوپقان چېغىدىمۇ كۆزۈمگە قارىماستىن ۋە ئۇنتۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان بىر گۇناھنى ئىچى سىقىلىپ تۇرۇپ تىلغا ئېلىۋاتقاندەك رەۋىشتە دېدى: ئىستانبۇلغا ئېنسىكلوپېدىيە پۈتكەندە بارارمىز، فاتىمە، چۈنكى بۇ ئېنسىكلوپېدىيە بىلەن روياپقا چىقىدىغان ئىشەنگۈسىز كاتتا ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىستانبۇلدىكى ئەخمەقلەرنىڭ سىياسىي دەپ ئاتىۋالغان ئۇ ئادىي، ئۇششاق-چۈششەك ۋە

تايىنى يوق ئىشلار ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، مەن بۇ يەردە قىلىۋاتقان ئىش تېخىمۇ كاتتا ۋە تېرەن بىر ئىش، بىر ئەسىر ئۆتسىمۇ تەسىرى يوقالمايدىغان ئىشەنگۈسىز بىر ۋەزىپە؛ بۇ ئىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشقا مېنىڭمۇ ھەققىم يوق، فاتىمە، ئەمدى مەن چىقاي، دېدى سالاھىددىن ۋە دەرھال ئۇستىگە چىقىپ كەتتى، شۇ چىقىپ كەتكەنچە تا ئۆلۈمنىڭ سىرىنى بايقىغانغا قەدەر، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت ئايدا چىدىغۇسىز ئاغرىق ۋە ئازاپ تارتقاندىن كېيىن، بىر كۈنى قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇ غەلىتە ئېنسىكلوپېدىيىنى يەنە ئوتتۇز يىل يازدى ۋە يازغانلىقى ئۈچۈن مەن، پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، سالاھىددىن، شۇنداق قىلىپ مەن يەتمىش يىلدىن بېرى بۇ يەردە جەننەتھەسارىدىمەن، سەن «كەلگۈسىدىكى ئىستانبۇل ۋە دىنسىز دۆلەت» دەپ ئاتىغان ئۇ گۇناھقا پېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالدىم، شۇنداق ئەمەسمۇ، قۇتۇلغانسەن فاتىمە، ئەمدى خاتىرجەم ئۇخلا...

لېكىن ئۇخلىيالمايۋاتىمەن ۋە يىراقتىن كېلىۋاتقان پويىز ئاۋازىغا قۇلاق سالماقتىمەن، گۈدۈكىگە، ئاندىن ئۇزۇن-ئۇزۇن چىقىدىغان موتور ئاۋازىغا ۋە تاقىلداشلىرىغا. بۇرۇن بۇ ئاۋازلارنى ياخشى كۆرەتتىم. يىراقلاردا گۇناھسىز دۆلەتلەرنىڭ، تۇپراقلارنىڭ، ئۆيلەرنىڭ، باغلارنىڭ بارلىقىنى خىيال قىلاتتىم؛ بالا ئىدىم، ئاسانلا ئالدىناتتىم. يەنە بىر پويىز ئۆتۈپ كەتتى، ئاڭلىمايۋاتىمەن ئەمدى؛ نەگە، ئويلىما! ياستۇقۇم ئېگىزلىكىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ئىسسىپ قاپتۇ، قايرىلىپ ئۆرىدىم. بېشىمنى قويدۇم، ئەمدى قۇلاقلىرىمنىڭ ئاستى سالقىن. قىش كېچىلىرى سوغۇق بولاتتى، بىر-بىرىنى قىستايدىغان ئىشمۇ يوق. سالاھىددىن خورۇلداپ ئۇخلايتتى، مەن ئاغزىدىن پۇراپ تۇرغان ھاراق پۇرىقىدىن سەسكىنىپ يان ئۆيگە كىرىپ سوغۇقتا ئولتۇراتتىم. بىر قېتىم يەنە بىر ئۆيگە كىرگەن ئىدىم، قەغەزلىرىگە بىر قاراپ باقاي، دېگەنىدىم، ئەتىدىن كەچكىچە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى يېزىۋاتىدۇ، بىر كۆرۈپ باقاي، دېگەنىدىم، مۇنداق يېزىپتۇ: ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ــ مايمۇن، دېگەن تېمىدا يېزىپتۇ؛ تەگرىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىنىڭ، بىز پەنلەرنىڭ ياۋرۇپادىكى ئىشەنگۈسىز تەرەققىياتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە كۆلىكىلىك بىر ئىشقا ئايلىنىپ، بىر چەتتە تاشلىنىپ قالغانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتقان مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يېزىپتۇ؛ شەرقنىڭ تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ چۈشكۈر ۋە چىركىن قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئۇخلاۋاتقان ھالىتى، بىزنى، بىر ئوچۇم زىيالىلارنى ئۈمىدسىزلىككە ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئاجايىپ كۈچلۈك تىرىشچانلىققا ئېلىپ بېرىشى كېرەك، دەپ يېزىپتۇ؛ چۈنكى شۇ نەرسە ئېنىقكى، پۈتۈن بۇ بىلىملەرنى بىز، پەقەت ئۇ يەردىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشىمىز ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن بايقاپ چىقىشىمىز كېرەك، دەپ يېزىپتۇ؛ ئارىدىكى نەچچە يۈز يىللىق پەرقنى تېخىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوق قىلىش ئۈچۈن يېزىپتۇ؛ ئەمدى بۇ ئابىدە خاراكتېرلىك خىزمەتنىڭ يەتتىنچى يىلىنى ئاخىرلاشتۇرغان

چېغىمدا، خۇدا قورقۇنچىسى بىلەن دۆتلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئىنسانلار تويىنى كۆرمەكتىمەن،ۋاي خۇدايىم، فاتىمە، ئوقۇماي قوي بولدى، لېكىن ئوقۇۋاتاتتىم. بىر توپ تىرىكتاپلارنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن، تەرەققى قىلغان مەملىكەتلەردە بەك كۆلكىلىك تۇيۇلىدىغان بىر قاتار ئىشلارنى قىلىش، دېمەك، مېنىڭ زىممەمگە چۈشۈپتۇ، دەپ يېزىپتۇ؛ ھېچبولمىسا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشقۇدەك بىرەر دوستۇم بولغان بولسىمۇ كاشكى، بىرەر دوستۇمنىڭ بولمىغىنىغا ئوخشاش، بۇ سوغۇق خوتۇندىنمۇ ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم، تىكەندەك يالغۇزسەن، سالاھىددىن، دەپ يېزىپتۇ؛ ئەتە قىلىنىدىغان ئىشلارنى كىچىك بىر قەغەزگە يېزىپ قويۇپتۇ؛ لەيلەكلەر ۋە قۇشلارنىڭ كۆچۈشىنىڭ يول خەرىتىسى ئۈچۈن پولىكوۋسكاينىڭ كىتابىدىكى خەرىتىدىن پايدىلان، خۇدانىڭ يوقلۇقىنى تىرىكتاپلارغا ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۈچ ئاددى مەسەل يېزىپتۇ؛ ياق، ئەمدى ئوقۇغۇچىلىكىم قالمىدى، بولدى بەس، فاتىمە، گۇناھ قەغەزلىرىنى پىرقىرىتىپ ئاتتىم ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئۇ سوغۇق، قارلىق كۈنگە قەدەر كۆپۈرلۈق بىلەن تولغان بۇ ئۆيگە ئىككىنچى كىرمەسلىك ئۈچۈن مۇز يېغىپ تۇرغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، ئەتىسى ئەتىگەندە سالاھىددىن بىر قاراپلا بىلىۋالغان ئىدى: تۈنۈگۈن كېچە ئۇخلاپ قالغان چېغىمدا خانەمگە كىرىپسەن، فاتىمە؟ لام-جىم دېمىدىم. خانەمگە كىرىپ دەپتەرلىرىمنى مالتىلاپسەن، فاتىمە؟ جىم تۇردۇم. مالتىلاپسەن، قالايمىقان قىپسەن، بەزىلىرىنى يەرگە چۈشۈرىۋېتىپسەن، فاتىمە، بوپتۇ، ھېچقەسى يوق، خالىغانچە ئوقۇساڭ بولىدۇ، ئوقۇ! مەن جىم تۇراتتىم. ئوقۇدۇڭ، شۇنداقمۇ؟ ئاپىرىن، ئوبدان قىپسەن، فاتىمە، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ مەن يەنىلا بۇتتەك. مېنىڭ مۇشۇنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى بىلىسەن، شۇنداققۇ؟ ئوقۇ فاتىمە. ئوقۇش ئەڭ ياخشى ئىشتۇر، ئوقۇ ۋە ئۆگەن، قىلىدىغان ئىشىمىز شۇنچىلىك جىقكى... مەن ئۈن-تىنسىز تۇراتتىم. ئوقۇپ ئويغانساڭ، بىر كۈنى كۆرۈپ قالىسەن فاتىمە، ئاھ، بۇ ھاياتتا قىلىدىغان ئىش نېمە دېگەن كۆپ، نېمە دېگەن جىق، نېمە دېگەن جىق!

ياق، بەك ئاز نەرسە بار: توقسان يىل بولدى، بىلىمەن، بەك ئاز: نەرسە كېرەكلەر، ئۆيلەر، قارايمەن، كۆرىمەن؛ ئۇيەردىن بۇيەرگە؛ ئاندىن بىر ئاز ۋاقىت؛ قانداق قىلسا ئېتىلمەيدىغان جۈمەكتىن تامچىلىغان توختاۋسىز تامچىلار: مېنىڭ گەۋدەم ۋە بېشىمنىڭ ئىچىدە، ھازىر باياتىن ئىدى، باياتىن ھازىر، كۆز يۇمۇلىدۇ، ئېچىلىدۇ، دەرىزە قاپقىقى ئېچىلىدۇ، تاقىلىدۇ، كېچە-كۈندۈز، مانا، يەنە بىر سەھەر؛ لېكىن ئالدانمايمەن. يەنە ساقلايمەن. ئۇلار ئەتە كېلىدۇ. مەرھابا، مەرھابا! ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. قولۇمغا سۆيىشىدۇ، كۈلىشىدۇ: قولۇمنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېگىلگەن باشلاردىكى چاچلار غەلىتە. تىنچلىقمۇ، تىنچلىقمۇ موما؟ مەندەك بىرى نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ خۇداغا شۈكرى، ياشاۋاتىمەن، كۈتىۋاتىمەن. مازارلار، ئۆلۈكلەر. كەل ئۇيقۇ، كەل.

كارىۋاتتا ئۆرۈلدۈم. تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايۋاتىمەن، ئەمدى. ھەرىمۇ كەتتى. سەھەرگە نېمە قالدى؟ سەھەرلەردە تامللاردا قاغىلار، سېغىزخانلار... بالدۇر ئويغىنىپ ئۇلارنى تىڭشايمەن. سېغىزخانلارنىڭ ئۇغرى ئىكەنلىكى راستمۇ؟ ئايال پادىشاھلارنىڭ، مەلىكىلەرنىڭ جاۋاھىراتلىرى؛ بىر سېغىزخان ئوغۇرلاپتۇمىش، پىيىگە چۈشكەنمىش، ئۇ قۇش شۇنچىۋىلا ئېغىر نەرسىلەر بىلەن قانداق ئۇچقاندۇر، دەپ قالىمەن. بۇ جانىۋار قانداق ئۇچار؟ بىر ئەمەس، ئىككى شىشە ئىچىۋالسا گەپلىرىگە قۇلاق سالمايدىغانلىقىمنى ئۇنتۇيدۇ، تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىپ بېرەتتى. بوكۇن ئايروپىلانلار، قۇشلار ۋە ئۇچۇش ھەققىدە يازدىم، فاتىمە، ھاۋا قىسمىنى يېزىپ بولاي دېدىم، گېپىمنى ئاڭلا، ھاۋا بوش ئەمەس، فاتىمە، ھاۋانىڭ ئىچىدە دانە، دانە ماددىلار بار، خۇددى سۇدا لەيلەپ تۇرغان قېيىق سۇنىڭ ئىچىدە ئىگەللىگەن ئورۇنچىلىك سۇنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاندەك، مەن، ياق، ھاۋا شارلىرى، ھاۋا كېمىسى قانداق ئۇچىدۇ، چۈشەنمەيمەن، لېكىن سالاھىددىن ھاياجانلىنىپ قالغان ئىدى، سۆزلەيتتى ۋە ھەر قېتىمقىدەك خۇلاسىسىنى ۋارقىراپ-جارقىراپ چىقىراتتى: مانا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشىمىز كېرەك، بىزگە لازىمى بۇ؛ بىر ئېنسىكلوپېدىيە؛ بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى بىلسەك خۇدا ئۆلىدۇ ۋە بىزمۇ، لېكىن مەن سېنىڭ گەپلىرىڭگە قۇلاق سالمايۋاتىمەن! ئۈچىنچى شىشىنى ئىچىۋالسا، تەلۋىلەرچە سۆزلىگەنلىرىگىمۇ قۇلاق سالمايمەن: شۇنداق، خۇدا يوق، فاتىمە، بىلىم بار. سېنىڭ خۇدايىڭ ئۆلدى، كالۋا خوتۇن! ئاندىن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆزىدىن يىرگىنىشتىن باشقا ئىشەنگۈدەك بىر نەرسە قالمىغاندا، پەس شەھۋەتكە چۆمۈلەتتى، باغدىكى كىچىك ياغاچ ئۆيگە چاپاتتى. بۇلارنى ئويلىما، فاتىمە. بىر مالاي... ئويلىما...ئىككى لەقۋا! باشقا نەرسىلەرنى ئويلا! گۈزەل سەھەرلەرنى، كونا باغلارنى، ئات ھارۋىلىرىنى...كەل ئۇيقۇ، كەل.

قولۇم ئېھتىياتچان مۈشۈكتەك سوزىلىۋىدى، چىراق ئۆچتى. جىمجىت قاراڭغۇلۇق! دەرىزىنىڭ قاپقىقىدىن نۇر جانسىز شۇڭغۇپ تۇرىدۇ، بىلىمەن. نەرسىلەرنى كۆرەلمەيۋاتىمەن، قاراشلىرىمدىن قۇتۇلۇشتى، ئۇن-تىنسىز ھالدا يالغۇز قېلىشتى، گويا مەن بولمىسامۇ تۇرغان جايلىرىدا قىمىر قىلماستىن تۇرالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قىلىشاتتى، لېكىن مەن سىلەرنى ئوبدان بىلىمەن: سىلەر بۇ يەردە، نەرسە ـ كېرەكلەر، سىلەر بۇ يەردە، ماڭا يېقىن يەردە، مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمدىن خەۋەرداردەك قىلىسىلەر. تۇرۇپ تۇرۇپ بىرسىدىن "تىرىك" قىلىپ ئاۋاز چىقىدۇ، ئاۋازىدىن تونۇيمەن، ناتونۇش ئەمەس، مەنمۇ بىر ئاۋاز چىقىراي، دەيمەن ۋە خىيال سۈرىمەن: بىز ئىچىدە تۇرىۋاتقان بوشلۇق دېگەن نەرسە نېمە دېگەن غەلىتە! سائەت چىكىلدايدۇ ۋە ئۇنى بۆلىدۇ. كەسكىنلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن. بىر خىيال، ئاندىن باشقىسى. تاڭ ئېتىپتۇ، ئۇلار كەپتۇ. مەرھابا، مەرھابا! ئۇخلاپتىمەن،

ئويغىنىپتىمەن، ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، قېنىپ ئۇخلاپتىمەن. ئۇلار كەلدى، چوڭ خانىم، ئۇلار كەلدى! ساقلاپ تۇرسام يەنە بىر پويىز گۈدۈكى ئاڭلاندى، نەگە؟ ئاللاھقا ئامانەت! فاتىمە، نەگە؟ بىز ماڭدۇق ئانا، ئىستانبۇلدا تۇرىشىمىزنى چەكلىدى. ئۈزۈكلىرىڭنى ئالدىڭمۇ؟ ئالدىم! تىكىش ماشىنىسىنىچۇ؟ ئۇنىمۇ ئالدىم. ئالماسلىرىڭنى، مەرۋايىتلىرىڭنى؟ ئۇلار ساڭا بىر ئۆمۈر ئەسقاتىدۇ، فاتىمە. چاققانراق قايتقىن! يىغلىما ئانا. ساندۇقلار، نەرسە-كېرەكلەر پويىزغا بېسىلماقتا. تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم، سەپەرگە چىقىۋاتىمىز، ئېرىم بىلەن يىراقلارغا، قايسى دۆلەتلەرگە سۈرگۈن قىلىنىمىز، ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، پويىزغا چىقىۋاتىمىز، بىزگە قاراپ تۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەرگە قول پۇلاڭلاتتىم، ئاللاھقا ئامانەت دادا، ئاللاھقا ئامانەت ئانا، مەن كېتىۋاتىمەن، يىراقلارغا كېتىۋاتىمەن.

# ئۈچىنچى باب

ــ خوش ــ دېدى باققال ــ بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى؟

ــ مىللەتچى ياشلار بىر كىچىلىك ئۆتكۈزمەكچى ــ دېدى مۇستافا ــ باغاق تارقىتىۋاتىمىز. مەن سومكىدىن باغاقلارنى چىقاردىم.

ــ مەن ئۇنداق يەرلەرگە بارمايمەن ــ دېدى باققال ــ ۋاقتىم يوق.

ــ مىللەتچى ياشلارنى قوللاش يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىر، ئىككى تال ئېلىپ قويمايسەن، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى مۇستافا.

ــ تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا ئالدىم ــ دېدى باققال.

ــ بىزدىنمۇ؟ ــ دېدى مۇستافا ــ بىز ئۆتكەن ھەپتە بۇ يەردە بولمىساق؟

ــ سەن كوممۇنىستلارغا ياردەم قىلغان بولساڭ ئۇ باشقا گەپ! ــ دېدى سەردار.

ــ ياق ــ دېدى باققال ــ ئۇلار بۇ ياقلارغا كەلمەيدۇ.

ــ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدۇ؟ ــ دېدى سەردار ــ كۆڭلى خالىمايمۇ؟

ــ بىلمەيمەن ــ دېدى باققال ــ مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتماڭلار، مەن بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن.

ــ نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى مەن دەپ بېرەي تاغا ــ دېدى سەردار ــ بىزدىن قورقۇپ كەلمەيدۇ. بىز بولمىغان بولساق كوممۇنىستلار بۇ يەرنىمۇ تۈزلاغا ئوخشاش غەللە-پاراق يىغىدىغان جاي قىلىۋالغان بولاتتى.

ــ خۇدايىم ساقلىسۇن!

ــ ھەببەللى، تۈزلادا يۇرتداشلارغا قانداق قىلىۋاتىدۇ، بىلەرسەن ھەقچان؟ ئاۋۋال تەزگاھلارنى ئۆرۈپ چاقارمىش...

دۇكاننىڭ ئەينەكلىك تەزگاھىغا قارىدىم، ئەينىكى پاك-پاكىز، پارقىراپ تۇراتتى.

ــ ئاندىن پۇل بەرمىگەنلەرنى قانداق قىلىۋېتىپتۇ دەپ بېرەيمۇ؟ ــ دېدى سەردار.

مېنىڭ كاللامغا مازارلىقلار كەلگەندى، كوممۇنىستلار ھەممىشە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا، رۇسىيەدە مازارلىقلار لىققىدە تولۇپ كەتكەندۇر. باققالمۇ ئاخىرى چۈشەنگەندەك قىلدى: قولنى بېلىگە قويۇپ، يۈزى قىپقىزىل قىزارغان ھالدا بىزگە قاراپ تۇراتتى.

ــ خوش، تاغاــ دېدى مۇستافاــ ۋاقتىمىز قىس بىزنىڭ، قانچە لىرالىق ئالاي دەيسەن؟
مەن ئۇنى كۆرسۇن، دەپ بىلەتلەرنى چىقاردىم.
ــ ئون تال ئالدۇــ دېدى سەردار.
ــ تېخى ئۆتكەن ھەپتە ئالغانتىمــ دېدى باققال.
ــ ماقۇل ئەمسەــ دېدى سەردارــ بىكاردىن بىكار ۋاقىت ئىسراپ قىلمايلى باللار. دېمەك پۈتۈن بازاردا ئىشلەك-دەرىزىسىنىڭ قومۇرۇلۇپ كېتىشىدىن قورقمايدىغان مۇشۇ بىرلا دۇككان بار ئىكەن...ئېسىمىزدە چىقراق ساقلايلى. ھەسەن، نومۇرىنى يېزىۋال بۇ يەرنىڭ...
سىرتقا چىقتىم، ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى نومۇرغا قارىدىم ۋە يېنىپ كىردىم، باققالنىڭ يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ــ ماقۇل تاغا، ئاچچىقلىماــ دېدى مۇستافاــ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ساڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ئەمەس. بىۋىسىزدەك ئادەم سەن، بىز كوممۇنىست ئەمەســ ماڭا بۇرۇلۇپــ بۇ قېتىم بەش تال بەرسەڭ يېتەر.
بەش بىلەت چىقىرىپ ئۈزاتتىم. باققال قولىنى ئۈزاتتى، خۇددى يىرگىنىۋاتقاندەك بىر چېتىدىن تۇتۇپ قولىغا ئالدى. ئاندىن سىنچىلاپ قاراپ باغاقلارنى ئوقۇشقا باشلىدى.
ــ تالون بېرەيلى، لازىمۇ؟ــ دېدى سەردار.
مەنمۇ قوشۇلۇپ كۈلدۈم.
ــ بىھۆرمەتلىك قىلىشما!ــ دېدى مۇستافا.
ــ بۇ بىلەتلەردىن مەندە يەنە بەش تال بارــ دېدى باققال ۋە ھاياجان بىلەن توپا-چاڭ باسقان تارتمىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاختۇرۇپ ئاخىرى مەمنۇنلۇق بىلەن چىقىرىپ كۆرسەتتىــ بۇلار بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ بۇ؟
ــ شۇنداقــ دېدى مۇستافاــ باشقا قېرىنداشلار خاتا بېرىپ سالغان ئوخشايدۇ. لېكىن بىزدىن ئېلىشىڭ كېرەك ئىدى.
ــ ئاپتىمەنغۇ مانا!
ــ يەنە بەش تال ئېلىپ قويغانغا ئۆلۈپ كېتەمسەن ــھە، تاغا؟ــ دېدى سەردار.
لېكىن بۇ پىخسىق قېرى ئاڭلىماسقا سېلىۋالدى، بارمىقى بىلەن بىلەتنىڭ بىر بۇلۇڭىنى كۆرسەتتى.
ــ بۇ كېچىلىكنىڭ ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇــ دېدىــ ئىككى ئاي بۇرۇنقى كېچىلىك ئىكەن بۇ. قارا، 1980-يىلى 5-ئاي، دەپ يېزىلىپتۇ.
ــ تاغا، سېنىڭ زادى بۇ كېچىلىككە بەك بارغۇڭ بارمىدى؟ــ دېدى مۇستافا.
ــ ئىككى ئاي بۇرۇنقى كېچىلىككە بۇگۈن قانداق بارىمەن؟ــ دېدى باققال.

بەش تال بىلەتنى دەپ مېنىڭ سەۋر قاچامنى تولدۇرۇپ تاشۇرۇۋېتىشكە تاس قالغان ئىدى. بىزگە مەكتەپتە بىكار ئۆگىتىپتۇ. سەۋرچان بولۇش ئادەمگە ھاياتتا پەقەت ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇزىدۇ، باشقا بىر ئىشقا يارىمايدۇ. بۇ تېمىدا بىر ماقالە ياز دېگەن بولسا، مېنى چېقىشقا پۇرسەت تاپالماي تۇرغان تۆركچەپەرەسلەرمۇ يۇز نومۇر قويۇشقا مەجبۇر بولغۇدەك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ يازغان بولاتتىم. مانا: سەردارمۇ ماڭا ئوخشاش غەزەپلەنگەن ئىدى. تۆپۈقسىز يېنىغا باردى، پىخسىق قېرىنىڭ قۇلىقىغا قىستۇرىۋالغان قېرىنداشنى ئۇنىڭ جېنىنى ئاغرىتىپ تۇرۇپ ئالدى، بىلەتلەرنىڭ ئۈستىگە بىرنېمىلەرنى يازدى، قېرىنداش بىلەن بىللە ياندۇرۇپ بەردى.

ــ بولدىمۇ تاغا؟ــ دېدى ــ كېچىلىكنى ئىككى ئاي كەينىگە سۈردۈق. بەش يۈز لىرا بېرىسەن ئەمدى.

بەش يۈز لىرانى ئاخىرىدا يەنىلا بەردى. مانا مۇشۇنداق بولىدۇ؛ تاتلىق سۆزنىڭ يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىدىغانلىقىغا پەقەت بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەخمەق تۆركچە يېزىقچىلىق مۇئەللىملىرى ئىشىنىدۇ. شۇنچىلىك ئاچچىغىم كەلدىكى، مېنىڭمۇ بۇ پىخسىق قېرىنىڭ جېنىنى قىينىغۇم كەپقالغان ئىدى، كۆزىگە كۆرسىتىپ قويمىسام. چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق، بىردىنلا توختىدىم، ئىشىك ئالدىغا تىزىپ قويغان شاپتۇل يەشىكلىرىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى بىرىنى تارتىپ چىقاردىم. تەلىيى باركەن؛ ھەممىسى ئۆرۈلمىدى. شاپتۇلنى سومكىغا سالدىم. ئاندىن ساتىراچخانىغا كىردۇق.

ساتىراچ بىرسىنىڭ بېشىنى جۇمەكنىڭ ئاستىغا ئىگىشتۈرۈپ يۇيۇۋاتاتتى. بىزنى ئەينەكتىن كۆردى.

ــ ئىككى تال ئالاي، باللار ــ دېدى قولىدىكى باشنى قويۇۋەتمەستىن.

ــ خالىسىڭىز ئۈچ تالمۇ ئالالايسىز، ئاكا ــ دېدى مۇستافا ــ بۇ يەردە ساتىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ــ ئىككى تال قويۇپ قوي دېدىم، ماڭا يېتىدۇ ــ دېدى ساتىراچ ــ سىلەر ئۇيۇشمىدىن ئەمەسمۇ؟

ئىككى تال! تۇرۇپلا نېرۋام ئۆرلىدى.

ــ ياق، ئىككى تال ئەمەس، ئۈچ تال ئالىسەن ــ دېدىم ۋە ئۈچ بىلەتنى ساناپ ئۇزاتتىم.

سەردارمۇ ھەيران قالدى. شۇنداق ئەپەندىلەر، نېرۋام ئۆرلەپ قالسا مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن. لېكىن ساتىراچ بىلەتنى ئالمىدى.

ــ قانچىگە كىردىڭ؟ ــ دېدى.

ــساتىراچنىڭ قولىدىكى سوپۇنلۇق باشمۇ ماڭا ئەينەكتىن قاراۋاتاتتى.

ــ ئالامسەن؟ــ دېدىم.

ــ ئۇن سەككىزگەــ دېدى سەردار.

ــ ئۆيۈڭلاردىن سېنى كىم ئەۋەتتى؟ــ دېدىــ پەيلىك بەك يامانغۇ؟

نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم ۋە مۇستافانىڭ چىرايىغا قارىدىم.

ــ خاپا بولما ئاكاــ دېدى مۇستافاــ ئۇ تېخى يېڭى، سىزنى تونۇمىدى.

ــ يېڭى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ماڭا ئىككى تال قويۇپ قويۇڭلار باللار.

يانچۇقىدىن ئىككى يۈز لىرا چىقاردى. بىللە كەلگەنلەر مېنى شۇئان ئۇنتۇپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىشتى، تاس قالدى ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ كېتىشكە. دېمەك، ئۆيۈڭلاردىن بىرەرىنى تونۇساڭ، بۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولىسەن. بىر تالمۇ ئالمىغان بولسىچۇ كاشكى. ئىككى بىلەت چىقىرىپ ئۇزاتتىم. لېكىن قايرىلىپ ئالمىدى.

ــ قويۇپ قوي ئاۋۇ يەرگە!

قويۇپ قويدۇم. بىر نەرسە دېمەكچى ئىدىم، دېمىدىم.

ــ خوش ئەمسە، باللار!ــ دېدى ۋە قولىدىكى چاچ سوپۇنىنىڭ شىشىسى بىلەن ئۇلارغا مېنى كۆرسەتتى.

ــ بۇ ئوقۇمدۇ ياكى ئىشلەۋاتامدۇ؟

ــ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا توختاپ قالغانــ دېدى مۇستافا.

ــ داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ سېنىڭ؟

مەن ئۈن چىقارمىدىم.

ــ دادىسى لاتارىيەچىــ دېدى مۇستافا.

ــ دىققەت قىلىڭلار بۇ كىچىك چاكال①غا!ــ دېدى ساتىراچــ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ماقۇل خوش ئەمسە.

ھەمراھلىرىم كۈلۈشتى. مەنمۇ بىر نەرسە دېمەكچى ئىدىم، ھە، شاگىرتىڭنى بوزەك قىلما، دېمەكچى ئىدىم، دېمىدىم. شاگىرتنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن سىرتقا چىقتىم. سەردار بىلەن مۇستافا كۈلۈشۈۋاتاتتى، پاراڭلىشىۋاتاتتى، لېكىن مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلىمايمەن، كەيپىياتىم ناچار. بىر چاغدا مۇستافا سەردارغا مۇنداق دېدى:

ــ ساتىراچلىقى ئېسىگە كېلىپ قالدى، كارىڭ بولمىسۇن.

ــ چاكال!

مەن بىر نەرسە دېمىدىم. مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ سومكىنى كۆتۈرۈش ۋە ۋاقتى كەلگەندە بىلەتلەرنى چىقىرىپ بېرىشتۇر. بىزنى جەننەتھەسساردىن چاقىرتىپ بۇ ئىشنى بىزگە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈنلا مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا تۇرماقتىمەن، ھۆنەرۋەن-كاسىپلار بىلەن بىرلىشىپ مېنى مازاق قىلىشقان ۋە ئۇ گەپنى دېگەن سىلەردەك ئادەملەرگە دەيدىغان گېپىم

يوق، گەپ قىلمىدىم بولدى. بىر دورىخانىغا كىردۇق، گەپ قىلمىدىم. گۆش دۇكىنىغا كىردۇق، گەپ قىلمىدىم، باققالنىڭ دۇكىنىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بەش خىل متال دۇكىنىدا، قەھۋە دۇكىنىدا ۋە قەھۋەخانىدىمۇ گەپ-سۆز قىلمىدىم، ھەتتا بازار تۆگىگەنگە قەدەر گەپ قىلمىدىم. ئەڭ ئاخىرقى دۇكاندىن چىققۇچە مۇستافا قولىنى يانچۇقىغا سالدى.

ـ بىرەر كىشىلىكتىن كۆفتە① يېگۈدەك ئىش قىلدۇق بۇگۈن ـ دېدى.

ـ شۇنداق ـ دېدى سەردار ـ بىرەر كىشىلىكتىن يېگۈدەك ئىش قىلدۇق.

لېكىن كۆفتە دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ ئىككى كىشىلىكتىن بۇيرۇشتى. ئۇلار ئىككى كىشىلىكتىن يەۋاتقان يەردە مەنمۇ بىر كىشىلىك يەپ يۈرمەيمەن-دە. كۆفتىلەرنى ساقلاۋاتقاندا مۇستافا پۇللارنى چىقىرىپ ساندى: ئون يەتتە مىڭ لىرا بوپتۇ. ئاندىن سەردارغا دېدى:

ـ بۇ نېمىگە تۇتۇلۇپ قاپتۇ؟

ـ چاكال دېگىنىمىزگە ئاچچىقى كەپتۇ.ـ دېدى سەردار.

ـ دۆت گوي!ـ دېدى مۇستافا.

مەن ئاڭلىماي قاپتىمەن، چۈنكى تامدىكى بىر كالېندارغا قاراپ ئولتۇراتتىم. كۆفتىلەر چىقتى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ، مەن جىم تۇرۇپ يېدۇق. تاتلىق تۈرۈمىمۇ بۇيرۇتتى. مەن رەۋانى② بۇيرۇتتۇم، خوش بولدۇم. بىردەمدىن كېيىن مۇستافا تاپانچىنى چىقىرىپ ئۈستەلنىڭ ئاستىدا ئويناشقا باشلىدى.

ـ ئەكەلگىنە!ـ دېدى سەردار.

ئۇمۇ تۇتۇپ باقتى. ماشا بېرىشمىدى، كۆلۈشتى، كېيىن مۇستافا بېلىگە قىستۇرىۋالدى، پۇلنى تۆلىدى، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، چىقىپ كەتتۇق.

بازاردىن ھېچكىمدىن قورقماي ئۆتتۇق، سارايغا كىردۇق ۋە پەللەمپەيلەردىن لام-جىم دېمەستىن چىقتۇق. ئۇيۇشمىغا كىرگىنىمىزدە، ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش قورققاندەك بولدۇم. نۇسخىلاۋېتىپ مۇئەللىم قاراۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئەخمەقلەرچە جىددىيلىشىۋاتاتتىم ۋە جىددىيلەشكىنىمنى كۆرگەن مۇئەللىم بۇنى چۈشەنگەن ئىدى...

ـ بازارنىڭ ھەممە يېرى تۈگىدىمۇ؟ـ دېدى.

ـ شۇنداق ئاكا ـ دېدى مۇستافا ـ سىز تاپىلىغان يەرلەر.

ـ ھەممىسى يېنىڭدىمۇ؟

ـ ھەئە ـ دېدى مۇستافا. تاپانچا بىلەن پۇللارنى چىقاردى.

ـ مەن پەقەت ماۋۇ سايمانىنىلا ئالاي ـ دېدى ئۇ ـ پۇلنى زەكەرىيا بەي تاپشۇرۇۋالدۇ.

مۇستافا تاپانچىنى بەردى. كېلىشكەن ئادەم ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇستافامۇ كىردى. بىز ساقلاۋاتاتتۇق. بىر چاغدا نېمىنى ساقلاۋاتىمىز، دەپ ئويلىدىم؛ زەكەرىيا بەينى

ساقلاۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالغانىدەك قىلاتتىم ۋە ھېچقانداق مەقسەتسىزلا ساقلاۋاتىمىز. بىردەمدىن كېيىن، بىزگە ئوخشاش بىرى كەلدى ۋە تاماكا ئۇزاتتى، چەكمەيتتىم، لېكىن ئالدىم. پاراۋوز شەكلىدە بىر چاقماقنى چىقاردى ۋە تاماكىلىرىمىزنى تۇتاشتۇردى.

ــ جەننەتھېساردىن كەلگەن ئۆلكۈچۈ① دوستلار سىلەرمۇ؟

ــ ھەئە، ــ دېدىم.

ــ ئۇ يەرلەر قانداقراق؟

نېمە دېمەكچىدۇر، دەپ ئويلىدىم. تاماكا مەينەت تېتىيتتى. قېرىپ كەتكەندەك قىلاتتىم.

ــ يۇقىرى مەھەللىلەر بىزنىڭ، ــ دېدى سەردار.

ــ بىلىمەن، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن دېگىنىم قىرغاقلىرىنى سوراۋاتىمەن. تۇزلا كوممۇنىستلارنىڭ.

ــ ياق، ــ دېدىم مەن بىردىنلا، ــ جەننەتھېساردا، دېگىز بويىدا بىر نەرسە يوق. ئۇ يەردە مەخسۇس باي، زەردارلار تۇرىدۇ.

ماڭا قاراپ كۈلدى. مەنمۇ كۈلدۈم.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى ئۇ، ــ بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدۇ!

ــ يۇقىرى مەھەللە كىمنىڭ بولسا، دېگىز بويىمۇ شۇنىڭ بولىدۇ، ــ دېدى سەردار.

ــ شۇنداق، تۇزلانىمۇ شۇنداق قولغا كىرگۈزۈۋالغان. بەك دېقىقەت قىلىڭلار. مەن كوممۇنىستلارنى ئويلىدىم. ئۇلار توغرۇلۇق ئويلانغاچ بىرىلىپ تاماكا چېكىۋاتاتتىم، بىز بىلەن پاراڭلاشقان بايىقى بالا مۇنداق دېدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا ئىچكە كىرىپ كەتتى:

ــ سەن يېڭى كەلدىڭ، شۇنداقمۇ؟

بىر نەرسە دېگۈدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى. سەردار، ھەئە، دەپ بېشىنى لىڭشىتقان ئىدى. ئەجىبا يېڭىدىن كەلگەنلىكىمنى قانداق بىلىدىغاندۇر؟ بايلار بار دېسەم، ئۇ كۈلۈپ نېمە دېمەكچى بولغىيتتى؟ سەردارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكە بىر يەرگە كىرىپ كەتتى، بۇ قېتىم مەن ئۆزۈم يالغۇز شۇ يەردە قالدىم، سەردار خۇددى كىرىپ-چىقىۋاتقانلار مېنىڭ يېڭىدىن كەلگەنلىكىمنى بىلىۋالسۇن، دەپ يالغۇز تاشلاپ قويغاندەك قىلاتتى. مەنمۇ تورۇسقا قارىغىنىمچە تاماكا چەككەچ مۇھىم ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن، كىرىپ چىقىۋاتقانلار مېنى كۆرۈپلا چۈشەنگۈدەك دەرىجىدە مۇھىم ئىشلارنى: ھەرىكىتىمىزنىڭ مەسىلىلىرىنى. مۇنداق بىر كىتاب بولىدىغان، ئوقۇۋاتىمەن، دەپ تۇرۇشۇمغا، مۇستافا چىقتى ۋە بىرسى بىلەن كۆرۈشتى ۋە دەل مۇشۇ چاغدا ھەممەيلەن بىر چەتكە تىزىلدى: زەكەرىيا بەي، شۇنداق، كەلدى. ئىشخانىسىغا كىرگۈچە ماڭا بىر قارىدى، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇۋاتاتتىم، لېكىن تېخى تولۇق تۇرۇپ

بولالمىغان ئىدىم. كېيىن مۇستافانى چاقىرىشتى. ئۇ كىرىپ كەتتى، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى پاراڭلاشقانلىقىنى ئويلىدىم ۋە ئۇلار چىقتى، بۇ قېتىم مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ يارايسەن!ــ دېدى زەكەرىيا بەي مۇستافاغاــ بىز زۆرۈر تاپقاندا ساڭا يەنە خەۋەر قىلىمىز، ئاپىرىن!

ئاندىن ماڭا قارىدى، ھاياجانلىنىپ كەتتىم ۋە ماڭا گەپ قىلارمىكىن ، دەپ قالدىم، لېكىن ھېچنىمە دېمىدى؛ پەقەت بىردىنلا چۆشكۈردى ۋە يەنە يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى؛ پارتىيە يىغىنى بارمىش. مۇستافا بىياتىن بىز بىلەن پاراڭلاشقان بالا بىلەن كۇسۇر-كۇسۇر قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. بىردەم مېنىڭ گېپىمنى قىلىشقاندەك ھېس قىلدىم، لېكىن بۇنداق قىلىش ئېتىقسىزلىق بولاتتى، سىياسىي توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقاندۇر، مۇھىم ئىشلار ھەققىدە... مېنى گەپ تىڭشاۋاتىدۇ ياكى قىزىقىسىنىپ قالدى، دەپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدىم.

ــ قېنى ئەمىسە باللارــ دېدى مۇستافاــ ماڭايلى.

سومكىنى قويۇپ قويدۇم. گەپ-سۆز قىلىشماستىن پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ كېتىپ بارىمىز، ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان كىشىلەرگە ئوخشاش. بىر ئازدىن كېيىن، مۇستافا نېمىشقا گەپ قىلمايدىغاندۇر، دەپ ئويلىدىم. ئۇلارغا بولغان ئاچچىقىم يېنىپ قالغان ئىدى؛ مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىۋاتقاندا ئۇلارغا قانداق تەسىر بەرگەندىمەن؟ پويىز ئىستانسىسىدا ئولتۇرۇپ پويىزنى ساقلاۋاتقاندا، بۇلار يادىمدىن كەچتى، ئاندىن ئۇ يەردىكى لاتارىيە دۇكىنىنى كۆرۈپ دادامنى ــ لېكىن دادامنى ئويلاشنى خالىمايتتىم ــ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغانلىرىمنى غۇدۇراپ دەۋالدىم: ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دىپلومى ئەمەس، دادا!

پويىز كەلدى، چىقتۇق. سەردار بىلەن مۇستافا يەنە كۇسۇلدىشىۋاتاتتى. مېنى بىر ئېغىز گەپ ياكى بىر چاقچاق بىلەن ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ چاقچاققا جاۋاب بولغۇدەك بىر چاقچاق تېپىشقا كىرىشىمەن، دەماللىق تاپالماي قالىمەن ۋە مەن ئۇنى تېپىپ بولغۇچە ئۇلار مېنىڭ ئوڭايسىزلانغان چىرايىمغا قاراپ تېخىمۇ بەك كۈلىشىدۇ، بۇنداق چاغلاردا مەن بەزەن ئاچچىقىم كېلىپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي بىر-ئىككى ئېغىز تىللاپ سالىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ بەكرەك كۈلۈشكە باشلىغاندە ئۆزۈمنىڭ تېخىمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى چۈشىنىپ يېتىمەن. يالغۇز قالغۇم كېلىدۇ، ئادەم يالغۇز قالغان چېغىدا بۇ ھاياتتا قىلالايدىغان چوڭ، چوڭ ئىشلارنى خاتىرجەم خىيال قىلالايدۇ. بەزىدە مەن چۈشەنمەيدىغان چاقچاقلارنى قىلىشىدۇ؛ بىر-بىرىگە قاراپ كۆز قىسىشىدۇ؛ ھېلىقى گەپنى دېگەن چاغدا قىلغىنىغا ئوخشاش، چاكال! قانداقراق ھايۋان بولغىيتتى-بۇ؟ باشلانغۇچ

مەكتەپتىكى چېغىمىزدا بىر قىز بالا بولىدىغان، بىر قېتىم سىنىپقا بىر ئېنسىكلوپېدىيىنى ئەكەلگەن ئىدى، ھايۋانلار تونۇشتۇرۇلغان بىر ئېنسىكلوپېدىيە ئىدى، قاپلاننى ئىزدىمەكچى بولساڭ ئېچىپ "ق" ھەرپىگە قارايسەن... ھازىر شۇ ئىنسكلوپېدىيە بولغان بولسا ئېچىپ، "چاكال"غا قاراپ باققان بولاتتىم، لېكىن ئۇ قىز كۆرگىلى قويمايتتى. ياق، مەيلەنەت قىلىۋېتىسەن! ۋاي پاسكىنا، ئۇنداق ئادەم مەكتەپكە نېمىدەپ ئەكىلىسەن؟ كېيىن ئۇ قىز ئىستانبۇلغا كەتتى، دادىسىنى بېيىپ كەتتى، دېيىشەتتى. بىر دوستى بولىدىغان، بېشىدا كۆك لېنتا...

خىيالغا پېتىپ قاپتىمەن...پويىز تۈزلاغا كەلگەندە جىددىيلىشىپ كەتتىم، لېكىن قورقمىدىم. كوممۇنىستلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئېچىگە كىرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. سەردار بىلەن مۇستافامۇ جىمىپ قېلىشقان ئىدى، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چىقىپ تۇراتتى. ھېچ ئىش بولمىدى. پويىز قوزغالغاندا كوممۇنىستلارنىڭ تاملارغا يېزىپ قويغانلىرىنى ئوقۇدۇم: تۈزلا فاشىستلارنىڭ مازىرى بولۇپ قالىدۇ! ئۇلارنىڭ فاشىست دېگىنى بىز ئىكەنمىز. ئاغزىمنى بۇزدۇم. بىر ھازادىن كېيىن پويىز بىزنىڭ بېكەتكە كىردى، چۈشتۇق. ئۇن- تىنسىز ھالدا بېكەتكە كەلدۇق.

ـ باللار، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بارــ دېدى مۇستافاــ ماقۇل ئەمسە!

مىنىبۇسلارنىڭ ئارىسىدا كۆزدىن غايىپ بولغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇق. مەن تۇيۇقسىزلا سەردارغا قاراپ:

ـ بۇ ئىسسىقتا ئۆيگە كېتىپ دەرس ئۆگەنگۈم يوق- دېدىم.

ـ ھەئەــ دېدى سەردارــ بەك ئىسسىپ كەتتى.

ـ كۆڭلۈممۇ پاراكەندەــ دېدىم، بىردەم جىم تۇردۇمــ ماڭە سەردار، قەھۋەخانىغا بارايلى.

ـ ياق، مەن دۇكانغا باراي، ئازراق ئىشىم بارتى.

كەتتى. داداڭنىڭ بىر دۇككىنى بولسا، سېنىڭمۇ تەبىئىي ھالدا ئىشىڭ چىقىپ تۇرىدۇ! لېكىن مەن تېخى ئوقۇۋاتىمەن، سىلەردەك ئوقۇشتىن توختاپ قالسام بولمايدۇ، لېكىن ئىشنىڭ قىززىق يېرى شۇكى، ئۇلار ھەممىدىن كۆپ مېنى مازاق قىلىشىدۇ. سەردارنىڭ ئاخشاملىققا قەھۋەخانىغا ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ "چاكال" نىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايتتىم. كارىڭ بولمىسۇن، ھەسەن، كۆڭلۈڭگە ئالما، ئالمىدىم، دۆڭگە چىقىشقا باشلىدىم.

جەننەتھىسار ياكى دارىجادىكى ماشىنا پاراخوتىغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن ئالدىمدا تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىلىرى ۋە پىكاپلارغا قاراپ قويىمەن، يالغۇز قالغانلىقىمنى ئېسىمگە ئېلىپ خوش بولۇپ كېتەتتىم. بېشىمدىن بىرەر ئىش ئۆتسىكەن، دەپ ئويلايتتىم.

ھاياتتا جىق ئىشلار بار، بولۇپ قالار، كۈتۈپ تۇرىۋاتىسەنغۇ مانا. بەلكىم مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندۇر: بولىسكەن، دېگەن ئىشلار قارىماققا بەك ئاستا بولىۋاتقاندەك ياكى بولىسمۇ مەن ئويلىغاندەك، ئارزۇ قىلغاندەك بولمايۋاتقاندەك قىلاتتى؛ ھەممىسى خۇددى مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاستا كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە شۇنداق بىر قارىساق، ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولغان بولىدۇ. كېلىپ كېتىۋاتقان شۇ ماشىنىلارغا ئوخشاش. نېرۋامنى قوداڭشىتىشقا باشلىدى، بەلكى بىرەرسى توختاپ قالار ۋە بۇ ئىسسىقتا دۆڭگە يامىشىپ يۈرمەسمەن، دەپ قارايمەن، لېكىن بۇ دۇنيادا سەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. شاپتۇل يېيىشكە باشلىدىم، لېكىن پايدىسى بولمىدى.

كاشكى ھازىر قىش بولغان بولسا، ئۆزۈم يالغۇز ساھىلدا ئايلانغان بولاتتىم، ئۇچۇق ئىشىكتىن، چۆلدەرەپ قالغان قۇم ساھىلغا ھېچكىمگە پەرۋا قىلماستىن كىرەتتىم : دولقۇنلار كېلەتتى، قىرغاققا ئۇرۇلاتتى، مەن ئايىغىم ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، تۇرۇپ-تۇرۇپ سەكرىگىنىمچە يۈگۈرەتتىم، ئايلىناتتىم، ھاياتىم توغرۇلۇق ئويلىناتتىم، چوقۇم مۇھىم بىر ئادەم بولۇشنى خىيال قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بۇ گۈيلارلا ئەمەس، قىزلارمۇ ماڭا باشقىچە نەزەردە قاراشقا باشلىشىدۇ ۋە شۇ چاغدا مېنىڭ ئىچىم سىقىلىشتىن توختايدۇ، كېيىنچە نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالسامغۇ، سەردارغا، يۈرە، قەھۋەخانىغا بارايلى، دەپمۇ يۈرمەيتتىم، ھازىر قىش بولغان بولسا، ماڭا ھېچكىمنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. لېكىن قىشتا مەكتەپكە بارمىسام بولمايدۇ، ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، ئىنجىمارۇق مۇئەللىملەر...

كېيىن ئۇ دۆڭگە چىقىپ كېلىۋاتقان ئاق رەڭلىك «ئانادول» ماركىلىق ماشىنىنى كۆردۈم. ئاستا-ئاستا يېقىنلاشقاندا ئىچىدە ئۇلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندىم، لېكىن تارتىنچاقلىق قىلىپ قول پۇلاڭلىتىشنىڭ ئورنىغا بىر تەرەپكە قارىۋالدىم. ئۇلار كەلدى، كەلدى ۋە مېنى تونۇماي ئۆتۈپ كېتىشتى. يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا بەلكىم يېڭىلىشتىم، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى نىلگۈن بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا بۇنداق چىرايلىق ئەمەس ئىدى! ماشىنا ھەيدىگەن ئاۋۇ پور سېمىز فارۇق بولماي كىم بولماقچىدى! نېمە دېگەن سەمرىپ كەتكەن! نەگە بېرىش كېرەكلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم: دۆڭدىن چۈشىمەن، دەرۋازىسىدىن مارايمەن، بەلكى پاپا تاغامنىمۇ كۆرەرمەن، مېنى كىرگۈزەر، ئەلۋەتتە تارتىنماي قالسام ئىچىگىمۇ كىرىمەن، مەرھابا، دەيمەن، بەلكىم چوڭ خانىمنىڭ قولىغىمۇ سۆيەرمەن، ئاندىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشەرمەن، مېنى تونۇدۇڭلارمۇ، مەن بەك چوڭ بولۇپ كەتتىم، دەرمەن، ھەئە، تونۇدۇق، كىچىك چېغىمىزدا بەك يېقىن دوستلاردىن ئەمەسمىدۇق بىز، پاراڭلىشىمىز، پاراڭلىشىمىز، كىچىكىمىزدە ئاداشتۇق، پاراڭلىشىمىز ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىچىمنىڭ بۇ نىجىس سىقىلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالارمەن ھازىر ئۇ يەرگە بارسام.

# تۆتىنچى باب

«ئانادول» كوچەپ دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا سورىدىم:
ـ ئۇنى تونۇدۇڭلارمۇ باللار؟
ـكىمنى؟ـ دېدى نىلگۈن.
ـ يولنىڭ چېتىدە كېتىپ بارغان كۆك كىيىملىكنى. ئۇ بىزنى بىر كۆرۈپلا تونۇدى.
ـ بويى ئېگىزنىمۇ؟ـ دېدى نىلگۈن، قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى ، لېكىن يىراقلاپ كەتكەن ئىدۇق ـ كىمتى ئۇ؟
ـ ھەسەن!
ـ قايسى ھەسەن؟ـ دېدى نىلگۈن خوشياقمىغاندەك.
ـ رەجەپنىڭ جىيەنى.
ـ نېمە دېگەن چوڭ بولۇپ كەتكەن-ھە ـ دېدى نىلگۈن ھەيرانلىقتا ـ تونۇماپتىمەن.
ـ نومۇس، نومۇس ـ دېدى مەتىن ـ باللىقتىكى دوستىمىز.
ـ سەن نېمىدەپ تونۇمىدىڭ ئۇنداق بولسا؟ـ دېدى نىلگۈن.
ـ كۆرمەي قاپتىمەن، لېكىن فارۇق گېپىنى قىلىشىغىلا كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم.
ـ ئاپىرىن ساڭا!ـ دېدى نىلگۈن ـ بەك ئەقىللىق سەن!
ـ دېمەك سېنىڭ بۇ يىل چېچىمىدىن تىرنىقىمغىچە ئۆزگەردىم، دېگىنىڭ مۇشۇ ئىكەن ـدە!ـ دېدى مەتىن ـ پەقەت ئۆتمۈشنىلا ئۇنتۇپسەن.
ـ جۆيلىمە!
ـ ئوقۇغان كىتابلىرىڭ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ ساڭا!ـ دېدى مەتىن.
ـ يوغانچىلىق قىلما!ـ دېدى نىلگۈن.
جىم بولۇشتى. ئاندىن خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەر يىلى ئىككى يېنىغا يېڭى ۋە سەت بېتون توساق تىزىلىدىغان دۆڭگە چىقتۇق، ئاز قېلىۋاتقان باغلار، گىلاسلىق ھويلىلار، ئەنجۈر دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئۆتتۇق. كىچىك رادىيودىن ئادەتتىكىچە "يېنىك غەرب مۇزىكىسى" چىقىپ تۇراتتى. يىراقتىن دېڭىزنى ۋە جەننەتھەسارنى كۆرگىنىمىزدە بەلكىم باللىق چېغىمىزدا ھېس قىلغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل

ھاياجانغا چۆمۈلدۈق، جىمجىتلىقتىن بۇنى چۈشەنگەن ئىدىم، لېكىن ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. لام-جىم دېمەستىن دۆڭدىن چۈشتۇق، كالتە ئىشتان، سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىشكەن، تېنى ئاپتاپتا كۆيگەن كىشىلەر توپىدىن ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئارىسىدىن ئۆتتۇق. مەتىن باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتقاندا، نىلگۈن:

— سىگنال بېرە ئاكا — دېدى.

ماشىنىنى ھويلىغا ئەكىردىم ۋە ھەر قېتىم كەلگىنىمدە تېخىمۇ كونىراپ كېتىۋاتقان ئۆيلەرگە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ياغاچ تاختايلارنىڭ سىرلىرى تۆكۈلگەنىدى، سارغۇچلۇق يان تاملاردىن ئالدى تاملارغىمۇ ئۆتۈپتۇ، ئەنجۈرنىڭ سايىسى موماملىنىڭ دەرىزىسىنىڭ قاپقاقلىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى، ئاستىنقى قەۋەتتىكى دەرىزىلەرنىڭ تۆمۈر چىۋىقلىرىنى دات بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئىچىم بىر خىل بولۇپ قالدى: بۇ ئۆيدە بۇرۇنقى چاغلاردا كۆنۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ھېس قىلمىغان قورقۇنچلۇق نەرسىلەر باردەك قىلاتتى ۋە ئەمدى ھەيرانلىق ۋە قايغۇ ئىچىدە سېزىۋاتاتتىم. چوڭ دەرۋازىنىڭ بىز ئۈچۈن ئېچىلغان قوپال قاناتلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، موماملىن رەجەپ ياشايدىغان بۇ ئۆينىڭ زەي ۋە خۇنۇك قاراڭغۇلۇقىغا زەن سالدىم.

— ماشىنىدىن چۈشكىنە ئاكا، نېمىگە ئولتۇرىسەن؟ — دېدى نىلگۈن.

ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيگە ئۇدۇل كېتىپ باراتتى. شۇ ئەسنادا، ئاشخانىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن چىقىپ ئىغاڭلىغىنىچە يېقىنلىشىۋاتقان رەجەپنىڭ ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان گەۋدىسىنى كۆردى. بىر-بىرىگە ئېسىلىشتى، سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈشتى. ھەممىلەننىڭيادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن رادىيونى ئۆچۈردۈم، ماشىنىدىن بۇ جىمجىت ھويلىغا چۈشتۈم. رەجەپنىڭ ئۇستىدە، ئۇ دائىم كىيىدىغان، يېشىنى يوشۇرۇپ تۇرىدىغان چاپان، ئاندىن ھېلىقى غەلىتە، ئىنچىكە گالىستۇك بار ئىدى. قۇچاقلاشتۇق، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتۇق.

— ئەنسىرەپ كەتتىم — دېدى رەجەپ — كەچ قالدىڭلار!

— قانداق ئەھۋالىڭ؟

— شۇ — دېدى خىجىل بولغاندەك — ياخشى، كارىۋاتلىرىڭلارنى ئوڭشىدىم، ھوجراڭلارنى ھازىرلىدىم. چوڭ خانىم ساقلاۋاتىدۇ. سىز يەنە سەمرىپ كەتتىڭىزمۇ-نېمە فارۇق بەي؟

— موماملا قانداقراق؟

— ياخشى، قاخشايدۇ... چامادانلارنى ئەكىرەي.

— كېيىن ئەكىرەمىز.

رەجەپ ئالدىدا، بىز كەينىدە پەلەمپەيلەردىن چىقتۇق. دەرىزە قاپقاقلىرىنىڭ ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغان چاڭ-توزانلىق نۇرلارنى، زەمبۇرۇغ پۇراقلىرىنى ئېسىمگە

ئېلىپ نېمىشقىكىن دىلىم سۆيۈندى. مومامنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەنىدە رەجەپ بىردەم تۇرۇۋالدى، بىر تىنىۋالدى، ئاندىن مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ تووۋلىدى:

ــ ئۇلار كەلدى، چوڭ خانىم، ئۇلار كەلدى!

ــ قەيەردە ھازىر؟ــ دېدى مومام ئاجىز ۋە غەزەپلىك ئاۋازى بىلەنــ نېمە دەپ خەۋەر قىلمايسەن، نەدە ھازىر؟

ئۈستىگە گۈللۈك كۆك يوتقان يېپىقلىق بولۇپ، دۈمبىسى بىلەن ئۈستى-ئۈستىلەپ تىزىلغان ئۈچ ياستۇققا يۆلەنگەن پېتى كىچىك چىغىمدا مىس تۇتقۇچلىرىنى تاراڭشىتىپ ئوينايدىغان كارىۋاتتا ياتاتتى. قايتا-قايتا قولىغا سۆيدۇق. قولىنىڭ ئاق، يۇمشاق ۋە پۈرۈش، پۈرۈش تېرىسىنىڭ ئۈستىدە خۇددى كونا بىر دوستقا ئۇچراپ قالغاندەك كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان تونۇش مەڭلەر، داغلار بار ئىدى. ھوجرىمۇ، موماممۇ، قولىمۇ ئوخشاش بىر خىل يېقىملىق پۇرايتتى.

ــ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن!

ــ قانداقراق تۇرىسىز موما؟

ــ ياخشى ئەمەســ دېدى مومام، لېكىن بىز بىر نەرسە دېمىدۇق، مومام كالپۇكلىرىنى بىردەم مىدىرلاتتى، ياش قىزلاردەك خىجىل بولدى، ياكى خىجىل بولغاندەك قىلدى ۋە ئاندىنــ ھە، قېنى سىلەر گەپ قىلىڭلارــ دېدى.

ئۈچ قېرىنداش بىر-بىرىمىزگە قارىدۇق، ئۆيىنى خىلى ئۇزۇنغىچە جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۆيدىن زەمبۇرۇغ، ئۆي جاھازلىرىنىڭ سىرى، كونا سوپۇن، ياليۇز كەمپۈت، سەل-پەل لاۋانتا، كولونيا ۋە توپا پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. .

ــ ماڭا دەپ بەرگۈدەك گەپ- سۆزۈڭلار يوقمۇ؟

ــ بۇ يەرگە ماشىنا بىلەن كەلدۇق، موماــ دېدى مەتىنــ ئىستانبۇلدىن بۇ يەرگە نەق ئەللىك مىنۇت كېتىدىكەن.

بۇ گەپنى ھەر قېتىم دەيتى ۋە ھەر قېتىمدا موماممنىڭ جاھىل چىرايىدا بىردەملىك پەسكويغا چۈشكەنلىك ئالامىتى كۆرىنەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتاتتى.

ــ سىلەر بۇرۇن قانچىلىك ۋاقىتتا كېلەتتىڭلار موما؟ــ دېدى نىلگۈن خۇددى بىلمەيدىغاندەك.

ــ مەن بىر قېتىملا كەلدىم!ــ دېدى مومام غۇرۇر بىلەن ۋە غالىپلارچە. بىر ئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى: ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈن مەن سورايمەن، سىلەر ئەمەس!

تولا دەپ كۆنۈپ قالغان بۇ گېپىدىن سۆيۈندى ۋە بىر هازا بىر سوئال ئويلاشتى، لېكىن سوئالنى سوراۋېتىپ، ئۆزى ئويلىغاندەك ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر سوئال سورىمىغانلىقىنى چۈشەندى.

ـ قانداقراق ئەھۋالىڭلار؟

ـ ياخشى تۇردۇق، موما.

خۇددى يېڭىلىپ قالغاندەك غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، چىرايى پۈرىشىپ كەتتى. كىچىك چېغىمدا بۇ چىرايدىن قورقۇپ كەتكەن چاغلىرىم بولغان ئىدى.

ـ رەجەپ، كەينىمگە ياستۇق قوي!

ـ ھەممە ياستۇقلار كەينىڭىزدە چوڭ خانىم.

ـ مەن يەنە بىرنى ئەكىرەمدۇ موما؟ـ دېدى نىلگۈن.

ـ سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ـ موما، نىلگۈن ئالىي مەكتەپكە چىقتى ـ دېدىم مەن.

ـ مېنىڭمۇ تىلىم بار، ئاكا، خاتىرجەم بول ـ دېدى نىلگۈن ـ جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن، موما، بۇ يىل بىرىنچى يىللىقنى تۈگەتتىم.

ـ سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ـ كېلەر يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىمەن ـ دېدى مەتىن.

ـ ئاندىنچۇ؟

ـ ئاندىن ئامېرىكىغا بارىمەن ـ دېدى مەتىن.

ـ نېمە بار ئۇ يەردە؟ـ دېدى مومام.

ـ بايلار ۋە ئويغاق ئىنسانلار!ـ دېدى نىلگۈن.

ـ ئۇنىۋېرسىتېت!ـ دېدى مەتىن.

ـ ھەممىڭلار تەڭ گەپ قىلماڭلار ـ دېدى مومام ـ سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

يوغان سومكىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى، كىچىلىرى شامال ئۇچۇپ تۇرغان ئۆيدە مۆكىدەپ ئولتۇرىدىغىنىمنى، تاماق يەپ بولۇپ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىمنى دېمىدىم. تېخى تونۇلغان ئەتىگەن ئۇنىۋېرسىتېتقا ماڭغاچ، ھاراق ئىچىدىغان ۋاقىتقا تەقەززا بولۇپ كەتكىنىمنى، تارىخ دېگەن نەرسىگە بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقىدىغانلىقىمنى ۋە ئايالىمنى سېغىنغانلىقىمنى دېمىدىم.

ـ دوتسېنت بولدى، موما ـ دېدى نىلگۈن.

ـ موما، شۇنداق بەلەن تۇرۇپسىز ـ دېدىم ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا.

ـ ئايالىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ـ دېدى مومام.

ــ ئۆتكەن قېتىم دېگەنىدىمغۇ موما، ــ دېدىم، ــ ئاجرىشىپ كەتتۇق.
ــ بىلىمەن، بىلىمەن! ــ دېدى، ــ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ئۇ؟
ــ قايتىدىن ياتلىق بولدى.
ــ بۇلارنىڭ ھوجرىلىرىنى تەييارلىدىڭمۇ؟ ــ دېدى مومام.
ــ تەييارلىدىم، ــ دېدى رەجەپ.
ــ باشقا دېگۈدەك گېپىڭلار يوقمۇ؟
ــ موما، ئىستانبۇل بەك قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتتى، ــ دېدى نىلگۈن.
ــ بۇ يەرمۇ قىستاڭچىلىق، ــ دېدى رەجەپ.
ــ ئولتۇرە رەجەپ بۇ يەردە، ــ دېدىم مەن.
ــ موما، بۇ ئۆي بەك كونىراپ كېتىپتۇ، ــ دېدى مەتىن.
ــ مېنىڭ مىجەزىم بوش، ــ دېدى مومام.
ــ بەك كونىراپ كېتىپتۇ موما، چاققۇزايلى، بىنا سالدۇرايلى، سىزمۇ ئارام تېپىپ قالىسىز...
ــ تولا گەپ قىلمىغىنە! ــ دېدى نىلگۈن، ــ گېپىڭنى ئاڭلىمىدى، ھازىر بۇ گەپنى دەيدىغان چاغ ئەمەس.
ــ قاچان ئەمسە؟
ــ ھېچقاچان!

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ھاۋا ئۆتنۈشمەيدىغان ئىسسىق ئۆيدە نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن كېڭىيىپ چاراسلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. دەرىزىدىن ئۆي ئىچىگە جانسىز ۋە خۇددى كونىراپ قالغاندەك بىر خىل نۇر چۈشۈپ تۇراتتى.

ــ بىر نەرسە دېمەمسەن؟ ــ دېدى مومام.
ــ موما، يولدا ھەسەننى كۆردۇق! ــ دېدى نىلگۈن، ــ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، چوپچوڭ ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ.

مومامنىڭ لەۋلىرى غەلىتە بىر خىل مىدىرلىدى.

ــ ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، رەجەپ؟ ــ دېدى نىلگۈن.
ــ ھېچ ئىش! ــ دېدى رەجەپ، ــ دۆڭ تەرەپتىكى ئۆيدە تۇرىدۇ. ھەسەن تولۇق ئوتتۇرىدا...
ــ ئۇلارغا نېمە دەۋاتىسەن؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى موموم، ــ كىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟
ــ ئىسمائىل نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟
ــ شۇ! ــ دېدى رەجەپ، ــ لاتارىيە ساتىدۇ.

ــ سىلەرگە نېمە دەۋاتىدۇ بۇ؟ــ دەپ يەنە ۋارقىرىدى مومامــ مەن بىلەن پاراڭلىشىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەس! رەجەپ سەن چىق تېشىغا، ئاشخانىغا چۈش!

ــ بۇ يەردە تۇرسا نېمە زىيىنى موماــ دېدى نىلگۈنــ تۇرسۇن بىردەم.

ــ سىلەرنى بىردەمدىلا ئالداپ بوپتۇ-ھە؟ــ دېدى مومامــ بۇلارغا نېمە دېدىڭ؟ بىردەمدىلا ساڭا ئېچى ئاغرىپ كېتىشىپتىغۇ؟

ــ ھېچنېمە دېمىدىم، چوڭ خانىمــ دېدى رەجەپ.

ــ باياتىن كۆردۈم، پاراڭ سالدىڭ، بىر نېمىلەرنى دېدىڭ.

رەجەپ چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. .

ــ قېنى نىلگۈن، سەن گەپ قىل بىردەمــ دېدىم مەن.

ــ مەنمۇ؟ــ دېدى نىلگۈنــ نېمە دېسەم بولار؟ بىردەم ئويلاندى، ئاندىنــ ھەممە نەرسە بەك قىممەتلەپ كەتتى، موماــ دېدى.

ــ كىتاپ ئوقۇۋېرىپ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكىنىڭنى سۆزلەپ بېرەــ دېدى مەتىن.

ــ بىچارە پوچى!ــ دېدى نىلگۈن.

ــ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ــ دېدى مومام.

يەنە بىر جىمجىتلىق باشلاندى.

ــ موماــ دېدىم مەنــ بىز چىقىپ ھوجرىلىرىمىزغا جايلىشىۋالايلى.

ــ تېخى ئەمدىلا كەلدىڭلارغۇ؟ــ دېدى مومامــ نەگە؟

ــ بىر يەرگە كەتمەيمىزــ دېدىمــ بىز تېخى بىر ھەپتە بار بۇ يەردە.

ــ دېمەك، دېگۈدەك ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپىڭلار يوقكەن- دەــ دېدى موماڭ. يىغلىۋالغاندەك بىر خىل تەرزدە غەلىتە كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى.

ــ ئەتە تۇپراق بېشىغا چىقىمىزــ دېدىم مەن ھېچ ئويلانماستىنلا.

رەجەپ سىرتتا، ئىشكىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. بىزنى بىر-بىرلەپ ھوجرىلىرىمىزغا باشلاپ كىردى، دەرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئاچتى. ماڭا يەنە قۇدۇق تەرەپتىكى ھوجرىنى تەييارلىغان ئىدى. زەمبۇرۇغ ۋە كىرلىك پۇرىقى ئېسىمگە كەلدى.

ــ قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن رەجەپ، دېدىمــ ئۆيىنى گۈلدەك قىلىۋېتىپسەن!

ــ لۆڭگىلىرىڭىزنى بۇ يەرگە ئېسىپ قويدۇم، ــ دېدى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

تاماكا ياقتىم. بىللە ئوچۇق تۇرغان دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتۇق. سورىدىم:

ــ جەننەتھىسار بۇ يىل يازدا قانداقراق؟

ــ ناچارــ دېدى رەجەپــ بۇرۇنقىدەك ئەمەس.

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ئادەملەر ئەسكىلىشىپ كەتتى، رەھىمسىزلىشىپ كەتتى!ــ دېدى.

ماڭا بۇرۇلۇپ خۇددى ھېسداشلىق كۈتكەندەك چىرايىمغا قارىدى. دېڭىز ساھىلىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازلارغا قۇلاق سالغاچ يىراقتىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كوچىلارنى بىللە تاماشا قىلدۇق. مەتىن كەلدى:

ــ ئاكا، ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرەمسەن؟

ــ ماڭدىڭمۇ؟

ــ چامادانلىرىمنى ئەكىرىپ قويۇپلا ماڭىمەن.

ــ بىزنىڭ چامادانلارنىمۇ ئەكىرىۋەتسەڭ ماشىنىنى ئەتە ئەتىگەنگىچە ساڭا بېرىمەنــ دېدىم.

ــ سىز نېمە قىلماقچى، فارۇق بەي، مەن ئەكىرىمەنــ دەۋاتاتتى رەجەپ.

ــ سەن ئارخىپخانىغا بېرىپ ۋابا توغرۇلۇق ماتېرىيال ئىزدىمەمسەن؟ــ دېدى مەتىن.

ــ نېمە ئىزدەيسىز؟ــ دېدى رەجەپ.

ــ ئەتە ئىزدەيمەن ئەمدىــ دېدىم.

ــ ھازىرلا باشلىماقچىمۇ ئىچىشكە؟ــ دېدى مەتىن.

ــ ئىچەمدىم، ئىچمەمدىم سېنىڭ نېمە كارىڭ!ــ دېدىم ئاچچىغىم كېلىپ.

ــ توغرا!ــ دېدى مەتىن ۋە ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كەتتى.

ھېچنىمنى خىيال قىلماستىن، رەجەپ بىلەن ئىككىمىزمۇ مەتىنىنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق، پەللەمپەيلەردىن چۈشتۇق. خىيالىمغا ئاشخانىغا كىرىپ توڭلاتقۇغا قاراپ بېقىش كەلدى، لېكىن كىچىك پەلەمپەيلەردىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاشخانىغا كىرىشنىڭ ئورنىغا يان تەرەپكە بۇرۇلدۇم، رەجەپنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، تار قىسلاچنىڭ يەنە بىر ئۇچىغىچە باردىم. رەجەپ ئارقامدا ئىدى.

ــ كىرخانىنىڭ ئاچقۇچى ھېلىھەم مۇشۇ يەردىمۇ؟ــ دېدىم. ئىشىك ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە قولۇمنى ئۇزۇتۇپ توپا-چاڭ ئىچىدىن ئاچقۇچنى تاپتىم.

ــ چوڭ خانىم بىلمەيدۇــ دېدى رەجەپــ دەپ قويىماڭ.

ئاچقۇچنى تولغىغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن تازا كۈچەپ ئىتتىرىشكە توغرا كەلدى. كەينىگە بىر نەرسە چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك؛ قارىدىم ۋە ھەيران قالدىم: توپا-چاڭ باسقان بىر باش سۆڭىكى، ئىشىك بىلەن ساندۇق ئارىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ. يەردىن ئېلىپ پۈۋلىدىم، خوشال كۆرۈنۈشكە تىرىشقاچ رەجەپكە كۆرسەتتىم.

ــ ئېسىڭدە بارمۇ بۇ؟

ــ نېمە دېدىڭىز؟

ــ سەن بۇ يەرگە پەقەت كىرمەيدىكەنسەن ـ دە.

توپا باسقان باش سۆڭەكنى ئۈستى قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويدۇم. قولۇمغا ئىلىنۇالغان بىر ئەينەك نونى كىچىك بالىلاردەك پۇلاڭلاتتىم، كېيىن داتلىشىپ كەتكەن بىر تارازىنىڭ تەخسىسىگە قويۇپ قويدۇم. رەجەپ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا لام ـ جىم دېمەي تۇراتتى، مەن چىقىلىۋاتقان نەرسىلەرگە قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇراتتى: يۇزلەپ كىچىك شىشە، ئەينەك سۇنۇقلىرى، ساندۇقلار، قۇتىلارغا سېلىنغان ئۇستىخان پارچىلىرى، كونا گېزىتلەر، دات باسقان قايچىلار، موچېنلار، ئاناتومىيە ۋە تىبابەتكە ئائىت فرانسۇزچە كىتابلار، يەشلىك، يەشىلىك قەغەز، تاختايلارغا چاپلاپ قويۇلغان قۇش ۋە ئايروپىلان رەسىملىرى، كۆزەينەك ئەينەكلىرى، يەتتە رەڭگە بۆلۈنگەن بىر چەمبەر، زەنجىرلەر، كىچىككىمىدە پېدالىغا تېپىپ، ماشىنىچىلىق ئۆيىنىغان تىكىش ماشىنىسى، ئەتىۋېركىلار، تاختايلارغا مىخلانغان قۇرتلار ۋە كەسلەنچۈكلەر، ئۈستىگە « مونوپول ئىدارىسى» دەپ يېزىقلىق يۇزلىگەن قۇرۇق شىشە، دورا شىشىلىرىگە تولدۇرۇلغان ۋە ئۈستىگە ئەتىكەت چاپلانغان ھەر خىل پاراشوكلار، بىر تەشتەكتە موگۇلار...

ــ ئۇلار موگۇمۇ فارۇق بەي؟ ــ دېدى رەجەپ.

ــ لازىم بولسا ئال.

قورققانلىقى ئۈچۈن ئۆيگە كىرمەيۋاتسا كېرەك، ئاپىرىپ بەردىم. ئاندىن ئۈستىگە كونا يېزىق بىلەن دوختۇر سالاھىددىننىڭ چۈشتىن بۇرۇن 8 ـ 12گىچە، چۈشتىن كېيىن 2ـ8 گىچە كېسەل كۆرىدىغانلىقى يېزىلغان مىس لەۋھەنى كۆردۈم. قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، خاتىرە ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ مىس لەۋھەنى ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەتكۈم كېلىپ قالغانىدى، لېكىن تارىخ ۋە ئۆتمۈشتىن غەلىتە بىر خىل نەپرەت ۋە قورقۇنچ ئىچىدە سەسكىنىپ، توپا ـ چاڭ باسقان نەرسە ـ كېرەكلەر ئارىسىغا چۆرۈۋەتتىم. ئىشىكنى قۇلۇپلىدىم. رەجەپ بىلەن ئاشخانىغا كېتىۋېتىپ پەلەمپەيلەر ئارىسىدىن مەتىننى كۆردۈم. بىر نېمىلەرنى غۇدىرىغىنىچە چامادانلىرىمىزنى ئەكىرىۋاتاتتى.

# بەشىنچى باب

فارۇق ۋە نىلگۈننىڭ چامادانلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن يېشىندىم، سۇ ئۈزۈش كىيىمى ۋە يازلىق كىيىملىرىمنى كىيدىم، تومپىيىپ تۇرغان پورتماللىمنى ئالدىم، پەسكە چۈشتۈم، كونا ۋە داتلىشىپ كەتكەن «ئانادول»نى ھەيدەپ ماڭدىم. ۋەداتلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتۈم. ئاشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەردىن باشقا ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. باغدىن ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ دەرىزىنى يېنىك ئىتتەردىم ۋە ئىچىدە ياتقان ۋەداتنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئۆينىڭ ئىچىگە مۈشۈكتەك سەكرەپلا كىردىم ۋە ۋەداتنىڭ بېشىنى ياستۇق بىلەن باستىم.

ــ بۇمۇ چاقچاق بولدىمۇ ئەمدى ھايۋان گويى ــ دەپ ۋارقىرىدى. كۈلۈمسىرىدىم، خۇشال ئىدىم ــ ھە، قانداقراق؟

ــ قاچان كەلدىڭ سەن؟ــ دېدى.

جاۋاپ بەرمىدىم، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتۈم. تامدىكى ئۇ تېتىقسىز يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمى بىلەن بىرلىكتە، ھەممە نەرسە ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاش تۇرغان ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن تاقەتسىزلەندىم:

ــ بولە ــ دېدىم ــ بولە، قوپە!

ــ نېمە ئىش قىلىمىز بۇ ۋاقىتتا؟

ــ بۇ يەردە خەقلەر چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ــ ھېچ ئىش!

ــ ھېچكىم يوقمۇ-يا؟

ــياق، ھەممەيلەن بار، يېڭىدىن كەلگەنلەرمۇ بار.

ــ نەدە يېغىلىسىلەر؟

ــ جەيلانىنىڭكىدە!ــ دېدى ــ ئۇلار يېڭى كەلگەنلەر!

ــ ياخشىغۇ، ئۇنداق بولسا بىزمۇ بارايلى.

ــ جەيلان تېخى ئويغانمىدىمىكىن.

ــ ئۇنداق بولسا بىرىپ باشقا بىر يەردىن دېڭىزغا كىرەيلى!ــ دېدىم ــ مەن

توقۇمىچىلىق فابرىكىسى خوجايىنلىرى ۋە تۆمۈر-تەسەك سودىگەرلىرىنىڭ كالللىسى ئىشلىمەيدىغان باللىرىغا ماتېماتىكا ۋە ئىنگلىزچە ئۆگىتىمەن، دەپ بۇ يىل بىر قېتىممۇ دېڭىزغا كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم.

ــ جەيلان بىلەن نېمە كارىم، دېمەكچىمۇ سەن ؟

ــ قوپە، تۇرگايىنىڭكىگە بارايلى.

ــ تۇرگاينى ياشلار ۋاسكېتبول كوماندىسىغا قوبۇل قىلىپتۇ، خەۋىرىڭ بارمۇ؟

ــ بۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق، مەن ۋاسكېتبولنى تاشلىدىم.

ــ كالىدەك تېرىشىپ ئۆگىنەي، دەپمۇ؟

بىر نەرسە دېمىدىم؛ ۋەداتنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن، ساغلام، قارىغان كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگىدەك تېنىگە قارىدىم ۋە ئويلىدىم: شۇنداق، مەن دەرستە بەك تېرىشچان، سىنىپتا بىرىنچى بولمسام ئىچىم بەك سىقىلىدۇ ۋە ماڭا ئوخشاشلارنى كالا دەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن، لېكىن مېنىڭ دادامنىڭ ئۇنىڭ يىلدىن كېيىن ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى يوق، يىپ-تالا فابرىكىسى يوق، تۆمۈر ئىسكىلاتى ۋە قۇيمىخانىسى يوق، ياكى لىۋىيەدە ئالغان، كىچىك بولسىمۇ بىر ھەۋدە ئىشى ۋە ھەتتا ئىمپورت-ئېكسپورت ئىشخانىسىمۇ يوق مېنىڭ بىچارە دادامنىڭ: مەمۇرلۇقتىن پېنسىيەگە چىققان دادامنىڭ پەقەت بىر قەبرىسىلا بار، يىلدا بىر قېتىم مومام ئۆيدە ئولتۇرۇپ يىغلىمىسۇن، دەپ بېرىپ يوقلايمىز. ئۇ يەرگە بېرىپ يىغلايدۇ. ئاندىن سورىدىم:

ــ يەنە نېمە يېڭىلىقلار بار؟

بېشىنى چۆمكەپ ياتقان ۋەداتنىڭ ئورنىدىن قوپقۇسى كەلمەيۋاتاتتى، لېكىن ھېچبولمىسا تۇمشۇقىنى ياستۇقنىڭ بىر چېكىسىگە كەلتۈرگۈدەك بولسىمۇ مىدىرلىدى ۋە جاۋاب بېرىشكە باشلىدى: مەھمەت ئەنگلىيەدىن بىر سېسترا قىز بىلەن قايتىپ كەپتۇ، ئۇ قىز ھازىر مەھمەتلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقۇدەك، لېكىن بىر ئۆيدە تۇرمايدىكەن، قىز دېگىنى ئوتتۇز ياشلىق بىر ئايالمىش ئەسلىدە. بىزنىڭ قىزلار بىلەن چىقىشىپ قاپتۇدەك، تۇران، مەن بىلەرمىشمەن، ھەربىيلىككە كېتىپتۇدەك. مەن نەدىن بىلەي، دەپ ئويلىدىم، مەن قىشلارنى ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدا بايلار بىلەن ئەمەس، مەكتەپنىڭ ياتاقلىرى بىلەن ھامامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزىمەن، ئازراق پۇل ئۈچۈن ساڭا ئوخشاش لەقۋا باي باللىرىغا ماتېماتىكا، ئىنگلىزچە ۋە قەرت دەرسلىرىنى ئۆتىمەن. لېكىن بىر نېمە دېمىدىم، ۋەدات تۇراننى، ئوغلىنىڭ ئەمدى ئادەم بولۇشىغا كۆزى يەتمىگەن دادىسىنىڭ ئەسكەرلىككە ئەۋەتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، دادىسى يولمۇ ماڭمىغانمىش، ئەسكەرلىك تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشىنى تاپقۇزىدۇ، دېگەنمىش، مەن ئەقلى-ھوشىنى تاپقۇزۇپتىمۇ، دەپ سورىسام ۋەدات ناھايىتى ئەستايىدىل

ھالدا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، تۇرانىنىڭ ئۇن بەش كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆليا بىلەن ئىچ-پەش تارتىشىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتىشۇدى، خىيالغا پېتىپ كەتتىم؛ بۇ ئەسنادا ۋەدات، فىكرەت ئىسمىلىق يېڭى بىرىنىڭ بارلىقىنى قوشۇپ قويدى ۋە مەن ۋەداتنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى شۇ ھامان چۈشەندىم، چۈنكى بۇ فىكرەتنى « قالتىس گۈي»، «ئوڭلۇق» دەپ تەرىپلەۋاتاتتى، بىر ئازدىن كېيىن، تۇرۇپلا ئەينەكلىك كېمىنىڭ قانچە ئات كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى، نېرۋام تازا قوداڭشىدى ۋە بۇ پەس گۈينىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدىم؛ ئۇمۇ بۇنى ھېس قىلدى ۋە بىردەم جىم بولدۇق، لېكىن ئاخىرىدا يەنە پاراڭلاشتۇق.

ــ ھەدەڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ــ دېدى.

ــ قىپقىزىل بىر كوممۇنىست ئۇ. ئۇلارغا ئوخشاش توختىماستىن مەن كۆپ ئۆزگەردىم، دەپ يۈرگىنى يۈرگەن.

ــ ۋاي ئىسست، يامان بوپتۇ.

تامدىكى يالىڭاچ ئايال رەسىمىگە قارىدىم.

ــ سەلچۇقنىڭ سىڭلىسىمۇ شۇنداق بوپتۇــ دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك قىلىپــ بىرىگە ئاشىق بولغان چېغى، ھەدەڭ بۇنداق ئەمەستۇر؟

جاۋاپ بەرمىدىم. ئاچچىغىم كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلدىم ۋە مېنىڭ ئىچىمنىڭ پۇشقىنىنى چۈشەندى.

ــ ئاكاڭ قانداقراق ؟

ــ تۈگەشتى!ــ دېدىمــ تىنماي ئىچىدۇ ۋە تۈلۈمدەك سەمرىپ كەتتى، تۈگەشتى ئۇ نانقېپى!

ــ ئۇمۇ شۇنداقمۇ؟

گەپ قىلغانسېرى ئاچچىغىم كۈچىيىۋاتاتتى: ــ ئۇ ھېچنىمىگە كارغا كەلمەيدىغان بىر نانقېپى. لېكىن ھەدەم بىلەن گېپى بىر يەردىن چىقىدۇ. نېمە قىلسا قىلىشىمەدۇ، نېمە كارىم، لېكىن، بىرى پۇلغا ئۆچ بولغۇدەك دەرىجىدە خىيالپەرەس، يەنە بىرى پۇل تېپىش ئۈچۈن مىدىرلاپمۇ قويمىغۇدەك دەرىجىدە نانقېپى بولغاچقا، بولغۇلۇق ماڭا بولۇۋاتىدۇ. ئاۋۇ كونا، ئەبجەق ۋە غەلىتە ئۆيمۇ بىكاردىن بىكار بىر ئوبدان يەرنى ئىگىللەپ تۇرىدۇ.

ــ موماڭ بىلەن ھېلىقى خىزمەتچى ئادەم ئۇ ئۆيدە تۇرامدۇ ھازىر؟

ــ تۇرىدۇ. لېكىن شۇ يەرگە بىنا سالساق، ئۇنىڭ بىر قەۋىتىدە تۇرۇۋشسا نېمە بولىدۇ دەيمەن: ئۇ چاغدا قىشنىچە بايلارنىڭ دۆت باللىرىغا ھېپەربولنىڭ مەركىزى نەدە، مەركەز بىلەن فوكۇس نۇقتىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن R كوئېفسىېنتىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى

بار، پالان، پوكۇن دەپ ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ يۈرمىگەن بولاتتىم، گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟كېلەر يىلى ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بېرىشىم شەرت، پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟

ــ توغرا دەيسەن ــ دېدى ۋە ئازراق بىئارام بولغاندەك كۆرۈندى.

مەنمۇ سەل بىئارام بولدۇم، چۈنكى ۋەداتنىڭ مېنى باي دۈشمىنى قاتارىدا كۆرۈشىدىن قورقاتتىم. بىردەم جىم بولۇپ قېلىشتۇق.

ــ قوپايلى، دېڭىزغا بارايلى ــ دېدىم ئاخىرىدا.

ــ شۇنداق قىلايلى، جەيلانمۇ ئويغانغاندۇر بۇ كەمگىچە.

ــ ئۇ يەرگە بېرىش پەرز ئەمەس.

ــ ھەممەيلەن شۇ يەرگە يىغىلىدۇ.

تېخىچە مىت قىلماي يېتىۋاتقان كارىۋىتىدىن قوپتى، ئۇستىدىكى كىچىك سۇ ئۈزۈش كىيىمنى ھېساپقا ئالمىغاندا يالىڭاچ ئىدى، بەدىنى ئاپتاپتا راسا كۆيگەن بولۇپ، ياخشى ئوزۇقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى ۋە كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. خاتىرجەم، دەرتسىز، غەمسىز، ساغلام ئىدى.

ــ فۇندامۇ باراتتى!

ۋەداتنىڭ قامىتىگە ياكى باشقا بىر ئىشلارغا ئاچچىغىم كېلىۋاتاتتى.

ــ بوپتۇ، بارسۇن.

ــ لېكىن ئۇخلاۋاتىدۇ.

ۋەداتنىڭ قامىتىگە ئەمەس، تامدىكى يالىڭاچ رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ:

ــ بېرىپ ئويغات ئۇنداق بولسا ــ دېدىم.

ــ راستلا ئويغىتايمۇ؟

سىڭلىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ كىردى ۋە ھاياتى باشتىن ئاخىرىغىچە مەسىلىلەرگە تولۇپ كەتكەندەك، تاماكا چەكمەي چىداش مۇمكىن ئەمەستەك، بۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە مەندىن سورىدى:

ــ سەن تېخىچە تاماكا چەكمەيسەن، شۇنداقمۇ؟

ــ ياق.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. فۇندانىڭ كارىۋاتتا دۈمبىسىنى قاشلىغىنىچە ئېغىناپ ياتقان ھالىتىنى خىيال قىلدىم. بىر ھازاغىچە دېڭىز سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ دېگەندەك تۈكى يوق پاراڭ سېلىشتۇق. بىر چاغدا ئىشىكتىن فۇندا كىردى.

ــ ئاكا، مېنىڭ باسنۇشكام نەدە؟

ئۆتكەن يىلى تېخى كىچىك بىر قىز ئىدى بۇ فۇندا، بۇ يىل بويلىرى ئۆسۈپ كېتىپتۇ، كىچىك سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋاپتۇ.

ــ مەرھابا مەتىن!

ــ مەرھابا.

ــ تېنچلىقمۇ؟ ئاكا، نەدە دېمەن مېنىڭ باسنۇشكىلىرىم؟

ئاكا ـ سىڭىل تاكاللىششقا باشلىدى: بىرى يەنە بىرىگە ئۇنىڭ نەرسىلىرىگە قارايدىغان قاراۋۇل ئەمەسلىكىنى ئېيتتى، يەنە بىرسى بولسا ئۇنىڭغا، ئۆتكەن كۈنى چىغ شلەپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئىشكاپىدىن چىققانلىقىنى ئېيتتى ۋە تېخىمۇ بەك ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. بىردەمدىن كېيىن فۇندا ئىشىكنى گۈمىمىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۈزۈن ئۆتمەي ھېچ ئىش بولمىغاندەك يېنىپ كىردى ۋە بۇ قېتىم ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئانىسىنىڭ ھوجرىسىدىن كىم ئېلىپ چىقىدۇ، دەپ يەنە باشلاشتى. ئاخىرى ۋەدات چىقىپ كەتتى. مەن سەل جىددىيلەشتىم.

ــ ھە فۇندا، باشقا يەنە نېمە يېڭىلىقلار بار؟

ــ نېمە بولاتتى، غەم!

بىردەم مۇڭداشتۇق: بۇ يىل قانچىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەنلىكىنى سورىدىم، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى تۈگىتىپتۇ، ئىككى يىل «تەييارلىق» تا ئوقۇپتۇدەك، گېرمانىيە ياكى ئاۋستىرىيە ئەمەس، ئىتالىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپتۇدەك. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى پىچىرلاپ بەردىم: Equipement eletrique Brevete type, Ansaldo San Giorgia Genova… فۇندا مەندىن بۇ خەتلەرنى ئىتالىيەدىن كەلتۈرۈلگەن سوۋغات بويۇملىرىنىڭ ئۈستىدە كۆرگەنمىدىڭ، دەپ سورىدى. ئىستانبۇلدىكى پۈتۈن تراللىبۇسلارنىڭ ئىچىدە، ئالدى ئىشىكنىڭ ئۈستىدە مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز پىلاكاتلارنىڭ بارلىقىنى، بۇ تراللىبۇسلارغا چىقىدىغان ئىستانبۇللۇقلارنىڭ سىقىلىپ پارتلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يادلاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمىدىم، چۈنكى نېمە ئۈچۈنكىن تراللىبۇسقا چىققانلىقىمنى دېسەم، مېنى مەسخىرە قىلىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. جىم بولۇشتۇق. يۈز مېيى ۋە ئەتىر پۇراقلىرى بىلەنلا چۈشلۈك ئۇيقۇغا ياتىدىغان، قەرت ئوينايلى، دەپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، ۋاقىت ئۆتكۈزەيلى، دەپ قەرت ئوينايدىغان ۋە ئانا دەپ ئاتالغان ئۇ غەلىتە مەخلۇق ھەققىدە ئويلاندىم بىر دەم. بىر چاغدا ۋەدات كەلدى، قولىدىكى ئاچقۇچنى پۇلاڭلىتىپ كۆرسەتتى.

چىقتۇق، ئاپتاپتا پىشىپ قالاي دېگەن ماشىنىغا چىقتۇق، ئىككى يۈز مېتىر ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، جەيلاننىڭ ئىشىك ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتۇق. ھاياجانلىنىپ كېتىپ، بارغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ گەپ قىلغۇم كەلدى.

ــ بۇ يەرنى بەك ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ.
ــ شۇنداق.
چىملىقنىڭ ئىچىگە بىرەر ماشىنا سىغقۇدەك ئۇزۇنلۇقتا ئەندىزە قىلىپ ئۈستىنى قىزىل تاش بىلەن قاپلىغان ئىشىككە يېقىنلاشتۇق. بىر باغۋەن ئىسسىق ھاۋادا باغنى سۇغۇرۇۋاتاتتى. ئاخىرىدا قىزلارنى كۆردۈم ۋە گەپ بولسۇن، دەپ سورىدىم:
ــ سىلەر قەرت ئويناپ قويامسىلەر؟
ــ ھە؟
پەلەمپەيلەردىن چۈشتۇق. قىزلار سۇنايلىشىپ ناز ــ كەرەشمە بىلەن يېتىشاتتى. مېنى كۆرگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى، ئويلىدىم: ئۇستۇمدە، قەرتتىن تاپقان پۇلغا ئىسمەتتىن ئالغان كـۆينىكىم، سـۇ ئـۈزۈش كىيىمىمنىـڭ ئۈسـتىگە كـيگەن lewis مـاركىلىق ئىشـتىنىم ۋە ئىشتىنىمنىڭ يانچۇقىدا، بىر ئاي ئۇ ئەخمەقلەرگە ئايرىم دەرس ئۆتۈپ بېرىپ تاپقان ئون تۆت مىڭ لىرا پۇلۇم بار! ئاندىن ئاغزىمغا كەلگىنىچە پاراڭ سېلىشقا باشلىدىم.
ــ ئويۇن ئوينامسىلەر، دەپ سورىغانتىم؟
ــ نېمە ئويۇنى؟ سىلەرگە مەتىننى تونۇشتۇراي!
زەينەپنى بۇرۇندىنلا تونۇيتتىم.
ــ مەرھابا زەينەپ، قانداق ئەھۋالىڭ؟
ــ ياخشى.
ــ بۇ فاھرۇننىسا، ئەمما ئۇنداق دېمە، ئاچچىقى كېلىدۇ. فافا دەپ چاقىرغىن!
فافا چىرايلىق قىز ئەمەسكەن. قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.
ــ بۇياق جەيلان!
جەيلاننىڭ قاتتىق ھەم يېنىك قولىنى سىقتىم. باشقا تەرەپكە قارىۋالغۇم كەلدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى خىيال قىلدىم، لېكىن بۇ قۇرۇق گەپ، بالىلارچە بىر خىيال ئىدى. دېڭىزغا قارىدىم ۋە ھودۇققان ئەمەس، تەمكىن ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگىم ۋە شۇنداق بولغۇم كەلدى. باشقىلار مېنى ئەستىن چىقىرىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.
ــ سۇ تېپىلىش بەك تەس.
ــ بىر قېتىم بولسىمۇ سۇ ئۈستىگە چىقالىغان بولسام!
ــ لېكىن نېمە دېگەن بىلەن قار تېيىلىشتەك خەتەرلىك ئەمەس.
ــ سۇ ئۈزۈش كىيىمى چىڭ كېلىشى كېرەك.
ــ ئادەمنىڭ قولى ئاغرىيدىكەن.
ــ فىكرەت كەلگەن بولسا باشلىساق بولاتتى.

ئىچىم بەك سىقىلغان ئىدى، ئاياق ئالماشتۇردۇم، يۆتەلدىم.

ــ ئولتۇرغىنە!ــ دېدى ۋەدات.

بەك خىيالچان كۆرۈنگەنلىكىمگە ئىشىنەتتىم.

ــ ئولتۇرغىنە!ــ دېدى جەيلان.

جەيلانغا قارىدىم، چىرايلىق ئىدى. شۇنداق! ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى يەنە ئويلىدىم، بىر دەمدىن كېيىن ئويلىغىنىمغا ئىشىنىپ قالغانلىقىمغا ئىشەندىم.

ــ ئاۋۇ يەردە بىر قاتلانما كارىۋات بولىدىغان ــ دېدى جەيلان بۇرنىنىڭ ئۇچى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

قاتلانما كارىۋات تەرەپكە كېتىپ بارغاچ كۆردۈم: پۈتۈن ئۆينىڭ يەر ئاستى قەۋىتىنىڭ ئوچۇق ئىشكىنىڭ ئىچىدە، ئاجايىپ ئائىلە جابدۇقلىرى تۇراتتى. ئامېرىكا فىلىملىرىدە باي ۋە بەختسىز ئەر-ئاياللار قوللىرىدا ۋىسكى رومكىلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا ۋارقىرىشىپ، ئارىلىرىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرىسىدا دە-تالاش قىلىشقاندا، مۇشۇنداق ئائىلە جابدۇقلىرىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن كېلىپ تۇرۇۋاتقان ئائىلە جابدۇقلىرىنىڭ، باي-باياشاتچىلىقنىڭ ۋە ھەشەمەتنىڭ پۇراقلىرى ماڭا، سېنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار، دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، لېكىن ئويلاندىم ۋە كۆڭلۈم ئارامغا چۈشتى: مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەقىللىق! تېخىچە باغدا سۇ تۇتۇپ يۈرگەن باغۋەنگە قارىدىم، قاتلانما كارىۋاتنى ئالدىم، قايتتىم، ئاسانلا ئېچىپ قۇردۇم ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، ئاشىق بولۇپ قالغان-قالمىغانلىقىمنى ئويلىغاچ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدىم.

فافا، بىزنىڭ سىنىپ ئۇنداق قىززىق، بۇنداق قىززىق، دەپ ئاللىنىمىلەرنىدۇر سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ساۋاقدىشى جەيلان ئۇنىڭغا، ئۇنى سۆزلەپ بەر، بۇنى سۆزلەپ بەر، دەپ تۇرىۋېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ھېكايىلەر تۈگىگەندە ئاپتاپتا پىشىپ قالاي، دېگەن ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىچە دىلغۇل ئىدىم. كېيىن، تازا چاقچاق چۈشەنمەيدىغان بىر گۆيكەن، دەپ قېلىشمىسۇن مېنى، دەپ مۇشۇنداق ئەخمىقانە گەپلەردىن ئازراق قىلىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم ۋە ئۇلارغا بىزنىڭ مەكتەپتە ئىمتىھان سوئاللىرىنى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن قانداق ئوغۇرلايدىغانلىقىمىزنى تەپسىلاتلىرى بىلەن قوشۇپ سۆزلەپ بەردىم، لېكىن سوئاللارنى بەزى قاپاقباش باي بالىلىرىغا سېتىپ قانچە پۇل تاپقانلىقىمنى دېمىدىم، چۈنكى ھەممىسى خاتا چۈشىنىپ قېلىشاتتى ۋە دادام قولۇمدىكى omega ماركىلىق سائەتنى تۇغۇلغان كۈنۈمدە ياكى باشقا يوقىلاڭ بىر كۈنلەردە سوۋغا قىلغۇدەك باي بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قىلىشقا مەجبۇر بولغان بىر كىچىك ئىش ــ ئۇلارنىڭ دادىسى ئەتىگەندىن كەچكىچە مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان تۇرۇقلۇقمۇ ــ ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنەتتى. شۇ ئەسنادا دەھشەتلىك

گۈرۈلدىگەن بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر موتورلۇق كېمىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ھەممەيلەن بېشىنى بۇراپ قاراشتى. بۇ كەلگەننىڭ فىكرەت ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. كېمىنى بەك تېز سۈرئەتتە، خۇددى پىرىستانغا ئەكىلىپ سوقىدىغاندەك يېقىنلاشتۇردى، ھەممە يەرگە سۇ چاچرىتىپ تۈيۈقسىزلا توختاتتى. قىرغاققا قىينىلىپ تۇرۇپ سەكرىدى.

ــ قانداق باللار، تىنچلىقمۇ؟ــ دېدى ۋە ماڭا لاپپىدە قارىدى.

ــ تونۇشتۇرۇپ قوياي ــ دېدى ۋەدات ــ مەتىن، فىكرەت!

ــ نېمە ئىچىسلەر باللار؟ــ دېدى جەيلان.

ھەممەيلەن كوكا كولا دېيىشتى.

فىكرەت جاۋابىمۇ بەرمەستىن ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قولى بىلەن بىر ئىشارەت قىلدى: «كەيپىياتىم ناچار» دېگەن مەنىدە ئىدى. جەيلاننىڭ ئەنسىرەپ ـ ئەنسىرىمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قارىدىم، لېكىن بىلەلمىدىم. ئەمما باشقا بىر ئىشنى بىلدىم: سىلەرنىڭ بۇ فىكرەت دېگىنىڭلارنىڭ ئۆيناۋاتقان ئويۇننى ئۆزۈڭدىن بىرى بىلىمەن: كىملىكىنى پەش قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر سەن سەترەڭ ياكى دۆت بولساڭ، پەقەت بولمىغاندا سۈرئىتى ئاۋازدىن تېز بىر كېمەڭ ۋە ئۈنىڭدىنمۇ تېز ماڭىدىغان بىر ماشىناڭ بولىشى كېرەك ۋە شۇلارنىڭ ياردىمىدە بىر سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشلۇق كېرەك، شۇندىلا قىزلار ساڭىمۇ قارايدىغان بولىدۇ. جەيلان ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ كىردى. ئىستاكانلارنى تۇتۇشقىنىچە خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇشتى، پاراڭ سېلىشتى.

ــ مۇزىكا تىڭشامسىلەر؟

ــ قېنى سەن مەندە Elvis بار دەۋاتاتتىڭ؟

ــ بارتى، نەدە ئۇ Best of Elvis ؟

ــ نېمە بىلەي مەن.

ــ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.

ــ نېمە ئىش قىلايلى؟

بىر ئازدىن كېيىن پاراڭ سېلىشتىن ۋە كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاپتاپتىن زېرىككەندەك جىم بولۇشۇشتى ، ئاندىن يەنە پاراڭ سېلىشتى، يەنە جىم بولۇشتى ۋە يەنە پاراڭ سېلىشتى، كېيىن يەنە جىمىپ قېلىشقان چاغدا ياڭراتقۇدىن مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى، مەن ئەمدى گەپ قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ــ بەك تايىنى يوق بىر مۇزىكا بۇ، لىفت مۇزىكىسى!ــ دېدىم ــ ئامېرىكىدا بۇنداق نەرسىلەرنى ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان لىفت سەپەرلىرىدە ئاڭلىشىدۇ.

ــ ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان لىفت سەپىرى؟

سەن ھەئە، دېدىڭ جەيلان، مەن شۇئان گەپ قىلدىم، سېنىڭ مېنىڭ گەپلىرىمگە قۇلاق سېلىۋاتقان ــ سالمايۋاتقانلىقىڭنى كۆزەتكەچ ۋە كۆزىتىۋاتقانلىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشقاچ گەپ قىلدىم، چۈنكى ئەمدى سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمغا رەسمىي ئىشىنىشكە باشلىدىم، خىجىل بولۇۋاتاتتىم، لېكىن مەن يەنىلا گەپ قىلدىم ۋە ساڭا ئاڭلاتتىم، جەيلان.

لىفىت سەپەرلىرىنىڭ نيۇيوركلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى، ئېمپىرىيە بىناسىنىڭ (Empire State Building) دەل قىرىق مېتىر ئېگىز ۋە 102 قەۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ يەردىن دىئامېتىرى 50 مىللىمېتىر كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ كۆرۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ تېخى نيۇيوركقا بېرىپ باقمىغانلىقىمنى، ئۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى دېمىدىم، ئەمما بۇ شەھەرنىڭ نوپۇسىنىڭ بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ بىزنىڭ مەكتەپتىكى 1957 ـ يىلىدىكى نەشرىگە كۆرە 7891957 ئىكەنلىكىنى ۋە يەنە شۇ نەشرىگە كۆرە بۇ شەھەرنىڭ 1940 ـ يىلىدىكى نوپۇسىنىڭ 7454995 ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

ــ ياھ!ــ دېدى فافاــ كالىدەك ئېچىپلاۋاپسەن!

ئۇ شۇنداق دېدى ۋە سەن كۈلۈپ‌ىدىڭ جەيلان، بىر نەرسىنى ئەستە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كالىدەك ئېچىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش، ئەقلىي قۇۋۋىتىم ھەققىدە ئۈچۈر بېرىش ئۈچۈن، خالىغان ئىككى خانىلىك سانىنى بىردەمدىلا كۆپەيتەلەيدىغانلىقىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ــ شۇنداق‌ــ دېدى ۋەدات‌ــ كالىسى ئاجايىپ ئىشلەپ قويىدۇ بۇ گۇينىڭ، مەكتەپتىكى ھەممەيلەن بىلىدۇ!

ــ ئون يەتتە كەرە قىرىق توققۇز؟ــ دېدى جەيلان.

ــ 833ــ دېدىم.

ــ يەتمىش كەرە ئون تۆت؟

ــ 1008!

ــ توغرا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ــ دېدى جەيلان.

ھاياجانلانغا ئىدىم، لېكىن پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قوياتتىم.

ــ قەغەز ـ قەلەم ئەكىلەيمۇ؟ــ دېدى.

سەن مېنىڭ كىشىنىڭ نېرۋىسىنى قوداڭشىتقۇدەك كۈلۈمسىرەشلىرىمگە چىداپ بولالماي ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتتىڭ، جەيلان ۋە ئۇ قورقۇنچلۇق ئائىلە جابدۇقلىرىنىڭ ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتىڭ، بىردەمدىن كېيىن قولۇڭدا ئۈستەڭگە شۆتىسارىيە

مېھمانخانىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەز، كۇمۇش قەلەم ۋە چىرايىڭدا غەزەپ بىلەن قايتىپ چىقتىڭ.

33 × 27=? , 891

17 × 27 = ?, 513.

81 × 79 = ?, 6399 .

17 × 19 = ?, 323. ياق، 323 ئەمەس، 373! رەنجىمەي يەنە بىر كۆپەيت جەيلان، ماقۇل، 323.

99×99 = ?, بۇ ئەڭ ئاسان: 9801.

ئاچچىغىڭ كېلىۋاتاتتى، جەيلان، ئۆچ بولۇپ قالغۇدەك ئاچچىغىڭ كېلىۋاتاتتى.

ــ راستىنلا كالىدەك ئىچىۋاپسەن!

مەن پەقەت كۈلۈمسىرەۋاتاتتىم ۋە بارلىق مۇھەببەت نەپرەتتىن باشلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان تايىنى يوق ۋە پەسكەش كىتابلاردىكى گەپلەرنى توغرا بولسا كېرەك، دەپ ئويلاۋاتاتتىم.

كېيىن جەيلان فىكرەتنىڭ كېمىسىدە سۇ تېيىلدى، مەن رىقابەت ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولدۇم ۋە بۇ خىياللىرىمنىڭ يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى شۇ ھامان ھېس قىلدىم، ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن: چۈنكى ئەمدى ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمغا ئىشەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈۋاتاتتىم.

# ئالتىنچى باب

ئويغاندىم، ئورنۇمدىن تۇردۇم، گالىستۇكىمنى تاقاپ، چاپىنىمنى كىيدىم، سىرتقا چىقتىم. تۇرغۇن ۋە گۈزەل بىر سەھەر! دەرەخلەردە قاغىلار، قۇشقاچلار. دەرىزە قاپقاقلىرىغا قارىدىم: ھەممىسى تاقاق، ئۇخلىشىۋېتىپتۇ، ئاخشام كەچ يېتىشقانىدى. فارۇق بەي ئىچتى، ئۇنىڭ ئىچكىنىنى نىلگۈن تاماشا قىلدى. چوڭ خانىمنىمۇ ئۈستىدىن ۋارقىراپ تۇردى. مەتىنىنىڭ سائەت قانچىدە كېلىپ ياتقىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن، غىچىرلىشىدىن ئويغىنىپ كەتمىسۇن، دەپ قۇدۇقنى ئاۋايلاپ باستىم، مۇزدەك قۇدۇق سۈيىنى يۈزۈمگە سەپتىم، ئاندىن ئىچكىرى كىردىم، ئاشخانىدا ناندىن ئىككى تىلىم كەستىم، ئالدىم، كاتەككە باردىم، ئىشىكىنى ئاچتىم. توخۇلار پالاقلىشىپ قېچىشتى. ئىككى تۇخۇمنى ئاۋايلاپ بۇرنى تەرەپتىن چېقىپ ھۈزۈرلىنىپ ئىچىۋالدىم، ناننى يېدىم. قالغان تۇخۇملارنىمۇ ئالدىم، كاتەكنىڭ ئىشىكىنىمۇ تاقىماستىنلا ئاشخانا تەرەپكە مېڭىۋېتىپ چۆچۈپ كەتتىم: نىلگۈن ئويغىنىپتۇ، سومكىسىنى ئاپتۇ، كېتىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ خەيىرلىك سەھەر، رەجەپ.

ــ بۇ ئەتىگەندە نەگە؟

ــ دېڭىزغا. سەل تۇرۇپ ئادەم جىقلاپ كېتىدىكەن. چۆمۈلۈپ كېلەي. تۇخۇملارنى كاتەكتىن ئالدىڭمۇ؟

ــ شۇنداق، ــ دېدىم ۋە نېمىشقىكىن ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم، ــ ناشتا قىلامسىز؟

ــ قىلىمەن، ــ دېدى، نىلگۈن كۈلدى ۋە يۈرۈپ كەتتى.

كەينىدىن قارىدىم. ئېھتىياتچان، قىتغۇر، قورقۇنچاق مۈشۈك. پۇتلىرىدا ساپما كەش، پاچاقلىرى ئوچۇق. كىچىك چېغىدا پاچاقلىرى چوكىدەك ئىدى. ئىچكىرى كىردىم، چايغا سۇ قويدۇم. ئانىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ھازىر بولسا مازاردا. بارىمىز، دۇئا قىلىمىز. ئاناڭ ئېسىڭدىمۇ؟ ئۆچ يېشىدا ئىدى، ئەسلىيەلمەيدۇ. دوغان بەي شەرقتە ئەمەلدار ئىدى، ئاخىرقى ئىككى يازدا بۇلارنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئاناڭ قۇچىقىدا مەتىن، يېنىدا سەن باغدا ئولتۇراتتى، سولغۇن يۈزىگە كۈنبويى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى، لېكىن يۈزى كەلگەن چېغىدىكىگە

ئوخشاش ئاپئاق پېتى كەماھقا قايتىپ كېتەتتى. شەربەت ئىچەمسىز، كىچىك خانىم، دەيتتىم. رەھمەت، رەجەپ بەي، مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويۇڭ، دەيتتى. قۇچىدا مەتىن بار ئىدى، قويۇپ قوياتتىم؛ ئىككى سائەتتىن كېيىن كىلىپ قارىسام، يوغان بىر ئىستاكان شەربەتتىن ئىككى يۇتۇم ئىچىلگەن بولاتتى. ئاندىن بودەك فارۇق تەرلىگەن پېتى كېلەتتى، ئانا قورسىقىم ئاچتى، دەپ بىر تىننىقتىلا ئىچىپ تۈگىتەتتى. ئاپىرىن! ئۇستەل ياپقۇچىنى ئالدىم، ئاپىرىپ ئۇستەلگە سالاي دېۋىدىم بۇرنۇمغا پۇرىدى: فارۇق بەي ئاخشام ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە راكى تۆكۈۋەتكەن ئىدى. بېرىپ سۇرتكۈچ ئېلىپ كەلدىم، سۇرتتۇم. سۇ قاينىغان ئىدى، چاي دەملىدىم. تۈنۈگۈندىن قالغان سۇتمۇ بار ئىدى. نەۋرىلىرى ئىنىڭ يېنىغا ئەتە بارارمەن. قەھۋە ئىچكۈم كەلدى، لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم ۋە ئىشقا كىرىشتىم.

خىيالغا پېتىپ كېتىپتىمەن، ۋاقىت بىر يەرگە بارغان ئىدى. داستىخاننى ھازىرلاۋاتسام پەللەمپەيدىن فارۇق بەي چۈشتى، پەللەمپەينىڭ باسماقلىرىنى غىچىرلىتىپ ئاستا مېڭىشى بوۋىسىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئەسنىدى، بىر نېمىلەرنى غوتۇلدىدى.

— چاي دەملىدىم — دېدىم — كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ناشتىلىقىڭىزنى بېرەي.

تۈنۈگۈن كەچتە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— سۈت ئىچىپ قويامسىز؟ — قايماقلىق، ياخشى سۈت بار.

— بوپتۇ، ئەكەل! — دېدى — ئاشقازىنىمغا پايدا قىلىپ قالار.

ئاشخانىغا كىردىم: ئاشقازان. ئىچىۋېرىپ ئۇ يەرگە يىغىلىپ قالغان زەھەرلىك سۇيۇقلۇقلار ئاشقازاننى تېشىۋېتىدۇ. يەنە ئىچىدىغان بولساڭ ئۆلىسەن، دېگەنىدى چوڭ خانىم. دوختۇرنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ. ھە؟ دوغان بەي ئالدىغا قاراپ تۇراتتى، ئويلىنىۋاتاتتى، بىر ئازدىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى: كاللام ئىشلىمىگەندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى، ئانا مەن ئويلانماي ياشىيالمايمەن، شۇنىڭ بىلەن چوڭ خانىم، ئوغلۇم، بۇ ئويلىنىش ئەمەس، ئازابلىنىش، دەيتتى، لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانغا ئۇزۇن بولغانىدى. كېيىن دوغان بەي ئاشۇ خەتلەرنى يېزىۋېرىپ ئۆلدى. دادىسىغا ئوخشاش ئاغزىدىن قان كېلىۋاتاتتى، ئېنىقكى ئاشقازىنىدىن كېلىۋاتاتتى، چوڭ خانىم جاھاننى بېشىغا كىيىپ يىغلاۋاتاتتى، توختىماي مېنى چاقىراتتى، خۇددى مېنىڭ قولۇمدىن بىر ئىش كېلىدىغاندەك. ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن قان يۇقى كۆينىكىنى سالغۇزدۇم ۋە دەزماللانغان، پاكىز كۆينىكىنى كىيگۈزدۇم، ئۆلۈپ كەتتى. تۇۋىراق بېشىغا بارىمىز. سۈتنى قاينىتىپ ئىستاكانغا قۇيدۇم. ئاشقازان دېگەن قاراڭغۇ، سىرلىرى تېخى بىلىنمىگەن بىر ئالەمدۇر، يەقەت يۇنۇس ئەلەيھىسسالاملا بىلىدۇ. مەن قاراڭغۇ تۆشۈكنى خىيال قىلىپ شۈركۈنۈپ كەتتىم. لېكىن مېنىڭ ئاشقازىنىم يوقتەكلا تۇرىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۆزۈمنى

چاغلاشنى بىلمەن، ئۇلارغا ئوخشمايمەن، ئۇنتۇپ كېتىشىنمۇ بىلمەن. سۇتنى ئاپىرىپ قارىدىم، نىلگۈن كەپ بوپتۇ، نېمە دېگەن چاققان! چاچلىرى ھۆل، چىرايلىق.

ــ ناشتىلىقىڭىزنى ئەكىلەيمۇ؟ــ دېدىم.

ــ مومام ناشتىغا چۈشمەمدۇ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ چۈشىدۇ ــ دېدىم ــ ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلىرى چۈشىدۇ.

ــ چۈشتە نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟

ــ ساھىلدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلار بىلەن خوشى يوق ــ دېدىم ــ چۈشتە مەن تاماقنى ئۈستىگە ئەپچىقىپ بېرىمەن.

ــ مومامنى ساقلايلى ــ دېدى نىلگۈن ــ قاچانراق ئويغىنىدۇ؟

ــ ئاللىقاچان ئويغىنىپ بولغاندۇر ــ دېدىم، سائىتىمگە قارىدىم، سەككىز يېرىم.

ــ ھە، رەھمەت! ــ دېدى نىلگۈن ــ مەن باققالدىن گېزىت ئالدىم. بۇندىن كېيىن ئەتىگەنلىرى گېزىتلەرنى مەن ئەكىلەي.

ــ ئىختىيارىڭىز ــ دېدىم ۋە چىقىپ كەتتىم.

ــ كۈندە ئېلىۋاتىسەن، نېمە پايدىسى بولدى؟ــ دەپ بىردىنلا ۋارقىراشقا باشلىدى فارۇق بەي ــ قانچە ئادەمنىڭ قانچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، قانچىسىنىڭ فاشىست، قانچىسىنىڭ ماركسىزىمچى، قانچىسىنىڭ بىپەرۋا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانغا نېمە بوپتۇ؟

مەن ئىچىگە كىردىم، ئۈستىگە چىقىۋاتاتتىم. بۇ نېمە ئالدىراشچىلىق؟ نېمىگە ئېرىشمەكچى سىلەر، نېمىدەپ ئازغا شۈكرى قىلمايسىلەر؟ سەن بىلمەيسەن رەھمەت! ئۆلۈم! ئويلاپ قالىمەن، قورقىمەن، چۈنكى ئادەمنىڭ بىلگۈسى كېلىدۇ. پۈتۈن بىلىمنىڭ باشلىنىشى قىزىقىشتۇر، دېگەن ئىدى سالاھىددىن بەي، چۈشەندىڭمۇ رەھمەت؟ يۇقىرىغا چىقتىم، ئىشىكنى چەكتىم.

ــ كىم ئۇ؟ــ دېدى.

ــ مەن، چوڭ خانىم، دېدىم، ئىچىگە كىردىم.

ئىشكاپنى ئېچىۋېلىپ مالتىلاپ ئولتۇراتتى. ئىشىكنى ياپىدىغاندەك ئىتتەردى.

ــ نېمە بولدى؟ــ دېدى ــ نېمىدەپ ۋارقىرىشىۋاتىدۇ ئاستىدا؟

ــ ناشتا قىلىش ئۈچۈن سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

ــ شۇنىڭ ئۈچۈن ۋارقىرىشىۋاتامدۇ؟

ئىشكاپنىڭ كونا پۇرىقى ئۆيىنى بىر ئالغان ئىدى، پۇراۋاتاتتىم، ئەسلەۋاتاتتىم.

ــ نېمە دېدىڭىز؟ــ دېدىم ــ ياق، چاقچاق قىلىشىۋاتىدۇ.

ــ ئەتىگەندە تاماق ئۈستىلىدىمۇ؟

ــ ئەگەر بىلمەكچى بولغىنىڭىز مۇشۇ بولسا چوڭ خانىم، دەپ بېرەيــ دېدىمــ فارۇق بەي ئىچىپ ئولتۇرغىنى يوق، مۇشۇنداق ئەتىگەندە كىم ئىچىدۇ؟

ــ ئۇلارغا يان بېسىپ كەتمە!ــ دېدىــ ماڭا يالغانمۇ ئېيتما! شۇئان بىلىپ قالىمەن.

ــ يالغان گەپ قىلمىدىمــ دېدىمــ ناشتىلىق قىلىش ئۈچۈن ساقلىشىۋاتىدۇ.

ئىشكاپنىڭ ئوچۇق ئىشكىنى ياپتى.

ــ سىزنى پەسكە ئېلىپ چۈشەيمۇ؟

ــ ياق!

ــ كارىۋاتتا يەمسىز؟ تاماقنى ئېلىپ چىقايمۇ؟

ــ ئېلىپ چىقــ دېدىــ ئۇلارغا دەپ قوي، تەييار بولسۇن.

ــ ئۇلار تەييار.

ــ ئىشكنى ياپ.

ئىشكنى ياپتىم، پەللەمپەيلەردىن چۈشتۈم: ئىچىدىن خۇددى ھېچ كۆرۈپ ، كىيىپ باقمىغان بىر نەرسە تاپىدىغاندەك ھەر يىلى تۇپراق بېشىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئىشكاپنى راسا ئاختۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئاخىرىدا كىيىدىغىنى يەنىلا شۇ غەلىتە، قورقۇنچلۇق قارا پەلتو بولىدۇ. ئاشخانىغا كىردىم، نان ئېلىپ ماڭدىم.

ــ ئوقۇــ دەۋاتاتتىــ فارۇق بەي نىلگۈنگەــ ئوقۇغىنە قېنى، بۇگۈن قانچە كىشى ئۆلۈپتۇ.

ــ ئون يەتتەــ دېدى نىلگۈن.

ــ بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ــ دېدى فارۇق بەي.

نىلگۈن ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك تۇمشۇقىنى گېزىتكە تىخىمۇ يېقىنلاشتۇرىۋالدى.

ــ تايىنى قالمىدى بۇ ئىشلارنىڭــ دېدى فارۇق بەي بىر ئاز مەمنۇن بولغاندەك قىلىپ.

ــ چوڭ خانىم ناشتىغا چۈشمەيدىكەنــ دېدىمــ سىلەرنىڭكىنى قويۇۋېرەي.

ــ نېمىدەپ چۈشمىگۈدەك؟

ــ بىلمىدىمــ دېدىمــ ئىشكاپنى ئاختۇرىۋاتىدۇ.

ــ بوپتۇ، بىزنىڭكىنى ئەكەل.

ــ نىلگۈن خانىمــ دېدىمــ سۇ ئۇزۇش كىيىمىڭىز ھۆل پېتىلا ئولتۇرۇپسىز، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن. ئۈستىگە چىقىپ كىيىملىرىڭىزنى يەڭگۈشلەپ ئاندىن ئوقۇڭ گېزىتنى...

ــ قارا، گېپىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدىــ دېدى فارۇق بەي، ئۇ تېخى گېزىتلەرگە ئىشەنگۈدەك دەرىجىدە كىچىك. ھاياجان ئىچىدە ئۆلۈكلەر ھەققىدىكى نەرسىلەرنى ئوقۇۋاتىدۇ.

نىلگۈن ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. مەنمۇ ئاشخانىغا ماڭدىم. گىـزىتلەرگە ئىشـىنىش؟ نانلارنى ئۆرىدىم، چوڭ خانىمنىڭ تەخسىسىنى تەييارلىدىم. چوڭ خـانىم گېزىتنـى ئۆلـۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا تونۇش-بىلىشلەر بارمىدۇر، دەپ ئوقۇيدۇ، بومبا ياكى ئوقتا ئـۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ياش باللارنىـڭ ئەمەس، ئـورۇن تۇتـۇپ يېتىـپ ، ئۆلـۈپ كەتـكەن قېرىلارنىــڭ ئارىســىدا بارمــىدۇر دەپ. تەخســىنى ئېلىــپ ماڭــدىم. بەزىــدە مۇســىبەت خەۋەرلىرىـدىكى مەرھۇملارنىـڭ فامىلىسـىنى چۈشـىنەلمەي تېرىكىـپ كېتىـدۇ، كوتۇلدايـدۇ، ئاندىن گېزىتتىن قىيىۋالىدۇ. بەك ئاچچىغى كېلىپ كەتمىسە، مېنىڭ يېنىمدا ئۇ فامىلىلەرنى مازاق قىلىدۇ. ئۆزى توقۇپ چىقارغان ئىسىملار بولار، دەۋزىخىيلەر، نېمە دېگەن گەپ ئۇ فامىلە دېگەن؟ ئويلاندىم: ماڭا فامىلىسىنى بەرگەن دادامنىڭ ۋە مېنىڭ فامىلەم قاراتاشتۇر، مەنىسى چىقىـپ تۇرۇپتـۇ. لـېكىن بەزىلەرنىـڭ مەنىسـىنىڭ نـېمە ئىكەنلىكىنـى چۈشـىنەلمەيمەن. بۇلارنىڭمۇ شۇنداق. ئىشكىنى چەكتىم، ئىچكە كىردىم. چوڭ خـانىم ھـېلىغىچە ئىشـكاپنىڭ بېشىدا.

- ناشتىلىقىڭىزنى ئەكىردىم، چوڭ خانىم.

- قويۇپ قوي.

- ئىسسىقىدا يەڭ!- دېدىم- سۇتىڭىز سوۋۇپ قالمىسۇن.

- ماقۇل، ماقۇل!- دېدى كۆزلىرىنى ئىشكاپتىن ئۈزمەي تۇرۇپ- ئىشكىنى يېپىۋەت.

ياپتىم. نانلار ئېسىمگە كەلدى،يۇگەرگەن پېتىم پەسكە چۈشتۈم. ھەر نېمە بولسا كۆيۈپ كەتمەپتۇ. نىلگۈن خانىمنىڭ تۇخۇمىنى، ناشتىلىقلىرىنى تەخسىگە قويۇپ ئېلىپ چىقتىم.

- خاپا بولماڭلار، كېچىكىپ قالدىم- دېدىم.

- مەتىن ناشتا قىلمامدىكەن؟- دېدى فارۇق بەي.

ماقۇل! يەنە ئۈستىگە چىقتىم، ھوجرىسىغا كىرىپ مەتىننى ئويغاتتىم، قاپقاقلارنى ئاچتىم. پۇشۇلداۋاتاتتى، پەسكە چۈشتۈم، نىلگۈن چاي ئىچىدىكەن، ئاشخانىغا كىردىم، دەملەنگەن چايدىن قۇيدۇم، ئېلىپ چىقىپ قارىسام، مەتىن چۈشۈپ بوپتۇ.

- ناشتىلىقىڭىزنى ھازىرلا ئەكىرىمەن- دېدىم.

- سائەت قانچىدە كەلدىڭ ئاخشام؟- دېدى فارۇق بەي.

- ئېسىمدە يوق!- دېدى مەتىن. ئۈستىدە سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن بىر كۆينەكلا بار ئىدى.

- ماشىنىدا بېنزىن قالدىمۇ-يا؟- دېدى فارۇق بەي.

- ئەنسىرىمە ئاكا!- دېدى مەتىن- باشقىلارنىڭ ماشىنىسىدا ئايلاندۇق. "ئانادول" بـۇ يەردە بەك نېمە تۇرىدىكەن.

— نېمە تۇرىدىكەن؟— دېدى نىلگۈن.
— سەن گېزىتتىكى ئوقۇغىنە— دېدى مەتىن— مەن ئاكام بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن.
چايغا كىرىپ كەتتىم. يېڭى نان سالدىم، قىزارغاچ تۇرسۇن. قېنىق چاينى ئېلىپ چىقتىم.
— سۈت ئىچەمسىز، مەتىن بەي؟— دېدىم.
— ھەممىسى سېنى سورىدى— دېدى مەتىن.
— نېمە كارىم،- دېدى نىلگۈن.
— بۇرۇن ئۇ قىزلار بىلەن ئىچقويۇن، تاشقويۇن ئىدىڭ— دېدى مەتىن، بارنى تەڭ يەپ، تەڭ ئىچەتتىڭلار، ئەمدى ئازراق ئوقۇدۇم، دەپ ئۇلارنى ياراتمايدىغان بولۇپ قالدىڭ.
— ياراتمىغىنىم ئەمەس، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈم يوق شۇ.
— ياراتمايۋاتىسەن، بولمىسا ھېچبولمىغاندا سالام ئېيتقان بولاتتىڭ.
— ئېيتمايمەن، قانداق!— دېدى نىلگۈن.
— سۈت ئىچەمسىز، مەتىن بەي؟— دېدىم.
— قانداق؟ سەن بەك غايىۋى بولۇپ كەتتىڭ، بەك خام.
— سەن غايىۋى دېگەن نېمە گەپ چۈشىنەمسەن؟— دېدى نىلگۈن.
— بىلمەي قالارمەنمۇ— دېدى مەتىن— شۇنداق بىر ھەدەم بار، مېڭىسى يېڭىلا يۇيۇلغان، ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
— لەقۋا!
— سۈت ئىچەمسىز، مەتىن بەي؟
— بولدى قىلىڭلار، بولدى— دېدى فارۇق بەي.
— سۈت ئىچمەيمەن— دېدى مەتىن.
ئاشخانىغا چاپتىم، نانلارنى ئۆرۈپ قويدۇم. مېڭىسىنى يۇيۇپ تاشلاپتۇ. ھەممىسىنىڭ مېڭىسىدىكى غەلدە-غەشتىلەرنى، قۇرۇق ئېتىقادلارنى، يالغان-ياۋىداقلارنى تازىلىۋەتمىگۈچە بىزگە ئارامچىلىق بولماس، دەيتتى سالاھىددىن بەي، شۇڭا يېزىۋاتىمەن، فاتىمە، شۇنىڭ ئۈچۈن. ئۆزۈمگە بىر ئىستاكان سۈت قۇيدۇم، يېرىمىنى ئىچتىم. نانلار قىزىرىشىغىلا ئېلىپ چىقتىم.
— تۇپراق بېشىدا موماڭ دۇئا قىلغاندا سىلەرمۇ دۇئا قىلىڭلار— دەۋاتاتتى فارۇق بەي.
— ھامماڭ ئۆگىتىپ قويغان دۇئانى ئۇنتۇپ قاپتىمەن— دېدى نىلگۈن.
— نېمانداق تېز ئۇنتۇپ قالدىڭ؟— دېدى مەتىن.
— مەنمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، جېنىم— دېدى فارۇق بەي— دېمەكچى بولغىنىم قولۇڭلارنى ئۇنىڭغا ئوخشاش كۆتۈرۈڭلار، كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن.

ــ ئەنسىرىمە، كۆتۈرىمەن ــ دېدى مەتىن ــ بۇنداق ئىشلار مەن ئۈچۈن بەرىبىر.
ــ سەنمۇ كۆتۈر، ماقۇلمۇ نىلگۈن؟ ــ دېدى فارۇق بەي، ــ بېشىڭغىمۇ بىر نەرسە ئارتىۋال.
ــ ماقۇل ــ دېدى نىلگۈن.
ــ بۇنداق قىلساڭ سېنىڭ غايىۋى ئىتىقادلىرىڭغا قارشى بولۇپ قالامدۇ؟ ــ دېدى مەتىن.
ئۈستىگە چىقتىم. چوڭ خانىمنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئىچىگە كىردىم. ناشتىلىق قىلىپ بولۇپ يەنە ئىشكاپنىڭ قېشىغا بېرىۋالغان ئىدى.
ــ نېمە ئىش؟ ــ دېدى ــ نېمە لازىم؟
ــ يەنە بىر ئىستاكان سۈت ئىچەمسىز؟
ــ ئىچمەيمەن.
تەخسىنى ئېلىۋاتاتتىم، بىردىنلا ئىشكاپنى تاقاپ ۋارقىراپ كەتتى:
ــ يېقىن كەلمە!
ــ ئىشكاپقا يېقىن كەلگىنىم يوق چوڭ خانىم ــ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، تەخسىنى ئېلىۋاتىمەن.
ــ ئۇلار پەستە نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
ــ تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.
ــ مەن تېخىچە تاللاپ بولالمىدىم... ــ دېدى ۋە خۇددى خىجىل بولغاندەك ئىشكاپنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.
ــ چاققانراق بولۇڭ، چوڭ خانىم! ــ دېدىم ــ بولمىسا ئىسسىققا قالىمىز.
ــ ماقۇل، ماقۇل. ئىشىكنى ئۇبدان ياپ.
ئاشخانىغا كىردىم، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇ قويدۇم. سۈتۈمنىڭ قالغان يېرىمىنى ئىچكەچ سۇنىڭ ئىسسىشىنى ساقلاۋاتىمەن، خىيالىمغا قەبرىستان كەلدى، ھاياجانلاندىم، بىر خىل بولۇپ قالدىم؛ ئامباردىكى نەرسە-كېرەكلەرنى، قۇرال-سايمانلارنى ئويلىدىم. كىشىنىڭ بەزىدە قەبرىستانلىققا بېرىپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ. چىقتىم، مەتىن بەي چاي، دېدى، قويۇپ بەردىم. فارۇق بەي تاماكا چەككەچ باغقا قاراپ ئولتۇراتتى، ھەممىسى جىمىپ قېلىشقانىدى. ئىچىگە كىرىپ كەتتىم، قاچا-قۇچىلارنى يۇدۇم. يېنىپ كىرگىنىمدە مەتىن بەي كىيىملىرىنى كىيىپ چۈشۈپ بولغانىدى. مەنمۇ قايتتىم، پەرتۇقۇمنى يەشتىم، چاپىنىم ۋە گالاستۇكۇمغا قارىدىم، چېچىمنى تارىدىم، ساتىراچ چېچىمنى تاراپ قويغاندىن كېيىن قىلغىنىمدەك ئەينەككە قاراپ كۈلۈمسىرىدىم، سىرتقا چىقتىم.
ــ تەييار بولدۇق ــ دېيىشىۋاتاتتى.
ئۈستىگە چىقتىم: نىھايەت چوڭ خانىم كىيىنگەن ئىدى. ئۈستىدە يەنە شۇ قارا، قورقۇنچلۇق پەلتو؛ پەشلىرى، چوڭ خانىمنىڭ ئېگىز بويى ھەر يىلى بىر ئازدىن قىسقىراپ

كېتىۋاتقاچقا يەرگە تېگىپ قېلىۋاتاتتى ۋە يەرگە تېگىپ قالغان يەردىن پۈتىدىكى ئاياغلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۇچى خۇددى ئىككى قېرىنداش تۇلكىنىڭ تىمسىقلاپ تۇرغان بۇرۇنلىرىدەك سىرتقا چىقىپ تۇراتتى. بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغانىدى. مېنى كۆرۈپ سەل قورۇندى. بىردەم جىم تۇردۇق.

ـ بۇنداق ئىسسىق ھاۋادا بۇ كىيىملەر بىلەن تەرلەپ كېتىسىزـ دېدىم.

ـ ھەممەيلەن تەييارمۇ؟ـ دېدى.

ـ تەييار.

ئۆيگە قارىدى، ئاللىنىملەرنى ئىزدىدى، ئىشكابىنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىنى كۆردى، يەنە نىملەرنىدۇر ئىزدىدى ۋە ئىشكاپقا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ـ مېنى پەسكە چۈشۈرـ دېدى.

ئۆيدىن چىقتۇق. ئىشىكنى تارتقىنىمنى كۆردى، لېكىن ئۆزى ئىتتىرىپ باقتى. پەللەمپەيلەرنىڭ بېشىدا ھاسىسىغا ئەمەس ماڭا تايانىدى. ئالدىرىماي پەسكە چۈشتۇق، ئىشكلەردىن ئۆتتۇق. ئۇلارمۇ كېلىشتى، چوڭ خانىمنى ماشىنىغا چىقىرىۋاتاتتۇق:

ـ ئىشكلەرنى ياخشى تاقىدىڭلارمۇ؟ـ دېدى.

ـ شۇنداق، چوڭ خانىمـ دېدىم ۋە تاقالغانلىقىنى كۆرسۇن، دەپ بېرىپ ئىشىكلەرنى يەنە بىر قېتىم تارتىپ، ئىتتىرىپ كۆرسىتىپ قويدۇم.

خۇداغا شۈكرى، ئاخىرى ماشىنىغا چىقتى.

# يەتتىنچى باب

ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش ئەمدى، ماشىنا ئىككى تەرەپكە سىلكىنىپ مېڭىشقا باشلىغۇېدى، كىچىك چېغىمدا چىققان ئات ھارۋىلىرىنى ئەسلەپ قالدىم، لېكىن بىردەمدىن كېيىن سىلەرنى خىيال قىلىشقا باشلىدىم، مازاردىكى سىلەر بىچارىلەرنى، شۇ چاغدا يىغلاپ سالىمەنغۇ دەپ ئويلىغۇېدىم، لېكىن تېخى ۋاقتى ئەمەس فاتىمە، توختا، چۈنكى ئىشكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كوچىغا چىققان ماشىنىنىڭ دەرىزىسىدىن سىرتقا قاراۋاتاتتىم ۋە رەجەپ ئۆيدە، يالغۇز قالارمۇ، دەپ ئويلاپ تۇرىۋېدىم ماشىنا توختىدى، ساقلىدۇق، بىر ئازدىن كېيىن پايپىمۇ كەلدى، يەنە بىر ئىشكتىن ئۆمۇ ماشىنىغا چىقتى ۋە كەينىگە ئۆتتى، يېڭىباشتىن:

ــ ئىشكىلەرنى ياخشى تاقىدىڭمۇ، رەجەپ؟

ماشىنا يولغا چىققاندىن كېيىن:

ــ شۇنداق فارۇق بەي.

مەن ئورۇندۇققا مەھكەم يۆلەندىم.

ــ موما، ئاڭلىغانسىز، رەجەپ ئىشكىلەرنى ئوبدان تاقاپتۇ، سەل تۇرۇپ يەنە بۇلتۇرقىغا ئوخشاش ئىشكىلەر ئوچۇق قالدى، دېيىشكە باشلىماڭ يەنە...

ئۇلارنى ئويلاشقا باشلىدىم، ئەلۋەتتە، ئېسىمگە كەلدى، تاقىدۇق، دەپ گېپىنى قىلىشقان ئۇ باغنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە «دوختۇر سالاھىددىن» دەپ يېزىلغان، مىستىن ياسالغان ۋېۋىسكا ئاسقان ئىدىڭ سالاھىددىن، كېيىل كۆرۈش ۋاقىتلىرى مۇنداق بولىدۇ، كەمبەغەللەردىن پۇل ئالمايمەن، فاتىمە، دېيىتتى، خەلق بىلەن ئالاقە قىلىشىم كېرەك، كېيىل كۆرسەتكىلى كېلىۋاتقان بىمارلىرىمىز تېخى كۆپ ئەمەس، چوڭ شەھەردە ئەمەس، چەت بىر دېڭىز ياقىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئۇ چاغلاردا  بىر قانچە بىچارە يېزىلىقتىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، ئەمدى بېشىمنى كۆتۈرسەملا شۇ بىنالار، دۇكانلار، قىستا-قىستاڭچىلىق، يېرىم يالىڭاچلار، ۋاي خۇدايىم، ساھىلنىڭ ئىچىدە، قارىما فاتىمە، نېمە دېگەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ــ بۇ، ھەممىسى ئۈستى-ئۈستىگە، ئاستى- ئاستىغا، مانا قارا سالاھىددىن، سېنىڭ ئۇ سۆيۈملۈك دوزىقىڭ يەر يۈزىگە چۈشتى مانا، سەن يەڭدىڭ، ئەگەر سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭ مۇشۇ بولغان بولسا، قارا شۇ قىستاڭچىلىققا، ئارزۇ قىلغىنىڭ مۇشۇ بولسا كېرەك بەلكىم.

ــ مومام بەك قىزىقىپ قاراۋاتىدۇ-ھە؟

-ـياق، قاراۋاتقىنىم يوق، لېكىن سىنىڭ نومۇسسىز نەۋرىلىرىڭ قاراۋاتىدۇ، سالاھىددىن،

ــ يولنى ئايلىنىپ مېڭىپ سىزنى بىردەم ئايلاندۇرايلىمۇ موما؟

سىنىڭ گۇناھسىز ئايالىڭنىمۇ سەندەك چاغلاپ قاپتۇ، قانداق قىلسۇن بىچارە بالىلار، ئاشۇنداق چوڭ قىلىنىپتۇ، چۈنكى سالاھىددىن سەن ئوغلۇڭنىمۇ ئۆزۈڭدەك قىلىپ چىققان ئىدىڭ، دوغانمۇ باللىرىغا كۆڭۈلشىمىدى، ئانىلىرىمۇ بۇلارغا ھاممىسى قارىسۇن، مېنىڭ بالا باققۇدەك ھالىم يوق، دېدى. ھاممىسى باقسا مۇشۇنداق بولىدىغان گەپ شۇ، موماڭلار قەبرىستانلىققا بارغۇچە ئۇ مەينەتچىلىكلەرگە قىزىقسىنىپ قالىدۇ، دەپ قالماڭلار، قاراڭلار، مەن قاراپمۇ قويمىدىم، بېشىم ئالدىغا ساڭگىلاپ قالسلا سومكامنى ئاچىمەن، ئىچىدىن چىققان ئۇ كونا پۇراقنى پۇرايمەن ۋە كىچىك، قاقشال بولۇپ كەتكەن قولۇم سومكا ئىچىدىكى گۆر قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىن كىچىك قولياغلىقىمنى تاپىدۇ، قۇرۇق كۆزلىرىمگە تەگكۈزىمەن، چۈنكى پۈتۈن ئوي- پىكرىم ئۇلاردا، پەقەت ئۇلاردا.

ــ يىغلىغۇدەك نېمە بار موما، يىغلىماڭ!

لېكىن بۇلار مېنىڭ سېلەرنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەيدىغان تۇرسا، مۇشۇنداق ئىسسىق كۈندە سېلەرنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلاشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمنى بۇلار بىلمەيدىغان تۇرسا؛ بىچارە مەن قولياغلىقنى كۆزۈمگە يەنە بىر ئاز تەگكۈزدۈم، بولدى فاتىمە، بولار ئەمدى، پۈتۈن ئۆمرۈم ئازاپ ئىچىدە ئۆتكەچكە، چىداشنىمۇ بىلىمەن، بولدى، ئۆتۈپ كەتتى ھازىرچە، كېرەك يوق، قاراڭلار، بېشىمنى كۆتۈردۈم، قاراشقا باشلىدىم: بىنالارغا، تاملارغا، يالتىراق خەتلەرگە، ئېلان تاختىلىرىغا، ئەينەكلىك تەزگاھلارغا، رەڭلەرگە...، لېكىن شۇ ھامان سەسكىنىشكە باشلىدىم، ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە سەتچىلىك، قارىما بولدى فاتىمە، مەن...

ــ موما بۇ يەرلەر بۇرۇن قانداقتى؟

ئۆز خىياللىرىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، سۆزۈڭلارنى ئاڭلىماي قالغان تۇرسام، نېمىنى دەپ بېرەتتىم، بۇرۇن بۇ يەرلەرنىڭ باغ ئىكەنلىكىنى، باغلار ئىچىدە ھەر چىرايلىق باغلارنىڭ بولغانلىقىنى، ئەمدى كېلىپ نېمە بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي، دەسلەپكى ئۇ يىللاردا بۇ يەردە ھېچكىم يوقتى، شەيتان بوۋاڭلارنى تەسلىم قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن، كەچقۇرۇنلىرى، يۈر فاتىمە، ئايلىنىپ كېلەيلى، دەيتتى، ئەيىپكە بۇيرۇما، بۇ يەرگە قاملىپ قالدىم، سېنى ھېچيەرگە ئاپىرالمىدىم، ئېنسىكلوپېدىيە مېنى بەك چارچىتىۋەتتى، پەقەت ۋاقتىم يوق، دەپ ساڭا شەرقلىق بىر مۇشتۇمزوردەك مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايمەن، ئايالىمنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى، خۇشال قىلىشنى خالايمەن، يۈر، باغلاردا بولسىمۇ بىردەم ئايلىنايلى، ھەم

پاراكلىشىمىز، قارا، بۇگۈن نېمىلەرنى ئوقۇدۇم، بىلىمىنىڭ نەقەدەر زوّرۇرلىكىنى ۋە بىزدىكى ھەممە ئىشنىڭ بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم، بىزگىمۇ رېنەزانس( قايتا گۈللىنىش )، يەنى بىر بىلىم ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كېرەكلىكىنى ئويېئوچۇق چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن، ئالدىمىدا ئورۇنلىنىشى كېرەك بولغان قورقۇنچلۇق دەرىجىدە بۈيۈك بىر ۋەزىپە بار ۋە بۇ ئادەمىزاتسىز بۇلۇڭ-پۇچقاقتا مۇشۇلارنى ئويدان مۇلاھىزە قىلىشىم ئۈچۈن سۈرگۈن قىلغان تەلەت پاشاغا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك، چۈنكى بۇ يالغۇزلۇق ۋە بوش ۋاقىت بولمىغان بولسىدى، بۇ چۈشەنچىلەرگە كېلەلمەستىم، بۇ تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېچقاچان ئاڭقىرالمىغان بولاتتىم فاتىمە، رۇسو①مۇ ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى قىرلاردا، تەبىئەتنىڭ قوينىدا يۇرۇپ ۋۇجۇتقا چىقارغان، بىر جاھانكەزدىنىڭ ئوي-خىياللىرى، لېكىن بىز ئىككى كىشى كەزمەكتىمىز.

ــ مارلىبورو، مارلىبورو!

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ قورقۇپ كەتتىم، قوللىرىنى ماشىنىنىڭ ئىچىگە تىقماقچىدەك قىلاتتى، ھەي بالا، ماشىنىنىڭ ئاستىدا قالىسەن، خۇداغا شۈكۈر ئاخىرى بېتونلارنىڭ ئارىسىدىن باغلىق يوللارغا چىقىپتۇق، ئىككى تەرەپ دۆڭلۈك ئىدى.

ــ بەك ئىسسىق ــھە، ئاكا؟

دەسلەپكى يىللاردا بىز سالاھىددىن بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەندە، ئاندا- ساندا ئۇچراپ قالىدىغان بىچارە يېزىلىقلار توختاپ سالام قىلىشىپ كېتەتتى، ئۇلار ئۇ چاغلاردا تېخى قورقۇشقا باشلىمىغان ئىدى. دوختۇر بەي، ئايالىمنىڭ بەك مىجەزى يوق، كۆرۈپ قويامسىز، ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن، چۈنكى ئۇمۇ تېخى تاپتىن چىقمىغان چاغلار ئىدى، ئۇ بىچارىلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، فاتىمە، پۇل ئالمىدىم، مەن قانداق قىلاي، پۇل لازىم بولغاندا ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ ئۆزۈكلىرىم، ئالماسلىرىم، ئىشكاپىنى تاقىغان بولغىيمىدىم، تاقىغاندىمەن.

ــ جېنىم موما، بىئارام بولمايۋاتقانسىز-ھە؟

ئادەمنى بىردەم ئارامدا قويمايدۇ بۇلار مۇشۇنداق پەلپەتىش سوئاللارنى سوراپ؛ قولياغلىقىمدا كۆزلىرىمنى سۈرتتۈم، ئادەم رەھمەتلىك يولدىشى بىلەن ئوغلىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغاندا بىئارام بولماي قالامدۇ؟ مېنىڭ سىلەرگە

ــ قاراڭ موما، ئىسمائىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتىمىز. مانا مۇشۇ يەر!

پەقەت ئىچىملا ئاغرىيدۇ، لېكىن قارا، نېمە دېيىشىۋاتىدۇ، ۋاي خۇدايىم، مۇشۇ يەردىكەن- دە توكۇرنىڭ ئۆيى، لېكىن مەن قارىمىدىم، سېنىڭ ھاراملىقىڭ، ئۇلار بىلەمدىغاندۇر، مەن

ــ رەجەپ، ئىسمائىل قانداقراق تۇرىۋاتىدۇ؟

بىلمىدىم ۋە دىققەت قىلىپ

ــ يامان ئەمەس، لاتارىيە ساتىدۇ.

قۇلاق سېلىۋاتىمەن، ياق، ئاڭلىمايۋاتىسەن فاتىمە سەن

ــ پۈتى قانداقراق؟

پەقەت ئۆزۈمنى، ئىنىمنى ۋە ئوغلۇمنى گۇناھتىن قوروش ئۈچۈن، بۇ يەردە

ــ بۇرۇنقىدەكلا فارۇق بەي، ئاقسايدۇ.

مەن قىلغان گۇناھنى بىرەرسى بىلەرمۇ؟ بىرىپ ئۇلارغا

ــ ھەسەن قانداقراق؟

دەپ قويغانمىدۇ ئۇ پاپا، ئۇلارمۇ بوۋىسى ۋە دادىسىغا

ــ دەرسلەردە ناچار، ئىنگلىز تىلى ۋە ماتېماتىكىدىن ئۆتەلمىدى. ئىشىمۇ يوق.

ئوخشاش باراۋەرلىككە ھېرىسمەن بولغاچقا، دېيىشىپ كەتسە، ۋاي موما، ئۇلار بىزنىڭ تاغىلىرىمىز ئىكەنغۇ. موما، بىلمەيدىكەنمىز، تۆۋە، فاتىمە، بۇنداق قالايمىقان خىيال قىلما، مۇشۇلارنى ئويلاش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ بۇ يەرگە، لېكىن تېخىچە كېلىپ بولالمىدۇق، مەن يىغلايمەن، قولياغلىقىمنى كۆزلىرىمگە تەگكۈزدۈم، مېنىڭ بۇ ئازاپلىق كۆنۈمدە بۇلارنىڭ ماشىنىغا ئولتۇرۇشۇپ، خۇددى ساياھەتكە كېتىپ بارغاندەك تاغدىن، باغدىن گەپ قىلىشىپ كېتىشلىرى، بۇرۇن، قىرىق يىل ئاۋال، ساياھەتكە، بىر قېتىم بىر ئات قوشۇلغان بىر ھارۋا كەلگەندى ۋە سالاھىددىن ئىككىمىز ئۇ ئايىغى چىقماس دۆڭگە ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ تاراق-تۇرۇق، تاراق-تۇرۇق قىلىپ چىققانىدۇق، ئەجەپ ياخشى قىلدۇق، فاتىمە، ئېنسىكلوپېدىيە يازىمەن، دەپ بۇنداق ئىشلارغا ۋاقتىم چىقمايۋاتاتتى، كاشكى بىرەر شىشە شاراپ ئېلىۋالغان بولسام، پىششىق تۇخۇملارنى ئېلىپ، سەھرا-قىرلارغا كېتەتتۇق، لېكىن پەقەت ھاۋا يېيىش ئۈچۈن، تەبىئەت ئۈچۈن، ھەرگىز بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدەك يەپ-ئىچىپ، قارنىمىز ئېتىلىپ كەتكۈچە مېھمان بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بۇ يەردىن دېڭىز نېمە دېگەن گۈزەل كۆرۈنگەن-ھە، بۇنى ياۋروپالىقلار پىكنىك(دالا تامىقى) دەيدۇ، ھەممە ئىشنى ئۆز لايىقىدا قىلىدۇ، فاتىمە ئىنشائاللاھ بىر كۈنلەردە بىزمۇ شۇنداق بولىمىز، ئوغۇللىرىمىزغا نېسىپ بولماس بەلكىم، لېكىن قىز-ئوغۇل نەۋرىلىرىمىزگە نېسىپ بولىدۇ، ئىنشائاللاھ.

ــ كەلدۇق، موما، كەلدۇق قاراڭ!

ئۇ چاغدا، ئىلىم- پەن دەۋر سۈرگەن ئۇ كۈنلەردە، بىزنىڭ نەۋرىلىرىمىز ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن ھېچبىر پەرقى قالمىغان دۆلىتىمىزدە بىرلىكتە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، مېنىڭ نەۋرىلىرىم تۈپىراق بېشىمغا كېلىشىدۇ، سەن بىلەن موتۇرنىڭ ئۈنى ئۆچىشىگە

سالاھىددىن، يۈرىكىم سىلىپ كەتتى، بۇ يەر نېمە دېگەن جىمجىت، ئىسسىقتا تومۇزغىلار، توقسان ياشلىق ئۆلۈم، ئۇلار چۇشۇپ ئىشىكنى ئېچىشتى.

ــ كىلىڭ موما، قولىڭىزنى سۇنۇڭ ماڭا.

ئات ھارۋىسىدىن چۈشۈشتىنمۇ تەسكەن بۇ تۆمۈردىن چۈشۈش، خۇدايىم ساقلىسۇن،بىر يىقىلسام شۇئان ئۆلگۈدەكمەن ۋە دەرھال كۆمۈپ تاشلىغۇدەك مىنى، بەلكىم گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەر.

ــ ھە، مانا مۇشۇنداق، سىزنى قولتۇقلىۋالاي، ماڭا يۆلىنىڭ موما.

بەلكىم كۆڭلى يېرىم بولار، تۆۋە، نېمىدەپ بۇلارنى ئويلاپ يۈرىمەن ئەمدى، سىرتقا چىقتىم، قەبرە تاشلىرى ئارىسىدا بىرى بىر قولۇمىدىن، بىرى يەنە بىر قولۇمىدىن يۆلەپ كېتىۋاتقاچ، خۇدايىم ئۆزۈڭ كەچۈرىۋەت، بۇ قەبرە تاشلىرى كۆڭلۈمگە قورقۇنچ سېلىۋاتاتتى،

ــ قانداقراق تۇرىسىز موما؟

بىر كۈنى تازا ئىسسىقتا، يالغۇز ۋە تاشلىۋېتىلگەن ھالدا ئوت-چۆپلەرنىڭ پۇراقلىرى ئىچىدە، مەنمۇ بۇلارنىڭ، مازارلىقنىڭ

ــ نەدىرەكتى؟

ئىچىگە كىرىدىغانلىقىمنى، بولدى ئويلىما فاتىمە،

ــ بۇ ياققا ماڭىمىز فارۇق بەي!

قارىغىنە، يەنە گەپ قىلىۋاتىدۇ ئۇ پاپا، ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى نەۋرىلىرىدىن ياخشىراق بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئوغلىمەن، دېمەكچىمۇ سەن، لېكىن ئاۋۇلار دادىسىنىڭ، ھە راست، ھەم ئانىسىنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەر شۇ!

ــ كەلدۇق، موما، مانا بۇ يەر!

كۆرگەندە مەن، يۈرىكىم، ئەمدى يىغلايمەن، مانا سىلەر بۇ يەردە، بىچارىلەر، قولۇمنى قويىۋېتىش، مىنى ئۇلار بىلەن يالغۇز قويۇڭلار، قولياغلىقىم بىلەن كۆزلىرىمنى سۈرتتۈم، سىلەرنى بۇ يەردە كۆرۈپ، يا رەببىم، نېمىدەپ مېنىڭمۇ جېنىمنى ئالمىدىڭ، تۆۋە، دېمىسىمۇ بىلىمەن، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە بىر قېتىم بولسىمۇ كىرمىدىم، مەن بۇ يەرگە سىلەرنى ئەيىپلەشكە ئەمەس، ئەمدى يىغلايمەن، بۇرنۇمنى سۈرتتۈم ۋە بىر دەم جىم تۇرىۋېدىم تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، قولياغلىقىمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، قوللىرىمنى كۆتۈرۈپ، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھقا فاتىھە ئوقۇۋاتىمەن، ئوقۇۋاتىمەن، ئوقۇدۇم، تۈگىدى، بېشىمنى كۆتۈردۈم، قارىدىم، ئۇلارمۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپتۇ، ئاپىرىن، نىلگۈن بېشىنى بىر چىرايلىق ئوراپتۇ، لېكىن شۇ پاپىنىڭ رىياكارلىقىدىن سەسكىنىۋاتىمەن، خۇدايا، ئۆزۈڭ كەچۈرىۋەت، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھارامدىن بولغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىشىغا مەن چىدىيالمايمەن، خۇددى

سىنى ھەممىمىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغاندەك سالاھىددىن ، ھەممىمىزدىن ئۇزۇن دۇئا قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىمنى ئالدىيالايمەن، دەپ قالدىڭ، ھاسامنى ئىلىۋالغان بولسام كاشكى، نەدە قالدىكىن، ئىشكلەرنى تاقىغان بولغىيمىدى، لېكىن مەن بۇلارنى ئەمەس،سىنى ئويلاش ئۈچۈن كەلدىم، بۇ يالغۇز، چۆلدەرەپ تۇرغان گۆرنىڭ ئىچىدە ئاھ، سىنىڭ ئەقلىڭگە كېلەر بولغىيمىدى، بىر كۈنى كېلىپ بۇ يەردە، ئۇستۇڭگە تىكلەنگەن قەبرە تېشى تۈۋىدە ئوقۇيدىغانلىقىم،

دوختۇر سالاھىددىن دارۋىن ئوغلى
1942-1881

روھىغا فاتىھە بىاياتىن ئوقۇدۇمغۇ، سالاھىددىن، سەن زادى ئىشەنمىگەنىدىڭ ۋە بۇ سەۋەبتىن روھىڭنىڭ دوزاق ئازابىدا تولغىنىۋاتقانلىقىنى، يا رەببىم، بۇلارنى ئويلىغىم يوق، لېكىن بۇ مېنىڭ گۇناھىممۇ، مەن ساڭا نەچچە قېتىم تۆۋە دە، سالاھىددىن، دېسەم، مېنى مازاق قىلمىدىڭمۇ، ئەخمەق خوتۇن، دۆت خوتۇن، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش سېنىڭ مېڭەڭنىمۇ يۇيۇپ تاشلاپتۇ، نە خۇدا، نە ئاخىرەت يوق، ئۇ دۇنيا دېگىنىڭ بىزنى بۇ دۇنيادا باشقۇرۇش ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان بىر يالغاندۇر، خۇدانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەدرىسلەردىن قالغان سەپسەتىلەردىن باشقا بىر دەلىل قالمىدى، ھادىسلەر ۋە نەرسىلەرلا بار، بىز ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلەلەيمىز، مېنىڭ ۋەزىپەم پۈتۈن شەرق دۇنياسىغا خۇدانىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈشتۇر، ئاڭلاۋاتامسەن، فاتىمە، تۆۋە، بۇلارنى ئويلىما، مەن سېنىڭ ئۇ تېخى شەيتانغا تەسلىم بولمىغان كۆڭلىرىڭنى خىيال قىلسام دەيمەن، چۈنكى ئۆلگەنلەرنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭلار، دېيىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، چۈنكى سەن ھەقىقەتەن كىچىك بالا ئىدىڭ ۋە دادام دېگەندەك پارلاق كەلگۈسىڭ بار ئىدى، ئىشخانىسىدا ئولتۇرامتى، ئولتۇراتتى، بولمىسا ئۇ بىچارە بىمارلار بىلەن نېمىمۇ قىلاتتى، لېكىن بىشى ئۈچۈق، يۈز-كۆزى بويالغان پەرەڭ ئاياللارمۇ كېلەتتى ۋە ئىشخانىغا كىرىۋېلىشاتتى، ئەرلىرىمۇ كېلەتتى، شۇنداق بولسىمۇ مەن ياندىكى ئۆيدىن خاتىرجەم بولالمايتتىم، خاتا چۈشىنىپ قالما، فاتىمە، شۇنداق، شۇنداق، بەلكىم ھەممە ئىش شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى، بىز بۇ يەرگە تېخى ئەمدى ماكانلىشىپ، بىر ئىككى خېرىدارنى، بىمار دەيتتى ئۇ، كۆندۈرگەن ئىدۇق، چۈنكى بەك جاپالىق بىر ئىش ئىدى، ماڭا قارا، سالاھىددىن، بۇ ئىشتا ساڭا قول قويىمەن، كىممۇ دېگىز قىرغىقىدا بىر قانچە بېلىقچى بىلەن تاشلىۋېتىلگەن پىرىستاننىڭ بۇلۇڭىدىكى قەھۋەخانىدا مۆكىدىشىپ ئولتۇرغان چەت يىزا-قىشلاقلارنىڭ بۇ مۆرىمەسلىرى بىلەن، بۇ خەقلەر بۇنداق

ساپ ھاۋادا ئاغرىپمۇ قىلىشمايدۇ، ئاغرىپ قىلىشسىمۇ بىلىشمەيدۇ، بىلگەن تەقدىردىمۇ كېلىپ كېسەل كۆرسەتمەيدۇ، كىم كىلەتتى زادى، بۇ يەردە بارى يوقى بىر قانچە ئۆي، بىر قانچە لەقۋا سەھرالىق؛ لېكىن شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ نام چىقارغانىدى، كىشىلەر تا ئىزمىتتىن كېلىشەتتى، گەبزەدىن كېلىدىغانلار ئەڭ كۆپ ئىدى، تۇزلادىن كېمىلەرگە ئولتۇرۇشۇپ كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئەمدى پۇل تېپىشقا باشلىۋېدۇق، سالاھىددىن ئەمدى بىمارلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى، ۋاي خۇدايىم، مەن يەنە بىر ئۆيدە ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم، سەن بۇ يارىغا نېمە سۈركۈدۈڭ، باشتا كۆل باستۇق، دوختۇر بەي، كېيىن تېزەك چاپتۇق، نەدە مۇنداق ئىش بولسۇن، ئۇ دېگەن ئەر-خوتۇنلارنىڭ دورىسى، بىلىم دەيدىغان بىر نەرسە بار ھازىر، بۇ بالىغا نېمە بولدى، بەش كۈن بولدى دوختۇر، قىزىتىۋاتىدۇ، نېمىدەپ بالدۇراق ئەكەلمىدىڭلار، دېڭىزدا بوران-چاپقۇن بار ئىدى، كۆرمىدىڭىزمۇ دوختۇر، تاس قاپسىلەر بالىنى ئۆلتۈرگىلى، خۇدايىم پېشانىسىگە نېمە پۈتكەن بولسا شۇنى كۆرىمىز، بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى، نېمە خۇداسى، خۇدا يوق، خۇدا ئۆلدى، ۋاي خۇدايىم، تۆۋە دە سالاھىددىن، تۆۋە دە، نېمىدەپ تۆۋە دېگۈدەكمەن لەقۋا خوتۇن، سەن بولساڭمۇ بۇ كاللىسى يوق سەھرالىقلاردەك بىلجىرلىما، نومۇس قىلىۋاتىمەن سەندىن، نۇرغۇن ئىنساننى ئادەم قىلىمەن دەپ يۈرىمەن، لېكىن ئۆز ئايالىمنىڭ كاللىسىغا ئازراقمۇ بىر نەرسە قۇيالماپتىمەن، نېمە دېگەن ئەخمەق سەن، ھېچبولمىغاندا ئەخمەقلىقىڭنى بىلىپ يەت ۋە ماڭا ئىشەن؛ لېكىن سەن بۇ بىمارلارنىمۇ قاچۇرىسەن، سالاھىددىن، دېسەم ئۇ مەن بىلەن قېرىشقاندەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى؛ مەن ياندىكى ئۆيدە ئاڭلاپ تۇراتتىم، ئېرى بىلەن شۇنچە ئۇزاقتىن كەلگەن بىچارە ئايالغا بىر دورا بېرىش ئۈچۈن قاراڭلار نېمىلەرنى دەۋاتقۇدەك، بۇ خوتۇن بەدىنىنى ئاچسۇن، دەۋاتقۇدەك، نېرۋام ئۆرلىدى، ئېرى بولغاندىكىن سەن بولساڭمۇ گەپ قىل ھەي لەقۋا سەھرالىق، ئاچمامدىكەن، ئۇنداق بولسا كېسىلىنى كۆرمەيمەن، يوقىلىش، مەن سىلەرنىڭ بۇ ئەخمەقانە ئېتىقادلىرىڭلارغا بويۇن ئېگىدىغان ئادەم ئەمەسمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي، دوختۇر بەي، ئۇنداق قىلماي دورا بەرسىڭىز، ياق، ئاياللىق ئاچمىسا دورا-پورا يوق، يوقىلىڭلار، ھەممىڭلا خۇدا دېگەن يالغان نەرسىگە ئالدىنىپ قاپسىلەر، تۆۋە، ئاغزىڭنى يۇم سالاھىددىن، ھېچبولمىسا بۇنداق گەپلەرنى قىلما، ياق، ھېچكىمدىن قورقۇنچىم يوق مېنىڭ، لېكىن كىم بىلىدۇ كەينىمدىن نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ، دىنسىز دوختۇركەن ئۇ، بارماڭلار، شەيتاننىڭ ئۆزى ئىكەن ئۇ خۇمپەر، كۆرمىدىڭلارمۇ ئۇ ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى باش سۆڭىكىنى، ئىشخانىسىمۇ باشتىن-ئاياغقىچە كىتاپ بىلەن تولغان، غەلىتە جادىگەرلىك ئۈسكىنىلىرى بار، تۈگمىنى تۈگە قىلىپ كۆرستىدىغان ئەينەكلەر، بىر ئۈچىدىن ئىس پۈركۈپ تۇرىدىغان نەيچىلەر، تامغا مىخلانغان پاقلارمۇ بار، بارماڭلار، ئامالسىز قالمىسا قايسىبىر ئەقلى بېشىدا ئادەم بۇ دىنسىزغا كېلىپ

جىنىنى سىلىپ بېرىدۇ، بۇ خۇمپەر، خۇدايىم ساقلىسۇن، ساق ئادەمنى كېسەل قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىكىدىن ئاتلىغانغا جىن چاپلىشىپ قالىدۇ، ئۆتكەندە تا يارىمجا دېگەن يەردىن كەلگەن بىر بىمارغا مۇنداق دەپتۇدەك، سەن خېلى ئەقلى ھوشى جايىدا بىرى ئوخشايسەن، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندۈڭ، ئال ماۋۇ خەتلەرنى ئاپىرىپ يېزا قەھۋەخانىسىدا ئوقۇپ بەر، ئىچىگە ئۇششۇك ۋە تۈبىركۇلىيوزغا داۋا بولىدىغان چارىلەرنى يازدىم، ئۇنىڭدىن باشقا خۇدانىڭ يوقلۇقى ھەققىدىمۇ يازدىم، بارغىن، سىلەرنىڭ يېزا بولسىمۇ قۇتۇلسۇن، ھەممە يېزىغا سەندەك ئەقلى-ھوشى جايىدا بىرىنى ئەۋەتەلىگەن بولسام، ئۇ ئادەم ھەر ئاخشام پۈتۈن يېزىدىكىلەرنى قەھۋەخانىغا يىغىپ، مېنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەمدىن بىر رىسالە ئوقۇپ بەرگەن بولسا، بىزنىڭ بۇ مىللەت قۇتۇلۇپ قالاتتى، لېكىن ئاۋۋال بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنى پۈتتۈرىشىم كېرەك ئىدى، بارغانسېرى ئۈزىراپ كەتكىلى تۇردى، لەنەتتۈككۈر، پۇلمۇ يوق، فاتىمە ئالماسلىرىڭ، ئۈزۈكلىرىڭ، قۇتاڭ، ئىشكىنى مەھكەم تاقىغانمىدۇر، تاقىغاندۇر، چۈنكى ھېچنەرسىدىن قورقماس بولۇپ قالغان بىر قانچە بىمار بىلەن، ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا پۇشايمان قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كېتىپ شەيتاننىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورققان بىر قانچە بىچارەدىن باشقا، ھېچقانداق كىشى كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمەس بولغان ئىدى، لېكىن سېنىڭ پەرۋايىڭ پەلەك ئىدى سالاھىددىن، بەلكىم مېنىڭ ئالماسلىرىمنىڭ سەۋەبىدىن، كېسەللەر كەلمەس بولدى، بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشى بولدى، دېيتتى، چۈنكى بۇ ئەخمەقلەرنى كۆرسەملا سەپرايىم ئۆرلەپ، ئۇمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىۋاتاتتىم، بۇ ھايۋانلارنىڭ ئادەم بولۇشىغا ئىشىنىش شۇنچىلىك تەسكى، ئۆتكەندە گەپ ئارىسىدا بىرسىدىن بىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچ بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى قانچە بولىدۇ، دەپ سورىدىم، ئەلۋەتتە، ئۆمرىدە ئۈچبۇلۇڭنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي كەلگەن بۇ بىچارە سەھرالىقنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن قەغەز، قەلەم ئېلىپ چۈشەندۈرگەن ئىدىم، ماتېماتىكىغا كاللىسى قانچىلىك ئىشلەيدۇ، كۆرۈپ باقاي دېگەنىدىم، لېكىن گۇنا بۇ بىچارىلەردە ئەمەس، فاتىمە، دۆلەت بۇلارغا ياخشى مائارىپ تەربىيەسى بېرىش ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنمىغان تۇرسا، قىرىق سائەت چۈشەندۈردۈم، چۈشىنىۋالسۇن دەپ دېمىگەنلىرىم قالمىدى، چەكچىيىپ ۋە قورقۇمسىراپ قاراپ تۇردى، ئاھ، كالۋا خوتۇن، مانا دەل سېنىڭ ھازىر ماڭا قارىشىڭدەك قاراپ تۇردى، خۇددى شەيتاننى كۆرۈپ قالغاندەك ماڭا نېمانداق قارايسەن، ۋاي بىچارە مەخلۇق، مەن سېنىڭ ئېرىڭمەن، شۇنداق، سەنمۇ شەيتانسەن سالاھىددىن، قارا مانا، دوزاقتىسەن، دوزاق ئوتلىرى ئىچىدە ئېلىشلار، قايناۋاتقان قازانلار، ياكى بولمىسا سەن دېگەندەكمىكەن ئۆلۈم، ئۆلۈمنىڭ سىرىنى يەشتىم، فاتىمە دېگەنىدى، بۇنىڭغا قۇلاق سال، بۇ

ھەممىسىدىن مۇھىم، ئۆلۈم شۈنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنكى، بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىمەن، گۆردىكى ھالىنى ئويلاپ قورقتۇم ۋە

ــ موما، سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇر؟

بىردىنلا بېشىم قايدى، يىقىلىپ چۈشىدىغان بولدۇم دېگەنىدىم، ئەنسىرىمە، سالاھىددىن، مەن سەن خالىمىساڭمۇ ئاخىرقى بىر قېتىم

ــ بولمىسا بىردەم مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىڭ، موما!

روھىڭغا ئاتاپ فاتىھە ئوقۇيمەن، جىم تۇرۇڭلار، جىم بولۇشتى، يولدا كېتىپ بارغان ماشىنا ئاۋازىنى، ئاندىن تومۇزغىنىڭ جىرىلداشلىرىنى ئاڭلىدىم، توگىدى، ئامىن، قولياغلىقىمنى چىقىرىپ كۆزلىرىمگە تەگكۈزدۈم ۋە ماڭدىم، ھەممىشە سېنى ئويلايمەن ئوغلۇم، لېكىن ئاۋۋال داداڭنى ئۇ يەردىن چىقراي دېگەنىدىم، ۋاي مېنىڭ بىچارە، ئەقىلسىز، تەلەيسىز ئوغلۇم،

ھاكىم دوغان دارۋىن ئوغلى
1915ـ1967
روھىغا فاتىھە

ماقۇل، ئوقۇۋاتىمەن مېنىڭ چارىسىز، تەلەيسىز، مەن رەنجىپ قالغان، بەختسىز، ئېگە ـ چاقىسىز بالام، سېنىڭ ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمەن، ئامىن، سەنمۇ بۇ يەردە سەن، توۋا خۇدايىم، تۇيۇقسىزلا خۇددى ئۆلمىگەندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، قېنى مېنىڭ قولياغلىقىم، لېكىن قولۇم يەتكۈچە، قاراڭلار ئېسەدەشكە باشلىدىم،

ــ موما، موما يىغلىماڭ!

ئۇلار ئۆلگۈرەلمىگەن بولسا ئېسەدىگەن پېتى يەرگە يۈزۈمچىلاپ چۈشەمتىمكىن ـ تاڭ، مەن نېمە دېگەن بىتەلەي، بۇ يەرگە ئوغلۇمنىڭ تۇپراق بېشىغىمۇ كېلىدىكەنمەن، مەن نېمە قىلغان بولغىيتتىم ماڭا بۇ جازانى بېرىۋاتىسەن، تۆۋە، لېكىن مەن قولۇمدىن كەلگەننى قىلدىم، مەن بۇنداق بولۇشىنى خالىمىتىم، ئوغلۇم، دوغانىم، مەن ساڭا بۇ ھاياتنا قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىشلىك داداڭنىڭ سىزغان سىزىقىدا ماڭماسلىق، دەپ يېنىش ـ يېنىشلاپ ئېيتىمىدىمۇ، ئۇنى كۆرۈپ ئۆزگە ئۆلگە قىلىۋالمىسۇن دەپ ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىۋەتمىدىمۇ، قوزام، ھەم پۇلىمىز قالمىغان چاغلاردا رەھمەتلىك بوۋاڭ بىلەن موماڭنىڭ ماڭا تويلۇق سوۋغات سۈپىتىدە بەرگەن ساندۇقتىكى ئۆزۈكلەر، بىرىلىيانتلار، ئالماسلار بىلەن ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقارغانلىقىمنى سەندىن يوشۇرۇپ، سېنى ئەڭ ياخشى مەكتەپلەرگە ئەۋەتمىدىمۇ،

شەنبە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن كەچرەك قايتىپ كېلەتتىڭ، مەست داداڭ سېنى ئالغىلى پويىز ئىستانسىسىغا چىقمايتتى، ئۇ بىر تىيىن پۇل تاپمىغىنى يەتمىگەندەك، ئۇ باشتىن ــ ئاياغ كۈپۈرلۈق بىلەن تولۇپ كەتكەن بىمەنە يازمىلىرىنى نەشىر قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەندىن پۇل ئۇندۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن چاغلاردا، مەن يالغۇز، سوغۇق قىش كېچىلىرىدە ھېچبولمىسا ئوغلۇم فرانسۇز مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرگەنىدىم، لېكىن بىر كۈنى قارىسام، سەنمۇ ئۇلاردەك ئېنژىنىر، سودىگەر بولۇشنىڭ ئورنىغا نېمىدەپ ئۇ يەرگە يېزىلدىڭ، سىياسىيون بولماقچىمىدىڭ، بىلمەن، خالىساڭ زۇڭلىمۇ بولىسەن، لېكىن سەندەك بىر ئادەم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ، ئانا، بۇ دۆلەت پەقەت سىياسىي بىلەن تۈزىلىدۇ، مەن ۋاي ئەقىلسىز ئوغلۇم، تۈزمەش ساڭىلا قالدىمۇ، دەپ بولغۇچە، ئۇ ھېرىپ ـ ئېچىپ، غەمگە پاتقان ھالدا دەم ئېلىشقا كەلگەن كۈنلەردە، يا رەببىم؛ نېمە دېگەن بىتەلەي مەن، خۇددى دادىسىدەك غەمكىن ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشىنىمۇ ئۆگىنىپ بوپتۇ، تاماكا چېكىشكىمۇ باشلاپسەن، بۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەر زادى نېمە ئۈچۈن ئوغلۇم، دەپ سورىسام سەن، ۋەتەن ئۈچۈن ئانا دېۋېدىڭ، ئوڭشىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ، سېنىڭ يانچۇقلىرىڭنى لىققىدە پۇلغا توشقازمىدىممۇ، ئىستانبۇلغا بار، ئايلان، كۆڭلۈل ئاچ، قىزلار بىلەن تاماشا قىل ۋە ئويلانما، بىر ئاز كۆڭلۈڭ ئېچىلسۇن، دەپ داداڭغا كۆرسەتمەي ھالرەڭ مەرۋايىتلىرىمنى بېرىپ، ئال، ئىستانبۇلغا ئاپار، سات ۋە تاماشا قىل، دېمىدىممۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىرايىدا قان دىدارى يوق ۋە بۇتتەك ئىپادىسىز كىچىك قىز بىلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆيلىنىپ، ئۆيگە ئېلىپ كېلىشىڭنى مەن نەدىن بىلەي، مەن ساڭا كەڭ ـ كۇشادە ياشىغىن ئوغلۇم، دېمىدىممۇ، مەن ساڭا ھېچبولمىسا بۇ ئىشتا بولسىمۇ چېكىڭ تۇر، بەلكىم سېنى ۋالى قىلىشى مۇمكىن، ھاكىملىقتىن ئايرىلما، قارا، ۋالى بولۇش نۆۋىتى ساڭا كېلىپ قالغانمىش ئوغلۇم، دېمىدىممۇ، ياق ئانا، مەن چىدىيالمىدىم، ھەممە نەرسە يىرگىنچلىك، پاسكىنا، ئانا، ئاھ، بىچارە ئوغلۇم، سەنمۇ نېمىدەپ باشقىلارغا ئوخشاش ئىشىڭ بىلەن ئۆيۈڭنىڭ ئارىسىدا بېرىپ، كېلىپ يۈرمەيسەن دېيمەن، لېكىن بىلمەن، دېگەنىدىم بىر كۈنى، ئاچچىغىم كەلگەنىدى، چۈنكى قورقۇنچاق ۋە ھورۇنسەن، داداڭغا ئوخشاش، ياشاشقا، ئىنسانلار بىلەن ئارىلىششقا جاسارىتىڭ يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇلارنى ئەيىپلەش ۋە ھەممە ئادەمگە ئۆچ بولۇش ئاسانراق، شۇنداق ئەمەسمۇ؛ ياق ئانا، ياق، سەن بىلمەيسەن، ئىشلار بەك يىرگىنچلىك، ھاكىملىقمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، بىچارە دېھقانلارغا، يوقسۇل مىسكىنلەرگە ئۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئېزىۋاتىدۇ، ئاياللىمۇ ئۆلدى، بالىلارغا ھامىمىسى قارىسۇن، مەن ئىستىپا بېرىپ، بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي ئانا، كۆزۈمگە كىرىۋالما، مەن بۇ جىمجىت ماكاندا ئۆزۈمدىن بېرى مۇشۇنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن،

ــ ماگايلى موما، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى.

ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يېزىپ چىقاي دېيمەن، ياق، رۇخسەت قىلمايمەن،

ــ يەنە بىر ئاز ساقلاڭ مەتىن بەي...

بۇ يەردە تۇرساڭ بولمايدۇ، بىرىپ تۇرمۇشقا قېتىلسەن، رەجەپ، بۇنىڭغا ھەرگىز تاماق قىلىپ بەرمە، چوپچوڭ بولغان ئادەم بېرىپ ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يېسۇن، ئۆتۈنۈپ قالاي ئانا، ئۇنداق قىلما، بۇ ياشقا كەلگەندە خەلقئالەمگە

ــ بىرەرسى بۇ قەبرە بېشىنى تازىلاپ قويسا بوپتىكەن.

رەسۋا قىلاي دەمسەن، جىم بولۇشە بېئەدەپلەر، داداڭلار بىلەن بىردەم يالغۇز قالالمامدىم، مەنمۇ كۆردۈم ئۇ ھايۋانلارنىڭ نىجاسەتلىرىنى، ھەممە ئىش مۇشۇنداق بولامتى، لېكىن مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا دېگەن، ھاراق ئىچىۋاتامسەن، دەپ سورىغان ئىدىم، جىم تۇرىۋالدىڭ ئوغلۇم، نېمە ئۈچۈن، سەن تېخى ياش، يەنە بىر قېتىم ئويلەپ قوياي، ماقۇل، بۇ يەردە ئەتىگەندىن كەچكىچە نېمە ئىش قىلىسەن، بۇ ئىنسى-جىن يوق يەردە، زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالسەن، شۇنداقمۇ، ئاھ، خۇدا، بىلمەن، سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ پەلىپەتىش نەرسىلەرنى يېزىشقا باشلايسەن، جىم بولىۋالدىڭ، شۇنداقمۇ، ئاھ ئوغلۇم، مەن ساڭا بارلىق گۇناھلارغا، خاتالىقلارغا، ناھەقچىلىككە سېنىڭلا مەسئۇل ئەمەسلىكىڭنى قانداق بىلدۈرەي، قانداق چۈشەندۈرەي، مەن دېگەن بىر بىچارە، نادان خوتۇن، قارا ئەمدى ھېچكىمىم يوق، مېنى مازاق قىلىشىدۇ، ياشاۋاتقان مۇشۇ كۈنلىرىمنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ نەقەدەر بىتەلەي ئىكەنلىكىمنى، يىغلاشلىرىمنى، قولياغلىقىمنى چىلىڭ سىقىمداپ، تۆگۈلۈپ كېتىپتىمەن،

ــ موما، بولدى قىلىڭ ئەمدى، يىغلىماڭ ئەمدى، يەنە كېلىمىز...

ۋاي خۇدايىم، نېمە دېگەن تەلەيسىز مەن، مېنى ئېلىپ ماڭماقچى؛ ئوغلۇم بىلەن رەھمەتلىك ئېرىمنىڭ يېنىدا تۇرغىلى قويۇڭلار مېنى، مېنىڭ ئۇلار بىلەن يالغۇز قالغۇم بار، تۇپراق بېشىدا ياتاي، لېكىن ياتالمىدىم، قارا فاتىمە، نەۋرىلىرىڭنىڭمۇ ساڭا ئىچى ئاغرىۋاتىدۇ، نە قەدەر تەلەيسىز ۋە بىچارە ئىكەنلىكىڭنى كۆردى مانا، ئۇلارغىمۇ تەس بۇ ئىسسىقتا، ھېچبولمىسا ئاخىرقى قېتىم بىر فاتىھە ئوقۇۋي دېيمەن، لېكىن ئۇ مەينەت پاپىنىڭ ھەيۋىلارچە قاراشلىرىنى كۆرۈپ، ئادەمنى بىر ئاز بولسىمۇ ئارامخۇدا تۇرغىلى قويمىغان، شەيتان ھەممە يەردە بار، خۇددى بىر-بىرىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۇ تامنىڭ كەينىدە تۇزاق قۇرۇپ بىزنى كۈزىتىپ ياتقاندەك قىلاتتى، بوپتۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنە

ــ جېنىم موما، جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ماگايلى بولدى.

بىر فاتىھە، قوللىرىمنى كۆتۈرۈشىمگە مېنى قويۇپ بېرىشتى ۋە ئۇلار مۇ كۆتۈرۈشتى، ئاخىرقى رەت ئوقۇۋاتىمىز، ئوقۇۋاتىمىز، ماشىنىلار ئۆتۈشمەكتە، نېمە دېگەن ئىسسىق بولغان، ھېلىمۇ ئېچىمگە يۈك پويايكامنى كىيمەپتىمەن، ماڭار چاغدا ئىشكاپقا قويۇپ قويغان ئىدىم، قۇلۇپ سالغاندىمەن، ھېچكىم يوق ئۆيدە، خۇدايىم ساقلىسۇن، ئوغرى كىرمىگەن بولسا، دىققىتىم چېچىلدى، ئۆزۈڭ كەچۈرگىن، ئامىن، بىز ئەمدى،

ــ ماڭا يۆلىنىڭ موما!

ماڭدۇق، ئاللاھقا ئامانەت، ھە راست، سەنمۇ بار بۇ يەردە، كاللام جايىدا ئەمەس،

گۈل دارۋىن ئوغلى

1922ـ1964

روھىغا فاتىھە

لېكىن مېنى ئېلىپ مېڭىشتى، بۇ ئىسسىقتا مېنىڭ توختاپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇغۇدەك ھالىم قالمىدى، ئۇلار ئوقۇسا مەنمۇ سەن ئۈچۈن ئوقۇغان ھېسابلىنىمەن، كىچىك، سولغۇن، رەڭگى ئۆچكەن قىز، دوغانىم سېنى ياقتۇراتتى، ئەكىلىپ قولۇمنى سۆيدۈرگەنىدى، كېيىن بىر كەچتە ھوجرامغا ئۇن ـ تىنسىز كىرگەن ئىدى، قانداقراق تۇرىسەن ئانا، نېمىسىنى دەي ئوغلۇم، بۇ ئاۋاق، سولغۇن قىز، دېگەنىدىم، كۆپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى شۇ ھامان ھېس قىلغان ئىدىم، ئۈچ بالا تۇغۇش بىلەنلا تۈگەشتىڭ، بىچارە قىز، مۈشۈككە ئوخشاش تاۋاقنىڭ بىر چېتىدىن بىر ئىككى لوقما يەپلا بولدى قىلاتتىڭ، يەنە بىر قوشۇق بىرەي، دەيتتىم، كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە چەكچىيىپ كېتەتتى: تاماقتىن قورقىدىغان كىچىك بىر تاتىراڭغۇ كېلىن، سېنىڭ مېنىڭ دۇئالىرىمغا مۇھتاج بولغۇدەك نېمە گۇناھىڭ بولماقچىدى، ياخشى تاماقنى بىلمەيسىلەر، ھاياتقا چىڭ يېپىشىشنى بىلمەيسىلەر، پەقەت باشقىلارنىڭ ئازابلىرىغا ياش تۆككەچ ئۆلۈپ كېتىشنى بىلىسىلەر، ۋاي بىچارىلەر، مانا مەن كېتىۋاتىمەن، ئۇلار مېنى يۆلەشتى ۋە خۇداغا

ــ قانداقراق تۇرىسىز موما؟

شۈكرى ئاخىرى ئۆيگە ماڭدۇق.

# سەككىزىنچى باب

ماڭماقچى بولۇپ تۇرىشاتتى، مومىسى يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلماقچى بولدى ۋە بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەقەت نىلگۈنلا قول كۆتۈردى، شۇنداق: فارۇق كىرلىككە ئوخشاپ قالىدىغان بىر قولياغلىق بىلەن تەرىنى سۈرتۈۋاتاتتى، رەجەپ تاغام چوڭ خانىمنى يۆلەپ تۇراتتى، مەتىن قوللىرىنى كۆك پادىچىلار شىمىنىڭ كاسا يانچۇقىغا سېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋاتقاندەك قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇشمۇ خوشياقمىغان ئىدى. چالا ـ بۇلا قىلغان دۇئالىرىنى تېزلا تۈگىتىشتى ۋە مومىسى يەنە ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلىدى، ئىككى قولتۇقىدىن ئىككىيلەن يۆلەپ ئېلىپ مېڭىشتى. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدە قالدىم ۋە بېشىمنى تام ۋە چاتقاللىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ خاتىرجەم ھالدا ئۇلارغا سەپسالدىم: كۈلكىلىك مەنزىرە: فارۇق دېگەن ئۇ پور كۆتەك بىر تەرەپتە، تاغام بولمىش پاپا يەنە بىر تەرەپتە كېتىپ باراتتى، مومىلىرى قارا كىرلىككە ئوخشايدىغان غەلىتە پەلتونىڭ ئىچىدە كىيىم ـ كېچەكلىرى جىق كېلىپ قالغان ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ كۈلمىدىم، بەلكىم قەبرىستانلىقتا بولغاچقا ئەيمەندىم، نىلگۈن، مەن ساڭا ۋە بېشىڭغا بىر چىرايلىق ياراشقان ياغلىققا قارىدىم، ئاندىن ئىنچىكە پاچاقلىرىڭغىمۇ قارىدىم. غەلىتە ئىش: چوڭ بوپسەن، چوپچوڭ، چىرايلىق بىر قىز بوپ كېتىپسەن، لېكىن پاچاقلىرىڭ ھېلىھەم تاياقتەك.

سىلەر ماشىنىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سىلەرنى باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ مۈكۈۋالغان يېرىمدىن چىقتىم ۋە ئۇ جىمجىت قەبرىلەرنىڭ تۈۋىگە بېرىپ قاراپ باقتىم: ئاۋۇ بوۋاڭلار، ئاۋۇ ئاناڭلار ۋە داداڭلار، مەن پەقەت داداڭلارنىلا كۆرۈپ باققان، ئېسىمگە كەلدى: بىز باغدا ئويناۋاتقاندا، دەرىزىسىنىڭ قاپقاقلىرى ئارىسىدىن بەزىدە بېشىنى چىقىرىپ مېنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرەتتى، مەن بىلەن ئوينىغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بىر نەرسە دېمەيتتى. ئۇنىڭغا ئاتاپ فاتىھە ئوقۇدۇم، ئاندىن ھېچ ئىش قىلماستىن، ئاپتاپتا قاق بولغاچ ۋە تومۇزغىلارنىڭ جىرىلداشلىرىنى ئاڭلىغاچ بىردەم تۇردۇم، كالللامغا غەلىتە ئىشلار كېلىشكە باشلىدى، سىرلىق ۋە غەلىتە خىياللار، شۈركۈندۇم، كالللام قالايمىقانلاشتى، تاماكا چەككەندەك بولدۇم. ئاندىن قەبرىستانلىقتىن چىقىپ ماڭدىم، قايتىپ بېرىپ ئۈستەل ئۈستىدە ئوچۇق پېتى تاشلاپ قويغان ماتېماتىكا دەرسىمنى داۋاملاشتۇرۇشىم كېرەك، چۈنكى بىر سائەت بۇرۇن

ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئىدىم، دەرىزىدىن شۇنداق قارىسام، سىلەر ئاق رەڭلىك «ئانادول»غا ئولتۇرۇپ دۆڭگە چىقىۋېتىپسىلەر، ئاراڭلاردا موماڭلارمۇ بولغاچقا سىلەرنىڭ قەيەرگە كېتىپ بارغانلىقىڭلارنى بىلدىم، قەبرىستان ۋە ئۆلۈكلەر ئېسىمگە كېلىۋېدى، كاللامغا زادى كىرمەيۋاتقان نېرۋا بۇزغۇچى، پەلپەتىش ماتېماتىكا كاللامغا تېخىمۇ كىرمەس بولدى، شۇنىڭ بىلەن بېرىپ قاراپ باقاي، دېدىم، قەبرىستاندا نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردەم كاللامنى سەگىتىپ كېلىپ ئاندىن ئىشلەرمەن، دېدىم؛ ئانامنى بىكاردىن-بىكار قاخشاتماي دەپ دەرىزىدىن چىقتىم، يۈگۈرگەن پېتى كەلدىم ۋە سىلەرنى كۆردۈم، ئەمدى ئوچۇق پېتى قالغان ماتېماتىكا كىتابىمنىڭ يېنىغا قايتماقتىمەن.

توپا يول ئاخىرلاشتى، ئاسفالت يولغا چىقتىم. يېنىمدىن ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بىر، ئىككى قېتىم ئىشارەت قىلدىم، لېكىن ئاستىدا بۇنداق ماشىنىسى بولغان كىشىلەردە ۋىجدان قالمىغان ئىدى: مېنى كۆرمەي، ئەڭ تېز سۈرئەتتە دۆڭدىن غۇيۇلداپ چۈشۈپ كېتىپ بېرىشاتتى. بىر چاغدا تاھسىنلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. تاھسىن ئانىسى بىلەن ئارقا تەرەپتە مەشغۇل ئىدى، دادىسى سايىۋەنىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ گىلاس سېتىۋاتاتتى، ئۇمۇ خۇددى مېنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى. مەن ئېسىل ماشىنىسىنى سائىتىگە يۈز كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ھەيدەپ ماڭغان ۋە تۈيۈقسىزلا تورمۇزغا دەسسەپ، كىلوسىنى 80 لىرادىن بەش كىلو گىلاسنى گاچچىدە ئالىدىغان بىرسى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. شۇنداق، پۇلدىن بۆلەك بىر نەرسىلەرنى خىيال قىلىدىغان بىر مەن قالغان ئوخشايمەن، دېمەكچى ئىدىم، لېكىن خەلىلنىڭ ئەخلەت ماشىنىسىنى كۆرۈپ خۇش بوپ كەتتىم. تۆۋەن تەرەپكە كېتىپ باراتتى، قول پۇلاڭلاتتىم، توختىدى، چىقتىم.

ــ داداڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ــ دېدى.

ــ نېمە ئىش قىلاتتى؟ــ دېدىم، ــ لاتارىيە!

ــ نەدە ساتىدۇ؟

ــ ئەتىگەنلىرى پويىزدا.

ــسەنچۇ؟

ــ مەن تېخى ئوقۇۋاتىمەن؟ــ دېدىم؟ــ بۇ يۈك ماشىنىسى ئەڭ تېز بولغاندا قانچە كىلومېتىردىن ماڭالايدۇ؟

ــ سەكسەن!ــ دېدى؟ــ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ــ كۆڭلۈم پاراكەندە؟ــ دېدىم؟ــ بىر ئاز ئايلاندىم.

ــ سېنىڭ كۆڭلۈڭ مۇشۇ يېشىڭدا پاراكەندە بولغىلى تۇرغان بولسا...

كۈلۈشتى. بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا تورمۇزغا دەسسىمەكچى بولۇۋېدى،

ــ ياق،ــ دېدىم،ــ تۆۋەن مەھەللىدە چۈشىمەن.

ــ نېمە بار ئۇ يەردە؟

ــ بىر ئاغىنەم بار، سەن تونۇمايسەن.

ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىچە ئوچۇق دەرىزەمگە قارىدىم. دادام چۈشتىن كېيىن قايتىپ كەلگۈچە يېنىپ كېلەرمەن. مەھەللىگە كىرىپلا ماشىنىدىن چۈشتۈم، خەلقلەر مېنى بىكار تەلەت، لالما دەپ قالمىسۇن دەپ تېز-تېز ماڭدىم. تاكى پىرىستانغىچە باردىم، ئىسسىقتا چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن بىردەم ئولتۇردۇم، دېڭىزغا باقتىم، بىر كاتېر تېز سۇرئەتتە كەلدى، پىرىستانغا بىر قىزنى چۈشۈرۈپ قويۇپ كەتتى. ئۇ قىزغا قاراپ سېنى خىيال قىلدىم نىلگۈن: قوللىرىڭنى ئاللاھ ئۈچۈن قانداق كۆتۈرگەنلىكىڭنى ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆردۈم: ئاجايىپ ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك. كىتابتا يېزىلغان: پەرىشتىلەر باردۇر. ئاندىن ئويلىدىم: شەيتانمۇ باردۇر. باشقا نەرسىلەرمۇ. بۇلارنى گويا قورقۇش ئۈچۈن خىيال قىلغاندەك قىلاتتىم؛ قورقاي،شۈركىنەي، گۇناھ تۈيغۇسىغا چۆمۈلەي ۋە يۈگۈرگەن پېتى دۆڭگە چىقىپ ئۆيگە قايتاي، ماتېماتىكا دەرسىمنى ئۆگىنەي دەپ، لېكىن دېمىسىمۇ بىردەمدىن كېيىن بىرىپ ئۆگىنىمەن: ھازىر بىردەم ئايلىناي. ماڭدىم.

ساھىلغا كېلىپ ئادەمنى دۆتتەك ھېس قىلدۇرىدىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنى ئاڭلاپ ۋە ئۇ يەردە مىغىلداپ يۈرگەن گۆش دۆۋىلىرىنى كۆرۈپ يەنە خاتالىقنى، گۇناھنى، شەيتاننى خىيال قىلدىم. قىمىرلىشىپ يۈرگەن گۆش دۆۋىسى: تۇرۇپ-تۇرۇپ بۇ گۆش دۆۋىسىنىڭ ئارىسىدىن ئالا-بۇلماچ بىر توپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كېيىن يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ يوقاپ كېتىدۇ؛ خۇددى پۈتۈن بۇ خاتالىقلار ۋە گۇناھلاردىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولۇۋاتقاندەك، لېكىن ئاياللار ئۇنى قويۇپ بەرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۈستى يۆگىمەچلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن سىم توساقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇ يەردىكىلەرگە ۋە ئاياللارغا تېخىمۇ بەكرەك قاراشقا باشلىدىم. قىززىق ئىش: بەزىدە ئەسكى ئىش قىلغۇم كېلىپ كېتىدۇ، نومۇس قىلىمەن، بىر يەرلىرىنى ئاغرىتسام ماڭا دىققەت قىلىشار، دەيمەن: ھەم شۇنىڭ بىلەن جازاسىنى بەرگەن بولىمەن، ھېچكىم شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەس ۋە بەلكىم ئۇ چاغدا ھەممىسى مەندىنلا قورقىدىغان بولار. بۇ مۇنداق بىر تۈيغۇ: تاياق ئىزىدىن گۈل ئۈنەر. كېيىن خىجىل بولدۇم، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتىمەن، خىجىللىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن سېنى خىيال قىلدىم نىلگۈن. سەن گۇناھسىزسەن. كىشىنى سېھىرلەيدىغان كىشىلەر توپىغا قاراي بىردەم، ماتېماتىكىغا سەل تۇرۇپ قايتارمەن، دەپ تۇرسام،

ــ سەن نېمىگە قاراپ تۇرىسەن بۇ يەردە؟ــ دېدى ساھىلغا قارايدىغان گۈي.

ــ قارىغانغا باج ئالامتىڭ؟ــ دېدىم.

ــ كىرگۈك بولسا ئاۋۇ يەردىن بىلەت ئال!ــ دېدىــ سۇ ئۇزۇش كېيىمىڭ ۋە پۇلۇڭ بولسا...

ــ بولدىــ دېدىمــ كېرەك يوق. كەتتىم مانا.

كەتتىم. پۇلۇڭ بولسا، پۇلۇڭ بولسا، قانچە پۇل: فاتىھەنىڭ ئورنىغا ھازىر بۇنى ئوقۇيدىغان بولۇشتى: شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك ئىكەنكى، بەزىدە ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلىمەن: ئادەملەرنىڭ يېرىمى رەزىل، قالغان يېرىمى دۆت. بۇ كىشىلەر تۇپىنى ئويلىغانسېرى كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ، ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى بىزنىڭ باللار باركەن، ئۇلار بىلەن يۈرسەم ئارىلاشتۇرۇپ قويمايمەن؛ خاتالىق بىلەن گۇناھنى، ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىيالايمەن ۋە قورقمايمەن: نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ياخشى بىلەلەيمەن. ئاندىن بىزنىڭ باللارنىڭ تونۇگۈن ئاخشام قەھۋەخانىدا چاكال، چاكال، دەپ مېنى مازاق قىلىشقانلىقى ئېسىمگە كەلدى ۋە خۇيۇم تۇتتى. بوپتۇ. قىلىشمىز زۆرۈر بولغان ئۇ ئىشلارنى ئۆزۈم يالغۇزمۇ قىلالايمەن ئەپەندىلەر، ئۇ يولدا ئۆزۈم يالغۇزمۇ يۈرەلەيمەن، چۈنكى مەن بىلىمەن. ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن.

ماشا ـ ماشا سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن نىلگۈن، بىلمەي قاپتىمەن، ئۈستى يوسۇن تۇتۇپ كەتكەن كونا تامنى كۆرۈپ ئېسىمگە كەلدى. ھويلاڭلارنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق ئىدى. ماڭدىم، يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئولتۇردۇم، ئۆيۈڭلارنىڭ دەرىزىسىگە، تاملىرىغا قارىدىم، سېنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭغا قىزىقتىم، بەلكىم تاماق يەۋاتقانسەن، بىشىڭدىكى ياغلىق بەلكىم تېخىچە باردۇر، ۋە بەلكىم چوشلۇك ئۇيقۇغا ياتقانسەن. قولۇمغا بىر تال چىۋىق ئېلىپ ئاسفالت يولنىڭ بىر چېتىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە يۈزۈڭنى سىزدىم. سېنىڭ يۈزۈڭ ئۇخلىغاندا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. يۈزۈڭگە قارىسام مەن خاتالىقنى، ئۆچمەنلىكنى ۋە كانىيىمغىچە كۆمۈلۈپ كەتتىم دەپ قارايدىغان گۇناھنى ۋە دانخورەكلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىمەن ۋە مېنىڭ نېمە گۇناھىم بولماقچىدى، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇلاردەك بولمىسام ـ يا، مەن دېگەن ساڭا ئوخشايمەن، ئىشەنچىم كامىل. ئاندىن ئويلىدىم: باغقا ئوغرىلىقچە كىرسەم، پاپىغا كۆرۈنمەستىن ئاۋۇ دەرەخكە ۋە ياندىكى كېرەكسىز نەرسە ـ كېرەك دۆۋىسىگە دەسسەپ تامغا ياماشسام، ئاندىن ئوچۇق تۇرغان دەرىزىدىن مۇشۇكتەك ھوجراڭغا كىرسەم ۋە سېنىڭ مەڭزىڭگە سۆيسەم: سەن كىم؟ مېنى تونۇمىدىڭمۇ، مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئويناپتىتۇق، سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن تونۇيدىغان ئاشۇ ھاكاۋۇر ئەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن سېنى! بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى: قۇم ئۈستىدىكى چىرايىنى پۇتلىرىم بىلەن بۇزدۇم ۋە بۇ

پەلىپەتىش خىياللاردىن ئىچىم پۇشۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەي دەپ تۇرىۋىدىم كۆزۈم چۈشۈپ قالدى:

نىلگۈن ئۆيدىن چىقىپ باغ ئىشىكىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ھەممە ئىشنى خاتا چۈشىنىدۇ بۇ خەقلەر، ھەممە ئىشنى يامانغا بۇرىشىدۇ. دەرھال سەل ئۇزاقلاشتىم، ئىشىككە ئارقامنى قىلىۋالدىم. ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇرۇلدۇم: باغنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىپ بارسەن، نەگە؟ قىزىقتىم، پىيىگە چۈشتۈم.

ماڭغاندا ئۆزىنى ئىككى تەرەپكە تاشلاپ بىر مېڭىشى بار: ئەركىشىدەك. يۈگۈرۈپ بېرىپ مۈرىسىگە قولۇمنى تەگكۈزسەم؛ مېنى تونۇمىدىڭمۇ نىلگۈن، مەن ھەسەن، كىچىك چېغىمىزدا سىلەرنىڭ باغدا، مەتىنمۇ بارتى، ئوينايتتۇق، بىلىق تۇتاتتۇق.

دوقمۇشقا كەلگىچە كەينىگە قارىمىدى، كېتىپ باردۇ: ساھىلغا كېتىپ بارامسەن، سەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرمەكچىمۇ؟ ئاچچىقىم كەلدى، لېكىن ئەگىشىپ مېڭىۋەردىم. شادا پاچاق، ئەجەپ تېز كېتىپ بارىدۇ دېسە، نېمىگە بۇنچە ئالدىرايدىغاندۇر، بولمىسا بىرسى كۈتۈپ تۇرامدۇ ـ يا؟

ساھىلدە توختىمىدى، قايرىلدى، دۆڭگە قاراپ ماڭدى. سېنى ساقلاپ تۇرغان ئادەمنى پەرەز قىلىشقا باشلىدىم. بەلكىم ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقارسەن، بەلكى كاتىپىرىمۇ باردۇر: قايسىدۇر دەپ قىزىقىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئەگىشىپ كېلىۋاتىمەن، چۈنكى باشقىلاردىن پەرقىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن.

تۈپۈقسىز بىر باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ غايىپ بولدى. باققالنىڭ ئالدىدا بىر ماروژنىچى بالا بار؛ پاكىنەكنى تونۇيمەن، خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ يىراقتا ساقلاپ تۇردۇم. مەن بايىلارغا غالچىلىق قىلىشنى ياقتۇرمايمەن.

بىر ئازدىن كېيىن نىلگۈن چىقتى ۋە ئۇدۇل ماڭماي ئارقىغا ياندى، كەلگەن يولدىن مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى، مەن دەرھال ئارقامنى قىلىپ ئېگىلىپ ئاياغ بوغقۇچلىرىمنى چەككەن بولۇۋالدىم. قولىدا بىر خالتا كۆتۈرگەن پېتى ماڭا يېقىنلاشتى، يېقىنلىشىپ ماڭا لەپپىدە قارىدى، خىجىل بولۇپ كەتتىم.

ــ مەرھابا ــ دېدىم ۋە ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ مەرھابا ھەسەن ــ دېدى ــ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ــ بىردەم جىم تۇرىۋالدى ــ سېنى تونۇۋالدىم، كەلگىچە يولدا كۆرگەن ئىدۇق، ئاكام تونۇۋالدى، چوڭ بولۇپ، بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسەن. نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ــ بىردەم جىم بولدى ــ ھېلىمۇ يۇقىرى تەرەپتە ئىكەنسىلەر، تاغاڭ دەپ بەردى، داداڭ لاتارىيە سېتىۋېتىپتۇ ــ يەنە بىر دەم جىم تۇرۇۋالدى ــ سەنچۇ، نېمە ئىش بىلەن، گەپ قىلىساڭچۇ، قانچىگە كۆچتۈڭ؟

ــ مەنمۇ؟ــ دېدىمــ مەن بۇ يىل ساقلاۋاتىمەنــ دېيەلىدىم ئاخىرىدا.
ــ نېمىنى؟
ــ سەن دېگىنىزغا ماڭغانمىتىڭ نىلگۈن؟
ــ ياقــ دېدىــ دۇكاندىن كېلىشىم. مومامنى قەبرىستانغا ئاپاردۇق. ئىسسىقتا بىر ئاز ئۆزگىرىپ قالدى، كولونيا① ئالدىم.
ــ دېمەك ساھىلغا بارمايسەن، شۇنداقمۇ؟
ــ ئادەم بەك جىقكەنــ دېدىــ ئەتىگەندە ھېچكىم يوق چاغدا بېرىۋاتىمەن.
بىردەم ئۈن-تىنسىز تۇرۇشتۇق. كۈلۈمسىرىدى، مەنمۇ كۈلدۈم ۋە چىرايىنىڭ يىراقتىن باققانغا قارىغاندا باشقىچە ئىكەنلىكىنى خىيال قىلدىم. دۆتتەك تەرلەپ كېتىۋاتاتتىم. ئىسسىقتىن دەپ بىلەر. زۇۋان سۈرمەي تۇردۇم. بىر قەدەم ئالدى.
ــ ماقۇل ئەمسەــ دېدىــ داداڭغا سالام ئېيت، بولامدۇ؟
قولىنى ئۇزاتتى، قول سىقىشتۇق. قولى يۇمشاق ۋە يېنىك ئىدى. مەن تەرلەپ كەتكەن قولۇمدىن خىجىل بولدۇم.
ــ خوش، ئەمسەــ دېدىم.
كەتتى. كەينىدىن قارىمىدىم. بەك مۇھىم ئىشى بار ئادەملەرگە ئوخشاش، مەنمۇ بىر يەرگە قاراپ چوڭقۇر خىياللار ئىچىدە ماڭدىم.

# تۇققۇزىنچى باب

قەبرىستانلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، مومام بىز بىلەن پەستە تاماق يېدى، ئاندىن تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ قالدى. لېكىن ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوقتى. بىز نىلگۈن بىلەن كۆلۈشۈۋاتاتتۇق، بىرگە سەت ئالىيىپ قارىدى، بىردەمدىن كېيىن بىشى ئالدىغا ساڭگىلاپ قالدى. قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتۇق، نىلگۈن ئېلىپ كەلگەن كولونيانى بىلەكلىرىگە، چېكىلىرىگە سۈردۇق. ئاندىن مەن ھوجرامغا كىردىم، تاماقتىن كېيىنكى تۈنجى تاماكامنى چەكتىم. مومامنىڭ ئەھۋالىنىڭ قورققۇدەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئاپتاپتا قالغان «ئانادول» نى ھەيدەپ يولغا چىقتىم. چوڭ يول بىلەن ماڭماي، دارىجا يولى بىلەن ماڭدىم، بۇ يولغا مىڭبىر مۈشەققەتتە ئاسفالىت ياتقۇزۇشقانىدى. گىلاس ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ بەزىلىرى تېخىچە ئەسلى ئورۇنلىرىدا ئىدى. بالىلىق چاغلىرىمىزدا بۇ يەرلەرگە ئاتالمىش قاغا ئۇۋلاش ئۈچۈن ياكى ئايلىنىشقا كېلەتتۇق. مەن كارۋانساراي دەپ قالغان يەر تېخىمۇ تۆۋەن تەرەپلەردە بولسا كېرەك. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە يېڭى مەھەللىلەر بەرپا قىلىنىپتۇ، قىلىنىۋېتىپتۇ. دارىجادا يېڭى بىر نەرسە كۆرمىدىم: ئۇن يىللىق بىر ئاتا تۈرك ھەيكىلى!

گەبزەدە ئۇدۇل ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە كىردىم. جىق ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئىككى يىل بۇرۇن، بۇ ئۈستەلدە ھاياتتىن زېرىككەن بىرى بار ئىدى، ئەمدى بولسا توختىماي قولىنى مىدىرلىتىپ تۇرىدىغان بىر ياش. ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىن پىلانلىۋالغىنىم بويىچە سومكامدىن فاكۇلتېتىمىز نەشىر قىلغان دوتسېنتلىق ئىلمىي ماقالامنى چىقىرىپ كۆرسىتىشىمگە، ئارخىپىمنىڭ ئاللىبۇرۇن تىزىملىنىپ بولغانلىقىنى، ياكى دادامنىڭمۇ بۇرۇن ھاكىم بولغانلىقىنى دەپ ئولتۇرۇشمىغا كېرەك قالمىدى. بىر ئادەمنى چاقىرتىپ، مېنى ئۇنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە تونۇشۇپ قالغان رىزانى ئىزدىدۇق، تاپالمىدۇق، دورا بۆلۈمىگە كېتىپتۇ. ئۇ كەلگۈچە بازاردا بىردەم ئايلىناي دەپ يېنىپ چىقتىم.

كاشتان دەرىخىنىڭ شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئارىلىقتىن بازارغا چىقتىم. ئاۋۋال تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم. كوچىلاردا ئىنسى ــ جىن يوق. بىر ئىت ئاسفالىت يولدا لاغايلاپ يۈرەتتى، تۆمۈرچى دۇكىنىدا بىر ئادەم گاز تۇڭىنى كوچىلاپ ئولتۇراتتى. مەدەنىيەت بويۇملىرى

دۇكىنىنىڭ دەرىزىسىگە قاراپمۇ قويماستىن قايتتىم، دۇكان ئالدىدىكى تار لەمپىلەرنىڭ ئاستىدا تاكى جامە كۆرۈنگىچە ماڭدىم. ئاندىن كەينىمگە ياندىم، بىرىپ كىچىك مەيداندىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردۇم، ئۇيقۇم قاچسۇن دەپ چاي ئىچتىم، قەھۋەخانىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان رادىيوغا قۇلاق سالغاچ ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم ۋە ھېچكىم ماڭا دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ ئازادىلىك ھېس قىلدىم.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قايتىپ كەلگىنىمدە رىزا كەلگەنىكەن، مېنى كۆرۈپلا تونۇدى، خۇش بولدى. ئۇ ئاچقۇچىنى تېپىپ بولغۇچە مەن بىر ئىلتىماس يېزىپ تاپشۇرۇۋەتتىم. بىللە پەسكە چۈشتۇق. ئىشىكنى ئاچتى، توپا-چاڭ ۋە زەي ھىدى گۈپپىدە بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئۈستەل-ئورۇندۇقلىرىنىڭ توپىسىنى سۈرتكىچە بىردەم گەپ سېتىشتۇق. رىزا مېنى يالغۇز قويۇپ چىقىپ كەتتى.

گەبزە ئارخىپخانىسىدا ئانچە كۆپ بىر نەرسە يوق ئىدى. بار يوقى شۇ ناھىيىدە قېپقالغان ۋە بىر قانچە كىشىلا بىلىدىغان قىسقا بىر مەزگىلگە ئائىت نەرسىلەر ئىدى. ئۇ چاغلاردىن قالغان ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنچە شۇ دەۋردىكى ئىسمى ئىزمىت بولغان يەرگە ئەۋەتىۋېتىلگەنىدى. بۇ يەردىكى ساندۇقلارنىڭ ئىچىدە ئۇنتۇپ كېتىلگەن پەرمانلار، ئۆي خېتى تىزىملىكلىرى، مەھكىمە خاتىرىلىرى، دەپتەرلەر ئارىلاش، ئۈست-ئۈستىگە تاشلانغان پېتى تۇراتتى. ئوتتۇز يىل بۇرۇن، كەسپىنى سۆيىدىغان ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئاشقۇن مىللەتچىلىكنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ پىشقان بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بۇلارنى رەتلەپ چىقماقچى بولغان، لېكىن كېيىن زېرىكىپ تاشلاپ قويغان ئىكەن. ئىككى يىل بۇرۇن، مەن ئۇنىڭ چالا تاشلاپ قويغان ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانىدىم، ئەمما بىر ھەپتىدىلا سالپىيىپ قالغان ئىدىم. ئارخىپچى بولۇش ئۈچۈن، تارىخچى بولۇش ئۈچۈن كېرەك بولغاندىنمۇ كۆپرەك كەمتەر بولۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئازراق قەغەز ـ قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ قويۇپلا، بۇنداق كەمتەرلىككە كۆنەلەيدىغان كىشى كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ئوقۇتقۇچىمۇ ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئىدى؛ ئارخىپخانىدا ئۆتكۈزگەن قىسقىغىنە شۇ مەزگىلنى دەرھال بىر كىتاپ قىلىپ يېزىپ چىقىپ پايدىلىنىشقا ئالدىراپ كەتكەنىدى. ئوقۇتقۇچىم ئۆز ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە گەبزەدىكى تونۇشلىرىدىن باشقا گەبزەنىڭ تارىخي قۇرۇلۇشلىرى، شۇنداقلا مەشھۇر كىشىلىرى ھەققىدە توختالغان بۇ كىتابچىنى سەلما بىلەن جىدەللىشىپ قالغان كۈنلەردە پىۋا ئىچىپ كۆڭۈل ئاچقاچ ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە. كېيىن بۇ كىتاب توغرۇلۇق فاكۇلتېتتىكى بەزى ساۋاقداشلارغا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم ۋە ھەممىسى ماڭا خۇددى دېيىشىۋالغاندەك قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ياق، گەبزەدە بۇنداق ھۆججەتلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! مەن

لام-جىم دېمىگەن ئىدىم، ئۇلار بولسا ماشا گەبزەدە ئارخىپخانىنىڭمۇ بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكەن ئىدى.

مۇتەخەسسىسلەر بۇنداق بىر يەر يوق دەپ ئىشەنگەن بىر يەردە ئىشلەش، ماشا باش مىنىستىر ئارخىپخانىسىدىكى قىزغانچۇق خىزمەتداشلار بىلەن بىللە ئىشلەشتىن بەكرەك ھۇزۇرلۇق تۇيۇلاتتى. سارغىيىپ، كۆكىرىپ كەتكەن، پۈرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتكەن قەغەز پارچىلىرىنى پۇرىغاچ ھۇزۇرلىنىپ ۋاراقلاۋاتىمەن. ئوقۇغانسېرى، بۇ قەغەزدىكىلەرنى يازغان، يازدۇرغان ۋە ھاياتى بۇ نەرسىلەرگە باغلىنىپ ئۆتكەن كىشىلەرنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئارخىپخانىغا بەلكىم ئۆتكەن يىلقى ۋابا كېسىلىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بۇ ھۇزۇر ئۈچۈن كەلگەندىمەن. ئۆگۈپ كەتكەن قەغەز دۆۋىلىرى ئوقۇلغانسېرى ئاستا-ئاستا ئېچىلىشقا باشلايدۇ. ئۇزۇن بىر كېمە سەپىرىدىن كېيىن، يول بويى سىزنىڭ دېمىڭىزنى سىققان تۇمان سۈزۈلۈپ، قۇرۇقلۇق دەرەخلىرى، تاشلىرى ۋە قۇشلىرى بىلەن تۇيۇقسىزلا سىزنى ھەيران قالدۇرۇپ كۆز ئالدىڭىزدا نامايەن بولغىنىدەك، ئوقۇغانسېرى ئېچىلىۋاتقان قەغەزلەر ئارىسىدىن بىر-بىرىگە ئىرماش، چىرماش بولۇپ كەتكەن مىلىيونلىغان تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە ھېكايىلەر بىردىنلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ھۇزۇرلىنىپ، تارىخنىڭ خىيالىمدا جانلىنىشقا باشلىغان بۇ رەڭگارەڭ، قىسمەتلەرگە باي نەرسىنىڭ نەق ئۆزىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىگە جەزىم قىلىمەن. بۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەر، دېسە سۆزلەپ بېرەلمەيمەن. ئۇزاققا قالماي، ئۇ نەرسە دېمىسىمۇ كەينىدە غەلىتە بىر تەم قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىشتىن قورقىمەن ۋە ئۇ كېتىپ قالغان نەرسىنى يېڭىباشتىن خىيال قىلغۇم كېلىپ قالىدۇ. تاماكا چەككەچ ئۇنى قايتىدىن تېپىۋالسام دەيمەن، لېكىن ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، بۇ يەردە تاماكا چېكىشمۇ چەكلەنگەن.

بىر مەھكىمە خاتىرىسىنى ئوقۇۋېتىپ، بۇ خىل تۇيغۇنى بەلكىم ئوقۇغانلىرىمنى خاتىرىلەپ ماڭسام تاپالارمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. سومكامدىن دەپتەر ئېلىپ يېزىشقا باشلىدىم. جالال ئىسىملىك بىرى، مەھمەتنىڭ ئۆزىنى تىللىغانلىقىنى داۋا قىلىپتۇ. «كالا كومشا قەلەندەر» دەپ تىللاپتۇدەك! قازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تىنىۋالغانمىش. جالالنىڭ « ھەئە، تىللىدى!» دېگەن ھەسەن ۋە قاسىم ئىسىملىك گۇۋاھچىلىرى بار. قازى مەھمەتنى قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ. مەھمەت ئىچەلمەپتۇ. جېبىلاسى ئۆچۈرىۋېتىلىپتۇ، يازماي قويدۇم. كېيىن ھەسەن ئىسىملىك بىرسىنىڭ ئابدى ئىسىملىك بىرسىنى ئۆزىگە ۋەسى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى ئوقۇپ يېزىۋالدىم. ئاندىن رۇس نەسلىدىن بولغان دىمىترى ئىسىملىك بىر قۇلنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى خاتىرىلىۋالدىم. ئىگىسى تۇزلالىق ۋەلى بەي ئىسىملىك بىرسى

بولۇپ، دىمىتىرىنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپتۇ. بىر سىيرنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ھەپسىگە سولانغان يۇسۇپ ئىسىملىق بىر چوپاننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى ئوقۇدۇم. سىيرنى يا ساتقىنىنى، يا ئۆلتۈرۈپ يېگەنلىكىنى تىلغا ئالماپتۇ. يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئاخىرىدا قېرىندىشى رامىزان كېپىل بولۇپ ھەپسىدىن چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پەرماننى ئوقۇدۇم. نىمشقىكىن بۇغداي قاچىلانغان بەزى كېمىلەرنىڭ گەبزە پورتلىرىدا، تۇزلا ياكى ئەسكەھسارىدا توختىتىلماستىن ئۇدۇل ئىستانبۇلغا بېرىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنىدى. ئىبراھىم ئىسىملىك بىرى، « ئىستانبۇلغا بارمايدىغان بولسام، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق بولۇپ كەتسۇن» دەپتۇدەك. ئىستانبۇلغا بارمىغانلىقى ئۈچۈن خوتۇنى فاتىمە ئۆزىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئەمرىدە ئەمەسلىكىنى داۋا قىلغانمىش، ئىبراھىم بولسا، ئىستانبۇلغا بارمىغانلىقىنى، لېكىن باردىغانلىقىنى، ئۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارغان بىلەن ئېنىق بىر سۇرۇك بەرمىگەنلىكىنى دەپ تۇرىۋالغانمىش. كېيىن خاتىرىلەنگەن ئاقچا مىقدارىغا قاراپ، غوجىدارلارغا تۆلەنگەن ئىجارە ھەققىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ باقاي دېۋىدىم، لېكىن ئېنىق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. بۇ ئارىلىقتا بىر تۆگمەننىڭ، باغنىڭ، قورۇنىڭ، زەيتۇنلۇقنىڭ يىللىق كىرىمىنى دەپتىرىمگە خاتىرىلىۋالدىم، بۇلارنى كۆچۈرگەچ ئۇ تۇپراقلارنى كۆرگەندەك بولدۇم، لېكىن، بەلكىم ئۆزۈمنى ئالداۋاتقاندىمەن. ئاندىن ئوغۇرلۇقتا ئائىت يازمىلارنى ئوقۇدۇم ۋە ھېچنېمىنى چۈشەنەلمىگەنلىكىمنى ئويلاپ تالاغا چىقتىم.

كارىدوردا تاماكا چېكىۋېتىپ، ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە خاتىرىلىرىنى ئوقۇغان ۋابا كېسىلى ھەققىدىكى ئالاقىدار مەلۇماتلارنى ئىزلەپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا، خالىغان باشقا ھېكايىلەرنى ئىزلىسەممۇ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. ئۆزۈمدىن مەن ئىزلىمەكچى بولغان ھېكايىنىڭ قانداقراق بىر نەرسە بولۇشى كېرەكلىكىنى سورىدىم. لېكىن بۇ سوئال ئادەمنىڭ جېنىنى قىينايتتى، باشقا نەرسىنى خىيال قىلاي دېدىم، چۈنكى تارىخ، ھېكايە ئەمەس ئىدى. بىر تارىخ كىتابىنى ھېكايە ياكى رومانىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە، پەقەت ئاستىدىكى ئىزاھاتلارلا ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا نېمە؟

كارىدورنىڭ بىر ئۇچىدىكى دەرىزىدىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئۆيىنىڭ تېمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئادەمنى كەينىدىكى نەرسىلەرگە قىزىقتۇرغان بۇ تامنىڭ ئالدىدا بىر يۈك ماشىنىسى تۇراتتى، كەينى چاقلىرىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمەن. تاماكامنى چېكىپ تۈگەتتىم، كۆتىكىنى قىزىل رەڭلىك ئوت ئۆچۈرۈش چېلەكىنىڭ ئىچىدىكى قۇمغا تىقىۋېتىپ ئىچىگە كىردىم.

ئەتىھەم ئىسىملىك بىرىنىڭ قاسىمنىڭ ئۈستىدىن قىلغان ئەرزىنى ئوقۇدۇم: ئەتىھەم قاسىم يوق چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. قاسىم

ئۆزىنىڭ راستىنلا كىرگەنلىكىنى، لېكىن، پەقەت ئازراق تاتلىق ـ تۇرۇم ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى ۋە ئاز مىقداردا ياغ ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ. يەنە باشقا ئىككى كىشى بولسا بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ساقلىنى تارتقانلىقىنى دەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جافەر بىلەن ئەخمەتكە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئۈچۈن تارتۇق قىلىنىپ بېرىلگەن گەبزەدىكى يېزىلارنىڭ ئىسمىلىرىنىمۇ يېزىۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، كەۋسەر بىلەن كەزبان ئىسىملىك ئىككى ئايالنىڭ پاھىشىلىك قىلغانلىقى ھەققىدە مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ قىلغان ئەرزىنى ئوقۇدۇم. داۋاگەرلەر ئۇلارنىڭ مەھەللىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. كەينىدىن كەۋسەرنىڭ بۇ ئىشنى بۇرۇنمۇ قىلغانلىقى ھەققىدە ئەلىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنىمۇ ئوقۇپ يېزىۋالدىم. ساتقۇن ئىسىملىك بىرىنىڭ بىر قەلەندەردىن يىگىرمە ئالتۇن ئېلىشى بار ئىكەن، لېكىن قەلەندەر قەرزىدىن تېنىۋاپتۇ. مەلەك ئىسىملىك بىر قىز ھۆر بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ، رامىزان تەرىپىدىن ناھەق ھالدا باھاتتىن بەيگە سېتىۋېتىلگەنلىكىمۇ بار ئىدى.

ئاندىن بۇلارنىمۇ يېزىۋالدىم: مۇھەررەم ئىسىملىك بىر بالا ھەپتىيەك ئوقۇش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دادىسى سىنان، ئۇنى رەسۇل بىلەن تۇتىۋالىدۇ، بۇ دادا، رەسۇلنىڭ ئوغلىنى ئازدۇرغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ سوراقلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇل، مۇھەررەمنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزى كەلگەنلىكىنى، بىللە تۈگمەنگە بارغانلىقىنى، قايتاشىدا مۇھەررەمنىڭ ئەنجۈر يىغىمەن دەپ باغدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. چىسلالىرىنىمۇ دەپتىرىمگە يېزىۋالغاندىن كېيىن، تەخمىنەن تۆت يۈز يىل بۇرۇن، بىر بالىنىڭ چۈشلىرىگە كىرگەن ئەنجۈرنىڭ ۋە ئەنجۈرلەرنى چۈشىگەن بالىنى چۈشىگەن رەسۇلنىڭ قانداقراق نېمىلەر ئىكەنلىكىنى خىيال قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراقچىلىق قىلىشقا باشلىغان بىر ئاتلىق ئەسكەرنىڭ تۇتۇلۇشى، مەيخانىلارنىڭ دەرھال تاقىلىشى ۋە شاراب ئىچكەنلەرنىڭ جازاغا تارتىلىشى ھەققىدىكى ئەمرلەرنى ئوقۇپ يېزىۋالدىم، ئۇنىڭدىن باشقا بۇلارنىمۇ ئوقۇپ يېزىۋالدىم: ئوغۇرلۇقلار، تىجارەتتىكى كېلىشەلمەسلىكلەر، بۇلاڭچىلار، تويى قىلىپ ئاجرىشىشلار...بۇ ھېكايىلەر نېمە ئىشقا يارار بولغىيتتى؟ لېكىن بۇ قېتىم تاماكا چېكىش ئۈچۈن كارىدورغا چىقمىدىم. ھېكايىلەرنىڭ بىرەر ئىشقا يارايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشقاچ دەپتىرىمگە گۆش باھاسىغا ئالاقىدار بىر دۆۋە سان ـ سىپلار ۋە گەپ ـ سۆزلەرنى يېزىۋالدىم. يېزىۋاتسام تاش كانلىرىنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان بىر جەسەت توغرۇلۇق ئېلىپ بېرىلغان بىر سوراق كۆزۈمگە چېلىقتى. سوراق جەريانىدا سوراققا تارتىلغان ئىشچىلار شۇ كۈنى نېمە قىلغانلىقلىرىنى بىردىن، بىردىن بايان قىلىشىۋاتاتتى. دەسلەپ ئۇ كۈنى، يەنى 1028 يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنىنى كۆرىدىغاندەك ھېس قىلىپ يايراپ كەتتىم. كۈنبويى نېمە

قىلغانلىقىنى تەپسىلى سۆزلەپ چىققان ئىشچىلارنىڭ دىگەنلىرىنى دىققەت بىلەن نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ھۆززۈرغا قوشۇپ تاماكا چەككۈم كەلدى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئوقۇغانلىرىمنى ئۆز پېتى دەپتىرىمگە كۆچۈردۈم. بۇ ئىش ئۇزۇن داۋام قىلدى، تۇگىگەندە خۇشاللىقىمنى ئىپادىلىگۈدەك گەپ تېپىلمىدى. كۆڭلۈم ئۇلتۇرغان بولۇپ، كەچكى شەپەق نۇرى يەر ئاستى ئۆيىنىڭ دەرىزىسىنىڭ گىرۋەكلىرىگە يېنىك چۈشۈپ تۇراتتى. ئەگەر بىرى، مەن ئۈچۈن، ئىشكىنىڭ ئالدىغا كۆندە ئۈچ ۋاخ تاماق، بىر قاپ تاماكا ۋە ئاخشاملىرى ئازراق راكى قويۇپ قويسا، بۇ سالقىن يەر ئاستى ئۆيدە بىر ئۆمۈر تۇرۇۋۇشقا رازى بولىدىغاندەك قىلاتتىم. بۈگۈن ئېنىق كۆرەلمەيۋاتاتتىم، لېكىن مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتىم: بۇ قەغەز پارچىلىرىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئۆمۈرنى سەرپ قىلىشقا يەتكۈدەك ھېكايە بار ئىدى، بۇ ھېكايىلەر ماڭا تۇمانىنىڭ كەينىدىكى قۇرۇقلۇقنى كۆرستەتتى. بۇلارنى ئويلىغاندا، ئۆزۈمگە ۋە قىلغان ئىشىمغا ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشاتتى. ئاخىرىدا ياخشى ۋە ئەدەپلىك بىر ئوقۇغۇچىدەك، دەپتىرىمگە قانچە بەت يازغانلىقىمنى ساناپ: نەق توققۇز بەت! ئۆيگە بېرىپ قانغۇدەك ئىچىشكە لايىق ئىش قىلغانلىقىمنى جەزىملەشتۈردۈم، ئورنۇمدىن تۇردۇم.

# ئونىنچى باب

جەيلانلارنىڭ پىرىستانىدا ئولتۇراتتۇق، دېڭىزغا سەكرەي دەپ تۇراتتىم، لەنەت بولسۇن، قۇلاقلىرىم يەنىلا ئۇلاردا ئىدى.

ــ بۈگۈن ئاخشام نېمە ئىش قىلىمىز؟ــ دېدى گۈلنۇر.

ــ باشقىچىرەك بىرەر ئىش قىلايلى ــ دېدى فافا.

ــ ھەئە! سۇئادىيەگە بارايلى.

ــ نېمە بار ئۇ يەردە؟ــ دېدى تۇرگاي.

ــ مۇزىكا!ــ دەپ ۋارقىرىدى گۈلنۇر.

ــ مۇزىكا دېگەن بۇ يەردىمۇ بار.

ــ ئۇنداق بولسا سەن دەپ باقە نېمە قىلىمىز.

بىردىنلا دېڭىزغا سەكرىدىم ۋە تېز-تېز ئۈزگەچ كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىدا بولىدىغانلىقىمنى خىيال قىلدىم، قەيەردە ياتقان بىچارە دادام ۋە ئانامنى ئويلىدىم، نيۇيوركنىڭ ئەركىن كوچىلىرىنى، دوقمۇشلاردا مەن ئۈچۈن جاز مۇزىكىسى چالىدىغان قارا تەنلىكلەرنى، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدىغان ئۇزۇن ۋە چەكسىز مېترو دەھلىزلىرىنى ۋە ئايىغى چىقماس ئېزىنىشماقلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ۋە يايراپ كەتتىم، لېكىن ئاكام بىلەن ئاچامنىڭ سەۋەبىدىن يۈلغا ئېرىشەلمىسەم ئۇ يەرلەرگە بارالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ نېرۋام ئۆرلىۋېدى، ياق، ئەمدى سېنى ئويلاۋاتىمەن جەيلان: پىرىستاندا ئولتۇرۇشىڭنى، پۇتلىرىڭنى سۇنۇشلىرىڭنى، سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنىمۇ ساڭا ياخشى كۆرگۈزىدىغانلىقىمنى.

بىر ئازدىن كېيىن بېشىمنى سۇدىن چىقىرىپ ئارقامغا قارىدىم. قىرغاقتىن بەك ئۇزاپ كېتىپتىمەن، ئىچىمنى غەلىتە بىر خىل قورقۇنچ قاپلىۋالدى: ئۇلار قىرغاقتا ئىدى؛ مەن بولسام باش-ئاخىرى يوق، تۇزلۇق، يوسۇن قاپلىغان سۇنىڭ ئىچىدە ئىدىم. بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتىم، كەينىمدىن بىر ئىت بېلىقى قوغلاۋاتقاندەك تېز ئۈزدۈم، دېڭىزدىن چىقتىم ۋە بىرىپ جەيلاننىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئاغزىنى كوچىلاي دەپ دېدىم:

ــ دېڭىز بەك گۈزەل.

ـ لېكىن تېزلا يېنىپ چىقتىڭــ دېدى.

بۇرۇلۇپ ئاللىنىمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتقان فىكرەتكە قۇلاق سالدىم. مۇھىم شەخسلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ بىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى: بۇ يىل قىشتا تۇيۇقسىزلا دادىسىنىڭ يۈرەك كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنىڭ ئۆزگەنگە، ھەئە، ئەمدى ئۇن سەككىزگە كىرگەن تۇرۇقلۇق، قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقىنى، ئاكىسى گېرمانىيەدىن كەلگىچە ھەممە ئىشنى ۋە شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرغانلىقىنى دېگەندەك ۋاھاكازا. ئاندىن پات ئارىدا تېخىمۇ مۇھىم بىر شەخس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، مەنمۇ بىزنىڭكىلەرنىڭ ئالللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بۇگۈن ئەتىگەن تۇپراق بېشىغا بارغانلىقىمنى دەپ بەردىم.

ـ ۋايجان باللار، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋەتتىڭلارــ دېدى جەيلان. ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى.

ـ بولۇڭلار، بىر ئىش قىلايلى!

ـ شۇنداق قىلايلى، بىر يەرگە بارايلى، بولۇڭلار.

فافا قولىدىكى ژورنالدىن بېشىنى كۆتۈردى، «نەگە؟»

ـ كۆڭۈل ئاچقۇدەك بىر يەرگەــ دېدى گۈلنۇر.

ـ ھىسارنىڭكىگە!ــ دېدى زەينەپ.

ـ ئۇ يەرگە تۈنۈگۈن باردۇققۇ؟ــ دېدى ۋەدات.

ـ بېلىق تۇتۇپ كېلەيلى ئۇنداق بولساــ دېدى جەيلان.

تۇران بىر يۈز مېيى قۇتىسىنى ئاچماقچى بولۇۋاتاتتى.

ـ بۇ چاغ بولغاندا بولمايدۇ.

ـ نېمىدەپ؟

ـ تۇزلاغا بارايلى.

ـ بەك ئىسسىقــ دېدى فىكرەت.

ـ ساراڭ بولاي دېدىمــ دېدى جەيلان ئاچچىقلىغان ۋە نائىلاج ھالدا.

ـ سىلەر بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ زادىــ دېدى گۈلنۇر.

ـ بىر يەرگە بارامدۇق؟ــ دەپ سورىدى جەيلان.

ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. بىر ھازا داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن، تۇراننىڭ قولىدىكى يۈزماي قۇتىسىنىڭ ئاغزى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ھالقىدەك دومىلاپ جەيلاننىڭ پۇتىنىڭ تۈۋىگە باردى.

جەيلان بىرنى تەپتى، ئىغىز دىڭىزغا چۈشۈپ كەتتى.

ــ مېنىڭكى ئەمەس، ھۆليانىڭكى ئىدى ــ دېدى تۇران.

ــ يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىمەن ــ دېدى جەيلان ۋە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

جەيلاننى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم؛ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم: دىمىق ئىسسىقتا پەيدا بولىدىغان قۇرۇق ۋە ئەخمىقانە خىياللار... تۇران ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، ئىغىز چۈشۈپ كەتكەن يەردىن سۇغا قاراۋاتاتتى.

ــ ياق!ــ دېدى جەيلان ــ سەن ئالالمايسەن، تۇران!

ــ ئۇنداق بولسا سەن ئال.

ــ مەنمۇ؟ــ دېدى جەيلان ــ نېمىدەپ مەن ئالغۇدەكمەن، ھۆسەيىن ئالسۇن!

ــ جۆيلىمە ــ دېدى تۇران ــ مەن ئالىمەن.

ــ مەن ئالاي ــ دېدىم مەن ــ سۇدىن تېخى باياتىن چىقتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ باردىم.

ــ سەن بەك ياخشى جۇمۇ مەتىن ــ دېدى جەيلان، ئەقلى ھوشۇڭ جايىدا، ياخشى بالىسەن.

ــ ئالە بوپتۇ ــ دېدى تۇران، بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرىۋاتقاندەك كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ــ ئالىمەن ــ دېدىم تۈيۈقسىزلا ــ سۇ بەك سوغۇق.

فافا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. قايتىپ بېرىپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم.

ــ ھۆليا ــ دېدى تۇران ــ مەن ساڭا يېڭىدىن بىر قۇتا ئېلىپ بېرەي.

ــ ياق، ئۇنىڭغا مەن يېڭى بىر قۇتا ئېلىپ بېرىمەن ــ دېدى جەيلان.

ــ دېمىسىمۇ تۆگەي دەپ قالغان ــ دېدى ھۆليا.

ــ كېرەك يوق، مەن ئېلىپ بېرىمەن، ماركىسى نېمىدى؟ــ دېدى جەيلان ۋە جاۋاپ كۈتمەستىنلا يالۋۇرغاندەك قىلىپ قوشۇپ قويدى: « بولۇڭلار بالىلار، بىرەر ئىش قىلايلى.»

شۇ ئەسنادا مەھمەت مارىينىڭ قارشى تەرەپتىكى ئارالغا بارغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە ھەممەيلەندە، ئاشۇ پەسكەش تۈيغۇ، ياۋروپالىقنى خۇش قىلىش ئىستىكى ئويغاندى، كاتېرغا چىقتۇق. مەن جەيلان بىلەن بىر كاتېرغا چىققانىدىم. ئۇ ئۆيگە قاراپ چاپتى ۋە ئىككى ششىنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەلدى ۋە تۇۋلىدى:

ــ جىن①!

يەنە بىرى «مۇزىكا» دەپ تۇۋلىۋىدى جۈنەيتمۇ چاپتى ۋە ئۆيدىن غەلىتە بىر ساندۇقنى ۋە كانايلارنى ئېلىپ كەلدى. كاتېرلار گۈرۈلدەپ قوزغالدى، ئاۋۋال تۇمشۇقى كۆتۈرۈلدى،سەما يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى، سۈرئەت تېزلىگەنسېرى كاتېرلارنىڭ تۇمشۇقى پەسلىدى،

يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئوچۇق دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغان چېغىمىزدا ئويلىدىم: بۇلار باي، بىر نەرسە سۇنۇپ كېتەمدۇ، سىزىلىپ كېتەمدۇ، كونىراپ كېتەمدۇ پەرۋايى پەلەك، باي بۇلار، كاتېرلىرى سائىتىگە قىرىق مىلدىن ماڭىدۇ. ئىچىمگە يىرگىنىشلىك بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى، پۇت-قولۇمنى تۇگۈلدۈرىۋەتكەن بىر قورقۇنچ، جەيلان، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن: لېكىن قورقما مەتىن، قورقما، دەپ ئويلىدىم: سەن ئەقىللىقسەن. ئەقلىڭ كۈچىگە ئىشىنىمەن؛ شۇنداق ئىشىنەتتىم.

كاتېرلار خۇددى ئارالنىڭ قىيالىرىغا بېرىپ سوقۇلىدىغاندەك تېز سۈرئەتتە يېقىنلىشىۋاتاتتى، بىردىنلا سۈرئىتى ئاستىلاپ ئايلىنىۋېدى توختاپ قالدى. ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ماياكنىڭ پەقەت چوققىسىلا كۆرۈنەتتى. قەيەرلەردىندۇر بىر ئىت چىقىپ كەلدى، ئاندىن قارا رەڭلىك بىرى ۋە بوز رەڭلىك يەنە بىرى چىقتى؛ يۇگۇرۇشكىنىچە قىرغاق تەرەپكە چۈشۈشكە باشلىدى، قىيانىڭ ئىچىگە كىرىشتى؛ بىزگە قاراپ خىرىس قىلىپ قاۋاشتى. جىن شىشىسى قولدىن قولغا ئايلىنىۋاتاتتى، قوشۇپ يېگۈدەك ھېچنىمە يوق ئىدى، بېرىشتى، شىشىنىڭ ئاغزىدىن زەھەر ئىچكەندەك ۋە قېنىپ، قېنىپ ئىچتىم. ئىتلار تېخىچە قاۋىشىۋاتاتتى.

— غالجىرلىشىپتۇ بۇلار — دېدى گۈلنۇر.

— مايىغا باسە فىكرەت، قانداق قىلىدىكىن كۆرۈپ باقايلى!— دېدى جەيلان.

فىكرەت مايىغا بېسىۋېدى كاتېرلارغا ئەگىشىپ ئارالدا چېپىپ يۈرگەن ئىتلار تېخىمۇ غالجىرلارچە يۇگۇرۇشكە باشلىدى. كاتېردىكىلەر ۋارقىرىشىپ، ناخشا توۋلىشىپ ئىتلارنى تېخىمۇ قۇترىتاتتى، ئىتلار قۇترىغانسېرى ئەزۋەيلەپ، تېخىمۇ قاتتىق قاۋىشاتتى، ھۇۋلىشاتتى، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسى كالۋا بىرنېمىلەركەن دەپ قالدىم، قاغىشتەگكۈر، لېكىن ھامامىنىڭ ئىسسىق ۋە گۆردەك ئۆيىگە قارىغاندا بۇ يەردىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ماڭا تېخىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى، رادىيولارنىڭ ئۈستىگە كەشتىلەنگەن ياپقۇچلار يېپىلغان، توپا-چاڭ باسقان، كىچىك ئۆيلەردىن مىڭ ياخشى ۋە جانلىق ئىدى.

— مۇزىكا! مۇزىكا ئاۋازىنى قۇلاقىچە ئېچىڭلار قانداق قىلىدىكىن كۆرۈپ باقايلى!

مۇزىكىنى ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا قويغان پېتى كىچىك ئارالنى يەنە ئىككى قېتىم ئايلاندۇق. ئۈچىنچى قېتىم ئايلانغان چېغىمىزدا كۆزۈم تۇيۇقسىزلا كاتېرنىڭ كەينىدە كۆتۈرۈلگەن سۇ بۇژغۇنلىرىغا چۈشتى ۋە چۆچۈپ كەتتىم: بۇژغۇنلارنىڭ ئارىسىدا بىر يەردە جەيلاننىڭ بېشى كۆرۈندى، قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرىۋاتقاندەك، ھېچنىمىنى ئويلىماستىن ئۆزۈمنى سۇغا ئاتتىم.

سۇغا سەكرە-سەكرىمەي غەلتە، قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم: خۇددى جەيلان بىلەن ئىككىمىز بۇ يەردە ئۆلۈپ قالىدىغاندەك، كاتىردىكىلەر بۇنى تۇيماي قالىدىغاندەك. ئىت بېلىقلىرى ياكى كاتىرنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلىماي ئۇستىمىزدىن يەنچىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان گۈركىرەشلىرى تۇيۇقسىزدىن ياكى بولمىسا ئىچىرقاپ كەتكەن بۆرىلەردەك ئىتلار تۇيۇقسىزدىن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك! قاغىشتەككۈر! جەيلان ئەس-يادىمدىن چىقىپ كەتكەنىدى. بىر ئازدىن كېيىن سۇدىن بېشىمنى چىقىرىپ ھەيران قالدىم. كاتىردىن بىرسى سۇغا چۆشۈپ، جەيلاننى كاتىرغا چىقىرىۋاتاتتى. جەيلاننى چىقىرىپ بولۇپ مېنمۇ ئالغىلى كېلىشتى.

— سېنى كىم ئىتتىرىۋەتتى؟ — دېدى فىكرەت.

— ئۇنى ھېچكىم ئىتتىرىۋەتمىدى، — دېدى گۈلنۇر، — ئۆزى سەكرىدى.

— ئۆزۈڭ سەكرىدىڭمۇ؟ نېمىشقا سەكرىدىڭ؟

— مېنى كىم ئىتتىرىۋەتتى ئۇنداق بولسا؟ — دېدى جەيلان.

تۇرگاي تەڭلىگەن پالاققا ئېسىلىپ كاتىرغا چىقىشقا تىرىشىۋاتاتتىم، لېكىن ئەمدى چىقاي دېگەندە تۇرگاي پالاقنى قويۇۋەتتى، يەنە سۇغا چۈشۈپ كەتتىم. بېشىمنى سۇدىن چىقىرىپ ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كۈلۈشۈۋاتاتتى، تاماشا كۆرۈشۈۋاتاتتى، بۇ غەلىتە يالغۇزلۇق تۇيغۇسىدىن پاتراق قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇلغۇم كەلدى، كاتىرنىڭ تالالىق ئەينەكتىن ياسالغان گەۋدىسىگە بارماقلىرىم، تىرناقلىرىم بىلەن يامىشىپ چىقىۋاتقان چېغىمدىمۇ قۇلقىم ئۇلاردا ئىدى.

— ئەجەپ ئىچىم سىقىلدى.

— قارىغىنە جەيلان، مەتىن كەينىڭدىن سۇغا سەكرەپتۇ.

— ئىتلار قېنى؟ — دېدى جەيلان.

ئاخىرى كاتىرغا چىقىۋالدىم، ھاسىراپ كەتكەنىدىم.

— ئاللاھ جاجاڭلارنى بەرسۇن، ھېچقايسىڭلار كۆڭۈل ئېچىش قانداق بولىدۇ بىلمەيدىكەنسىلەر.

— سېنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمىز!

— بىلىدىغان بولساڭ سەن بىزگە ئۆگەت، — دېدى تۇرگاي.

— لەقۋالار! — دەپ ۋارقىرىدى گۈلنۇر.

ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرگەن بىر ئىت ئەڭ يېقىن بىر قىيانىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھۆۋلىدى.

— ساراڭ، — دېدى جەيلان. ئۇ ئاپئاق ئۈچلۈق چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان ئىتقا ئوقۇتۇۋېتىلگەندەك قاراپ تۇراتتى، — ئۇ ھايۋانغا يەنە بىر ئاز يېقىنلاشتۇرغىنە فىكرەت.

— نېمىشقا؟

ــ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن.

ــ نېمىنى كۆرمەكچىدىڭ؟ فىكرەت كاتىپنى ئىت تەرەپكە قاراپ ئاستا ھەيدىدى.

ــ نېمە قىلاتتىڭ ئۇ ئىتنى؟ــ دېدى تۇرگاي.

ــ ئەركەكمۇ ياكى چىشى بۇ؟ــ دېدى فىكرەت. كاتىپنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى.

ــ نەس!ــ دەپ ۋارقىرىدى جەيلان غەلىتە ھالدا.

تۇرۇپلا جەيلاننى قۇچاقلىغۇم كەلدى، لېكىن قۇچاقلاشنىڭ ئورنىغا پەقەت ئۇنىڭغا قارىدىم ۋە ئۇنى مېنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلىدىم. كاللام ئېلىشىپ كەتكەندەك بولدى، كاتىپنىڭ ئىچىدە سەكرەپ، ۋارقىراپ ــ جارقىرىغىم كەلدى، غەلىتە تۇيغۇلاردا بولۇۋاتاتتىم، پەسكەش بىر نەرسە ئىكەنلىكىمگە بارغانسېرى ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق كىتابلار ۋە ناخشىلارنىڭ ئەخمىقانە تېكىستلىرىدە ئۇلۇغلىغان ئاتالمىش شۇ تۇيغۇغا پاتقىنىم ئۈچۈن، ئۆز قىممىتىم ئۆز نەزىرىمدە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى، لېكىن بۇ سۈننىتى قىلىنغان بالىنىڭكىگە ئوخشاش قۇرۇق ۋە ئەخمىقانە بىر غۇرۇر ئىدى؛ بىلىپ تۇراتتىم، بۇ خىل تۇيغۇغا چۆمگەنسېرى تولىمۇ ئادەتتىكى بىرى بولاتتىم ۋە خۇشاللىقتا چۆمۈلەتتىم، لېكىن ئويلىرىمدىن خىجىل بولۇشتىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كەتكۈم كەلدى، ئاندىن ھەممىيلەننىڭ دىققىتىنى تارتقۇم كەلدى، ئەمما ئۆزۈمنىڭ ئۇلاردىن كەمبەغەل ئىكەنلىكىم ئېسىمگە كەلدى ۋە بىر ئىش قىلغۇدەك جاسارەت ۋە باھانە تاپالمىدىم. گويا پۈت-قولۇم باغلىنىپ قېلىپ، ئۇستۇمگە كىيدۈرۈلگەن نامراتلىق كۆينىكى ماڭا قىينىچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى: ئەقلىمگە تايىنىپ يىرتىۋېتىمەن سېنى! ئۇلار سەكرىشىۋاتاتتى، ۋارقىرىشىۋاتاتتى، يېنىمىزدىكى كاتىپنىڭ تۇمشۇقىدا بىر-بىرىنى سۆغا ئىتتىرمەكچى بولۇشۇۋاتقان ئىككى كىشى بىر-بىرىنى بوغىشىۋاتاتتى. كېيىن ئۇ كاتىپ بىزگە يېقىنلاشتى ۋە چېلەك بىلەن بىزگە سۇ چېچىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئۇلارغا سۇ چاچتۇق. پالاقلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقاندەك بىردەم ئوينىشىشتى. سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. جىن شىشلىرى قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. فىكرەت بىر تال ئېلىپ ئىتقا ئاتتى. شىشە قىياغا تېگىپ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى.

ــ نېمە بوپ كەتتى؟ــ دەپ توۋلىدى جەيلان.

ــ بولدى، بولدى، ئەمدى قايتىمىزــ دېدى فىكرەت.

دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلەرنى سالماي تۇرۇپلا كاتىپنى ئوت ئالدۇردى. دېڭىزدىكىلەر چىقىپ بولغاندا يەنە بىر كاتىپ بىزگە يېتىشىۋالدى. ئۈستى-بېشىمىزغا بىر چېلەك سۇ چاچتى.

ــ مۇسابىقىلىشەيلى ھايۋانلار، كېلىشە قېنى!

ئىككى كاتىپ يانمۇ-يان ھالەتتە بىردەم ئوخشاش سۈرئەتتە ماڭغاندىن كېيىن گۈلنۇرنىڭ بىر ۋارقىرىشى بىلەن ئۇچقاندەك مېڭىشقا باشلىدى. يەنە بىر كاتىپنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن فىكرەت ئاغزىنى بۇزغىنىچە كاتىپنىڭ يەنىمۇ تېز ماڭالىشى ئۈچۈن ھەممىمىزنى ئالدىغراق كېلىشكە چاقىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بىزدىن ئۆتۈپ كېتىشتى ۋە غەلىبىسىنى قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ تەبرىكلىشىۋېدى غەزەپلەنگەن جەيلان ھۆل لۆڭگىسىنى تۇپتەك قىلىپ يۆگەپ ئۇلارغا كۈچەپ ئاتتى، لېكىن لۆڭگە دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. دەرھال كەينىگە بۇرۇلدۇق، لۆڭگە سۇغا چۆكۈپ كەتكۈچە يېتىشىۋالدۇق، ئەمما ھېچكىممۇ قولىنى سۇنۇپ ئېلىۋالمىغاچقا، كاتىپ لۆڭگىنىڭ ئۈستىدىن خۇددى دەزمالدەك ئاستا ئۆتۈپ ئۇنى سۇغا تېخىمۇ چۆكۈرىۋەتتى. ۋارقىرىشىشتى. كېيىن دارىجادىن يالۋۇاغا بارىدىغان يولۇچىلار كېمىسىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ۋارقىراپ-جارقىرىغاچ ئىككى قېتىم ئايلىنىشتى. ئاندىن بودوسلاما① دېيىلىدىغان بىر ئويۇننى باشلاشتى: ئىككى كاتىپ يانمۇ-يان كەلدى، ئارىلىرىغا بالون، ھۆل لۆڭگىلەرنى ساڭگىلىتىپ قويۇشتى، ئاندىن خۇددى ياندىشىپ سوقۇلۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىلاردەك يان تەرەپلىرى بىلەن بىر-بىرىگە سوقۇلۇشقاچ ئويۇننى باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاتىپلار تېز سۈرئەتتە ساھىلدا سۇ ئۈزىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىردى. كاتىپلارنىڭ ئارىسىدا قورقۇپ ئاللا-كاللا توۋلاپ قېچىشىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ غۇدىرىدىم:

— بىرەر ئىش چىقىپ قالماسمۇ؟

— ئوقۇتقۇچىمۇ سەن؟— دەپ ۋارقىرىدى فافا— تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ سەن — ھە؟

— ئوقۇتقۇچىمكەن؟— دېدى گۈلنۇر.

— مەن ئوقۇتقۇچىلارغا بەك ئۆچ— دېدى فافا.

— مەنمۇ!— دېدى جۇنەيت.

— ئۇ ھاراق ئىچمىدى— دېدى تۇران— بىزگە «كاللىسى جايىدا» دېگەن نۇمۇرنى ئويناپ بېرىۋاتىدۇ.

— ئىچتىم— دېدىم— سەندىن جىق ئىچتىم.

— كەرە جەدۋىلىنى يادلىۋالسىلا ئىش پۈتمەيدۇ.

جەيلانغا قارىدىم، بۇ گەپلەر قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى، پەرۋا قىلمىدىم.

يەنە بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن كاتىپلار بىلەن قايتتۇق، بىردەمدىن كېيىن جەيلانلارنىڭ پىرىستانىغا باردۇق، يېقىنلىشىپ توختىدۇق. كاتىپدىن چۈشكەندىن كېيىن

پىرىستاندا قىرىق بەش ياش چامىسىدا بىر ئايالنى كۆردۇم، ئۇستىدە مۇنچا كىيىمى بار ئىدى: ئانىسى ئىكەن:

ــ چىلىق-چىلىق بولۇپ كېتىپسىلەر باللار ــ دېدى ــ نېمە ئىش بۇ؟ قوزام سېنىڭ لۆڭگەڭ قېنى؟

ــ يىتتىرىپ قويدۇم ئانا ــ دېدى جەيلان.

ــ ئۇنداقتا قانداق بولدۇ، سوغۇق تېگىپ قالدۇ ــ دېدى ئانىسى.

جەيلان چۈشىنىكسىز بىر ئىشارەت قىلدى. ئاندىن:

ــ ھە! ئانا بۇ مەتىن بولدۇ ــ دېدى ــ ئۇ كونا ئۆيدە تۇرىدىكەن. ھېلىقى غەلىتە، جىمجىت ئۆيدە.

ــ قايسى ئۆيدە؟ــ دېدى ئانىسى.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، دادامنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدى، دەپ بەردىم ۋە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ــ بىزمۇ ئامېرىكىدىن ئۆي ئالىمىز. بۇ يەردە نېمە بولىدۇ ئېنىق ئەمەس. ئامېرىكىدا ئەڭ ياخشى يەر قەيەردۇر؟

ئۇنىڭغا بەزى جۇغراپىيىلىك ساۋاتلارنى سۆزلەپ بەردىم، ئىقلىمىنى، نوپۇس ئەھۋالىنى ۋە بەزى سان-سىپىرلارنى سۆزلەپ بەردىم، لېكىن گەپلىرىمنى ئاڭلىدىمۇ-يوق بىلەلمىدىم، چۈنكى ماڭا ئەمەس، سۇ ئۈزۈش كىيىمىگە، چاچلىرىمغا، خۇددى ئۇلار مەندىن ئايرىم بىر نەرسىلەردەك قاراۋاتاتتى. كېيىن ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە تۈركىيەنىڭ شۇئاندىكى ناچار ئەھۋالى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ تۇرۇشىمغا جەيلان سۆزۈمنى بۆلدى.

ــ ئانا، بۇ مەمەدان بالا ئەمدى كېلىپ سېنى تېپىۋاپتۇ-دە.

ــ ئەدەپسىز، ھېلى سېنى!ــ دېدى ئانىسى.

لېكىن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا كېتىپ قالدى. مەنمۇ بېرىپ قاتلانما كارىۋاتتىنا ئولتۇردۇم ۋە دېڭىزغا چۈشۈپ چىققان ۋە يەنە چۈشۈپ چىققان جەيلانغا ۋە باشقىلارغا قارىغاچ خىيال سۈردۈم. كېيىن ھەممەيلەن قاتلانما كارىۋاتلاردا، ئورۇندۇقلاردا، بېتونىدا ئولتۇرۇپ، ئاپتاپ سۇنۇشقا باشلىغاندا ئەتراپنى قاپلىغان ئىشەنگۈسىز جىمجىتلىقتا يەنە خىيال سۈردۈم. كۆز ئالدىمدا مۇنداق نەرسىلەر نامايەن بولۇشقا باشلىدى:

ئۇ يەردە، بىزنىڭ قاتلانما كارىۋاتلاردىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئېپادىسىز ۋە يالىڭاچ پاچاقلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېتوننىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر سائەتنى تەسەۋۋۇر قىلدىم: ئارقىسىنى جانسىز بېتونغا تىرىگەن، نە بېشى، نە ئوتتۇرىسى، نە تېگى ۋە يۈزى بولمىغان جىمجىتلىقىمىز، گەپ-سۆزلىرىمىز، شۇنداقلا ھەسرەتلىك ۋە بىمەنە مۇزىكىنىڭ

ئارىسىدا، قىمىرلىماي تۇرغان قۇياشقا يۈزىنى قىلىپ تۇرغان چېغىدا، ئۇ سائەت، سائەت ستېرىلكىسى بىلەن مىنۇت ستېرىلكىسنى بىر-بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەمەيدىغانلىقىنى، بىر چاغلاردا نېمىنى ئۆلچىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ۋە ۋاقىتنى يىتتىرىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى، شۇنداق قىلىپ سائەتنىڭ ئەددىيىسىمۇ ئەددىيىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بىر ئەددىيەسىزنىڭ ئەددىيىلىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

كېيىن جەيلانىنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ قالدىغان ئەددىيىدە ياخشى كۆرگەنلىكىمنى ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تاكى يېرىم كېچىگىچە خىيال قىلىپ چىقتىم.

# ئون بىرىنچى باب

ھوجرامنىڭ ئىشىكى ئۇرۇلدى. كۆزلىرىمنى يۇمدۇم، ئاۋاز چىقارمىدىم، لېكىن ئىشىك ئېچىلدى. نىلگۈن ئىكەن.

ــ موما، خېلى ياخشى تۇرامسىز؟

بىر نېمە دېمىدىم. سولغۇن يۈزۈمنى، جانسىز گەۋدەمنى كۆرسۇن ۋە ئازاپ ئىچىدە قىلدەك تولغىنىشۋاتقانلىقىمنى چۈشەنسۇن، دېدىم،

ــ خېلى ياخشى بوپ قاپسىز موما، يۈزىڭىزگە قان يۈگۈرۈپتۇ.

كۆزلىرىمنى ئاچتىم ۋە ئويلىدىم: ئۇلارنىڭ مېنى ھېچقاچان چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، پەقەت يالتىراق كولونىيا ششىلىرىگە ئوخشاش ساختا تەبەسسۇملىرى بىلەن كۆلۈمسىرەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئازاپلىرىم، كەچمىشىم ۋە خىياللىرىم بىلەن تىكەندەك يالغۇز قالىدىغانلىقىمنى. بوپتۇ، مېنى گۈزەل، ساپ خىياللىرىم بىلەن ئارامخۇدا قويۇڭلار.

ــ قانداقراق تۇرىسىز موما؟

لېكىن ئاراملىق بەرمەيتتى. مەنمۇ ھېچنىمە دېمەيمەن.

ــ ئوبدان ئۇخلىۋالدىڭىز، كۆڭلىڭىز بىر نەرسە تارتامدۇ؟

ــ لىمون سۈيى!

تۈيۈقسىز شۇنداق دەپ سالدىم ۋە نىلگۈن كەتكەندىن كېيىن، مەن يەنە گۈزەل ۋە ساپ خىياللىرىم بىلەن قالدىم: تاتلىق ئۇيقۇدىن كېيىنكى ھارارەتنى مەڭزىمدە ۋە كۆڭلۈمدە ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن: چۈشىنى خىيال قىلدىم؛ چۈشىنىڭ خىيالىنى: كىچىكمىشمەن، ئىستانبۇلدىن قوزغالغان بىر پويىزنىڭ ئىچىدەمىشمەن، پويىزدا كېتىۋېتىپ باغلارنى كۆرۈۋاتقۇدەكمىشمەن، بىر-بىرىنىڭ ئىچىدە، گۈزەل، كونا باغلار: بىز ئۇ باغلار ئىچىدىكى باغلاردا تۇرغاندا، ئىستانبۇل يىراقتا قالغانمىش. شۇ زامان دەسلەپكى چاغلارنى خىيال قىلدىم: ئات ھارۋىسىنى، چىغىرىقى غىچىرلايدىغان قۇدۇق چېلىكىنى، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى، ماشىنا پېدالىنىڭ ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى تىرىق-تىرىق ئاۋازىنى؛ ئاندىن كۆلۈشنى خىيال قىلدىم، قۇياشنى، رەڭلەرنى، دائىم خۇشھال بولۇشنى، ھازىر بىلەن تولغان ھازىرنى، سالاھىددىن، ئۇ دەسلەپكى كۈنلەرنى ئويلىدىم: پويىزدا ئاغرىپ قېلىپ گەبزەدە چۈشۈپ

قــالغىنىمىزنى... گەبزەدىكــى ســاراي ھوجرىلىرىــدا تولغىنىــپ، ھاۋاســى ياخشــىدۇر، دەپ جەننەتھەســارغا تــۇنجى كەلــگەن چــاغلىرىمىزنى... تۆمــۈر يــولى ياســالغاندىن كېــيىن تاشلىۋېتىلگەن پىرىستان، ئۇچ، تۆت كونا ئۆي، بىر قانچە قوتان، لېكىن ھاۋاسى نېمە دېگەن ياخشى، شۇنداقمۇ فاتىمە؟ يىراقلارغا كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق! بۇ يەرگە يەرلىشەيلى! ھەم ئىســتانبۇلغا، ئاتــا-ئاناڭغــا يــېقىن تــۇرىمىز، كۆڭلۈڭمــۇ يېــرىم بولمايــدۇ، ھەم ھۆكــۈمەت ئاغدۇرۇلغاندا دەرھال ئۇلگۇرۇپ بېرىشقا تەييار تۇرالايمىز! بۇ يەرگە بىر ئۆي سالدۇرايلى!

ئۇ چاغلاردا بىرلىكتە ئۇزۇن-ئۇزۇن سەيلى قىلاتتۇق: بۇ ھاياتتا قىلىدىغان شۇ قەدەر كۆپ ئىش باركى فاتىمە، دەيتتى سالاھىددىن، كەل، ساڭا دۇنيانى كۆرسىتەي، قارىڭدىكى بالا قانداقراق، تېپىۋاتامدۇ، كۆڭلۈمگە ئايان، چوقۇم ئوغۇل، ئىسمىنى دوغان قويىمەن، يېڭى تۇغۇلغان بۇ دۇنيانى ھەممە بىزگە ئەسلىتىپ تۇرسۇن، زەپەر ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشىسۇن ۋە دۇنياغا كۈچىنىڭ يېتىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ! سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل فاتىمە، ھەر ئىككىمىز دىققەت قىلايلى، جىق ياشايلى، دۇنيا نېمە دېگەن ئاجايىپ ــ ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاۋۇ ئوتلار، ئۆزلىكىدىن يەر يېرىپ چىقىپ چوڭ بولغان جەسۇر دەرەخلەر: تەبىئەت ئالدىدا ھەيرانــۇ-ھەس بولماســلىق ئىنســاننىڭ ئىختىيارىــدا ئەمەس، بىزمــۇ رۇســوغا ئوخشــاش، تەبىئەتنىڭ قوينىدا ياشايلى ۋە تەبىئي بولمىغان ئۇ ئەخمەق پادىشاھلاردىن، تەخشىكەش پاشالاردىن يىراق تۇرايلى، ھەممە نەرسىنى ئەقىل تارازىمىزدا يېڭىباشتىن ئۆلچەپ چىقايلى. بۇلارنى خىيال قىلىشمۇ نېمە دېگەن گۈزەل-ھە! چارچىدىڭمۇ جېنىم، كەل، قۇچاقلىۋالاي، يەر بىــلەن ئاســماننىڭ گــۈزەللىكىگە قــارىغىنە، ئىســتانبۇلنىڭ ئىككــى يۈزلىمچىلىكلىرىــدىن قۇتۇلغىنىمدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىۋاتىمەنكى، تەلەتكە رەھمەت خېتى يــازايمىكىن دەيــمەن! ئىستانبۇلدىكىلەرنى، جىنايەتلەرنى، ئازاپ ئوقۇبەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، ئۇلار بىر-بىرىگە زوق ئىشتىياق بىلەن سېلىشىۋاتقان زۇلۇملار ئىچىدە چىرىپ كەتسۇن! بىز بۇ يەردە ساپ، ئاددى، ئەركىن، ھۇزۇرلۇق ئىشلارنى خىيال قىلغاچ ياشايلى ۋە يېپيېڭى بىر دۇنيا قۇرۇپ چىقايلى؛ شەرق تېخى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان بىر ئەركىنلىك دۇنياسى، يەر يۈزىگە چۈشكەن ئەقىل جەننىتى، قەسەم قىلىمەنكى فاتىمە، بۇ چوقۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربلىكلەردىنمۇ ياخشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆردۇق، يېتەرسىزلىكلىرىنى قوبۇل قىلمــايمىز، ئوغــۇللىرىمىز كۆرەلمەســلىكى مــۇمكىن بــۇ ئەقىــل جەننىتىنــى، لــېكىن قەســەم قىلىمەنكى نەۋرىلىرىمىز بۇ تۇپراق ئۈستىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ! ئاندىن قارىڭدىكى بۇ بالىنى چوقۇم ياخشى تەربىيەلەيلى، ئۇنى بىر قېتىممۇ يىغلاتمايمەن، قورقۇنچ، شەرقچە مەيۈسلۈك، يىغا-زارە، ئۈمىدسىزلىك، مەغلۇبىيەت ۋە قورقۇنچلۇق باش ئېگىپ تۇرۇشلارنى بالامغا ئەسلا ئۆگەتمەيمەن؛ ئۇنى بىللە تەربىيەلەيمىز، ئەركىن بىر ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرىمىز، بۇ نــېمە

دېمەك چۈشىنىۋاتامسەن، ئاپپىرىن ساگا فاتىمە، ئەزەلدىن سەندىن پەخىرلىنىپ كېلىۋاتىمەن، سېنى ھۆرمەتلەيمەن، سېنىمۇ ھۆر ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن؛ مەن سېنى ئاياللىرىنى جارىيە(ئايال قۇل)، توقال ياكى قۇل ئورنىدا كۆرىدىغان باشقا كىشىلەردەك كۆرگىنىم يوق: سەن مەن بىلەن باراۋەر، چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئەمدى قايتايلى، شۇنداق، ھايات چۈشتەكلا گۈزەل، لېكىن بۇ چۈشنى باشقىلارنىڭمۇ كۆرەلىشى ئۈچۈن تىرىششىقا توغرا كېلىدۇ؛ قايتايلى.

ــ موما، لىمون سۈيىنى ئەكىردىم.

بېشىمنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ قارىدىم: ــ ئاۋۇ يەرگە قويۇپ قوي‑ــ دېدىم. قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ــ نېمىدەپ رەجەپ ئەكىرمىدى؟ــ دېدىم، ــ سەن تەييارلىدىڭمۇ؟

ــ مەن تەييارلىدىم‑ــ دېدى نىلگۈن‑ــ رەجەپنىڭ قوللىرى ياغ يۇقى ئىكەن، تاماق قىلىۋاتىدۇ.

چىرايىمنى پۈرۈشتۈردۈم ۋە ساگا ئىچىم ئاغرىدى قىزىم، ماڭا نېمە چارە، چۈنكى قارا، ئۇ پاپا سېنىمۇ ئاللىقاچان ئالداشقا ئۈلگۈرۈپتۇ؛ ئالدايدۇ، ھېلىگەر بىر نېمە ئۇ. ئۇلار بىلەن قانداق قىلىپ ئاپاق‑ جاپاق بولىۋالغانلىقىنى، باشلىرىنى قانداق قايدۇرغانلىقىنى، يېرگىنىشلىك ۋە سەت تەققى‑تۇرقى بىلەن ئۇلارنى خىجىللىق ۋە گۇناھ تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرۈپ، دوغان ئوغلۇمنى ئالدىغاندەك ئالدىغانلىقىنى ئويلىدىم. ئۇلارغا دەپ قويغانمىدۇر؟ بىزارلىق ئىچىدە بېشىمنى ياستۇققا قويۇۋالدىم، كېچىلىرى مېنى ئۇخلاتمايۋاتقان ئۇ قورقۇنچلۇق ۋە بىچارە خىياللارنى سۈرۈشكە باشلىدىم.

رەجەپ دېگەن پاپا دەپ قويۇۋاتقاندەك ئويلىدىم: ھەئە چوڭ خانىم، دەپ بېرىۋاتىمەن، دەۋاتقۇدەكمىش، ماڭا، بىچارە ئانامغا ۋە قېرىنداشلىرىمغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى نەۋرىلىرىڭىزگە بىر‑بىرلەپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن چوڭ خانىم؛ خەۋەر تاپسۇن، بىلسۇن: چۈنكى رەھمەتلىك دادامنىڭ، ئاغزىڭىنى يۇم پاپا، ماقۇل، رەھمەتلىك سالاھىددىن بەينىڭ بىر ئۇبدان يازغىنىغا ئوخشاش، مىڭ شۈكۈر، خۇدا يوق، بىلىم بار، ھەممە نەرسىنى بىلەلەيمىز، بىلىشىمىز كېرەك؛ ئۇلار بىلىپ بولدى، چۈنكى دەپ بەردىم، ماڭا ۋاي، بىچارە رەجەپ، دەپ كېتىشتى، دېمەك مومىمىز ساڭا كۆپ ئەزىيەت چەككۈزۈپتۇ، ھېلىھەم چەككۈزۈۋېتىپتۇ؛ ساڭا بەك ئىچىمىز ئاغرىدى، ئالدىڭدا خىجىلمىز، شۇڭا سېنىڭ ئەمدى ياغ يۇقى قوللىرىڭنى يۇيۇشقا، لىمون سۈيى تەييارلىشىڭغا كېرەك قالمىدى؛ سەن ئەمدى ئىش قىلما، پۇت‑قولۇڭنى سوزۇپ خاتىرجەم ئولتۇر، بۇ ئۆيدە سېنىڭمۇ ھەققىڭ باركەن، دېيىشىۋاتقاندۇر تايىنلىق، چۈنكى رەجەپ ئۇلارغا دەپ قويغان گەپ، راستىنلا دېگەنمىدۇر: قاراڭلار بالىلار، داداڭلار دوغان بەي، موماڭلارنىڭ ئاخىرقى ئالماسلىرىنى نېمە ئۈچۈن ساتتى ۋە پۇلنى بىزگە بەرمەكچى بولۇپ

قالدى، دېگەنىمدۇر؟ بۇلارنى ئويلاپ بوغۇلۇپ قالدىممىكىن دەپ قالدىم. بېشىم غەزەپ بىلەن ياستۇقتىن كۆتۈرۈلىپ كېتىپتۇ!

ــ نەدە ئۇ؟

ــ كىم موما؟

ــ رەجەپ! نەدە؟

ــ پەستە، دېدىمغۇ موما، تاماق قىلىۋاتىدۇ.

ــ ساڭا نېمە دېدى؟

ــ ھېچنېمە موما!ــ دېدى نىلگۈن.

ياق، ئېيتالمايدۇ، جۈرئەت قىلالمايدۇ فاتىمە، قورقما، ھىيلىگەردۇر، ئەمما قورقۇنچاقتۇر. باش تەرەپتىكى لىمون سۈيىنى ئالدىم ۋە ئىچتىم. لېكىن خىيالىمغا يەنە ئىشكاپ كىرىۋالدى. تۇيۇقسىز سورىدىم:

ــ سەن نېمە قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە؟

ــ سىز بىلەن ئولتۇرۇۋاتىمەنغۇ موماــ دېدى نىلگۈنــ بۇ يىل بۇ يەرنى سېغىنىپ قاپتىمەن.

ــ بوپتۇــ دېدىمــ ئولتۇر! لېكىن جايىڭدىن قىمىرلىما ئەمدى.

ــ كارىۋىتىمدىن ئاستا قوپتۇم، ياستۇق ئاستىدىن ئاچقۇچنى، بوينۇمدىن ھاسامنى ئېلىپ ماڭدىم.

ــ موما نەگە؟ــ دېدى نىلگۈنــ ياردەم قىلايمۇ؟

جاۋاپ بەرمىدىم. ئىشكاپنىڭ يېنىدا توختاپ دېمىمنى ئېلىۋالدىم، ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىۋاتقاندا يەنە بىر قارىۋەتتىم: شۇنداق، نىلگۈن ئولتۇراتتى. ئىشكاپنى ئېچىپلا قارىدىم؛ بىكار ئەنسىرەپتىمەن؛ قۇتا جايىدا، قۇپقۇرۇق، كىرەك يوق، ئىشقىلىپ تۇرۇپتۇ، بولسىلا بولدى. ئاندىن ئىشكاپنى تاقاۋېتىپ ئېسىمگە كەلدى. ئاستىنقى كۆزىدىن قەندانىنى ئالدىم،ئىشكاپنى تاقاپ، نىلگۈننىڭ قېشىغا ئاپاردىم.

ــ ۋاي جېنىم موما، سىزگە كۆپ رەھمەت، ئاتايىن مېنى دەپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇدىڭىز، ئاۋارە بولدىڭىز.

ــ قىزىل كەمپۈتتىن بىرنى ئال!

ــ نېمە دېگەن چىرايلىق كۈمۈش قەندان-بۇ!ــ دېدى.

ــ چېقىلما!

ئورنۇمغا چىقتىم، كاللامغا باشقا ئىشلارنى كەلتۈرەي دېدىم، لېكىن كەلتۈرەلمىدىم: ئىشكاپنىڭ بېشىدىن ئايرىلماي تۇرۇۋالغان كۆنلەردىن بىرىنى ئويلاشقا باشلىدىم: مانا: سەت

ئەمەسمۇ فاتىمە، دەۋاتاتتى سالاھىددىن ئۇ كۈنى؛ قارا، بۇ ئادەم تا ئىستانبۇلدىن بۇ يەرگە بىزنى كۆرگىلى كەپتۇ، سەن بولساڭ ھوجراڭدىن چىقمايۋاتىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپالىق، قائىدە-يوسۇنلۇق بىر ئادەم. ئەگەر يەھۇدى دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقان بولساڭ تېخىمۇ سەت تۇرىدۇ فاتىمە، درېيفۇس① ۋەقەسىدىن كېيىن بۇنداق ئويلاشنىڭ نە قەدەر خاتا ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ياۋروپا چۈشەندى. كېيىن سالاھىددىن پەسكە چۈشۈپ كەتكەندى، مەن قاپقاقلارنىڭ ئارىسىدىن مارىغان ئىدىم.

ــ جېنىم موما، لىمون سۈيىڭىزنى ئىچىڭە.

قاپقاقلارنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈپ تۇرىۋاتاتتىم: سالاھىددىننىڭ يېنىدا تېخىمۇ ۋىجىك كۆرۈنىدىغان، سەت بىر ئادەم ئىدى: كاپالى چارشى②نىڭ زەرگىرى! سالاھىددىن ئۇ خۇددى كىچىك بىر سودىگەر ئەمەس، ئالىمدەك، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئاڭلاپ تۇراتتىم: خوش، ئاۋرام ئەپەندى، ئىستانبۇلدا نېمە يېڭىلىقلار بار، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغىنىدىن خەلق مەمنۇنمۇ؟ دەۋاتاتتى سالاھىددىن، يەھۇدى: ئىشلار كاسات ئەپەندىم، كاسات! دەۋاتاتتى، سالاھىددىن جاۋاپ ئورنىدا: ئۇنداق ئەمەستۇر؟ دەۋاتاتتى، تىجارەتمۇ شۇنداقمۇ؟ ھالبۇكى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممە ئىشقا ئوخشاش تىجارەتكىمۇ پايدىسى تېگەتتى. خەلقىمىزنى تىجارەت قۇتقۇزىدۇ. يالغۇز بىزنىڭ خەلقلا ئەمەس، پۈتۈن شەرق تىجارەت بىلەن ئويغىنىدۇ؛ ئاۋۋال تىجارەتنى، ھېساپ-كىتاپنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك: بۇ ماتېماتىكا دېگەنلىكتۇر، ئاندىن تىجارەت، ماتېماتىكا ۋە پۇل بىر يەرگە كەلسە زاۋۇت-فابرىكىلار قۇرۇلىدۇ. شۇ چاغدا بىزمۇ ئۇلاردەك پەقەت پۇل تېپىشنىلا ئەمەس، ئۇلاردەك ئويلاشنىمۇ ئۆگىنىمىز! سىزچە، ئۇلاردەك ياشاش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇلاردەك ئويلاش كېرەكمۇ ياكى بولمىسا ئۇلاردەك پۇل تېپىش كېرەكمۇ؟ بۇ ۋاقىتتا يەھۇدى: "ئۇلار" دېگىنىڭىز كىم، دېدى ۋە سالاھىددىن: كىم بولاتتى، ياۋروپالىقلار، غەربلىكلەر، دېدى ۋە بىزدە، ھەم مۇسۇلمان، ھەم باي ھېچكىم يوقمۇ؟ دەپ سورىدى. شۇ چىراقچى جەۋدەت بەي دېگەن كىم ئىكەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ يەھۇدى: ئاڭلىدىم، كىشىلەر جەۋدەت بەينى ئۇرۇش مەزگىلىدە جىق پۇل تېپىپ كەتتى، دېيىشىۋاتىدۇ، دېدى ۋە سالاھىددىن: ئىستانبۇلدا باشقا نېمە يېڭىلىقلار بار، دەپ سورىدى، سېنىڭ بابىئەلى بىلەن ئاراڭ قانداقراق، ئۇ ئەخمەقلەر نېمە قىلىشىۋاتىدۇ، يازغۇچى، شائىر دەپ كىملەرنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ، تونۇمسەن؟ بۇ چاغدا يەھۇدى: بىلمەيمەن، ئەپەندىم، دېدى يەھۇدى. سىز ئۆزىڭىز كېلىپ كۆرۈپ باقامسىز! كېيىن سالاھىددىننىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم: ياق! بارمايمەن! ئۇلارنىڭ يۈزىنى شەيتان كۆرسۇن، لەنەت بولسۇن! ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئابدۇللاھ جەۋدەتكە قاراپ باق، ئۇنىڭ يازغان ئەڭ ئاخىرقى كىتابى ئادەتتىكىچىلا چىقىپتۇ، ھەممىنى دەلھايە①دىن كۆچۈرۈپتۇ، لېكىن خۇددى ئۆز پىكىرلىرىدەك قىلىپ

يېزىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەنمەي تۇرۇپ قارا-قويۇق كۆچۈرۈپتۇ، ھەم دىن ۋە سانائەت تېمىسىدا، بوئۇرگوئىگنون②نىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇماي تۇرۇپ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ: ئۇ ۋە زىيا بەي ئىككىسى ھەمىشە باشقىلاردىن كۆچۈرىدۇ: ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەنمەي تۇرۇپ: زىيانىڭ فرانسۇزچىسىمۇ تايىنلىق، ئوقۇغانلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ، بۇلارنى يېزىپ چىقىپ رەسۋا قىلاي دېيمەن، لېكىن كىممۇ چۈشىنەر؛ ھەم بۇنداق ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر ئۈچۈن ئوبزورچىلىق قىلىپ ئېنسىكلوپېدىيە ئۈچۈن سەرپ قىلىشىم كېرەك بولغان ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟ ئۇلار بىلەن كارىم يوق، ئىستانبۇلدا بىر-بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىپ تۈگەشسۇن.

بېشىمنى ياستۇقتىن كۆتۈردۈم ۋە باش تەرىپىمدىكى لىمون سۈيىنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ئىچتىم.

ئاندىن سالاھىددىن: ئۇلار توغرۇلۇق مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىمنى بېرىپ ئۇلارغا سۆزلەپ بەر، دېگەنىدى يەھۇدىغا ۋە يەھۇدى، مەن ئۇلارنى تونۇمايدىغان تۇرسام، دېگەنىدى، ئۇنداق ئادەملەر دۇكىنىمغا كېلىپمۇ قويمايدۇ، دېيىدى يەھۇدى، سالاھىددىن: بىلىمەن، بىلىمەن! دەپ ۋارقىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى: سۆزلەپ يۈرىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق: مەن قىرىق سەككىز جىلتلىق ئېنسىكلوپېدىيەنى پۈتتۈرسەملا شەرقتە دېيىلىشى كېرەك بولغان بارلىق ئاساسلىق چۈشەنچىلەر ۋە گەپ-سۆزلەر دېيىلگەن بولىدۇ: بۇ يەردىكى ئىشەنگۈسىز پىكىر بوشلۇقىنى بىر قېتىمدىلا تولدۇرىمەن، ھەممىسى چەكچىيىپ قاراپ قېلىشىدۇ، گالاتا كۆۋرۈكىدىكى گېزىتچى باللار ئېنسىكلوپېدىيەمنى سېتىشىدۇ، بانكا كوچىسى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ، سىركىچىلەر بىر-بىرىنى بوغۇشۇپ كېتىدۇ، ئوقۇغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلارمۇ چىقىدۇ ۋە ئەڭ مۇھىمى، خەلق مېنى تونۇيدۇ، مىللەت مېنى چۈشىنىدۇ! ئىستانبۇلغا شۇ چاغدا بارىمەن، ئۇ ئۇلۇغ ئويغىنىش دەۋرىدە، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش ئۈچۈن بارىمەن! دېگەنىدى سالاھىددىن ۋە يەھۇدى ئۇنىڭغا: شۇنداق ئەپەندىم، سىز بۇ يەردە تۇرۇڭ، ئىستانبۇلنىڭ، كاپالى چارشىنىڭ مەززىسى قالمىدى، دېدى . ھەممە ئادەم بىر-بىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋاتىدۇ. باشقا زەرگەرلەرنىڭ ماللىرىغىزنى ئەرزان باھادا ئېلىۋالغۇسى كېلىدۇ. پەقەت ماڭىلا ئىشىنىڭ. گەرچە ئىشلار، دېگىنىمدەك كاسات، لېكىن كېلىپ ماللىرىڭىزنى كۆرەي دېدىم. كەچ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئالماسنى ماڭا كۆرسەتكەن بولسىڭىز. خېتىڭىزدە تىلغا ئالغان ھالقىلار قانداقراقتى؟ ئاندىن ئارىنى جىمجىتلىق باستى؛ يۈرىكىم سالغاچ ئۇ جىمجىتلىققا قۇلاق سالدىم؛ قولۇمدا ئاچقۇچ.

— موما، لىمون سۈيىنى ياقتۇرمىدىڭىزمۇ؟

يەنە بىر يۈتۈم ئىچتىم ۋە بېشىمنى ياستۇققا قويۇۋېتىپ ــ ياقتۇردۇم ــ دېدىم ــ ئاپىرىن، قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن!

ــ شىكەرنى جىق سېلىپ تەييارلىدىم. نېمە ئويلاۋاتىسىز موما؟

ئـۇ چاغـدا يەھۇدىنىــڭ قــاتتىق ۋە ئــاچچىق يــۈتەلگىنىنى ۋە ســالاھىددىنىنىڭ ئىــچ ئاغرىتقاندەك ئاۋازدا: تاماق يەپ كەتمەمسىز؟ دېگىنىنى ۋە يەھۇدىنىڭ يەنە ھالقىلار توغرۇلۇق گەپ قىلغىنىنـى ئاڭلىـدىم. ئانـدىن سـالاھىددىن يۇگـۈرگىنىچە پەلەمـپەيلەردىن چىقىـپ ھوجرامغا كىردى: فاتىمە، بول پەسكە چۈش، تامـاق يەيمىـز، سـەت تۇرىـدۇ! دېـدى؛ لېكىن چۈشمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئوغلۇم دوغان بىلەن بىللە پەسكە چۈشتى، ئاندىن يەھۇدىنىڭ: نېمە دېگەن جانتى بالا بـۇ! دېگىنىنـى ۋە ئانىسـىنى سـورىغانلىقىنى ۋە سالاھىددىنىنىڭ مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى ئېيتقانلىقىنى ۋە ئۇ ئۇچەيلەن تاماق يەۋاتقان چاغـدا ئـۇ جالاپنىـڭ ئۇلارغـا مۇلازىملىـق قىلغـانلىقىنى ئـاڭلاپ تـۇردۇم ۋە ئىچـىم ئېلىشـتى. ئۇنىڭـدىن كېيىنكـى گەپ-سـۆزلەرنى ئاڭلىمىــدىم، يـاكى قۇلىقىمغـا كىرمىـدى، چـۈنكى ئـۇ يەھۇدىغا ئېنسىكلوپېدىيەسى توغرۇلۇق گەپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

ــ موما، نېمە ئويلاۋاتىسىز، دەپ بەرمەمسىز؟

ئېنسىكلوپېدىيە؛ تەبىئىي پەن بىلىملىرى، بـارلىق بىلىمـلەر، بىلىـم ۋە ئـاللاھ، غەرب ۋە قايتا گۈللىنىش، كېچە ۋە كۈندۈز، ئوت ۋە سۇ، شەرق ۋە دەۋر، ئۆلۈم ۋە ھايات: ھايات: ھايات!

ــ سائەت قانچە بولدى؟ــ دەپ سورىدىم.

چىكىلداپ ئۇنى بۆلگەن نەرسە: ۋاقىت: ئويلاپ قالىمەن: شۈركۈنىمەن.

ــ ئالتە يېرىم بولاي دېدى موما ــ دېـدى نىلگـۈن. ئانـدىن ئۈسـتىلىمگە يېقىنلىشـىپ قارىدى، ــ قانچە يىللىق سائەت بۇ؟

داسـتىخاندا بولغـان گەپ-سـۆزلەرنى ئاڭلىمىــدىم؛ ئىچـىم ئېلىشـىپ ئۇنتـۇپ كەتكىـم كەلگەن، ئۇنتۇپ كەتكەن بىر نەرسىگە ئوخشاش ئىدى: چۈنكى ئاخىرىدا، يەھۇدى مۇنداق دېگەن ئىدى: تاماق بەك گۈزەل بوپتۇ. لېكىن تاماق ئەتكەن بۇ ئايال ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلكەن! كىم بولىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن سالاھىددىنمۇ، مەس ھالدا مۇنداق دېدى: بىچارە سەھرالىق ئايال! بۇ يەرلىك ئەمەس، ئىبرى ئەسكەرلىككە ماڭغان چېغىدا بۇ يەردىكى يـىراق بىـر تۇغقىنىنىـڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ گـۈي كېمىسـى چۆكـۈپ كېتىـپ ئۆلـدى. فـاتىمە بەك چارچـاپ كېتىپ باراتتى، بىزمۇ خىزمەتچى ئىزدەپ تۇراتتۇق، ئاچ-يالىڭاچ قالمىسۇن دەپ پەستىكى بىر كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۆزى تىرىشچان. لېكىن ئـۇ ئـۆي كىچىـك كېلىـپ قالـدى. كىچىك بىـر ئـۆي سـالدىم. ئىبرىمـۇ ئەسـكەرلىكتىن قايتمىـدى. يـا ئەسـكەرلىكتىن قاچقانـدا تۇتۇلـۇپ قېلىـپ دارغـا ئېسـىلدى يـاكى بولمىسـا ئۇرۇشـتا ئۆلـۇپ كەتتـى. مەن بەك قايىـل:

خەلقىمنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە گۈزەللىكى بۇ ئايالدا ئىپادىسىنى تاپقان. ئېنسىكلوپېدىيىگە يېزىلاردىكى ئىقتىسادى تۇرمۇشنى يېزىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم! يەنە بىر قەدەم ئىچىلىڭ! ئاڭلىماي، ئىچىم ئېلىشىپ بوغۇلۇپ قالماي دەپ ئىشىكنى تاقىۋالغان ئىدىم.

ــ موما، بۇ كىمنىڭ سائىتى ئىدى، ئۆتكەن يىلى دەپ بەرگەنتىڭىز؟

ــ رەھمەتلىك مومامنىڭمىش ــ دېدىم ۋە نىلگۈننىڭ كۆلگىنىنى كۆرۈپ بىكاردىن دەپ يۈرۈپتىمەن دەپ ئويلىدىم.

ئاندىن بىر يەھۇدى ۋە بىر مەست بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولغان بىچارە ئوغلۇم دوغان ئۈستىگە چىقىپ يېنىمغا كەلدى، سۆيۈپ قويۇشتىن بۇرۇن قوللىرىنى يۇيغۇزدۇم، ئاندىن چۈشلۈك ئۇيقۇ ئۈچۈن ياتقۇزدۇم. سالاھىددىن پەستە تېخىچە سۆزلەۋاتاتتى، لېكىن ئۇزاققا سۈرمىدى. يەھۇدى ماڭماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. سالاھىددىن ئۈستىگە چىقىپ كەلدى: ئاۋۇ بىر نېمە ماڭىمەن دەيدۇ فاتىمە، دېدى. مېڭىشتىن بۇرۇن سېنىڭ ئۈزۈكلىرىڭدىن، ھالقىلىرىڭدىن بىرەرنى كۆرگۈسى باركەن! مەن ئۇنچىقمايتتىم. بۇ گۈيىنىڭ ئىستانبۇلدىن مېنىڭ خېتىمدىكى گەپكە بىنائەن كەلگەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن فاتىمە، ئەمدى ئۇنى قۇرۇق يولغا سېلىپ قويساق بولماس. لام-جىم دېمەي تۇراتتىم… سومكىسىدا لىق پۇل بار فاتىمە، دۇرۇست ئادەمدەك قىلىدۇ، مۇۋاپىق باھادا ئالىدۇ. ئۇن-تىنسىز تۇراتتىم… شۇنچىۋىلا يول ماڭغۇزۇپ، تا ئىستانبۇلدىن چاقىرىپ كېلىپ ئاندىن قۇرۇق قول يولغا سېلىپ قويامدۇق؟

ــ موما، بۇ تامدىكى رەسىم بوۋىڭىزنىڭ رەسىمى، شۇنداقمۇ؟

مەن يەنە جىم تۇرۇۋالسام: ماقۇل فاتىمە، دېگەنىدى سالاھىددىن يىغلامسىراپ: قارا، ھېچكىم كېسەلخانامغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلمەس بولۇپ قالدى، بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس، بۇ لەنەتتەككۈر دۆلەتتىكى قاملاشمىغان ئىتىقادنىڭ ئاقىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولماي دەۋاتىمەن: مېنىڭ كىرىمىم يوق، ئەگەر ساندۇقتا تولۇپ-تېشىپ تۇرغان ئالماسلاردىن، ئۈزۈكلەردىن، ھالقىلاردىن بىرەر تال بۇگۈن بۇ يەھۇدىغا ساتمىساق بۇ ئۈزۈن قىشنى، ياق، قىشنىلا ئەمەس بۇ ئۆمرۈمىزنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ مەن ئون يىل مابەينىدە ساتقۇدەك نېمەم بولسا ساتتىم فاتىمە، بۇ ئۆي ئۈچۈن قانچىلىك چىقىم قىلغانلىقىمنى بىلىسەن، ساراپچىخانىدىكى يەر ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا يوق بولدى، ئۆتكەن ئىككى يىلنى كاپالى چارشىدىكى دۇكاننى سېتىپ ئۆتكۈزدۇق، ۋەفادىكى ئۆيىنى، مەن، سېتىڭلار، دەپ قويغانغىلا، تاغامنىڭ ئوغلى بولمىش ئۇ نومۇسسىزنىڭ ساتمايدىغانلىقىنى ۋە ئىجارىسىدىن مېنىڭ ھەققىمنى ئەۋەتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن فاتىمە، ئەمدى شۇنىمۇ دەپ

قويااي، بىلىپ قال، ئىككى يىلدىن بېرى نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ كەلدۇق دەپ قالدىڭ؛ گەبزەدە كىشىلەر مېنى زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ: كونا چاپانلىرىمنى، كۆمۈش قەلەم جابدۇقلىرىمنى، رەھمەتلىك ئانامدىن قالغان ئۇ كىتاب ساندۇقۇمنى ۋە پەلەيلىرىمنى، دادامدىن قالغان سەدەپ تەسۋى ۋە بەيئوغلۇدىكى بايۋەچچىلەرگە يارىشىدىغان ئۇ كۆلكىلىك تونىنى گەبزەدىكى ئۇ ياۋايى، ئۇششاق-چۈششەك سودىگەرلەرگە قانچىلىك ئەرزان باھادىلا سېتىۋەتتىم بىلەمسەن؟ بولار ئەمدى، كارنىيىمغىچە تويدۇم، كىتابلىرىمنى، تەجرىبە سايمانلىرىمنى، دوختۇرلۇق ئەسۋاپلىرىمنى ساتقۇم يوق. گەپىڭنى ئوچۇقنى قىلاي: ھەممە نەرسىنى، شەرقتىكى پۈتۈن ھاياتلىقنى، بىر يولىلا زىل-زىلىگە كەلتۈرىدىغان ئېنسىكلوپېدىيەمنى پۈتتۈرمەي، ئۇن بىر يىللىق قان-تەرىمنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، بوينۇمنى پۈكۈپ، سالپايغان ھالدا ئىستانبۇلغا قايتىپ بارغۇم تېخىمۇ يوق! يەھۇدى پەستە ساقلاۋاتىدۇ فاتىمە! ساندۇقتىن پەقەت بىر تالال ئالسەن! پەقەت شۇ گۈينى كۆزىمىزدىن يوقالسۇن دەپلا ئەمەس، ئەسىرلەر بويى ئۇخلاۋاتقان شەرق ئويغانسۇن، ئوغلىمىز دوغان بۇ قىشنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق، توڭلاپ، تىترەپ ئۆتكۈزمىسۇن دەپ، بول فاتىمە، ئاچ شۇ ئىشكاپنى!

— موما، بىلەمسىز، كىچىك چېغىمدا بوۋامنىڭ بۇ رەسىمىدىن قورقاتتىم!

ئاخىرى ئىشكاپنى ئاچقان چېغىمدا سالاھەددىن ئىككى قەدەم نېرىدا ساقلاپ تۇرىۋاتاتتى.

— قورقامتىڭ؟— دېدىم— بوۋاڭنىڭ نېمىسىدىن قورقاتتىڭ؟

— بۇ بەك مۇدھىش بىر رەسىم موما!— دېدى نىلگۈن— ساقىلىدىن، قاراشلىرىدىن قورقاتتىم.

ئاندىن ئىشكاپنىڭ بۇلۇڭىدىن ساندۇقنى چىقىرىپ، ئېچىپ، ئۈزۈنغىچە قايسىغا قىيىشنى بىلەلمەي قالغاندىم: ئۈزۈكلەر، بىلەيزۈكلەر، ئالماس يىڭنىلەر، ئالماس كۆزلۈك ئىزناكلار، ئالماس ئۈزۈكلەر، ئالماسلار، ئاھ، خۇدا!

— بوۋامنىڭ رەسىمىدىن قورقاتتىم، دېدى دەپ ماڭا ئاچچىغىڭىز كەلمىگەندۇ - ھە، موما؟

ئاخىرىدا سالاھەددىن مەن لەنەت ئوقۇپ تۇرۇپ بەرگەن ياقۇت ھالقىنىڭ بىر تېلىنى ئېلىپ، كۆزلىرى پارقىرىغان ھالدا ھاپىلا-شاپىلا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى ۋە ئۇنىڭ پەسكە چۈشىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرە- كىرمەي تۇرۇپلا يەھۇدىنىڭ ئۇنى ئالداپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان ئىدىم: بىردەمدىلا ئىش پۈتتى. قولىدا غەلىتە بىر سومكا، بېشىدا شلەپە، ھويلىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ كېتىۋاتقان يەھۇدى: سىز ئاۋارە بولۇپ ئىستانبۇلغا كېلىپ يۈرمەڭ، دەۋاتاتتى، خەت يازسىڭىز، ھەر قېتىمدا ئۆزۈم كېلىمەن.

ھەر قېتىمدا ئۆزى كەلدى: بىر يىلدىن كېيىن، قولىدا يەنە شۇ سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە، ھالقىنىڭ يەنە بىر پېيىنى ئالغىلى كەلگىنىدە يەھۇدىنىڭ بېشىدا ھېلىقى شلەپە يەنە بار ئىدى. سەككىز ئايدىن كېيىن ئالماس كۆزلۈك بىلەيزۈكلىرىمنىڭ تۇنجىسىنى ئالغىلى كەلگەندە، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ بېشىدىكىدەك شلەپە كىيىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئالماس كۆزلۈك بىلەيزۈكىمنىڭ ئىككىنچىسىنى ئالغىلى كەلگەندە بولسا چېسلا 1345 ـ يىلى دەپ ئەمەس، 1926 ـ يىلى دەپ يېزىلىدىغان بولغان ئىدى. باشقا بىلەيزۈكلىرىمنى ئالغىلى كەلگەندە قولىدا يەنە شۇ سومكا بارئىدى ۋە بۇ يەھۇدى ئىشلىرىدىن توختىماي قاخشايتتى، لېكىن گۇزەل خىزمەتچى خوتۇننى سورىماس بولۇپ قالغانىدى. بۇ بەلكىم بۇنىڭىاقى ئايالالرنىڭ خېتى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئەمەس، سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىرىلىدىغان بولغاچقىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇ قېتىمقى ۋە شۇندىن كېيىنكى نەچچە يىلدا ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ يېگەن تاماقلارنى سالاھىددىن ئۆزى ئېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى: مەن ھەر قېتىمدا قىلغىنىمغا ئوخشاش جايىمدىن مىدىرلىمىدىم، ھوجرامدا ئولتۇردۇم، بەلكى يەھۇدىغا ھەممە ئىشنى دەپ بەردىمىكىن دېيمەن. شۇنداق قىلىپ خىزمەتچى بىلەن ئۇنىڭ ھارامىلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇق ۋە دوغان بىرى پاپا، يەنە بىرى توكۇر ئۇ ھارامىلىقلارنى يېزىدىن تېپىپ ئەكەلگەنگە قەدەر ئۆيدە يالغۇز قالدۇق. ئۇ ئەڭ ياخشى يىللار ئىدى. سالاھىددىن، يەھۇدى شۇ كېلىشىدە قالدۇرۇپ كەتكەن گېزىتنى ئاخشامغا يېقىن ئوقۇغانىدى: تۇرۇپلا گېزىتكە ھەممە ئىشلار، بارلىق جىنايەت ۋە گۇناھلار ۋە مەن بەرگەن جازالار يېزىلىدىمىكىن دەپ قىلىپ، قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ باققانىدىم: لېكىن گېزىتتە باشلىرىغا خىرىستىيانلارنىڭ شلەپىلىرىنى كىيىۋېلىشقان مۇسۇلمانلارنىڭ رەسىملىرىدىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى، يەھۇدى يەنە بىر قېتىم كەلگەندە ئەكەلگەن گېزىتتە باشلىرىغا خىرىستىيانلارنىڭ شلەپىلىرىنى كىيىۋېلىشقان مۇسۇلمانلارنىڭ رەسىملىرىنىڭ ئاستىدا يەنە تېخى خىرىستىيانلارنىڭ يېزىقىمۇ بار ئىدى. بۇ، سالاھىددىن: ئېنسىكلوپېدىيەم بىر كۈندىلا ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى، دېگەن ۋە يەھۇدىغا ئالماس ياقىلىقىمنى بەرگەن چاغ ئىدى.

ــ نېمە ئويلاۋاتىسىز موما، مېجەزىڭىز يوقمۇ؟

ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېلىشىدە ساندۇقىمدىن بىرىلىيانت ئۈزۈكىمنى چىقارغان ئىدىم. مومام تويلۇق مېلىمغا قوشۇپ بەرگەن زۇمرەت ئۈزۈكنى بەرگەن چېغىمدا قار يېغىۋاتاتتى ۋە يەھۇدى پويىز ئىستانسىسىدىن بۇ يەرگە قار ـ شىۋىرغاندا كەلگەنلىكىنى، ئۆزىگە بۆرىلەرنىڭ ئېتىلغىنىنى ۋە سومكىسى بىلەن ئۆزىنى قوغدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: بۇ گەپلەرنى ئۈزۈكنى يېرىم باھادا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم. يەنە بىر كېلىشىدە، كۆز پەسلى ئىدى؛ دوغان ئۇنىۋېرسىتېت دەپ، مەمۇرىيەت بۆلۈمىدە سىياسىي ئۆگىنىمەن، دەپ

مېنى يىغلاتقان ئىدى. يەھۇدىنىڭ ئالتە ئاي كېيىنكى بىر كېلىشىدە ياقۇت ھالقام بىلەن ياقىلىق جابدۇقلىرىم يوق بولدى. ئۇ چاغدا سالاھىددىن فامىلىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش ئۈچۈن گەبزەگە تېخى بارمىغان ئىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن بارغان چېغىدا، نوپۇس كادىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ قالغانلىقىنى دەپ بەرگەن ئىدى: پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ماڭا ئۇزاتقان نوپۇس دەپتىرىدىكى فامىلىسىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ مازاق قىلغانلىقىنى چۈشەندىم، يىرگىنىپ كەتتىم ۋە بىر كۈن كېلىپ، مېنىڭ قەبرەمگە بۇ سەت ئىسىمنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ شۈركۈنۈپ كەتتىم. يەھۇدى بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كېلىپ ئالماس كۆللۈك ئۈزۈكۈم بىلەن كۆللۈك ھالقىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ماڭغان قىشتىن كېيىنكى يازدا، ئازاپ ئىچىدە ئۈيىاقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ھالرەڭ مەرۋايىتلىرىمنى دادىسىغا كۆرسەتمەستىن دوغانغا بەرگەن ئىدىم. بۇلارنى سېتىپ ئىستانبۇلدا ئويۇن ـ تاماشا قىلىشنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇنداق قىلمىدى: مېنى ئەيىپلەش بۇنىڭدىن ئاسان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسى يېزىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ھارامىلىقلارنى تېپىپ ئەكەلدى، ئۆيىمىزگە ئورۇنلاشتۇردى.

ــ نېمە ئويلاۋاتىسىز موما؟ يەنە ئۇلارنىمۇ؟

يەھۇدىنىڭ يەنە بىر كېلىشىدە، سالاھىددىن ساندۇقنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى: ياقۇت قويۇلغان ئاي ــ يۇلتۇزلۇق چاچ قىسقۇچىمنى ئالغاندا ئېنسىكلوپېدىيەم پۈتتۈشكە ئاز قالدى دەۋاتاتتى؛ ئەمدى پۈتتۈن كۈن مەست بولۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى؛ ھوجرامدىن چىقمايتتىم ۋە مەس بولغانلىقى ئۈچۈن چاچ قىسقۇچنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى بولسا سىرىق گۆھەردىن ياسالغان چاچ قىسقۇچىمنىڭ يىرىم باھادىلا قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتىم؛ لېكىن كىتاپ ئۈچۈن خەجلەۋاتقان پۇلنى ئازلىتاي دېمەيتتى. شەيتانغا پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇپ كەتكەن سالاھىددىن، ياشىنىپ قالغان يەھۇدىنى يەنە بىر قېتىم چاقىرغان چېغىدا، يەنە بىر ئۇرۇش پارتلىغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدى يەنە ئىككى قېتىم كەلدى: بىرىنچى قېتىمدا، ياقۇت كۆزلۈك، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق چاچ قىسقۇچىمنى، ئىككىنچى قېتىمدا ئالماس كۆزلۈك « بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر» دېگەن چاچ قىسقۇچىمنى بەردىم. شۇنىڭ بىلەن سالاھىددىن، ئۆز قەدىر ـ قىممىتى ۋە بەخت ـ تەلىيىنى ئۆز قولى بىلەن ساتقان بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، رويايىقا چىقاردىم دېگەن ئۇ ئىشەنگۈسىز ئۇلۇغ بايقاشتىن كېيىن، يەھۇدىنى يەنە بىر قېتىم چاقىرىشنى ئويلاپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئۆلدى. ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يوشۇرۇپ قالغان بىردىنبىر بايلىق بولغان ئىككى ئالماس ئۈزۈكنى، بىچارە، ساددا دوغان قايتۇرۇپ كەلگەن ھارامىلىقلارغا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالغاندا، ساندۇق ئاخىرى قۇرۇقدالدى. شۇ تاپتا ساندۇقنىڭ ئىشكاپنىڭ ئىچىدە قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى خىيال قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن.

ــ نېمە ئويلاۋاتىسىز موما، دەپ بېرىڭە!

ــ ھېچنېمە!ــ دېدىم پەرۋاسىزلارچە،ــ ھېچنىمىنى ئويلىمايۋاتىمەن!

# ئون ئىككىنچى باب

پۈتۈن كۈن كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، كەچ بولغاندا ئۆيگە قايتىش، يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە قايتقانغا ئوخشايدۇ. قەھۋەخانا تاقالغىچە ئولتۇردۇم، كىشىلەر بىر-بىرلەپ ئۆيىگە قايتىۋاتقاندىمۇ بىللە بىرەر ئىش قىلغۇدەك بىرى چىقىپ قالار، دەپ ساقلىدىم، لېكىن ئۇلار ماڭا قاراپ نەچچە قېتىملاپ « چاكال، چاكال» دېيىشتىن باشقا بىر ئىش قىلىشمىدى.

ـ قويە ھەسەن، چاكاللىق قىلىپ ئولتۇرماي ئۆيىۈڭگە قايتىپ ماتېماتىكا دەرسىڭنى ئۆگەن ئوغلۇم!

قايتتىم، دۆڭگە چىقىۋاتىمەن، ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايتتىم، چۈنكى قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆرەتتىم: جىمجىت قاراڭغۇلۇق، پەقەت تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىدۇ، قۇلاق سالىمەن ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە كەلگۈسىمنى كۆرىمەن: يىراقتىكى دۆلەتلەرگە قىلىدىغان سەپەرلەرنى، قانلىق ئۇرۇشلارنى، پىلىموتلارنىڭ تاتىلداشلىرىنى، ئۇرۇشلاردىكى شادلىقلارنى، قۇللار پالاق ئۇرۇۋاتقان كېمىلەر چىقىدىغان تارىخى فىلىملەرنى، مەھكۇملارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى بېسىقتۇرىدىغان قامچىلارنى، تەرتىپلىك قوشۇنلارنى، زاۋۇت-فابرىكىلارنى ۋە پاھىشەلەرنى: خىجىل بولدۇم، ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم. مەن كاتتا ئادەم بولىمەن. دۆڭ ئاخىرلاشتى.

يۈرىكىم بىردىنلا "جىغ" قىلىپ قالدى: بىزنىڭ ئۆيىنىڭ چىراقلىرى! توختاپ سەپسالدىم: بىزنىڭ ئۆي ئىچىگە چىراق يېقىپ قويۇلغان گۆرگە ئوخشايدۇ. دەرىزىدىن ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىچىگە قاراپ باقتىم: ئانام يوق تۇراتتى، ئۇخلاپ قالغاندۇر؛ دادام دىۋاندا سوزۇلۇپ ئۇخلىغاچ مېنى ساقلاۋاتقاندۇر؛ مەيلى ساقلىسۇن، مەن دەرىزىدىن غىپپىدە كىرىپ ئۇخلىۋالىمەن. بىرىپ قاراپ باقتىم: دەرىزەمنى تاقاپ قويۇپتۇ. بوپتۇ. بىرىپ يەنە بىر دەرىزىنى تېز-تېز چەكتىم، دادام ئويغاندى. كېلىپ ئىشكنى ئاچماي دەرىزىنى ئاچتى.

ـ نەگە كەتتىڭ؟ـ دەپ ۋارقىرىدى.

بىر نېمە دېمىدىم، تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتىم. بىردەم جىم تۇردۇق.

ـ چاققان كىرـ دېدى دادامـ ئۇ يەردە تۇرما.

دەرىزىدىن كىردىم. ئالدىمدا ماڭا دادا نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئاندىن يەنە باشلىدى: ئوغلۇم، ئوغلۇم نېمىشقا ئوقۇمايسەن، ئەتىدىن كەچكىچە كوچىلاردا نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسەن، ۋاھاكازا. توساتتىن ئويلاپ قالدىم: بۇ يىغلاڭغۇ ئادەم بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز بار ئانا؟ ئانامنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنى ئويغىتىپ مۇشۇنداق دەي، ئانام بىلەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىن كېتەيلى. بۇ چاغدا دادامنىڭ قانچىلىك كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېچىم سىقىلدى. شۇنداق، مەندىمۇ گۇناھ بار، پۈتۈن كۈن كوچىلاردا كېزىپ يۈردۈم، لېكىن ئەنسىرىمە دادا، ئەتە قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قوي. دادام بۇنداق دېگىنىمگە ئىشەنمەيدۇ-دە. دادام لام-جىم دېمەي، غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى. دەرھال ھوجرامغا كىردىم، ئۈستىلىمگە كېلىپ ئولتۇردۇم، ماتېماتىكا ئۆگىنەي، سەن كۆرۈپ قوي ۋە كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما دادا، ماقۇلمۇ؟ ئىشىكنى تاقىدىم. چىراق يېنىق، ئىشىكنىڭ ئاستىدىن يورۇقى سىرتقا سىزىپ تۇرىدۇ، كۆرىسەن؛ دېمەك مەن دەرس ئۆگىنىۋاتىمەن. تېخىچە ئۆزىگە ئۆزى كوتۇلداۋاتاتتى.

بىردەمدىن كېيىن دادامنىڭ ئۇنى ئۆچتى، نېمە قىلىۋاتقاندۇ، دەپ ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ قاراپ باقتىم، يوق تۇراتتى: يېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزى خورۇلداپ ئۇخلاپ، مېنىڭ دەرس ئۆگىنىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ماقۇل، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دىپلومى بۇنچىلىك مۇھىم بولىدىغان بولسا، مەن ئۆگىنەي، كېچىچە ئۇخلىماي ئۆگىنەي، ئەتە ئەتىگەندە ئانام كۆرسە ئىچى ئاغرىغۇدەك بىر ئۆگىنىۋېتەي، قاراپ قىلىڭلار، لېكىن مەن بۇ ھاياتتا بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. خالىساڭلار سۆزلەپ بېرەي ئانا، كوممۇنىستلارنى، خرىستىيانلارنى، زىيونىستلارنى بىلەمسىلەر، ئارىمىزغا سوقۇنۇۋالغان ماسونلارنى بىلەمسىلەر، كارتېر ۋە پاپا، برېژنېۋ بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆھبەتلەشتى، بىلەمسىلەر؟ سۆزلەپ بەرسەم ئۇلار ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيدۇ... بولدىلا، ئىچىمنى پۇشۇرماي ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە باشلايچۇ.

كىتابنى ئاچتىم، قاغىشتەككۈر لوگارىفمدىن ئۆتەلمىگەن ئىدىم. شۇنداق، log دەپ يازىمىز، ۋە a log(A.B)= a logA+ a logB بولىدۇ دەيمىز. بۇ بىرىنچىسى، بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرمۇ بار؛ كىتابتا تېئورما دەپ بىر نەرسىمۇ بار. ھەممىسىنى دەپتىرىمگە رەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقتىم. كېيىن يازغانلىرىم ئۆزۈمگە بەك ياراپ كەتتى. تۆت بەت يېزىپتىمەن، مەن قانداق ئۆگىنىشنى ئوبدان بىلىمەن. دېمەك، لوگارىفما دېگەن مۇشۇنچىلىك نەرسە مانا.

ئەمدى بىر مەسىلە يېشىپ باقاي، دەيمەن. بۇنىڭ لوگارىفمىسىنى چىقىرىڭ، دەپتۇ:

(log6 √(x_b ))/(ax+c)

ماقۇل، چىقىراي. قاراپ باقتىم. ئاندىن دەپتەرگە يازغانلىرىمنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، لېكىن قايسىنى قايسىغا بۆلۈپ كۆپەيتىدىغانلىقىمنى ۋە نېمە بىلەن نېمىنى قىسقارتىدىغانلىقىمنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئاڭقىرالمىدىم. يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، ھەممىسىنى يادلىۋېتىشكە تاس قالدىم، مىسالدىكى مەسىلىلەرنىڭ قانداق يېشىلگەنلىكىگىمۇ قارىدىم، لېكىن ھېچقايىسىسىنىڭ ماڭا قىلچىلىك پايدىسى تەگمەيۋاتاتتى. بەك ئاچچىقىم كەلدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپتىمەن. شۇ تاپتا تاماكا بولغان بولسا بىر تال چېكىپ قويغان بولاتتىم. ئاندىن يەنە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېششكە كىرىشتىم، لېكىن قولۇم پەقەت قەغەز ئۈستىنى بوياپ قويغان بولدى-خالاس. بىر ئازدىن كېيىن، قارا، نىلگۈن، دەپتىرىمنىڭ بىر بۇرجىكىگە نېمە يېزىپ قويۇپتىمەن:

ئەمەستىم مەن ساڭا مايىل
سەن ئەتتىڭ ئەقلىمنى زايىل①

يەنە بىردەم ھەپىلەشتىم، لېكىن پايدىسى بولمىدى. كېيىن يەنە بىر ئاز ئويلىنىۋېدىم ئەقلىمگە بۇ خىيال كەلدى: مۇشۇ log ۋە √(.&.) ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلىشنىڭ نېمىگە پايدىسى تېگەر؟ ئالايلۇق، بىر كۈنى پۇللىرىمنىڭ سانىنى پەقەت لوگارىفما ۋە يىلتىز بەلگىلىرى ئارقىلىقلا ھېسابلاپ چىققىلى بولغۇدەك بايغا ئايلىنارمەن، ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولارمەن: مەن ئۇ چاغدا بۇ ھېساپلاشلارنى ماڭا قىلىپ بەرگۈدەك بىرەر كاتىپ ئىشلىتىشنى ئويلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە دۆتلىشىپ كېتەرمەنمۇ؟

ماتېماتىكا كىتابىمنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئىنگلىزچىنى ئاچتىم. كالام ئېلىشىپ كەتكەن ئىدى: ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن بۇ Mr. and Mrs. Brown دېگەنلەرنىڭ، دەپ ئويلىدىم؛ ئوخشاش رەسىملەر، ھەممە ئىشنى بىلىدىغان ۋە جايىدا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سوغۇق ۋە بەختلىك چىرايى، بۇلار ئىنگلىزمىش، ئۇچىسىدا دەزماللانغان كاستۇم ۋە گىلاستۇك بار، كوچىلىرىمۇ پاك-پاكىز. بىرى ئولتۇرۇۋاتقان، يەنە بىرى قوپۇۋاتقان، ئاندىن بىرنىڭ سەرەڭگە قاپلىرىغا ئوخشىمايدىغان سەرەڭگە قاپلىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە، ئاستىغا، ئىچىگە، يېنىغا بىر-بىرلەپ قويۇپ قويىشىدۇ. On, in, under ۋە يەنە ... مەن بۇ قاملاشمىغان نەرسىلەرنى يادلىشىم كېرەك، بولمىسا ئىچىدىكى ئۆيدە پوشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقان لاتارىيەچى، ئوغلۇم ياخشى ئوقۇمايۋاتىدۇ دەپ سالپىيىپ كېتىدۇ. ئۈستىنى يېپىپ قويۇپ، تورۇۋسقا قاراپ يادلاشقا باشلىدىم، يادلاۋېتىپ بىردىنلا نېرۋام ئۆرلىۋېدى، كىتابنى ئالغان يېرىم يەرگە ئاتتىم: لەنەت بولسۇن! ئورنۇمدىن تۇردۇم، دەرىزىدىن تېشىغا چىقتىم. مەن بۇلارغىلا

شۈكرى قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئەمەس. باغنىڭ بىر چېتىدىن قاراڭغۇ دېڭىزغا ۋە ئىتلىرى بار ئارالنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا يەككە-يېگانە ھالدا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان ماياكقا قاراپ سەل ئارام تېپىپ قالدىم: ئاياغ مەھەللىنىڭ ھەممە چىراقلىرى ئۆچكەن بولۇپ، پەقەت كوچا چىراقلىرى بىلەن يەرنىڭ نەچچە قات تېگىدە گۈرۈلدەۋاتقانىدەك ئاڭلىنىدىغان ئەينەك زاۋۇتىنىڭ چىراقلىرىلا يېنىپ تۇراتتى؛ ئاندىن جىمجىت تۇرغان بىر كېمىنىڭ قىزىل چىرىغى. باغ قۇرۇپ قالغان ئوت-چۆپ پۇرايتتى، بىلىنەر ـبىلىنمەس توپا ۋە ياز ھېدىمۇ كېلىپ تۇراتتى: جىمجىت باغدا پەقەت تومۇزغىلارلا جىرىلداپ تۇرىدۇ؛ گىلاسلىق باغلار، يىراقتىكى تۆپىلىكلەر بىلەن تىمتاس خىلۋەت بۇلۇڭلارنىڭ، باغلار بىلەن زەيتۇنزارلىقلارنىڭ ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىكى سۈرۈن ھاۋانىڭ گۈردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان بىزەك تومۇزغىلار. ئاندىن دىققەت قىلىپ قۇلاق سېلىۋېدىم، يەلكەنكايا يولى تەرەپتىكى لاي سۇدا كوركىراۋاتقان پاقىلارنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغاندەك قىلدىم. مەن جىق ئىشلارنى قىلىۋېتىمەن! قىلىدىغان ئىشلارنى خىيال قىلدىم: ئۇرۇش، غەلىبە، مەغلۇبىيەت ئەندىشىسى، ئۈمىد، مۇۋەپپەقىيەت، مەن شەپقەت قىلىدىغان بىچارىلەر، قۇتقۇزۇشىم كېرەك بولغان باشقىلار ۋە بۇ رەھىمسىز دۇنيادا بىز ماڭماقچى بولغان يول. ئاياغ مەھەللىنىڭ ھەممە چىراقلىرى ئۆچۈپتۇ: ھەممىسى ئۇيقۇدا؛ ئۇخلاۋاتىدۇ ھەممىسى: ئەخمىقانە، مەنىسىز، بىچارە چۈشلەرنى كۆرۈپ يېتىشماقتا ۋە بۇ يەردە، ھەممىسىنىڭ بېشىدا بىر مەن ئويغاق. مەن ياشاشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، يېتىپ ئۇخلاشتىن نەپرەتلىنىمەن: قىلىدىغان شۇنچىلىك كۆپ ئىش باركى: ئويلىدىم.

ئاندىن دەرىزىدىن ئۆيگە كىردىم، دەرس ئۆگىنەيدىغانلىقىمنى بىلگەچكە كىيىملىرىمنى سالمايلا كارىۋاتقا ئۈزۈمنى تاشلىدىم. ئەتە ئەتىگەن قوپۇپ باشلايمەن. ئەسلىدە ئىنگىلىزچە بىلەن ماتېماتىكىغا ئەڭ ئاخىرقى ئون كۈننىڭ يېتىدىغانلىقىنى ئويلىدىم، قۇشلار شاخلاردا سايراشقا باشلىغاندا سەن ھېچكىم يوق، دەپ ساھىلغا بارىسەن، نىلگۈن. مەنمۇ بارىمەن. ئىشىمغا كىم ئارىلىشالايتتى؟ دەسلەپتە ئۇيقۇم قېچىپ، يۈرىكىم مېنى يەنە قىينايدىغان بولدى-دە، دەپ ئويلاپ قالغاندىم، كېيىن تېزلا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئويغانغان چېغىمدا كۈن نۇرى قوللىرىمغا چۈشۈپ تۇراتتى ۋە ئىشتان، كۆينەكلىرىم تەردىن چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ قاراپ باقتىم: ئانام بىلەن دادام تېخى قوپمىغان ئىدى. ئاشخانىغا كىرىپ نانغا ئىرىمچىك سۈركەپ يەۋاتسام ئانام كىردى:

ــ نەدە ئىدىڭ؟

— نەدە بولاتتىم، بۇ يەردە ئىدىم — دېدىم — كېچىچە دەرس ئۆگەندىم.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ — دېدى، چاي دەملەپ بېرەيمۇ، ئوغلۇم؟

— ياق، بولدى — دېدىم — مەن ماڭىمەن ھازىر.

— بۇنچە ئەتىگەندە نەگە، ئۇخلىۋالمامسەن؟

— بىردەم ئايلىنىپ كېلەي، ئۇيقۇم ئېچىلار. ئاندىن كېلىپ يەنە دەرس تەكرار قىلىمەن.

چىقاي دەپ تۇراتتىم، قارىسام ماڭا ئىچى ئاغرىشقا باشلاپتۇ.

— ھە، راست ئانا — دېدىم — پۇل بولسا ماڭا 50 لىرا بېرەمسەن؟

بىردەم ئارىسالدى بولدى. ئاندىن،

— ھە — دېدى — يەنە نېمە قىلىسەن پۇلنى؟ ماقۇل، ماقۇل! داداڭغا دېمە!

ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ چىقتى: 20 لىرالىقتىن ئىككى، 10 لىرالىقتىن بىر. رەھمەت ئېيتتىم، ئىشتىنىمنىڭ ئىچىگە سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى كىيدىم، تاراق-تۇرۇقتا دادام ئويغىنىپ كەتمىسۇن، دەپ دەرىزىدىن چىقتىم. قايرىلىپ قارىدىم، ئانام يەنە بىر دەرىزىدىن ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئەنسىرىمە ئانا، مەن بۇ ھاياتتا نېمە بولىدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

ئاسفالت يولدا تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم. يېنىمدىن دۆك تەرەپكە غۇيۇلداپ ماشىنلار ئۆتۈپ تۇراتتى. گىلاستۇكلىرىنى تاقاپ، چاپانلىرىنى يېنىغا ئېسىپ قويغان بۇ خۇمپەرلەر، سائەتتىكە 100 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئىستانبۇلغا قاق سەھەردە قاقتى-سوقتى قىلىشقا ۋە بىر-بىرلىرىنى ئوڭدا قويۇشقا ئالدىراپ مېڭىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ماڭا قاراپمۇ قويۇشمايتتى. سىلەرگە پەرۋايىم پەلەك، ھەي گالاستۇكلۇق، مۆڭگۈزلۈك ئەپەندىلەر!

ساھىلدا تېخى ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. بىلەتچى ۋە ئىشىك باقارلارمۇ تېخى كەلمىگەن بولغاچقا پۇل تۆلىمەيلا كىردىم، رېزىنكە ئايىغىمنىڭ ئىچىگە قۇم كىرىپ كەتمىسۇن دەپ، قىيانىڭ تۆۋىگىچە، ساھىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋە بىر ئۆينىڭ تېمى باشلانغان يەرگىچە دىققەت بىلەن ماڭدىم، تامنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. نىلگۈننى ئىشىكتىن كىرىشىگە بۇ يەردە تۇرۇپلا كۆردۈم. تۇرغۇن دېڭىزنىڭ ئاستىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن: چۈرچۈر①لار يوسۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئاستا ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. سەزگۈر كەفال بېلىقلىرى كىچىككىنە ئاۋازدىنمۇ ئۈركۈپ قېچىشاتتى. تىنماي تۇردۇم.

خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن؛ بىرسى غەۋۋاسلار كىيىمىنى كىيدى، ماسكىسىنى تاقىدى، سۇنىڭ ئاستىدا مىلتىقىنى بەتلىدى ۋە كەفال بېلىقلىرىنىڭ كەينىدىن ئۈزۈپ كەتتى. مۇشۇنداق يارىماس گويلارنىڭ كەفال بېلىقلىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈۋېلىشىغا بەك ئاچچىقىم كېلىدۇ! بىر ئازدىن كېيىن سۇ يەنە تىنجىدى، كەفال بېلىقلىرى ۋە باشقا قىيا بېلىقلىرى يەنە كۆرۈنىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۈستۈمگە كۈن نۇرى چۈشۈشكە باشلىدى.

كىچىك چېغىمىزدا، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ كونا ۋە غەلىتە ئۆيى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىن باشقا ھېچقانداق ئۆي يوق ئىدى، مەتىن، نىلگۈن ۋە مەن بۇ يەرگە كېلەتتۇق، مەن تېزىمغىچە سۇغا كىرەتتىم ۋە چۆرچۆر ياكى خوروزبىنا بېلىقلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇراتتۇق. لېكىن داۋاملىق قىيا بېلىقلىرى كېلەتتى، قويۇۋەت كەتسۇن، دەيتتى مەتىن، لېكىن يەمچۈكنى يەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قويۇپ بەرگۈم كەلمەيتتى، قۇتىغا سېلىپ قوياتتىم؛ ئاندىن قۇتىغا سۇ تولدۇرۇپ قويسام مەتىن مازاق قىلاتتى! مەن پىت كۆز ئەمەس، دەيتتىم مەن؛ نىلگۈن يا ئاڭلايتتى، يا ئاڭلىمايتتى؛ مەن پىت كۆز ئەمەس، مەن ئۇ يەمچۈكنىڭ ھېسابىنى ئۇ قىيا بېلىقىدىن ئالىمەن، دەيتتىم. مەتىن، بېلىقنى تىقىۋالدى، قارماقنىڭ ئۈچىغا ئوق چېگىشنىڭ ئورنىغا ۋېنتا چېگىپتۇ، قارا بۇنىڭغا، نېمە دېگەن پىت كۆز! باللار ــ، دەيتتى نىلگۈن ــ ئۇ بېلىقلارنى كېيىن دېڭىزغا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇۋال بولىدۇ، بولامدۇ؟ ئۇلار بىلەن دوست بولۇش تەس، بىلىمەن. قىيا بېلىقىدىن شورپا قىلغىلى بولىدۇ، ياغيۇ، پىياز سالساڭ بولىدۇ.

كېيىن بىر قىسقۇچپاقنى تاماشا قىلدىم. ھەمىشە بىر نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپلا تۇرغاچقا، قىسقۇچپاقلار ئەنسىز ۋە خىيالچان كېلىدۇ. ئاياغلىرىنىڭ بىلەن قىسقۇچلىرىڭنى نېمىدەپ ئۇنداق مىدىرلىتىدىغانسەن سەن؟ بۇ قىسقۇچپاقلار گويا مەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى: ھەممىسى تۇغۇلۇشتىنلا قاقۋاش ۋە پوچى. قورساقلىرى ئاپئاق ئاۋۇ يۇمشاق قىسقۇچپاقا باللىرىمۇ قاقۋاش.

كېيىن سۇ يۈزى داۋالغۇشقا باشلىدى ۋە سۇنىڭ تېگى كۆرۈنمەي قالدى، سۇغا كىرىپ چىقىدىغانلار كۆپەيگەنسىرى سۇ تېخىمۇ لاي بولۇپ كەتتى. ئىشىككە قاراپ كۆردۈم: قولۇڭدا سومكا، ئىچىگە كىرىپسەن نىلگۈن. ساھىلنىڭ بۇ تەرىپىگە كەلدىڭ، ماڭا ئۇدۇل ماڭدىڭ.

كەلدى ۋە بىردىنلا توختاپ، ئۈستىدىكى سېرىق كۆڭلەكنى سالدى، مەن باغىردىقى ھاۋارەڭكەن دەپ تۇرىۋېدىم، بىر ئەديال ئېلىپ سالدى ۋە پۈت ــ قولىنى سۇنۇپ يېتىۋېدى كۆرۈنمەي قالدى. كېيىن سومكىسىدىن بىر كىتاپ ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھاۋادا كىتاپنى تۇتۇپ تۇرغان قولى بىلەن بېشىنىلا كۆرەلىدىم. ئويلىدىم.

تەرلەپ كەتتىم. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، تېخىچە ئوقۇۋاتىدۇ. سەگىدەي دەپ يۈزۈمگە سۇ چاچتىم. يەنە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى ۋە تېخىچە ئوقۇۋاتىدۇ.

يېنىغا بېرىپ، مەرھابا نىلگۈن، دېمىكىن دەپ ئويلىدىم، مەن دېڭىزغا چۈشكىلى كېلىۋېدىم، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئاچچىقلارمۇ دەپ ئويلىدىم: نېمىشقىكىن مەندىن بىر ياش چوڭ ئىكەنلىكى يادىمغا كەلدى. كېيىن بارارمەن، باشقا بىر كۈنى.

بىر چاغدا نىلگۈن ئورنىدىن تۇردى، دېڭىزغا قاراپ ماڭدى؛ چىرايلىق دەپ ئويلىدىم. بىردىنلا سۇغا سەكرىدى ۋە ئۈزۈشكە باشلىدى. ياخشى ئۈزىۋاتاتتى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ

ئاۋۇ يەردە قالغانلىقىغا پەرۋا قىلماي يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەنسىرىمە نىلگۈن، نەرسىلىرىڭگە مەن قاراپ قويىۋاتىمەن؛ چۈنكى تېخىچە كەينىڭگە قاراپمۇ قويماستىن ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. بىرەرسى خالىسا بېرىپ ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە چېقىلىشى مۇمكىن، لېكىن مەن كۆز ـ قۇلاق بولىمەن، ھېچكىم چېقىلالمايدۇ.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نىلگۈننىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ قېشىغا باردىم. ھېچكىممۇ قاراپ سالمايتتى. نىلگۈن دېگەن مېنىڭ دوستۇم تۇرسا. ئىڭىشتىم، سومكىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىدىم: خرىستىيانلار قەبرىستانلىقى ۋە يىغلاپ تۇرغان ئىككى قېرى ئادەم، ئۈستىدە " ئاتىلار ۋە ئوغۇللار" دەپ يېزىلىپتۇ. كىتابنىڭ ئاستىدا ھېلىقى سېرىق كۆڭلەك تۇراتتى، سومكىسىدا نېمە باردۇ؟ پەقەت بىلگۈم كەلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلار كۆرۈپ باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ تېز ـ تېز ئاختۇردۇم: يۈز ماي قۇتىسى، سەرەڭگە، ئاپتاپتا ئىسسىپ كەتكەن ئاچقۇچ، يەنە بىر كىتاب، پورتمال، چاچ قىسقۇچلار، كىچىك بىر يېشىل تارغاق، قارا كۆزەينەكلەر، لۆڭگە، سامسۇن خالتىسى ۋە كىچىك بىر شىشە. قارىسام، نىلگۈن تېخىچە يىراقلاردا ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ، ھېچكىم باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ ھەممە نەرسىنى ئۆز پېتى قويۇپ قويىۋاتاتتىم، تۇرۇپلا كىچىك يېشىل تارغاقنا كۆزۈم چۈشتى ـ دە يانچۇقۇمغا سالدىم. ھېچكىم كۆرمىدى.

قىيا تەرەپكە قايتىپ كېتىپ، ساقلىدىم. نىلگۈن دېڭىزدىن چىقتى ۋە ئىلدام ـ ئىلدام ماڭغاچ لۆڭگىگە ئوراندى. قارىماققا مەندىن بىر ياش چوڭ قىز ئەمەس، كىچىك بىر قىزدەك كۆرۈنەتتى. بەدىنىنى قۇرۇتتى، سومكىسىنى بىردەم ئاختۇردى ۋە سېرىق كۆڭلىكىنى كىيىپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

تۇرۇپلا قالدىم، مەندىن قېچىۋاتامدىكىن دەپ قالدىم. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئارقىسىدىن قارىدىم: ئۆيىگە مېڭىپتۇ. يان تەرەپتىن ئالدىغا چىقاي دەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسام، بىردىنلا بۇرۇلۇپ مېڭىشقا باشلىدى، چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى ئەمدى ئۇ مېنىڭ كەينىمگە چۈشكەنىدى، مېنى ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. باققالنىڭ ئالدىدىن ئوڭغا بۇرۇلدۇمۋە بىر ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئاياغ بوغقۇچلىرىمنى چەگكەچ قارىدىم؛ باققالنىڭ دۇكىنىغا كىردى.

يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتتۇم. ئۆيىگە قايتقاندا ئۇچرىشىپ قالغان بولىمىز. خىيالىمدىن كەچتى: يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ بېرىمەن، نىلگۈن، بۇ تارغاق سېنىڭمۇ؟ دەيمەن. ھەئە، نەدىن تاپتىڭ؟ دەيدۇ. چۈشۈرۈپ قويۇپسەن، دەيمەن. مېنىڭ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ، دەيدۇ. ياق، ئۇنداق دېمەيمەن، يولدا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، كۆرۈپ قېلىپ ئالدىم، دەيمەن. دەرەخ ئاستىدا ساقلاۋاتاتتىم. تەرلەپ كەتكەن ئىدىم.

بىر ئازدىن كېيىن باققالنىڭ دۇكىنىدىن چىقتى، مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ھەجەپ ياخشى، مەنمۇ باققال دۇكىنىغا كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا قارىماي، ئالدىمغا، باياتىن چەككەن رېزىنكە ئايىغىمنىڭ بوغقۇچلىرىغا قاراپ ماڭدىم. بېشىمنى كۆتۈردۈم.

ــ مەرھابا!ــ دېدىم. نېمانچە چىرايلىق دەپ ئويلىدىم.

ــ مەرھاباــ دېدى، كۈلۈپمۇ قويمىدى.

مەن توختىدىم، لېكىن ئۇ مېڭىۋەردى.

ــ ئۆيگە ماڭدىڭمۇ نىلگۈن؟ــ دېدىم. ئاۋازىم بۆلەكچىلا چىقىپ كەتتى.

ــ ھەئەــ دېدى ۋە ئارتۇق گەپ قىلماي كېتىپ قالدى.

ــ خوش!ــ دەپ ئارقىسىدىن توۋلىدىم. ئاندىن يەنە توۋلىدىم: ــ رەجەپ تاغامغا سالام ئېيت!

ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. قايرىلىپ، بىر، ماقۇل، دەپمۇ قويمىدى. تۇرغان جايىمدا ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. نېمىشقا بۇنداق قىلدۇ؟ بەلكىم ھەممە ئىشنى بىلىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلىدىم، لېكىن بىلىپ قالغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟ يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئادەم دېگەن كىچىك چېغىدىكى دوستىغا سالام قىلمامدۇ؟ قىززىق! ئويلانغاچ ماڭدىم. كىشىلەر توغرا دېيىشىدۇ: ئادەملەر ھازىر غەلىتە بولۇپ قېلىشتى، بىر-بىرىدىن سالام ــ سائەتنىمۇ ئاياپ كېتىشىدۇ. يانچۇقىمدا 50 لىرا بارلىقى ئېسىمگە كەلدى، نىلگۈن بۇ چاغقىچە ئۆيگە بېرىپمۇ بولغاندۇر، نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟ بىر تېلېفون قىلىپ ھەممە گەپنى دەي، دەپ ئويلىدىم، مەن بىلەن بۇرۇنقىدەك كۆرۈشسۇن، باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن. تېلېفوندا نېمە دېيىشنى ئويلاپ ماڭدىم. سېنى ياخشى كۆرىمەن، دېسەممۇ بولىدۇ، نېمە بولماقچىدى؟ باشقا ئىشلارنىمۇ ئويلىدىم. كوچىلاردا ساھىلغا مېڭىشقان يىرگىنىشلىك كىشىلەر. بۇ دۇنيا نېمە دېگەن قالايمىقان!

پوچتىخانىغا كىردىم، تېلېفون دەپتىرىنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتۈم. دارۋىنئوغلۇ، سالاھىددىن ئائىلىسى دەپ يېزىلىپتۇ. جەننەتھىسار، قىرغاق كوچىسى، 12 ـ نومۇر، بۇ ئادرېسنى ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ قەغەزگە يېزىۋالدىم. 10 لىرا تۆلەپ تەڭگە سېتىۋالدىم، تېلېفون بوتكىسىغا كىردىم، تېلېفون نومۇرلىرىنى ئايلاندۇردۇم، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى نومۇرغا كەلگەندە 7 نىڭ ئورنىغا 9نى ئايلاندۇرۇپ سالدىم. لېكىن تېلېفوننى ئۈزۈۋەتمىدىم. خاتا ئۇرۇلغان تېلېفون جىرىڭلىدى، مەن تېخىچە قويۇۋەتمىگەچكە، ئۇن لىرالىق تەڭگە تىرىقشىپ ساندۇققا چۈشتى ۋە تېلېفون ئۇلاندى.

ــ ۋەي، ــ دېدى بىر ئايالنىڭ ئاۋازى.

ــ ۋەي، قەيەر بۇ؟ــ دېدىم.

ــ پەرھات بەينىڭ ئۆيىــ دېدىــ كىم بولىسىز؟

ــ بىر دوستىــ دېدىمــ پاراڭلىشاي دېگەن.

ــ قېنى سۆزلەڭــ دېدى ئۇ ئاۋاز قىزىقسىنىپــ نېمە ئىشتى؟

ــ مۇھىم بىر ئىشتى!ــ دېدىم ۋە ئەمدى نېمە دەي دەپ ئويلاندىم. 10 لىرا پۇلۇم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

ــ سىز كىم بولىسىز؟ ــ دەۋاتاتتى ئۇ.

ــ پەرھات بەيگە دېمەن!ــ دېدىمــ تېلېفوننى ئېرىڭگە بەرگىنە.

ــ پەرھاتقىمۇ؟ــ دېدىــ سىز كىم بولىسىز؟

ــ ھەئە، ئۇنى چاقىرە سەن!ــ دېدىم. بوتكىنىڭ ئەينىكىدىن قارىدىم، پوچتىخانا خادىمى ئالدىراش ئىدى: بىرسىگە ماركا بېرىۋاتاتتى.

ــ سىز كىم بولىسىزــ دەۋاتاتتى ھېلىقى ئاۋاز.

ــ سېنى ياخشى كۆرىمەنــ دېدىمــ سېنى ياخشى كۆرىمەن!

ــ نېمە؟ سىز كىم بولىسىز؟

ــ ئاناڭنى ئاقسۆڭەك جالاپ! دۆلەت كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، سىلەر تېخىچە يېرىم يالىڭاچ، جالاپ، مەن سېنى...

تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەنمۇ ئاستا قويۇپ قويدۇم. پوچتىخانا خادىمى ئاشقان پۇللارنى قايتۇرۇۋاتاتتى. ئالدىرىماي سىرتقا چىقتىم. ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ھېچبولمىسا 10 لىرا بىكاردىنلا يوق بولدى دەپ قارىنىم ئاغرىمايدىغان بولدى. پوچتىخانىدىن چىقىپ ماڭغاچ ئويلىدىم: يەنە 40 لىرا پۇلۇم بار؛ 10 لىراغا بۇنچىلىك كۆڭۈل ئاچقىلى بولسا، 40 لىراغا بۇنىڭدىن تۆت ھەسسە كۆپ كۆڭۈل ئاچقىلى بولىدۇ. ماتېماتىكا دېگەن مانا، مېنى بىلمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ دەپ قارىغاچقا، بىر يىلدىن بېرى سىنىپ قالدۇرۇپ ساقلىتىۋاتىدۇ، بوپتۇ، ئەپەندىلەر، مەن ساقلاشنى ئوبدان بىلىمەن، ئاخىرىدا ئۆزۈڭلار پۇشايمان يەپ قالماڭلار.

# ئون ئۈچىنچى باب

نىلگۈن خانىم ساھىلدىن قايتىپ كەلدى، فارۇق بەي ئۆينى ساقلاۋاتاتتى. كىلىپ ئولتۇرۇشتى، ناشتىلىقلىرىنى بەردىم. بىرى گېزىت ئوقۇۋاتاتتى، يەنە بىرى مۆگىدەۋاتاتتى؛ پاراڭلىشىپ كۆلۈشكەچ يېيىشتى. ئاندىن فارۇق بەي يوغان سومكىسىنى ئېلىپ، گەبزەگە، ئارخىپخانىغا ماڭدى؛ نىلگۈنمۇ قاشا تەرەپكە كىتاب ئوقۇغىلى كەتتى. مەتىن بولسا تېخىچە كىتاپ ئوقۇۋاتاتتى. ئۈستەلنى يىغىشتۇرماي تۇرۇپ ئۈستىۈنكى قەۋەتكە چىقتىم. چوڭ خانىمنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ئىچىگە كىردىم.

ـ مەن بازارغا ماڭدىم چوڭ خانىم، ـ دېدىم، ـ بىرەر نەرسە لازىممۇ؟

ـ بازار؟ ـ دېدى، ـ بۇ يەردە بازار بارمۇ؟

ـ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا دۇكانلار ئېچىلغانتىغۇ، ـ دېدىم، ـ شۇ يەرگە بارىمەن، نېمە ئالغاچ كېلەي؟

ـ ئۇلاردىن ھېچنېمە ئالمايمەن! ـ دېدى.

ـ چۈشتە نېمە قىلىساق بولار؟

ـ مەن نېمە بىلەي، ـ دېدى، ـ يېگىلى بولغۇدەك بىر نەرسە قىل!

پەسكە چۈشتۈم، پەرتۇقنى يەشتىم، تور خالتىنى، قۇرۇق شىشىلەرنى، پۇلگەتلەرنى ئېلىپ ماڭدىم. يېگىلى بولغۇدەك نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمەس، نېمە ئەمەسلىكىنى دەپ بېرىدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا ئويلاپ تېپىش ماڭا قالاتتى، لېكىن قىرىق يىل بولدى، بىلىمەن بۇلارنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنى! ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، تەرلەۋاتاتتىم. كوچىلاردا ئادەملەر جىقلاپ قالغان بولۇپ، مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ ئىستانبۇلغا ئىشقا چېپىپ كېتىۋاتقانلار بار ئىدى.

دۆڭگە قاراپ ماڭدىم، ئۆيلەر ئازلاشقا باشلىدى، باغلار ۋە گىلاس دەرەخلىرى كۆرۈنىشكە باشلىدى. دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە قۇشلار تېخىچە بار ئىدى. خۇشال ئىدىم، يولنى ئۇزاتماي دەپ تۇپا يول بىلەن ماڭدىم، بىر ئازدىن كېيىن ئۆيلەر، ئۆگزىلەردىكى تېلېۋىزور ئانتېنىلىرى كۆرۈندى.

نەۋزاتنىڭ ئايالى بىلەن جەننەت ھاما كالا سېغىۋاتاتتى.

قىشلىرى ھورى چىقىپ تۇرغاندا تاماشا قىلسا تېخىمۇ پەيزى بولىدۇ. نەۋزاتمۇ باركەن ئەنە. ئۆيىنىڭ يەنە بىر تېمىغا يۆلەپ قويغان موتوسىكلىتقا ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ. قېشىغا باردىم.

ــ مەرھابا، ــ دېدىم.

ــ مەرھابا، ــ دېدى، لېكىن قايرىلىپ قارىمىدى. موتوسىكلىتنىڭ بىر يەرلىرىگە بارمىقىنى تىقىپ كوچىلاۋاتاتتى.

بىردەم گەپ-سۆز قىلماي تۇردۇق. ئاندىن ئېغىزىنى كوچىلاپ،

ــ بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟ ــ دېدىم.

ــ ياقەي! ــ دېدى، ــ بۇزۇلۇپ قالامدۇ بۇ؟

موتوسىكلىتى بىلەن ماختىنىدۇ ۋە گۈرۈلدىتىپ مەھەللىنى بېشىغا كىيىدۇ. ئىككى يىل بۇرۇن باغۋەنلىك قىلىپ ۋە سۈت سېتىپ تاپقان پۇلغا ئالدى. ئەتىگەنلىرى ئۇنىڭغا مىنىپ سۈت تارقىتىدۇ، لېكىن مەن بىزگە ئەكەلمە، دېگەنىدىم، ئۆزۈم كېلىپ ئالىمەن، بىردەم-يېرىم دەم مۇڭدىشىمىز.

ــ ئىككى شىشە ئەكەپسەنغۇ؟

ــ ھەئە، ــ دېدىم، ــ فارۇق بەيلەر كەلگەنىدى.

ــ ھە، مەيەرگە قوي!

قويۇپ قويدۇم. ئىچىدىن كاناي بىلەن كەمچەننى ئېلىپ چىقتى. ئاۋۋال كەمچەنگە قۇيۇپ، ئاندىن كاناي بىلەن شىشىگە تۆكتى.

ــ ئىككى كۈن بولدى، قەھۋەخانىغا كەلمىدىڭغۇ؟

ئۈندىمىدىم.

ــ ھە، ئۇ نومۇسسىزلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تەربىيەسىزلەر.

ئويلىدىم.

ــ ھە، راست، ئۇ گېزىتتە يېزىلغانلار راستمىدۇ؟ ــ دېدى بىردەمدىن كېيىن، ــ ئاشۇنداق پاپىلار ساناتورىيەسى راستىنلا بولغىيمىدى؟

گېزىتنى ھەممىسى ئوقۇغان ئىدى.

ــ سەنمۇ شۇ ھامان قېيداپ كېتىپ قالدىڭ، ــ دېدى، ــ ئۇ نومۇسسىزلارغا ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىمدۇ! نەگە باردىڭ؟

ــ كىنوخانىغا.

ــ قايسى كىنونى قويۇپتىكەن؟ ــ دېدى، ــ سۆزلەپ بەره.

سۆزلەپ بەردىم. گېپىم تۈگىگەندە شىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولدۇرۇپ بولۇپ، ئاغزىغا پۈكەت قاپلاشقا باشلىغانىدى.

ــ پۇگەت تاپماقمۇ تەس ھازىر ــ دېدى ــ قىممەتلەپ كەتتى. ناچار ھاراقلارغا رېزىنكە ئىشلىتىۋاتىدۇ. مەنمۇ پۇگەتلەرنى يىتتىرىۋەتمەڭلار دەپ تۇرۇۋاتىمەن. يىتتىرىپ قويساڭلار ئون لىرا. چۈنكى مەن پىنار سۈتچىلىكى ئەمەس. خالىمىساڭلار باللىرىڭلارغا دورا قېتىلغان سۈت ئىچۈرۈڭلار.

بۇ گەپلەرنى دائىم قىلىپ تۇراتتى. يانچۇقۇمدىن فارۇق بەي بەرگەن پۇگەتلەرنى چىقىرىپ بېرەي دەپ بولۇپ، ئاندىن نېمشقىدۇر يالتىيىپ قالدىم. پەقەت كۆڭلى خۇش بولسۇن دەپ:

ــ ھەممە نەرسە قىممەتلىشىپ كەتتى ــ دېدىم.

ــ شۇ!ــ دېدى شىشىلەرنى ئىتتىك، ئىتتىك تولدۇرغاچ، ھاياجانلانغاندى. قىممەتچىلىك، بۇرۇنقى ياخشى چاغلار ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى، زېرىكىپ قۇلاق سالمىدىم. ھەممە شىشىلەرنى تولدۇرۇپ، سېۋەتكە جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن: ــ مەن بۇلارنى تارقىتىمەن ــ دېدى ــ خالىساڭ سېنى ئۆيۈڭگىچە ئالغاچ كېتەي. پېدالنى دەسسەپ موتوسىكلىتنى گۈرۈلدىتىپ ئوت ئالدۇردى، مىندى. " بوله!" دەپ تووْلىدى.

ــ بولدى ــ دېدىم مەن ــ ئايلانغاچ كېتىمەن.

ــ مەيلى ــ دېدى ۋە موتورغا مىنىپ غۇيۇلداپ كېتىپ قالدى.

ئاسفالت يولغا چىققانغا قەدەر ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ قالغانىدىم. سۈت شىشىلىرىنى تور خالتىدا كۆتۈرگىنىمچە ماڭدىم. بىر ئازدىن كېيىن قايرىلىپ ئارقامغا قارىدىم. نەۋزاتنىڭ ئايالى بىلەن جەننەت ھاما تېخىچە سۈت سېغىۋاتاتتى. جەننەت ھاما ۋابا مەزگىلىنى كۆرگەنىكەن، دەيتتى ئانام، ۋابا تارقالغان چاغلارنى؛ سۆزلەپ بېرەتتى، قورقۇپ كېتەتتىم. باغلاردىن ئۆتتۈم، تومۇزغىلار ئارقامدا قالدى، ئۆيلەر كۆرۈنىشكە باشلىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ يەرلەر قىلچىلىك ئۆزگەرمىدى. كېيىنچە سېنتەبىر ئايلىرىدا ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن كىشىلەر كېلىشىدىغان بولۇشتى، ماشىنىلىرىنىڭ ئىچىدە تەلۋىلەرچە ئۆزىنى ئېتىپ تۇرىدىغان، ئوبدان بېقىلغان ئىتلار بولاتتى، ئۇلارغا يېقىن كەلمەڭلار باللار، ئېتىپ تاشلايدۇ! بىر تامنىڭ چاك كەتكەن يېرىنىڭ تۈۋىدە بىر كەسلەنچۈك! قېچىپ كەتتى! قۇيرۇقىنى قانداق تاشلايدۇ، بىلەمسەن ئوغلۇم، دەپ سورىغاندىن سالاھىددىن بەي، قايسى قائىدىگە كۆرە؟ ئۇنچىقماي قورقۇمسىراپ قارايتتىم: ھارغۇن، مۆكچەيگەن ۋە ھالىدىن كەتكەن بىر دادا. توختا، قەغەزگە يېزىپ بېرەي، دېدى ۋە چارلىس داروىن دەپ يېزىپ بەردى، تېخىچە ساقلاۋاتىمەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدەيەنە بىر قەغەز بەرگەنىدى: بىزدە كەم ۋە ئارتۇق بولغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكى بۇ ئوغلۇم، ساڭا پەقەت بۇنى قالدۇرىمەن، بەلكىم بىر كۈنلەردە چۈشىنىپ قالارسەن. قەغەزنى ئېلىپ قارىدىم:

كونا يېزىق ئىدى. ھاراق ئىچىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى؛ كۆن بويى ھوجرىسىدىن چىقماي ئېنسىكلوپېدىيەسىگە ئىشلىگەنىدى، چارچىغانىدى. ئاخشاملىرى ھاراق ئىچەتتى، ئاندىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆلگۈدەك ئىچەتتى، خۇدىنى يوقۇتاتتى؛ باغنىڭ بىر يېرىدە، ھوجرىسىدا ياكى دېڭىز بويىدا بىھوش بولۇپ يېتىپ قالغانغا قەدەر، بەزىدە كۆنلەپ مەست-ئەلەس كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنداق كۈنلەردە چوڭ خانىم ھوجرىسىغا تېشىغا چىقمايدىغانغا كىرىۋالاتتى. قاسساپنىڭ يېنىغا باردىم، ئادەم كۆپ ، لېكىن ئۇ چىرايلىق قارامتۇل ئايال يوق ئىدى.

ــ بىردەم ساقلاپ قالسەن، رەجەپــ دېدى ماھمۇت.

شىشىلەرنى كۆتۈرۈپ ھېرىپ قاپتىمەن، ئولتۇرۇش خۇشياقتى. ئاندىن ئۇنى ھوشىدىن كەتكەن يەردە تاپقىنىمدا چوڭ خانىم كۆرۈپ يەنە چاتاق تېرىمىسۇن، سوغۇقتا ئۇ يەردە قالمىسۇن دەپ يۈرىكىم پوكۇلدىغان ھالدا بېرىپ ئويغىتاتتىم: ئەپەندىم، نېمشقا بۇ يەردە ياتىسىز، يامغۇر ياغقىلىۋاتىدۇ، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ، يۈرۈڭ ئۆيگە، ھوجرىڭىزدا يېتىڭ، دەيتتىم. بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرايتتى، قېرىلىق يەتكەن ئاۋازى بىلەن تىللايتتى: لەنەتتەگكۈر مەملىكەت! لەنەتتەگكۈر مەملىكەت! ھەممىسى بىكار! بۇ كىتابىمنى بىر پۈتتۈرەلىگەن بولسام، ھېچبولمىسا ھېلىقى رىسالىنى ئىستەپانغا تېخىمۇ بالدۇرراق يوللىغان بولسام؛ سائەت قانچە بولدى، پۈتۈن بىر مىللەت ئۇخلاۋاتىدۇ، پۈتۈن شەرق ئۇخلاۋاتىدۇ، ياق، بىكارغا كەتمەيدۇ، لېكىن ھالىم يوق، ئاھ، كۆڭلۈمدىكىدەك بىر خوتۇنۇم بولغان بولسىيدى، ئاناڭ قاچان ئۆلۈپ كەتتى، رەجەپ، ئوغلۇم! ئاندىن ئورنىدىن تۇراتتى ۋە ماڭا يۆلىنەتتى، ئېلىپ ماڭاتتىم. يولدا يەنە كوتۇلدايتتى: سېنىڭچە قاچان ئويغىنار؟ لەقۋالارچە بىر ھۆزۈر بىلەن ئۇخلاۋاتىدۇ ساراڭلار: يالغانچىلىقلارنىڭ ئادەمنى دۆتلەشتۈرىدىغان ھۆزۈرلىرىغا كۆمۈلۈپ، دۇنيانىڭ كالللىرىدىكى سەپسەتە ۋە ئىپتىدائى ھېكايىلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ ئىپتىدائى شادلىقلىرى ئىچىدە ئۇخلىشىۋاتىدۇ. قولۇمغا تاياق ئېلىپ باشلىرىغا ئۇرا-ئۇرا ئويغىتىمەن ئۇلارنى! كالۋالار، بۇ يالغانچىلىقلاردىن ئېرىغدىلىڭلار، ئويغىنىپ كۆرۈپ بېقىڭلار! ئاندىن، مەن ئۇنى يۆلەپ ھوجرىسىغا چىقىۋاتقاندا، چوڭ خانىمنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، يېرىم قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ يىرگەنگەن ۋە قىزىقسىنىپ قارىغان كۆزلىرى پەيدا بولۇپلا يوقاپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا، ئاھ، ئەخمەق خوتۇن، دەيتتى، بىچارە ئەخمەق، قورقۇنچاق خوتۇن، سەندىن پەقەت يىرگىنىمەن خالاس، مىنى كارىۋىتىمغا ياتقۇز رەجەپ، ئويغانغان چېغىمدا قەھۋە تەييار بولسۇن، دەرھال ئىشىمنى باشلاپ كەتكۈم بار، چاققان بولۇشىم كېرەك، ئېلىپبەنى ئۆزگەرتىشتى، ئېنسىكلوپېدىيە پىلانلىرىم ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئون بەش يىلدا تەرتىپكە سالالمىدىم، دەيتتى ۋە سۆزلەپ-سۆزلەپ ئۇخلاپ

قالاتتى. ئۇخلىشىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ھوجرىدىن شەپە چىقارماي چىقىپ كېتەتتىم.

ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. ئەمدى ھېس قىلدىم، بىر ئايالنىڭ بالىسى ماڭا خۇددى ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغاندەك قاراپ تۇراتتى. ئىچىم سىقىلدى. باشقا ئىشلارنى خىيال قىلاي، دېدىم، لېكىن ئاخىرى چىداپ بولالماي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، شىشىلەرنى ئېلىپ ماڭدىم.

ــ مەن سەل تۇرۇپ كېلىمەن.

ئۇيەردىن چىقىپ باققالغا قاراپ ماڭدىم. باللارنىڭ قىزىقىسىنىپ قاراشلىرىغا چىدىغىلى بولمايدۇ. كىچىك چېغىمدا مەنمۇ شۇنداق ھەيران بولاتتىم، ئانام توي قىلمايلا باللىق بولغاچقىمىكىن، دەپ ئويلايتتىم، لېكىن بۇ كېيىنكى ئىشلار ئىدى، ئانام دادامنىڭ دادا ئەمەسلىكىنى دەپ بەرگەندىن كېيىنكى ئىشلار.

ــ رەجەپ تاغا!ــ دېدى بىرسى ــ مېنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ــ ھەسەن ئىكەن.

ــ ۋاي تووۋا، كۆرمەي قاپتىمەن ــ دېدىم ــ دىققەت قىلماپتىمەن. نېمە قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە؟

ــ ھېچنېمە ــ دېدى.

ــ ماڭە ئۆيۈڭگە كەت، دەرسىڭنى ئۆگەن ھەسەن ــ دېدىم ــ نېمە بار ساڭا بۇ يەردە، بۇ سەن كېلىدىغان يەر ئەمەس!

ــ نېمىشقا؟

ــ خاتا چۈشىنىپ قالما بالام ــ دېدىم، دەرسىڭنى تەكرار قىل دەپ شۇنداق دېدىم.

ــئەتىگەندە تەكرار قىلالمايدىكەنمەن تاغا ــ دېدى ــ ھاۋا بەك ئىسسىق. ئاخشاملىرى تەكرار قىلىۋاتىمەن.

ــ ئاخشامدىمۇ تەكرار قىل، ئەتىگەندىمۇ ــ دېدىم ــ ئوقۇغۇڭ بار، شۇنداقمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە ئوقۇغۇم بار ــ دېدى ــ ئوقۇش سەن ئويلىغاندەك تەسمۇ ئەمەس. مەن ياخشى ئوقۇيمەن.

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا!ــ دېدىم ــ ماڭە ئەمدى ئۆيۈڭگە كەت.

ــ فارۇق بەيلەر كەلدىمۇ؟ــ دېدى ــ ئاق «ئانادول»نى كۆردۈم، شۇڭا سورىشىم، قانداق تۇرۇپتۇ؟ نىلگۈن بىلەن مەتىنمۇ كەلدىمۇ؟

ــ كەلدى ــ دېدىم ــ ئوبدان تۇرۇپتۇ.

ــ مەتىنگە، نىلگۈنگە سالام ئېيتىپ قوي ــ دېدى ــ باياتىن كۆردۈم، بۇرۇن دوستلاردىن ئىدۇق.

ــ ماقۇل ــ دېدىم ــ سەن ئەمدى ئۆيۈڭگە كەت.

ــ ھازىر كېتىمەن ــ دېدى ــ لېكىن سەندىن بىر نەرسە سوراي دېگەن رەجەپ تاغا، ماڭا بىر 50 لىرا بەرسەڭ بوپتىكەن، دەپتەر ئالاتتىم، دەپتەر بەك قىممەت ھازىر.

ــ تاماكا چەكمەيدىغانسەن؟ــ دېدىم.

ــ دەپتىرىم تۈگەپ كەتتى دەيمەن...

شىشىلەرنى يەرگە قويدۇم، 20 لىرا چىقىرىپ بەردىم.

ــ بۇ يەتمەيدۇ ــ دېدى.

ــ ماڭە بولدى ــ دېدىم ــ ئاچچىغىم كېلىۋاتىدۇ ـ ھە!

ــ ماقۇل ــ دېدى ــ قېرىنداش ئېلىپ تۇراي، قانداق قىلاتتىم. مېڭىپ بولۇپ بىردىنلا توختاپ:ــ دادامغا دەپ قويما، بولامدۇ؟ــ دېدى،ـ بىكار خاپا بولىدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا ــ دېدىم ــ خاپا قىلما.

كەتتى. شىشىلىرىمنى ئالدىم، باققال نازمىنىڭ قېشىغا باردىم. ھېچكىم يوق ئىدى، لېكىن نازمى ئالدىراش. دەپتەرگە نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتاتتى. ماڭا قارىدى، بىردەم پاراڭلاشتۇق. ئۇلارنى سورىدى. ياخشى دېدىم. فارۇق بەي؟ ئىچىپ يۈرگىنىنى دەپ نېمە قىلاي، دېمىسەممۇ بىلىدۇ، ھەر ئاخشىمى كېلىپ شىشىلەپ ئېلىۋاتسا. باشقىلار؟ ئۇلارمۇ چوڭ بوپ كەتتى. قىزنى كۆرۈپ تونۇۋاتىمەن، دېدى، ئىسمى نىمىدى؟ نىلگۈن. ئەتىگەنلىرى كېلىپ گېزىت ئېلىۋاتىدۇ. چوڭ بوپ كېتىپتۇ. ھەئە، چوڭ بوپ كېتىپتۇ. يەنە بىرسى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى، دېدىم. ھەئە، ئۇ مەتىن. ئۇنىمۇ كۆرۈپتۇ ۋە ئۇ توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى: مانا، پاراڭلىشىش ۋە بۇرادەرچىلىك دېگەن بۇ. بىر-بىرىمىزگە بىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمىز ۋە سۆيۈنۈپ كېتىۋاتىمەن: ھەممىسى قۇرۇق گەپ-سۆزلەر، بىلىمەن، لېكىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. ئالغان نەرسىلىرىمنى تارتىپ ئوراپ بەردى. ھېساباتنى بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ بەرگىنە، دېدىم. ئۆيگە بېرىپ يېزىپ قويىمەن، ئاي ئاخىرىدا، قىشلىرى ئىككى، ئۈچ ئايدا بىر قېتىم فارۇق بەيگە كۆرسىتىمەن. مانا بۇ ھېساباتلار فارۇق بەي، دەيمەن، ماۋۇلار مانچىلىك، ئاۋۇلار بۇنچىلىك بوپتۇ، سىز بىر قاراپ بېقىڭ، خاتا بوپ قالمىسۇن. قاراپ قويمايدۇ. ماقۇل رەجەپ، رەھمەت ساڭا، دەيدۇ، ماۋۇ ئۆينىڭ چىقىملىرى، ماۋۇ بولسا سېنىڭ ئايلىقىڭ، پورتمالدىن تىرە پۇراپ تۇرىدىغان، پۇرلىشىپ نەم تارتىپ قالغان پۇللارنى ئېلىپ ئۇزىتىدۇ. ئالىمەن، سانىمايلا يانچۇقىمغا سالىمەن، رەھمەت ئېيتىپ بولۇپلا گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇراشقا ئالدىرايمەن.

نازمى ھېساباتلارنى بىر قەغەزگە يېزىپ بەردى، پۇلنى تۆلىدىم. دۇكاندىن چىقىۋاتسام تۇيۇقسىزلا:

ـ راسىم بارغۇ؟ــ دېدى.

ـ بېلىقچى راسىم.

ــھەئەــ دېدىــ تۇنۇگۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

قاراپ تۇراتتى، بىر نەرسە دېمىدىم. ئاشقان پۇلنى، تور خالتىنى، ئورالمىلارنى ئالدىم.

ـ يۈرەك كېسىلى باركەنتۇقــدېدىــ ئۆگۈنلۈككە چۈشتە، ئوغۇللىرى كەلگەندە يەرلىككە قويىدىكەن.

مانا مۇشۇنداق، ئىشلار گەپ-سۆزلىرىمىزدىن يىراق جايلاردا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب

گەبزەگە كەلگەن چېغىمدا سائەت توققۇز يېرىم بولغانىدى، كوچا-كويلار ئىسسىپ، ئەتىگەننىڭ سۆرۈنلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. دەرھال ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە كىردىم، بىر ئىلتىماس يېزىپ ئىمزا قويدۇم. بىر مەمۇر يازغانلىرىمغا قاراپمۇ قويماستىن نومۇر سېلىپ بېرىۋېدى، بىر تارىخچىنىڭ مەندىن 300 يىل كېيىن، خارابىلەر ئارىسىدىن بۇ ئىلتىماسنى تېپىپ چىقىپ، بۇنىڭدىن بىر مەنە ئىزدەۋاتقان ھالىتىنى خىيال قىلدىم. تارىخچى بولۇش بەك قىززىق بىر ئىش.

قىززىقلىقىمۇ قىززىق، لېكىن سەبىر-تاقەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خىزمەت دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن سەبىر-تاقىتىمدىن پەخىرلىنىپ، ئىشىمنى ئىشەنچ بىلەن باشلىدىم. مۇشتىلىشىپ قېلىپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىككى ئادەمنىڭ ھېكايىسى دىققىتىمنى تارتتى. نامىزى چۇشۇرۇلۇپ، ئاللىقاچان يەرلىككە قويۇلۇپ بولۇنغان جەدەل تېرىغۇچىلارنىڭ يېقىن-يورۇقلىرى، مەھكىمىدە بىر-بىرلىرىنى ئەيىپلىشىۋاتاتتى. ئىككىسىنىڭ قوللىرىغا پىچاق ئېلىشىپ، بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرلىرى بىلەن قانداق سوقۇشۇپ كەتكەنلىكى گۇۋاھچىلار تەرىپىدىن تەپسىلى بايان قىلىنغان چېسلا، ھىجرىيە 998 - يىلى جەمازىيۇلئەۋۋەلنىڭ 17 - كۈنى دەپ خاتىرىلەنگەن ئىدى. ئەتىگەن ھىجرىيە تارىخنى مىلادىيەگە ئايلاندۇرۇش قوللانمىسىنى ئېلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، ئېچىپ قاراپ باقتىم. 1590 - يىلى 24 - مارت! دېمەك بۇ ۋەقە قىشقا تۇغرا كەلگەنىدى. ھالبۇكى بۇ ۋەقەنى كۆچۈرىۋېلىۋاتقان چېغىمدا كۆز ئالدىمغا پىژ-پىژ ياز كۈنلىرى كەلگەن ئىدى. بەلكىم ھاۋا ئوچۇق بىر مارت كۈنى بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن ئالتە مىڭ ئاقچىغا سېتىۋېلىنغان بىر ئەرەب قۇلنىڭ، پۇتلىرىدا يارىسى بارلىقى بايقالغاندىن كېيىن، ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قىلغان دەۋاسىنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇدۇم. ساتقۇچىنىڭ گەپلىرىگە ئالدىنىپ قالغانلىقىنى، قۇلنىڭ يارىسىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئالغۇچى بەلكىم غەزەپلىك ئىبارىلەر بىلەن يازدۇرغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن، روناق تاپقان، ئىستانبۇلدا ئىش-ئوقەت قىلىدىغان بىر زېمىندار ھەققىدىكى يازمىلارنى ئوقۇدۇم. مەھكىمە خاتىرىلىرىنىڭ يەنى بىر يېرىدە، يەنە مۇشۇ

ئادەمنىڭ يىگىرمە يىل بۇرۇن پىرىستاندا كۆزەتچىلىك قىلغان مەزگىلىدە قانۇنسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەھكىمىدە دەۋا-دەستۇرغا چۈشكەنلىكى خاتىرىلەنگەنىدى. مەھكىمە پەرمانلىرى ئارىسىدىن، بۇداك ئىسىملىك بۇ ئادەمنىڭ، گەبزەدە نېمە ئويۇنلارنى ئوينىغانلىقىنى ئىنقىلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. مەن ئەمدى ۋابا كېسىلى ئەمەس، بۇ كىشى ھەققىدە ئىزدىنىشكە چۈشۈپ كەتكەنىدىم. بىر قېتىم يوق بىر يەرنى دەپتەرگە تىزىملىتىپ بار قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇ يەرنىڭ بىجىنى ئىككى يىل ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ تۆلىگەندىن كېيىن، بىر باغ بىلەن تېگىشكەنلىكىنى، يوق يەرنىڭ يېڭى ئىگىسىنىڭ بېشىغا بىر قالپاق كىيدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن پاك-پاكىز قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئىلغا قىلغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەھكىمە خاتىرىلىرى نەزىرىمدە بۇداكقا تولىمۇ ماس كەلگەن بۇ ھېكايىنىڭ ئەكسىگە ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمەيۋاتاتتى. خاتىرىلەرنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقان بۇ ھېكايىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ تەر تۆكتۈم. باشقا خاتىرىلەرنىڭمۇ بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىشىدىن سۆيۈندۇم. بۇداك، باغدىن چىققان ئۈزۈملەردىن يەنە باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىغىلىدا شاراپ ياساشقا ۋە مەخپىي ھالدا شاراپ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ باشلىغان. تىجارەت جەريانىدا ئىشلەتكەن بەزى كىشىلەر مەھكىمىگە ئۇنى ئەرز قىلغان چاغدا، ئۇلارغا، ئۇلاردىنمۇ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ھۆززۈرلىنىپ ئوقۇدۇم. كېيىن ئۇنىڭ گەبزەدە كىچىك بىر مەسچىت سالدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن، گەبزەدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى ئۇ كىتاپتا، تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، بۇ ئادەم ۋە ئۇ مەسچىتكە بىر نەچچە بەت ئاجراتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بۇداك بىلەن مېنىڭ نەزىرىمدىكى بۇداك باشقا-باشقا ئادەم ئىدى: ئۇ كىتاپتا ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسلىرىگە كىرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئېسىل بىر ئوسمانلى بار ئىدى. مېنىڭ نەزىرىمدىكى بۇداك بولسا ھىيلىگەر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ساختىپەز ئىدى. بۇداك ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە زىت كەلمەيدىغان، باشقا يېڭى ۋە تېخىمۇ رەڭدار بىر ھېكايە تېپىپ چىقالارمەنمۇ دەپ ئويلاپ تۇرىۋېدىم، رىزا چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

تېشىغا چىقتىم، يېڭى كوچىنىڭ ئىسسىقىدىن قېچىپ، ئادىراسمان دەرەخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئارىلىقتىن كونا بازارغا ئۆتتۈم. يۇقىرىغا، تاكى جامەنىڭ قېشىغىچە ماڭدىم. ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى، ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى، بىر ئاز نېرىدىكى رېمونتخانىدىن بولقا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قايتتىم، ھازىرلا تاماق يېگۈم كەلمىگەچكە قەھۋەخانىغا قاراپ ماڭدىم. يان كوچىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بالىلاردىن بىرى

ئارقامدىن، "پور كۆتەك" دەپ تۇۋلىدى. باشقىلار كۈلۈشكەنىدۇ، دەپ ئارقامغا قاراپ باقمىدىم. قەھۋەخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇم.

چاي بۇيرۇدۇم، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم، تارىخچىلىق قانداق بىر ئىشتۇ، دەپ ئويلاشقا باشلىدىم. مىنىڭچە يازمىلار يېزىپ، بىر توقاي ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتلا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. بەلكىم مۇنداق: بىر تالاي ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەيتتۇق، ئاندىن ئۇ ۋەقەلەرنى باشقا ۋەقەلەر بىلەن ئىزاھلايتتۇق، ئۇ باشقا ۋەقەلەرنى يەنە باشقا ۋەقەلەر بىلەن ئىزاھلاشقا ئۆمرىمىز يەتمەيتتى. بىز بۇ ئىشنى مەلۇم بىر يەردە تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتۇق، باشقىلار بىز تاشلاپ قويغان يەردىن داۋاملاشتۇراتتى، لېكىن ئىشنى باشلىغان چېغىدا، ئاۋۋال، بىزنىڭ ۋەقەلەرنى خاتا ۋەقەلەر بىلەن ئىزاھلىغانلىقىمىزنى دەپ ئۆتتۈشەتتى. دوكتورلۇق ۋە دوتسېنتلىق ئىلمىي ماقالەمدە، مەندىن بۇرۇنقىلارنىڭ كىتابلىرىنى تىلغا ئالغان چېغىمدا، مەنمۇ شۇنداق قىلغان ئىدىم. توغرا قىلغانلىقىمغىمۇ ئىشىنىمەن. ھەممە ئادەم، ھېكايىنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى، ياكى باشقا بىر ھېكايە بىلەن ئىزاھلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ تۇرىۋالىدۇ. بۇ باشقا ۋە يېڭى ھېكايىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەردار بولغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىلغان بىردىنبىر ئىشلىرى، ئارخىپخانىلارغا بېرىپ ئىزدەپ تېپىپ چىققانلىقىلا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىزاھاتلار ۋە ئارخىپ نومۇرلىرى بىلەن بېزەلگەن ھېكايىلىرىمىزنى كۆركەم قىلىپ يېزىپ چىقىپ، تەنتەنىلىك سورۇنلاردا، بىر-بىرىمىزگە كۆرسىتىپ، ھېكايىلىرىمىزنى ئۆز-ئارا قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىپ، ئۆز ھېكايىلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى باشقىلارنى ئىنكار قىلغاچ ئىسپاتلاشقا تىرىشىمىز.

ئىچىم سىقىلدى، چېيىمنى تېخىچە ئەكىلىپ بەرمىگەن بالىغا قاتتىق تەگدىم. ئاندىن ئۆزۈمنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن مۇنداق ئويلىدىم: بىكاردىن ئۆزۈڭنى قىيناۋاتىسەن؛ تارىخچىلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچىلىرىڭمۇ قۇرۇق گەپتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. باشقا كەسىپتىكى بىر كىشىنىڭ تارىخچىلارنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى دېيىشى بەك ئوڭاي. دېمىسىمۇ شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ: ئۆتمۈشنى تەتقىق قىلىپ، بۈگۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دىققەتلىرىنى بۇراۋاتقانلىقىمىزنى، كۆڭلىنى ئېچىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ دېيىش كېرەك دەپ ئويلىدىم. تارىخنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان تەرىپىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. لېكىن كەسىپداشلىرىم ئۆز ئېتىبار ۋە سالاھىيەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىشنى پەردازلاپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ئەۋلاتلىرىدىن ئايرىپ تۇرۇشنى ئىستەيدۇ. ئاخىرى چېيىم كەلدى، ئىچىگە قەنت سېلىپ، ئۇنىڭ ئېرىشىنى كۈزەتتىم. يەنە بىر تال تاماكا چېكىۋەتكەندىن كېيىن، ئاشخانىغا ماڭدىم.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىمۇ چۈشلۈك تاماقلىرىمنى مۇشۇ ئاشخانىدا يەيتتىم؛ جىمجىت، ئىسسىق، كۆڭۈللۈك بىر يەر ئىدى. ھوردىلىپ كەتكەن ئەينەكنىڭ ئارقىسىدىكى تەخسىلەرگە تىزىلغان ئۇلتۇرما①، مۇساككا②، سارما③ ۋە خىلمۇ-خىل باشقا پىيدىگەن تاماقلىرى ئوخشاش قويۇقلىقتىكى ياغنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. دۇمبىسى بۇ ياغلارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قالغان بىر دۆۋە ھالسىز كۆفتە④، يازنىڭ ئىسسىقىدا لاي سۇغا كىرىۋالغان سۇ كالىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئىشتىھايىم ئېچىلدى. پىيدىگەن مۇساككادىن بىرنى، بىر پولۇ ۋە بىر تەخسە كۆكتات ئارىلاشمىسى بۇيرۇتۇپ ئولتۇردۇم. پاپاق كىيگەن پۈتلىرىغا ساپما كەش سىپىۋالغان مۇلازىم سورىۋىدى، پىۋىدىنمۇ بىر شىشە بۇيرۇتتۇم.

نانلىرىمنى ياغقا مىلەپ، تولىمۇ ھۇزۇرلانغان ھالدا تامىقىمنى يېدىم، پىۋامنى ئىچتىم. ئاندىن تۇرۇپلا ئايالىم ئېسىمگە كېلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئايالىمنىڭ يېڭى ئېرىدىن بالىلىق بولىدىغانلىقى جېنىمغا تەگدى. مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، سېزىپ تۇراتتىم، لېكىن شۇنداقتىمۇ چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئىچىمنى ئېچىشتۇراتتى. يېڭى توي قىلغان دەسلەپكى ئايلاردا بويىدا قېلىپ قالمىسۇن دەپ دىققەت قىلاتتۇق. سەلما دورا ۋە باشقا ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى ياقتۇرمايدىغان بولغاچقا، بىز بۇ ئىشقا ھېچبىر كۆڭۈلسىزلىك چىقمىغۇدەك دەرىجىدە دىققەت قىلاتتۇق. كېيىن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئانچە دىققەت قىلماس بولۇپ كەتتۇق. بىر يىلدىن كېيىن، بىر قېتىم بالا توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ، بالا ئېلىش قارارىغا كەلگەندۇق. شۇنىڭ بىلەن بويىدا قالسىكەن، دەپ ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولدۇق، لېكىن نېمىشقىدۇر قالمايۋاتاتتى. بىر كۈنى، سەلما يېنىمغا كېلىپ ماڭا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى، ماڭا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۆزى بېرىپ تەكشۈرتىدىغان بولدى. مەن بۇنىڭغا قارشى چىقتىم، دوختۇر دېگەن ئۇ ھايۋانلارنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. سەلما دوختۇرغا كۆرۈندىمۇ، كۆرۈنمىدىمۇ ئۇقمىدىم. بەلكىم مەندىن يوشۇرۇنچە بېرىپ كۆرۈنگەندۇر، لېكىن بۇ ھەقتە ئارتۇق ئويلىنىپ يۈرمىدىم، چۈنكى ئۆزۈن ئۆتمەي ئاجرىشىپ كەتتۇق.

مۇلازىم قۇرۇق تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەتتى. قانداق تاتلىق —تۈرۈملەر بار، دەپ سورىدىم. كادايىف① بار ئىكەن، كەلتۈردى. يەنە بىر شىشە پىۋا بۇيرۇتتۇم، كادايىف بىلەن ئىچىسە پەيزى بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، دەپ كۈلدۈم مۇلازىمغا قاراپ. ئۇ كۈلمىدى، مەن ئولتۇرۇپ خىيال سۈردۈم.

بۇ قېتىم خىيالىمغا دادام بىلەن ئانام كەلدى. شەرقتىكى كەما دېگەن يەردە ئىدۇق. نىلگۈن ۋە مەتىن تېخى تۇغۇلمىغان چاغلار ئىدى. ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئىدى، ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ كېتەلەيتتى. ئىككى قەۋەتلىك بىر تاش ئۆيدە ئولتۇراتتۇق؛

پەلەمپەيلىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى، كېچىلىرى قورقۇپ ھۇجرامدىن چىقالمايتتىم، قورسىقىم ئېچىپ كەتسە، ئۆزۈم يالغۇز پەستىكى ئاشخانىغا چۈشەلمەي، ئاچپاقىلىقىمنىڭ دەردىنى ئاشخانىدىكى يېمەكلىكلەرنى خىيال قىلغاچ تارتاتتىم. بۇ تاش ئۆينىڭ كىچىك بىر بالكونىمۇ بار ئىدى؛ ھاۋا ئوچۇق، سوغۇق قىش كېچىلىرىدە ئۇ يەردىن تاغلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئايئاق بىر ئويمانلىق كۆرۈنەتتى. سوغۇق بەك چۈشۈپ كەتكەن چاغلاردا بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلايتتۇق، كىشىلەر بۆرىلەرنىڭ كېچىدە بازارغا چۈشىدىغانلىقىنى، بۇ جانىۋارلارنىڭ ئاچلىقتا چىدىماي كېلىپ ئىشىكلەرنى چېكىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشەتتى. ئىشىك چېكىلسە، كىم ئۇ، دېمەي تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچماڭلار، دەيتتى. بىر قېتىم شۇنداق بولدى، دادام ئىشىكنى قولىغا تاپانچا ئېلىپ ئاچتى. باھاردىمۇ، بىر قېتىم، قولىدا تاپانچا، چۆجە يەپ كۆنۈپ قالغان بىر تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەن ئىدى. لېكىن تۈلكىنى كۆرەلمەيتتۇق، پەقەت چىقارغان ئاۋازىنىلا ئاڭلايتتۇق. ئانام بۈركۈتلەرنىڭمۇ تۈلكىلەرگە ئوخشاش چۆجىلەرنى ئېلىپ قاچىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئاندىن ئۇنداق بۈركۈتنى ئەجەپ كۆرۈپ باقمىدىم، دەپ ئىچىم پۇشتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئارخىپخانىغا قايتىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

كۆكىرىپ كەتكەن قەغەز دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنى ۋاراقلاشقا باشلىۋېدىم، كەيپىياتىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇدۇل كەلگەن يەردىنلا ئوقۇشقا باشلىدىم. قەرز بولۇپ قالغان يۈسۈفنىڭ، ئالغان قەرزلىرىنى تۆلىگەندىن كېيىن، گۈرۈگە قويۇپ قويغان ئېشىكىنى ئېلىپ قايتىش يولىدا، ئېشەكنىڭ ئارقا ئوڭ پۇتىنىڭ ئاقساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەرز قىلغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ ھۆسەيىن بىلەن دەۋالىشىپ قالغانلىقىنى ئوقۇپ كۈلگۈم كەپ كەتتى. ئۈچ شىشە پىۋا ئىچىپ، چالا كەيىپ بولۇپ قالغاچقا كۈلگۈم كەلگەنلىكىنى بىلەتتىم، لېكىن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ، يەنە كۈلدۈم. ئاندىن بۇرۇن ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىمغا دىققەت قىلماي، قولۇمغا چىققانلىكى نەرسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. دەپتەرگە ھېچنېمە يېزىۋالمىدىم. بىر قەغەزدىن يەنە بىرىگە، بىر بەتتىن باشقا بىر بەتكە ئۆتۈپ، ھۆزۈرلىنىپ ئوقۇۋاتاتتىم، كۈلۈۋاتاتتىم. بىردەمدىن كېيىن، ھاياجانلانغاندەك بولدۇم: بۇ سەل پەسكويغا چۈشكەندە، ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكىدىن بىرنى ئاڭلىغانغا ئوخشايتتى. بىر ياندىن ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك قالايمىقان ئىشلارنى ئويلايتتىم، يەنە بىر ياندىن ئوقۇۋاتقان ۋەقەلىكلەرگە دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشاتتىم. بىر تۈگمەننىڭ كىرىمى توغرۇلۇق، ۋەخپە باشقۇرغۇچىسى بىلەن تۈگمەنچى كېلىشەلمەپتۇ، مەھكىمىگە كېلىپ، تۈگمەننىڭ كىرىم-چىقىملىرىغا ئائىت بىر تالاي سان-سىفرلارنى ئوتتۇرىغا تۆكۈپتۇ. قازىنىڭ كاتىپىمۇ، بۇ سان-سىفرلارنى، خۇددى مەن دەپتىرىمگە يېزىۋالغاندەك، رەتلىك قىلىپ خاتىرە قالدۇرغان ئىدى.

تۆگمەننىڭ ئايلىق، پەسىللىك كىرىملىرىنى، تارتقان بۇغداي، ئارپىلارنىڭ مىقدارىنى، ئالدىنقى يىللاردىكى پايدىلارنى كۆرسىتىپ تۈزگەن سان-سىفىرلارنى كۆچۈرۈپ بىر بەتنى توشقۇزغاندىن كېيىن، قولۇمدىكى تىزىملىككە باللارچە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ھاياجانلاندىم.

يەنە ئىشەنچ بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم: بۇغداي يۈكلەنگەن بىر كېمە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كارامۇرسەل پىرىستانىغا بىر يولۇققاندىن كېيىن غايىپ بوپتۇ. ئىستانبۇلغا بارمىغىنىغا ئوخشاش، ھېچكىمدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمەپتۇ. كېمىنىڭ تۈزلا ئەتراپلىرىدا بىر يەردە، ئۇ قىيالىقلاردا يۈكلىرى بىلەن چۆكۈپ كەتكەنلىكىگە ۋە ئىچىدىكىلەرنىڭ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، تۇرسۇن ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ بوياقچى قەدرى ۋە مەھمەتكە بويىتىشقا بەرگەن تۆت ئەستەرلىكنى قايتۇرىۋېلىش تەلپىگە ئالاقدار بىر دەۋا خاتىرىسىنى ئوقۇدۇم، لېكىن يېزىۋالمىدىم. ئابدۇللاھنىڭ ئەستەرنى نېمىشقا قايتۇرىۋالماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. چىلىغان كۆكتات ساتقۇچى ئىبراھىم سوپى، 991-يىلى شابان ئېيىنىڭ 19 ـ كۈنى (1583-يىلى 7-سېنتەبىر)، ئۈچ تال تەرخەمەك چىلانمىسىنى بىر ئاقچىغا ساتقانمىش، ئەرز قىلىشىپتۇ، مەھكىمىدە جىنايەت خاتىرىسى قالدۇرۇلۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ئۈچ كۈن كېيىن بولسا، قاسساپ ماھمۇت تەرىپىدىن سېتىلغان 13 ئاقچىلىك كالا گۆشىنىڭ 140 دىرھەم① كەم چىققانلىقىمۇ خاتىرىلىنىپتۇ، بۇلارنى خاتىرەمگە يېزىۋالدىم. كېيىن، بىزنىڭ فاكۇلتېتتىكىلەر بۇ دەپتىرىمنى كۆرۈپ قالسا قانداق ئويلار، دەپ قالدىم. بۇلارنى مېنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارمايدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولغاچقا، قاتتىق ھەيران قېلىشى ئېنىق ئىدى. راۋۇرۇس ھېكايىدىن بىرنى تاپالىغان بولسام، ئۇ چاغدا ئاغزىنى كامارەك ئېچىپ قېلىشقان بولاتتى. شاراپ تىجارىتى قىلغان، كېيىن قاقتى-سوقتى قىلىپ تازا روناق تاپقان ھېلىقى بۇداك، ئەسلىدە مۇشۇنداق ھېكايىلەرگە تازا ماس كېلىدىغان قالپاق ئىدى. مەن ئىزاھات ۋە ئارخىپ نومۇرلىرى بىلەن ئاجايىپ-غارايىپ بىر نەرسە قىلىپ چىقىدىغان مۇشۇنداق بىر ھېكايە ئۈچۈن تازا قاملاشقان بىر ئىسىم ئىزدەشكە باشلىدىم: ئەينەنلىك پىرىنسىپىنىڭ پروتوتىپى: گەبزەلىك بۇداك چوڭ! يامان ئەمەس بولدى! يالغۇز بۇداكلا دېمەي بۇداك پاشا بولغان بولسا، بەلكىم تېخىمۇ ياخشى بولاردى. ئەجىبا، كېيىنچە پاشا بولغانمىدۇ؟ بەلكىم قانداق قىلىپ پاشا بولغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە يازار بولغىيتتىم، يازمىنىڭ بېشىغا 16-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدىن بىر كۆرۈنۈش سىزغانمۇ بولاتتىم. لېكىن ماقالىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان تەپسىلاتلىرىنى ئويلاپ كەيپىم ئۆچتى، ئاندىن يىغلاپ سالىدىغاندەك ھېس قىلدىم، پۈتۈنلەي تەسىرىدىن دەي دېسەم، تەسىرى ئاللىقاچان قالمىغاندۇ. قانداق قىلاتتىم، ئوقۇۋاتىمەن.

قاراقچى بولۇپ كەتكەن مەھمەت ئوغلى تاھىر ئىسمىلىك سىپاھى①غا چىقىرىلغان تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئوقۇۋاتىمەن. ئەتھەم پاشاغا تەۋە بولغان باغنىڭ ئەتراپىتىكى مەھەللىلەردىن كەلگەنلەرنىڭ ئۇلاغلىرى تەرىپىدىن دەسسەپ-چەيلىنىۋېتىلگەنلىكىگە ۋە ۋابادىن ئۆلۈپ كەتتى دەپ تۇرغاندا، ئايالىنىڭ دادىسىنىڭ تايىقىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، نۇرەتتىن ھەققىدىكى جازاغا تارتىلىش بۇيرۇقىنى ئوقۇۋاتىمەن، لېكىن خاتىرە قالدۇرمايۋاتىمەن. ئاندىن بازار باھاسىنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئۇزۇن تىزىملىكنى ئۆز ئەينى دەپتىرىمگە كۆچۈرىۋالدىم. ئاندىن ئۆمەر ئوغلى پىرئەخمەتنىڭ، ھامامچى مەھمەتتىن ئالغان قەرزىنى سەككىز كۈن ئىچىدە قايتۇرىدىغانلىقىغا ئورۇنباسار شەيخ فەتھۇللانىڭ ئالدىدا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇسا ئوغلى خىزىرنىڭ ئاغزىنىڭ ھاراق پۇرىغانلىقىغا ئائىت قالدۇرۇلغان خاتىرىنى ئوقۇدۇم. كۈلگۈم كەلدى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئازراق پىۋا ئىچىۋالغان بولۇشىم كېرەك ئىدى. خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچنېمىنى ئويلىماستىن، يازماستىن مەھكىمە جىنايەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇدۇم. بۇ يەردە ماڭا ياققان نەرسە، ھېچنەرسە ئىزدىمەيۋاتقانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك، بىر نەرسىنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلىماقچى بولۇۋاتقاندەك ھوشيار ھالەتتە ئوقۇپ كېتىشلىرىم ئىدى. كېيىن كۆزلىرىم تالغاندا ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان دەرىزىسىگە قارىدىم. خىيال ۋە ئەسلىمىلەر قاياقتىندۇر كېلىپ مېنى ئارامىمدا قويمايتتى:

مەن نېمىدەپ تارىخچى بولدۇم؟ 17 ياش چېغىمدىكى بىر مەزگىلدە قىزىقىپ قالغانىدىم، پۈتۈن سەۋەپ مۇشۇنچىلىك. ئەتىيازدا ئانام ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئاندىن دادام پېنسىيەگە چىقىشنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ھاكىملىقنى تاشلاپ، جەننەتھىسارغا كېلىپ يەرلەشكەنىدى. ئۇ يىلى يازنى مەن دادامنىڭ كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ، باغلاردا، دېڭىز بويلىرىدا ئايلىنىپ، ئوقۇغانلىرىمنى ئويلانغاچ ئۆتكۈزگەن ئىدىم. سورىغانلارغا دوختۇر بولىدىغانلىقىمنى ئېيتاتتىم، شۇنداق، بوۋاممۇ دوختۇر ئىدى. كېيىن كۈزدە بېرىپ تارىخقا تىزىملاتتىم. تارىخنى ماڭا ئوخشاش ئۆزى خالاپ كەسىپ قىلىپ تاللىغان قانچە كىشى بولماقچىدى؟ تۇرۇپلا ئاچچىغىم كەلدى: سەلما كالۋالىقلىرىم بىلەن ماختىنىش كېسەللىكىنىڭ، مېنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى سېزىپ ھارمايتتى. لېكىن تارىخچى بولۇشىمنى ياقتۇراتتى. دادام ياقتۇرمىغان بولسا كېرەك، تارىخ كەسپىگە تىزىملاتقانلىقىمدىن خەۋەر تاپقاندا بولۇشىغا ئېچكەن ئىدى. لېكىن بەلكىم بۇ سەۋەپتىن ئىچمىگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ بەرىبىر داۋاملىق ئىچىپ يۈرەتتى. موماممۇ ئىچمىسىكەن دەپ ھەمىشە ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتى. مومام ئېسىمگە كېلىۋېدى، ئۆيىنى، نىلگۈننى ئويلىدىم ۋە سائەتكە قارىدىم: بەش بولاي دەپتۇ. پېۋىنىڭ تەسىرى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن،

ئوقۇشتىنمۇ رايىم قايتقاندا رىزانىمۇ ساقلىماستىن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ماشىنامنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتتىم. يولدا قاشا تەرەپتە كىتاب ئوقۇۋاتقان نىلگۈن بىلەن ھال-مۇڭ بولارمەن، دەپ ئويلىدىم. نىلگۈن خالىمىسا، كارىۋىتىمنىڭ بېشىدىكى ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ كىتابىنى ئوقۇرمەن، ئۇنتۇپ قالارمەن، ئاندىن يەنە ئىچەرمەن، ئاندىن كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغاندا تاماقنى يەپ بولۇپ يەنە ئىچەرمەن.

# ئون بەشىنچى باب

تاۋۇزنىڭ ئاخىرقى پارچىسىنى ئاغزىمغا سېلىۋېتىپ دەرھال داستىخاندىن تۇردۇم.

ــ تامىقىنى يەپ بولماي تۇرۇپ نەگە ماڭدى بۇ يەنە؟ــ دېدى مومام.

ــ ئەنسىرىمەڭ موما،ــ دېدى نىلگۇن،ــ مەتىن تامىقىنى يەپ بولدى.

ــ خالىساڭ ماشىنىنى ئال،ــ دېدى فارۇق.

ــ لازىم بولسا كېلىپ ئالىمەن،ــ دېدىم.

ــمېنىڭ ئۇ قوتۇر «ئانادول» ماشىنامنى بۇ يەردە بەك نېمە كېلىپ قالدىكەن دېۋىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

نىلگۇن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ھېچنىمە دېمىدىم. ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتىم، ئىچىدە، يازنىڭ ئىسسىقىدا بىر ئاي ئىشلەپ تاپقان ئون تۆت مىڭ لىرا پۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ماڭا بىر خىل ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىۋاتقان پورتمالىمنى، ئاچقۇچىمنى ئالدىم، ئۆزۈم بەك ياخشى كۆرىدىغان ئامېرىكان خۇرۇم ئايىغىمنى ئاخىرقى قېتىم بىر پارقىرىتىۋەتتىم ۋە ئەنشتەم لوندوندىن ئالغاچ كىلىپ ماڭا سوۋغا قىلغاندا قانداق سېتىۋالغانلىقىنى ئۆزۈندىن ـئۆزۈن سۆزلەپ كەتكەن مايكىنى مۆرەمگە ئارتىپ پەسكە چۈشتۈم. ئاشخانىنىڭ ئىشكىدىن چىقىۋېتىپ رەجەپنى كۆردۈم.

ــ پېدىگەنلىرىڭىزنى يېمەي تۇرۇپلا نەگە ماڭدىڭىز بەگزادە؟

ــ ھەممىسىنى يېدىم، تاۋۇزنىمۇ.

ــ ماشائاللاھ!

ماڭدىم، ئويلىدىم: باغنىڭ ئىشكىدىن چىقىۋاتىمەن ۋە نىلگۇن بىلەن فارۇقنىڭ كۈلكە ئاۋازى تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كېچىچە قىلىدىغىنى شۇ: بىرى يەنە بىرىنىڭ ھەممە ئىشنى كۈلكىلىك ھېس قىلىشى ئۈچۈن ئېغىكىنى سۇنۇپ تۇرۇپ بېرىدۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن، يەنە بىرى ئاۋۇ بىرىنىڭ يەنە بىر ئىشنى قىزىق ھېس قىلىشى ئۈچۈن ھە ـھۇ دېيىشىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لامپىنىڭ خىرە نۇرى ئاستىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئادالەتسىز، ئەخمەق ۋە ئالجوقا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆز بىمەنىلىكلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ ۋە بۇ ئارىلىقتا فارۇق بىرەر شىشىنى قۇرۇۋقداپ

بولغان بولىدۇ ۋە نىلگۈن تېخى ياتمىغان بولسا، بەلكى فارۇق ئۈنىڭغا قولىدىن چىقىرىپ قويغان ئايالى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەر ۋە ھەر ھالدا مەن تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتىپ كەلگەندە ئۈنى يەنە ئۈستەلنىڭ تۆۋىدە مەست ھالەتتە كۆرەرمەن ۋە مۇشۇنداق بىر گۈيىنىڭ، ئۇ قوتۇر ماشىنىسىنى ھەر قېتىم ماڭا بېرىپ تۇرغىنىدا، ماڭا زەھەرىنى تىقىشقا نېمە ھەققى باردۇر، دەپ ھەيران قالارمەن. مادامىكى شۇنچىلىك ئەقىللىق ۋە زېرەكسەن، ئۇنداق بولسا ئۇ ھوش-كاللىسى جايىدا چىرايلىق ئايالىڭنى نېمىدەپ قولۇڭدىن چىقىرىپ قويىسەن؟ ساتسا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بەش مىلىيونغا يارايدىغان بىر زېمىننىڭ ئۈستىدە تۇرىشىدۇ، لېكىن تاماق يېگەن تەخسىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرى پۇچۇق، ۋېلكا-پىچاقلىرى ھەررەڭ-سەررەڭ، بىر خىل ئەمەس، پاپا داتلاشقان مىخلار بىلەن تۆۋنىنى ياسىغان بىر دورا كومزىكىنى تۈزلۈق دەپ ئىشلىتىشىدۇ ۋە توقسان ياشلىق بىر بىچارە موماينىڭ تاماقلىرىنى ھەممە يەرگە چېچىپ يېيىشلىرىگە لام-جىم دېمەستىن چىداپ ئولتۇرىشىدۇ. ماڭا-ماڭا جەيلاننىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئۈنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسىمۇ باشقا قەدىر ئەھۋال بايلار ۋە باشقا ھېچقانداق بىر ئويۇن-تاماشاسى بولمىغان بىچارە كەمبەغەللەرگە ئوخشاش تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. قەدىرئەھۋال بايلار ئويۇن-تاماشا قىلىشنى نېمە بىلىدۇ! قىرغاققا چۈشتۇم، ھەممەيلەن كەلگەنىدى، پەقەت ئەتىگەندىن كەچكىچە شىلانكىنىڭ ئۇچىغا ئامبۇر بىلەن قىسىپ قويۇلغاندەك باغ سۇغۇرىدىغان باغۋەنلا كۆرۈنمەيتتى. ئولتۇردۇم، قۇلاق سالدىم:

— نېمە ئىش قىلىمىز، باللار؟

— بىردەمدىن كېيىن ئانام بىلەن دادام ئۇخلىغاندىن كېيىن فىلىم كۆرىمىز.

— ۋايجان، پۈتۈن بىر ئاخشام مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرامدۇق؟

— مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىم كېلىۋاتىدۇ— دېدى گۈلنۇر خىيالىي بىر مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ مىدىرلىغاچ.

— بىز قەرت ئوينايمىز— دېدى فىكرەت.

— مەن ئوينىمايمەن.

— چالمىجاغا چاي ئىچكىلى بارايلى.

— 50 كىلومېتىر يەرگە!

— مېنىڭمۇ ئۇسسۇل ئوينىغىم بار— دېدى زەينەپ.

— تۈرك كىنوخانىسىغا بېرىپ ئەخمەق قىلىپ كېلەيلى.

— بولۇڭلار، چاققان گەپ قىلىڭلار، نەگە بارىمىز.

يىراقتىكى ئارالدا بىر يىنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان ماياكىنىڭ دېڭىزدىكى ئەكسىنى تاماشا قىلىشۋاتاتتىم ۋە ھاۋادا لەيلەپ تارقىلىشۋاتقان ئۇچقات، قىزلار ۋە ئەتىر ھىدلىرىنى ھىدلىغاچ ئويلىنىشۋاتاتتىم.

جەيلاننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم؛ لېكىن مەن تېگىگە يېتەلمىگەن بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى مەندىن يىراقلاشتۇرىۋاتاتتى: تاڭ ئاتقۇچە كارىۋاتتا يېتىپ ئويلىغىنىمغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم، لېكىن ئويلىغانسېرى، مەن چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقان "مەن" نىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكى كاللامغا كىرىۋالاتتى. "مەن" دېگەن بۇ نەرسە قۇتىلارنىڭ ئىچىدىكى قۇتىلارغا ئوخشايتتى: ئىچىمدە ھەمىشە باشقا بىر نەرسە باردەك قىلاتتى؛ بەلكىم ئۇ نەرسىلەردىن كېيىن ئاندىن ئۆزۈمنى تاپالارمەن، ھەر قۇتىنىڭ ئىچىدىن مەن نىلگۈنگە ئۆز پېتى كۆرسىتەلەيدىغان ھەقىقىي ۋە ئەسلىدىكى مەتىن ئەمەس، ئۇنى يوشۇرۇپ تۇرغان باشقا بىر قۇتا چىقىۋاتاتتى. مۇنداق ئويلىدىم: مۇھەببەت ئادەمنى ئىككى يۈزلىمچىلىككە دۇچار قىلىدۇ، ھالبۇكى، مەن ئاشىق بولغانلىقىمغا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ تۇگىمەس ئىككى يۈزلىمچىلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن، دەپ قالغانىدىم. ئاھ، بۇ كۈتۈش بىر ئاخىرلاشسا! لېكىن نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۈستۈنلىكلىرىمنى ئەسلەپ بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتىم، لېكىن بۇمۇ مېنى ئاۋۇندۇرالمىدى.

كېيىن بىر قارارغا كەلگەن باشقىلار بىلەن بىللە ماڭدىم. ماشىنىلارغا چىقىپ، گۈلدۈرلىشىپ مېھمانخانىنىڭ دىسكوخانىسىغا باردۇق. بىر قانچە ئەخمەق ساياھەتچىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. شۇنچە كەڭرى دۇنيادا، تەتىل قىلىش ئۈچۈن كېلە-كېلە مۇشۇ خاراموش ۋە روھسىز يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەرنى مازاق قىلىشتى.

– كاللىسى ئىشلىمەيدىغان گېرمان تومپايلىرى!

– كۆڭۈل ئاچقۇم بار باللار، نېمە قىلايلى؟

ئاندىن بىردەم ئۈسسۇل ئويناشتى، مەنمۇ نىلگۈن بىلەن ئويىندىم، لېكىن ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. مەندىن 13×27 ۋە 81×79 نىڭ قانچە بولىدىغانلىقىنى سورىدى ۋە مەن دەپ بەردىم، پەرۋا قىلمىغاندەك كۈلدى ۋە ئاندىن تېز رېتىملىق مۇزىكا باشلىنىۋىدى ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، دەپ بېرىپ ئولتۇردى. مەن ئۈستىگە چىقتىم، جىمجىت ۋە گىلەم سېلىنغان كارىدوردىن ئۆتۈپ، ھەيران قالغۇدەك پاكىز سۇخانىغا كىردىم ۋە ئەينەكتە ئۆزۈمنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمغا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە ئۆزۈمدىن يىرگىنىپ كەتتىم. ئېنىقكى، ھەر ھالدا ئون سەككىز يېشىدا بۇنداق بولمىغىيتتى. دادا روكفېللېرمۇ مېنىڭ يېشىمدىكى

چېغىدا بۇنداق ئەمەس بولغىيتتى. ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈنغىچە باي بولۇش خىيالىغا چۆكۈپ كەتتىم: ئاخىرى بىر كۈنى ئامېرىكىدا تاپقان پۇللىرىمغا تۈركىيەدە بىر گېزىتخانىنى سېتىۋالىمەن، لېكىن ئۇنى بىزنىڭ ئەخمەق بايلىرىمىزدەك ۋەيران قىلىۋەتمەيمەن؛ گېزىتخانا خوجايىنلىقىنىمۇ ئۇستۇمگە ئالىمەن، ھاياتىم ئادەتتىكى يۇرتداشلاردەك ئۆتىدۇ، لېكىن مەن ھايات ياشاۋاتقان بىر ئەپسانىۋى ئادەممەن، ئاللاھ لەنەت قىلسۇن، خىيالىمدا فەنەرباغچە كۇلۇبىنىڭ خوجايىنى بولۇشمۇ بار ئىدى. ئاندىن باي بولغان چېغىمدا بۇ تېتىقسىزلىقنى ۋە تېتىقسىز خىياللارنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم ۋە بايلاردىن نەپرەتلەندىم، لېكىن نىلگۇن خىياللىرىمنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئاندىن تانسا ئوينىغىچە قولىنى قويغان يەرنى، كۆڭلىكىمنىڭ ئۇستىنى پۇرىدىم ۋە سوغاندىن چىقتىم. پەلەمپەيدە ئۇلارنى ئۇچراتتىم، باشقا يەرگە بارىدىكەنمىز، ماشىنىغا چىقتۇق.

فىكرەتنىڭ «ئالفا رومېئو» ماركىلىق ماشىنىسىنىڭ ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىلار بۆلۈمىنى ئەسلىتىدىغان ئالدى تەرىپىدە كونۇپكىلار، ئىستىرىلكىلار، بەلگىلەر، كۆرسەتكۈچلەر، لاپىلداپ تۇرغان لامپىلار بار ئىدى. پەرۋاسىزلارچە بىر دەم قارىدىم. ئىستانبۇل ــ ئەنقەرە يولىغا چىقىشتىن بۇرۇن تۇرگاينىڭ ماشىنىسى بىزنى بىردەم قىستىدى. كېيىن ئۈچ ماشىنا بىلەن گۆزتەپە دوقمۇشىغىچە مۇسابىقىلىشىشنى قارار قىلىشتى. يوك ماشىنىلىرى، ئاپتوبۇسلارنىڭ يېنىدىن، پىيادىلەر كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدىن، ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنىڭ، زاۋۇت-فابرىكىلارنىڭ، يولنىڭ چېتىدە قاراپ تۇرغانلارنىڭ، قەھۋەخانىلارنىڭ، بالكوندا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ، تاۋۇزچىلارنىڭ ۋە تېز تاماقخانا ۋە ئاشخانىلارنىڭ ئارىسىدىن بەسلەشكەچ ئۆتۈپ كەتتۇق. فىكرەت توختىماي كاناي چالاتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىشىپ، كۈلۈشۈۋاتاتتى. بىر دوقمۇشتا قىزىل چىراق يېنىۋېدى، فىكرەت تورمۇزغا دەسسىمىدى، يان يولغا قايرىلدى، پۈتۈن سۈرئەت بىلەن «ئانادول» ماركىلىق بىر ماشىنىغا قاراپ ماڭدى، ئاخىرى«ئانادول» يولنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈۋالدى ۋە بىر بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ قالدۇق.

ــ ئۆتى يېرىلدى ئۇ گۇينىڭ، ئاغزىغا قوقاق چىقىپ كەتتى ھەقچان!

ــ ئۇلاردىن ئۆتۈپ كەتتۇق ــ دەپ توۋلىدى جەيلان ــ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق، مايغا باس فىكرەت!

ــ باللار، مېنىڭ ئۆلگۈم ئەمەس، كۆڭۈل ئاچقۇم بار ــ دېدى زەينەپ.

ــ توي قىلغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

ــ مانا بۇ «ئالفا رومېئو»، شۇنىڭغا لايىق ئىش قىلىش كېرەك!

ــ يارايسەن ئاكا، تېخىمۇ تېز ھەيدە، ھەرقانداق ئىشقا پەرۋايىم پەلەك مېنىڭ!

ــ «ئانادول» دېگەن بىچارىلەرنىڭ ماشىنىسىدۇر!

ئاخىرى قانداق بولار، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، لېكىن بىر ئىش بولمىدى. مۇسابىقىدە بىز يەڭدۇق، ئاندىن سۇئادىيە تەرەپكە بۇرۇلدۇق، باغدات كوچىسىغا چىقتۇق. يىرگىنىشلىكلىكىنى يوشۇرمىغانلىقى، ساختىپەزلىكلىرىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ئاشكارىلاپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ كوچىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ھاياتىنىڭ ھەممىسى ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى دېمەكچىدەكلا تۇرىدىغان كوچىدۇر بۇ: گويا ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىگە ساختا ئىكەنلىكى ئوچۇق يېزىقلىق! بىنالارنىڭ كۆڭۈلسىز مەرمەر تاشلىرى! كىشىنى بىزار قىلىدىغان پلاستىك ئېكرانلار! تورۇسلاردىن ساڭگىلاپ تۇرغان كۆرۈمسىز ئاسما چىراقلار! يوپيورۇق يورۇتۇلغان لەنەتتەككۈر تورتخانىلار! ئۆزىنى يوشۇرمايدىغان بارلىق رەزىللىكلەرنى ياخشى كۆرىمەن. مەنمۇ ساختا، نېمە دېگەن ياخشى، ھەممىمىز ساختا! بىرەرسى كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالسا ئۆزگىرىپ قالماي دەپ كوچىدا كېتىپ بارغان قىزلارغىمۇ قارىمىدىم. بىر مېرسېيدىزىم بولغان بولسىيدى، پىيادىلەر يولىغا چىقىپ بۇ قىزلاردىن بىرەرىنى كەلتۈرۈۋالغان بولاتتىم. سېنى ياخشى كۆرىمەن جەيلان، ھاياتىنمۇ بەزىدە ياخشى كۆرىمەن! ماشىنىلارنى توختىتاتتۇق، بىر دېسكوخانىغا كىردۇق. ئىشىكىدە ئۇنداق يېزىلمىغان ئىدى، كۈلۈپ دەپ يېزىلغانىدى، لېكىن 250 لىرا تۆلىگەن ھەرقانداق ئادەم كىرىۋېرەتتى.

دەمىس روسسوسىنىڭ ناخشىسى چىقىۋاتاتتى ۋە جەيلان بىلەن تانسا ئويندۇق، لېكىن ئانچە پاراڭلىشىپ كەتمىدۇق ۋە قاملاشمىدى! ئىچى بەك سىقىلىپ كەتكەندەك، كۆڭلى جايىدا ئەمەستەك، يېرىمدەك ۋە كاللىسىدا مەندىن باشقا بىر نەرسىلەر باردەك كۆزلىرىنى يىراقلاردىكى كۆرۈنمەس ئۇپۇق سىزىقلىرىغا ھارغىن ھالدا تىكەتتى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ، نېمىشقىكىن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى ۋە ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەلەيدىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى.

ــ نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ــ دېدىم.

ــ ھە؟ مەنمۇ؟ ھېچنىمە!

يەنە بىردەم تانسا ئويندۇق. گويا ئارىمىزدا مەخپىي تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر خىل ياتلىشىش باردەك، بىر-بىرىمىزنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرۇۋالغىمىز كەلگەندەك قىلاتتى. لېكىن پۈتۈن بۇ خىياللارنىڭ پەقەت بىر توقۇلما ئىكەنلىكىنىمۇ سېزىپ تۇراتتىم. بىردەمدىن كېيىن ھەسرەت ئەمەس پەقەت يىغا دېيىشكە بولىدىغان بۇ مۇزىكىمۇ ئاخىرلاشتى، تېز رېتىملىق بىر مۇزىكا باشلاندى ۋە سەھنە ئويۇن-تاماشا ھەۋەسىدە كۆيۈپ يانغان، قىن-قىنىغا پاتماي قالغان بىر توپ كىشىلەر بىلەن تولدى. جەيلان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قالدى، مەن بېرىپ ئولتۇردۇم، رەڭگارەڭ چىراق نۇرلىرى ئاستىدا تېز رېتىمدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى تاماشا قىلغاچ ئويلاندىم:

تىزلىرىنى پۈكۈپ تىترىشىۋاتاتتى ۋە ساراڭ تونخۇدەك باشلىرىنى سىلكىشىۋاتاتتى! ئەخمەقلەر! بۇلارنى زوق ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپلا قىلىۋاتقانلىقىغا قەسەم ئىچىپ بېرەمەن! ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چېغىدا، ئەجىبا مەن ھازىر ئۇسسۇل ئويناۋاتىمەن، دەپ ئويلاپمۇ قويامدىغاندۇ؟ چۈنكى غەلىتە ھەرىكەتلەر، مۇزىكىنى ئاڭلىمىسىمۇ غەلىتە! مەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چېغىمدا، قىلىۋاتقان ھەرىكىتىمنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى ئويلايمەن ۋە مۇشۇنداق ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن سىقىلغان ئىچىمنى بۇ قىزغا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئامالسىز مۇشۇنداق قاملاشمىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇرمەن، دەپ بەزلەيمەن ۋە شۇنىڭ بىلەن تۈيغۇلىرىمنىمۇ بۇ ئەخمەقلەرگە قېتىلغاندەك ھېس قىلىدۇ، لېكىن قېتىلمايدۇ ۋە نەتىجىدە ھەم باشقىلاردەك، ھەم ئۆزۈمدەك بولالايمەن، بۇنداق قىلالايدىغان ئادەم بەك ئاز چىقىدۇ! سۆيۈندۈم! بىر ئازدىن كېيىن، بۇ يەردە يالغۇز، خىيالغا چۆككەن بىر نوچى قىياپىتىگە كىرىۋالدى، دېمىسۇن دەپ، بېرىپ ئۇ لەقۋا ئۇسسۇلغا قېتىلدىم.

نېمە دېگەن بىلەن بەك تەرلەپ كېتىشىمگە كېرەك قالمىدى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ بېرىپ ئولتۇردۇق ۋە يەنە كوتۇلداشقا باشلاشتى، بەك ئىسسىق، ئادەم بەك جىق، بەك تەرلەپ كەتتىم، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، تازا ئوينىدىم، ئۇنداق ياخشى، بۇنداق ناچار...لېكىن شاۋقۇن-سۈرەن بەك يۇقىرى بولغاچقا گەپ قىلىشتىنمۇ زېرىكىشتى. ئېغىزلىرىنى ئۇپراتقانغا چۇشلۇق گەپ-سۆزنىڭ بولمىغانلىقىنى كېچىكىپ ھېس قىلىشاتتى. كېيىن بۇ يەردىمۇ تۈزۈك بىر ئىش يوقكەن، دېيىشتى، ماڭايلى، ماڭايلى ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، باشقا بىر يەرگە بارايلى، بولۇڭلار!

ئورنىمىزدىن تۇردۇق. پۇلنى فىكرەت تۆلىدى. ۋەدات بىلەن ئىككىمىز پۇلنى تەڭ تۆلەيدىغاندەك، ياكى ھېچبولمىسا بىر قىسمىنى تۆلىگەنمىز بارەدەك قىلىپ قويدۇق، لېكىن كۆتكىنىمىزدەك فىكرەت پۇلنىڭ گېپىنى قىلغۇزمىدى. بۇ ئارىلىقتا، قالغانلارنىڭ، تۇرگاينىڭ BMW سىنىڭ ئەينىكىنى چېكىۋاتقانلىقىنى، كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بېرىپ قارىدىم: ھۇليا بىلەن تۇران ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا بىر-بىرىنى قۇچاقلاشقىنىچە ئۇخلاپ قالغان ئىدى! زەينەپ خۇددى ئۆزى ھېس قىلغان بىر سۆيگۈنىڭ كۆچى بىلەن ھاياجانلىنىپ كەتكەندەك، خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قاقاھلاپ كۈلدى.

ــ دېمىسىمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپمۇ قويمىغان ئىدى!ــ دېدى ئاندىن.

مېنىڭ يېشىمدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىزنىڭ " ھەقىقىي ئاشىق-مەشۇقلار" دەك بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ ئۇخلىيالىشىنى خىيال قىلدىم.

ماشىنىغا چىقىپ ماڭدۇق. ئەنقەرە يولىغا چىققاندا، تۇرگايلارنىڭ ماشىنىسى دوقمۇشتىكى تاۋۇزچىنىڭ قېشىدا توختىدى. تۇرگاي ماشىنىدىن چۈشتى، گاز لامپىسىنىڭ

ئاستىدا تاۋۇزچى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. تاۋۇزچى ساقلاپ تۇرغان ئۈچ ماشىنىغا قايرىلىپ قاراۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن تۇرگاي كەلدى، ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن فىكرەتكە قاراپ:

ـ بەرمىدى، يوق دەيدۇ ــ دېدى.

ـ گۇناھ بىزدە ــ دېدى فىكرەت ــ ھەممەيلەن تەڭ كەلدۇق.

ـ يوقمىكەن؟ ــ دېدى گۈلنۇر ــ قانداق قىلىمەن ئەمدى؟

ـ ھاراق ئىچكۈچىلار بولسا، بىر يەردىن ئالىمىز.

ـ بولمايدۇ، ھاراق ئىچكۈم يوق. بىرەر دورىخانىغا بارايلى.

ـ دورىخانىدىن نېمە ئالىسەن؟

ـ ئاۋۇلار نېمە دەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى فىكرەت.

تۇرگاي يەنە بىر ماشىنىنىڭ يېنىغا كەتتى. ھايالشمايلا قايتىپ كەلدى: ــ ھاراق ئالايلى، دەۋاتىدۇ، مېڭىپ بولۇپ توختىدى، ــ يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى تېخىچە تىندۇرماپتۇ ــ دېدى.

ـ ماقۇل ــ دېدى فىكرەت ــ چۈشەندىم!

يولغا چىقتۇق. مالتەپەگە كېلىشتىن بۇرۇن گېرمانىيە نومۇر تاختىسى ئاسقان بىر ماشىنا كۆزگە چىرايلىق كۆرۈندى، ئۈستى چامادانلار بىلەن تولغان بولۇپ، كەينى سەل بېسىلىپ كەتكەن ئىدى.

ـ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېرسېدىز ئىكەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى فىكرەت ــ قېنى ئەمسە ئاغىنىلەر!

يودلۇق چىراقلىرىنى ياندۇرۇپ، تۇرگاينىڭ ماشىنىسىغا سىگنال بەردى، ئاندىن ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ بىر ئاز كەينىدە قالدى. قاراپ تۇردۇق: تۇرگاينىڭ BMW سى ئاۋۋال مېرسېدىزنى ياندىدى، ئاندىن ياندىغان ماشىنىدەك سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، ياندىاپ ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا، ماشىنىنى ئازراق ئوڭ تەرەپكە بۇراپ مېرسېدىزنى يولنىڭ ئوڭ چېتىگە قىستىدى، مېرسېدىز بولسا بولۇشىغا لاۋا باسقاچ بىردەم ئىككى تەرەپكە ئېغىپ باقتى، كېيىن تۇرگاينىڭ ماشىنىسىغا سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئامالسىز بىر چاقىنى يولنىڭ چېتىدىكى تىندۇرۇلمىغان يان يولغا چۈشۈردى. ھەممەيلەپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇ ماشىنىنى يۆگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر بىچارە، توكۇر ئىتقا ئوخشىتىشتى. ئاندىن تۇرگاينىڭ ماشىنىسى سۈرئىتىنى تېزلىتىپ كېتىپ قالدى. مېرسېدىز يولغا چىققىشىغا:

ـ بولە فىكرەت، ساڭا نۆۋەت كەلدى!

ـ سەل تۇرۇپ، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالسۇن!

مېرسېدىزدا بىرلا ئادەم بار ئىدى: گېرمانىيەدىن قايتقان ئىشچى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ۋە ئاخىرىنى ئويلىغىم كەلمىدى.

ــ ھەرگىز ئۇ تەرەپكە قارىماڭلار، باللار!ــ دېدى فىكرەت.

ئۇمۇ تۇرگايغا ئوخشاش ئاۋۋال ياندىدى، ئاندىن ئاستا، ئاستا ئوڭغا قىستىدى. مېرسېدىز كۆچەپ كاناي بېسىشقا باشلىۋېدى، قىزلار پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى، لېكىن ئازراق قورققاندەك قىلىشاتتى. فىكرەت ئوڭغا تېخىمۇ بەكرەك قىستىۋېدى، گېرمانىيەدىن كەلگەن ماشىنىنىڭ چاقى يەنە يان تەرەپكە چۈشتى ۋە يەنە ئاقساشقا باشلىۋېدى، پارتىلىغاندەك قاقاھلاپ كۈلۈشلەر ئەۋجىگە چىقتى.

ــ ئاۋۇ گۈينىڭ چىرايىنى كۆرەلىدىڭلارمۇ؟

سۈرئەتنى تېزلىتىپ كېتىپ قالدۇق. بىردەمدىن كېيىن، ۋەداتنىڭ ماشىنىسىمۇ بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان بولسا كېرەك، چۈنكى مېرسېدىزنىڭ غەزەپ بىلەن بېسىلغان ئۇمىدسىز كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. كېيىن بىر ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئۇچراشتۇق. ماشىنىلارنىڭ چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، يوشۇرۇنۇۋېلىشتى، مېرسېدىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئاستا ئۆتۈپ كېتىشىگە قاراپ يەرنى تېپىشكىنىچە كۈلۈشتى.

ــ بىچارە ئادەمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدىــ دېدى زەينەپ.

ئاندىن بولغان ئىشلارنى بىر-بىرىگە ھاياجان بىلەن دەپ بېرىشكە باشلاشتى، يەنە بىر قېتىم دېيىشتى، يەنە بىر قېتىم دېيىشىۋاتاتتى، ئىچىم سىقىلدى. ئۇ يەردىكى بىر ئاشپۇزۇلغا بېرىپ بىر شىشە شاراپ ئالدىم، ئېغىزىنى ئاچقۇزدۇم.

ــ سەن ئىستانبۇللۇقمۇ؟ــ دېدى ئاشپۇزۇل خوجايىنى.

ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچى خۇددى بىر زەرگەرخانىدەك يوپيورۇق ئىدى. نېمىشقىكىن، ئۇ يەردە بىردەم ئولتۇرغۇم، ئاشپۇزۇلدىكى كىچىك رادىيودىن بىر ئايال ئېيتىۋاتقان تۈرك خەلق ناخشىسىنى ئاڭلىغۇم، باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكۈم كەپ قالدى. كاللامغا مۇھەببەت، ناچارلىق، سۆيگۈ ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئالاقىدار ھەر خىل قالايمىقان خىياللار كېلىشكە باشلىدى.

ــ ھەئە، مەن ئىستانبۇللۇق.

ــ نەگە مېڭىشىڭلار؟

ــ ئايلىنىپ يۈردۇققۇ مانا!

ئاشپۇزۇل خوجايىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ ھارغىن ۋە ئۇيقۇ باسقان بېشىنى لىڭشىتتى:

ــ ھە! قىزلار بىلەن...

بىر نېمە دېمەكچى ئىدىم، گويا دېمەكچى بولغانلىرىم مۇھىم گەپلەر ئىدى ۋە ئۇمۇ مېنى سۆزلىسۇن دەپ زورىغا كۈتۈپ تۇراتتى، لېكىن ماشىنىلارنىڭ كانايلىرى چېلىنىشقا باشلىدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ماشىنىغا چىقتىم. ۋاي نەگە كەتتىڭ، دېيىشتى، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن يېتىشەلمەيمىز. ھالبۇكى، مەن ئەمدى ئاخىرلاشتى دەپ قالغانىدىم؛ ئاخىرلاشماپتۇ. تېز ماڭدۇق ۋە پەندىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى كۆردۇق، ھارغۇن بىر يۈك ماشىنىسىدەك ئاستا دۆڭگە چىقىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئاۋۋال تۇرگاي سول تەرەپتىن كىردى ۋە مېرسېدىزنى ئوڭغا قىستىدى، ۋەدات ئوڭ تەرىپىگە، كەينىدىنلا بىز كەينىگە كىردۇق، بىخەتەرلىك توسۇقىغا تەگكۈدەك يېقىنلاشتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۇنى پەقەت بىزدىن تېز ماڭسىلا ئىچىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان شەكىلدە قىسماققا ئېلىۋالدۇق. بىردەمدىن كېيىن، سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ بىزدىن قۇتۇلماقچى بولدى، لېكىن بىزدىن ئېشىپ كېتەلمىدى. كانايىنى قۇلاققىچە بېسىپ، يودلۇق چىراقلارنى گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ سۈرۈپ كېتىپ باراتتۇق. كېيىن دەرىزىلەرنى ۋە مۇزىكىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئېچىشتى، قوللىرىنى ئۇزىتىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇشتى، ۋارقىراپ-جارقىراپ، دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ناخشا توۋلاشتى. ئارىمىزغا قاپسىلىپ گاڭگىراپ قالغان مېرسېدىزمۇ بىز بىلەن تەڭ لابا بېسىپ مېڭىۋاتقان بولغاچقا، تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈۋاتقان شاۋقۇن-سۈرەننىڭ ئىچىدە ئۆيلەر، مەھەللىلەر، زاۋۇت-فابرىكىلارنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك ماڭغانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم. ئاخىرى، ئۇ گېرمانىيەدىن قايتىپ كەلگەن ئىشچى سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋېدى، كەينىمىزدە ئاپتوبۇسلار ۋە يۈك ماشىنىلىرى يىغىلىپ قېلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم بىر سالام بېرىۋېتىپ كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇرۇلۇپ، ئۇ ئىشچىنىڭ چىراق نۇرلىرى ئىچىدە سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايىغا قارىدىم: بىزنى خۇددى پەقەتلا كۆرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بىز ئۇنىڭ ھاياتىنى، خاتىرىلىرىنى ۋە كەلگۈسىنى ئۇنۇتتۇرغان ئىدۇق.

ئويلىمىدىم، شاراپ ئىچتىم.

جەننەتھېسارغا قايرىلىدىغان يەردىن توختىماي ئۆتۈپ كەتتۇق. كېيىن ئىچىدە كۈلكىلىك ۋە قېرى بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئولتۇرغان بىر «ئانادول»نى قىستىماقچى بولۇشتى، لېكىن بىر ئازدىن كېيىن ۋاز كېچىشتى. ماي قاچىلاش پونكىتىدىن كېيىنكى پاھىشەخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچە، فىكرەت كاناي باستى، چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ ياقتى، لېكىن ھېچكىم بىر نېمە دېمىدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن،

ــ قاراڭلار، مەن نېمە قىلىمەن!ــ دېدى.

كەينىمگە بۇرۇلۇپ، جەيلانىنىڭ يالىڭاچ پاچاقلىرىنى ماشىنىنىڭ كەينى ئەينىكىدىن تېشىغا چىقارغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇزۇن ۋە ئاپئاپئاق كۆيگەن پاچاقلارنىڭ، كەينى تەرەپتىن

كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراق نۇرلىرى ئاستىدا، خۇددى ئۇستىگە سەھنە چىراقلىرى نۇر چېچىپ تۇرۇۋاتقان، ئېھتىياتچان، ئۇيچان كەسپىي پاچاقلار كەبى ۋە بوشلۇقتا ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك ئاستا، ئاستا مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. يالاڭئاياق پۇتلىرى ئاپئاق بولۇپ، شامالغا قارشى قويۇش ئۇچۇن بىر ئاستىغا، بىر ئۇستىگە لىڭشىپ تۇراتتى. كېيىن گۈلنۇر جەيلاننىڭ مۈرىسىدىن ئىچىگە تارتتى.

ــ مەست بوپ قاپسەن!

ــ مەست ئەمەس مەن ــ دېدى جەيلان، خۇشال ھالدا قاقاھلاپ كۈلدى:ــ جىق ئىچمىگەن تۇرسام! بەك خوش بولدۇم. ھەممە نەرسە شۇنچىلىك گۈزەل!

كېيىن ھەممەيلەن جىمىپ قالدۇق. بىز خۇددى ئىستانبۇلدىن ئەنقەرەگە مۇھىم بىر ۋەزىپە ئۇچۇن كېتىۋاتقاندەك، شەھەر-بازارلار، زاۋۇت-فابرىكىلار، زەيتۇن ۋە گىلاس باغلىرى ئارىسىدىن، لام-جىم دېمەستىن ۋە تېخىچە چىقىپ تۇرغان ناخشىغا قۇلاق سالماستىن، ئاپتوبۇس ۋە يۈك ماشىنىلىرىدىن يانداپ ئۆتكىچە بىكاردىن بىكارغا ۋە تۇيغۇسىزلارچە كاناي باسقاچ ماڭدۇق، ئۇزۇن ماڭدۇق. مەن جەيلاننى ئويلىدىم، پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇنداق قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنى ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى كۆرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم.

ھەرەكەدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ماي قاچىلاش پونكىتىدا توختىدۇق، ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئاشپۇزۇلدىن ناچار شاراپ ۋە ساندۇۋىچ ئالدۇق. بىر ئاپتوبۇستىن چۈشكەن ھارغۇن ۋە ئەنسىز يولۇچىلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ قوللىرىمىزدىكى نەرسىلەرنى يېدۇق. جەيلاننىڭ يولنىڭ چېتىگە بېرىۋالغانلىقىنى ۋە ئېقىن سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ قورسىقىنى تويدۇرۇۋاتقانلارغا ئوخشاش، يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن ماشىنىلارغا نەزەر سالغاچ ساندۇۋىچ يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنى كۆزەتكەچ كەلگۈسىمنى خىيال قىلدىم.

بىردەمدىن كېيىن فىكرەتنى كۆردۇم، قاراڭغۇدا ئاستا، ئاستا جەيلانغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇنۇپ تۇتاشتۇردى. پاراڭغا چۈشۈشتى: مەندىن بەك يىراقتا ئەمەس ئىدى، لېكىن يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇنلىرىدا ئاڭلىيالمايۋاتاتتىم، نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىغا بەك قىزىقىۋاتاتتىم. بىر ئازدىن كېيىن بۇ غەلىتە قىزىقىش قورقۇنچقا ئايلاندى. بۇ قورقۇنچنى يېڭىش ئۇچۇن يانلىرىغا بېرىشىم كېرەكلىكىنى شۇ ھامان چۈشەندىم؛ لېكىن قاراڭغۇلۇقتا، خۇددى چۈشتىكىگە ئوخشاش، ھېچ ئىش قىلالماي پەسكەشلەرچە، رەزىللەرچە تۇرۇپ قالدىم. لېكىن بۇ مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىمۇ، ھەممە ئىشقا ئوخشاش ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. بىر ئازدىن كېيىن يېڭىباشتىن ماشىنىلارغا چىقتۇق، ھېچنىمىنى خىيال قىلماستىن كېچىنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

# ئون ئالتىنچى باب

بارلىق شاۋقۇن-سۈرەنلەر بېسىققاندا، پۈتۈن كۈن بېشىمنى ئوچاق قىلغان ساھىل، كاتېرلار، باللار، ناخشا-مۇزىكا، مەستلەر، تىل-ھاقارەتلەر، تېلېۋىزور ۋە ماشىنىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بېسىققان چاغدا ۋە ئەڭ ئاخىرقى ماشىنا باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن قىيا-چىيا كۆتۈرگىنىچە ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا، مەن ئاستا كارىۋىتىمدىن قوپۇپ، دەرىزە قاپقىقىنىڭ ئارقىسىدا ئۆزۈمچە تۇرۇپ سىرتقا قۇلاق سالىمەن: ھېچكىم يوق، ھەممىسى ھېرىپ ئۇخلاپ قالغاندۇر. پەقەت شامال، دېڭىزدا داۋالغۇش، شالدىرلىغان دەرەخلەر، بەزىدە بۇلارمۇ بولمىغاندا يېقىن ئەتراپلاردا تومۇزغىلار، ئەنسىز قاغا، بەلكىم يۈزسىز بىر ئىت بولىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا قاپقاقنى ئاۋايلاپ ئېتىرىپ، ئۇلارغا قۇلاق سالىمەن، ئۇزاققىچە جىمجىتلىقنى تىڭشايمەن. ئاندىن توقسان يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى ئويلاپ، تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. سايەم چۈشۈپ تۇرغان ئوت-چۆپلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆرۈلگەن سوغۇق بىر شامال، خۇددى پاچاقلىرىمنى مۇزلىتىۋاتقاندەك مېنى قورقىتىدۇ: قايتىپ بېرىپ ئىسسىق يوتقىنىمنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا كىرىۋالايمۇ؟ لېكىن جىمجىتلىقنىڭ ئاخىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئۇ يەردە يەنە بىردەم تۇردۇم: خۇددى بىر ئىش بولىدىغاندەك، خۇددى بىرى بىلەن دېيىشىپ قويغاندەك، خۇددى دۇنيا ماڭا يېڭى بىر نەرسە كۆرسىتىپ قويىدىغاندەك، كۈتتۇم، كۈتتۇم ۋە ئاخىرى قاپقاقنى تاقاپ، كارىۋىتىمغا قايتىپ، بىر بۇرجەكتە ئولتۇردۇم ۋە سائەتنىڭ بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەنلىكىگە قارىغاچ ئويلىدىم: بۇنىڭدىمۇ يېڭىلىشىپتۇ سالاھىددىن، شۇنداق، يېڭى ھېچ نەرسە يوق!

ھەر كۈن يېڭى بىر دۇنيادۇر، فاتىمە، دەيتتى سالاھىددىن سەھەرلەردە، دۇنيا بىزگە ئوخشاش ھەر سەھەر يېڭىدىن تۇغۇلىدۇ، بۇ مېنى شۈنچىلىك ھاياجانلاندۇرىدۇكى، بەزىدە كۈن چىقماستىن بۇرۇن ئويغىنىمەن ۋە بىر ئازدىن كېيىن كۈننىڭ چىقىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ يېپيېڭى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ يېڭىلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزۈمنىڭمۇ يېڭىلىنىدىغانلىقىمنى ۋە پەقەتلا بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئوقۇپ خەۋەردار بولىدىغانلىقىمنى ۋە خەۋەردار بولغاندىن كېيىنمۇ بىلىۋالغانلىرىمنى يېڭىباشتىن كۆرىدىغانلىقىمنى خىيال قىلىمەن ۋە شۇنچىلىك ھاياجانلىنىمەنكى فاتىمە، دەرھال

ئورنۇمدىن تۇرۇپ باغقا چىققۇم، كۈننىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى كۆرگۈم كېلىدۇ، كۈن چىقىۋاتقاندا، بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ قىمىرلىشىپ قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرگۈم كېلىدۇ، ئاندىن دەرھال يۇقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇ كۆرگەنلىرىمنى يېزىۋالغۇم كېلىدۇ، فاتىمە، سەن نېمە دەپ بۇلارنى ھېس قىلمايدىغانسەن، نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايسەن، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ قارا، قارا فاتىمە، كۆردۈڭمۇ غوزا قۇرتى، قانداق قىلدى، بىر كۈنى كېپىنەك بولۇپ ئۇچىدۇ! ئاھ، كىشى پەقەت كۆرگەنلىرىنى ۋە كۆرۈپ سىناپ باققان نەرسىلەرنى يېزىشى كېرەك، ئۇ چاغدا، ئۇ ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش، مەسىلەن دارۋىنغا ئوخشاش، نېمە دېگەن قالتىس ئادەم، ھەقىقىي بىر ئالىم بولالىشىم مۇمكىن، لېكىن بەختكە قارشى ئادەم بۇ غەيلەتتە قالغان شەرقتە ھېچنېمە بولالمايدۇ، بولالماسمۇ؟ نېمە دەپ، كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن مېنىڭمۇ كۆزلىرىم، قوللىرىم ۋە خۇداغا مىڭ شۈكرى بۇ دۆلەتتىكى ھەممە كىشىنىڭكىدىن ياخشىراق ئىشلەيدىغان كاللامنىڭ بولغانلىقىغا قارىغاندا، بولالايدۇ: فاتىمە، كۆردۈڭمۇ شاپتۇللار قانداق چېچەكلەپتۇ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق پۇرىقى بولىدۇ، پۇراق دېگەن نېمىدۇ ئەجەبا، بىزگە بۇ خىل تۇيغۇنى بېرىۋاتقان نېمىدۇ، فاتىمە، ئەنجۈرنىڭ ھاياسىزلىقىنى كۆردۈڭمۇ، چۈمۈلىلەر بىر-بىرى بىلەن قانداق ئىشارەت قىلىشىدىغاندۇ، فاتىمە، سەن دىققەت قىلدىڭمۇ، لودوس①تىن ئاۋۋال دېڭىز يۈزى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە پويراز②دىن ئاۋۋال پەسلەيدۇ، ئادەم ھەممىشە دىققەت قىلىشى، كۆزىتىشى كېرەك، چۈنكى ئىلىم-پەن مۇشۇنداق ئىلگىرلەيدۇ ۋە كاللىمىزنىمۇ مۇشۇنداق قىلغاندا بىلىم بىلەن قوراللاندۇرالايمىز؛ بولمىسا، قەھۋەخانىلاردا سولىشىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەرگە ئوخشاش، قويلارغا ئوخشاش ئاھ، دېيىتتى ۋە يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلىغاندا خوشلۇقىدىن ساراڭ بولغىنىچە شەيتان ئۇۋىسى بولمىش ھوجرىسىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى، پەلەمپەيلەردىن ئىككى تاقلاپلا چۈشۈپ باغقا كىرەتتى، يەردە ئوڭدىسىغا ياتاتتى، چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكىچە بۇلۇتلارغا قارايتتى. بۇلۇتلار ھەققىدىمۇ يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە يېزىش ئۈچۈن بىر سەۋەپ ئىزدەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم، چۈنكى مۇنداق دېيتتى: ھەممە ئادەم ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق بىر سەۋەبىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن چاغدا، كاللىسىدا خۇداغا بىر ئورۇن قالمايدۇ، چۈنكى ئېچىلغان گۈل-چېچەكلەرنىڭ، كاكىلىغان توخۇلارنىڭ ۋە كۆتۈرۈلۈپ پەسلىگەن دېڭىزنىڭ ۋە گۈلدۈرلىگەن ئاسمان بىلەن يامغۇرنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئويلىغاندەك خۇدانىڭ ھېكمىتى ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەمدە يازغانلىرىم بولىدۇ. شۇ چاغدا شەيئىلەرنى پەقەت باشقا شەيئىلەرنىڭ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇداسىنىڭ قولىدىن ھېچبىر ئىشنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. خۇدا بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئولتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا بارلىق

ئىشلىرىنى بىزنىڭ بىلمىلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇ، ئەمدى سەن دەپ باق فاتىمە، بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇرۇۋېتىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشقا كۈچى يەتمەيدىغان بىر كىمنى، مەيلى كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى خۇدا دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ قانداق، ئۇنۇڭ چىقماي قالدىغۇ، چۈنكى سەنمۇ چۈشىنىپ يەتتىڭ، دېمەك خۇدا يوقتۇر. ساڭا ئوخشاش، ئۇلارمۇ بىر كۈنى مېنىڭ يازغانلىرىمنى ئازراق ئوقۇپ بۇنى چۈشىنىپ يەتكەندە نېمە بولۇپ كېتەر، كۆرىمىز، دېگەنلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟

ياق، مەن سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلىمايۋاتىمەن سالاھىددىن، لېكىن ئۇ مېنى دەپ دېمەيۋاتاتتى: خۇدانىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن چاغلىرىدا، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىدۇ؛ قورقۇنچ بىلەن جاسارەت، گۇناھ بىلەن جازا، غەپلەت بىلەن ھەرىكەت، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئۆز قوللىرىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چاغلىرىدا نېمە بولۇپ كېتىشىدۇ، ھە فاتىمە؟ بۇلارنى دەپ بولغاندىن كېيىن داستىخاندا، شىشىلىرىنىڭ قېشىدا ئەمەس، خۇددى يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇۋاتقاندەك بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇياق-بۇياققا ماڭغاچ ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلايدۇ: ئۇ چاغدا مېنىڭ دەسلەپكى يىللىرىمدىكىدەك بولۇپ كېتىشىدۇ؛ قورقۇنچتىن پۇت-قوللىرى كارغا كەلمەي قالىدۇ؛ ئۈيلىغانلىرىغا ئىشىنەلمەي قېلىشىدۇ؛ خىيالغا كەلگەن نەرسىلەردىن ئۆزلىرى يىرىلىدۇ؛ كاللىسىغا كەلگەن خىياللار سەۋەبىدىن دەھشەتكە چۈشۈپ، باشقىلارنىڭمۇ بۇ ئىشلارنى ئويلىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ، ھازىرلا بوغۇزلىنىدىغاندەك تىترىشىپ، خاتالىقلىرىدىن قورقۇپ كېتىشىدۇ ۋە شۇ چاغدا ئۇلارنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ماڭا غەزەپلىنىشىدۇ، لېكىن باشقا چارىلىرى قالمىغانلىقى ۋە بۇ دەھشەتتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پالاقلىشىپ مېنىڭ، ھەئە، مېنىڭ قېشىمغا كېلىشىدۇ، مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ، 48 جىلدلىق ئېنسىكلوپېدىيەمنىڭ قېشىغا كېلىشىدۇ ۋە ئىلاھىي نەرسىنىڭ ئەسلىدە بۇ ئېنسىكلوپېدىيە ئىكەنلىكىنى، مەن ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىشىدۇ فاتىمە. شۇنداق، مەن دوختۇر سالاھىددىن، 20- ئەسىردە ئۇنىڭ ئورنىدا مەن نېمىشقا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى تەڭرىسى بولمىغۇدەكمەن؟ چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ تەڭرىمىز بىلىمدۇر، ئاڭلاۋاتامسەن، فاتىمە؟

ياق! چۈنكى سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلاشنىڭمۇ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاندىمەن، چۈنكى رەجەپ پىشۇرغان قىيملىق بەرەڭگەمنى ۋە تەمسىز پىراسايىمنى يەپ بولۇپ، قاچامغا ئاشۇرە ① ئېلىپ ياندىكى كىچىك، سوغۇق ھوجرىغا چىقىپ كەتكەندىمەن. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، مۇزلاپ كەتمىسۇن دەپ پۇتلىرىمنى يىغىپ، كىچىك قوشۇقىم بىلەن ئاشۇرەمنى يەيمەن. بىر تال ئانار، پۇرچاق، نوقۇت، ئەنجۇر قېقى، قوناق، قۇرۇق قارا ئۈزۈم ۋە فىستىقلار ۋە

ھەممىسىنىڭ ئۇستىگە ئازراقلا گۈل سۈيى سېپىلگەن، نېمە دېگەن لەززەتلىك، نېمە دېگەن گۈزەل!

ئۈيقۇ كەلمەيتتى. كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدىن قوپتۇم. ئاشۇرە يېگۈم كەلدى. ئۇستەلگە بېرىپ ئولتۇردۇم: ئۇستىدە بىر شىشە كولونيا، ئەينەك شىشىلىك ئەمەس ئىدى، لېكىن ئىچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇنۇگۈن كۆرگەن چېغىمدا ئەينەك شىشىدەك قىلغان ئىدى، لېكىن تۇتۇپ بېقىپلا بىلگەن ئىدىم، سەسكەندىم ، نېمە بۇ، دېگەنىدىم، ئەينەك شىشىلىكى يوقكەن جېنىم موما، دېگەنىدى نىلگۈن ۋە گەپلىرىمگە پەرۋا قىلماستىن بىلەكلىرىمگە سۈركەپ كېتىشتى. يالتىراق نەرسىنىڭ ئىچىدىن چىققان نەرسە سىلەرگە پايدا قىلىدۇ، ماڭا ئەمەس. دېمىدىم، چۈنكى چۈشىنەلمەيدۇ. يالتىراق دېگەن سىلەرنىڭ ئۆلۈك تۇغۇلغان روھىڭلاردۇر! مۇشۇنداق دېگەن بولسام بەلكى كۈلۈشەر بولغىيتتى.

كۈلىشىدۇ: قېرىلار ئەجەپ بولىدىكەن، كۈلىشىدۇ؛ موما قانداقراق تۇرىسىز، كۈلىشىدۇ؛ تېلېۋىزورنى بىلەمسىز، كۈلىشىدۇ؛ نېمىشقا پەسكە چۈشۈپ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرمايسىز، كۈلىشىدۇ؛ كىيىم تىكىش ماشىنىڭىز ئەجەپ چىرايلىقكەن، كۈلىشىدۇ؛ پېدالىمۇ باركەن، تېخى، كۈلىشىدۇ؛ ياتقان چېغىڭىزدا ھاسىڭىزنى نېمىشقا كارىۋىتىڭىزغا ئېلىۋالىسىز، كۈلىشىدۇ؛ سىزنى ماشىنا بىلەن ئايلاندۇرايلىمۇ موما، كۈلىشىدۇ؛ يېپىنچىڭىزنىڭ رەشلىيەسى ئەجەپ چىرايلىقكەن، كۈلىشىدۇ؛ سايلامدا نېمىشقا ئاۋاز بەرمىدىڭىز، كۈلىشىدۇ؛ نېمىشقا ھە دېسىلا ئىشكابىڭىزنى ئاختۇرىسىز، كۈلىشىدۇ؛ نېمىدەپ ماڭا قاراپ كۈلۈۋېرىسىلەر، دېسەم، يەنە كۈلىشىدۇ، كۈلىشىدۇ ۋە نەدە كۈلدۈق موما دېيىشىپ يەنە كۈلىشىدۇ. بەلكىم دادىلىرى بىلەن بوۋىلىرى بىر ئۆمۈر يىغلىغانلىقى ئۈچۈن. ئىچىم سىقىلدى.

پاپىنى ئويغىتىپ ئاشۇرە ئەتكۈزەيمىكىن؟ ھاسام بىلەن يەرگە ئۇرۇپ، ئويغان پاپا دېسەم، چوڭ خانىم، بۇ چاغ بولغاندا بولامدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پەسىلدە، بۇنى ئويلىماي ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ، ئەتە ئەتىگەندە مەن سىزنى... ئىشىمنى قىلمايدىغان ئادەم نېمە ئىش قىلىسەن بۇ يەردە؟ يوقال! شۇ ھامان بېرىپ ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ: مەن دەردىنى بەك تارتتىم باللار، بۇ موماڭلارنىڭ، بەك! ئۇنداق بولسا نېمىدەپ تېخىچە بۇ يەردە تۇرىسەن، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ بۇ پاپا، ئۇمۇ نېمىشقا قېرىنىدىشىدەك كۆزىمىزدىن يوقالمايدۇ؟ مۇنداق دەيمىش: چۈنكى چوڭ خانىم، سىزمۇ بىلىسىز، رەھمەتلىك دوغان بەي، بىزگە، بۇ پۇلنى ئېلىڭلار، رەجەپ، ئىسمايىل ئېلىڭلار، خالىغىنىڭلارچە ياشاڭلار، مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ گۇناھى تۈپەيلى ۋىجدان ئازابى تارتىشتىن جاق تويدۇم، بۇ پۇلنى ئېلىڭلار، دېگەن چاغدا، ئەقىللىق ئىسمايىل، رەھمەت قېرىندىشىم، ماقۇل، دەپ پۇلنى ئالدى ۋە دۆكىدىكى يەرنى ئېلىپ ئۆزىگە ئۆي سالدى، تۈنۈگۈن قەبرىستانغا ماڭغۇچە ئالدىدىن ئۆتتۇڭلارغۇ، نېمىشقا ئەمدى بىلمەسكە

سىلىۋالسىز چوڭ خانىم، بىر-بىرىمىزنى توكۇر، مېنى پاپا قىلىپ قويغان خۇددى سىز ئەمەستەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ ئاغزىڭنى يۇم! بىردىنلا قورقتۇم! ھەممە ئادەمنى ئالدايدۇ. ھەممىسى، دوغانىممۇ پەرىشتىدەك بولغاچقا؛ نېمە دېگەن بولغىيتتىڭلار ئۇنىڭغا، قوزامنىڭ قولىدىكى پۇللارنى ئالداپ ئېلىۋالدىڭلار ھارامىلىقلار؛ ساڭچۇ ئوغلۇم، ھېچنېمە قالمىدى: ئىشەنمىسەڭ كېلىپ ساندۇقۇمغا قاراپ باق، مەست داداڭ تۈپەيلىدىن ھېچنېمە قالمىدى؛ ئانا، ئۆتۈنەي، دادامنىڭ يامان گېپىنى قىلما، پۇللارنىڭ، ئالماسلارنىڭ ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، پۇتۇن ئەسكىلىكلەر پۇلنىڭ سەۋەبىدىن؛ ئەكەل شۇ ساندۇقنى دېڭىزغا تاشلىۋېتەي، ياق، ئۇنى پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىمەن ئانا، بىلەمسەن ئانا، خەت يېزىۋاتىمەن، يېزا-ئىگىلىك مىنىستىرىنى تونۇيمەن، مەكتەپتە مەندىن بىر يىللىق تۆۋەندە ئىدى، قانۇن لايىھەسى تەييارلاۋاتىمەن، بۇ قېتىم بىر ئىشقا يارايدىغانلىقىغا قەسەم قىلىپ بېرەي ئانا، ماقۇل، ماقۇل، ساندۇقۇڭ سېنىڭ بولسۇن، ئالمىدىم بولدى، لېكىن ھېچبولمىسا ئىچىشىمگە ئارىلىشىۋالما. ئۈستەلدىن قوپۇپ كەتتىم، ئىشكابىمنىڭ قېشىغا باردىم، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشكىنى ئاچتىم، ئىشكاپنىڭ پۇرىقىنى سەزدىم. ئىككىنچى تارتمىغا قويغان ئىدىم. ئىككىنچى تارتمىنى ئاچتىم: مانا، تۇرۇپتۇ. ئاچماي تۇرۇپ پۇرىدىم ۋە ئاچقاندىن كېيىن ئىچى قۇرۇق ساندۇقنى يەنە پۇرىدىم ۋە باللىقىمنى ئەسلىدىم.

ئىستانبۇلدا باھار پەسلى ئىدى ۋە مەن ئون تۆت ياشلىق بىر قىز ئىدىم ۋە بىز ئەتە چۈشتىن كېيىن سەيلىگە چىقاتتۇق. نەگە بارىسىلەر؟ شۇكرۇ پاشالارنىڭكىگە بارىمىز دادا. قىزلىرى تۈركان، شۈكران ۋە نىگانلار بارغۇ، ئۇلار بىلەن بەك كۆڭۈللۈك ئوينايمەن، كۇلۇپلا يۈرىمىز؛ پىيانىنو چېلىشىدۇ، باشقىلارنى دوراپ بېرىشىدۇ، ماڭا شېئىر، بەزىدە تەرجىمە رومان ئوقۇپ بېرىدۇ: مەن ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ماقۇل، ئاپىرىن، لېكىن ھازىر بەك كەچ بوپ كەتتى، سەن ئەمدى ئۇخلا فاتىمە. ماقۇل، مەن ئۇخلاي، ئەتە ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىمنى خىيال قىلىپ ئۇخلاپ قالاي. دادام ئىشىكنى ياپىدۇ، يېپىلغان ئىشىكنىڭ شامىلى ماڭا دادامنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ، مەن كارىۋېتىمدا ئۇلارنى خىيال قىلىپ ئۇخلاپ قالىمەن ۋە ئەتىسى ئويغانغاندا گۈزەل بىر كۈن مېنى بېشىمدا تۇرۇپ قارشى ئالىدۇ: ساندۇقنىڭ پۇرىقىدەك، لېكىن تۇرۇپلا ئەندىكىپ كەتتىم: بەس، كالۋا ساندۇق؛ مەن ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ھايات سېنىڭ ئىچىڭگە كىرىدۇ، ھەممە يېرىنى كۆيدۈرۈپ، كۆيدۈرۈپ، ۋاي خۇدايىم، سېنى چېقىۋېتىدىغان بولىدى بۇ كالۋا قىز! تۇرۇپلا شۇنداق ئاچچىغىم كەلدىكى، تاس قالدىم ساندۇقنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكىلى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم: كېيىن ۋاقتنى قانداق ئۆتكۈزەلەيمەن. تىقىپ قوي، يوشۇرۇپ قوي، كېيىن ۋاقتى – سائىتى كەپ قالار. بۇ قېتىم ئۈچىنچى كۆزىگە يوشۇرۇپ قويدۇم، ئىشكاپنى تاقىدىم، قۇلۇپ

سالدىممۇ دەپ يەنە بىر قارىدىم، ھەئە، قۇلۇپ ساپتىمەن. بىرىپ كارىۋېتىمغا ئۇزاندىم. كارىۋېتىمنىڭ ئۈستىدە تورۇس، نېمشقا ئۇخلىيالمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن. تورۇسنىڭ رەڭگى يېشىل. ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىدىن كېيىنكى ماشىنا تېخى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن. لېكىن يېشىل سىر تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ كەلگەندە ئايىغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ، ياتقانلىقىنى بىلىمەن. ئاستىدىن سېرىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىلگەندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانىڭ ماڭا قالغانلىقىغا ئىشىنىپ، يېشىل سىرنىڭ تېگىدىكى سېرىق رەڭنىڭ ئاستىدا مىلىق-مىلىق ئۇخلاپ كېتىمەن. لېكىن ئۇخلىيالمىدىم، رەڭلەرنى ئويلىدىم، رەڭلەرنىڭ سىرىنى بايقىغان كۈننى.

بوياق ۋە رەڭلەرنىڭ سىرى بەك ئاددىيدۇر، فاتىمە، دېگەنىدى بىر كۈنى سالاھىددىن. دۈم كۆمتۈرۈپ تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويغان دوغانىمنىڭ ۋەلسىپىتىنىڭ ئارقا چاقىغا تاقاپ قويغان يەتتە رەڭلىك چەمبەرنى ماڭا كۆرسەتكەنىدى: كۆرۈۋاتامسەن فاتىمە، بۇ يەردە يەتتە خىل رەڭ بار، لېكىن قاراپ تۇر، نېمە بولىدىكىن سېنىڭ يەتتە رەڭگىڭ. ۋەلسىپىتنىڭ پېدالىنى مۇغەمبەرلەرچە بىر خىل خۇشاللىق بىلەن تېز ئايلاندۇرغاندا يەتتە رەڭنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ ئاقىقا ئۆزگەرگەنلىكىنى ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنىدىم ۋە ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۇيىاقتىن بۇياققا چېپىشقا باشلىغانىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، قىسقا بىر مەزگىلدىن كېيىن بىر بۇلۇڭغا چۆرۈۋېتىدىغان ئۇ پرىنسىپىنى ئىزاھلاپ بەرگەنىدى: فاتىمە، مەن پەقەت كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىمنى يازىمەن، پىرىنسىپىم بۇدۇر، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغان ھېچقانداق بىلىم ئېنسىكلوپېدىيەمگە كىرەلمەيدۇ! لېكىن كېيىن بۇ گەپنى قانچىلىك كۆپ تەكرارلىغانلىقىنى ئۇنتۇدى؛ چۈنكى ئۆمۈرنىڭ قىسقا، ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىگە ئۆلۈمنى بايقاشتىن سەل بۇرۇنقى يىللاردىلا چىنپۈتكەن ئىدى: ھەممە نەرسىنى تەجرىبە قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ۋاقتى يېتىشمەيدۇ فاتىمە، دېگەنىدى، ئۇ كىرخانىغا قۇرغان لابوراتورىيە، ياشلىقتىكى بىر ھەۋەستىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن، غەربلىكلەر تېپىپ چىققان بارلىق بىلىم غەزىنىسىنى يەنە بىر قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان كىشى يا ئەخمەق ياكى بولمىسا مەنمەنچى، دەيتتى؛ خۇددى مېنىڭ، سەن ھەر ئىككىسسەن سالاھىددىن، دەپ ئويلىغانلىقىمنى بىلىۋالغاندەك. ئاندىن غەزەپ بىلەن، ئۆزىگە ئۆزى ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرايتتى. دىدەرتو چېغىدا ئېنسىكلوپېدىيەسىنى ئون يەتتە يىلدا پۈتتۈرەلمىدى، فاتىمە، چۈنكى مەنمەنچى ئىدى، ۋولتەر ۋە رۇسو بىلەن جاڭجاللىشىپ نېمە قىلىدۇ، كالۋا گۇي، ئۇلارمۇ ھېچبولمىغاندا سەنچىلىك كاتتا ئىنسانلار ۋە بىر ئادەم باشقا كاتتا ئىنسانلارنىڭ، بەزى نەرسىلەرنى ئۆزىدىن بالدۇر بايقىيالايدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمىسا، ھەممە نەرسە چالا قالىدۇ. مەن كەمتەر، ياۋرۇپادىكىلەرنىڭ ھەممە نەرسىنى بىزدىن بۇرۇن بايقاپ،

ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە تەتقىق قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىمەن. ئوخشاش نەرسىلەرنى يەنە بىر قېتىم تەتقىق قىلىپ بايقاپ چىقىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئالتۇننىڭ بىر كۇپ سانتىمېتىرىنىڭ 19.3 گىرام كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسىلەرنى سېتىۋالالايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن مىنىڭمۇ قولۇمغا تارازا ئېلىپ يېڭىباشتىن تارتىپ چىقىشىمنىڭ ۋە يانچۇقلىرىمغا ئالتۇن قاچىلاپ ئىستانبۇلدىكى ئۇ نومۇسسىزلارنىڭ ئارىسىغا كىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، فاتىمە! ھەقىقەت بىر قېتىم تېپىلىدۇ: ئاسمان فرانسىيەدىمۇ كۆكتۇر، ئەنجۈر دەرىخى نيۇيوركتىمۇ ئاۋغۇست ئېيىدا مېۋە بېرىدۇ ۋە توخۇ تۇخۇمىدىن بىزنىڭ كاتەكتە چۈجە چىققىنىغا ئوخشاش، قەسەم قىلىمەنكى فاتىمە، بۇگۈن جۇڭگودىمۇ چىقماقتىدۇر ۋە ھور لوندوندا ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىۋاتقان بولسا، بۇ يەردىمۇ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە خۇدا پارىژدا يوق بولسا، بۇ يەردىمۇ يوقتۇر ۋە ئىنسان ھەممە يەردە ئوخشاش ۋە باراۋەردۇر ۋە جۇمھۇرىيەت ئەڭ ياخشىسى ۋە ئىلىم-پەن ھەممە ئىشنىڭ بېشىدۇر.

سالاھىددىن بۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن گەبزەدىكى تۆمۈرچى ۋە مەشچىلەرگە غەلتە ئۈسكىنە ۋە ماشىنىلارنى ياستىشتىن ۋە بۇلارغا پۇل تۆلەش ئۈچۈن ماڭا يالۋۇرۇشتىن ۋە يەھۇدىنى چاقىرىپ كېلىشتىن قول ئۈزگەنىدى؛ فونتاننىڭ قانداق ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەشىنىڭ كانايلىرىدىن قۇراشتۇرۇپ ياسىغان قۇتىلارغا چېلەكلەپ سۇ قۇيۇپ، ساراڭلار ساناتورىيەسىدىكى كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىنى خوش قىلىۋاتقان ساراڭلاردەك ۋاقىت ئىسراپ قىلمايدىغان بولغانىدى ۋە توكنىڭ زادى نېمىلىكىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن پەقەت يامغۇردا خىمىردەك ھۆل بولۇپ چۈشىدىغان لەگلەكلەرنى ئۇچۇرمايدىغان ۋە لوپا، ئەينەك، كونۇس، ئۇچىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىدىغان كانايلار، رەڭلىك شىشىلەر ۋە دۇربۇنلار بىلەن ھەپىلىشىشتىن ۋاز كەچكەنىدى: كىرخانىدىكى كىرەكسىز نەرسىلەر ئۈچۈن ساڭا كۆپ زىيان سالدىم فاتىمە، دەيتتى، ھەممىسىنىڭ ساددىلىق ئىكەنلىكىنى دەپ توغرا دەپتىكەنسەن، مەن ناماقۇل، ئۆيىمىزگە قۇرماقچى بولغان ئۇ ناباب لابوراتورىيە ئارقىلىق ئىلىم- پەنگە تۆھپە قوشالايمىز دەپ قاراش پەقەت ياشلىقتىكى بىر خىل ھەۋەسلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىم- پەننىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىققان گۆدەكلىك ئىكەن، مە بۇ ئاچقۇچنى، رەجەپ بىلەن ئۇلارنى ئايرىپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار، خالىساڭلار سېتىۋېتىڭلار، قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار. ھە، ئاۋۇ ۋېۋىسكىلارنىمۇ ئېلىڭلار، قۇرت-قوڭغۇز ئەۋرىشكىلىرىمنىمۇ، بېلىق ئىسكىلىتلىرىنى، مەن ئەخمەقلەرچە قۇرۇتقان گۈل-چېچەكلەرنى ۋە يوپۇرماقلارنى، دورىغا چىلاپ قويۇلغان ئاۋۇ چاشقاننى، شەپەرەڭ ۋە يىلانلارنى، پاقا ئۆلۈكلىرىنى؛ ئالە ماۋۇ لوڭقىلارنى

فاتىمە، ۋاي خۇدايىم، بۇنىڭ كۆڭلۈڭ ئېلىشقۇدەك، قورققۇدەك نېمىسى بار، ماقۇل، ماقۇل، رەجەپنى چاقىر، بۇ بىمەنىلىكلەردىن بالدۇرراق قۇتۇلاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب قويغۇدەك يەرمۇ قالمىغان ئىدى، ئۇبدان بولدى، چۈنكى دېمىسىمۇ بىزنىڭ شەرقتە ياشاپ تۇرۇپ، يېڭى بىر نەرسىلەرنى بايقاپ چىقىشىمىز، ئۇ توغرۇلۇق سۆز ئېچىشىمىز ۋە بۇلارنى قاملاشتۇرالايمىز دەپ ئويلىشىمىز دۆتلۈكتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. خەقلەر ھەممە نەرسىنى بايقاپ بوپتۇ، دېگۈدەك گەپمۇ قالماپتۇ: ماۋۇ گەپكە قارا: قۇياشنىڭ ئاستىدا يېڭى بىر نەرسە يوق! فاتىمە، قارا، كۆردۈڭمۇ، بۇمۇ يېڭى گەپ ئەمەس، بۇنىمۇ، ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، ئاشۇ خەقتىن ئۇقتۇق، چۈشىنىۋاتامسەن، ۋاقتىمىمۇ قالمىدى، ئېنسىكلوپېدىيەمنى 48 جىلتتا سىغدۇرالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، بۇنچە كۆپ ماتېرىياللارنى 54 جىلىت قىلىپ يازغان تۈزۈكتەك قىلىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەسىر خەلققە مەنسۇپ بولسۇن دەپ ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن، ھەقىقىي بىر ئەسەر يېزىش نېمە دېگەن جاپالىق، قىسقىراق قىلىشقا ھەققىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن فاتىمە، چۈنكى مەن ھەقىقەتنىڭ بىر پۈچىقىنى، بىر ئۇچىنى 100 بەتلىك كىتابچە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۇزۇنغىچە بۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىدىغان كالۋالاردەك روھىنىڭ تايىنى يوق بىر ئادەم بولۇشقا رازى بولالمايمەن فاتىمە، ئاۋۇ ئابدۇللا جەۋدەتنىڭ رىسالىسىگە قاراپ باق، قارا قورساق، لاتا گۆي، ھەقىقەت مۇشۇنچىلىك بولامدۇ ئەمدى، ئاندىن دە پاسسەت① نى چۈشەنمەپتۇ، بونىبىسانجە② نى ئوقۇپمۇ باقماپتۇ، ئۇنى ئاز دەپ فراتەرنىتە③ دېگەن سۆزنى خاتا ئىشلىتىپتۇ، لېكىن بۇ گۇيلارنىڭ نېمىسىنى تونۇتىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇتسەڭ كىم چۈشىنىدۇ، كالۋالار، بۇ ئەخمەق خەلققە ھەممە نەرسىنى ئاددى قىلىپ دەپ بەرسەڭ، چۈشىنىشى مۇمكىن، ھېلىمۇ شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئىلمىي بايقاشلارنى چۈشەندۈرىمەن دەپ كاللامنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ھايۋانلارنى چۈشەنسۇن دەپ يازمىلىرىمنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە ماقال-تەمسىل ۋە ئىدىيوملارنى قىستۇرىۋاتىمەن، دەپ سالاھىددىننىڭ ۋارقىرىغانلىقىنى ئەسلەۋاتسام، ئاخىرقى ماشىنىنىڭ كەينىدىن كەلگەن ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. موتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازلىرى ئىچىدە ئىشىكى ئېچىلغاندا ئاڭلىدىم، نېمە دېگەن قاملاشمىغان مۇزىكا ئۇ! ئاندىن ئۇلار پاراڭلاشتى، قۇلاق سالدىم.

ــ ئەتە ئەتىگەن جەيلانلارنىڭكىدە، ماقۇلمۇ!ــ دەپ تووۋلىدى بىرى.

ــ ماقۇل!ــ دەپ ۋارقىرىدى مەتىن.

ئاندىن ماشىنا چىڭقىلىپ گۈرۈلدىگىنىچە ھەرىكەتلىنىپ، قىيا-چىيا ئىچىدە غايىپ بولدى. ئاندىن مەتىن باغدىن ئۆتتى، تىرىقشىتىپ ئاشخانا ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئىچىگە

كىردى، پەلەمپەيدىن بەش قەدەم چىقتى ۋە ئاشخانا دەيتتى سالاھىددىن، ئۇ يەردىن ئۆتتۈپ يۇقىرىغا چىقىدىغان پەلەمپەيلەردىن، ئون توققۇز پەلەمپەيدۇر، ئۈستىگە چىقتى ۋە ھوجرامنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈۋاتقان چېغىدا تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم: مەتىن، مەتىن دەپ چاقىراي، بۇ يەرگە كەل قوزام، ماڭا سۆزلەپ بەر، نەگە بارغانىدىڭ، تېشىدا نېمە باركەن، كېچىنىڭ بۇ ۋاقتىدا جاھاندا نېملەر باركەن، سۆزلەپ بەرگىنە، نەگە باردىڭلار، نېملەرنى كۆردۈڭلار، قىزىقتۇر، ھاياجانلاندۇر، كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ قوي، دەي، لېكىن ھوجرىسىغا كىرىپ بولغانىدى. مەن بەشنى ساناپ بولغىچە يېشىنىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى شۇنداق بىر تاشلايدۇكى، ئۆي تەۋرەپ كېتىدۇ، تەۋرەپ كەتتى ۋە مەن يەنە بىر قېتىم بەشنى سانىغىچە، قەسەم قىلىمەنكى ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇچ، تۆت، بەش، مانا ئۇخلاپ بولدى بەگلەردەك، چۈنكى ياش ۋاقتىڭدا ئەنە شۇنداق تاتلىق ئۇخلايسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ فاتىمە؟

لېكىن ئون بەش ياش ۋاقتىمدىمۇ بۇنداق ئۇخلىيالمايتتىم مەن. نېمىندۇر كۈتەتتىم، ئات ھارۋىسىدا سىلكىنىپ سەيلە قىلىدىغانلىقىمىزنى، پىيانىنو چالىدىغانلىقىمىزنى، ھامامنىڭ قىزلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئاندىن كەلگەنلەرنىڭ كېتىدىغانلىقىنى، تاماق يەيدىغانلىقىمىزنى ۋە تاماق يەپ بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇرىدىغانلىقىمىزنى ۋە پۈتۈن بۇ كۈتۈشلەرنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان تېخىمۇ تېرەن يەنە بىر كۈتۈشنى ۋە ئۇ كۈتۈشنىڭ ئىچىدە كۈتىدىغانلىقىمىزنى، ئادەم زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچبىر زامان بىلەلمەيدۇ. ئاندىن ئارىدىن توقسان يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يۈزلىگەن جۈمەكتىن بىر مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان كۆلچەككە ئېقىپ تولغان سۇغا ئوخشاش، ھەممە نەرسىنىڭ كاللامغا لىق تولغانلىقىنى ھېس قىلىمەن ۋە ئىسسىق ۋە تۇرغۇن ياز كېچىلىرىنىڭ جىمجىتلىقىدا كۆلچەكنىڭ سۆرۈنلىكىگە گەۋدەمنى يېقىنلاشتۇرغاندا، ئىچىدە ئۆزۈمنى كۆرىمەن ۋە بۇلغىنىپ كەتمىسۇن، پاكىز سۇنىڭ ئۈستىگە تويا-چاڭ چۈشمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى ھاۋاغا پۈۋلەپ ئۇچۇرىۋەتكۈم كەلگەندەك ھېس قىلىمەن. يېنىك، كىچىك، نازۇك بىر قىز ئىدىممەن.

بەزىدە ئادەم ئۆمۈر بويى كىچىك بىر قىز پېتى تۇرالارمۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن: ماڭا ئوخشاش بىر قىز ئەگەر چوڭ بولۇشنى ۋە گۇناھلارغا پېتىشنى خالىمىسا ۋە پۈتۈن ئارزۇسى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت بولسا، ئاشۇنداق تۇرۇشقا ھەققى بولىشى كېرەك ۋە قانداق قىلسا شۇنداق قىلغىلى بولىدىغاندۇ ئەجىبا ؟ ئىستانبۇلدىكى كىچىك ۋاقىتلىرىمدا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغان چېغىمدا، نىگان، تۈركان ۋە شۈكرانلار نۆۋەتلىشىپ ئوقۇيدىغان، تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان بىر فرانسۇز رومانىنى ئاڭلىغان ئىدىم: خىرىستىيانلارنىڭ مۇناستىرلىرى بولىدىكەن؛ بۇلغىنىپ كەتكۈڭ يوق ۋە تۆپىلىككە چىقىپ ئىچىگە كىرىپ كۈتىسەن؛ لېكىن غەلىتە ۋە مەينەت، دەپ ئويلىغانىدىم نىگان ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئۇ كىتابنى

تىڭشاۋېتىپ؛ ئۇلار ئۇ يەردە خۇددى كاكىلىغۇسى يوق مىسكىن توخۇلاردەك يانمۇ-يان تۇرۇشاتتى. كېيىن چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېرىپ كەتكەن ھالىتىنى ئويلاپ سەسكىنىپ كەتكەنىدىم: خىرىستىيانلارنىڭ نەرسىلىرىنى، كىرىست، ھەيكەل، بەلگىلەر؛ قارا ساقاللىق، قىزىل كۆزلۈك پوپلار سوغۇق تاش تاملارنىڭ ئىچىدە چىرىپ كېتىشىدۇ! مەن ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن. مەن ھېچكىمگە كۆرۈنمەي قېلىشنى خالايمەن.

ياق، ئۇخلىيالمايۋاتىمەن! تورۇسقا قارىسامۇ بىكار. ئۆرۈلدۈم، ئاستا ــئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇستەلگە قاراپ ماڭدىم، تەخسىگە خۇددى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك نەزەر سالدىم: پاپا بۆگۈن ئاخشام شاپتۇل قويۇپ قويۇپتۇ. گىلاستىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىمغا سالدىم، بىر پارچە چوڭ ياقۇت پارچىسىدەك، بىردەم ئاغزىمدا تۇرغۇزدۇم، ئاندىن چىشلىدىم، سۈيى ۋە تەمىنىڭ مېنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغاچ ئاستا-ئاستا چاينىدىم، لېكىن بەرىبىر ئىدى. يەنىلا بۇ يەردە تۇرۇپتىمەن. ئۇرۇقىنى چىقاردىم ۋە يەنە بىر تال يېدىم، ئاندىن يەنە بىر تال ۋە ئاندىن يەنە ئۈچ تال يېدىم، ئۇرۇقلىرىنى چىقارغان چېغىمدا مەن يەنىلا بۇ يەردە ئىدىم. بۇ كېچە بەلكىم تەستە ئۆتەر...

# ئون يەتتىنچى باب

ئويغىنىپ قارىدىم، قۇياش مۆرەمگىچە كۆتۈرۈلگەنىدى. قۇشلار دەرەخلەردە، ئانام بىلەن دادام ئىچكىرىكى ئۆيدە يەنە  باشلىغانىدى.

ــ ھەسەن تۈنۈگۈن قانچىدە ياتتى؟ــ دەۋاتاتتى دادام.

ــ بىلمىدىمــ دەۋاتاتتى ئانامــ مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ناندىن يەنە ئازراق بېرەيمۇ؟

ــ بولدىــ دېدى دادامــ چۈشتە ئۇ ئۆيدە بارمۇ ـ يوقمۇ كۆرگىلى كېلىمەن.

ئۇلار جىم بولۇشتى، لېكىن قۇشلار تىنجىشمىدى: ئورنۇمدا ياتقىنىمچە قۇشلارنىڭ ۋە ئىستانبۇلغا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالدىم. ئاندىن قوپتۇم، ئىشتىنىمنىڭ يانچۇقىدىن نىلگۈننىڭ تارغىقىنى ئېلىپ يەنە ياتتىم. دەرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا تارغاقنى قارىغاچ بىردەم ياتتىم ۋە ئويلاندىم. قولۇمدىكى نەرسىنىڭ نىلگۈننىڭ چاچ ئورمانلىرىنىڭ ئەڭ ئارامبەخش بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا كەزگەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم.

دەرىزىدىن غىپپىدە چىقتىم، قۇدۇقتىن ئۇستۇمگە سۇ چاچتىم ۋە ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلدىم: ئەمدى ھەرگىزمۇ يېرىم كېچىدىكىدەك، نىلگۈن بىلەن بىللە بولمايمەن، بىز بىر ـ بىرىمىزگە ماس كەلمەيمىز دەپ ئويلىمايمەن. ئىچىگە كىردىم، سۇ ئۇزۇش كىيىمىمنى، ئىشتىنىمنى ۋە كاۋچۇك ئايىغىمنى كىيدىم، تارغاقنى يانچۇقۇمغا سالدىم، چىقاي دەپ تۇراتتىم، ئىشىك تەرەپتىن تاراقشىغان ئاۋاز كەلدى. ئەجەپ ياخشى، دادام مېكىپتۇ، ئەمدى ناشتىدا شوخلا، ئېرىمچىك ۋە زەيتۇن بىلەن بىرلىكتە ھاياتنىڭ نە قەدەر تەس ئىكەنلىكى، تولۇق ئوتتۇرا دىپلومىنىڭ قانچىلىك مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىمايدىغان بولدۇم. ئىشىك تۇۋىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ــ ئۇنىڭغا دەپ قويى، بۇگۈنمۇ جىم ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىمايدىغان بولسا...ــ دەۋاتاتتى دادام.

ــ تۈنۈگۈن كەچتە تەكرار قىلدىغۇــ دېدى ئانام.

ــ مەن باغقا چىقتىم، دەرىزىسىدىن ئىچىگە قارىدىمــ دېدى دادامــ ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، لېكىن دەرس تەكرار قىلمايۋاتاتتى. خىيالىنىڭ تالادا پالاز قېقىۋاتقانلىقى ئېنىق.

ــ تەكرار قىلدۇ، تەكرار قىلدۇ! ــ دېدى ئانام.

ــ قالغىنىنى ئۆزى بىلسۇن ــ دېدى توكۇر لاتارىيەچى ــ بولمىسا يەنە ساتىراچقا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بېرىمەن.

بىرى كۈچلۈك، يەنە بىرى ئاجىز ئاياغ تىۋىشىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. شىپ-شىپ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ھوجرامدىن چىقتىم، ئاشخانىغا كىردىم، ناشتا قىلىشقا باشلىدىم.

ــ ئولتۇر ــ دېدى ئانام ــ نېمىشقا ئۆرە تۇرۇپ يەيسەن؟

ــ ھازىرلا ماڭىمەن ــ دېدىم ــ مېنىڭ قىلغان بىلەن قانچىلىك تىرىشىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدىكەن، دادامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىم.

ــ كارىڭ بولمىسۇن ــ دېدى ــ ئولتۇرۇپ قورسىقىڭنى راۋۇرۇس تويغۇز! چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟

ماڭا مېھرىبانلىق نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىزلا ئانامنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، دادامنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى ۋە دادام ئۇنى بىر چاغلاردا ئۇرغانلىقى ئۈچۈن باشقا قېرىندىشىمنىڭ بولمىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. نېمە قىلغان گۇناھىنىڭ جازاسى بۇ؟ لېكىن مېنىڭ قېرىندىشىم ئانامدۇر: ئويلىدىم: بىز ئانا-بالا ئەمەس، گوياكى قېرىنداشلاردىن ئىدۇق ۋە بىزنى جازالاش ئۈچۈن بۇ توكۇر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇشقانىدى ۋە ئۇنىڭ لاتارىيە سېتىپ تاپقان پۇلى بىلەن، قېنى ياشاپ بېقىڭلار كۆرەيلى، ياشىيالامسىلەركىن، دېيىشكەندەك قىلاتتى. شۇنداق، ھال-ئەھۋالىمىز بەكمۇ ناچار ئەمەس، بىزنىڭ سىنىپتا بىزدىن بەتتەر يوقسۇللارمۇ بار، لېكىن بىزنىڭ بىرەر دۈكىنىمىزمۇ يوق. بېغىمىزدىكى شوخلا، پۇرچاق، لازا، پىيازلىرىمىز بولمىغان بولسا، قازانغا سېلىپ قايناتقۇدەك بىر نەرسە ئۈچۈن چىرايلىق ئانام لاتارىيەچى بولاتتى ۋە ئۇ پىخسىقتىن پۇلمۇ ئالالمايتتى ۋە بەلكىم بىز ئاچ قالار بولغىيتتۇق. بۇلار خىيالىمغا كېلىۋېدى، تۇرۇپلا ئانامغا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگۈم كەلدى: دۇنيانى، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالغانلىقىمىزنى، كوممۇنىستلارنى، ماتېرىيالىستلارنى، جاھانگىرلىكلەرنى، ۋە باشقا ئىشلارنى، شۇنداقلا بۇرۇنلاردا بىزگە قارام بولغان مىللەتلەرگە قول تەڭلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىمىزنى. لېكىن چۈشەنمەيدىغان تۇرسا: پەقەت بەختسىزلىكىدىن ئۆرتىنىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. تېخىچە قاراپ تۇراتتى، ئىچىم سىقىلدى.

ــ ياق ئانا ــ دېدىم ــ مەن ھازىرلا ماڭىمەن، ئىشىم بار.

ــ ماقۇل بالام ــ دېدى ــ ئۆزۈڭ بىل.

ئوبدان، چىرايلىق ئانام! لېكىن كەيندىنلا...

ــ ھېچبولمىسا بالدۇراق قايتىپ كېلىپ دەرسلىرىڭنى تەكرار قىل، داداڭ چۈشتە كېلىشتىن بۇرۇن ــ دېدى. ماقۇل، شۇنداق قىلاي.

پۇل سورايمۇ دەپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم، لېكىن سورىمىدىم، چىقتىم، دۆڭدىن چۈشۈشكە باشلىدىم. تۈنۈگۈن 50 لىرا بەرگەنىدى. رەجەپ تاغامۇ 20 لىرا بەرگەنىدى، ئىككى قېتىم تېلېفون قىلدىم، 20 ۋە لاھماجۇن① 15، ئاشقىنى 35 لىرا. يانچۇقۇمدىن ئېلىپ قاراپ باقتىم؛ شۇنداق، 35 لىرام بار ۋە بۇ ھېسابنى قىلىش ئۈچۈن نە لوگارىفمغا، نە يىلتىزدىن چىقىرىشقا ھاجىتىم چۈشمىدى، لېكىن مېنى سىنىپ قالدۇرۇپ قويغانلارنىڭ ۋە بارلىق مۇئەللىملەرنىڭ ۋە ئەپەندىلەرنىڭ نىيىتى باشقا: مېنى يامان ئاتلىق قىلىشماقچى، ئوسال قىلىپ ئاخىرىدا بويۇن ئېگىشنى ئۆگەتمەكچى بولۇشىۋاتىدۇ، شۇنداق قىلىپ مېنى ئازغا شۈكۈر قىلىشقا كۆندۈرمەكچى، مەن كۆنۈپ قالغان كۈنى سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارنىڭ قۇلىقىڭلارغا يېتىپ، خۇشال ھالدا، بۇ ھاياتنى ئۆگىنىپتۇ، دېيىشىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، لېكىن مەن سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى ئۆگەنمەيمەن ئەپەندىلەر؛ قولۇمغا تاپانچا ئېلىپ سىلەرگە مەن ئۆگىتىمەن: ئۇ چاغدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى مەن سىلەرگە دەپ بېرىمەن. ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، دۆڭدىن پەسكە، يېنىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈشەتتى. قارىسام ئۇدۇلدىكى زاۋۇتتىمۇ ئىش تاشلاپتۇ. نېرۋام ئۆرلىدى ۋە بىر ئىش قىلغۇم كەلدى، پەقەت بولمىغاندا ئۇيۇشمىغا بارغۇم كەلدى، لېكىن ئۇ يەردە يالغۇز قېلىشتىن قورقتۇم: مۇستافا بىلەن سەردار بولمىسىمۇ بارسام قانداق بولار؟ ئويلىدىم: ئۆزۈم يالغۇز ئۇسكۈدارغىمۇ بارالايمەن. ماڭا تۈزۈك بىر ۋەزىپە بېرىڭلار، تاملارغا خەت يېزىش، تەكلىپنامە سېتىش دېگەندەك ئىشلار ماڭا كىچىك كېلىپ قېلىۋاتىدۇ، چوڭراق بىر ئىش بېرىڭلار، دەيمەن. تېلېۋىزورلار، گېزىتلەرمۇ بىر كۈنى مېنى خەۋەر قىلىشىدۇ. ئويلاندىم.

ساھىلغا كەلگەندە سىم توساقلارنىڭ ئارىسىدىن قارىدىم، نىلگۈن يوق. بىردەم ماڭدىم ۋە يەنە ئويلاندىم، كېيىن كوچا ئايلانغاچ يەنە ئويلاندىم. كىشىلەر بالكونلاردا، كىچىك گۈللۈكلىرىدە ئولتۇرۇشاتتى، ناشتىلىق قىلىشىۋاتاتتى؛ ئانىلار، قىزلار، ئوغۇللار: بەزىلەرنىڭ گۈللۈكلىرى شۇنچىلىك كىچىك، ئۈستىلى كوچىغا شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، تەخسىلىرىدىكى زەيتۇنلارنى سانىغىلى بولاتتى. ھەممىسىنى ساھىلغا يىغسام، تىزىلىڭلار ھورۇن مەخلۇقلار دېسەم ۋە ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ ئۇلارغا ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندۈرسەم: نومۇس قىلىشمامسەن، نومۇس قىلىشمامسەن، جەھەننەمدىن، ماقۇل، قورقمايسىلەر، لېكىن ۋىجدانىڭلارمۇ يوقمۇ، ئەبگا، زەيپانە، ئەخلاقسىز مەخلۇقلار، قانداقسىگە ئۆز راھەت-پاراغىتىڭلار، دۇكان ۋە زاۋۇت-فابرىكاڭلارنىڭ كىرىمىدىن باشقا ھېچنېمە بىلەن كارىڭلار

بولماي ياشىيالاۋاتىسلەر، ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ، لېكىن مەن ئەمدى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويىمەن. ئوقلار ۋە پىلىموتلار! تارىخى كىنولارنىمۇ قويىماس بولۇپ كەتتى. بىر ئىش قىلىمەن، ھەممىسىنى بىر-بىرىگە قېتىۋېتىمەن، مېنى ئۇنۇتمايدىغان بولىدۇ. نىلگۈنلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، قارىدىم، ھېچكىم يوق. تېلېفون قىلسام، بۇلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرسەم: خامخىيال! ساھىلغا قايتتىم، قارىدىم يەنە يوق. بىردەمدىن كېيىن رەجەپ تاغامنى كۆردۇم، مېنى كۆرۈپ يولىنى ئۆزگەرتتى، كەلدى.

ــ سەن بۇ يەردە يەنە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ــ دېدى.

ــ ھېچنىمە!ــ دېدىم ــ تۈنۈگۈن دەرسنى بەك ئۆگىنىۋەتتىم، ئەمدى بىردەم ئايلىنىۋاتىمەن.

ــ ماڭ، ئۆيۈڭگە كەت قوزام ــ دېدى ــ بۇ يەردە ساڭا ئىش يوق.

ــ ھە راست ــ دېدىم ــ سەن تۈنۈگۈن بەرگەن 20 لىرانى خەجلىدىم تاغا. 20 لىراغا دەپتەر كەلمەيدىكەن. قېرىندىشىم بار، يەنە ئالغۇم يوق. بىر دەپتەر 50 لىرا ئىكەن. قولۇمنى يانچۇقۇمغا سالدىم، 20 لىرانى تېپىپ چىقاردىم، ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

ــ ئالمايمەن ــ دېدى ــ مەن سېنى دەرس ئۆگەنسۇن دەپ بەردىم. ئوقۇپ كاتتا ئادەم بولسۇن دەپ.

ــ بىكارغا كاتتا ئادەم بولغىلى بولمايدىكەن ــ دېدىم ــ چۈنكى بىر دەپتەرمۇ 50 لىرا ئىكەن.

ــ ماقۇل ــ دېدى، يانچۇقىدىن يەنە 30 لىرا چىقىرىپ بەردى ــ لېكىن بېرىپ تاماكا چەكمە، جۇمۇ!

ــ تاماكا چېكىدۇ دەپ قالغان بولساڭ ئالماي بولدى ــ دېدىم. بىردەم ساقلىدىم، ئاندىن ئالدىم ــ ماقۇل ــ دېدىم ــ رەھمەت ساڭا. مەتىن، نىلگۈنلەرگە سالام ئېيتقىن، ئۇلار كەلدى، شۇنداقمۇ؟ مەن قايتىپ دەرس تەكرارلاي. ئىنگلىزچە بەك تەسكەن.

ــ تەس بولىدۇ-دە!ــ دېدى ــ سەن ھاياتنى ئاسان دەپ قالغانمىدىڭ؟

ئەمدى ئۆتۈپ ــ تېشىپ بۇمۇ دادامدەك ۋەز-نەسىھەتنى باشلىمىسۇن دەپ بىردەم ماڭدىم. بىر ئازدىن كېيىن قايرىلىپ قارىدىم: ئاستا ۋە ئىغاڭلىغىنىچە كېتىپ باراتتى. ئىچىم ئاغرىدى. ھەممە ئادەم تور سومكىنىڭ ئۇچىدىن تۇتىدۇ، بۇ يەرگە تېگىپ قالمىسۇن دەپ توردىن كۆتۈرىۋالغانىدى. بىچارە پاپا. لېكىن ماڭا بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار، دېدى. ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ. خۇددى ئۇلارنى بۇ يەردە ئارامخۇدا گۇناھ قىلىۋالسۇن ۋە مېنى كۆرۈپ ئىچى پۇشۇپ قالمىسۇن، دېگەندەك. ئۇ پاپا بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالماي دەپ يەنە بىردەم ماڭدىم، ئاندىن توختىدىم، بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن ساھىلغا قايتىپ كەلگىنىمدە يۈرىكىم

«قارت» قىلىپ قالدى: ىنلگەن ئاللىقاچان كەپ بوپتۇ، قۇمدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قاچان كەلگەندۇ؟ يەنە تۈنۈگۈنكىدەك ياتاتتى ۋە قولىدىكى كىتابنى بېشىنى مىت قىلماستىن ئوقۇۋاتاتتى. ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتىم،

ــ ھوي، دەپ توۋلىدى بىرى، دۇم چۈشسەن ھېلى!

قورقۇپ كەتتىم! قايرىلىپ قارىدىم، بىزنىڭ سەردار ئىكەن.

ــ ھە نوچى، دېدى، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە؟

ــ ھېچنىمە.

ــ ماراقچىلىك قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

ــ ياق! ــ دېدىم، ئىشىم بارتى.

ــ يالغان گەپ قىلما، دېدى، يەيدىغاندەك قاراپ كېتىپسەن، سەت ئەمەسمۇ؟ ئاخشاملىققا مۇستافاغا بىر دەپ قوياي، قاراپ تۇر!

ــ ياق، دېدىم يەنە، بىر تونۇشۇمنى ساقلاۋاتقان. سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ــ ماۋۇنى ئوڭشىتىپ كېلەي دەپ، دېدى قولىدىكى سومكىنى كۆرسىتىپ، كىم ئۇ تونۇشۇڭ؟

ــ سەن تونۇمايسەن، دېدىم.

ــ سەن بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمايسەن، دېدى، نومۇس قىلماي قىزلارنى ماراپ يۈرۈپسەن. تونۇشۇڭ قايسىكىن قېنى؟

ــ بوپتۇ، دېدىم، كۆرسىتىپ قوياي، لېكىن چاندۇرماي قارا.

بۇرنۇمنىڭ ئۇچى بىلەن كۆرسەتتىم، قارىدى.

ــ كىتاب ئوقۇۋېتىپتۇ، دېدى، سەن قانداق تونۇيسەن ئۇنى؟

ــ مۇشۇ يەرلىك، شۇڭا تونۇيمەن، دېدىم ۋە سۆزلەپ بەردىم:

ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، بۇ يەردە بىرمۇ بېتون ئۆي يوق چاغلاردا، بىزنىڭ دۆڭدىكى تاش ئۆيىمىز ۋە ئۇلارنىڭ غەلىتە ۋە كونا ئۆيى بار ئىدى، يەنە ھازىرقى بازاردىكى كىچىك يېشىل دۇكانمۇ بولىدىغان. باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. يۇقارقى مەھەللىمۇ يوقتى، زاۋۇت-فابرىكىلار، يېڭى مەھەللە ۋە ئەسەنتەپەمۇ يوقتى. بۇ يازلىق①لار ۋە ساھىلنى دېمەيلا قوياي. ئۇ چاغلاردا پويىز زاۋۇت ۋە ئىسكىلاتلارنىڭ ئارىسىدىن ئەمەس، ھويلا ۋە باغلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتەتتى. قانداق!

ــ ئۇ چاغلاردا بۇ يەرلەر چىرايلىقمىدى؟ــ دېدى خوشياقمىغاندەك قىلىپ.

ــ بەك چىرايلىــق ئىــدى، ــ دېــدىم. ــ ئەتىيــازلىرى گىلاسلار ئاچايـــپ چىرايلىـــق چېچەكلەيتتى. دېڭىزغا قولۇڭنى تىقساڭ، كەفال بولمىسا قاراكۆز②لەر ئۆزى كېلىپ ئالقىنىڭغا كىرەتتى.

ــ يالغان دېگەننى قۇيىدىكەنسەن!ــ دېدى. ــ ئۇ قىزنى نېمىشقا ساقلايدىغانلىقىنى بىر ئاڭلايلى.

ــ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرەتتىم، ــ دېدىم. ــ بىر نەرسىسى مەندە قالغانىدى.

ــ نېمىسى؟

چىقىرىپ كۆرسەتتىم، ــ بۇ تارغاق ئۇنىڭ!ــ دېدىم.

ــ ئەرزان تارغاقكەن، ــ دېدى. ــ ئۇلار بۇنداق تارغاق ئىشلەتمەيدۇ. ئەكىلە قېنى!

ئېلىپ كـۆرۈپ باقسۇن، بىلسۇن ۋە ئىچى ئادىسۇن دەپ بەردىم. ئالـدى ۋە ئـالالاھ جاجىسىنى بەرسۇن، ئىگىپ قايرىشقا باشلىدى.

ــ سەن بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ ئەمدى؟

ــ ياق، ــ دېدىم. ــ دىققەت قىل، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

ــ قىزىرىپ كەتتىڭ، دېمەك سەن بۇ باي قىزغا ئاشىق بوپسەن.

ــ ئىگىۋەتمە!ــ دېدىم. ــ بىر ئوبدان تارغاقنى نېمە قىلىسەن بۇزۇپ.

ــ نېمىشقا؟ــ دېدى ۋە تارغاقنى يانچۇقىغا سىلىپلا كېتىپ قالدى.

ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

ــ ئۇنداق قىلما سەردار، ــ دېدىم. ــ چاقچاق دېگەنمۇ لايىقىدا بولىدۇ. جاۋاپ بەرمىدى. ــ ئىچىمنى پۇشۇرماي ئەكەل تارغاقنى. يەنە جاۋاپ بەرمىدى.

ــ نېمانداق قىلىسەن دېيمەن، سەت ئەمەسمۇ؟

دەل ساھىلغا كىرىدىغان ئىشىك ئالدىدىكى كىشىلەر توپىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتۇۋاتقان چاغدا:ــ سەن ماڭا ھېچنېمە بەرمىگەن تۇرساڭ قىرىندىشىم، ــ دېدى ۋارقىراپ تۇرۇپ، ــ نېمە ئارقامغا كىرىۋالىسەن، سەت ئەمەسمۇ؟

ھەممە ئادەم قاراشتى. بىر نەرسە دېمىدىم. ئازراق كەينىدە قالدىم ۋە جىممىدە ئەگىشىپ ماڭدىم. بىر چاغدا قارىسام ئەتراپىمىزدا ھېچكىم يوق، يۈگۈرۈپ بېرىپ قولىدىن تۇتۇۋالدىم، قايرىدىم. تولغىنىشقا باشلىدى. تازا بىر ئاغرىسۇن دەپ قولىنى ئۇستىگە كۆچەپ قايرىدىم.

ــ ۋاي ھـايۋان!ــ دەپ تووۋلـدى، سـايمان سومكىسـى يەرگە چۈشـۈپ كەتتىــ ــ توختـا، بېرەي!

يانچۇقىدىن چىقىرىپ تارغاقنى يەرگە تاشلىدى.

ــ چاقچاق قىلغاننى بىلمەيدىغان كالا گۇي، ــ دەۋاتاتتى.

تارغاقنى ئالدىم، ھەر نېمە بولسا بىر نەرسە بولماپتۇ، يانچۇقۇمغا سالدىم.

ــ پوقنى بىلمەيسەن. دۆت چاكال!

تۇمشۇقىغا بىرنى سالسام نېمە بولۇپ كېتەر؟ قايتتىم، ساھىلغا قاراپ ماڭدىم. ئارقامدىن تىللاپ قالدى، بىر بايىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى. ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئاڭلىدىمۇ-يوق بىلمەيتتىم. خىجىل بولدۇم.

ساھىلغا كېلىپ قارىدىم، نىلگۈن كېتىپتۇ. ھودۇقۇپ كېتىۋاتاتتىم، كۆردۈم: ياق، كەتمەپتۇ، سومكىسى ئۇ يەردە تۇراتتى. يانچۇقۇمدىن تارغاقنى چىقاردىم، دېڭىزدىن چىقسۇن دەپ ساقلاۋاتىمەن.

سەن دېڭىزدىن چىققاندا يېنىڭغا بارىمەن، بۇ تارغاقنى چۆشۈرۈپ قويۇپسەن نىلگۈن، دەيمەن، يولدىن تېپىۋېلىپ ئەكەلدىم، ئالامسەن، سېنىڭ ئەمەسمۇ يا؟ ئالدۇ، رەھمەت ئېيتىدۇ. كېرەك يوق، دەيمەن، رەھمەت ئېيتىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ھازىرغۇ رەھمەت ئېيتىۋاتىسەن، لېكىن تۈنۈگۈن سالام قىلىشتىنمۇ ئېرىنگەنىدىڭ، دەيمەن. ئۆزرە قويىدۇ. ئۆزرە ئېيتىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق، دەيمەن، سېنىڭ ياخشى بىر ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، قەبرىستاندا موماڭ بىلەن قانداق دۇئا قىلغانلىقىڭنى كۆردۈم. مۇشۇنداق دەيمەن، باشقا نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى سوراپ قالسا، ئىنگلىزچە ۋە ماتېماتىكىدىن قىينىلىپ قالغانلىقىمنى ئېيتىمەن. سەن ئالىي مەكتەپكە چىقتىڭمۇ، بۇلارنى ياخشى بىلسەن، ماڭا ئۆگىتىپ قويالامسەن، دەيمەن. ئەلۋەتتە بولىدۇ، بىزنىڭ ئۆيگە كەل. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىگىمۇ بارىمەن ۋە بىزنىڭ بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىغىنىمىزنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم بىزنى بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئىككى دۇنيانىڭ ئادىمى دەپ ئويلىمايدۇ. بىز بىللە بىر ئۈستەلدە ئولتۇرىمىز، ئولتۇرىمىز. خىيالغا پېتىپ كېتىپتىمەن.

ئۇنى كىشىلەر تويىنىڭ ئىچىدە كۆردۈم: دېڭىزدىن چىقىپتۇ، بەدىنىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. شۇ ھامان ئېتىلىپ يېنىغا بارغۇم كەلدى! سېرىق كىيىمىنى كىيىپ، سومكىسىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ شۇ ھامان ساھىلدىن چىقىپ باققال تەرەپكە قاراپ تېز-تېز ماڭدىم. بىر ئازدىن كېيىن قايرىلىپ قارىدىم، نىلگۈننىڭ ئارقامدىن باققال تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ياخشى. باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ،

ــ كوكا كولادىن بىرنى!ــ دېدىم.

ــ مانا ھازىرــ دېدى باققال.

لېكىن باققال خۇددى نىلگۈن مېنى بۇ يەردە بىكاردىن-بىكار قاراپ تۇرغان چېغىمدا كۆرسۇن، دېگەندەك ئاۋۇ تەرەپتىكى ياشانغان ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ ھېساپ-كىتاب قىلىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ياشانغان ئايالنى يولغا سالدى، شىشەمنى ئېچىپ ماڭا غەلىتە بىر نەزەردە

قارىۋېتىپ بەردى. شىشىنى قولىدىن يۇلۇۋېلا ئالدىم، بىرىپ دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇردۇم، ساقلاۋاتىمەن. سەن ئىچكە كىرىسەن، مەن شىشەمدىكىنى ئىچىۋاتقان بولىمەن، تاساددىپىي باققالدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، مەرھابا، دەيمەن، قانداق ئەھۋالىڭ، ماڭا ئىنگلىزچە ئۆگىتىپ قويامسەن، دەيمەن. ساقلىدىم، ساقلىدىم ۋە سەن ئىچكە كىرگەن چاغدا مەن شىشەمگە قاراۋاتقانلىقىم ئۈچۈن سېنى كۆرمىدىم ۋە شۇڭا ساڭا تېخى مەرھابا دېمىدىم. سەنمۇ مېنى كۆرمىدىڭمۇ تېخىچە، ياكى بولمىسا كۆرۈپ تۇرۇپ سالام بەرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟ لېكىن قارىماي ۋاتاتتىم.

ــ تارغاق بارمۇ؟ــ دېدىڭ سەن نىلگۈن بىردىنلا.

ــ قانداق تارغاق؟ــ دېدى باققال.

يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى.

ــ تارغىقىم يوقاپ كېتىپتۇــ دېدىڭ سەنــ قانداق تارغاق بولسا بولىۋېرىدۇ.

ــ پەقەت مۇشۇ بىر خىلىلا بار!ــ دېدى باققالــ سىزگە يارارمۇ؟

ــ كۆرۈپ باقاي!ــ دېدىڭ سەن.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى ۋە مەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي بۇرۇلۇپ ساڭا قارىدىم نىلگۈن. چىرايىڭنى يانىدىن كۆردۈم: سەن نېمە دېگەن چىرايلىق! تېرەڭ باللارنىڭ تېرىسىدەك، بۇرنۇڭمۇ كىچىك.

ــ بولدىــ دېدىڭــ مۇشۇنىڭدىن بىرنى ئالاي!

لېكىن باققال جاۋاپ بەرمىدى، شۇ ئارىلىقتا دۇكانغا كىرگەن بىر ئايالنىڭ يېنىغا كەتتى، سەنمۇ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىڭ ۋە مەن قورقۇپ كەتتىم: مېنى سېنى كۆرمەسكە سېلىۋالدى دەپ قالما دەپ ئاۋال مەن ساڭا،

ــ مەرھاباــ دېدىم ۋە،

ــ مەرھاباــ دېدىڭ سەنمۇ ماڭا.

يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى، چۈنكى مېنى كۆرۈپ چىرايىڭ خۇشال بولغاندەك ئەمەس، ئىچىڭ پۇشقاندەك بولدى؛ كۆردۈم ۋە دېمەك مەن بىلەن خوشى يوقكەن دەپ ئويلىدىم، دېمەك ئىچىڭنى پۇشۇرىۋېتىپتىمەن. شۇنداق قىلىپ قولۇمدا كوكا كولا شىشىسى تۇرۇپلا قالدىم. بىز خۇددى ناتونۇش ئىككى كىشىدەك باققالنىڭ دۇكىنىدا تۇراتتۇق.

قىلغىنى توغرا دەپ ئويلىدىم، مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىشىنىمۇ خالىمىغىنى توغرا، چۈنكى كېلىپ چىقىشىمىز ئوخشىمايدۇ! لېكىن ھەيران قالغان يېرىم، بىر ئادەم سالام قىلىشقىنىمۇ ئېرىنەمدۇ، بىكاردىن بىكار نېمىدەپ دۈشمەندەك قارايدۇ، دەپ ھەيران قىلىۋاتاتتىم: ھەممە نەرسە پۇل، ھەممە نەرسە مەرەز، ھەممە نەرسە نىجىس! لەنەت بولسۇن!

ماتېماتىكا دەرسىمنى تەكرار قىلاي دەپ ئويلىدىم، ماقۇل دادا، بىربىر قىسىپ ئولتۇرۇپ ماتېماتىكا ئۆگىنىمەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دىپلومىنى ئېلىپ يۇزۇڭگە ئاتىمەن!

نىلگۈن قىزىل بىر تارغاق ئالدى ۋە ئاندىن مەن يىغلاپ سالىدىغاندەك قىلدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى مۇنداق دېگەنىدى:

ــگېزىتتىن بىرنى ئالاي، جۇمھۇرىيەت!

ھاڭ-تاڭ قالدىم. ھاڭۋاقتىلارچە قاراپ قالدىم: گېزىتنى ئېلىپ خۇددى جىنايەت ۋە گۇناھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان بىر كىچىك باللىدەك خاتىرجەم ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىگە قاراپ تۇراتتىم، تۈيۈقسىز قولۇمدىكى نەرسىنى كۆتۈرگەن پېتىم يۈگۈردۇم.

ــ دېمەك سەن كوممۇنىستلارنىڭ گېزىتىنى ئوقۇيدىكەنسەن ــ ھە؟ــ دېدىم.

ــنېمە؟ــ دېدى نىلگۈن ۋە بىردەم بولسىمۇ ماڭا دۈشمەندەك قارىمىدى. پەقەت بىر نەرسىنى چۈشىنىۋالغۇسى باردەك قارىدى، كېيىن مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندى، ئەندىككەندەك قارىدى ۋە ھېچنېمە دېمەستىن كېتىپ قالدى.

لېكىن مەن بۇنداقلا بولدى قىلمايمەن دەپ ئويلىدىم. نېمە گېپى بولسا دېسۇن، مەنمۇ دەيمەن. ئەمدى چىقىپ كەينىدىن ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدىم، قولۇمدىكى كالۋا كوكا كولا شىشىسىگە كۆزۈم چۈشتى. ئاللاھنىڭ قەھرىگە قالسۇن! قايتتىم، پۇلنى تۆلىدىم، ئاشقان پۇلنى قايتۇرسۇن، باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ لەۋادەك ساقلاپ تۇردۇم، لېكىن ئۇ مەينەت گۇي، بەلكىم مېنى ساڭا يېتىشەلمىسۇن دەپ قەستەن ساقلاتتىمۇ بىلمەيتتىم.

باققالنىڭ دۇكىنىدىن چىققان چېغىمدا نىلگۈن كېتىپ بولغان ئىدى، ئاللىبۇرۇن دوقمۇشتىن قايرىلىپ بولغانىدى. ئارقىسىدىن يۈگۈرگەن بولسام يېتىشەلەيتتىم، لېكىن يۈگۈرمەي تېز-تېز كېتىپ باراتتىم، چۈنكى ماڭا قاراۋاتقانلار بار ئىدى، ساھىلغا كېتىۋاتقانلار، بازارغا ماڭغانلار، ماروژنا يەۋاتقان كالۋا كىشىلەر. تېز-تېز مېڭىپ دۆڭگە چىقتىم، پەسكە چۈشتۇم، سەل يۈگۈرگەندەك ماڭدىم، ئاندىن يەنە ماڭدىم، ھېچكىم يوق يەردە يۈگۈردۇم، لېكىن دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆردۇم: ئەمدى بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرسەممۇ يېتىشەلمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا مېڭىۋەردىم، ئىشىكىنىڭ ئالدىغىچە باردىم، تۆمۈر رىشاتكىلارنىڭ ئارىسىدىن قارىدىم: باغدىن ئۆتۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ يەردە، قارشى تەرەپتىكى كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئويلىدىم. كوممۇنىستلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىپ چىقىدىغان تون-ئىشتانلىرىنى، كىملەرنى قانداق ئالداپ كېتەلەيدىغانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئويلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم، قوللىرىمنى يانچۇقۇمغا سالدىم، قايتىۋاتاتتىم: يانچۇقۇمدا ھېلىقى تارغاق تېخىچە يانچۇقۇمدا تۇراتتى! قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم، سۇندۇرىۋېتەيمۇ دېدىم، ياق، سۇندۇرۇپ ئۆزۈمنى ئاۋارە

قىلمايمەن. پىيادىلەر يولىنىڭ بىشىدىلا بىر ئەخلەت چېلىكى تۇراتتى. سىنىڭ ئۇ يېشىل تارغىقىڭنى ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتىم نىلگۈن. كەينىمگىمۇ قاراپ قويماستىن ماڭدىم. تاكى باققالنىڭ دۇكىنىغا بارغۇچە. ئېسىمگە كەلدى.

خوش، باققال ئەپەندى، سەن بىلەنمۇ بىر پاراڭلىشىپ باقساق بولغۇدەك. بىز ساڭا، ئۇ گېزىتنى ساتما دېمىدۇقمۇ؟ قانداق جازا بېرەيلى، ئۆزۈڭ دەپ باق قېنى! بەلكىم يۈزىمىزگىلا مەن كوممۇنىست، ئۇ قىزمۇ كوممۇنىست، ئۇ گېزىتنى ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا سېتىۋاتىمەن! دەپ كېتەر. نىلگۈن ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولدى؛ چۈنكى كىچىك چېغىدا بىر ئوبدان قىز ئىدى. غەزەپ بىلەن باققالنىڭ دۇكىنىغا كىردىم.

ــ يەنە سەنغۇ؟ــ دېدى باققال ــ نېمە لازىم؟

باشقا خېرىدارلىرى بولغاچقا بىردەم ساقلىدىم. لېكىن باققال يەنە سورىدى، خېرىدارلارمۇ ماڭا قاراشتى.

ــ مەنمۇ؟ــ دېدىم ــ ھېلىقى نېمە ئالاتتىم... تارغاق، چاچ تارايدىغان.

ــ ئوبدان ــ دېدى ــ سەن لاتارىيەچى ئىسمايىلنىڭ ئوغلى، شۇنداقمۇ؟

قۇتىنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

ــ ئۇ قىز باياتىن قىزىلىدىن ئالدى ــ دېدى.

ــ قايسى قىز؟ــ دېدىم ــ ماڭا قانداق تاغاق بولسا بولىۋېرىدۇ.

ــ ئوبدان، ئوبدان ــ دېدى ــ سەن خالىغىنىڭنى تاللا.

ــ قانچە پۇلدىن بېرىۋاتىسەن؟

باشقا خېرىدارلار كېتىپ مەن ئارامخۇدا قالغانلىقىم ئۈچۈن، تاغاقلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتىم. ئاندىن سىنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىزىل بىر تاغاق ئالدىم نىلگۈن. 25 لىرا ئىكەن. بەردىم. ئەمدى ئىككىمىزنىڭ تاغاقلىرىمىزمۇ ئوخشاش دەپ ئويلىدىم. ئاندىن ماڭا-ماڭا پىيادىلەر يولىنىڭ ئاخىرىغا كەلدىم. دېمەك ئەخلەت چېلىكى بۇ يەردە، قاراۋاتقانلارمۇ يوق ئىدى. قولۇمنى ئىچىگە تىقىپ، يېشىل تاغاقنى ئالدىم، مەيىنەت بولمىغان ئىدى. ھېچكىم كۆرمىدى؛ كۆرسە نېمە بوپتۇ! ھازىر يانچۇقۇمدا ئىككى تاغاق بار نىلگۈن، بىرى سىنىڭكى، يەنە بىرى سىنىڭكىنىڭ جۈپتى! بۇ خىياللىرىمدىن سۆيۈندۈم. ئاندىن، بۇ قىلغانلىرىمنى بۇ گۇيلارنىڭ بىرەرسى كۆرۈپ قالغان بولسا، خالىغان بىرى كۆرۈپ قالغان بولىسىدى، ھەم ماڭا ئىچ ئاغرىتقان بولاتتى، ھەمدە تازا كۈلگەن بولاتتى ئۇ كالۋا دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ روھسىز، ئەخمەق، كالۋالار مېنى مازاق قىلىدۇ دەپلا خالىغان ئىشىمنى قىلالمايدىغان ئادەم ئەمەسمەن! مەن دېگەن ئەركىن ئادەم، سېنى خىيال قىلغاچ كوچىلاردا ئايلانماقتىمەن.

# ئون سەككىزىنچى باب

سائەت بەش بولاي دېگەنىدى. چىرىك ۋە زەي يەر ئاستى ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن كۆن نۇرى چۈشۈشكە باشلىغانغا خېلى بولغانىدى. بىردەمدىن كېيىن سومكامنى يىغىشتۇرۇپ تالاغا چىقىپ ۋابانى ئىزدەيمەن. كاللام قالايمىقان. سەل ئاۋۋال، ھۆججەتلەرنىڭ ئارىسىدا مەقسەتسىز كېزەلەيمەن، ھېچنېمىنى ھېس قىلماستىن ئوقۇپ چىقالايمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى شۇنداق قىلالىغانلىقىمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم... تېخى باياتىن، تارىخ، بىر-بىرى بىلەن قىلچىلىك ئالاقىسى بولمىغان، مىلىيارتلىغان ھادىسىلەر كاللامدا شەكىللەندۈرگەن تۇمانىسىمان بىر دۆۋە نەرسە ئىدى... دەپتەرنى ئېچىپ، يېزىۋالغانلىرىمنى يېڭىباشتىن، تېز بىر رەت ئوقۇپ چىقسام بەلكىم بۇ تۇيغۇنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلالارمەن! مانا:

ۋەزىر ئىسمايىل پاشاغا قاراشلىق خاس جايلاردىن، چايىرئوۋا، ئەسكەھسار ۋە تۇزلا رايونىدا ۋە گەبزە قازىلىقىغا قاراشلىق ئالتە يېزىدا ئېلىپ بېرىلغان پەۋقۇلئاددە بىر نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىلىرىنى ئوقۇۋاتىمەن؛ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن خىزىرنىڭ ئىبراھىم، ئابدۇلقادىر ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىدىن قىلغان ئەرز-شىكايىتىنى ئوقۇۋاتىمەن؛ ئەسكەھسار ساھىلىغا بىر پىرىستان قۇرۇش ئۈچۈن يوللانغان پەرماننى ئوقۇۋاتىمەن؛ ئەسلىدە سىپاھى① ئەلىگە تەۋە بولغان، ئۇرۇشتىن قاچقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنىپ ھابىبكە بېرىلگەن، گەبزە ئۆپچۆرىسىدىكى ئون يەتتە مىڭ تەڭگىلىك بىر يېزىنىڭ باشقا بىرىگە تەقسىم قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، چۈنكى ھابىبنىڭمۇ ئۇرۇشتىن قاچقانلىقىنىڭ مەلۇم بولغانلىقىنى ئوقۇۋاتىمەن؛ خىزمەتكار ئەيسانىڭ خوجايىنى ئەخمەتنىڭ ئوتتۇزمىڭ تەڭگىسىنى، بىر ئىگەرنى، بىر ئېتىنى، ئىككى قىلىچىنى، بىر قالقىنىنى ئېلىپ رامازان ئىسىملىك بىرىدىن پاناھلىق تىلىگەنلىكىنى، رامازاننىڭمۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىنى، ئەخمەتنىڭ ئەرز قىلغانلىقىنى ئوقۇۋاتىمەن؛ سىنان ئىسىملىك بىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، مىراس تۇپەيلى، دەۋاگەرلەردىن چەلەبى ئوغلى ئوسماننىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى مەھكىمىدە تىزىمغا ئالدۇرغانلىقىنى ئوقۇۋاتىمەن؛ تۇتۇلغان ئوغرىلارنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ قىمارغا تىكىلگەن ئاتنىڭ گەبزەلىك تۇرسۇن ئوغلى سۇلايماننىڭ ئوغۇرلانغان ئېتى ئىكەنلىكىگە ئائىت مۇستافا، ياقۇپ ۋە خۇدابەردىلەرنىڭ تەپسىلى گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى

ئوقۇۋاتىمەن ۋە ئۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان تۇيغۇنى ئىچىمدە يەنە ئويغانغانىدەك ھېس قىلىۋاتىمەن: 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكى كاللامنىڭ ئىچىدە مىغىلداۋاتىدۇ؛ چارەك ئەسىرنىڭ بارلىق ھادىسىلىرى، بىر ـ بىرى بىلەن ھېچقانداق بىر سەۋەپ ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت قۇرالماي، مېڭەمدىكى چېگىشلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆز پېتى تۇرماقتا. چۇشلۇك تاماق يېگەچ، ئۇلارنى، ئېغىرلىق كۈچى بولمىغان بىر بوشلۇقتا سوزۇلۇپ تۇرغان چەكسىز بىر سازاڭلار پىلانېتىغا ئوخشاتقان ئىدىم؛ ھادىسە سازاڭلىرى مېڭەمنىڭ ئىچىدە كېزىۋاتقانىدەك بوشلۇقتا مىغىلدىشىۋاتاتتى، لېكىن بىر ـ بىرىگە تېگىپ باغلانمايتتى. كاللامنىڭ ئىچىدە قۇرتلار لۆمشىپ تۇرغان بىر ياڭاقنىڭ بارلىقىنى ئويلىدىم. باش سۆڭىكىمنى چېقىپ، ئىچىگە قاراپ باقسا، مېڭەمنىڭ ئىچىدە كېزىپ يۈرگەن قۇرتلارنى گويا كۆرەلەيتتى!

لېكىن بۇ ھاياجان ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. تۇمانسىمان پىلانېت تارقىلىپ كەتتى! مانا، جاھىل ئەقلىم، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە، مەندىن يەنە شۇ ئوخشاش نەرسىلەرنى تاما قىلىۋاتاتتى ھازىر: پۈتۈن ھادىسىلەرنى خۇلاسىلىگەن قىسقا بىر ھېكايە تېپىپ چىقىشىم، قايىل قىلارلىق بىر چۆچەك توقۇپ چىقىشىم كېرەك ئىدى گويا! يالغۇز تارىخنىلا ئەمەس، دۇنيا ۋە ھاياتنىمۇ راۋۇرۇس چۈشىنىش، بىلىش ئۈچۈن، بەلكىم، مېڭىمىزنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگىرىشى شەرتتۇ! ئاھ... بۇ ھېكايە ئاڭلاش خۇمارى، ھەممەيلەننى ئالداپ كېتىۋاتىدۇ، بىزنى چۈشىسمان بىر دۇنيا قوينىغا سۆرەپ كەتمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممەيلەن، قېنى بار، جېنى بار بىر ھەقىقىي دۇنيادا ياشاۋاتساقمۇ...

چۇشلۇك تاماق يەۋېتىپ، بىر چاغدا بۇ مەسىلىگىمۇ بىر چارە تاپقانلىقىمنى ئويلىغانىدىم. تۈنۈگۈندىن بېرى كاللامنى قوچىغان، ھېلىقى بۇداكنىڭ ھېكايىسىنى ئويلاۋاتاتتىم. بۈگۈن ئەتىگەن بەزى يازمىلارنى ئوقۇۋاتقاندىن كېيىن، بۇ ھېكايىگە يەنە بىر مەزمۇن قوشۇلغانىدى: بۇداكنى، بىر ئامال ـ چارىلەر بىلەن، ئىستانبۇلدا بىرەر پاشانىڭ ھېمايىسىگە كىرگەنمىكىن دەيمەن. كاللامدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى يازغان كىتاپتىن تېپىپ چىققان يەنە باشقا تەپسىلاتلارمۇ بار ئىدى: ھەممىسى، ھېكايەخۇمارلارنى، دۇنيانى ھېكايىلەر بىلەن چۈشىنىشكە ئۈرۈنغانلارنى رام قىلىدىغان خىلدا ئىدى.

شۇڭلاشقا، بۇداكنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن 16 ـ ئەسىردىكى گەبزە توغرۇلۇق باش ـ ئاخىرى يوق بىر كىتاب يېزىپ چىقىشنى پىلانلىدىم. كىتابنىڭ بىرلا پىرىنسىپى بولاتتى: گەبزە ۋە بۇ رايونغا ئالاقدار مەن ئېرىشەلىگەن بارلىق ئۇچۇرلارنى ئۇلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ۋە قىممىتىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرمىغان ئاساستا كىتابقا كىرگۈزەتتىم. شۇنىڭ بىلەن گۆش باھاسى بىلەن ئىقتىسادى ماجىرالار، قىز ئېلىپ قېچىش ۋەقەلىرى بىلەن ئىسيانلار، ئۇرۇش بىلەن تويلار، پاشالار بىلەن جىنايەتلەر كىتابتا، بىر ـ بىرىگە باغلانماستىن، يانمۇيان، خۇددى

ئارخىپخانىدا تۇرغاندەك جىمجىتقىنە ۋە كەمتەر ھالدا تىزىلىپ تۇرۇشاتتى. بۇداكىنىڭ ھېكايىسىنىمۇ بۇلارنى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇراتتىم؛ لېكىن بۇنى باشقىلىرىدىن مۇھىم دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، تارىخ كىتابلىرىدىن ھېكايە ئىزدىگەنلەرگە بىرەر ھېكايە بولسىمۇ تەييارلاپ قويۇش دېگەنلىكىم ئۈچۈن. شۇنداق بولغاندا كىتابىم چەكسىز بىر "تەسۋىر" دىن شەكىللەنگەن بولاتتى. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ئىچىۋالغان ئازراق پىۋىنىڭ تەسىرىدە، بۇ پىلانىمنىڭ تۇمانلىرىغا باشچىلاپ چۆكۈپ كەتكەن ئىدىم؛ ياشلىق چاغلىرىمدىكى بالىلارچە ئىشلەش ھاياجانلىرىمنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. زوقلىنىپ مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپخانىسىغىمۇ كىرىمەن دەپ ئويلايتتىم، ھېچقانداق بىر ئۈچۈرنى كۆزۈمدىن قاچۇرمايمەن، پۈتۈن ھادىسىلەر بىر-بىرلەپ ئۆز ئورنىنى تاپاتتى. كىتابىمنى، باشتىن ئاخىرىغىچە، ھەپتىلەپ، ئايلاپ ئوقۇپ چىققان بىرى، ئاخىرى كېلىپ، مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان چاغدا ھېس قىلغان ئۇ بۇلۇتسىمان پىرىنسىپنى كۆرگەندەك بولاتتى ۋە ماڭا ئوخشاش ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى: تارىخ دېگەن مانا؛ تارىخ ۋە ھايات دېگەن مۇنداق بولىدۇ مانا...

ئوتتۇز يىل، ياق، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدىغان بۇ تۈگىمەس پىلان، ئەخمەقلىق ۋە يىگىتلىك، كۆز ئىششىقى ۋە نېرۋا كېسىلى شەكلىدە كۆز ئالدىمدا يەنە بىردەم گەۋدىلەندى. يازماقچى بولغان كىتابىمنىڭ بەت سانىنى ئەندىكىش ئىچىدە ئويلىدىم. كېيىن پۈتۈن بۇ مۇقەددەس مەنزىرە ۋە شۇنداق كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىنىش ۋە ئەخمەقلىق پۇراپ تۇرغان پىلانىنىڭ ئاستا-ئاستا سۇغا چىلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزىشنى ئويلىغان نەرسىنى، تېخى قەغەزگە يېزىشنى باشلا-باشلىماي تۇرۇپلا تۈنجى مەسىلىگە دۈچ كېلەتتىم. نىيىتىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يازغانلىرىمنىڭ بىر باشلىنىشى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاندىن ھادىسىلەرنىمۇ، مەيلى قانداق يازماي، بىر تەرتىپ بىلەن تىزىشىم كېرەك ئىدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىختىيارسىز ھالدا، ئوقۇرمەنلەرگە بىر مەنا ۋە تەرتىپتىن دېرەك بېرەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى، ئىشنى قەيەردىن باشلاش ۋە ئاندىن قايسى قەدەمنى بېسىشىم كېرەكلىكىنى پەقەت بىلەلمەيتتىم. چۈنكى بۇرۇنقى ئادەتلىرىگە كۆنۈپ قالغان ئىنسان ئەقلى، ھەر رەت-تەرتىپتىن بىر قائىدە، ھەر ھادىسىدىن بىر سىمۋول تېپىپ چىقىدۇ، مەن قۇتۇلماقچى بولغان ھېكايىنى، ھادىسىلەرنىڭ ئارىسىغا ئۆزلىرى ئارىلاشتۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مۇنداق ئويلاندىم: تارىخنى، ھەتتا ھاياتنى ئۆز پېتى سۆز-كەلىمىلەرگە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر يولى يوق! ئاندىن، بۇ يولنى تېپىش ئۈچۈن قىلىشىمىز كېرەك بولغان ئىشنىڭ مېڭىمىزنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم: ھاياتنى ئۆز ئەينى كۆرۈپ يېتەلىشىمىز

ئۈچۈن ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك! بۈنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشەندۈرەلىسەم دەيمەن، لېكىن يولىنى تاپالمايۋاتاتتىم. ئاشخانىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كەلدىم.

پۈتۈن چۈشتىن كېيىنمۇ، يەنە شۇ ئىشنى ئويلىدىم: ئۇ كىتابنى يېزىشنىڭ، مەن ئارزۇ قىلغان تەسىرنى كىشىلەردە قوزغاشنىڭ بىر يولى يوقمىدۇ؟ ئارىلىقتا، ھېچكىمگە چۈشەندۈرەلمەيمەن دەپ قارىغان تۇيغۇنى ئىچىمدە يېگىدىن پەيدا قىلىش ئۈچۈن، دەپتىرىمگە يازغانلىرىمنى تېز-تېز ئوقۇدۇم.

ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، كىتابىمدا قىلماقچى بولغانىدەك ھېچقانداق بىر ھېكايىگە غەرق بولۇپ كەتمەي ئوقۇي دەيتتىم، مەقسەت-مۇددىئاسىز بىر سەيلى- ساياھەت بولسۇن بۇ ئوقۇش... باياتىن تېخى بۇ ئىشتا غەلىبە قىلالىدىم دەپ قارىغانىدىم، ئەمدى بۇ غەلىتە غەلىبىدىن گۇمانلىنىپ تۇرۇپتىمەن. كۆن تېخىمۇ ئولتۇرۇشقا باشلىدى، سائەت بەشتىن ئاشتى، رىزانى ساقلىمايلا بۇ چىرىك ۋە زەي يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىۋاتىمەن، تالاغا چىقىپ ۋابانى ئىزدەيمەن.

"ئانادول" غا چىقتىم. ئۈچ كۈندىن بېرى ئارخىپخانىسىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن بۇ ناھىيە بازىرىدىن، نەچچە يىل ياشاپ ئىچىمنى كولا-كولا قۇپقۇرۇق قىلىپ قويغان بىر شەھەردىن ئايرىلىۋاتقانىدەك سالپىيىپ چىقتىم. بىر ئازدىن كېيىن، ئىستانبۇل-ئەنقەرە يولىدىن، گەبزە پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە قايرىلدىم: زەيتۇن باغلىرى، ئەنجۈر ۋە گىلاس دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن مارمارا تەرەپكە چۈشۈۋاتاتتىم. جۇمھۇرىيەت ۋە بىيوكراتلىق ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئىستانسا تا تۈزلاغا قەدەر ئېقىپ بارىدىغان بىر ئۆستەڭنىڭ بۇ ئۈچىدا ئىدى. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ بىر يېرىدە بىر كارۋانسارايى خارابىسىنىڭ بار بولۇشى كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتىمەن. ماشىنامنى توختاتتىم، پەلەمپەيلەردىن ئىستانسىغا چۈشتۈم.

ئۆيىگە قايتىشقان ئىشچىلار، پادىچىلار شىمى كېيىشىۋېلىشقان ياشلار، روماللىق ھاممىلار، ئورۇندۇقتا مۈگدەۋاتقان بىر ياشانغان كىشى، ئوغلىنى سىلكىشلەۋاتقان بىر ئايال، ئىستانبۇلدىن كېلىپ قايتىدىغان پويىزنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ۋاگزالنىڭ يەنە بىر ئۇچىغىچە باردىم، يەرگە چۈشتۈم. تۆمۈر يول بويىدا، توك سىملىرىنىڭ گىژىلداشلىرىغا قۇلاق سالغاچ، ئاچاللاردىن ئۆتۈپ ماڭدىم. كىچىك چېغىمدىمۇ تۆمۈر يولنى بويلاپ مېڭىشقا ئامراق ئىدىم. خارابىنىمۇ، تۇنجى قېتىم كىچىك چېغىمدا، تەخمىنەن يىگىرمە بەش يىل بۇرۇن كۆرگەن ئىدىم. سەككىز-توققۇز ياش چاغلىرىم ئىدى، رەجەپ مېنى ئاتالمىش ئوۋ-ئوۋلىتىش ئۈچۈن ئايلاندۇرىۋاتاتتى. قولۇمدا ئەنىشتەم گېرمانىيەدىن ئالغاچ كەلگەن گاز مىلتىقى بار ئىدى، يېقىن كېلىپ ئاتسا، قاغىنى يارالاندۇرالايتتى، لېكىن مەن ئەسلا بىر ياخشى مەرگەن ئەمەس ئىدىم! رەجەپ بىلەن تا مۇشۇ يەرلەرگىچە كەلگەنىدۇق، بۆلجۈرگەن يىغقاچ، بىر دەريانى

بوپلاپ ماڭغانىدۇق. تۇيۇقسىزلا كىچىك بىر تامنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغانىدۇق، ئاندىن كەڭرى بىر مەيداندا چېچىلىپ ياتقان، چىرايلىق يونۇلغان يوغان تاشلارنى كۆرگەن ئىدۇق. بەش يىلدىن كېيىن، رەجەپ بولمىسىمۇ قورقمىغۇدەك بولغان چېغىمدا، بىر ياز كۈنى يەنە كېلىپ كۆرگەنىدىم: تاشلارنىڭ ۋە تامنىڭ پارچىلىرىنى ئەسلى ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنماستىن، كۆرگەنلىرىمدىن باشقا ھېچبىر نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلماستىن، پەقەت تاشلارغا ۋە تامغا قاراپ تاماشا قىلغانىدىم. بىر دەريا بولىدىغان، تۆمۈر يولغا يېقىن بىر يەردە، يەنە پاقىلار، بىر ئوچۇقچىلىق، ئۆستەڭ... قانچىلىكى قالغاندۇ؟ سەپسالغاچ كېتىپ بارىمەن.

ئۆتكەن يىلى ئارخىپخانىدا ماتېرىياللارنى مالتىلاپ يۈرگەن چېغىمدا قولۇمغا چىقىپ قالغان ۋە مەھكىمە خاتىرىلىرى ۋە يازما دەپتەرلىرىدىن كۆپ كېيىنكى بىر چېسلا سېلىنغان بىر خەتتە، بۇ يەر، يەنى خارابىنىڭ ئورنىدىكى بىر كارۋانسarai تىلغا ئېلىنغاندەك قىلغانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھەتتا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى مەن ھازىر تەخمىن قىلغان خەتتە، ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى سوغۇققانلىق بىلەن، بۇ يەرلەردە بىر يەردە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى بۆلۈملەر ۋە بۇلارنىڭ بىر يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، خەتنىڭ، گويا بۇ مەملىكەتتىن ئەمەس، باشقا بىر مەملىكەتتىن، شۇنداق، باشقا بىر دۆلەتتىن ئەۋەتىلگەندەك تۇيغۇ بېرىشى ئىدى. بۇ تۇيغۇغا، خەتكە سېلىنغان چېسلانىڭ يېنىدىكى غەلىتە بىر دۆلەت نامىنى ۋە يەنە ئاشۇنداق غەلىتە تامغىنى كۆرۈپ كېلىپ قالغانىدىم. شۇ چاغدا بۇ خەتنى تېز ۋە ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمەي ئوقۇپلا، نە چېسلاسىنى، نە ئارخىپ نومۇرىنى يېزىۋالماي، ئادىتىم بويىچە باشقا قەغەزلەرنىڭ ئارىسىغا چۆرۈۋېتىپتىكەنمەن. ئەلۋەتتە، كېيىن پۇشايمان قىلدىم، خەتنى يەنە بىر ئوقۇي دەپ، بىر سائەت ھەممە نەرسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپمۇ تاپالمىغان ئىدىم. ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەندە، بۇ قىزىقىشىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. راست ئىكەنلىكىدىن مەن گۇمانلىنىشقا تاس قالغان بۇ خەتكە ئالاقىدار بىر تالاي سۇئال كاللامنى توختىماي قوچۇيتتى. باشقا ھۆججەت ۋە خاتىرىلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان بۇ بىر پارچە قەغەزنى بۇيەرگە كىم قويۇپ قويغان بولغىيتتى؟ خەتتە ئۆلۈم-يېتىم ۋە تاجاۋۇزچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى ھەققىدە گەپ بولۇۋاتاتتى. مەن راستىنلا ۋابا ياكى بالايىئاپەت دېگەندەك گەپلەرنى ئوقۇغان بولغىيمىدىم؟ ياكى مەن شۇنداق ئويلىۋالغان بولغىيمىدىم؟ ئۇ دۆلەتچۇ؟ مۇشۇنداق بىر ئىش راستىنلا بولغان بولغىيمىدى؟ ئاندىن خىيالىمغا تۇيۇقسىزلا بۇ خارابە كەلگەنىدى. بۇ بەلكىم مېنىڭ ئۆلارنىڭ بىر يەرگە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى ئوقۇغانلىقىمدىن، بەلكىم بىر كارۋانساراي

تىلغا ئېلىنغانلىقتىن، ۋە بەلكىم ھەر ئىككىسىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالغانىدىم،

ئاخىرى دەريانى تاپتىم: مەينەت ۋە چىرىك پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئىچىدە تېخىچە ياشاپ تۇرغان پاقىلار بار ئىدى؛ زەھەر ۋە مەينەتچىلىك دەستىدىن ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئوت-چۆپلەر ۋە ياپراقلارنىڭ ئۇستىگە يېپىشىپ قالغان قارا داغدەك تۇراتتى. سەل جېنى بارلىرى مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ، مۇغەمبەرلەرچە بىر خىل ھورۇنلۇق بىلەن ئۆزىنى سۇغا ئېتتى. دەريا بۇ يەردە شەكىللەندۈرگەن بىر قولتۇقنى كۆردۈم ۋە ئېسىمگە ئالدىم. ئەنجۈر دەرەخلىرىمنىمۇ. لېكىن بۇرۇن بۇنىڭدىنمۇ جىق ئەمەسمىدى؟ تۇساتتىن كۆزۈمگە چېلىققان بىر زاۋۇتنىڭ ئارقا تېمى، خاتىرىلىرىمنى قالايمىغان قىلىۋەتتى ۋە مېنى ھازىرقى زامانغا قايتۇرۇپ كەلدى. لېكىن، ئۆتكەن يىلى مۇشۇنداق بىر خەتنى ئوقۇغانلىقىمدىن گۇمانلانغۇم يوق.

ئۇ خەتتە ئوقۇغانلىرىم، ئەگەر بىر زامانلاردا يۈز بەرگەن مەلۇم ئىشلاردىن دېرەك بېرىۋاتقان بولسا، تارىخ دېگەن نەرسىگە بولغان ئىشەنچىمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىماي پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەنە بىر قانچە يىلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىم بار دېگەنلىك بولاتتى. بەلكىم تېخىمۇ كۆپرەكنى. بۇ ۋابانىڭ سەۋەبى بىلەن بىر مۇنچە ھېكايىلەرنى ئىنكار قىلالايدىغاندەك قىلىمەن. 19 - ئەسىردە ئانادولۇدا ۋابا تارقىمىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچىمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇۋاتىمەن؛ پەقەت بۇ يەرلەردە قۇرۇلغان بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن، مەن، ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى ئاجايىپ بىر " تارىخي پاكىت"نى بىردەمدىلا ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالايمەن. شۇنىڭ بىلەن، خۇددى توقۇپ چىقىرىلغان نەرسە ئەمەس بەلكى بىر ئىستاكان سۇ ياكى بىر تەشتەككە ئوخشاش رېئال بىر نەرسىدەك، مەۋجۇتلۇقىدىن قىلچىلىك گۇمان قىلىنماستىن ئەھمىيەت بېرىلگەن ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ھاۋادا لەيلەپ قالاتتى. شۇنداق بولغاندا، بىر تۈركۈم ئىشەنچكە تولغان تارىخچىلار، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھېكايىچىلىك بولغانلىقىنى ئۆزۈل-كېسىل تونۇپ يېتىپ، مەندىن گۇمان پاتقىقىغا پېتىپ قالاتتى. مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىلمىي ئەندىشىلەرگە قارىتا تەييارلىقىم پۈختا بولغاچقا، شۇ چاغدا يازمىلىرىم ۋە ھۆججەتلىرىم بىلەن بۇ ئۆركۈگەكلەرنى بىر-بىرلەپ ئۇۋلايمەن. تۆمۈر يولنىڭ بويىدا تۇرۇپ، چۈشكە ئوخشايدىغان ئۇ زەپەر كۈنىنى تەپسىلىي تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتىم، لېكىن ئانچە بەك ھاياجانلىنىپمۇ كېتەلمىدىم. ئىشىمىزنىڭ ھېكايىچىلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن بەكرەك، يېڭى ئۇچلىرىنى بويلاپ، بىر ھادىسىنىڭ پېيىگە چۈشۈش ماڭا تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈللۈكتەك تۇيۇلاتتى. كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلىگۈدەك بىر قانچە يىپ ئۇچى تاپالىغان بولسام، ئوسمانلى ئىمپېراتورىيەسىنىڭ،

كېيىنكى تۆت يۈز يىلدىكى مەركىزىنىڭ، ئىستانبۇل ئەمەس، باشقا بىر يەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇدەك بىر تەتقىقاتقا پۈتۈن ئۆمرۈمنى خۇشاللىق بىلەن ئاتىغان بولاتتىم. فەترەت ① دەۋرىدە، كىمنىڭ، قەيەردە، قايسى ۋاقىتتا پادىشاھلىقنى ئىپلان قىلغانلىقىنى، پۇل باستۇرغانلىقىنى خۇددى بىر رازۋېتچىككە ئوخشاش تەتقىق قىلىپ ئۆمرىنىڭ يىگىرمە يىلىنى سەرپ قىلغان ئىبراھىم ئەپەندىگە ھەممىشە ھەسەت قىلىپ كەلگەنىدىم.

تۆمۈر يولنىڭ يىراق ئۇچىدىن كۆرۈنگەن توكلۇق پويىز ئاستا-ئاستا چوڭىيىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ۋاباغا دۇچار بولغانلارنى ئۈيلىغاچ دەريا بويىدا ماڭدىم. خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ يەرلەرنىڭ خىيالىمغا كېلىشى، بەلكىم، ۋاباغا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ بىر مەزگىل بىر كارۋانسارايغا بەنت قىلىنغانلىقىنى ئۇ يەردە كۆرگەنىدەك قىلغانلىقىمدىندۇر. ئىچىمدە پەيدا بولغان غەلىتە ۋە روشەن بىر تۇيغۇ، ئۇ تامنى ۋە تاش دۆۋىلىرىنى تاپسام، ئۇلارنى بىر كارۋانسارايغا ئوخشىتالايدىغانلىقىمنى، كارۋانسارايىنى تاپسام ۋابانىڭ ئىزىغا چۈشەلەيدىغانلىقىمنى، ۋابانىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھېلىقى دۆلەتنى تاپالايدىغانلىقىمنى ئىما قىلىۋاتاتتى. تارىخقا بولغان ئىشەنچىم، گويا شۇ تاشلارغا باغلىقتەك قىلاتتى. پۈتۈن بۇلارنىڭ ئازاپلىق بىر خىل جىددىيچىلىك كەيپىياتى يارىتىپ، ئاندىن بۇ جىددىيچىلىكنى پەسكويغا چۈشۈرۈشتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان ئەقلىمنىڭ بىر ئويۇنى ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.

فابرىكىلار ۋە كىچىك زاۋۇتلارنىڭ پويىزدىكى يولۇچىلار ئوقۇغۇدەك دەپ ئۈستىگە چوڭ ھەرپلەر بىلەن سىياسىي شۇئارلار يېزىلغان ئارقا تاملىرىنى بويلاپ كېتىپ بارىمەن. دەريانىڭ تۆمۈر يولدىن ئۇزاقلاشقىنىغا قارىغاندا، ئېسىمگە كەلدى، تاشلار ۋە تام قالدۇقلىرىنى بۇ يەرلەردە بىردە تاپالىسام كېرەك. جەننەتھىسارغا بارىدىغان يولنىڭ بۇ قاسىنىقىدىكى سىگان چېدىرلىرىدىن بۇرۇن، ئاۋۇ كەپىلەر، ئوت-چۆپ دۆۋىلىرى، قەلەي تۇڭلار ۋە ئەنجۇر دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئارىلىقلىرىدا بىر يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى تارىخ. ئوت-چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە تۈرۈپ مېنى كۈزىتىۋاتقان چايكىلار، يېقىنلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن كۈنلۈكتەك جىمغىنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپ يېپىلىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ئالدىمىزدىكى زاۋۇتنىڭ يان ھويلىسىغا تىزىپ قويۇلغان ئاپتوبۇسلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن: بۇلار ئىستانبۇلغا قايتىدىغان ئىشچىلار بولۇپ،ئالدىرىماي ئاپتوبۇسقا چىقىشىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتە، دەريا ۋە تۆمۈر يولنىڭ ئۈستىدە بىر كۆۋرۈك بار؛ تاشلىۋېتىلىپ داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر ــ تەسەكلەر دۆۋىسى، قەلەيلەر، بۇ قەلەيلەردىن ئۈستى يېپىلغان كەپىلەر، توپ ئويناۋاتقان باللار ، بىر ئات ۋە تايچىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئات سىگانلارنىڭ بولسا كېرەك. مەن ئىزدىگەن نەرسە بۇلار ئەمەس.

كەيــنىمگە يانــدىم، لــېكىن پــۇتلىرىم مېنــى بىــر يەردىــلا ئايلانــدۇراتتى. نېمىنــى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان مۇشۇككە ئوخشاش مەقسەتسىز ھالدا، تام تۈۋىدىن، تۆمۈر يولى بىلەن دەريانىڭ ئارىسىدىن، چىرىپ كەتكەن، زەھەرلىك سۇيۇقلۇقلار تۆكۈلگەنلىكى ئۈچۈن قۇرۇپ كەتكەن ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدىن، تېخى قۇرۇپ قالمىغان يانتاقلارنىڭ، قوينىڭ كىچىك بىر باش سۆڭىكىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بىر سۆڭەك ۋە داتلىشىپ كەتكەن كونسېرۋا قۇتىسىنى تەپكەچ، بىر سىم توساقنى بويلاپ كېتىپ بارىمەن. يوق. يوق.

بەلكىم بولۇپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا مەن توقۇپ چىقىرامەن دەپ سومكامدا قالغان يازمىلاردا ۋە زەي يەرئاستى ئۆيدىكى ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ بۇ يەرلەردە ياشىغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتىمەن، لېكىن ئۇ چاغلاردا دەريانىڭ بۇنداق سېسىق ئەمەسلىكىنى ئۈمىدلىرىمنىڭ يوققا چىقىش خۇشاللىقى ئىچىدە ئويلىدىم. ئاندىن دەريانىڭ تېخىمۇ يۇقىرى تەرىپىدىن ماڭا قاراپ تۇرغان، ئېگىز بىر بىنا چوڭلۇقىدىكى كالىۋا توخۇنى كۆردۈم: تاخ توخ! بىر توخۇ فىرمىسىنىڭ پولات تىرەكلەر بىلەن مەزمۇتلاشتۇرۇلغان يوغان ئېلان تاختىسىدىن ماڭا قاراپ تۇرىدۇ. چەتئەل ژورناللىرىدىن ئېلىنغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، قىسقا ئاسما ئىشتان كىيدۈرۈلگەن، ئوماق كۆرسىتىلىشكە تىرىشىلغان، كالىۋا، يەرلىك، تەقلىدىي ۋە پەرىشان تاخ توخۇ فىرمىسى. مۇغەمبەرلىك ئىچىدىكى ئەخمىقانە بېقىش. قايتقۇم كەلدى، لېكىن تېخى بالدۇر ئىدى.

مەن كارۋانساراي خارابىلىرىدىن سۆكۈلگەن تاشلاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان كەپىلەرنىڭ بىرىگە يېقىنلاشتىم. ئارقا ھويلا: پىيازلار، كىر-قاتلار ۋە بىر تۈپ كۆچەت، لېكىن تاملىرى زەئىپ، زاۋۇت-فابرىكىلاردىن قالغان چىرىك ۋە جانسىز كېسەك كۆمۈلەردىن قوپۇرۇلغان، مەن ئىزدىگەن قاتتىق، يونۇلغان تاشلاردىن ئەمەس. كەپىلەرنىڭ تاملىرىغــا ئېرەنســـىمەي قارىغـــاچ ۋە مەن ئىزدەۋاتقـــان نەرســـىلەر بىـــلەن زامانىنـــىڭ يوشۇرۇنىۋالغانلىقىنى ھېس قىلغاچ ئۇ يەردە بىر ھازا تۇردۇم، بىر تال تاماكا ياقتىم، سەرگەنگە تېلىنىڭ بوش يەرگە چۈشىشىگە قاراپ تۇردۇم، پۈتلىرىمنىڭ تۈۋىگە، قۇرۇق ئوتلارنىڭ، شاخلارنىڭ ۋە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن يالتىراق ماندارىننىڭ يېنىغا.

كېتىپ بارىمەن، شىشە سۇنۇقلىرى، ئانىسىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان كۈچۈكلەر، چىرىپ كەتكەن ئارغامچا پارچىلىرى، شىشە ئېغىزلىرى، چەينەلگەن ۋە ئېزىلگەن ئوت-چۆپلەر، يوپۇرماقلار. تۆمۈر يولنىڭ بىر ياقىسىدىكى بەلگە تاختىسىنى قارىغا ئېلىش تاختىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشىپتۇ. ئاندىن ئەنجۈر دەرىخىنى كۆردۈم، ئېسىمگە بىرەر نەرسە سالسا ئەجەب ئەمەس دەپ توختاپ قاراپ تۇردۇم، لېكىن ساڭگىلاپ تۇرۇشتىن باشقا بىر ئىشقا يارىمىدى. سايىسى چۈشكەن يەردە پىشماي تۇرۇپلا تۆكۈلۈپ كەتكەن ئەنجۈرلەر تۇرۇپتۇ،

چېۋىنلەر ئۇچۇشۇپ يۈرىيدۇ. يان تەرەپتە ئىككى كالا، تۇمشۇقلىرىنى ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە كەزدۈرمەكتە. سىگانلارنىڭ بىر بايتىلى چېپىۋېدى، كەينىدىن ھەيرانلىق ئىلكىدە باقتىم، لېكىن بايتال شۇ ھامانلا توختىدى، تايچىقى توختىماي چېپىپ كەتتى، كېيىن ئېسىگە كېلىپ ياندى. دەريانىڭ گىرۋەكلىرىدە بالون پارچىلىرى، شىشىلەر، سىر قۇتىلىرى ئارىسىدا قەغەزلەر تۇراتتى؛ ئىچى قۇرۇق بىر يالتىراق خالتىنا! ھېچبىر نەرسىنىڭ ئۆزى يوق. بىر نەرسە ئىچكۈم كەلدى، بىلمەن بىردەمدىن كېيىن قايتىمەن. ئىككى قاغا مېنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماستىن باش ئۈستۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى. يەنە بىر تەرىپىدە فاتىخ ئۆلگەن دەريا مۇشۇ يەر شۇ. يېزا ـ ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ قېشىدا ئۆلگەنىكەن. بىر زاۋۇتنىڭ ئارقا ھويلىسىدا يوغان ساندۇقلار تۇرىدۇ، ئىچىگە قاچىلانغان مېتاللار چىقىرىلىپ، توپلىنىپ، بازارغا ئاپىرىلىپتۇ. ئۆيگە بېرىپ ئەۋلىيا چەلەبىينىڭ كىتابىنى ئوقۇيمەن. كالۋا بىر پاقا مېنى ھەمراھلىرىدىن خېلى كېيىن بايقىدى. ۋاي! چىرىك سۇنىڭ لېيى! نىلگۈن پاراڭلىشارمەن. تارىخ؟ تارىخ دېگەن بىر... كاھىش پارچىلىرى يەرنى قىزىلغا بويىۋېتىپتۇ. بىر ئايال كەپىسىنىڭ ھويلىسىدا كىر ـ قات يىغىۋېتىپتۇ. ھېكايىدۇ دەيمەن. نەدىن تاپىدىغانسەن دەپ قالار. توختاپ ئاسمانغا قارايمەن. ئۇ كالۋا توخۇنىڭ كۆزى تېخىچە مەندە: تاخ توخۇ. تاخ توخۇ! ئۈستىگە سىياسىي شۇئارلار يېزىلغان كۆمۈر كېسەكلەر، خىشلار، تۆكۈلۈپ تۇرغان تاملار. تاش تام يوق! بۇرۇن مەن كىچىك چېغىمدا. توختىدىم؛ يەنە بىر پويىز كېلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئېشىپ قالغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا، ياغاچ ـ تاشلارغا، قېلىپ تاختىلىرىغا باقتىم، ياق، يوق، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قېشىدىمۇ، ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرىدىمۇ، داتلاشقان تۆمۈر ـ تەسەكلەرنىڭ، يالتىراقلارنىڭ، ئۈستىخانلارنىڭ، بېتوننىڭ، سىم توساقلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ. شۇنداقتىمۇ كېتىپ بارىمەن، چۈنكى نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئۇلار ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، چىراقنىڭ غۇۋا نۇرى ئاستىدا لام-جىم دېمەستىن تاماق يەۋاتىدۇ. جىمجىت كەچلىك تاماق: دەسلەپ نىلگۈن بىلەن فارۇق بەي پاراڭ سېلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ، ئاندىن مەتىن بەي ئاغزىدىكى لوقمىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نەگە ماڭغانلىقىنى سورىشىدۇ، بىر ئېغىز بولسىمۇ بىر جاۋاب ئالالمىغان چوڭ خانىم بىلەن قالغان ئىككىيلەن بىردەم پاراڭلاشماقچى بولىدۇ: قانداقراق تۇرىسىز موما، قانداقراق تۇرسىز دېيىشىدۇ ۋە دەيدىغان باشقا گەپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتە سىزنى ماشىنىلىق ئايلاندۇرۇپ كېلەيلى، دېيىشىدۇ، ھەممە يەرگە بىنا ئۆيلەر سېلىنىدى، يېڭى ئۆيلەر، بېتوندىن سېلىنغان، يوللار، كۆۋرۈكلەر، ماقۇل دەڭ سىزگە كۆرسىتىپ كېلەيلى موما، دېيىشىدۇ، لېكىن چوڭ خانىم جىم تۇرۇۋالىدۇ، بەزىدە غۇدۇڭشىپ قويىدۇ، لېكىن ئۇلار غۇدۇڭشىشلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر سۆز تاپالمايدۇ؛ چۈنكى چوڭ خانىم، چايناۋاتقان نەرسىسىنى ئەيىپلەۋاتقاندەك ئالدىغا قاراپ ۋە سۆز تاللاپ ئولتۇرماستىن غۇدۇڭشىيدۇ، بېشىنى قاچىسىدىن كۆتۈرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ھەيران قالغانلىقى ئۈچۈندۇر؛ مومىلىرىنىڭ قولىدىن يىرگىنىشتىن باشقا بىر ئىشنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ قانداقسىگە تېخىچە چۈشەنمەيدىغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇ چاغدا ئۇلارمۇ مەن بىلەن تەڭ بىردەم جىم تۇرۇشىنىڭ كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ، لېكىن يەنە بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قېلىپ مومىسىنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرىدۇ، ئاچچىغىنى كەلتۈرمەسلىك كېرەكلىكى ئېسىگە كەلگەندە بولسا، مانا پىچىرلىششقا باشلايدۇ.

ــ يەنە تازا ئىچكىلى تۇردۇڭ ئاكا!ــ دېدى نىلگۈن.

ــ نېمە دەپ كۇسۇلدىشىۋاتىسلەر ئۇ يەردە؟ــ دېدى چوڭ خانىم.

ــ ھېچنىمەــ دېدى نىلگۈنــ پېيدىگەننى نېمىشقا يېمەيسىز موما؟ رەجەپ تېخى ئاخشام قورۇغان، شۇنداققۇ رەجەپ؟

ــ شۇنداق، كىچىك خانىمــ دېدىم.

چوڭ خانىم ئالدىنىش بىلەن خوشى يوقلۇقى ۋە يىرگىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، كېيىن چىرايى، كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ پېتى

قىلىۋەردى؛ نېمە ئۈچۈن يىرگىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان، لېكىن سەسكىنىشى كېرەكلىكىنى ھېچبىر ۋاقىتتا ئۇنتۇپ قالماسلىقى قارار قىلغان قىرى بىر چىراي... لام-جىم دېمەي تۇرۇۋاتتى ۋە مەن ئۇستەلدىن ئىككى، ئۈچ قەدەم كەينىدىرەك كۈتۈپ تۇراتتىم. يەنە شۇ ئوخشاش ئىشلار: ئەتراپىدا كالۋا پەرۋانىلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن چىراقنىڭ غۇۋا نۇرى ئاستىدا ۋىلكا-پىچاقلارنىڭ تىرىقشىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان كەچلىك تاماق: باغمۇ تىمتاس بولۇپ قالدۇ، بەزىدە تومۇزغىلارنىڭ جىرىلداشلىرى، بەزىدە دەل- دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلاشلىرى ۋە يىراقلاردا، يېزىنىچە تاملارنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ، دەرەخلەرگە ئېسىلغان رەڭلىك چىراقلىرى، ماشىنىلىرى، ماروژنىلىرى ۋە سالاملىشىشلىرى... ئاڭلىنىپ قالدۇ. قىشلىرى ئۇلارمۇ بولمايدۇ ۋە تاملارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەل- دەرەخلەرنىڭ جىمجىت قاراڭغۇلۇقى مېنى ئەنسىزلىككە سالىدۇ، ئۇنداق چاغلاردا مېنىڭ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ، ۋارقىرىيالمايمەن، چوڭ خانىم بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىدۇ، لېكىن پاراڭلاشمايدۇ، مەن ئۆزۈمنى چىقارمايمەن ۋە ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ئۇن- تىنسىز تۇرالايدىغانلىقىغا قاراپ قالىمەن ۋە ئۇستەلنىڭ ئۇستىدە ئاستا مىدىرلاپ تۇرغان قوللىرىدىن قورقۇپ كېتىمەن: ئىچ-ئىچىمدىن كۆچۈمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ-جارقىرىغۇم كېلىدۇ: قوللىرىڭىز قىرى ۋە خائىن ئۆمۈچۈكلەرگە ئوخشايدىكەن چوڭ خانىم! بۇرۇن دوغان بەينىڭ جىمجىتلىقى بار ئىدى، بويىنى پۈكۈلگەن، سالپايغان، كىچىك بالىدەك؛ ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى چاغلاردا سالاھىددىن بەينىڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنى خىجىل قىلغۇەتكۈدەك قىرى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى، ئۆپكىسىگە ھاۋا ئاران-ئاران يېتىشىپ تۇرسىمۇ لەنەت ئوقۇيتتى، بۇ مەملىكەت، لەنەتتەككۈر مەملىكەت!..

– رەجەپ!

– مېۋە-چېۋە يېمەكچىكەن. مەيىنەت تەخسىلەرنى ئېلىۋەتتىم، پىچىپ تەييار قىلىپ قويغان تاۋۇزنى ئەكىردىم، قويۇپ قويدۇم. جىممىدە ئولتۇرۇپ يېيىشتى، مەن ئاشخانىغا چۈشۈپ كەتتىم، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇ قويدۇم، ئۇستىنگە چىققان چېغىمدا، تېخىچە زۇۋان سۈرمەستىن يېيىشىۋاتاتتى. بەلكىم سۆزلەرنىڭ كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، قەھۋەخانىدىكىلەرگە ئوخشاش ئاغزىنىڭ ھورىنى بىكاردىن-بىكار ئىسراپ قىلغۇسى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بەلكىم. لېكىن سۆزلەرنىڭ ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ، بىلىمەن. بىرى مەرھابا، دەيدۇ، گەپ-سۆزلىرىڭگە، كەچۈرمىشلىرىڭگە قۇلاق سالىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، مەن قۇلاق سالىمەن ۋە شۇنداق قىلىپ بىر-بىرىمىزنىڭ كۆزىمىزدىن بىر-بىرىمىزنىڭ ھاياتىنى

كۆرۈپ چىقمىز. نىلگۈن، ئانىسىغا ئوخشاش تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يەۋاتاتتى. چوڭ خانىم بېشىنى ماڭا تەڭلىدى:

ــ يەش!

ــ بىردەم ئولتۇرمامسىز موما؟ــ دېدى فارۇق بەي.

ــ مەن ئېپچىقىپ قويىمەن رەجەپ، سەن نېمە قىلما...ــ دەۋاتاتتى نىلگۈن، چوڭ خانىم شالدۇرۇقى يېشىلگەن هامان ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا يۆلەندى.

پەلەمپەيلەردىن چىقىۋاتىمىز، توققۇزىنچى باسماقتا توختىدۇق.

ــ فارۇق يەنە ئىچىۋاتاتتى، شۇنداقمۇ؟ــ دېدى.

ــ ياق چوڭ خانىم ــ دېدىم ــ نەدە ئۇنداق قىلىدۇ؟

ــ سەن ئۇلارغا يان باسما ــ دېدى ۋە هاسا تۇتقان قولى خۇددى بىر كىچىك بالىنى ئۇرىدىغاندەك ئۆزلىكىدىن هاۋاغا كۆتۈرۈلدى، لېكىن مەن تەرەپكە ئەمەس. ئاندىن يەنە چىقىشقا باشلىدۇق.

ــ ئون توققۇز، مىڭ شۈكرى!ــ دېدى، هوجرىسىغا كىردى، ياتقۇزدۇم، سورىدىم.

مېۋە يېگۈسى يوقكەن.

ــ ئىشىكنى تاقا!

تاقىدىم، پەسكە چۈشتۈم، فارۇق بەي يوشۇرۇپ قويغان شىشىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ، پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ــ كاللامغا ئاجايىپ خىياللار كېلىۋاتىدۇ ــ دېدى.

ــ هەر ئاخشىمى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىرىڭمۇ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ هەئە، لېكىن تېخى ھەممىسىنى سۆزلەپ بەرمىدىم ــ دېدى فارۇق بەي.

ــ ماقۇل، ئويىنات قېنى گەپلىرىڭنى ــ دېدى نىلگۈن.

فارۇق بەي كۆڭلىگە كەلگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى ــ كاللام، ئىچىدە قۇرتلار مىغىلداپ يۈرگەن ياڭاققا ئوخشاپ قالدى!ــ دېدى.

ــ نېمە؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ شۇنداق ــ دېدى فارۇق بەي ــ مېڭەمنىڭ ئىچىدە قۇرتلار لۆمۈلدەپ يۈرگەندەك قىلىدۇ.

مەن قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا چۈشۈپ كەتتىم، ئۇلارنى يۇيۇۋاتىمەن. بۇ قۇرتلار ئۇچىيىڭلارنىڭ ئىچىدە يۈرىشىدۇ، دېيتتى سالاھىددىن بەي، خام گۆش يېسەڭلار، ياڭئاياق يۈرسەڭلار، قۇرتلار، چۈشەندىڭلارمۇ؟ بىز يېڭىلا يېزىدىن كەلدۇق، چۈشەنمىدۇق. ئانام ئۆلۈپ كەتتى، دوغان بەينىڭ بىزگە ئىچى ئاغرىپ بۇ يەرگە ئەكەلدى: رەجەپ سەن

ئانامنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەش، ئىسمايىلمۇ سەن بىلەن بىرگە تۇرسۇن، تۆۋەنكى قەۋەتتە، سىلەر بۇ ھوجرىدا تۇرۇڭلار، كېيىن مەن سىلەرگە بىر ئىش قىلىپ بېرىمەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەفارەتلىرىنى نېمشقا سىز ئۆتەيسىز، نېمشقا؟ مەن ئۇن چىقارمىدىم...دادامغىمۇ كۆز قۇلاق بولۇپ قويارسەن، بەك ئىچىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، ماقۇلمۇ رەجەپ؟ مەن يەنە ئۈنچىقمىدىم. ماقۇل دوغان بەي دېگەن گەپنىمۇ دېيەلمىدىم. ئاندىن بىزنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ ئەسكەرلىككە كەتتى. چوڭ خانىم كوتۇلدايتتى، مەن ئاشخانا ئىشلىرىنى ئۆگىنىۋاتاتتىم، سالاھىددىن بەي تۇرۇپ-تۇرۇپ يېنىمغا كېلىپ سوراپ قوياتتى: رەجەپ، يېزىدا ھايات قانداقراق ئىدى؟ سۆزلە قېنى، كىشلەر ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ يەردە مەسچىت بارمىدى، سەن بارامتىڭ؟ سېنىڭچە يەر نېمە ئۈچۈن تەۋرەيدۇ؟ پەسىللەرنى پەيدا قىلغان نەرسە نېمە؟ مەندىن قورقۇۋاتامسەن، ئوغلۇم، قورقما، مەن سېنىڭ داداڭ، قانچىگە كىردىڭ، بىلەمسەن، يېشىڭنىمۇ بىلمەيسەن-ھە، بوپتۇ، سەن ئون ئۈچكە كىردىڭ، ئۇكاڭ ئىسمايىل ئون ئىككىگە كىردى، مەندىن يېتىرقىشىڭنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، سىلەرگە قارىيالمىدىم، شۇنداق، سىلەرنى يېزىغا، ئۇ كالۋالارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم، لېكىن مېنىڭمۇ مەجبۇرىيەتلىرىم بار ئىدى، غايەت زور ھەجىملىك بىر ئەسەر يېزىۋاتىمەن، ئىچىدە پۈتۈن بىلىملەر بار، سەن ئېنسىكلوپېدىيە دەپ ئاڭلاپ باقتىڭمۇ؟ ئاھ، ئېست، سەن نەدىن ئاڭلايتتىڭ، بوپتۇ، بوپتۇ، قورقما، دېگىنە، ئاناڭ قانداق ئۆلۈپ كەتتى، ئەجەپ ئوبدان خوتۇن ئىدى، مىللىتىمىزنىڭ گۈزەللىكى بارتى ئۇنىڭدا، ساڭا ھەممە ئىشنى دەپ بەردىمۇ، سۆزلەپ بەرمىدىمۇ؟ بوپتۇ، سەن قاچا-قۇچىلارنى يۇغىن، فاتىمە سىلەرگە بىرەر يامانلىق قىلىپ قالسا دەرھال ئۇستىدىكى ئىشخانامغا چىق، ماڭا دە، بولامدۇ، قورقما! قورقمىدىم، قاچا-قۇچىلارنى يۇدۇم، ئىشلىدىم، قىرىق يىل! خىيالغا پېتىپ كېتىپتىمەن. قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، جاي-جايىغا قويدۇم، ھېرىپ كېتىپتىمەن، پەرتۇقۇمنى سېلىۋېتىپ ئولتۇردۇم، دېمىمنى ئېلىۋالاي دېدىم، ئېسىمگە قەھۋە كېلىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم، تېشىغا، ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتىم. تېخىچە پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ــ ئارخىپخانىدا شۇنچە كۆپ يازمىنى ۋە ھۆججەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يەنە كاللاڭدىكى نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ كېتىشىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم ــ دېدى نىلگۈن.

ــ نېمە بىلەن ھەپىلەشسەم بولاتتى ئەمسە؟ ــ دېدى فارۇق بەي.

ــ ھادىسىلەرچۇ مەسىلەن، ــ دېدى نىلگۈن ــ يۈز بەرگەن ئىشلار، سەۋەپلىرى...

ــ ئۇلار قەغەز يۈزىدىكى گەپلەر...

ــ شۇنداق، لېكىن ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيادا بىرەر ئىزى، نەتىجىسى، تەسىرى چوقۇم بار، يوقمۇ-يا؟

ــ بار.

ــ ھە، شۇلارنى ياز!

ــ لېكىن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇلار سىرتقى دۇنيادا ئەمەس، كاللامدا مەۋجۇت بولىدۇ. كاللامدىكىلەرنى يېزىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىۋاتىمەن. كاللامدا بولسا غىچچىدە قۇرتلار.

ــ قۇرۇق گەپ!ــ دېدى نىلگۈن.

گەپلىرى بىر يەردىن چىقمىدى. جىممىدە باغقا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆڭلى يېرىمدەك، غەم بېسىۋالغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈك ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىچىدە تۇرغاندەك قىلاتتى. كۆزلىرى تىكىپ تۇرغان يەرلەرنى كۆرمەستىن، باغنى، ئەنجۈر دەرەخلىرىنى ۋە تومۇزغىلارنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان ئوت-چۆپلەرنى كۆرمەستىن ئۆز خىياللىرىغا بەنت بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى: خىيالىڭلاردا نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىسىلەر؟ ئازاپ، غەم-قايغۇ، ئۈمىد، قىزىقسىنىش، كۈتۈش، ئاخىرىدا يەنە شۇ ئوخشاش نەرسىلەر قالىدۇ ۋە سەن ئىچىگە بىر نەرسە قۇيمىساڭ، قەيەردىن ئاڭلىغان بولغىيتتىم، قۇرۇق ئايلىنىۋاتقان تۈگمەن تېشىدەك ئەقلىڭلار ئۆز-ئۆزىنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئۇ چاغدا، ئېلىشىپ قاپتۇ! سالاھىددىن دوختۇر، شۇ ھالدا تېخى دوختۇرمىش، سىياسىيغا ئارىلىشىپتىكەن، ئىستانبۇلدىن قوغلىنىپتۇ، كىتابلارغا كۆمۈلۈپ ئېلىشىپ قاپتۇ. يالغانچىلار، غەيۋەتچى خوتۇنلار؛ ياق، ساراڭ ئەمەس، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئىچىشتىن ۋە بەزىدە نورمىدىن كۆپرەك ئىچىپ قويۇشتىن باشقا نېمە گۇناھى بار؛ كۈنلەپ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ يازىدۇ. ئاندىن گاھىدا يېنىمغا كېلىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ قوياتتى. دۇنيا ھېلىقى چەكلەنگەن دەرەختىكى ئالمىغا ئوخشاش، دېگەندى بىر كۈنى، ئۇنى ئۈزۈپ يېمەيۋاتىسىلەر؛ چۈنكى قۇرۇق يالغانلارغا ئىشىنىپ قورقۇۋاتىسىلەر؛ ئۆز شېخىدىن بىلىم ئالمىسىنى، قورقما ئوغلۇم رەجەپ، قارا، مەن ئۈزدۈم ۋە ئەركىنلىككە چىقتىم، قېنى ئەمسە، دۇنيانى قولۇڭغا ئالالايسەن؛ جاۋاب بەرسەڭچۇ؟ مەن قورقتۇم ۋە جىم تۇردۇم. مەن ئۆزۈمنى سوراشنى بىلىمەن. مەن شەيتاندىن قورقىمەن. ئۇلارنىڭ ئۇ قورقۇنچنى قانداق يەڭگەنلىكىنى ۋە نېمە ئۈچۈن يەڭگەنلىكىنى بىلەلمەيمەن. سىرتقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كېلەي، قەھۋەخانىغا بارايمۇ-يا؟

ــ قانداق قۇرتچاقلاردۇ ئۇلار؟ــ دېدى نىلگۈن ئاچچىقلانغاندەك.

ــ ئادەتتىكىــ دېدى فارۇق بەي، سەۋەبسىز بىر توقاي نەرسىلەر. تازا ئوقۇپ ئويلانغاندىن كېيىن كاللامنىڭ ئىچىدە قىمىر-قىمىر قىمىرلىشىپ كېتىدۇ.

ــ سەۋەبسىزمىشــ دېدى نىلگۈن.

ــ ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرەلمەيۋاتىمەن ــ دېدى فارۇق بەي ــ ئىش ماڭا قىلىشتىن بۇرۇن، مۇناسىۋەتلەرنى ھادىسىلەرنىڭ ئۆزى قۇرۇپ چىقىسكەن دەيمەن، لېكىن ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ. بىرەر سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى تېپىلغاندا، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئەقلىمىنىڭ قۇرۇپ قويغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇ چاغدا ھادىسىلەر قۇرقۇنچلۇق قۇرتلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. بوشلۇقتا ساڭگىلاپ قالغاندەك، مېڭەمنىڭ ئىچىدە قىمىرلىشىپ كېتىدۇ...

ــ سېنىڭچە نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇۋاتقاندۇ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ گېپىمگە قۇلاق سال ــ دېدى فارۇق بەي، ــ بۈگۈن چۈشەنگەندەك قىلىمەن: ھاياتىمىزنى، تارىخىمىزنى ئۆز پېتى كۆرەلەش ئۈچۈن مېڭىلىرىمىزنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

ــ قانداق قىلىپ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ قانداقلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن ــ دېدى فارۇق بەي ــ لېكىن مېڭىلىرىمىز توختىماي ھېكايە ئىزدەيدىغان ۋە يەيدىغان ئاچپاقلارغا ئوخشايدۇ. بۇ ھېكايەخۇمارلىقتىن قۇتۇلىشىمىز كېرەك! شۇ چاغدا ئەركىن بولالايمىز، دۇنيانى ئەسلى پېتى كۆرەلەيمىز ئۇ چاغدا!! چۈشىنىۋاتامسەن؟

ــ ياق!

ــ بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ بىر يولى چوقۇم بار، لېكىن تاپالمايۋاتىمەن شۇ!ــ دېدى فارۇق بەي.

ــ ئىزدە، تاپ!ــ دېدى نىلگۈن.

فارۇق بەي دەسلەپ بىر نېمە دېمىدى، كېيىن ئىستاكاندىكىنى گۈپپىدە ئىچىۋەتتى ۋە بىردىنلا،

ــ قېرىپ كەتتىم ــ دېدى.

جىمىپ قېلىشتى: بۇ نۆۋەت گەپلىرى بىر يەردىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، گەپلىرى بىر يەردىن چىققان ئىشنىڭ گەپلىرىنىڭ زادى بىر يەردىن چىقمايدىغانلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشكەنلىكلىرى ئۈچۈن مەمنۇندەك قىلىشاتتى. ئىككى كىشى بىللە لام ــجىم دېمەي جىم ئولتۇرساق، بۇ خىل سۈكۈت بەزىدە بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشتىن مەنىلىكرەك بولىدۇ. شۇنداق بىرسى بولغان بولسىدى، مېنىڭمۇ شۇنداق بىر ئاغىنەم بولغان بولسا...

ــ فارۇق بەي ــ دېدىم ــ مەن قەھۋەخانىغا بېرىپ كېلەي، بىرەر نەرسە لازىممۇ؟

ــ نېمە؟ــ دېدى ــ رەھمەت رەجەپ.

باغقا چىقتىم، ئوت-چۆپلەرنىڭ سۆرۈنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە باغنىڭ ئىشىكىدىن چىقار-چىقمايلا قەھۋەخانىغا بارمايدىغانلىقىمنى كۆڭلۈم تۇيدى. جۈمە كۈنى ئاخشاملىرى بەك بىسىق بولۇپ كېتىدۇ، بۈرۈنقىدەك جىلچىلىككە چىداپ تۇرالايدىغاندەك قىلمايمەن، بارمايلا قويغاي بولدى. شۇنداقتىمۇ مېڭىۋەردىم، ھېچكىمگە، لاتارىيە سېتىۋاتقان ئىسمايىلغىمۇ كۆرۈنمەستىن تاكى قەھۋەخانىنىڭ قېشىغىچە ماڭدىم، يورۇق تۇرغان دەرىزىلىرىدىن غىپپىدە ئۆتۈپ پىرىستانغا چىقتىم، ھېچكىم يوق ئىدى، ئولتۇردۇم، دەرەخلەرگە چىگىپ قويۇلغان رەڭلىك لامپىلارنىڭ سۇدىكى شولىلىرىنىڭ تەۋرىنىشلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئويلىدىم؛ خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئورنۇمدىن تۇردۇم، دۆڭگە چىقىپ دورىخانىغا قارىدىم: كامال بەي بار ئىكەن، ئۇدۇل تەرەپتىكى ئاشخانىنىڭ يورۇقىغا، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ساندۇيچ يەۋاتقان دەرتسىز كىشىلەرگە سەپسالغاچ پۈكەيدە ئولتۇراتتى. مېنى كۆرمىدى. ئاۋارە قىلماي! ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ۋە سالام سائەتمۇ قىلىشماي، تېز-تېز ئۆيگە قايتتىم. باغنىڭ ئىشىكىنى تاقىغاندىن كېيىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۇ قېتىدا ئۇلارنى كۆردۈم، بالكوندىكى كىچىك لامپىنىڭ غۇۋا يورۇقى ئاستىدا: بىرسى ئۈستەل بېشىدا، يەنە بىرى ئۈستەلدىن سەل نېرىدا، ئورۇندۇقنىڭ ئۈنى ئاران-ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغان ئارقا پۇتلىرىنىڭ ئۈستىدە ئالدى-كەينىگە تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى؛ ئاكا-سىڭىل؛ باشلىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىۋالغان ئۇ كۆڭۈلسىز ھايات بۇلۇتلىرىنى ئۇركۈتۈپ قاچۇرىۋەتمەسلىك ۋە يۈرەك باغرىغا تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىك تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مىدىرلاپ كېتىش ۋە شەپە چىقىرىپ قويۇشتىن قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى گويا. ۋە بەلكىم، يۇقىرىدىكى ئوچۇق قاپقاقلارنىڭ ئارقىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئەيىبلىگۈچى ۋە قېرى كۆزلەرنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن. كېيىن ئۇ كۆزلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم، لېكىن ئۇلار مېنى كۆرمىدى: چوڭ خانىمنىڭ خائىن ۋە رەھىمسىز كۆلەڭگۈسى دەرىزىدىن غىل-پال كۆرۈندى، قولىدا ھاسا باردەك قىلاتتى، باغقا ئىزناسى چۈشتى، كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى قاچۇردى، گۇناھتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك. بالكوننىڭ پەلەمپەيلىرىدىن تىنىش چىقارماي چىقتىم.

ــ سەن ھېكايە دېگەن ئۇ نەرسىلەر، ئەسلىدە ھېكايە ئەمەس، ئەمەلىيەت!ــ دېدى نىلگۈن، ــ دۇنيانى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن لازىم نەرسىلەر ئۇلار.

ــ مەن ئۇ ھېكايىلەرنى ۋە ئۇلارغا قارشى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن،ــ دېدى فارۇق بەي، خۇددى غەم بېسىۋالغاندەك.

ــ شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ــ دېدى نىلگۈن، ــ يا سەندە ئۇلاردىنمۇ قىممەتلىكرەك بىرەر ھېكايە بارمىدى؟

ــ مەندە يوق، دېمىسەڭمۇ بىلىمەن!ــ دېدى فارۇق بەي زېرىككەندەك قىلىپــ لېكىن بۇ، باشقا ھېكايىلەرگە ھاياجانلىنىپ ئىشىنىپ قېلىشىم ئۈچۈن بىر سەۋەپ بولالمايدۇ ـ دە!

ــ نېمىشقا؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ پۈتـۈن ھېكـايىلەردىن قۇتۇلـۇپ كېـتىش كېـرەك!ــ دېـدى فـارۇق بەي. بىـر ئـاز ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى.

ــ ئاللاھ خاتىرجەمچىلىك ئاتا قىلسۇن!ــ دېدىمــ مەن كىرىپ ياتاي.

ــ ماقۇلــ دېدى نىلگۈنــ سەن يېتىۋەر رەجەپ، ئۈستەلنى مەن ئەتە ئەتىگەنلىكتە يىغىشتۇرىۋېتىمەن.

ــ ئاندىن مۈشۈك كېلىدۇــ دېدى فـارۇق بەيــ مەن بىلىـپ تـۇرىمەن، تاڭغا يـېقىن كېلىشىدۇ، ماڭا پەرۋامۇ قىلماستىن نومۇسسىزلار.

ئاشـخانىغا چۈشـتۈم، ئىشـكاپتىن قـاق ئالـدىم، تۈنۈگۈنـدىن ئېشـىپ قالغـان ئـازراق بۆلجۈرگەن مۇرابباسىمۇ بار ئىدى، يېنىغا قويدۇم، يۇيۇپ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتىم.

ــ چوڭ خانىم، مېۋىڭىزنى ئەكىردىم.

بىر نېمە دېمىدى. ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم، ئىشـىكنى يېپىـپ پەسـكە چۈشـتۈم، يۇيۇندۇم، ھوجرامغا كىردىم. بەزىدە، ئۆزۈمدە بىر خىل پۇراقنى سېزىمەن. ئۇخلاش كېيىممنى كېيدىم، چىراقنى ئۆچۈردۈم، ئاندىن ئاۋايلاپ دەرىزىنى ئاچتىم ۋە ئورنۇمغا كىردىم؛ بېشىمنى ياستۇققا قويۇپ، تاڭ ئېتىشنى كۈتمەكتىمەن.

تاڭ ئاتقاندا، سەھەر قوپۇپ بىردەم ئايلىنىمەن. ئاندىن بازارغا بـارىمەن، بەلكىم يەنە ھەسەننى ئۇچرىتىپ قالارمەن، ئاندىن بەلكىم باشـقا بىرىنـى ئۇچرىتـارمەن، پاراڭلىشـارمىز، بەلكىم گەپلىرىمگە قۇلاق سالار! ئازراق گەپكە ئۇستا بولغان بولسامچۇ كاشـكى! شـۇ چاغـدا گـېپىمگە قـۇلاق سـالار بـولغىيتتى. فـارۇق بەي، دەيتـتىم ئـۇ چاغـدا، بەك ئىچىـدىغان بـوپ كەتتىڭىـز، بۇنـداق كېتىۋەرسـىڭىز دادىڭىزغـا ئوخشـاش، بوۋىڭىزغـا ئوخشـاش، خـۇدايىم ساقلىسۇن، ئاشقازان يارىسى بولۇپ ئۆلىسىز! ئېسىمگە كەلدى: راسىم ئۆلـۈپ كېتىپتـۇ، ئەتە چۈشـتە نامىزىغـا بـارىمەن؛ چۈشـنىڭ ئىسسـىقىدا جىنازىنىـڭ كەينىـدىن دۆڭگە چىقىمىـز. ئىسمايىل بىلەن كۆرۈشـۈپ قـالارمەن، مەرھابـا ئاكـا، دەيـدۇ، بىـزنىڭكىگە نېمىشقا كېلىـپ تۇرمايسەن؟ يەنە شۇ گەپلەر! ئانام بىلەن يېزىدىكى دادامنىڭ ئىسمايىل بىلەن ئىككىمىزنـى دوختۇرخانىغا ئاپارغان چېغى ئېسىمگە كەلدى. دوختۇر، كىچىـك چېغىـدا تايـاق يەپ پەيـدا بولغان پايپىلىق كېسىلى، دېگەنىدى، ئاندىن، بۇلارنى ئاپتاپقا سېلىپ بېرىڭلار، دېگەنىدى. كىچىكىنىڭ پاچاقلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ بەرسەڭلار ئوڭشىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولسا ئاكىسـىنىڭچۇ، دېگەنىـدى ئانـام. مەن قـۇلىقىمنى دىـڭ تۇتـۇپ ئاڭلاۋاتـاتتىم: ئـۇ ئەمـدى

ساقايمايدۇ، دېگەندى دوختۇر، ئۇ ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق پاكار، كىچىك بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ ماۋۇ دورىلارنى بېرىپ بېقىڭلار، پايدا قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. دورىلارنى يېدىم، لېكىن پايدا قىلمىدى. بىردەم چوڭ خانىمنى ۋە ھاسىسىنى ۋە خائىنلىقىنى ئويلىدىم. ئۇ چىرايلىق ئايال ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا باققالنىڭ دۇكىنىغا كېلەتتى، كەينىدىن قاسساپنىڭ قېشىغا بارسام يەنە ئۇ. بۇ كۈنلەردە يوقاپ كەتتى. بويى ئېگىز، بېلى ئىنچىكە، قاراقۇمچاق! گۈپۈلدەپ خۇشبۇي پۇرايدۇ! . قاسساپنىڭ دۇكىنىدىمۇ. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىدۇ: سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يوقمۇ خانىم، سودىلىقنى ئۆزىڭىز قىلىدىكەنسىز، ئېرىڭىز باي ئەمەسمۇ؟ قىيما ماشىنىسىنىڭ گۆشلەرنى قىيما قىلىشىغا قاراپ تۇرۇشى نېمە دېگەن چىرايلىق! ئويلىما رەجەپ! ئانامۇ قاراقۇمچاق ئىدى. بىچارە ئانام! بىز مۇشۇنداق بولۇپ قالدۇق مانا. مەن يەنە ئۆيدە، قارا، يەنىلا مۇشۇ ئۆيدە. جىق ئويلاپ كېتىپ بارىسەن، ئويلىماي ئۇخلا! ئەتىگەنلىرى خىيالىمغىمۇ كېلىپ قويمايدۇ. ئۇخلىسام! يېنىك ئەسنىدىم ۋە تۈيۈقسىز بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ ھېس قىلدىم: ئەتراپ جىمجىت؛ تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ يوق: غەلىتە! قىش كېچىلىرىگە ئوخشاش. سوغۇق قىش كېچىلىرى ئەندىكىپ كەتكەن چاغلىرىمدا بىرەر ھېكايىنى ئويلايمەن. يەنە ئويلان! گېزىتتىكىلەردىنمۇ؟ ياق، ئانام سۆزلەپ بەرگەن بىرەر ھېكايىنى: بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن، لېكىن دەسلەپكى چاغلاردا بىرمۇ ئوغلى بولمىغانىكەن ۋە پادىشاھ بىرەر ئوغلۇم بولغان بولسىچۇ دەپ ھەسرەت چېكىدىكەن، ئاللاھقا يالۋۇرىدىكەن. بىزگە ئوخشاشمۇ، دەپ ئويلايتتىم ئانام سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، بىزگە ئوخشاش ئوغۇل پەرزەنتلىرى يوقمىكەنتۇق پادىشاھنىڭ؟ ۋاي، بىچارە پادىشاھ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى، ئانامنى، ئىسمايىلنى ۋە ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشكە باشلايتتىم. ھوجرىمىزنى، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى... ئانامنىڭ چۆچەكلىرىدەك بىر كىتابىم بولغان بولسا، ھەرپلىرى چوڭ بولسا، ئوقۇسام، ئوقۇپ ئۇلارنى ئويلاپ ئۇخلاپ قالسام، چۈشۈمدە ئۇلارنى ۋە بىچارە پادىشاھنى كۆرسەم. بەختلىك بولغىيمىدى؟ بەختلىك ئىدى، ھەممىسى بۇرۇنقى ئىشلار. ئادەم چۈشىدە بەختلىك بولىدۇ. بەزىدە قورقۇپمۇ كېتىدۇ. كېرەك يوق، ئەتىسى ئۇ قورقۇنچلۇق چۈشنى ئويلىساڭمۇ سۆيۈنۈپ كېتىسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چۈشتىكى قورقۇنچلارنى ياخشى كۆرىسەن؟ باققالنىڭ دۇكىنىدىكى چىرايلىق ئايالنى خىيال قىلىشنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىسەن. قېنى ئەمسە، چىرايلىق قاراقۇمچاق ئايالنى ئويلا-ئويلا ئۇخلا گۈزەل ئۇيقۇڭنى.

# يىگىرمىنچى باب

كەچلىك تامىقنى يېگەندىن كېيىن، دادام لاتارىيە بىلەتلىرىنى ئېلىپ قەھۋەخانىغا ماڭغاندا، مەنمۇ ئانامغا دەپمۇ قويماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. قەھۋەخانىغا بېرىپ قارىدىم، ھەممەيلەن كەپتۇ، يېڭى كەلگەن ئىككى بالىمۇ بار، مۇستافا ئۇلارغا گەپ قىلىۋاتاتتى. ھېچكىمگە چاندۇرماي ئولتۇردۇم، قۇلاق سالدىم: شۇنداق، دېدى مۇستافا، دۇنيا ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت تەرىپىدىن بۆلۈشۈلمەكچى ۋە يەھۇدىي ماركسىنىڭ دېگەنلىرى يالغان، چۈنكى دۇنيانى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ سىنىپىي كۆرەش دېگەن نەرسىسى ئەمەس، بەلكى مىللەتچىلىكتۇر، ئەڭ مىللەتچى بولغىنى رۇسىيەدۇر ۋە ئۇ جاھانگىردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دۇنيانىڭ مەركىزىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىكەنلىكىنى ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئاچقۇچىنىڭ تۈركىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئاندىن دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىزنى بۆلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، كوممۇنىزىمغا قارشى بىرلىكسەپنى پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن، جاسۇسلارنىڭ قولى بىلەن قانداق قىلىپ « سەن ئاۋۋال مۇسۇلمانمۇ ياكى تۈركمۇ؟ » دېگەندەك تالاش-تارتىشلارنى باشلاپ قويغانلىقىنى چۈشەندۈردى: بۇ جاسۇسلار ھەممە يەردە بار، ئىچىمىزگە سوقۇنۇپ كىرىۋالدى، دېدى، شۇنداق، چاتاق يېرى، ئارىمىزدىمۇ بولۇشى مۇمكىن، دېدى. بىز بىردەم جىم بولۇپ قالدۇق. ئاندىن، مۇستافا، بۇرۇنلاردا قانداق ئىتتىپاقلاشقانلىقىمىزنى ۋە شۇڭا، بىزنى "ۋارۋار تۈركلەر دەسسەپ ئۆتكەن يەردە ئوت-چۆپ ئۈگمەيدۇ" دەپ ھاقارەت قىلغان ساتقىن، تۆھمەتخور، جاھانگىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن قان قۇستۇرالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈردى، مەن خۇددى قىش كېچىلىرىدە خرىستىيانلارنى دىر-دىر تىترەتكەن ئات-تۇياقلىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. كېيىن تۇرۇپلا ئاچچىغىم كەلدى، چۈنكى ھەرىكىتىمىزگە يېڭىدىن قېتىلغان ئۇ ئىككى كالۋا سويىمىنىڭ بىرسى مۇنداق دېدى:

ــ ئۇنداقتا ئاكا، بىزنىڭمۇ نېفىتلىرىمىز چىقسا، بىزمۇ ئەمدى ئەرەپلەردەك باي بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ كېتەمدۇق؟

خۇددى ھەممە نەرسە پۇل بىلەن، ماددا بىلەن بولىدىغاندەك! لېكىن مۇستافا سەۋرچان ئىدى، يەنە چۈشەندۈردى، مەن قۇلاق سالمىدىم، بىلىمەن بۇلارنى، مەن يېڭى كەلدىلەردىن

ئەمەس ئەمـدى. ئـۇ يەردە بىـر گېزىـت تـۇراتتى، ئالـدىم، ئوقـۇدۇم، خىزمەتچـى قوبـۇل قىلىدىغانلارنىڭ ئېلانلىرىغىمۇ كۆز يۈگۈرتتۈم. ئانـدىن مۇسـتافا ئۇلارغـا كەچـتە كېلىشـنى ئېيتتـى. ئۇلارمـۇ ئىنتىزامنىـڭ شەرتسـىز ئىتـائەت قىلىـش ئىكەنلىكىنـى بىلىۋالغـانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھۆرمەت سالىمى بېرىپ كېتىپ قېلىشتى.

ـ بۈگۈن ئاخشام خەت يازامدۇق؟ـ دېدىم.

ـ شۇنداق ـ دېدى مۇستافا ـ تۈنۈگۈن كېچە يازدۇق، سەن قەيەردە ئىدىڭ؟

ـ ئۆيدە ئىدىم ـ دېدىم ـ دەرس تەكرارلىدىم.

ـ دەرس تەكرارلىدىڭمۇ؟ـ دېدى سەردار ـ ياكى ماراقچىلىق قىلدىڭمۇ؟

سەت ھېجايدى. مەن بۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمايمەن، لېكىن مۇستافا خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ قورقتۇم.

ـ بۈگـۈن ئەتىـگەن سـاھىلدا تۇتۇۋالـدىم بـۇنى ـ دېـدى سـەردار ـ بىـر قىزنـى ماراۋاتقانىكەن، ئۇ بىر باينىڭ قىزىكەن، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. تاغىقىنىمۇ ئوغۇرلىۋاپتۇ.

ـ ئوغۇرلاپتىمۇ؟

ـ ماڭا قارا سەردار ـ دېدىم ـ مېنى ئوغرى دېمە، ھېلى سەتلىشىپ قالىمىز.

ـ ئۇنداق بولسا ئۇ تاغاقنى ساڭا ئۇ قىز بالا بەردىمۇ؟

ـ شۇنداق ـ دېدىم ـ ئەلۋەتتە ئۇ بەردى.

ـ ئۇنداق بىر قىز ساڭا نېمىدەپ تاغاق بەرسۇن؟

ـ سېنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئەقلىڭ يەتمەيدۇ.

ـ ئوغۇرلىغان گەپ ـ دېدى ـ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ بۇ كالۋا، ئوغۇرلاپتۇ.

غۇزژىدە ئاچچىغىم كەلدى. يانچۇقۇمدىن ھەر ئىككى تاغاقنى چىقاردىم.

ـ قاراپ باق ـ دېدىم ـ بۈگۈن يەنە بىر تاغاق بەردى، يەنە ئىشەنمەمسەن؟

ـ كۆرۈپ باقاي ـ دېدى سەردار.

ـ ئاله ـ دېدىم، قىزىل تاغاقنى ئۇزاتتىم ـ قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئەتىگەن بىلىپ قالغانسەن، ئىنشائاللاھ!

ـ يېشىل تاغاققا ئوخشمايدىكەن بۇ تاغاق ـ دېدى ـ بۇ ئۇ قىز ئىشلەتكۈدەك نەرسە ئەمەس!

ـ ئىشلەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ـ دېدىم ـ سومكىسىدا بۇنىڭدىن يەنە بىر تال بار.

ـ دېمەك، بۇنى ساڭا ئۇ بەرمىدى ـ دېدى.

ـ نېمىشقا؟ـ دېدىم ـ بىر خىل تاغاقتىن ئىككىسى بولسا بولمامدىكەن؟

ــ بايقۇش، ــ دېدى سەردار، ــ ئاشىق بولۇپ كاللىسىدىن كېتىپتۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ــ ئۇ قىزنى تونۇيدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ــ دەپ ۋارقىرىدىم.

ــ كىم قىز بۇ؟ــ دېدى مۇستافا بىردىنلا.

ھەيران قالدىم، دېمەك مۇستافا گەپلىرىمىزنى ئاڭلاۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدىم.

ــ بىر باينىڭ قىزىغا ئاشىق بوپتۇ بۇ، ــ دېدى سەردار.

ــ شۇنداقمۇ؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ ئەھۋال بەك چاتاق ئاكا!ــ دېدى سەردار.

ــ كىم قىز بۇ؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ چۈنكى قىزنىڭ تاغاقلىرىنى ئوغۇرلاۋاتىدۇ، ــ دېدى سەردار.

ــ ياق!ــ دېدىم مەن.

ــ نېمىگە ياق؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ ماڭا ئۇ بەردى بۇ تاغاقنى!

ــ نېمىشقا بەردى؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ مەنمۇ بىلمىدىم، ــ دېدىم، ــ بەلكىم سوۋغات دەپ بەرگەندۇ.

ــ كىم قىز بۇ؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ ئۇ ماڭا بۇ يېپىشلىق تاغاقنى سوۋغا قىلغاندا، ــ دېدىم، ــ مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر نەرسە سوۋغا قىلىشنى ئويلىدىم ۋە بۇ قىزلىقنى ئالدىم. لېكىن سەردار دېگەندەك، بۇ قىزلىق، شۇنداق، ناچارراق تاغاق ئىكەن، ئۇ يېپىشلىقنىڭ خېلى ئەمەسكەن.

ــ ھەر ئىككىسىنى ساڭا ئۇ بەرگەن ئىدىغۇ؟ــ دېدى سەردار.

ــ كىم قىز بۇ، سەندىن سوراۋاتىمەن، ــ دەپ ۋارقىرىدى مۇستافا.

ــ كىچىك چېغىمدا تونۇيتتۇم!ــ دېدىم خىجىل بولغان ھالدا، ــ مەندىن بىر ياش چوڭ!

ــ تاغىسى مالايلىق قىلىدىغان ئائىلىنىڭ قىزىكەن، ــ دېدى سەردار.

ــ شۇنداقمۇ؟ــ دېدى مۇستافا، ــ گەپ قىلە!

ــ شۇنداق، ــ دېدىم، ــ تاغام ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدۇ.

ــ ئۇ باينىڭ قىزى ساڭا تۈرۈپ-تۈرۈپ تاغاق سوۋغات قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ سوۋغا قىلسا بولمامدۇ؟ــ دېدىم، ــ ئۇنى تونۇيمەن دەيمەن.

ــ سەن ئوغۇرلۇق قىلىۋاتامسەن، دۈت گۆي!ــ دەپ بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى مۇستافا.

ھەيران قالدىم: ھەممە ئادەم ئاڭلىغاندۇ. تەرلەپ كەتتىم، ئۇنچىقمىدىم، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ بۇ يەرگە كەلمىسەمچۇ كاشكى، دەپ ئويلىدىم. ھازىر ئۆيدە بولغان بولسام،

ھېچكىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشالمايتتى؛ باغقا چىقىپ، يىراقلاردىكى چىراقلارغا نەزەر سالاتتىم، يىراقلاپ كېتىۋاتقان جىمجىت كېمىلەرنىڭ كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان چىراقلىرىنى تاماشا قىلىپ ھاياجانلىناتتىم.

– ئوغرىمۇ سەن، گەپ قىل دەيمەن!

– ياق، مەن ئوغرى ئەمەس– دېدىم، ئېسىمگە كېلىپ كۆلدۈم ۋە ئاندىن دېدىم:– ماقۇل، راستىنى ئېيتاي! چاخچاق قىلغانىدىم، نېمە دېيىدىكىن دەپ، ئەتىگەن سەردارغا چاخچاق قىلىپ دەپ قويغان ئىدىم، لېكىن چۈشەنمەپتۇ. شۇنداق، مەن بۇ قىزىل تاغاقنى باققالنىڭ دۇكىنىدىن ئالدىم، خالىغانلار بىرىپ باققالدىن مۇشۇنداق تاغاق بارمۇ دەپ سوراپ باقسا بولىدۇ. بۇ يېشىل تاغاق بولسا ئۈنىڭكى، يولدا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، تېپىۋالدىم، قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ساقلاۋاتىمەن.

– سەن ئۇنىڭ ماليىمىدىك، ئۇنچە ساقلاپ كەتكۈدەك؟

– ياق– دېدىم– دوستىمەن، كىچىك چېغىمىزدا...

– كالۋا گۆي، بايىنىڭ قىزىغا ئاشىق بوپتۇ– دېدى سەردار.

– ياق– دېدىم– ئۇنداق ئەمەس.

– ئۇنداق بولمىساڭ نېمەدەپ ئىشىكى ئالدىدا ساقلايسەن؟

– چۈنكى– دېدىم– خەقنىڭ تاغىقىنى ئېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىسەم، ئۇ چاغدا راست ئوغرى بولۇپ قالمامدىم، شۇڭا.

– بۇ گۆي بىزنى ئۆزىگە ئوخشاش كالۋا چاغلاپ قالغان بولسا كېرەك– دېدى مۇستافا.

– كۆرۈپ تۇرۇپسەن مانا، ئۆلگۈدەك ئاشىق بوپتۇ– دېدى سەردار.

– ياق!– دەۋاتاتتىم مەن.

– ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن كالۋا گۆي!– دەپ بىردىنلا ۋارقىرىدى مۇستافا– نومۇس قىلمىغىنىنى، مەن تېخى بۇ گۆينى ئادەم بولارمىكىن دەپ قاپتىكەنمەن. يېنىمغا كېلىپ ماڭا چوڭراق ئىش تاپشۇر دېسە، بۇنىڭدا ئۈمىد بولسا كېرەك دەپ قاپتىمەن. ھالبۇكى، بايىنىڭ قىزلىرىغا قول بولۇپ يۈرۈپتۇ.

– ئۇنداق ئەمەس!

– نەچچە كۈندىن بېرى چۈشەكەپ يۈرۈۋاتىسەن!– دېدى مۇستافا– تۈنۈگۈن كەچتە بىز خەت يېزىۋاتقاندا، سەن ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدامىدىڭ؟

– ياق.

– بۇنى ئاز دەپ، ئوغرىلىق قىلىپ بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈرىسەن!– دېدى مۇستافا– بولدى بەس! يوقال بۇ يەردىن!

جىم بولۇشتۇق. مەن كاشكى ئۆيدە بولغان بولسامچۇ دەپ ئويلىدىم، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ماتېماتىكا تەكرار قىلغان بولاتتىم ھازىر.

ــ نومۇس قىلماي تېخىچە ئولتۇرغىنىنى!ــ دېدى مۇستافاــ بۇ گۇيىنى كۆرەرگە كـۆزۈم يوق مېنىڭ!

قارىدىم.

ــ كارىڭ بولمىسۇن ئاكا، ئاشۇرۇۋەتمە سەنمۇــ دېدى سەردار.

قارىدىم.

ــ كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار بۇنى، مەن يېنىمدا بايىغا ئاشىق بولغـان ئادەمنىـڭ بولۇشـىنى خالىمايمەن.

ــ كەچۈرىۋەتــ دېدى سەردارــ قارا تىترەپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنى ئادەم قىلىمەن، ئولتۇرە مۇستافا.

ــ ياقــ دېدىــ مەن كەتتىم.

ــ راستلا كېتىۋاتاتتى.

ــ بولمايدۇ ئاكاــ دېدى سەردارــ ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك.

مۇستافا ئۆرە تۇرۇپ كەمرىنى ئوينىۋاتاتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىرنـى سـالاي دېـدىم. ئۆلتۈرىـۋېتىمەن ئـۇنى! لـېكىن ئاخىرىـدا، يـالغۇز قـالغۇڭ بولمىسـا، سـېنى خاتـا چۈشـىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىشنى چۈشەندۈرۈشلىك كېرەك.

ــ مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولالمايمەن مۇستافاــ دېدىم.

ــ ئاخشاملىقىقا سىلەر كېلىڭلارــ دېدى مۇستافا ئۇلارغا. ئاندىن ماڭا قاراپ: ــ سەن بۇ يەرلەردە ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، بىز تونۇشمايمىز، كۆرۈشمىدۇق، ئاڭلىدىڭمۇ؟

بىر ئاز ئويلاندىم. ئاندىنــ توختا!ــ دېدىم تۇيۇقسىزلا ئاۋازىمنىڭ تىترەشلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماستىنــ گېپىمگە قۇلاق سال مۇستافا، ئەمدى چۈشىنىپ قالىسەن.

ــ نېمىنى؟

ــ مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولالمايمەنــ دېدىمــ ئۇ قىز كوممۇنىستكەن.

ــ نېمە؟ــ دېدى يەنە بىر قېتىم.

ــ شۇنداقــ دېدىمــ قەسەم قىلىپ بېرەي، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ــ نېمىنى كۆردۈڭ؟ــ دەپ ۋارقىرىدى ۋە بىر قەدەم يېقىنلاشتى.

ــ گېزىتنى، «جۇمھۇرىيەت»نى ئوقۇۋاتاتتى. ھەر كۈنى باققالدىن «جۇمھۇرىيەت» ئېلىپ ئوقۇيدۇ. ئولتـۇر مۇسـتافا، چۈشـەندۈرەيــ دېـدىم ۋە ئـاۋازىم تىتـرەپ كەتمىسـۇن دەپ جىـم بولدۇم.

ــ سەن كالۋا گۈي كومۇنىست قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ-يا؟ــ دەپ ۋارقىرىدى.
ئۇرىدىغان بولدى دەپ قالغانىدىم، ئۇرغان بولسا ئۆلتۈرىۋېتەتتىم.
ــ ياق ــ دېدىم ــ مەن كومۇنىستقا ئاشىق بولمايمەن، ئۇنداق بولغان چېغىمدا تېخى ئۇنىڭ كومۇنىست ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.
ــ قانداق بولغان چېغىڭدا؟
ــ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىممىكىن دېگەن چېغىمدا!ــ دېدىم ــ ئولتۇرە مۇستافا، چۈشەندۈرەي.
ــ ماقۇل ئولتۇراي ــ دېدى ــ يالغان گەپ قىلساڭ بەك سەتلىشىپ قالىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟
ــ ئاۋۋال ئولتۇر، گېپىمگە قۇلاق سال، مىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن، ھەممىنى دەي، بىردەم جىم بولدۇم ۋە :ــ تاماكىدىن بىر تال بېرە!ــ دېدىم.
ــ سەن تاماكا چېكىشكىمۇ باشلىدىڭ؟ــ دېدى سەردار.
ــ ئاغزىڭلارنى يۇمۇپ ماۋۇنىڭغا تاماكا بېرىڭلار!ــ دېدى مۇستافا ۋە ئاخىرى ئولتۇردى.
ياشار تاماكا بەردى ۋە قولۇمنىڭ تىترىگىنىنى كۆرمىدى، چۈنكى سەرەڭگىنى ئۇ ياقتى.
ئاندىن ئۇ ئۇچىنىڭ مىنى قىزىقسىنىپ ساقلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىرئاز ئويلاندىم.
ــ مەن ئۇنى قەبرىستانلىقتا كۆرگەن چېغىمدا دۇئا قىلىۋاتاتتى ــ دەپ باشلىدىم ــ ئۇنى بايلارنىڭ ئەركە ــنايناق قىزلىرىغا ئوخشىمايدىكەن دەپ ئويلىدىم، چۈنكى بېشىنى ئورىۋالغان بولۇپ، قوللىرىنى مومىسى بىلەن بىللە ئاللاھقا قانداق كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى...
ــ نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ؟ــ دېدى سەردار.
ــ جىم تۇرە!ــ دېدى مۇستافا ــ قەبرىستانلىقتا نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭ؟
ــ بەزىدە ئۇ يەرگە گۈل قويۇپ قويىشىدۇ ــ دېدىم ــ دادام ئاخشاملىرى چىققان چاغدا ياقىسىغا سېرىنگۈل تاقىۋالسا قەھۋەخانىدىكىلەر لاتارىيە بىلەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئالىدىكەن، بېرىپ قاراپ باق دەپ ئەۋەتىدۇ بەزىدە.
ــ بوپتۇ!
ــ گۈل بارمىكىن دەپ بارغان چېغىمدا، دادىسىنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئۇنى كۆردۈم. بېشىنى يۆگەپتۇ ۋە ئالالاھقا دۇئا قىلىۋاتاتتى.
ــ يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ!ــ دېدى سەردار ــ ئۇ قىزنى ئەتىگەن ساھىلدا كۆردۈم، قىپيالىڭاچ ئىدى.
ــ ياق، سۇ ئۈزۈش كىيىمى بار ئىدى ــ دېدىم ــ لېكىن قەبرىستاندىكى چاغدا تېخى ئۇنىڭ بۇنداقلىقىنى بىلمەيتتىم.

ــ بوپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ قىز كومۇنىستمۇ؟ــ دېدى مۇستافاــ ياكى سەن مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسەن؟

ــ ياقــ دېدىمــ شۇنداق. دەۋاتىمەنغۇ... ئۇنى ئۇ يەردە دۇئا قىلىۋاتقان چېغىدا كۆرۈپ، مەن ئازراق، ئېتىراپ قىلىمەن، ھەيران قالدىم، چۈنكى كىچىك چېغىدا ئۇنداق ئەمەستى. بۇ قىزنىڭ كىچىك ۋاقتىنى بىلىمەن. يامان ئەمەس قىز ئىدى، لېكىن بەك ياخشىمۇ دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇلارنى سىلەر بىلمەيسىلەر. مۇشۇنداق ئويلا ـ ئويلا مېنىڭمۇ سەل كاللام قالايمىقانلاشتى. بىلگۈم كېپقالدى قانداقراق ئادەم بولغاندۇ دەپ. شۇنداق قىلىپ ئارقىسىغا چۈشتۈم، ئۇنى كۈزىتىشكە باشلىدىم، ھەم بىر ئاز كۆڭۈل ئاچاي دەپ...

ــ بىكار تەلەت، نانقېپى!ــ دېدى مۇستافا.

ــ ئاشىق بولغان گەپ شۇ!ــ دېدى ياشار.

ــ جىم تۇر!ــ دېدى مۇستافا ئۇنىڭغاــ كومۇنىست ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟

ــ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرگەنده‍ــ دېدىمــ ياق! ھازىر ئەگەشمەيۋاتىمەن. شۇ چاغدا، تاسادىپىي، ئۇ مەن كوكا ـ كولا ئىچكەن باققالنىڭ دۇكىنىغا كىردى ۋە «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدىن بىرنى ئالدى. شۇنىڭدىن بىلدىم.

ــ يالغۇز مۇشۇنىڭدىنلا بىلدىڭمۇ؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ ياق، پەقەت بۇنىڭدىنلا ئەمەســ دېدىمــ بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن داۋام قىلدىمــ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدىن بىرنى ئالىدۇ، باشقا گېزىت ئالمايدۇ. باشتا ئېرەنسىمەپتىمەن، كېيىن، بۇ يەردىكى باشقا باي باللىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتتۇ.

ــ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ بىر «جۇمھۇرىيەت» گېزىتى ئېلىۋاتاتتىــ دېدى مۇستافاــ ۋە سەن بۇنى بىزدىن يوشۇرۇۋاتاتتىڭ، چۈنكى سەن تېخىچە ئۇ قىزغا ئاشىقتىڭ ۋە كەينىدىن ماراپ يۈرەتتىڭ، شۇنداقمۇ؟

ــ ياقــ دېدىمــ «جۇمھۇرىيەت»نى بۈگۈن ئەتىگەن ئالدى.

ــ يالغان گەپ قىلما، چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەنــ دېدى مۇستافاــ ھەر كۈنى ئەتىگەندە «جۇمھۇرىيەت» تىن ئالىدىغانلىقىنى تېخى باياتىن دېدىڭ.

ــ ھەر كۈنى ئەتىگەندە باققالغا كېلەتتى ۋە ئۇ يەردىن بىر نەرسىلەرنى ئالاتتى، لېكىن نېمە ئالىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيدىغان تۇرسامــ دېدىمــ ئالغان نەرسىنىڭ «جۇمھۇرىيەت" ئىكەنلىكىنى بۈگۈن ئەتىگەن كۆردۈم.

ــ يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇــ دېدى سەردار.

ــ مەنمۇ ئۇقمىدىم ــ دېدى مۇستافا ــ سەل تۇرۇپ ئادەم بولغانغا تويغۇزىمەن. كومۇنىست ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ. بۇ تاغاقلار زادى قانداق گەپ؟ راست گەپ قىل.

ــ مەن دەي ــ دېدىم ــ بىرسىنى مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەندە چۈشۈرۈپ قويىدى. شۇ چاغدا يەردىن ئالدىم. ئوغۇرلىمىدىم... يەنە بىرسى بولسا ئانامنىڭ تاغىقى، قەسەم قىلىپ بېرەي.

ــ ئاناڭنىڭ تاغىقىنى نېمىدەپ يېنىڭدا ئېلىپ يۈرىسەن؟

تاماكىنى يەنە بىر شورىدىم ۋە بۇلارنىڭ مەن نېمىلا دېمەي ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە گەپ-سۆز قىلماي تۇرۇۋالدىم.

ــ ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن!ــ دېدى.

ــ ماقۇل ــ دېدىم ــ لېكىن ئىشەنمەيۋاتسىڭلار، قەسەم قىلىمەنكى راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ھەئە، بۇ قىزىل تاغاق ئانامنىڭ ئەمەس، باياتىن خىجىل بولۇپ ئانامنىڭ تاغىقى دەپ قويغانىدىم. بۇ قىزىل تاغاقنى، ئۇ بوۋكۈن باققالدىن ئالدى.

ــ كېيىنچە بىلەن بىللىمۇ؟

ــ كېيىنچە بىلەن بىللە، باققالدىن سوراپ بېقىڭلار.

ــ ئاندىن، شۇنداق قىلىپ ئۇ تاغاقنى ساڭا بەردى؟

ــ ياق!ــ دېدىم، بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن دېدىم:ــ ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزىل تاغاقنى مەنمۇ بىرنى ئالدىم.

ــ نېمىشقا؟ــ دەپ ۋارقىرىدى مۇستافا.

ــ نېمىشقا؟ــ دېدىم ــ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟

ــ ئاغزىڭغا بىر سالىدىكەنمەن ما گۈيىنىڭ! ــ دېدى سەردار.

ــمۇستافا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆرگىلىكىنى كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم، لېكىن مۇستافا ۋارقىراۋاتاتتى.

ــ ئاشىق بولغانلىقىڭ ئۈچۈنمۇ كالۋا گۈي؟ كومۇنىست ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭ، سەن جاسۇسمۇسەن؟

نېمە دېگەن بىلەن بۇ ئىشەنمەيدۇ دەپ ئويلاپ بىردەم جىم تۇردۇم، لېكىن شۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىكى، يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرەي، ئۇ كومۇنىستقا ئاشىق ئەمەسلىكىمنى بىلىپ قالسۇن دېدىم. تاماكىنى يەرگە تاشلاپ كۆڭلى خاتىرجەم كىشىلەردەك ئالدىرىماي ئۈستىگە دەسسەپ ئۆچۈردۈم. ئاندىن قىزىل تاغاقنى سەردارنىڭ قولىدىن ئالدىم، ئازراق ئىگىپ قاتلىدىم، تولغىدىم ۋە دېدىم:

ــ 25 لىراغا بۇنداق چىرايلىق تاغاق تاپالىساڭ، سەنمۇ ئالماي قويمايتتىڭ.

ــ ئاللاھ جاجاڭنى بەرسۇن، قاپاقباش يالغانچى!ــ دەپ ۋارقىرىدى مۇستافا.

شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ زۇۋانىمنى ئۈچۈردۇم. مېنىڭ ئەمدى سىلەر بىلەن پاراڭلاشقۇم يوق، ئەپەندىلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ مەيلى مېنى ئاراڭلارغا ئېلىڭلار ياكى ئالماڭلار، مەن سەل تۇرۇپ ئۈيگە كېتىمەن. بىرىپ ماتېماتىكا دەرسىمنى تەكرار قىلىمەن، كېيىن بىر كۈنى، ئۇسكۇدارغا بارىمەن، ماڭا چوڭراق ئىش بېرىڭلار دەيمەن: جەننەتھەسارلىقلار بىر-بىرىنى سەن جاسۇس، دېيىشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايۋاتىدۇ، ماڭا چوڭ بىر ۋەزىپە بېرىڭلار! سەل تۇرۇپ ئۈيگە كېتىمەن؛ ئەمدى يېرىمى قالغان گېزىتنى ئوقۇۋېتەي. ئاچتىم، ئۇلارغا پىسەنت قىلماي گېزىت ئوقۇشقا باشلىدىم...

ــ قانداق قىلىمىز ئەپەندىلەر؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ ھېلىھەم «جۇمھۇرىيەت" گېزىتى سېتىۋاتقان باققالنىمۇ؟ــ دېدى سەردار.

ــ ياق،ــ دېدى مۇستافا،ــ باققالنى دېمىدىم. ماۋۇ دۆت كوممۇنىست ئاشىقىنى قانداق قىلىمىز دەيمەن.

ــ كەچۈرىۋەت ئاكا،ــ دېدى سەردار،ــ كۆڭلۈڭگە ئالما، دېمىسىمۇ پۇشايمان قىلدى.

ــ يەنى كارىمىز بولمىسۇن، بىرىپ كوممۇنىستلارغا يەم بولسۇن، دېمەكچىمۇ؟ــ دەپ ۋارقىرىدى مۇستافا،ــ ھازىرلا پالاقشىپ بىرىپ ئۇ قىزغا ھەممە گەپنى يەتكۈزىدۇ بۇ.

ــ تازا بىر دۇمبالايلىمۇ؟ــ دەپ كۈسۈلدىدى سەردار.

ــ كوممۇنىست قىزنى ھېچنېمە قىلالمامدۇق؟ــ دېدى ياشار.

ــ ئۇسكۇداردىكى قىزغا قىلغاندەك قىلايلى ئۇنى.

ــ باققالغىمۇ ئوبدانراق ساۋاق بېرىپ قويۇش كېرەك،ــ دېدى سەردار.

كۈسۈلدىشىپ پاراڭلىشىشتى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ تۇزلادا بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە قىلغان ئەتكەنلىرىنى سۆزلىشىشتى ۋە مېنى دۆت، كالۋاغا چىقىرىپ بىر نىمىلەرنى دېيىشتى ۋە «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنى ئوقۇغان بىر قىزنى ئۇسكۇداردا كېمىدىن ساڭگىلىتىپ قويۇپ قانداق سۈرەتكەنلىكىنى سۆزلىشىشتى، ئاندىن يەنە بىر ھازا پاراڭلىشىشتى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدىم: گېزىت ئوقۇۋاتىمەن، كەسپىي ۋە تەجرىبىلىك شوپۇر ئەمەسمەن، ئىنگلىزچە بىلىدىغان تېلېگرامما مەشغۇلاتچىسى بولالمايمەن، ئالىيۇمىندىن دەرىزە قاپقاقلىرى ياساشتا تەجرىبەم يوق، كۆزەينەكتىن خەۋەردار دورىخانا باشقۇرغۇچىسى، تېلېفونىست، ئەسكەرلىكتىن قايتقان توك رېمونتچىسى، ئىشتانلارغا بەلۋاغ تىكەلىگۈدەك ماشىنىچىمۇ ئەمەس مەن، دەۋاتاتتىم، ئاللاھ قەھىر قىلسۇن، لېكىن مەن يەنىلا ئىستانبۇلغا كېتىمەن بىر كۈنى، چوڭ بىر ئىش قىلغان چېغىمدا، شۇنداق، شۇ چوڭ

ئىش توغرۇلۇق ئويلانىدىم ۋە زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، يەنە گېزىتنىڭ باش بېتىگە قارىغۇم كەلدى، چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدا، ئۆز ئىسمىمنى كۆرمەكچى بولغانلىقىم ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىمنى شۇ يەردىن تاپماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن بەلكىم، لېكىن گېزىت يىرتىلىپ كەتكەنىدى، باش بەتنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتاتتىم؛ گېزىتنى ئەمەس خۇددى ئۆز كەلگۈسىمنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتىم. قوللىرىمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتىم، دەل شۇ چاغدا مۇستافا ماڭا قاراپ گەپ قىلىۋېتىپتۇ:

ــ ساڭا دەۋاتىمەن لەقۋا گۇي!ــ دەپ ۋارقىرىدى ــ بۇ قىز بالا قانداق چاغدا بارىدۇ باققالغا؟

ــ ھە؟ــ دېدىم ــ ساھىلدىن يېنىپ.

ــ دۆت! مەن ئۇنىڭ ساھىلدىن قانداق چاغدا يانىدىغانلىقىنى نېمە بىلىمەن!

ــ توققۇز، توققۇز يېرىملاردا ساھىلغا بارىدۇ.

ــ ئۆز پوقۇڭنى ئۆزۈڭ تازىلايسەن.

ــ ماقۇل ــ دېدى ياشار ــ ئۇ قىز بالىنى تازا سالسۇن.

ــ ياق، ئۇرمايدۇ!ــ دېدى مۇستافا ــ ئۇ قىز سېنى تونۇيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە!ــ دېدىم ــ سالام-سائەت قىلىشىمىز.

ــ قاپاقباش!ــ دېدى مۇستافا ــ تېخىچە ماختىنىۋاتىدۇ.

ــ شۇنداق ــ دېدى سەردار ــ شۇڭا ئۇنى كەچۈرىۋەت دەۋاتىمەن.

ــ ياق!ــ دېدى مۇستافا ــ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! ماڭا قارىدى ــ گېپىمگە قۇلاق سال! ئەتە مەن توققۇز يېرىمدا ئۇ يەرگە بارىمەن. مېنى ساقلاپ تۇرىسەن! قايسى باققال ئىدى ئۇ، ماڭا كۆرسىتىسەن! قىزنىڭ «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنى ئالغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي.

ــ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالىدۇ!ــ دېدىم.

ــ ئاغزىڭنى يۇم!ــ دېدى ــ ئالسا ساڭا شەرەت قىلىمەن. سەن بېرىپ ئاۋۋال قىزنىڭ قولىدىن گېزىتنى تارتىۋالىسەن. بۇ يەرگە كومۇنىستلارنى كىرگۈزمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتىسەن. ئاندىن تارتىۋالغان گېزىتنى يىرتىپ يۈزىگە ئاتىسەن. كىلىشتۇقمۇ؟

لام-جىم دېمىدىم.

ــ كېلىشتۇقمۇ؟ــ دېدى ــ قۇلىقىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلىدىمۇ؟

ــ ئاڭلىدى ــ دېدىم.

ــ ئاپىرىن ــ دېدى ــ سەندەك قاپاقباش چاكالىنىڭمۇ، مەن، كومۇنىستلارغا پەقەت ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن پوستىنى قالدۇرىمەن! كۆزۈم بۇنىدىن كېيىن، داۋاملىق سەندە بولىدۇ. بۈگۈن ئاخشاملىققىمۇ، بىز بىلەن خەت يېزىشقا چىقىسەن! ئۆيگە قايتىمەن دەپ خام خىيال قىلما!

مۇستافانى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كەلدى! لېكىن، ئۆزۈڭگە ئىش تېرىۋالىسەن ھەسەن! بىر نەرسە دېمىدىم. كېيىن يەنە بىر تال تاماكا سورىدىم، بېرىشتى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

جۇنەيت تۈيۈقسىزلا دەرىزىنى ئاچتى ۋە قاراڭغۇلۇققا قاراپ، ھەممە ئۇقۇتقۇچىلار ساراڭ، دەپ ۋارقىرىدى، ھەممە ئوقۇتقۇچىلار، ھەممە مۇئەللىملەر، دەپ ۋارقىراۋاتاتتى، گۈلنۇر قاقاھلاپ كۈلدى ۋە تەڭشىلىپ قاپتۇ بۇ، دېدى، ئۇچۇۋاتىدۇ، كۆردۈڭلارمۇ باللار، دەۋاتاتتى ۋە جۇنەيتمۇ ھەزىلەكلەر، بۇ يىل مېنى قاراپ تۇرۇپ ئۆتكۈزمىدى، سەنلەرنىڭ مېنىڭ ھاياتىم بىلەن ئوينىشىدىغانغا نېمە ھەققىڭ بار ئىدى، دەپ ۋارقىراۋاتاتتى ۋە بىردىنلا فۇندا بىلەن جەيلان يېتىپ كەلدى، ئۇششىشت، جۇنەيت، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن بۇ چاغ بولغاندا، قارا كېچە سائەت ئۈچ بولدى، دېيىشتى، قوشنىلار، ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتىدۇ، دەۋاتاتتى، قوشنىلارنىڭ ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، دېدى جۇنەيت، مېنى قويىۋەت ئاچا، قوشنىلارمۇ مۇئەللىملەر بىلەن بىر، دېدى ۋە جەيلان، ساڭا ئەمدى يوق بۇنىڭدىن، دېدى ۋە جۇنەيتنىڭ قولىدىن نەشە قوشۇلغان تاماكىنى تارتىۋالماقچى بولدى، لېكىن جۇنەيت بەرمىدى ۋە ھەممەيلەن پۈتۈن چەكسە ھېچگەپ يوق، مەن چەكسەم بولمامدىكەن، دېدى ۋە فۇندا غەلىتە مۇزىكا ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭدا ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ۋارقىراپ تۇرۇپ، ئۇنداق بولسا يىغ زۇۋانىڭنى، دېدى، ۋارقىرىما، بولامدۇ ۋە جۇنەيتمۇ بىردىنلا جىم بولدى ۋە گويا پۈتۈن ئۆچمەنلىكىنى ۋە غەزىپىنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالغاندەك بولدى ۋە قۇلاقلىرىمنى پاك قىلغۇدەك چىقىۋاتقان پوپ مۇزىكىسىغا كەلتۈرۈپ تولغىنىشقا باشلىدى، ئاندىن تۇرانىنىڭ دىسكوخانىغا ئوخشىتىپ ئورنىتىۋالغان يېنىپ-ئۆچۈپ تۇرغان رەڭلىك چىراقلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كېتىشتى ۋە مەن جەيلانغا قارىدىم، لېكىن بەك غەمكىندەك قىلمايتتى، چىرايلىق ئىدى، تاتلىق كۈلۈمسىرەۋاتاتتى، ھەم كۆڭلۈم سۇنۇق، ھەم غەمكىن، ئاللاھىم، مەن بۇ قىزنى ياخشى كۆرىمەن، نېمە قىلىشىم كېرەك بىلمىدىم، ماڭا ياردەم قىل، ھالىم نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق، مەنمۇ، ئاشىق بولۇپلا توي قىلىشنى پىلانلىغان بىچارە، ئىرادىسىز، دانخورەك باسقان، ياش تۈرك ئاشىقلارغا ئوخشاش كۆڭگە قالارمەنمۇ ئاخىرى، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ شەھۋەتپەرەسلىرىگە ئوخشاش، ئۇلار قىزلارنى خورلىشىدۇ، لېكىن كېيىن، تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپ ئىشقى-مۇھەببەت شېئىرلىرىنى ياغدۇرۇپ ھەممە ئادەمدىن مەخپىي تۈتىدىغان ھۆججەت سومكىلىرىنىڭ ئىچىگە بۇ خىل بىچارە تۈيغۇلار بىلەن تولۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى

يوشۇرۇپ قويدۇ، ئاندىن ئوغۇل بالا بولۇشنىڭ خاتىرجەملىكى بىلەن كىلىپ ساڭا پو ئاتىدۇ، بولدى بەس، ئويلىما مەتىن، يىرگىنىشۋاتىمەن ھەممىسىدىن، مەن، ھىچقاچان ئۇلاردەك بولمايمەن، مەن سوغۇققان بىر خەلقئارالىق باي، شاپاقچى بولىمەن، شۇنداق، شۇنداق، گىزىتلەردە كونتىس دې روچفولتىبىن بىلەن رەسىملىرىم ۋە كىيىنكى يىلى ئامىرىكىدىكى بۈيۈك تۈرك فىزىكا ئالىمىنىڭ شەخسى تۇرمۇشى خەۋەر قىلىنىدۇ، "زامان" ژورنىلى بىزنى پالانى خېنىم بىلەن ئىتالىيەنىڭ تاغلىرىدا قولتۇقلىشىپ يۈرگەنلىكىمىزنى ئاشكارىلايدۇ ۋە كۆك ئاسمان ساياھىتى ئۈچۈن شەخسى ساياھەت كىمەم بىلەن تۈركىيەگە كەلگەن چىغىمدا مېكسىكىلىق نىفىت ماگىناتىنىڭ گۈزەل يالغۇز قىزى ــ ئۈچىنچى ئايالىم بىلەن «ھۈررىيەت»نىڭ باش بىتىگە بېسىلغان يوغان رەسىمىمنى كۆرگىنىڭدە سەن، جەيلان، مەن مەتىننى ياخشى كۆرىمەن، دەپ قالارسەنمۇ كۆرىمىز، ئۇ چاغدا، ۋاي خۇدايىم، ئەجەپ جىق ئىچىتىم ۋە جەيلانغا قارىدىم ۋە نەشە تەسىرىدە خامۇشلاشقان گۈزەل چىرايىغا قاراۋىتىپ، بىردىنلا خۇدىنى يوقىتىپ قايناپ كېتىشكەن كىشىلەر توپى ئىچىدىن بىرىنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ۋاي خۇدايىم، ئەمدى ھۆۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن ۋە نىمىشقىكىن، مىنىڭمۇ ھۆركىرىگۈم، ۋارقىرىغۇم كەلدى ۋە مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ۋارقىراۋاتىمەن، دەسلەپ مەنىسىز بىر كاكىراش چىقتى بوغۇزۇمدىن، ئاندىن ئامالسىز قالغان ھايۋانغا ئوخشاش ھۆركىرەۋاتاتتىم بىردىنلا گۈلنۇر، سەن جىم تۇر مەتىن، دىدى، ئاغزىڭنى يۇم، سىنىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇشقا ھەققىڭ يوق، دىدى ۋە قولىدىكى موخۇركىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سەن چەكمىدىڭ دىدى ۋە مەنمۇ تىخى چاخچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ كۈلۈمسىرىدىم ۋە ئاندىن، ئىغىر-بېسىقلىق بىلەن دىدىمكى، مەن بىر شىشە ۋىسكىينى ئىچىپ بولدۇم، ماقۇلمۇ دوستۇم، سىلەرنىڭ بۇ قاملاشمىغان نەشە ئارىلاشتۇرغان موخۇركاڭلاردىن جىقراق نەرسە بار بىر شىشە ۋىسكىنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ ئەمەس، ھەممىنى ئۆزۈم تۈگەتتىم، لىكىن گىپىمگە قۇلاق سالمىدى، توخۇ يۈرەك گۇي، لايغەزەل، نىمىدەپ چەكمەيسەن، ھىچبولمىسا تۇراندىن بولسىمۇ خىجىل بول، ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە مىڭىشتىن بۇرۇنقى ئاخىرقى كىچىسىنى قالايمىقان قىلىشقا نىمە ھەققىڭ بار، دەۋاتاتتى، مەن، ماقۇل ئۇنداق بولسا، دىدىم ۋە قولۇمنى ئۇزىتىپ قولىدىكى تاماكىنى ئىلىپ، قارا جەيلان، مانا ساڭا ئوخشاش ئىسنى ئىچىمگە تارتىۋاتىمەن، سىنى ياخشى كۆرىمەن ۋە يەنە بىردەم چەكتىم ۋە گۈلنۇر، ھە، مانا مۇنداق دىدى ۋە يەنە بىردەم چىكىپ قايتۇرۇپ بەردىم ۋە شۇ چاغدا گۈلنۇر مىنىڭ ساڭا قاراۋاتقانلىقىمغا دىققەت قىلدى جەيلان ۋە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قارا مەتىن، سىنىڭكىمۇ ئۈچىۋاتىدۇ دىدى، ئۇنىڭغا يىتىشىش ئۈچۈن تىخىمۇ جىق چىكىشىڭ كىرەك دىدى ۋە مەن، جەيلان، سىنى سىنىڭكى دىدى، دەپ ئويلىدىم ۋە گەپ قىلمىدىم ۋە گۈلنۇر،

ئۇنى كەلتۈرەمسەن دېدى ۋە مەن گەپ قىلمىدىم ۋە گۈلنۇر چاققان بولمىساڭ، مەتىن، قارا مانا ماۋۇ يەرگە يېزىپ قويىۋاتىمەن، فىكرەت ئىنىدەككە كەلتۈرىۋالىدۇ دېدى ۋە تىوم ئورالغان تاماكىنىڭ ئۇچى بىلەن يېزىۋاتقاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى ۋە مەن ئۇنچىقمىدىم ۋە ئۇ، فىكرەت قېنى دېۋىدى، قولۇمدىكىنى رومكىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتىم ۋە مەن رومكامغا ھاراق قۇيۇپ كېلەي دېگەن بولۇپ چاتاق چىقمىسۇن دەپ ئۇ يەردىن سۇغۇرۇلۇپ مېڭىۋېدىم گۈلنۇر يەنە بىر قاقاھلاپ كۈلدى ۋە مەن قاراڭغۇدا شىشىنى ئىزدەپ يۈرسەم نەدىن كەلدى زەينەپ بىردىنلا ماڭا ئېسىلدى ۋە كەل، تانسا ئوينايلى دېدى، ئۆتۈنۈپ قالاي مەتىن، قارا مۇزىكىمۇ شۇنداق گۈزەل ۋە ماقۇل دېدىم مەن ئۇ ماڭا ئېسىلىۋېدى، قاراپ قويىۋۇڭلار، مېنى ئەتىدىن كەچكىچە جەيلانى خىيال قىلىپ يۈرىيدۇ دەپ قالماڭلار، مانا قاراڭلار، مەن زەينەپ دېگەن كاۋا بىلەن تانسا ئويناۋاتىمەن، لېكىن بىردەمدىلا ئىچىم سىقىلدى، چۈنكى خۇددى قارنى يېڭىلا تويغان خاتىرجەم مۈشۈككە ئوخشاش كۆزلىرىنى قىسىپ، مەن قالتىس رومانتىكمىكەنمەن دېگەندەك ئويناپ كېتىشكە باشلىغان ئىدى ۋە مەن قانداق قىلسام قۇتۇلارمەن دەپ تۇرىۋېدىم بىرسى كاسامغا بىرنى تەپتى، ئاللاھ قەھىر قىلسۇن، چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ، سۆيۈشۈڭلار، سۆيۈشۈڭلار دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى ۋە مەن قاراڭغۇلۇقتا ئۇ يوغان ياستۇقتەك ئىسسىق بىر نېمىنى ئىتتىرىۋېتىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم ۋە شىشلەر بىلەن ئىستاكانلار نەدىدۇر دەپ ئىزدەپ يۈرسەم، يۈزۈمگە راست بىر ياستۇق كېلىپ تەگدى، ماقۇل، شۇنداق قىلامدۇق، مەنمۇ قاراڭغۇدا بىر مۇشت ئاتتىم ۋە تۇرگاينىڭ ۋايجان تووۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ۋە ئاشخانا ئىشىكىدە ۋەداتنى ئۇچرىتىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ ماڭا دۆتتەك قاراپ تۇرغىنىنى كۆردۈم ۋە ئاندىن ماڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئاكا ئەجەپ قالتىس ئىش بولدى-ھە، دېدى ۋە مەن، نېمە قالتىس ئىش دېدىم ۋە ئۇ ھەيران قالغان ھالدا، ئاكا سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقمۇ، بىز ھازىر توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق، دېدى ۋە مەسئۇلىيەتچان ۋە ئېغىر-بېسىق بىر ئەردەك قولىنى مېھرىبانلارچە سامانىڭ مۈرىسىگە قويدى ۋە قالتىس بولماپتىمۇ ئاكا، دېدى ۋە مەن، بەك قالتىس بوپتۇ، دېدىم ۋە شۇنداق، دېدى، قالتىس ئىش بولدى، توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق، تەبرىكلىمەمسەن ۋە يېڭىباشتىن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتۇق ۋە سەما يىغلايدىغاندەك تۇراتتى ۋە مەن ھەيران قالدىم، ئەمدى قاچاي دەپ تۇرسام ۋەدات مېنى يەنە تۇتۇۋالدى ۋە يەنە بىر قېتىم سۆيۈشتۇق ۋە مەن بۇ سۆيۈشۈشلىرىمىزنى ئاۋۇ ئىنگلىز قىز كۆرۈپ قېلىپ بىزنى بەچچە دەپ قالارمۇ دەپ قورقتۇم ۋە مەكتەپتە، ھەممەيلەننىڭ يەنە بىرىنى بەچچىگە چىقىرىشىنىڭ كويىدا يۈرىيدىغانلىقىنى ئەسلىدىم، ئاللاھ جاجاڭلارنى بەرسۇن، ساراڭلار، كېسەللەر، قاپاقباشلار، ئازغۇنلار، تۈكى يوقلارنى بەچچە دېيىشىپ مازاق قىلىشىدۇ، خۇداغا مىڭ شۈكرى مېنىڭ تۈكلىرىم بار، بارمۇ، ئەلۋەتتە، بار دېيىشكە بولىدۇ، خالسام بۇرۇتمۇ

قويالايمەن، بەك يارىشىپ كەتمىسىمۇ، مەن دېگەن تولۇق، گەرچە بىر قېتىم سۇلايمان دېگەن ئېيىق مېنى مازاق قىلىپ پو ئاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قېتىم ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا ئۇستىگە چىقىۋېلىپ پۈتۈن ياتاقتا شەرمەندە قىلىپ دەردىمنى ئالغانىدىم، چۈنكى مۇشۇنداق قىلمىغان بولسام بىچارە جەمگە قىلغاندەك ئادەمنى بوزەك قىلىشىدۇ بۇ شاپاقچى گۇيلار، ئىچىدە توڭگۇز قۇترايدىغانلار، لېكىن ئۆزۈڭنى بىسۋال مەتىن، نېمانچە قىلىپ كېتىسەن، كېلەر يىلى سەن ئامېرىكىدا يۈرىسەن، لېكىن بۇ كالۋالارنىڭ دۆلىتىدە يەنە بىر يىل جاپا چېكىسەن ۋە فارۇق بىلەن نىلگۈن، مەن ئەگەر پۇل قىسىنچىلىقىدىن كېلەر يىلى ئامېرىكىغا بارالمايدىغان بولسام، ئۇ چاغدا مەندىن كۆرىدىغان كۈنۈڭلار بار، دەپ ئويلىدىم ۋە ئاخىرى ئاشخانىنى تاپتىم ۋە ئۇ يەردە ھۆليا بىلەن تۇراننى كۆردۈم؛ ھۆليا يىغلاپتۇ، تۇرانمۇ يوغان بېشىنى جۇمەكنىڭ تېگىگە تىقىۋاپتۇ، مېنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە كۈچەپ بىر مۇش ئاتتى ۋە ئاندىن مەن، شىشە بىلەن رومكىلار نەدە دېۋېدىم، رومكىلار ئاۋۇ يەردە، دېدى ۋە ھېچبىر يەرنى كۆرسەتمىدى ۋە مەن يەنە، نەدە دېۋېدىم، يەنە، ئەنىغۇ دېدى ۋە يەنە ھېچيەرنى كۆرسەتمىدى ۋە ئاخىرى مەن ئىشكاپلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىغاندا، تۇران ھۆلياغا ئېسىلدى ۋە بىر-بىرلىرىنى غاجاپ چىشلىرىنى قومۇرىۋېتىدىغاندەك، قىزغىن سۆيۈشۈپ كېتىشتى، مەن، بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئويلىدىم جەيلان ۋە بىر ئازدىن كېيىن باشقىچە ئاۋاز چىقىرىشقا باشلاشتى ۋە ئاندىن تۇراننىڭ ئاغزىدىن ئاغزىنى ئاجرىتالىغان ھۆليا، ھاسىراپ تۇرۇپ، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ جېنىم، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېۋېدى تۇران بىردىنلا تەلۋىلەشتى ۋە سەن ئەسكەرلىكنى چۈشىنەمتىڭ، ئەسكەرلىككە دېگەن ئەركەكلەر بارىدۇ، دېدى ۋە تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ ھۆليانى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى قويۇۋېتىپ، ئەسكەرلىككە بارمىغان ئەركەك ئەمەس، دەپ توۋلىدى ۋە دۈمبەمگە يەنە بىر مۇشت سالدى ۋە سەن ئەركەكمۇ سەن، دېدى، ئەركەكمۇ سەن، يەنە كۆلىۋاتىسەنغۇ، ئۆزەڭگە بەك ئىشىنىدىغان ئوخشىمامسەن، كەل ئۇنداق بولسا ئۆلچىشىپ باقايلى، كۆرۈپ باقايلى قېنى قانچىلىك ئەركەك سەن ۋە قوللىرىنى ئىشتىنىنىڭ تۈگمىسىگە ئاپىرىۋېدى، ھۆليا، نېمە قىلىۋاتىسەن، دېدى، ئۆتۈنۈپ قالاي تۇران، ئۇنداق قىلما، دېدى ۋە ئۇ، بوپتۇ دېدى، ئىككى كۈندىن كېيىن ماڭىمەن، لېكىن ئەتە كەچتىمۇ مۇشۇنداق ئويناپمىز، بولامدۇ، دېدى ۋە ھۆليا، داداڭ نېمە دەپ قالسا قانداق قىلىمىز، دېدى، ۋە تۇران، ئۇنداق نىجىسنىڭ ئاغزىغا پوق، دەپ ۋارقىرىدى، بولدى بەس، دادا بولساڭ دادىدەك بول، مېنىڭ، سېنىڭ ئارزۇيۇڭنى دەپلا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىشىم كېرەكمۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەسكەرلىككە ئەۋەتىسەڭ بولامدىكەن، كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك يېرىمىلىقىنى بىلەمسەن، لاتا غالاپ گۇي، ئوغلۇڭنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ باقامسەن، قانداق دادا سەن، مەن ئادەم بولمايمەن قانداق، گەپ بارمۇ، ماشىناڭنىڭمۇ

ۋەتىۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىمەن مۇشۇنداق، مېرسېدىزىڭنى بىر ئالاي، قاراپ تۇر، ئۇنىمۇ ئاپىرىپ بىر تۈۋرۈككە چاپلىشۋەتمەيدىغان بولسام ھۆليا، بىلىپ قالسۇن، دەۋاتاتتى، ياق دەپ چىقىراپ كەتتى ھۆليا، ئۇنداق قىلما تۇران، ئۆتۈنۈپ قالاي، دېدى ۋە تۇران ماڭا يەنە بىر مۇشت ئاتتى ۋە تۇيۇقسىزلا ئىچىدىن ئاڭلانغان پوپ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ تولغىنىشقا باشلىدى ۋە ھەممەيلەننى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى ۋە نەشە ئارلاشتۇرۇلغان تاماكا ئىسلىرى ۋە مۇزىكىلارغا ماس ھالدا ئۆچۈپ-يېنىپ تۇرغان چىراقلارنىڭ رەڭگارەڭ نۇرلىرى ئارىسىدا غايىپ بولدى ۋە ھۆليا ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە مەنمۇ ئاخىرى ھاراقنى قۇيدۇم، ئاندىن تۇرگايغا ئۇچراپ قالدىم، ماڭە، سەنمۇ ماڭ، دېڭىزغا يالڭاچ كىرىمىز ۋە مەن بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتىم، كىم كىم، دېدىم ۋە ئۇ كۈلدى، دۆت گۇي، ئەلۋەتتە قىزلار يوق ۋە جەيلانمۇ يوق، دېۋېدى مەن ھەيران قالدىم ۋە سېنى ئويلىدىم جەيلان، ھەممە ئادەم قانداق بىلىپ قالدى مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، سەندىن باشقا ھېچنىمىنى ئويلىمايدىغانلىقىمنى قانداق بىلىپ قېلىشتى، دەپ ئويلىدىم، جەيلان نەدىسەن، ئىس، تۇمان ۋە مۇزىكىنىڭ ئىچىدە، دەرىزىلەرنى بولسىمۇ ئېچىپ قويسا بولمامدۇ، سېنى ئىزلىدىم جەيلان، نەدىسەن، ئاللاھ قەھر قىلسۇن، ئىزلىدىم، ئىزلىدىم ۋە جىددىيلىشىپ كەتتىم ۋە ئاخىرىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىڭنى ۋە يېنىڭدا فىكرەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال مەتىن، پەرۋا قىلما ۋە پەرۋا قىلمىغاندەك بېرىپ بىر يەردە ئولتۇردۇم، ۋىسكىي ئىچىۋاتىمەن، خۇدۇمنى بولۇشچە يوقاتتىم، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، ۋاي خۇدايىم، بىردىنلا مۇزىكا توختاپ قالدى، بىرسى قاسساپ ھاۋاسى①نى قويدى، ئاله شەرىڭنى، ھەممىسى قەدىرئەھۋال، ئوتتۇرا تەبىقە كىشلىرىنىڭ تويلىرىنى كۆرۈپ چوڭ بولۇشقان بولغاچقا، بۇ يېڭى پەدىگە شۇ ھامانلا كۆنۈشتى ۋە قول تۇتۇشۇۋاتىمىز ۋە مەن سېنىڭ بىر قولۇڭنى تۇتتۇم جەيلان، چاندۇرماي ساڭا قارىدىم، ئەلۋەتتە، يەنە بىر قولۇڭنى فىكرەت تۇتتى ۋە چۆرگىلەشكە باشلىدۇق، ۋاي خۇدايىم، قانداق پەدە بۇ، ھاممىلىرىمىزنىڭ، يىراق تۇققانلىرىمىزنىڭ تويلىرىدىكىگە ئوخشاش ۋە قول تۇتۇشۇپ شەكىللەنگەن ھالقا بۇزۇلۇۋېدى ئۆزۈن بىر پويىز بولۇپ قالدۇق، مېھمانخانا ئۆيدە ئايلىنىۋاتىمىز، قۇيرۇقىمىز ھويلىغا چىقىپ كەتتى، چىقتۇق، يەنە بىر ئىشىكتىن كىرىۋاتىمىز ۋە مۇرەمدە جەيلاننىڭ ئىسسىق قولىنى ھېس قىلدىم ۋە قوشنىلار نېمە دەپ قالار، دەپ ئويلاۋاتىمەن ۋە ئاشخانىغا كىردۇق ۋە ئۇ يەردە بىز چۇشۇپ قالدۇق، لېكىن فىكرەت ئايرىلىپ قالمىدى ۋە بىز ئىككىمىز  قالدۇق جەيلان ۋە ئاشخانىدا سەمانىڭ توڭلاتقۇنى ئېچىپ قارىغاچ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ۋە ۋەداتىنىڭ ئېغىر-بېسىق بىر ئەرگە ئوخشاش، ماڭە جېنىم، ئەمدى سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي، دېگىنىنى ئاڭلىدۇق ۋە سەما، خۇددى ئۇ يەردە يىغلىغۇدەك بىر نەرسە باردەك توڭلاتقۇنىڭ ئىچىگە قارىغىنىچە يىغلاۋاتاتتى ۋە ۋەدات، ئاناڭ نېمە دەپ قالار،

كەچ بولۇپ كەتتى، دەۋاتاتتى ۋە سەما مەن ئانامغا ئۆچ، دەۋاتاتتى، لېكىن سەن ھېلىتىن ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغىلى تۇردۇڭ، دېدى ۋە ۋەدات، ھېچبولمىسا قولۇڭدىكى پىچاقنى بەر دېيىشكە، سەما قولىدىكى پىچاقنى يەرگە ئاتتى ۋە مەنمۇ بۇ چاغدا بۇ خۇددى ئاجايىپ بىر ئىشتەك ۋە سېنى خەتەرلەردىن قوغداش ئۈچۈن قوللىرىمنى مۇرەڭگە قويدۇم جەيلان ۋە سېنى ئاشخانىدىن چىقىرىۋەتتىم ۋە سەن ماڭا يۆلەندىڭ، شۇنداق، بىز ئىككىمىز بىرلىكتە، مانا كۆرۈپ قويۇڭلار، ئىچىگە كىردۇق، ھەممىسى ۋارقىرىشىۋاتاتتى، سەكرىشىۋاتاتتى ۋە مەن بەك خۇشال ئىدىم، چۈنكى سەن ماڭا يۆلەنگەنىدىڭ، لېكىن جەيلان تۇيۇقسىزلا مەندىن ئايرىلىپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى، نەگە كەتكىنىنى بىلمەي قالدىم، كېيىندىن بارايمۇ، دەپ تۇراتتىم، شۇنداق قارىسام مەن يەنە جەيلانىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېتىمەن، يەنە بىر قارىسام بىز بىللە تانسا ئويناۋېتىپتۇق، يەنە بىر قارىسام قولىنى تۇتۇۋاپتىمەن ۋە كېيىن قارىسام يەنە يوق،لېكىن نېمە بوپتۇ، ھەممە ئىش ئېنىق بولۇپ كەتتى ۋە مەن بەك خوشال ۋە ئاران ئۆرە تۇراتتىم ۋە سېنى ئەمدى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم ۋە مەن بەك قورقۇپ كەتتىم جەيلان ۋە نېمىشقىكىن ساڭا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگۈزەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ ئويلىدىم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سېنى ئىزدەۋاتىمەن جەيلان، نەدىسەن جەيلان، كۆڭلۈم سېنى تارتىۋاتىدۇ، جەيلان، جەيلان نەدىسەن، سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن جەيلان، جەيلان نەدىسەن، بۇ يىرگىنىشلىك ئىس-تۈتەك، رەڭگارەڭ چىراق نۇرلىرى، ئېتىلىۋاتقان ياستۇقلار ۋە مۇشت-پەشۋالار، ۋارقىراش-جاقىراش ۋە ناخشا -مۇزىكىنىڭ ئىچىدە نەدىسەن جېنىم، سېنى ئىزدەۋاتىمەن ۋە خۇددى كىچىك چېغىمدا ھەممەيلەننىڭ ئۆيىگە بارغاندا سۆيۈپ قويىدىغان ئانىسى بار، مېنىڭ يوق دەپ ئويلىغان چاغلىرىمدىكىدەك، ياتاقتا، ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئۆزۈمنى ئىنتايىن يالغۇز ھېس قىلغان ۋە ئۆزۈمگە ۋە يالغۇزلۇققا ئۆچ بولۇپ كەتكەن ۋە ھامامنىڭ ئۆيىدە مېنى ھېچكىمنىڭمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئويلىغان چاغلىرىمدىكىگە ئوخشاش، ئۆزۈمنى بىچارە ۋە تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلىۋاتىمەن ۋە ھەممىسىنىڭ پۇلى بارلىقىنى، مېنىڭ پۇلۇمنىڭ يوقلىقىنى ئويلاۋاتىمەن ۋە شۇڭا ئۇلۇغ كەشپىياتلار يارىتىپ، ئىجادچانلىقىم ۋە ئەقىل-پاراسىتىم بىلەن ئامېرىكىدا كاتتا بايغا ئايلىنىشىم كېرەك، لېكىن جەيلان، بۇ قىيىنچىلىقلارغا ۋە ئامېرىكىغا بېرىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، سەن قەيەرنى خالىساڭ شۇ يەردە ياشىساقمۇ بولىدۇ، خالىساڭ بۇ يەردە قالساقمۇ بولىدۇ، تۈركىيە ئۈنچىلىك تايىنى يوق دۆلەتمۇ ئەمەس، يېڭى يەرلەر، دۇكانلار ئېچىلىۋاتىدۇ، بۇ كور ھۆكۈمەتسىزلىكمۇ بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ ۋە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا سېتىلىۋاتقان ھەرقانداق نەرسىنى ئىستانبۇلدىكى دۇكانلاردىنمۇ تاپالايمىز، توي قىلايلى، مېنىڭ كاللام بەك ئىشلەيدۇ ۋە شۇ تاپتا يانچۇقۇمدا نەق ئون تۆت مىڭ لىرا بار، ھېچكىمدە بۇنچىلىك يوق، بىرەر يەردە ئىشلەپ ئۆسىمەن ياكى خالىساڭ پۇلنىڭ

مۇھىم ئەمەسلىكىگە ئىشەنسەكمۇ بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ جەيلان، نەدىسەن جەيلان، بىللە ئۆتكۈزگەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيمىز، نەدىسەن جەيلان، ياكى بولمىسا فىكرەتنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ كېتىپ قالدىڭلارمۇ-يا، بولمايدۇ، مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن جەيلان، مانا، ۋاي خۇدا، سېنىڭ ئاۋۇ يەردە، بىر بۇلۇڭدا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىڭنى كۆردۇم، مېنىڭ يالغۇزۇم، كىچىكىم، بىچارەم، گۈزىلىم، پەرىشتەم، نېمە بولدى، نېمە دەردىڭ بار، ماڭا ئېيتساڭچۇ، ياكى بولمىسا سېنىمۇ ئاناڭ بىلەن داداڭ بىئارام قىلىۋاتامدۇ، دېگىنە ۋە يېنىڭدا ئولتۇردۇم، سەن نېمىشقا بۇنچىلىك ئۈمىدسىز ۋە پەرىشان دېگۈم كەلدى، لېكىن دېمىدىم، ئۈنچىقمىدىم ۋە ئاخىرىدا ئاغزىڭنى كوچىلاي دەپ گەپ قىلىشقا باشلىۋېدىم، ھەر چاغدىكىگە ئوخشاش ئاغزىمدىن ئەڭ تايىنى يوق، پەلىپەتىش گەپلەر تۆكۈلۈۋاتىدۇ ۋە بەك ھېرىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن، دېدىم ۋە سەن گېپىمگە ئەستايىدىل ھالدا، مەنمۇ، ھەئە، بىر ئاز بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، دېدىڭ ۋە مەن يەنە دەيدىغان گەپ تاپالماي بىر ھازا لام-جىم دېمەي ئولتۇردۇم ۋە ئىچ سىقىلىش ۋە ناخشا مۇزىكىنىڭ ۋاراڭ چۇرۇڭلىرىدىن ئۆلەي دەپ تۇراتتىم سەن جاراڭلىق ۋە ھاياتى كۈچكە تولغان ھالدا بىر قاقاھلاپ كۈلدۈڭ ۋە مېنىڭ دۆتتەك ۋە بۇتتەك چىرايىمغا قاراپ سەن نېمانچە ئۇماق ۋە يېقىملىق مەتىن، دېدى ۋە دەپ باقە، يىگىرمە يەتتە كەرە ئون يەتتە قانچە، دېدى ۋە ئۇ چاغدا مېنىڭ نېمىشقىكىن تۇرۇپلا ئۆزۈمگە ئاچچىغىم كەلدى ۋە قولۇمنى سېنىڭ مۈرەڭگە ئۇزاتتىم ۋە ئاندىن سېنىڭ گۈزەل بېشىڭ ئاستا مەيدەمگە يېقىنلاشتى ۋە يۆلەندى ۋە سېنىڭ بېشىڭنى سىزىپ تۇرۇۋاتىمەن، بۇ ئىشەنگۈسىز بىر بەخت ئىدى، چاچلىرىڭنىڭ ۋە تېنىڭنىڭ ھېدىنى پۇراۋاتىمەن ۋە ئاندىن سەن بۇ يەر بەك تىنجىقكەن مەتىن، دېدىڭ ۋە بىردەم سىرتقا چىقامدۇق، شۇ ھامان ئورنىمىزدىن تۇردۇق، خۇدايىم، بىز بىرلىكتە بۇ مەينەت ۋاراڭ-چۇرۇڭنىڭ ئىچىدىن مانا، مانا، شۇنداق بىرلىكتە سىرتقا چىقىۋاتىمىز ۋە مانا مېنىڭ قولۇم سېنىڭ مۈرەڭدە ۋە بىر-بىرىمىزگە يۆلىنىۋاپتۇق، بىر-بىرىمىزنى يۆلەپ تۇرۇپتۇق، بۇ مەنىسىز، قورقۇنچلۇق ۋە مەينەت دۇنيادا بىر-بىرىگە سۆيگۈلىرى بىلەن قول-قانات بولغان چارىسىز، يالغۇز ئاشىق-مەشۇقلاردەك قېچىۋاتىمىز بۇ تۇتروۇقسىز ناخشا-مۇزىكىدىن ۋە قالايمىقانچىلىقتىن ۋە مانا ھەممىسىنى كەينىمىزدە تاشلاپ قويدۇق ۋە جىمجىت ۋە بوش ۋە مەيۈس كوچىلاردا، دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا بىللە كېتىۋاتىمىز ۋە يىراقتىكى قەھۋەخانىلارنىڭ رەڭلىك ۋە جىمجىت چىراق نۇرلىرىغا قاراۋاتىمىز ۋە پەقەت مۇھەببىتىلا ئەمەس، چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىسى بىلەنمۇ كىشىلەرنى ھەسەت قىلدۇرغان ئاشىق-مەشۇقلارغا ئوخشاش بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىشىپ، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمىز ۋە مەن ساڭا ساپ ھاۋانىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن ۋە جەيلانمۇ دادىسى بىلەن ئانىسىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ۋە دادىسىنىڭ ئەسلىدە ياخشى بىر ئادەم

ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئازراق زامانىڭ كەينىدە قالغانلىقىنى سېزىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە مەن ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلارنى ئانچە بەك ياخشى تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم، ئانام بىلەن دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم ۋە جەيلان ئۆزىنىڭ دۇنيانى كۆرگۈسى بارلىقىنى، ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇپ، مۇخبىر بولغۇسى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە سەن مېنىڭ بۇنداق تۇرغىنىمغا قارىما، دېدى، بىز داۋاملىق مۇشۇنداق كۆڭۈل ئېچىپ تۇرىمىز، ھېچ ئىش قىلمايمىز، لېكىن مۇنداق بولغۇم يوق، مەن ھېلىقى ئايالدەك بولسام دەيمەن، ئىسمى نېمىدى، ئىتالىيەلىك مۇخبىر ئايال، ھېلىقى داۋاملىق مەشھۇر كىشىلەرنى زىيارەت قىلىدىغان، كىسسىنگېر بىلەن، ئەنۋەر سادات بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، شۇنداق مەنمۇ بىلىمەن، ئۇنداق بولۇش ئۇچۇن بەك بىلىملىك ۋە ساپالىق بولۇش كېرەكلىكىنى، سەن خېلى بىلىملىك مەتىن، لېكىن مەن ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب ئوقۇيالمايمەن، ياشاش مېنىڭمۇ ھەققىم، قارا، بۇ يىل مەن قىينالمايلا سىنىپ كۆچەلىدىم، ئويىنغۇم بار، كىتاب دېگەنىمۇ يولىدا ئوقۇش كېرەكتە، بىزنىڭ مەكتەپتە ئاشۇنداق بىر بالا بولىدىغان، بەك كۆپ كىتاب ئوقۇيتتى، ئاخىرى ئېلىشىپ قالدى، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەكەتتى، سەن قانداق قارايسەن مەتىن، مەن ھېچقانداق قارىمايمەن، پەقەت سېنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىڭنى ئويلاۋاتىمەن ۋە سەن تېخىچە سۆزلەۋاتىسەن، داداڭ، مەكتىپىڭ، دوستلىرىڭ، كەلگۈسى پىلانلىرىڭ ھەققىدە ۋە تۈركىيە ۋە ياۋروپا توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىڭ ھەققىدە ۋە سەن ھەقىقەتەن گۈزەلسەن، كوچا چىراقلىرىنىڭ غۇۋا نۇرلىرى يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ يۈزلىرىڭگە چۈشكەندە گۈزەلسەن، خىياللارغا پاتقان، ھاياتىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندەك غەمكىن ھالدا تاماكا چەككەن چېغىڭدا گۈزەلسەن ۋە پېشانەڭگە چۈشۈپ قالغان سىكىلەكلىرىڭنى كەينىگە تاشلىغاندىمۇ گۈزەلسەن، ئاھ،خۇدا، ئۇ شۇنچىلىك گۈزەلكى، ئادەمنىڭ دەرھال ئۇنىڭدىن بىر بالىلىق بولغۇسى كېلىدۇ ۋە بىردىنلا ساھىلغا كىرەيلىمۇ دېدىم ، قارا نېمە دېگەن ئوبدان، ھېچكىم يوق، جىمجىت، ھە دېدى، بولىدۇ ۋە ساھىلغا كىردۇق ۋە ئۈن-تىنسىز ھالدا قۇم ئۈستىدە كېتىۋاتقان چېغىمىزدا جەيلان ئاياغلىرىنى سېلىپ قولىغا ئېلىۋالدى ۋە پۇتلىرى مەن نەدىن چۈشىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن بىر يورۇقتا پارقىراپ تۇراتتى، قىرغاقنى بويلاپ ماڭدۇق ۋە مەكتىپى ۋە ھاياتىدا قىلماقچى بولغان ئىشلارنى يەنە سۆزلەشكە باشلىدى ۋە ئاخىرىدا ئۇ گۈزەل پۇتلىرىنى قاراڭغۇ سۇغا تىقتى ۋە شۇ چاغدا ئۇ ماڭا قولۇمغا چۈشكەن بىر غەنىمەتتەك بىلىندى ۋە سۇنى پولتۇڭلىتىپ گەپ قىلىۋاتقان چېغىدا قوپال ۋە جەلپكار ۋە روھسىز ۋە قاغىشتەككۈر ۋە ئەرزىمەس ۋە ئىشەنگۈسىز ۋە چىدىغۇسىز بىلىندى ۋە سۇنى ئۇماق بېلىقلاردەك لەپەڭشىتىۋاتقان پۇتلىرىڭدىن باشقا نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەس بولغاندى ۋە ئۇ ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ياشىغۇسى بارلىقىنى دەۋاتقان چېغىدا، گەپلىرى

قۇلىقىمغا كىرمەيتتى ۋە نەمخۇش ۋە يىپىشقاق ئىسسىقنى ۋە يوسۇن ۋە دېڭىز پۇرىقىنى ۋە ئۇنىڭ تېنىنىڭ ھېدىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم ۋە سۇنىڭ ئىچىدە يىل چىشىدەك پارقىراپ تۇرغان ئۇ جانلىق، مىدىرلاپ تۇرغان، ھەۋەس قوزغىغۇچى پۇتلارغا يالغۇزلۇقىمنى خىيال قىلغاچ قاراۋاتاتتىم، بىردىنلا پۇتۇمدا ئاياغلىرىم بىلەنلا سۇغا كىردىم ۋە مەن سېنى قۇچاقلىدىم، جەيلان مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن ۋە نېمە قىلىۋاتىسەن، دېدى باشتا كۈلۈپ تۇرۇپ، سېنى ياخشى كۆرىمەن، دېدىم ۋە مەڭزىڭگە سۆيمەكچى بولدۇم، مەتىن، بەك مەست بولۇپ كېتىپسەن، دېدى ۋە كېيىن بەلكىم قورقتى، ئۇنى زورلاپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا تاشلاندىم ۋە قۇمغا يىقىلدۇق ۋە ئاستىمدا تىپچەكلەپ تۇرۇپ ۋە قولۇم ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىزدەپ مىجىقلاۋاتقاندا، ياق، دېدى، ياق، ياق، مەتىن نېمانداق قىلىسەن، ساراڭ بولدۇڭمۇ، مەست بوپ قاپسەن ۋە مەن، سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، دېدىم ۋە جەيلان بولمايدۇ، دېدى ۋە مەن مەڭزىڭگە، قۇلاقلىرىڭغا ۋە بويىنىغا سۆيدۇم ۋە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسىز ھېدىنى پۇرىدىم ۋە ئۇ مېنى ئىتتىردى ۋە مەن يەنە بەك ياخشى كۆرىمەن، دېدىم ۋە ئۇ يەنە ئىتتىرىۋېدى نېرۋام ئۆرلىدى، مېنى خۇددى پەسكەش گۇيلارنى سىلكىگەندەك ئىتتىرىشكە نېمە ھەققىڭ بار، شۇنىڭ بىلەن تېخمۇ يېپىشتىم، يوپكىسىنى قايرىپ مانا ئۇ ئۇزۇن، ئاپئاپئاق قارىدىغان تەڭداشسىز پاچاقلىرىڭنى بارماقلىرىم بىلەن سىلاۋاتىمەن ۋە مەندىن بەك ئۇزاقتا ۋە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ئىسسىق گەۋدە مانا مېنىڭ تېگىمدە، چۈشتەكلا، ئىشىنەلمەي قالدىم ۋە ئىشتىنىمنىڭ سىرىتىمىسىنى ئاچتىم ۋە تېخىچە بولمايدۇ دەۋاتاتتى، تىترەۋاتاتتى، نېمىشقا جەيلان، نېمىشقا، سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، بىردىنلا يەنە بىر ئىتتىرىۋېدى قۇم ئۈستىدە ئىت-مۈشۈكتەك ئىتتىرىشىپ كەتتۇق ۋە دوملاۋاتىمىز ۋە نېمە دېگەن قاملاشمىغان، مانا، ھەممە ئىشتا ئۈمىد يوق، دوملاۋاتىمىز ۋە تېخىچە بولمايدۇ، مەست بولۇپ قاپسەن، دەۋاتاتتى، بوپتۇ، مەن ئۇنداق پەسكەش ئادەم ئەمەس، مانا، بولدى، ماقۇل قويۇۋەتتىم، لېكىن قىلساق بولمايدىغان نېمىسى بار ئىدى، لېكىن ياق، مەن ئېپپەت دۈشمىنى ئەمەس، پەقەت سېنى بىردەم سۆيەي ۋە سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قال، دەۋاتاتتىم، ئىسسىقتا ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، باشقا ئىش يوق، نېمە دېگەن بىمەنە، قاملاشمىغان، ئەقىلسىز، بولدۇ، قويۇۋەتتىم، ئاستىمدىن قوپۇپ كەت، دەرغەزەپكە كەلگەن بىر نېمەم پۇخادىن چىقالماي، ھۆزۈرلىنالماي سوغۇق ۋە ھېسياتسىز قۇمغا تىقىلىپ سالپىيىپ قالسۇن، ماقۇل، بولدى قىلاي، سىرىتمامنى ئەتتىم ۋە قۇمدا ئوڭدامغا يېتىپ يۇلتۇزلارغا قاراۋاتىمەن، مېنى بىردەم ئارامىمدا قوي، بولامدۇ، تېز چاپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ دوستلىرىڭغا يېپىدىن يىڭنىسغىچە سۆزلەپ بەر، ۋاي قاراڭلار باللار، دىققەت قىلىڭلار بۇ مەتىن غەلىتە بىر نېمىكەن، ماڭا ئېسىلدى، سەت، قوپال گۇي، زادى شۇنداقراق بىر نېمە ئىدى، گېزىتلەرگە

بېسىلغان ئېپىيەت دۈشمەنلىرىدىن قىلچىلىك پەرقى يوقكەن، ۋاي خۇدايىم، يىغلايمەن جەيلان، بوپتۇ، مەنمۇ كۈدە-كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ ئىستانبۇلغا كېتىمەن، جەنىنەتھىساردىكى بۇ ئىش يوققا چىقتى. تۈركىيەدە بىر گۈزەل قىز بىلەن بىللە يېتىش ئۈچۈن، دېمەككى مىليونېر بولۇش ياكى توي قىلىش كېرەككەن، بىلىۋالدىم، كېلەر يىلى ئامېرىكىدا يۈرگەن بولىمەن، بۇ يازنىڭ ئاخىرىغىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ماتېماتىكا ۋە ئىنگلىزچىدىن دەرس بېرىدۇ، كېلىڭلار قاپاقباشلار، سائەتلىكى 250 لىرا ۋە مەن پۈتۈن ياز ھامامنىڭ ئىسسىق ۋە دىمىق كىچىك ئۆيىدە پۇل يىغىۋاتقان چاغدا بۇ يەردە فىكرەت بىلەن جەيلان، ياق، ياق، قانداق تەڭسىز جاھان بۇ، قىزلار پۇل بىلەن ئەمەس، ئەقىل، تالانت ۋە قاملاشقان قەددى-قامەت بىلەن ئىندەككە كەلتۈرىلىشى كېرەك، لېكىن كارىڭ بولمىسۇن مەتىن، نېمە پايدىسى بار، يۇلتۇزلارغا باق، ئاۋۇ نۇرلۇق ۋە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ نېمە پايدىسى بار، بۇلارغا قاراپ شېئىر ئوقۇشىدۇ ۋە ئەجىبا نېمە ئۈچۈن ئوقۇشىدىغاندۇ، بىر نەرسە ھېس قىلارمىش، قاملاشمىغان، ئوي-پىكىرلىرى قالايمىقانلىشىدۇ، بۇ قالايمىقانچىلىقنى تۈيغۇ دەپ تۇرىۋالىدۇ، ياق، مەن نېمىشقا شېئىر ئوقۇيدىغانلىقنى بىلىمەن، پۈتۈن مەقسىدى قىزلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ۋە پۇل تېپىش، شۇنداق، كالۋالار، ھەممە ئىشقا كاللىنى ئىشلىتىش كېرەك، ئامېرىكىغا بارغاندا مەن دەرھال، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن، ئۆزى ئاددى، لېكىن بەك مۇھىم بىر فىزىكىلىق بايقاشنى روياپقا چىقىرىمەن ۋە دەرھال ئېينشتېيىن تۇنجى بايقاشلىرىنى ئېلان قىلغان «ئاننالېن دېر فىزىك» ژورنىلىدا ئېلان قىلىمەن ۋە نۇرغۇن پۇل ۋە شان-شۆھرەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، بىزنىڭكىلەر مەندىن مەن بايقىغان ۋە قويۇپ بەرگەن راكېتانىڭ سىرلىرىنى ۋە فورمۇلالىرىنى سوراپ، ئۆتۈنۈپ قالايلى، يۇرتداشلىرىڭغىمۇ بەر ۋە بىز گرېتسىيەلىكلەرنىڭ بېشىغا راكېتا يامغۇرى ياغدۇرايلى دەپ يالۋۇرۇشقا كېلىشىدۇ ۋە مەن ئۇ چاغدا بودرۇم①دىكى مىليادىر ئەرتەگۈننىڭ داچىسىدىنمۇ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك داچامغا، ئەپسۇسلىنارلىقى ۋاقتىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن يىلدا پەقەت بىر ھەپتە تۇرۇش ئۈچۈنلا كېلىمەن ۋە ئۇ چاغدا فىكرەت بىلەن جەيلان، بەلكىم ئۇ چاغقىچە تويمۇ قىلىپ بولار، لېكىن نەدىن تاپتىڭ بۇ گەپلەرنى، ئارىسىدا ھېچبىر ئىش يوق، تۇيۇقسىز قورقتۇم، جەيلان، جەيلان نەدىسەن، بەلكىم مىنى تاشلاپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالغاندۇ، ھاسىراپ-ھۆمىدەپ تۇرۇپ باشقىلارغا دەپ بېرىۋاتقاندۇ، تاس قالدى نومۇسۇمغا تەگكىلى، لېكىن مەن ئۇنىڭ مىنى بۇلغىشىغا رۇخسەت قىلمىدىم، لېكىن ئۇنچىلىك قىلىپمۇ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ۋە بەلكىم بارمىغاندۇ، كەچۈرۈم سوراپ، يالۋۇرىشىم ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغاندۇ، لېكىن نەدە ئۆزى دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك ھالىممۇ يوق، بېشىم قېيىۋاتىدۇ، ئىتنىڭ كۈننى كۆرىۋاتىمەنغۇ، بۇ يەردە قۇمنىڭ ئۈستىدە تىكەندەك يالغۇزمەن، ھېچكىمىم يوق، ھەممىسى

سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن دادا، ئانا، نېمىشقا بالدۇر ئۆلۈپ كەتتىڭلار، كىمنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئوغلىنى بۇنداق يالغۇز تاشلاپ كەتكۈسى كېلىدۇ، ھېچبولمىغاندا ماڭا تۈزۈكرەك بىر مىراس قالدۇرۇپ قويغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا ئۇ پۇللار بىلەن مەنمۇ ئاۋۇلاردەك يۈرمەمتىم، لېكىن نەدە شۇ پۇل، ھېچنىمە تېپىلمىغاندەك ئۆلۈمتۈك سېمىز بىر ئاكا بىلەن خىيالىي بىر ئاچا قالدۇرۇپ كەتتىڭلار، ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان موما بىلەن پاپىسىمۇ بار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ۋەيرانە، زەي، قوتۇر ئۆي، ئۇنىمۇ چاقتۇرمايۋاتىدۇ، ياق، چاققۇزىمەن، ئاللاھ بالا-قازا بەرسۇن، ئەلۋەتتە نېمىشقا پۇل تاپالمايدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار، ئۇلار قورقۇنچاق، ياشاشتىن قورقىسىلەر، پۇل تېپىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نومۇسسىزلىقلارنى قىلغۇدەك جەسۇر بولالمىدىڭلار، پۇل تېپىش ئۈچۈن جاسارەت، تالانت ۋە يۈرەك لازىم ۋە مەندە ھەممىسى بار ۋە مەن پۇل تاپىمەن، لېكىن يەنىلا سىلەرگە، ئۆز ھالىمغا، يېتىملىقىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ ۋە سىلەرنى، يالغۇزلۇقۇمنى ئويلاۋاتاتتىم، ئويلاۋاتاتتىم ۋە يىغلاپ سېلىشتىن قورقۇۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز جەيلانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم؛ يىغلاۋاتامسەن، مەتىن، دېدى؛ كەتمەيتۇ؛ مەنمۇ، دېدىم، ياق، نېمىشقا يىغلىغىدەكمەن، دېدىم، بەك ھەيران قالدىم؛ ھە بوپتۇ، ئۇنداق بولسا، دېدى جەيلان، مەن تېخى يىغلاۋاتقان چېغى دەپ قاپتىمەن، قوپە قايتايلى مەتىن، دېدى، ماقۇل،ماقۇل، دېدىم، مانا ھازىرلا قوپىمەن،لېكىن مىدىر-سىدىر قىلماي ياتتىم ۋە ئەخمەقلەرچە يۇلتۇزلارغا باقتىم ۋە جەيلان يەنە، بولە قوپ مەتىن، دېدى ۋە قولىنى ئۇزىتىپ مېنى تارتىۋېدى ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئاران ئۆرە تۇراتتىم، لەلەڭشىگەن پېتىم جەيلانغا قارىدىم، دېمەك مەن بايا بېسىۋالغان قىز بۇ ئىكەن، ئاجايىپ ئىش، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاماكا چېكىۋاتىدۇ، گەپ بولسۇن دەپ، قانداقراق تۇرىسەن، دېدىم، ياخشى،دېدى، كوپتامنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، دېدى، لېكىن ئاچچىغى كەلگەندەك قىلمايتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ نە قەدەر مېھرى ئىسسىق ۋە ياخشى بىر قىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ خىجىل بولدۇم، ۋاي خۇدايىم، مەن ھېچ بىلەلمەي قالدىم، قانداق قىلسام بولار، بىردەم جىم تۇردۇم، مەندىن رەنجىدىڭمۇ، دېدىم، ياق، ياق، دېدى، رەنجىمىدىم، بوپ قالىدۇ بۇنداق ئىشلار، ھەر ئىككىمىز مەست بوپ قاپتۇق ۋە مەن ھەيران قالدىم ۋە ئۇنداق بولسا نېمە ئويلاۋاتىسەن جەيلان، دېدىم ۋە ئۇ، ھېچنىمە، دېدى، ھېچنىمىنى ئويلىمايۋاتىمەن، قايتايلى، دېدى ۋە قايتىشقا تەمشىلىۋاتاتتۇق، مېنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئايىغىمنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە ئۇ چاغدا ئۇنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىغۇم كەلدى، پەقەتلا چۈشىنەلمەي قالدىم، بۇ چاغدا جەيلان، خالىساڭ سىلەرنىڭكىگە بارايلى، سەن ئايىغىڭنى يەڭگۈشلىۋال، دېدى ۋە مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم ۋە ساھىلدىن چىقتۇق ۋە لام-جىم دېمەستىن جىمجىت كوچىلاردا ماڭدۇق، ماڭدۇق ۋە سالقىن ۋە قاراڭغۇ باغلاردىن كېلىۋاتقان خانىمئەلى، قۇرۇق چىم ۋە

ئىسسىق بېتون ھېدىلىرى بۇرنىمىزغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى ۋە ئۆيىمىزنىڭ بېغىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەن چېغىمىزدا خاراپ ۋە تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۆينىڭ رەزگىللىكىدىن نومۇس قىلدىم ۋە ئۇ كالۋالارغا ئاچچىغىم كەلدى ۋە مومامنىڭ تېخىچە يېنىپ تۇرغان چىرىقىغا قاراپ تۇراتتىم، شۇنداق قارىسام، ۋاي خۇدايىم، بالكوندىكى ئۇستەلدە ئاكام تۇرۇپتۇ، قاراڭغۇدا ئولتۇراتتى، كېيىن كۆلەڭگىسى مىدىرلىدى، ئۇخلاپ قالمىغانىدى، ئورۇنىدۇقنىڭ ئارقا پۇتلىرىنى كېچىنىڭ ياق، سەھەرنىڭ بۇ ۋاقتىدا ئالدى-كەينىگە تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە مەرھابا، دېدىم، تونۇشتۇرۇپ قوياي، جەيلان، فارۇق، مېنىڭ ئاكام بولىدۇ ۋە مەمنۇن بولۇشتى ۋە ئاكامنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى ۋە ئۇ ئىككىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن يۈگۈرگەن پېتىم ئۇستىگە چىقىپ پايپاقلىرىمنى ۋە ئاياغلىرىمنى تېز سۈرئەتتە ئالماشتۇردۇم ۋە پەسكە چۈشكىنىمدە فارۇق باشلىغان ئىدى:

قەدەم قەدەم كېچە تەشرىپى نائىلى ئۇ مەھىن
جاھان جاھان ئەلمى ئىنتىزارغا ئەرزىمەسمۇ

دەۋاتاتتى، ئەلۋەتتە، سىلەرمۇ چۈشەندىڭلار، نائىلىنىڭ شېئىرى، لېكىن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خۇددى ئۆزىنىڭ شېئىرىدەك كانىيىنى خورازدەك قىرىپ كەتتى بۇ پور كۆتەك ۋە ئاندىن يەنە:

ئۆيلە سەرمەستەم كى ئىدراك ئەتمەزەم دۇنيا نەدىر
مەن كىمەم ساقى كىمدىر مەيلىك ساھبا نەدىر

دەپ ئوقۇدى ۋە بۇنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن دېدى، ئەۋلىيانىڭ ساياھەتنامىسىدىن ۋە جەيلان ئاغزىنى ئاچقان پېتى بۇ ئوسمانلى ھاراقكەشكە قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى ۋە ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەييارلىنىۋاتاتتى ۋە ئاكام يەنە باشلىمىسۇن دەپ مەن، ئاكا، ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بەرسەڭ بوپتىكەن، دېدىم، بىز ھازىرلا ماڭىمىز، دېدىم ۋە ئۇخوپ ئەپەندىم، دېدى، خوپ،خوپ لېكىن بىر شەرتىم بار، بۇ گۈزەل خانىم قىزىم بىر سۇئالىمغا جاۋاپ بەرسۇن، ماقۇل، مەن ئىدراك ئەتمىسەم نەدۇر دۇنيا، پۈتۈن بۇلارنىڭ، بۇ دەل-دەرەخلەرنىڭ ۋە ئاسمانىنىڭ ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ۋە بۇ ئۇستەل بىلەن قۇرۇق شىشىلەرنىڭ كۆرسەتكەن نەرسىسى نېمىدۇر، شۇنداق، سىزنىڭچە نېمىدۇر، دېدى ۋە جەيلان ئوماق، مېھرىبانلارچە بىر نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن بىر نەرسە دېمىدى، ئاندىن خىجىللىق

ئىچىدە « سىز مەندىن ياخشىراق بىلىسىز» دېگەندەك بىر نەزەردە قارىدى ۋە مەن گەپنى بۇراي ۋە مەست ئاكام يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ كەتمىسۇن دەپ، موماملىنىڭ چىرىقى تېخىچە يېنىق تۇرىدىغۇ، دېدىم ۋە ھەممىمىز بىردىنلا ئۇستى تەرەپكە قارىدۇق ۋە ئۇنى ئويلىدۇق ۋە ئاندىن مەن، ماڭايلى جەيلان، دېدىم، ماڭايلى ۋە بېرىپ يالتىراق «ئانادول» غا چىقتۇق ۋە ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭغان چېغىمىزدا ئاۋۇ قەبرىستانلىقتەك پۇراپ تۇرىدىغان باغ، كونىراپ كەتكەن ئۆي ۋە مەست-ئەلەس ئاكام ۋە مەن توغرۇلۇق جەيلاننىڭ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن بولغانلارنى ئويلاپ تۇكلىرىم تىكىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلدىم، شۇنداق ئويلىغىنىمدا: پەقەت مۇشۇنداق بىر ئۆيى، ماشىنىسى ۋە ئائىلىسى بار ئادەملا، ھېچكىشى يوق، دەپ يېرىم كېچىدە ساھىلدىكى قىزلارغا چېقىلىدۇ، لېكىن ياق جەيلان، ھەممىنى ساڭا چۈشەندۈرەي، لېكىن پۇرسەت بولمىدى، مانا تۇرانلارنىڭكىگە كەپ قالدۇق، ياق، گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بېقىشىڭ كېرەك، دەپ ئويلىدىم ۋە ماشىنىنى قايرىپ دۆڭ تەرەپكە ماڭدىم ۋە جەيلان، نەگە دەپ سورىۋىدى، بىردەم ئايلىنايلى دېدىم ۋە ئۇ ئۇنچىقمىدى ۋە كېتىپ بارىمىز ۋە ئەمدى دېيمەن، دەپ ئويلىدىم، لېكىن نەدىن باشلىشىمنى بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەدەپ مايغا دەسسىدىم ۋە دۆڭدىن پەسكە تېز سۈرئەتتە چۈشۈۋېتىپ گەپنى نەدىن باشلىسام بولار، دەپ ئويلىدىم، كېيىن يەنە دۆڭگە قاراپ ھەيدىدىم ۋە كېيىن قايتىپ چۈشۈۋاتقان چاغدىمۇ گېپىمنى تېخىچە باشلىيالمىغان ئىدىم، لېكىن مايغا شۇنچىلىك قاتتىق دەسسەۋاتاتتىمكى، «ئانادول» سىلكىنىپ تىترەشكە باشلاپ كەتكەنىدى، لېكىن جەيلان لام-جىم دېمەي تۇراتتى، مانا ئەمسە دەپ تېخىمۇ كۈچەپ دەسسىدىم ۋە ئەگىمىدىن بۇرۇلغان چاغدا ماشىنىنىڭ كەينى سىيرىلىپ كەتتى، لېكىن جەيلان ھېچنېمە دېمىدى ۋە ئىستانبۇل-ئەنقەرە يولىغا چىقتۇق ۋە ئۆتكەن-كەچكەن ماشىنىلارغا قارىغاچ گەپ بولسۇن دەپ، ياندىشامدۇق، دېدىم ۋە جەيلان، قايتايلى، دېدى، سەن بەك مەست بولۇپ قاپسەن، ماقۇل، مەندىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتامسەن، لېكىن ھېچبولمىسا گەپلىرىمنى ئاڭلاپ باق، ساڭا چۈشەندۈرەي، دەپ ئويلىدىم، ساڭا سۆزلەپ بېرەي، مېنى چۈشىنىپ قالىسەن، مەن بىر ياخشى بالا، باي بولمىساممۇ، سىلەرنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىڭلارنى، نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن، مەنمۇ سىلەردەك جەيلان، مەن ساڭا پۈتۈن بۇلارنى چۈشەندۈرسەم دېيمەن، لېكىن شۇنداق گەپ قىلاي دېسەم ھەممىسى قورقۇنچلۇق ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىكتەك تۇيۇلۇپ كېتىپ بارىدۇ ۋە شۇڭا قولۇمدىن مايغا كۈچەپ دەسسەشتىن باشقا بىر ئىش كەلمەيۋاتىدۇ، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مېنىڭ رەزىل بىر بالا ئەمەسلىكىمنى كۆرۈپ قوي، چۈنكى رەزىللەر قورقىدۇ، مەن قورقمايمەن، قارا، مۇشۇ قوتۇر ماشىنىدىمۇ سائىتىگە 130 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە كېتىپ بارىمەن، كۆردۈڭمۇ، قورقۇۋاتامسەن، بەلكىم ئۆلۈپ كېتەرمىز، مايغا تېخىمۇ كۈچەپ باستىم ۋە

بىردەمدىن كېيىن دۆۋدىن چۈشكىچە ئۇچىمىز ۋە ئۆلىمىز ۋە مەن ئۆلسەم دەستلار ياتاقتا مېنىڭ خاتىرىلەش ئۈچۈن كورت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەر ۋە ئويۇن داۋامىدا باي ھارامىلىقلاردىن ئۇتتۇۋالغان پۇللاردىن قەبرە تېشىمنى مەرمەردىن ياسىتىشلار، ۋاي تەخەيلەر ۋە مايغا يەنىمۇ كۆچەپ باستىم، لېكىن جەيلاندىن تېخىچە بىر ئىنجا كەلمەيتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈمنىڭ ھەقىقەتەن يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئويلىدىم، ۋاي خۇدايىم، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ساھىلدا ئايلىنىۋاتقاندەك كېتىپ بارغانلارنى كۆردۈم ۋە ئالدىراش-تىنەش تورمۇزغا دەسسىۋېدىم ماشىنا قولۋاققا ئوخشاش بىر يېنى كۆتۈرۈلۈپ قېيىشقا باشلىدى ۋە ئۇلارغا قاراپ ئۇدۇل كېلىۋاتاتتۇق، ئۇلار قوللىرىدىكى قوتىلارنى كۆتۈرگىنىچە قېچىشتى ۋە ماشىنا يەنە ئازراق قېيىپ كەتتى ۋە ئېتىزلىققا كىرىپ بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ ئوتى ئۆچتى ۋە تومۇزغا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدۇق ۋە جەيلان قورقۇپ كەتتىڭمۇ، دېدىم، ھېچنىمە بولمىغانسەن، ياق، دېدى، تاس قالدۇق ئۇلارنى مجىپ ئۆتۈپ كەتكىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدا يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ۋە قوللىرىدىكى سىر قوتىلىرىنى كۆرۈپ چۈشەندىم، تاملارغا خەت يېزىۋېتىپتىكەن، ھۆكۈمەتسىزلەر ۋە ئەمدى ئۈچ بىكار تەلەت بىلەن « خۇدايىم بىر ساقلىدى ئاغىنە، دىققەت قىلىپ ھەيدىسەڭ بولمامدۇ" دەپ دەتالاش قىلغۇم بولمىغاچقا ماشىنىنى دەرھال ئوت ئالدۇراي، دېدىم، لېكىن ئوت ئالمىدى ۋە يەنە بىر تولغىدىم ۋە خۇداغا شۈكرى ئوت ئالدى ۋە يولغا چىقىش ئۈچۈن ئالدى-كەينىگە ياندۇرۇپ مانېۋىر ئۆتكۈزىۋاتسام ئۇ ئۈچ بىكار تەلەت يېتىپ كېلىپ تىللاشقا باشلىغانىدى ۋە ئىشكىنى تاقا جەيلان، دېدىم ۋە ئۇلارنىڭ تىل-ھاقارەتلىرى يېغىۋاتقاندا ماشىنىنى يولغا چىقىرىش ئۈچۈن كۆچەۋاتاتتىم ۋە ئۇ ئارىلىقتا ئۇ كالۋالارنىڭ بىرسى ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتتى بولغاي، چۈنكى ۋايجان تووۋلاۋاتاتتى ۋە ماشىنىنىڭ كەينىگە مۇشتلاشقا باشلىغان ئىدى، لېكىن كېچىكىپ قالدىڭلار كالۋالار، مەن يولغا چىقتىم مانا، ماقۇل ئەمىسە، خوش، ئالدىمىزدىكى تاملارغا يازغانلىرىنى كۆردۇق: يېڭى مەھەللە كومۇنىستلارنىڭ مازىرى بولىدىكەنمىش، ئەسىر تۇركلەرنى قۇتۇلدۇرىدىكەنمىش، ماقۇل، ماقۇل، ئاپىرىن ھېچبولمىسا ئۇلار كومۇنىست ئەمەسكەن ۋە تېز سۈرئەتتە يىراقلاپ كەتتۇق ۋە قورقتۇڭمۇ جەيلان، دېدىم ۋە ياق، دېدى ۋە بىردەم پاراڭلاشقۇم، يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىردەم بىر-بىرىمىزگە سۆزلەپ بېرىشەيلى دېگەنىدىم لېكىن، ئۇ ھە، ياق، دەپلا جاۋاپ بەردى، قايتقۇچە لام-جىم دېيىشمىدۇق، ماڭدۇق، ماڭدۇق ۋە ئاخىرى ماشىنىنى تۇرانلارنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىتىشىمغا جەيلان ماشىنىدىن چۈشۈپلا يۈگۈرگەن پېتى ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە مەن بىرىپ قاراپ باقتىم، ماشىنىغا ئانچە چوڭ بىر ئىش بولمىغان ئىدى، ئاكام دېگەن پور كۆتەك ئايلىقىنى راكى شىشىلىرىگە خەجلەشىنىڭ ئورنىغا ماشىنىسىنىڭ بالونلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولسىدى، بېشىمىزغا بۇ بالا-قازامۇ كەلمەس بولغىيدى،

قانداقلا بولمىسۇن چوڭ ئىش چىقمىدى ۋە ئىچىگە كىردىم ۋە ئۇلارنى كۆردۈم، يۆلەنگۈچلۈك ئورۇندۇقلاردا، دىۋانلاردا، يەردە سوزۇلۇپ، يېرىم بىھوش ھالەتتە يېتىشىپتۇ، كەيىپ بولۇپ قېلىشقانىدى، خۇددى بىر نەرسىنى ساقلاۋاتقاندەك، بەلكىم ئۆلۈمنى، بىر جىنازىنى ياكى تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى، لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، پەقەت بۇ سەۋەپتىنلا ئەمەس، خۇددى ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىدە بار ئۇ ئۆيلەردىن، كاتىپرلاردىن، ماشىنىلاردىن، زاۋۇتلاردىن ۋە مال-مۈلۈكلەردىن بىزار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىشىپتۇ ۋە نېمىلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان ھېلىقى نەرسىنى كۈتۈپ يېتىشىپتۇ، ئەنە، مەھمەت يەۋاتقان گىلاسنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئالدىرىماي ئاغزىدىن چىقىرىۋاتىدۇ ۋە بۇ خۇددى، دۇنيادا قىلغىلى بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم ئىشتەك، دىققەت بىلەن تۇرگاينىڭ بېشىغا ئېتىۋاتىدۇ ۋە ھۆل يەردە سوزۇلۇپ ياتقان تۇرگايمۇ بېشىغا تېگىۋاتقان ھەر بىر ئۇرۇقچا ئۈچۈن زېرىكمەي تىل-ھاقارەت ياغدۇرىۋاتىدۇ ۋە ئامالسىز ئىڭراۋاتىدۇ ۋە ئاندىن مەن ئۆي ئىچىدىكى كۆلنىڭ دەرىزىدىن ئۆيگە كىرگۈزۈلگەن ۋە تېخىچە سۇ چىقىپ تۇرغان شىلانكىدىن، ئۆرۈلگەن دەرىزىلەردىن ۋە قۇسۇقلاردىن ھاسىل بولغانلىقىنى كۆردۈم ۋە زەينەپنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، فافانىڭ بىر مودا ژورنىلىغا بۇتتەك تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى ۋە ئاغزى ئوچۇق خورەك تارتىۋاتقان تۇرانىنىڭ بېشىغا ھۆليانىڭ سۆيۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى ۋە باشقىلارنىڭمۇ، ئاغزىدا تاماكا، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان جەيلانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇ چاغدا، نېمىنى، قانداق، نېمە ئۈچۈن قىلىشىم ۋە ئويلىشىم كېرەكلىكىنى تاپالمىدىم ۋە ھەممە ئىشنى بىر-بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىپ باراتتىم ۋە بېشى بىلەن ئايغىنى تاپالمايۋاتاتتىم، ئۆزۈمنى بىزارلىق ئىچىدە دىۋانلاردىن بىرىگە تاشلىغان چېغىمدا، ماڭايلى، دەۋاتاتتى قولىدىكى ژورنالدىن بېشىنى كۆتۈرگەن فافا، ماڭايلى باللار، كۈن چىقىۋاتىدۇ، بولۇڭلار بىرەر ئىش قىلايلى، ئىشكەمبەچى①گە بارايلى، بېلىق تۇتقىلى چىقايلى، بولۇڭلار باللار، بولۇڭلار، بولۇڭلار.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

ــ ماشىنىنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالدىڭلارمۇ؟ــ دېدى مۇستاپا.
ــ ئاق «ئانادول»ــ دېدى سەردار ــ يەنە كۆرسەم تونۇيمەن.
ــ ئىچىدىكىلەرنى ئېنىق كۆرەلىدىڭلارمۇ؟
ــ بىر قىز بىلەن بىر گۆي ــ دېدى ياشار.
ــ چىرايىنى كۆرەلىدىڭلارمۇ؟ــ دېدى مۇستاپا.

ھېچكىم بىر نېمە دېمىدى ۋە مەنمۇ جىم تۇردۇم: چۈنكى مەتىننى تونۇپ قالدىم، لېكىن يەنە بىرى سەنمىدىڭ، ئەمەسمىدىڭ بىلەلمىدىم نىلگۈن. سەھەرنىڭ بۇ ۋاقتىدا بىزنى تاس قالدىڭلار مىجىپ ئۆتۈپ كەتكىلى... ئاندىن بىزنىڭكىلەرنىڭ سىلەرنى تىللىغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ داۋاملىق ئويلىغۇم كەلمىدى: مەن پەقەت تاملارغا يوغان ھەرپلىك خەتلەرنى يېزىۋاتاتتىم ۋە ۋەزىپەمنى ئۆتەۋاتاتتىم. سەردار، مۇستاپا ۋە ئاۋۇ يېڭى كەلگەنلەر بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايۋاتاتتى، لېكىن ماڭا قاراڭلار، مەن تېخىچە يېزىۋاتىمەن، تاملارغا كومۇنىستلارغا بۇ يەرنى نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى يېزىۋاتىمەن: مازار بولىدۇ، مازار، شۇنداق!

ــ بولدى ئەپەندىلەر ــ دېدى مۇستاپا بىردەمدىن كېيىن ــ ئەتە كېچە داۋاملاشتۇرىمىز.
بىر دەم جىم تۇرۇشۇپ ئاندىن: ــ ئاپىرىن!ــ دېدى ماڭا قاراپ ــ ياخشى ئىشلىدىڭ!
مەن جاۋاپ قايتۇرمىدىم، باشقىلار ئەسنەۋاتاتتى.
ــ لېكىن ئەتە ئەتىگەندە بارسەن ئۇ يەرگە!ــ دېدى ــ كۆرۈپ باقاي قېنى ئۇ قىزنى قانداق قىلىسەنكىن...

مەن يەنە گەپ قىلمىدىم؛ كۆپچىلىك تارقالغاندىن كېيىن، تامغا يازغان خەتلىرىمىزنى ئوقۇغاچ ئۆيگە قايتقۇچە ئويلىدىم: ماشىنىدا مەتىننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سەنمىدىڭ نىلگۈن؟ نەگە بارغانتىڭلار؟ بەلكىم مومىسى ئاغرىپ قېلىپ، مەتىن بىلەن دورا ئالغىلى بارغاندۇ... ۋە بەلكىم، كۈننىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلىۋاتقان بولغىيدىڭلار، سىلەرگە بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. نېمە ئىش قىلىۋاتقانتىڭلار؟ ئەتە ئەتىگەندە ئۆزۈڭدىن سورايمەن. ئاندىن ئېسىمگە كېلىۋىدى مۇستافادىن قورقتۇم.

تاڭ ئېتىپ جاھان يورۇپ قالغانىدى، كېلىپ قارىدىم، بىزنىڭ ئۆينىڭ چىرىقى تېخىچە يېنىق تۇراتتى. بوپتۇ دادا! دەرىزىلەرنىمۇ، ئىشىكلەرنىمۇ تاقاپ قويۇپتۇ، ئۇخلاۋاتاتتى، كارىۋىتىدا ئەمەس، سافادا ئۆزى يالغۇز، بىچارە توكۇر! ئاۋۋال ئىچىم ئاغرىدى، ئاندىن ئاچچىقىم كەلدى. ئەينەكنى تاكىلداتتىم.

قوپۇپ ئاچتى، ۋارقىراپ، جارقىرىدى، يەنە ئۇرىدىغان بولدى دەپ قالغانىدىم، ياق، يەنە ھاياتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋە دىپلومنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى؛ ئادەتتە بۇنداق گەپلەرنى قىلغان چاغدا ئۇرمايتتى. پەسكويغا چۈشسۇن دەپ بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ قۇلاق سالدىم، لېكىن گېپى ئاڭلىغانغا تۇگەيدىغاندەك قىلمايتتى. كېچىچە ئىشلەپ، يەنە بېشىمغا شۇنچىۋىلا ئىش كەلگەنىنىڭ ئۈستىگە ئەمدى سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلاشقا تاقىتىم يوق: ئىچىگە كىرىپ كەتتىم، ئىشكاپتىن بىر چاڭگال گىلاس ئالدىم، يەۋاتاتتىم، بىردىنلا، ۋايجان، بىر مۇش ئاتتى، دەرھال ئۆزۈمنى قاچۇردۇم ۋە قولۇمغا ئۇرالدى ۋە گىلاسلار، ئۇرۇقچىلار يەرگە چېچىلدى.

مەن ئۆزۈمنى ئوڭشىغىچە يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، گېپىگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى: ئوغلۇم، ئوغلۇم، نېمىشقا ئوقۇمايسەن ۋاھاكازا. ئىچىم ئاغرىدى ۋە كۆڭلۈم يېرىم بولدى، لېكىن مەن قانداق قىلاي. ئاندىن گەدىنىمگە بىرنى سېلىۋىدى غۇژژىدە ئاچچىغىم كەلدى.

ـ يەنە مېنى ئۇرىدىغان بولساڭ مەن بۇ ئۆيدىن قېچىپ كېتىمەن ــ دېدىم.

ـ كەت، يوقال!ــ دېدى ــ دەرىزىنىمۇ ئىككىنچى ئېچىپ بەرمەيمەن!

ـ ماقۇل ــ دېدىم ــ مەن ئۆز پۇلۇمنى دېمىسەڭمۇ ئۆزۈم تېپىۋاتىمەن.

ـ يالغان گەپ قىلما!ــ دېدى ــ مۇشۇ ۋاقىتقىچە كوچىلاردا نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئاندىن ئىچىدىن ئانام كېلىشىگە: ــ قاچارمىش ماۋۇ!ــ دېدى ــ ھە، تېخى ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسمىش.

ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتتى، تىترىدى، يىغلاشتىن بۇرۇن تىترىگەنگە ئوخشاش ۋە قېرى، ئىگىسىز بىر ئىتنىڭ يالغۇز قېلىپ ھۇۋلىغىنىدەك، ھەسرەت ۋە ئاچچىقتىن ئۆزى كۆرمىگەن، بىلمىگەن بىراۋلارنى چاقىرىۋاتاتتى بۇ بىچارە ئىت. ئىچىم سىقىلدى. ئانام كۆز، قاش ئىشارەتلىرى بىلەن، سەن كىرىپ كەت، دەۋاتاتتى، ھېچنىمە دېمەستىن كىرىپ كەتتىم. توكۇر لاتارىيەچى يەنە بىر دەم كوتۇلدىدى، ۋارقىراپ، جارقىرىدى، پاراڭلىششتى. ئاخىرى چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ جىم بولۇشتى.

دەرىزىدىن كۈن نۇرلىرى چۈشۈشكە باشلىدى، مەنمۇ بېرىپ كارىۋىتىمدا ياتتىم، لېكىن كىيىملىرىمنى سالمىدىم. ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتتىم ۋە تورۇسقا قارىدىم، تورۇستىكى بىر يېرىقქا،

يـامغۇر قـاتتىق ياغقانـدا، ئىچـىدىن سـۇ ئاقـىدىغان، ئـاۋۇ قـاراڭغۇ يېرىققا قارىـدىم. بـۇرۇن تورۇستىكى ئۇ قاراڭغۇ يېرىقنى بىر بۆركۆتكە ئوخشىتاتتىم: قاناتلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى ۋە مەن ئۇخلاپ قالغاندا بۇ كونا بۆركۆت گويا ئۆستۆمگە چۈشۈپ مېنى ئېلىپ قاچاتتى ۋە ئۇ چاغدا مەن ئەركەك ئەمەس، بىر قىز بولغان بولاتتىم! ئويلىدىم.

ئۇنىڭ قېشىغا بارىمەن، ساھىلغا، توققۇز يېرىمدا، دەيمەنكى، مەرھابـا نىلگـۈن، مېنـى تونۇدۇڭمۇ، قارا يەنە جاۋاپ بەرمىگىنىنى، يەنە چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرىۋاتىسەن، دەيمەن، لېكىن كۆپ ۋاقتىمىز قالمىدى، چۈنكى چاتاق يېرى بىز خەتەر ئىچىدە قالدۇق، دەيمەن، سەن مېنـى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ، ئۇلارمۇ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالـدى، ئەمـدى سـاڭا ھەمـمە ئىشـنى چۈشەندۈرىشىم كېرەك، دەيمەن، چۈشەندۈرىمەن، ساڭا ۋارقىراپ سىلكىشىمنى، قولۇڭـدىكى گېزىتنى تارتىۋېلىپ يىرتىۋېتىشىمنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ، دەيمەن، ئۇلارغا بۇنـداق قىلىشـقا كېرەك يوقلىقىنى كۆرسىتىپ قوي، نىلگۈن، دەيمەن ۋە ئۇ چاغدا، نىلگۈن، يىراقتا بىزگە قاراپ تۇرغان مۇستافانىڭ قېشىغا بارىدۇ، ئۆزىنىڭ قانـداق ئـادەملىكىنى مۇسـتافاغا چۈشـەندۈرەر، مۇستافا بەلكىم خىجىل بولار ۋە ئۇ چاغدا، نىلگۈن مېنىـڭ ئـۇنى ياخشـى كۆرىـدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ قالار ۋە بەلكـىم ماڭـا ئـاچچىقلاپ كەتـمەس ۋە بەلكـىم سـۆيۈنۈپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس، چۈنكى ھاياتتا ھەرقانداق ئـىش يـۈ بېرىـپ قېلىشـى مـۇمكىن، بىـر نـېمە دېگىلـى بولمايدۇ...

تېخىچە تورۇستىكى قاراڭغۇ يېرىقنىڭ قاناتلىرىغا قاراپ ياتاتتىم. بىر قارىسام بۆركۆتكە، بىر قارىسام لەگلەككە ئوخشايتتى. ئىچىدىن سۇمۇ تامچىلايتتى. لېكىن بەك بۇرۇنقى چاغلاردا يوق ئىدى، چۈنكى دادام تېخى بۇ ھوجرىنى سالمىغانىدى.

لېكىن ئۇ چاغلاردا مەن، بىزنىڭ ئۆيىمىز كىچىك، دادام بىر لاتـارىيە سـاتقۇچى ۋە تاغـام بولسا بىـر پاپـا مـالاي دەپ ئۇنچـۇۋېلا نومـۇس قىلىـپ كەتمەيتـتىم. يـاق، ئـازراقمۇ نومـۇس قىلمايتتىم دېگىنىم ئەمەس، چۈنكى تېخى بىزنىڭ قۇدۇقىمىز يوق بولغاچقا مەن، ئانام بىلەن بۇلاققا سۇغا بارغاندا، سەن نىلگۈن بىزنى كۆرۈپ قالسـەن دەپ قورقـاتتىم، چـۈنكى سـىلەر مەتىن بىلەن ئۈچ ئۇۋلاشقا چىقىشقا باشلىغانـدىڭلار ۋە ئۇ چاغلاردا شۇنچىلىك يېقىن دوست بولۇپ كەتتۇقكى، ھېلىقى بىـر كـۈزدە، يېگـىدىن سـېلىنغان، ھەممىسـى ئوخشـاش، كېيىن يۆگىمەچ قـاپلاپ كەتـكەن، ئـۇ، بەشـئەۋلەردىكىلەرمۇ ئىسـتانبۇلغا قايتىـپ كەتـكەن چاغـدا، ئېتىزلىقنىڭ بېشىدا، ھەممەيلەن كېتىشكەن ئىدى، سىلەر تېخىچە بـۇ يەردە ئىـدىڭلار ۋە ئـۇ چاغدا مەتىن بىلەن فارۇقنىڭ گاز ملتىقىنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدىڭلار، بىللە قاغا ئاتقىلى بارايلى، دەپ، بىزنىڭ دۆگدىن چىققىچە تەرلەپ كىتىپتىكەنسىلەر ۋە ئانام سىلەرگە سۇ قۇيۇپ بەرگەنىدى، پاكىز سۇ، بىزنىڭ، يېڭى پاشاباغچە سۇنماس بـارداقلىرىمىزدا سـۇنى

سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئىچكەنىدىك نىلگۇن، لېكىن مەتىن ئىچمىگەن ئىدى، بەلكىم بىزنىڭ بارداقلارنى مەينەت كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك، بەلكىم سۇنى پاكىز ئەمەس دەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن ئانام، خالىساڭلار بىرىپ ئۈزۈم ئۈزۈپ يەڭلار باللار، دېگەنىدى، مەتىن سورىۋېدى، ئۇ باغ بىزنىڭ ئەمەس، دېگەنىدى، لېكىن كېرەك يوق، قوشنىمىزنىڭ، بىر نەرسە دېمەيدۇ، بېرىپ يەۋېرىڭلار، دېگەنىدى، لېكىن سىلەر ئىككى قېرىنداش ئۇنىمىغان ئىدىڭلار ۋە مەن بېرىپ ساڭا ئۈزۈپ ئەكىلىپ بېرەيمۇ نىلگۇن دېسەم سەن ئۇنىمىغان ئىدىڭ، چۈنكى بىزنىڭ ئەمەس ئىدى، لېكىن سەن ھېچبولمىغاندا يېڭى بارداقتىن سۇ ئىچكەن ئىدىڭ نىلگۇن، مەتىن سۇنىمۇ ئىچمىگەنىدى.

كۆڭۈن تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى ۋە قۇشلارنىڭ دەرەخلەردە سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۇستافا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ، ئۇمۇ كۈتىۋاتقانمىدۇ ياكى ياتقانمىدۇ، ئۇخلىغاندىمۇ؟ ئويلىدىم.

بۇنىڭدىن كۆپ ئەمەس، پەقەت ئون بەش يىل كېيىنكى بىر كۈنى مەن زاۋۇتىمدا خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىمدا، ياق، كاتىپ ئەمەس، مۇسۇلمان ياردەمچى قىز، كىرىپ بىر قانچە ئىدىئالىست سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، ئىسىملىرى مۇستافا ۋە سەردار دېگەن چاغدا، مەن، ئاۋۋال شۇ ئىشلىرىمنى تۈگىتەي، ئاندىن، دېيمەن، ئۇلارنى بىردەم ساقلىتىپ ئىشمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاپتوماتىك كونۇپكىغا بېسىپ چاقىرىمەن، ئەمدى قوبۇل قىلاي ئۇلارنى، كەلسۇن، دېيمەن، مۇستافا بىلەن سەردار خىجىللىق ئىچىدە سىقىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ، چۈشەندىم، ياردەم تەلەپ قىلىپ كەپسىلەر، سىلەردىن ئون مىليونلۇق تەكلىپنامە ئالىمەن، لېكىن بۇ تەكلىپنامىنى كومۇنىزىمدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، سىلەرگە ئىچىم ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن ئالىمەن، چۈنكى مېنىڭ كومۇنىستلاردىن قورقۇنچىم يوق، دۇرۇست ئادەممەن، تىجارەتتە ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمىدىم ۋە فىتىر-زاكاتنى ھەر يىلى ئاقساتماي بېرىپ كېلىۋاتىمەن، ئىشچىلىرىمنى كىچىك شېرىك قىلىۋالدىم، مەرت ئادەم بولغاچقا، مېنى ياخشى كۆرىشىدۇ، سودا ئۇيۇشمىسى بىلەن كومۇنىستلارغا نېمە دەپ ئالدىنىپ قالغۇدەك، بۇ زاۋۇتنىڭ ھەممىمىزگە نان بېرىۋاتقانلىقىنى مەندەكلا ئوبدان بىلىشىدۇ، مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلىدۇ، ئۇلار بىلەن بۇگۇن ئاخشام بىللە قىلماقچى بولغان ئېپتارغا سىلەرمۇ كېلىڭلار، مەن ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن، قول ئاستىمدا يەتتە مىڭ ئىشچى بار، دېسەم مەن، مۇستافا بىلەن سەردار قانچىلىك ھەيران قالار بولغىيدى، بىلىپ قالاتتى مېنىڭ قانداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى، بىلىپ قالاتتى، شۇنداقمۇ؟

ئاۋازىدىن تونۇدۇم: خەللىنىڭ ئەخلەت ماشىنىسى دۆڭگە چىقىۋاتىدۇ. قۇشلار جىمىپ قېلىشتى. تورۇسنىكى يېرىقتىن زېرىكتىم، ئۆرۈلدۈم؛ يەرگە قاراۋاتىمەن. يەردە بىر چۈمۈلە

كېتىپ باردۇ. چۈمۈلە، چۈمۈلە، بىچارە چۈمۈلە! بارمىقىمنى ئۈزۈتىپ، ئۈستىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدۇم، گاڭگىراپ قالدى. سەندىن ئىنتايىن كۈچلۈكلەر بار، سەن بىلمەيسەن، ئاھ چۈمۈلە. چۆچۈپ كەتتىڭ، شۇنداقمۇ، يۈگۈرۈۋاتىسەن، ئالدىڭغا بارمىقىمنى يەنە قويۇۋېدىم يەنە بۇرۇلۇپ قېچىۋاتىسەن. بىردەم ئويناشتىم ۋە ئاخىرىدا، ئىچىم ئاغرىدى، بىزار بولدۇم؛ غەلىتە بولۇپ قالدىم؛ ئىچىم سىقىلدى؛ ياخشىراق ئىشلارنى ئويلىغىم كەلدى ۋە دائىم ئويلايدىغان ئۇ گۈزەل زەپەر كۈننى خىيال قىلدىم.

ئۇ كۈنى، مەن بىر تېلېفوننىڭ كەينىدىن يەنە بىر تېلېفوننى ئېلىپ بۇيرۇق ياغدۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ماڭا تەڭلەنگەن ئەڭ ئاخىرقى تېلېفوننى ئالىمەن، ئالو، تونجەلىمۇ، دېيەمەن ئۇ زەپەر كۈنى، ئۇ يەردە ئەھۋال قانداق، ھەممە ئىش تامام قوماندانىم، دەيدۇ تېلېفوندىكى ئاۋاز، بۇ يەرنى تازىلاپ بولدۇق، رەھمەت ئېيتىمەن، ۋە ئاندىن ئەڭ ئاخىرىدا كارسقا تېلېفون ئالىمەن، ئالو كارس، ئۇ يەردە ۋەزىيەت قانداق، دېيەمەن، توگەي دەپ قالدى، قوماندانىم، دەيدۇ ھەممىسىنى يوق قىلىش ئالدىدا تۇرىمىز، ياخشى، دېيەمەن ۋەزىيەتلەرنى ياخشى ئورۇنداپسىلەر، رەھمەت سىلەرگە، دېيەمەن ۋە تېلېفوننى قويۇپ ئىشخانامدىن چىقىپ، كەينىمدىكى بىر توپ كىشىلەر بىلەن چوڭ سالونغا كىرگەن چېغىمدا، مىڭلىغان ۋەكىل مېنى ھاياجان بىلەن ئالقىش ياڭرىتىپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە مېنىڭ بايانات ئېلان قىلىشىمنى تۆت كۆزلىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان چېغىدا، مەن مىكروفونغا، دوستلار، دېيەمەن، ئۈلكۈچى چاقماق ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى، تونجەلى ۋە چېگرا شەھىرىمىز كارستىكى ئەڭ ئاخىرقى قىزىل ئىسيانچىلارنىڭ ئۇۋۇلىرىنىڭ بىتچىت بولغانلىقىدىن تېخى ھازىر خەۋەر تاپتىم، ئۈلكۈچى جەننىتى ئەمدى ھەرگىزمۇ بىر چۈش ئەمەستۇر دوستلار، تۈركىيەدە بىرمۇ كوممۇنىست ھايات قالمىدى، دەپ تۇرىشىمغا، ياردەمچىم كېلىپ قۇلىقىمغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلايدۇ ۋە مەن، ھە، شۇنداقمۇ، دېيەمەن، مانا ھازىرلا كېلىمەن، دېيەمەن ۋە توگىمەس مەرمەر كارىدورلاردىن ئۆتۈپ، قوراللىق قاراۋۇللار پوستا تۇرۇۋاتقان، ئىشىكلىرى بىر-بىرىگە ئېچىلىدىغان قىرىق ئۆينىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئىچىدە، كۈچلۈك چىراقلار بىلەن يورۇتۇلغان بىر بۆلۈكدا، مەن سېنى كۆردۈم، بىر ئورۇندۇققا باغلىنىپسەن ۋە ياردەمچىم ماڭا، يېڭىلا تۇتۇلدى قوماندانىم، دەيدۇ، بارلىق كوممۇنىستلارنىڭ رەھبىرى بۇ قىزىل خوتۇنكەن، دەپ تۇرىشىغا، مەن، ئۇنى دەرھال يېشىۋېتىڭلار، دېيەمەن، بىزگە بىر ئايالنىڭ قولىنى باغلاشمۇ ياراشمايدۇ، سېنى يېشىدۇ ۋە مەن، بىزنى يالغۇز قويۇڭلار، دېيەمەن ۋە ياردەمچىم بىلەن ئادەملىرى ئۆتۈكلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، سالام بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئىشىكلەر يېپىلغاندا مەن ساڭا قاراۋاتىمەن، 40 ياشتا تېخىمۇ گۈزەل، تولغان ئايال بولۇپسەن ۋە ساڭا بىر تال تاماكا ئىكرام قىلغاچ، مېنى تونۇدىڭىزمۇ يولداش نىلگۈن خانىم، دېيەمەن، ھەئە دېيسەن، سەن خىجىللىق ئىچىدە تونۇدۇم ۋە بىر دەم

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ ۋە بىز بىر-بىرىمىزگە سەپسالىمىز ۋە ئاندىن مەن بىردىنلا، بىز غەلىبە قىلدۇق دەيمەن، بىز غەلىبە قىلدۇق ۋە تۈركىيەنى سىلەر كومۇنىستلارغا تاشلاپ قويمىدۇق، پۇشايمان قىلدىڭمۇ، ھەئە، دەيسەن، پۇشايمان قىلدىم ۋە قولۇمدىكى تاماكا قېپىغا تەگلەنگەن قولىرىڭنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن، ئۆزىڭىزنى بىسىۋېلىڭ، دەيمەن، مەن ۋە دوستلىرىم ئايالالار ۋە قىزلارغا ھېچبىر زامان يامانلىق قىلمايمىز، ھودۇقماڭ، بىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ تۈرك ئەنئەنىسىگە ئاخىرىغىچە رىئايە قىلىمىز، شۇڭا قورقماڭ، دەيمەن، سىزگە جازانى مەن ئەمەس، تارىخنىڭ ۋە مىللىتىمنىڭ مەھكىمىسى بېرىدۇ، دەيمەن ۋە سەن، پۇشايمان قىلدىم، مەن پۇشايمان قىلدىم ھەسەن، دەيسەن ۋە مەنمۇ، كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن، دەيمەن ۋە ھېسىياتىمغا بېرىلىپ سىزنى كەچۈرۈۋېتىشىم مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مەن؛ مەن ئەڭ ئاۋۋال مىللىتىمنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىشىم كېرەك، دەۋېتىپ، قارىسام، ھە... سەن يېشىنىشكە باشلاپسەن، خۇددى پاندىكتا ھېچكىمگە كۆرۈنمەي بېرىپ كۆرگەن ئۇ سېرىق فىلملەردىكى، نومۇسسىز، ئەدەپسىز خوتۇنلاردەك بوپسەن، ۋاي خۇدايىم، يەنە تېخى مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ، مېنى ئالداشقا ئۇرۇنىۋاتىسەن سەن، لېكىن مەن مۇزدەك تۇرىمەن، سەندىن يىرگىنىدىم، شۇ ئان سوۋۇدۇم ۋە سېنىڭ يالۋۇرۇشلىرىڭغا باقماي قاراۋۇللارنى چاقىرىپ دەيمەنكى: ئەپ مېڭىڭلار بۇ كاتىرىنانى دەيمەن، مەن پالتىچى مەھمەت پاشانىڭ خاتالىقىنى تەكرارلىغىم يوق، مىللىتىم ئۇ زەئىپ پالتىچىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتى، لېكىن ئۇ كۆنلەر كەلمەسكە كەتتى ۋە ئاندىن، قاراۋۇللار سېنى ئېلىپ ماڭغان چاغدا مەن بىر ئۆيگە كىرىپ بەلكىم يىغلايمەن ۋە ساڭا ئوخشاش بىر قىزنى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ۋە بەلكىم پەقەت مۇشۇ سەۋەپتىن، ھېسىياتىمغا بېرىلىپ كومۇنىستلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلارمەن، ۋە ئاخىرىدا كۆزياشلىرىم قۇرۇپ كېتەر ۋە دېمەك، يىللاپ بىكاردىن ئازاپ چېكىپتىمەن، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرارمەن ۋە زەپەر شاتلىقىغا جۆر بولۇپ، سېنى بەلكىم ئۇ كۈنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتەرمەن.

بۇ قالايمىقان خىياللاردىن ئىچىم سىقىلدى، ئۆرۈلدۈم، كارىۋېتىمنىڭ بىر بۇرجىكىدىن يەرگە قارىدىم؛ چۈمۈلە كېتىپ قاپتۇ، يوق تۇراتتى. قاچان قاچتىڭ؟ كۈن كۆتۈرۈلۈپتۇ. تۈيۈقسىزلا ئىسمىگە كەلدى، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. كېچىكىپ قېلىۋاتاتتىم.

ئاشخانىغا كىردىم، ئازراق بىر نەرسە يېدىم، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي دەرىزىدىن چىقتىم، كېتىپ بارىمەن. قۇشلار، يەنە دەرەخلەردە ئىدى، تاھسىنلار دۆڭىنىڭ بىر چېتىگە گىلاس سېۋەتلىرىنى تىزىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ساھىلغا كېلىپ قارىدىم: ئىشىك باقار بىلەن

بىلەتچى كەپتۇ، لېكىن نىلگۈن تېخى يوق. پىرىستانغا بېرىپ چارلىغۇچى پاراخوتلارغا قارىدىم. بەك ئۈيقۇم كېلىۋاتاتتى، ئولتۇردۇم.

ئەمدى تېلېفون قىلىۋېتەي: ئالو: نىلگۈن خانىم، خەتەر ئىچىدە قالدىڭىز؛ بۈگۈن ساھىلغا ۋە باققالغا كەلمەڭ، دېمەن، ئۆيدىنمۇ چىقماڭ. كىم، مەنمۇ؟ كونا بىر دوست! تاراق! تېلېفونۇم كەسكىن بىر ئاۋازدا ئۈنىڭ يۈزىگىلا قويۇلىدۇ. كىم ئىككەنلىكىمنى بىلەرمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، خەتەردىن قوغداپ قالماقچى بولغانلىقىمنى چۈشىنەرمۇ؟

مەن ئاياللارنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىمىزنى بىلىمەن، قولىدىن گېزىتنى تارتىۋېلىپ يىرتىۋېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن! ئاياللار بىچارە مەخلۇقلاردۇر، ئۇلارغا ناچار مۇئامىلە قىلىنماسلىقى كېرەك، ئانام بەك ياخشى بىر ئىنساندۇر! ئاياللارغا يامان نىيەتتە قارايدىغانلارنى ئۆچ كۆرىمەن، ئۇلارغا قاراپ پەقەت ئۇلار بىلەن يېتىشنىلا ئويلايدىغانلار، ناچار، دانخورەك باسقان خوتۇنپۈرۈچلار بىلەن ماتېرىيالىست بايلار ۋە پەسكەش گۈيلاردۇر. مەن ئەدەپلىك ۋە مەدەنىي بولۇش كېرەكلىكىنى بىلىمەن: ياخشىمۇ سىز، سىز ئاۋۋال مېڭىڭ، بىر خانىم بىلەن بىللە ماڭغاندا بىر ئىشىكنى كۆرسەڭ پۈتلىرىڭ ئۆزلىكىدىن ئاستىلايدۇ ۋە سەن بىر ئىشنى ئويلار -ئويلىماس قولۇڭ ئۆزلىكىدىن ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ، قېنى، سىز ئاۋۋال،مەن سىلەردەك قىزلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىمەن، ھە، تاماكا چېكەمتىڭىز، كوچىدىلا چېكىۋېرەمسىز، ئەلۋەتتە، چەكسىڭىز بولىدۇ، سىزنىڭمۇ چېكىش ھەققىڭىز بار، مەن ئۈنچىلىك زامانىنىڭ كەينىدە قالغان ئادەم ئەمەس، تاس، پاراۋۇزسىمان چاقمىقىم بىلەن بىر قېتىمىدىلا يېقىپ بېرىمەن ۋە مەن بىر ئايال بىلەن خۇددى بىر ئەر كىشى بىلەن ياكى ساۋاقدىشىم بىلەن پاراڭلاشقاندەك بەھوزۇر، تارتىنماي پاراڭلىشالايمەن؛ ئۇ چاغدا قىزلار مېنىڭ قانداق بىر ئادەم ئىككەنلىكىمنى كۆرۈپ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ ھەيران قېلىشىدۇ؛ گېزىتنى تارتىۋېلىپ يىرتىۋېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن! بەلكىم مۇستافا مۇنداقلا دەپ قويغاندۇ.

دېڭىزغا ۋە چارلىغۇچى پاراخوتلارغا قاراۋېرىشتىن زېرىكتىم، ئورنۇمدىن تۇردۇم، ساھىلغا قايتىۋاتىمەن. مۇستافا مۇنداقسىگە چاخچاق قىلىپ قويغاندۇ، چۈنكى، نېمىلا بولمىسۇن، قىزلارغا ئەدەبسىزلىك قىلىنماسلىقى كېرەكلىكىنى ئۇمۇ بىلىدۇ. سېنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قىلغان، دېيىشى مۇمكىن مۇستافا، قاراپ باقايلى، ئىنتىزامىنىڭ شەرتسىز ئىتائەت قىلىش ئىككەنلىكىنى راستىنلا بىلىدىغىمكىن دەپ! سېنىڭ ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزغا ئەدەبسىزلىك قىلىشىڭغا كېرەك يوق ھەسەن!

ساھىلغا كېلىپ قارىسام نىلگۈن كەپتۇ، بۇرۇنقىدەكلا پۈت-قولىنى ئۇزاتقىنىچە يېتىپتۇ. شۇنچىلىك ئۇيقۇم كېلىۋاتاتتىكى، ھەتتا مەندە ھاياجانمۇ قوزغالمىدى. خۇددى بىر ھەيكەلگە قارىغاندەك باقتىم. ئاندىن ئولتۇردۇم، نىلگۈن سېنى ساقلاۋاتىمەن.

بەلكىم مۇستافا كەلمەس، دەپ ئويلىدىم. ئۇنتۇپ قالغاندۇ؛ بولدى قىلغاندۇ، ياكى ئۇخلاپ قالغاندۇ. ساھىلغا قاراپ ئاققان كىشىلەر تويپى كېلىشكە باشلىدى: ئىستانبۇلدىن كەلگەن ماشىنىلار، قوللىرىدا سېۋەتلەرنى، دېڭىز تويلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان دادىلار، ئانىلار، باللار، غەلىتە، ئەخمەق ئائىلىلەر: ھەممىڭلار خاتا قىلىۋاتىسىلەر، بۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم چېكىسىلەر. يىرگەندىم.

بەلكىم ئۇنداق قىلمايمەن، دەپ ئويلىدىم. مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس! ئۇ چاغدا كوممۇنىست قىزنىڭ قولىدىن بىر گېزىتنىمۇ ئالالماپتۇ دېيىشىدۇ، يىرتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن! بۇرۇن ئۇلكۇچۇ ئىكەنتۇق، ھازىر كوممۇنىست بوپتۇ، دېيىشىمۇ مۇمكىن؛ جەننەتھەسارلىق ھەسەن قاراتاش دېگەنگە دىققەت قىلىڭلار، ئاراڭلارغا ئالماڭلار! مەيلى قورقمايمەن، ئۆزۈم يالغۇز چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن، ھەممىڭلار كۆرۈپ قالىسىلەر.

— ھەي! ئويغان دەيمەن!

قورقۇپ كەتتىم! مۇستافا ئىكەن! دەرھال قوپتۇم.

— كەلدىمۇ ئۇ قىز؟— دېدى.

— ھەئە، ئاۋۇ يەردە— دېدىم— ھاۋارەڭ سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋالغان شۇ.

— كىتاب ئوقۇۋاتقانمۇ؟— دېدى ۋە ساڭا سەت قارىدى نىلگۈن— قانداق قىلىشنى بىلىسەنغۇ؟— دېدى ئۇلاپ— باققال قايسىسى؟

كۆرسەتتىم، ئاندىن تاماكا سورىدىم، بېرىپ كەتتى، يىراقتا تۇرۇپ ساقلاشقا باشلىدى. تاماكامنى تۈتاشتۇردۇم، كۆيۈۋاتقان ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ساقلىغاچ ئويلىدىم: مەن كالۋا ئەمەسمەن نىلگۈن، دەيمەن، مەن بىر ئىدىئالىزىمچى، ئېتىقادلىق ئادەممەن، تۈنۈگۈن كېچە خەتەرگە قارىماي تاملارغا خەت يازدۇق، قارا، قوللىرىمدىكى سىياھ يۇقى تېخىچە چىقىپ كەتمىدى!

— تاماكا چېكىۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ. جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ ياپياش تۇرۇپ.

رەجەپ تاغا! قولىدا تور سېۋەت.

— تۈنجى قېتىم چېكىپ بېقىشىم— دېدىم.

— تاشلا ئۇ تاماكىنى، ماڭ ئۆيۈڭگە كەت بالام!— دېدى— بۇ يەردە يەنە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

بېشىمدا تۇرىۋالماي كەتسۇن دەپ تاماكىنى چۆرىۋەتتىم ــ بىللە دەرس ئۆگىنىدىغان ساۋاقدىشىمنى ساقلاۋاتىمەن ــ دېدىم. پۇلمۇ سورىمىدىم.

ــ داداڭ مىيىت نامىزىغا كېلىدىغۇ ـ ھە؟ ـ دېدى.

بىردەم تۇردى، ئاندىن غەلىتە بىر خىل ئىغاڭلىغىنىچە كېتىپ قالدى. دۆڭگە چىقىۋاتقان ھارۋىغا قوشۇلغان يالغۇز ئات: تاراق ـ تۇرق،تاراق تۇرۇق؛ بىچارە پاپا.

بىر ھازادىن كېيىن قارىدىم، نىلگۈن دېڭىزغا كىرىپتۇ، چىقىپتۇ، كېلىۋاتاتتى. بېرىپ مۇستافاغا خەۋەر قىلدىم.

ــ مەن باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرىمەن ــ دېدى ــ دېگەندەك «جۇمھۇرىيەت» گېزىتى ئالسا مەن باشتا يېنىپ چىقىمەن ۋە يۆتىلىمەن، ئۇ چاغدا سەن قانداق قىلىشنى بىلىسەنغۇ ــ ھە؟

ھېچنىمە دېمىدىم.

ــ ئۇنۇتما، كۆزلۈم سەندە! ــ دېدى، كېتىپ قالدى.

مەن يان كوچىغا كىرىپ ساقلىدىم. باققالنىڭ دۇكىنىغا باشتا مۇستافا كىردى. بىردەمدىن كېيىن سەن كىردىڭ نىلگۈن. ھاياجانلاندىم، كاۋچۇك ئايىغىمنىڭ يىپىنى تېخىمۇ چىڭراق چىگەي دېدىم، قوللىرىم تىترەپ كېتىپتۇ. ساقلاۋېتىپ ئويلىدىم: ھاياتتا ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇلار ئېسىمگە كېلىپ قورققاندەك بولدۇم: بىر ئەتىگىنى قوپۇپ قارىسام دېڭىز قىپقىزىل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن؛ ياكى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يەر تەۋرەشكە باشلاپ كېتەر، جەننەتھىسار ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتەر، ساھىلدا ياللۇنلار كۆتۈرۈلەر. بەدىنىم تىكەنلەشتى.

باشتا مۇستافا چىقتى، مەن تەرەپكە قارىدى ۋە يۆتەلدى. ئاندىن نىلگۈن چىقتى، قولىدا گېزىت. كەينىدىن ماڭدىم. تېز ـ تېز كېتىپ بارىدۇ. قۇشقاچلاردەك يەرگە بىر قونۇپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارغان پۇتلىرىغا قاراۋاتىمەن: گۈزەل پاچاقلىرىڭ بىلەن مېنى ئالدىيالايمەن دەپ ئويلاۋاتقان بولساڭ يېڭىلىشقان بولىسەن. كىشىلەر تۇپىدىن يىراقلاشتۇق. كەينىمگە قارىدىم، مۇستافادىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. يېقىنلاپ كەلگىنىمدە نىلگۈن مېنى تۇيدى ۋە قارىدى.

ــ مەرھابا نىلگۈن! ــ دېدىم.

ــ مەرھابا ــ دېدى ۋە قايرىلىپ ماڭدى.

ــ توختاپ تۇرە! ــ دېدىم ــ بىردەم پاراڭلىشامدۇق؟

ئاڭلىمىغاندەك كېتىپ باراتتى. كەينىدىن يۈگۈردۈم ــ توختا! ــ دېدىم ــ نېمىدەپ ماڭا گەپ قىلمايسەن؟ جاۋاپ يوق ــ ياكى بولمىسا بىرەر ئىشنى خاتا قىلغان بولسام نومۇس

قىلىۋاتامسەن-يا؟ جاۋاپ يوق، كېتىپ باربدۇ– ئىككى مەدەنىي ئىنساندەك پاراڭلىشىپ باقساق بولمامدۇ؟ يەنە جاۋاپ يوق– ياكى بولمىسا مېنى تونۇيالمىدىڭمۇ؟

تېخىمۇ تېز مېڭىشقا باشلىۋىدى، كەينىدىن پالاقشىپ گەپ قىلغىنىمنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ يېنىدا ماڭدىم. ئەمدى خۇددى ئىككى دوستتەك يانمۇ-يان كېتىپ بارىمىز ۋە مەن گەپ قىلىۋاتىمەن.

– نېمىشقا مەندىن قاچىسەن؟– دېدىم– مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟ لام-جىم دېمەيتتى– مەن ساڭا بىرەر يامانلىق قىلدىممۇ دېگىنە؟ گەپ قىلمايتتى– دېگىنە نېمىشقا ئاغزىڭنى ئاچمايسەن؟ يەنە گەپ قىلمايۋاتاتتى– بوپتۇ، مەن سېنىڭ نېمىشقا گەپ قىلمايۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، دەپ بېرەيمۇ نېمىشقا؟ ھېچنېمە دېمەيۋاتاتتى ۋە ئاچچىقىم كەلدى– مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟– دېدىم– مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ! لېكىن خاتالاشتىڭ، قىزچاق، خاتالىشىۋاتىسەن، ھازىر چۈشىنىپ قالىسەن نېمىشقا خاتالاشقانلىقىڭنى– دېدىم، لېكىن ھېچنېمە قىلمىدىم. چۈنكى خىجىل بولغاندىم ۋە بىردىنلا ئەخمىقانە ئىشلاردىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ۋارقىرىغۇم كەلگەندەك بولدى! دەل شۇ چاغدا ئۇدۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان، پۈرۈر كىيىنىۋالغان ئىككى ئەپەندىنى كۆرۈپ قالدىم.

مۇشۇ ئىسسىقتا گالستۇك تاقاپ، كاستۇم كىيىۋالغان بۇ بايۋەچچىلەرنى ئىشىمغا ئارىلاشمىسۇن دەپ ساقلاپ تۇردۇم. يەنە ھەممە ئىشنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ؛ سەل-پەل كەينىدە قالغاندىم، قارىسام نىلگۈن يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئالدىمىزدىكى دوقمۇشتىن قايرىلىسلا ئۆيىگە كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. كەينىمدىن مۇستافامۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. دوقمۇشتىن قايرىلىپ ھەيران قالدىم: يۈگۈرۈپ بېرىپ، قوللىرىدا تور سومكا كۆتۈرىۋالغان پاپانىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. بېرىپ ھەر ئىككىسىگە بىر ئىش قىلاي دېدىم، لېكىن پۇتلىرىم توختاپ قالغانىدى. توختىدىم، كەينىدىن ھاماقەتلەرچە قاراپ قالدىم. مۇستافا كەلدى.

– قورقۇنچاق گويي– دېدى– كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرستىمەن.

– مەن ئۇلارنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرستىمەن!– دېدىم– ئەتە! ئەتە كۆزىگە كۆرستىپ قويىمەن!

– ئەتە قىلامسەن؟

لېكىن ھازىرلا قىلغۇم بار ئىدى! توۋا دېگۈزگۈدەك بىر ئىش: مۇستافانىمۇ بىر سالسام! بىرنى سالسام، مۇستافا دوم چۈشىدۇ، قالاتتى شۇ يەردە. توۋا دېگۈزگىدەك بىر ئىش، ھەممىسى بىلىپ قالسۇن دەپ: چىرايىغا دەسسىۋەتسەم، مېنى كۆرمەيتتى ۋە ھېچكىممۇ مېنى قورقۇنچاق دېمەيتتى. چۈنكى ھېچكىمنىڭ مېنى ئۆزلىرى ئويلىغاندەك دەپ قېلىشىنى ۋە شۇنداق ھالەتتە

كۆرۈپ قېلىشنى ياقتۇرمايتتىم. پوتونلەي باشقىچە بىر گۇي مەن دېگەن، ئۇقامسلەر بۇنى، مۇشتۇمغا قاراپ بېقىڭلار. بۇندىن كېيىن باشقىچە بىر ئادەم مەن ئەمدى؛ شۇنچىلىك ئاچچىغىم كەلدىكى، كېلىۋاتقان ئاچچىقىمغا قارىسام، بۇ باشقىچە ئۆزۈمدىن ئۆزۈمىمۇ قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتىم. بۇنى ھېس قىلغاچقا، مۇستافامۇ غىڭ قىلماي تۇراتتى. گەپ-سۆز قىلماي كېتىپ بارىمىز. چۈنكى كېيىن سەنمۇ پۇشايمان قىلىسەن، چۈشەندىڭمۇ؟

دۇكاندا باققالدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. «جۇمھۇرىيەت» دېسەك، بىزگە بىرنى ئۇزاتتى، لېكىن ھەممىسنى چىقار، دېۋىدۇق چۈشەندى، لېكىن ئۇمۇ مۇستافادەك مەندىن قورقۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنى بەردى. ئەخلەت چېلەكى يوقكەن. گېزىتلەرنى يىرتىپ چۆرىۋەتتىم، ئۈچتىن، تۆتتىن پىرقىرىتىپ ئاتتىم. باققال دەرىزە تەرەپتىكى پۇكەيلەرگە قىستۇرۇپ قويغان يالىڭاچ ئاياللارنىڭ رەسىملىرىنىمۇ ئېلىپ يىرتتىم، پەسكەش ھەپتىلىك ژورناللارنى، گۇناھنى، رەزىللىكلەرنى، مەينەتچىلىكلەرنى... دېمەك، پۈتۈن بۇ مەينەتچىلىكلەرنى تازىلاش مېنى كۆتۈلۈپ تۇرۇۋېتكەنمىش! مۇستافامۇ ھەيران قالدى.

— بولدى، يېتەر ئەمدى!— دەۋاتاتتى. مېنى باققالنىڭ دۇكىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى— ئاخشاملىقا قەھۋەخانىغا كېلەرسەن!— دېدى— ئەتە ئەتىگەندە بۇ يەرگە كېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسسەن.

دەسلەپ بىر نەرسە دېمىدىم. ئاندىن ئۇ مېڭىۋىدى بىر تال تاماكا سورىدىم، بەردى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

رەجەپ ناشتىلىق تەخسىلىرىمنى يىغىپ پەسكە ئېلىپ چۈشكەندىن كېيىن بازارغا ماڭدى. بازاردىن قايتىپ كەلگەندە يېنىدا باشقا بىرسى بار ئىدى. يېنىك ئاياغ تېۋىشىدىن ئۇنىڭ نىلگۈن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. پەلەمپەيلەردىن چىقىپ ئىشىكىمنى ئاچتى، ماڭا قارىدى: چاچلىرى ھۆل ئىدى، دېڭىزغا كىرىپتۇ. كەتتى. چۈشكىچە ھوجرامغا ھېچكىم كىرمىدى. كارىۋىتىمدا ياتتىم ۋە دۇنياغا قۇلاق سالدىم. دەسلىۋېدە نىلگۈن بىلەن فارۇقنىڭ پەستىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم، كېيىن ساھىلنىڭ شەنبىلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى شۇنچىلىك كۆچىيىپ كەتتىكى، ئاڭلىيالمايلا قالدىم. ئۇيقۇ كەلمەيتتى ۋە سېنىڭ جەھەننىمىڭ، سالاھىددىن، دەيتتىم، سەن جەننەت دەۋالىدىغان جەھەننەم يەر يۈزىگە چۈشتى مانا؛ قۇلاق سال؛ ھەممە ئادەم باراۋەر، مۇنچىلىك پۇل تۆلىگەن ئادەم ئىچىگە كىرىپ يالىڭاچلىنالايدۇ، يانمۇ-يان ياتالايدۇ، تىڭشا! قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەرىزە ۋە قاپقاقلارنى تاقىدىم. چۈشلۈك تاماقنى يەي ۋە چۈشلۈك ئۇيقۇنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرغۇچى قوينىغا كىرىپ كېتەي دەپ ئۆزۈمنى ساقلىدىم. رەجەپ كېچىكتى. بىر بېلىقچىنىڭ مىيىت نامىزىغا بېرىپتۇدەك. چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن پەسكە چۈشمىدىم. رەجەپ تەخسىلىرىمنى ئالدى ۋە ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى. چۈشلۈك ئۇيقۇنى كۈتمەكتىمەن.

چۈشلۈك ئۇيقۇ ئەڭ گۈزەل ئۇيقۇدۇر، دەيتتى ئانام. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئەڭ گۈزەل چۈشلەرنى كۆرىسەن ۋە گۈزەل بولىسەن. شۇنداق. بىر ئاز تەرلىدىم، ئارام تېپىپ قالدىم، ئۆزۈمنى خۇددى يېنىكلەپ قالغاندەك، كىچىك قۇشقاچلار كەبى پۇر-پۇر قىلىپ ئۇچالايدىغاندەك ھېس قىلدىم. ئاندىن ئۆينىڭ ئىچىگە ساپ ھاۋا كىرگەندە ئۆي ئىچىدىكى سېسىق ھاۋا چىقىپ كەتسۇن دەپ دەرىزىنى ئاچاتتۇق، نىشانتېشىدىكى باغدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يېشىل شاخلىرى ئۆينىڭ ئىچىگىچە كىرىپ كەتكەندە، چۈشلىرىم سىرتلارغا چىقىپ كەتسۇن دەپمۇ ئاچاتتىم. چۈنكى، ئويغانغاندىن كېيىن، بەزىدە، چۈشلىرىمنىڭ مەن ئۈنىڭدىن ئايرىلغان يەردىن باشلاپ ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ داۋام قىلىپ كېتىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالاتتىم. ئۆلگەندىمۇ بەلكىم: خىياللىرىم ھوجرىنىڭ ئىچىدە كېزىپ يۈرەر، نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ئىچىدە، مەھكەم تاقالغان قاپقاقلارنىڭ ئارىسىدا، ئۈستىلىمنىڭ ۋە

كارىۋىتىمنىڭ، تام-تورۇسلارنىڭ يۈزىگە سۈركۈلۈپ ئايلىنىپ يۈرىۋاتقانىدا ۋە بىرى كېلىپ ئاستا ئىشىكتىن مارىسا ھاۋادىكى خىياللىرىمنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالار: ئىشىكنى ياپ، خىياللىرىمنىڭ ساپلىقى بۇزۇلمىسۇن، خاتىرىلىرىم زەھەرلەنمىسۇن ۋە مېنىڭ پاك-پاكىز خىياللىرىم، سىلەرنى ئۆزۈڭلاردىن نومۇس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قىيامەتكە قەدەر، بۇ يەردە، تورۇسلىرىمنىڭ ئىچىدە، بۇ جىمجىت ئۆيدە، پەرىشتىلەردەك لەيلەپ تۇرسۇن. لېكىن ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن: ئاھ، نەۋرىلىرى بىلىپ قالسۇن، بىرى، ئەڭ كىچىك بىرى، بىر قېتىم دەپ سالغانىدى. بۇ يەر بەك كونىراپ كەتتى موما، چاققۇزايلى، ئورنىغا بىنا سالدۇرايلى. چۈنكى، بىلىمەن، گۇناھقا كېكىردىكىڭلارغىچە پېتىپ كېتىش ئەمەس، باشقىلارنىڭ گۇناھسىز تۇرالىغانلىقىنى كۆرۈش سىلەرنى تېخىمۇ بەكرەك ئازابلايدۇ.

گۇناھ دېيىلگەن ئۇ قۇرۇق چەكلىمىدىن سەنمۇ ماڭا ئوخشاش قۇتۇلۇپ كېتىشىڭ كېرەك فاتىمە، دەيتتى سالاھىددىن، سەنمۇ مەندەك ئىچ راكىدىن، بىر تېتىپ باق، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇڭمۇ كەلمىدىمۇ، قىلچىلىك زىيىنى يوق، ئەكسىچە پايدىسى بار، زېھنىڭنى ئاچىدۇ. تۆۋە! ھېچبولمىسا بۇنى بىر قېتىم دەپ باق؛ بولىدى، گۇناھىڭ ئېرىتىگە ھېساب: خۇدا يوق، دە فاتىمە، بوله. تۆۋە! بوپتۇ ئۇنداق بولسا بۇنىڭغا قۇلاق سال، ئېنسىكلوپېدىيەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىسى: ئاڭلا، يېڭىلا يازدىم؛ يېڭى ئېلىپبەگە كۆرە «ب» ھەرپىنىڭ بىلىم ماددىسىدىن قىسقارتىپ ئوقۇپ بېرەي، قۇلاق سال: بىلىممىزنىڭ مەنبەسى تەجرىبەدۇر... تەجرىبىگە ئاساسلانمىغان ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغان ھەرقانداق بىلىم ئىناۋەتسىزدۇر... پۈتۈن بۇ ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىڭ تايىنىش نۇقتىسى بولغان بۇ جۈملە، خۇدانىڭ مەۋجۇتلىقى مەسىلىسىنىمۇ، ھەر ۋاقىت يالغانغا چىقىرالايدۇ... چۈنكى بۇ، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىنالمايدىغان بىر مەسىلىدۇر... مېتافىزىكىلىق پاكىت مەدرىس پەلسەپىلىرىدىكى بىر سەپسەتىدۇر... ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئالما، ئامۇت ۋە فاتىمەلەرنىڭ دۇنياسىدا خۇدانىڭ، چاتاق يېرى، ئورنى يوقتۇر... ھا، ھا، ھا! چۈشىنىۋاتامسەن فاتىمە، سېنىڭ خۇدا-پۇدايىڭ يوق ئەمدى! بۇ بىلىمنى دەرھال تارقاتسام دەيمەن! ئېنسىكلوپېدىيەمنىڭ پۈتتىشىنى ساقلاپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى، مەتبەئەچى ئىستەپانغا خەت يازدىم، بۇنى ئايرىم بېسىپ ئېلان قىلىمەن. زەرگەر ئاۋرامنى يەنە چاقىرتتىم، خەۋىرىڭ بولسۇن؛ بۇ مۇھىم مەسىلىدە سېنىڭ ياش قىزلاردەك نازلىنىپ بويۇن تولغىشىڭغا يول قويالمايمەن، ساندۇقىڭدىن ئوبدانراق بىر نەرسە بېرىسەن، قەسەم قىلىمەنكى، پۈتۈن مەملىكەتكە پايدىسى بولىدۇ، بۇ ئەخمەق مۇتەئەسسىپلەر ئەگەر ساتقىلى قويمىسا، گېپىم گەپ، سىركىچىگە بېرىپ ئۆزۈم ساتىمەن. كۆرۈپ قالىسەن، ھەممىسى دۆم چۈشىدۇ! چۈنكى بۇ يەردىكى تەپەككۇرنى، فرانسۇزچە

كىتابلاردىن تېپىپ چىقىپ، خەلق چۈشىنەلەيدىغان تىلدا يېزىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن يىللىرىمنى سەرپ قىلدىم، فاتىمە، بۇنى سەن ئوبدان بىلىسەن! ھەممىدىن بەك قىزىقىۋاتقىنىم ئۇلارنىڭ ئوقۇپ-ئوقۇماسلىقى ئەمەس فاتىمە، ئوقۇغاندىن كېيىن نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا بەك قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن.

ھېلىمۇ ملك شۈكرى، ئۇ غەلىتە ئويدۇرمىلارنى ۋە شەيتانىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ كەتكەن ئۇ بىچارە "كەلگۈسىنىڭ جەننىتى" دەپ ھاياجان بىلەن بايان قىلغان دوزاق تەسەۋۋۇرلىرىنى ۋە تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشلار بالدۇراق روياپقا چىقسىكەن دېگەن تامالىرىنى ئۆزىدىن، ۋە بەلكىم پاپىسىدىن باشقا ھېچكىم ئوقۇپ باقمىدى، يالغۇز مەنلا يىرگىنىپ، سەسكىنىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم ۋە مەندىن باشقا ھېچكىم ئوقۇپ باقمىدى.

سالاھىددىن ئۆلۈمنىڭ سىرىنى يېشىپ يەتتە، ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ ئۈچ يىلدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىدى، ئۇ چاغدا دوغانىم كەماھتا ئىدى، قىشنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى، ئۆيدە پاپا بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى: كېچىدە قار يېغىۋاتاتتى ۋە مەن قەبرىستان قار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەندۇ دەپ ئويلاۋاتاتتىم، بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتىم، ئوبدانراق ئىسسىنىۋالغۇم كەلدى. چۈنكى تېخىچە ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ھاراق پۇرىقىدا تۇرماي دەپ چىقىۋالغان ھوجرىدا پۈتلىرىم مۇزلىغان پېتى يالغۇز تۇرۇۋاتاتتىم؛ لامپىنىڭ غۇۋا ۋە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان يورۇقىنىڭ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىمگە بىرەر پايدىسى بولماۋاتاتتى، قار ئەينەككە ئۇرۇلاتتى، يىغلىماۋاتاتتىم. ئىسسىنغۇم كەلدى، ئۈستىگە چىقتىم، مەن سالاھىددىن ھايات چېغىدا كىرەلمىگەن ۋە ئىچىدە ئۇنىڭ بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا ماڭغان قەدەم تېۋىشلىرى زادىلا ئۈزۈلمىگەن ئۆيگە ئەمدى كىرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. ئىشىكنى ئاستا ئىتتەردىم، كۆردۈم: قەغەزلەر، بىر نەرسىلەر يېزىلغان قەغەزلەر، قەغەز دۆۋىلىرى ئۈستەلنىڭ، دىۋاننىڭ، ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىدە، تارتىملاردا، ئىشكاپلاردا، كىتاپلارنىڭ ئۈستىدە، ئىچىدە، يەرلەردە، دەرىزىنىڭ ئىچىدە يېيىلىپ، نومۇسسىزلارچە چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. چوڭ قوپال مەشنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم، ئىچىگە پۇرلاپ تىقىشقا باشلىدىم. بىرئازدىن كېيىن سەرەڭگە يېقىۋېدىم، مەش سېنىڭ تېخىمۇ جىق قەغەز، يازما ۋە گېزىتلىرىڭنى، گۇناھلىرىڭنى ئەجەپ چىرايلىق يۇتۇۋشقا باشلىغانىدى سالاھىددىن! گۇناھلىرىڭ يوق بولۇپ كەتكەنسىرى ئىچىم ئىسسىشقا باشلىدى سالاھىددىن! پۈتۈن ھاياتىمنى سەرپ قىلغان كىتابىم مېنىڭ: سۆيۈملۈك گۇناھىم! كۆرۈپ باقايلى نېمىلەرنى يازدىكىن ئىبلىس؟ يىرتىپ-يىرتىپ كۆيدۈرگەچ ئوقۇغان ئىدىم: بېشىغا بەزى قىسقا ئىزاھاتلارنى يېزىپ قويۇپتۇ: جۇمھۇرىيەت: بىزگە كېرەكلىك ھاكىمىيەت شەكلى بۇدۇر... ھەرخىل جۇمھۇرىيەت شەكىللىرى باردۇر... دي پاسېت بۇ تېمىدىكى كىتابىدا...1342... كەلگەن گېزىتلەردە بۇ ھەپتە ئەنقەرەدە

قۇرۇلدى، دەپ يېزىلىپتۇ..ياخشى... بۇنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشىتىۋالمىسا بولاتتىغۇ. دارۋىننىڭ نەزەرىيەلىرىنى قۇرئان بىلەن سېلىشتۇرىمەن ۋە ئەخمەقلەرمۇ چۈشىنەلىگۈدەك ئاددى تىل بىلەن بىلىمنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈر... يەر تەۋرەش، تامامەن تېخنىكىلىق بىر ھادىسە بولۇپ، يەر پوستىنىڭ تەۋرىنىشىدۇر... ئاياللار ئەرلەرنىڭ تولۇقلىغۇچىسىدۇر... ئىككى خىل بولىدۇ... بىرىنچى خىلدىكىلەر، تەبىئىي ئاياللار، بۇلار تەبىئەت ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نازاكەت ۋە ئىللىقلىققا مۇناسىپ كېلىدىغان، يېقىملىق، ئارامبەخش، شادىمان، مېھرىبان، چېھرىدىن كۈلكە ۋە سۆيگۈ يېغىپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاياللار بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلق ئارىسىدىن، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەردىن چىقىدۇ... رۇسونىڭ نىكاھىغا ئالمىغان خوتۇنىغا ئوخشاش... رۇسوغا ئالتە بالا تۇغۇپ بەرگەن، بىر مالاي ئىدى... ئىككىنچى خىلدىكى ئاياللار بولسا، ھازازۇل، ئۆكتەم، ھاكاۋۇر، خۇراپاتلىقلارغا ئالدىنىشقا مەھكۇم، سوغۇق تەلەت ۋە لەقۋا ئاياللاردۇر... مارى ئانتۇۋانېتكە ئوخشاش... ئىككىنچى خىلدىكى ئاياللار شۇنچىلىك سوغۇق تەلەت ۋە لەقۋا بولىدۇكى، نۇرغۇنلىغان ئالىم، فىزىلوگ كۆيۈمچانلىق ۋە ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ ھارارىتىنى تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاياللاردىن ئىزدىگەن... رۇسونىڭكى مالاي، گۆتېنىڭكى ناۋاينىڭ قىزى ۋە كومۇنىست ئالىم ماركسنىڭ يەنىلا ئۆيىدىكى مالاي ئىدى... ئۇنىڭدىن بىر بالىسىمۇ بولغان... ئېنگلىس ئۆزىگە دۆڭگىۋالغان. نېمە دەپ خىجىل بولغۇدەك؟ ھاياتتىكى راست ئىشلار... بۇنداق مىساللار تېخى نۇرغۇن... شۇنداق قىلىپ، بۇ بۈيۈك ئىنسانلار، مۇزدەك سوغۇق خوتۇنلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بىكاردىن-بىكارغا دەرتلەر ئىچىدە ئازاپ چېكىپ ھاياتى زەھەرلەنگەن، بەزىلىرى بۇ سەۋەپتىن كىتابلىرىنى، بەزىلىرى پەلسەپەلىرىنى، يەنە بەزىلىرى بولسا ئېنسىكلوپېدىيەسىنى پۈتتۈرەلمەي بىكاردىن-بىكار تۈگىشىپ كېتىشكەن... قانۇن ۋە جەمىيەت ھارامىلىق دەپ قارايدىغان ئۇ بالىلار بولسا يەنە بىر ئازاپتۇر!... لەيلەكلەرنىڭ قاناتلىرىغا قاراپ ئويلىدىم: ئەجىبا پۈتۈنلەي لەيلەككە ئوخشايدىغان ۋە بىرەر تالمۇ ۋېنتا ئىشلەتمەي بىر ھاۋا كېمىسى ياساپ چىقىش مۇمكىنمىدۇ؟... ئايروپىلان بۇندىن كېيىن بىر ئۇرۇش قورالىدۇر... لىندبېرگ ئىسىملىك بىر زات ئۆتكەن ھەپتە ئاتلانتىك ئوكياندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇچۇپ ئۆتتى...22 يېشىدا... پۈتۈن پادىشاھلار ئەخمەقتۇر...ئىنتىھاتچىلارنىڭ قونچىقى رېشات ئەخمەقلەرنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققىنىدۇر... بىزنىڭ باغدىكى كەسلەنچۈكلەرنىڭ دارۋىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇماي تۇرۇپمۇ، دارۋىننىڭ ئىدىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا قۇيرۇقلىرىنى تاشلىشىغا بىر مۆجىزە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئىددىيىسىنىڭ بىر غەلبىسى سۈپىتىدە قارىشىمىز كېرەك! ئەگەر سانائەتنى تەرەققى قىلدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىغان بولسام، مۇسۇلمانلىقتىن، خىرىستىيانلىققا ئۆتۈشىمىز كېرەكلىكىنى دەرھال يازغان بولاتتىم...

ئوقۇۋاتاتتىم، ئوقۇۋاتاتتىم ۋە يىرگىنىپ مەشكە تاشلاپ ئىسنىۋاتاتتىم. قانچىلىكىنى ئوقۇپ، قانچىلىكىنى مەشكە تاشلىدىم بىلمەيتتىم، بىردىنلا ئىشىك ئېچىلدى، قارىدىم، پاپا: ئەمدى ئون يەتتە يېشىدا ئىدى: نېمە قىلىۋاتىسىز چوڭ خانىم، ئىچكىز سىيىرىلمىدىمۇ؟ ئاغزىڭنى يۇم! قانداق قولىڭىز باردى؟ ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن! توغرىمۇ سىزنىڭچە؟ تېخىچە ئاغزىنى يۇممىغىنىنى بۇنىڭ! قېنى مېنىڭ هاسام؟ جىمىقتى. يەنە باشقا قەغەزلەر بارمۇ؟ بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويمىغانسەن-هە پاپا، راست گەپ قىل، هەممىسى مۇشۇمۇ؟ ئۇنچىقمايتتى، دېمەك تىقىپ قويۇپسەن-دە پاپا، سەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەمەس، سەن بىر هارامىلىق ۋە هېچنېمىدە هەققىڭ يوق، چوشەندىڭمۇ، ماڭا بەر ئۇلارنى، ئۇ قەغەزلەرنىڭ هەممىسىنى كۆيدۈرىمەن، تېز ئەكەل، تېخىچە ماڭا ئىچىڭىز سىيىرىلمامدۇ دەۋاتقىنىنى. قېنى مېنىڭ هاسام؟ ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. غىپپىدە قىلىپ پەلەمپەيلەرنى غىچىرلاتقىنىچە ئاستىغا قاچتى. پەستە تۇرۇپ تووۋلاۋاتاتتى: مەندە هېچنېمە يوق، چوڭ خانىم، خۇدا هەققى، هېچنېمىنى تىقىپ قويمىدىم! بوپتۇ! بىر نەرسە دېمىدىم. يېرىم كېچىدە هوجرىسىغا باستۇرۇپ كىردىم، ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ سىرتقا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتىم، غەلىتە پۇرايدىغان هوجرىسىنىڭ هەممە يېرىنى ئاختۇردۇم، كىچىك باللارنىڭ كارىۋىتىدىكى كۆرپىچاقلارنىڭ ئىچىگىچە ئالا قويماي قاراپ چىقتىم: راست دېگەندەك باشقا قەغەز يوق ئىكەن.

شۇنداقتىمۇ هەمىشە ئەنسىرەيمەن. بىر يەرگە بىر نەرسىنى تىقىپ قويغاندۇ، بىرەر پارچە قەغەزنى كۆرمەي قالغاندىمەن ۋە دوغان، دادىسىنىڭ ئوغلى ئاختۇرۇپ قولغا چۈشۈرىۋېلىپ باستۇرغاندۇ؛ چۈنكى پات-پات سوراپ قوياتتى: ئانا، دادامنىڭ يازغان نەرسىلىرى قەيەردە؟ گەپلىرىڭنى ئاڭلىمىدىم قوزام. يىللاپ بىر نەرسىلەرنى يازغان ئىدىغۇ، ئۇلار نەدە ئانا؟ ئاڭلىمىدىم بالام. دادامنىڭ چالا قالغان ئېنسىكلوپېدىيەسىنى دەۋاتىمەن، نېمە؟ ئاڭلىمىدىم. بەلكىم بىرەر قىممىتى باردۇ، دادام ئۇلار ئۇچۇن ئۆمرىنى سەرپ قىلدى، شۇنداق كۆرۈپ باققۇم بار ئانا، ماڭا بەرگىنە شۇلارنى. ئاڭلىمىدىم ئەۋلادىم. دادامنىڭ ئارزۇسىدەك بىرەر يەردە نەشىر قىلدۇرارمىز، چۈنكى قارا، 27- ماينىڭ يىللىق خاتىرە كۈنى كېلەي دەپ قالدى، هەربىيلەرنى يەنە بىر قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغايدۇ دەيدۇ. گەپلىرىڭنى ئاڭلىمىدىم دوغانىم. بۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كامالىزىمغا قايتىدىغان ئوخشايمىز، هېچبولمىسا ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ نەشىر قىلدۇرالايمىز. نەدە بولسا چىقىرىپ بەرگىنە ئانا! مېنىڭ قۇلاقلىرىم ياخشى ئاڭلىمايدىغان تۇرسا. نەدە ئۇ قەغەزلەر، ۋاي خۇدايىم، ئىزدەيمەن، ئىزدەيمەن تاپالمايۋاتىمەن، كىتابلارنىمۇ، هېچيەردە يوق، كىرخانىغا تاشلانغان ئۇ غەلىتە ئۇسكىنىلەردىن باشقا هېچنېمە يوق! ئاڭلىمىدىم. قانداق قىلدىڭ ئانا، قەغەزلەرنى، كىتابلارنى تاشلىۋەتتىڭمۇ-يا؟ گەپ قىلمىدىم. يىرتتىڭ، كۆيدۈردۈڭ، تاشلىۋەتتىڭ،

شۇنداقمۇ؟ يىغلاشقا باشلايدۇ. بىردەمدىن كېيىن راكىغا دۆم چۈشىدۇ. مەنمۇ يازىمەن، دادامغا ئوخشاش: ھەممە ئىش، قارا، يەنە ناچارلىششقا باشلىدى، بۇ ناچارلىششىنى، ئەخمەقلىقنى توختىتىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىش كېرەك، ئادەملەر بۇنداق يامان نىيەتلىك ۋە ئەخمەق بولسا قانداق بولىدۇ، ئارىسىدا ياخشى نىيەتلىكلەر چوقۇم بار ئانا، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى مەكتەپتىكى تونۇشۇم بولىدۇ، بىر قىزغا تەك ئاشىق بولۇپ قالغانتۇق لېكىن بەك ياخشى ئاغىنىلەردىن ئىدۇق، مەندىن بىر سىنىپ تۆۋەن ئىدى، لېكىن بىر تەنتەربىيە كوماندىسىدا ئىدۇق، ھۇجۇمچى ئىدى، بەك سېمىز ئىدى لېكىن كۆڭلى ئىنتايىن ياخشى ئىدى، ھازىر ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر دوكلات يېزىۋاتىمەن، ھازىر باش شتاپنىڭ ئىككىنچى شتاپ باشلىقى بولغان پالانچى پاشامۇ مەن زىلەدە ئورۇنباسار ھاكىم چېغىمدا يۈز بېشى ئىدى، تولىمۇ ياخشى بىر ئادەم، مەملىكەت ئۈچۈن پايدىلىق بىر ئىش بولسۇن دەپلا يېزىۋەتتى، ئۇنىڭغىمۇ بۇ دوكلاتتىن بىر پارچە يوللايمەن، ئانا سەن بىلمەيسەن، لېكىن شۇنداق ناھەقچىلىكلەر باركى... بوپتۇ، لېكىن بۇلارغا نېمىدەپ سەن مەسئۇل بولغۇدەكسەن ئوغلۇم؟ ئارىلاشماي تۇرۇۋالساق بىزگىمۇ مەسئۇلىيەت ئارتىلىدۇ ئانا، شۇڭلاشقا، ماڭا بىر مەسئۇلىيەت كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن مانا... داداڭدىنمۇ ئۆتە بىچارە ئىكەنسەن ئوغلۇم، داداڭدىن بەتەر قورقۇنچاقكەنسەن! ئۇنداق ئەمەس ئانا، ئانا ئۇنداق ئەمەسمەن، قورقۇنچاق بولغان بولسام مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلغان بولاتتىم، ۋالى بولۇش نۆۋىتىم كەلگەنىدى، لېكىن مەنمۇ غىققىدە توپۇپ كەتتىم، ئۇ بىچارە دېھقانلارنى قانداق قىلىۋاتىدۇ بىلەمسەن ئانا؟ مېنىڭ نېمە كارىم ئوغلۇم! ئۇلارنى قوش ئۇچماس، كارۋان ئۆتمەس تاغلارنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا... قىزىقسىنىشنىڭ ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى ماڭا رەھمەتلىك دادام ئۆگەتكەن! تاشلاپ قويۇۋشىدۇ ۋە نە بىر دوختۇر ياكى مۇئەللىم يوق... چاتاق يېرى، رەھمەتلىك دادامنىڭ ماڭا ئۆگەتكەنلىرىنى مەن ساڭا ئۆگىتەلمىدىم دوغانىم! ۋە يىلدا بىر قېتىم ھوسۇللىرىنى قوللىرىدىن ئەرزان ئېلىۋېلىش ئۈچۈن... چاتاق يېرى ئوغلۇم، مەن ساڭا ھېچنىمە بېرەلمىدىم! ئاندىن ئۇلارنى ئۇ قورقۇنچلۇق تاغنىڭ ئىچىدە تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قىلىشىۋاتىدۇ ئانا... گېپى تۈگەي دېمەيتتى ۋە مەن قۇلاق سالمايتتىم ۋە ھوجرامغا چىقىپ كېتىپ ئويلايتتىم: غەلىتە ئىش: خۇددى باشقىلاردەك بولمىسۇن، ئىشى بىلەن ئۆيى ئارىسىدا ئارامخۇدا كېلىپ-كېتىپ يۈرمىسۇن دەپ ئۇلارنى ئازدۇرۇۋاتقان بىرسى باردەك قىلاتتى! ئويلايتتىم: ئۇلارنى ئېزىقتۇرغان ئۇ كىشى: ھازىر مېنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىمگە قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى! زېرىكتىم، سائىتىمگە قارىدىم، ئۈچ بوپتۇ، لېكىن تېخىچە ئۇخلىيالمايۋاتاتتىم، ساھىلنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئاندىن پاپىنى ئويلىدىم ۋە ئەندىكىپ كەتتىم.

بەلكىم دوغانىمغا يېزىدىن خەت يېزىپ، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. ۋە بەلكىم دوغانىمغا دادىسى سۆزلەپ بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن سالاھىددىن يازمىلىرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆزىگە كۆرۈنمەس بولۇپ قالغان تۇرسا. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى يازدا، دوغانىم تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇلارنى سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى: رەجەپ بىلەن ئىسمايىل نېمىشقا كەتتى ئانا؟ كېيىن بىر كۈنى كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كەلگىنىدە، يېنىدا باللىقتىن ئەمدى ئۆتكەن ئۇلار بار ئىدى: ئۈستى-بېشى پەرىشان بىر پاپا بىلەن بىر توكۇر! بۇلارنى يېزىسىدىن ئېلىپ بۇ يەرگە نېمىگە ئەكەلدىڭ ئوغلۇم، بۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە نېمە ئىشى بار، دېگەنىدىم. نېمىشقا ئەكەلگەنلىكىمنى سەنمۇ بىلسەن ئانا، دېگەنىدى ۋە ئىككىسىنى پاپا ھازىر تۇرۇۋاتقان ھوجرىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كېيىن توكۇرنىڭ، دوغانىم ساتقۇزغان ئالماسنىڭ پۇلىغا كۆزى چۈشتى، پۇلنى ئېلىپ يوقالدى، لېكىن يىراقتا ئەمەس: ھەر يىلى قەبرىستانغا كېتىۋاتقان چېغىمىزدا دۆڭدىكى ئۆينى كۆرستىشىدۇ! بۇ پاپا نېمىشقا قالدى دەپ ھەر دائىم بىلگۈم كېلىپ سورايمەن. خىجىل بولغانلىقى ئۈچۈن دېيىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن. مېنى ئۆي ۋە ئاشخانىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلتۇردى، لېكىن مېنى يىرگەندۈرەتتى. دوغانىم كەتكەندىن كېيىن سالاھىددىن بىلەن پاپىنى بەزىدە بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا بىللە ئولتۇرغان چاغلىرىدا كۆرۈپ قېلىپ گەپلىرىگە قۇلاق سالاتتىم: قېنى ئېيتقىنا ئوغلۇم، دەيتتى سالاھىددىن، يېزىدىكى تۇرمۇش قانداقراق، بەك قىينىلىپ قالدىڭلارمۇ، سېنىمۇ ناماز ئوقۇغۇزدىمۇ، ماڭا سۆزلەپ بېرە، خۇداغا ئىشىنەمسەن، دېگىنە،ئاناڭ قانداق ئۆلۈپ كەتتى! ئەجەپ ياخشى خوتۇن ئىدى، ئۇنىڭدا مىللىتىمنىڭ گۈزەللىكى بار ئىدى، چاتاق يېرى، مېنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەمنى تاماملىشىم كېرەك ئىدى. پاپا لام-جىم دېمەيتتى، مەن ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلىپ بولالماي ھوجرامغا چىقىپ كېتىپ ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتىم، لېكىن يىرگىنىپ تۇرساممۇ ئېسىمگە كېلىۋالاتتى: ئەجەپ ياخشى خوتۇن ئىدى، مىللىتىمنىڭ گۈزەللىكى بار ئىدى، ئەجەپ ياخشى خوتۇن ئىدى، ئەجەپ ياخشى خوتۇن ئىدى!

ياق، پەقەت گۇناھكار بىر خوتۇن ئىدى سالاھىددىن: بىر مالاي. خۇن داۋاسى سەۋەبىدىن يېزىدىن قېچىپ گەبزەگە كېلىشىپتۇ، كېيىن ئېرى ئەسكەرلىككە ماڭار چېغىدا ئۇلارنى قويۇپ كەتكەن بېلىقچى قولىۋىقى ئۆرۈلۈپ سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلگەندە، مەن ئۇنى پېرىستانىنىڭ خارابىلىقلىرى ئىچىدە نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم، بىچارە، ۋەيرانە ۋە پەرىشان بولۇپ، قانداق كۈن ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئىدى، شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئاشپەز سالاھىددىنغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، سىز ئاللاغا ئىشەنمەيۋاتىسىز، لېكىن بىز

سىزگە كۆرسىتىپ قويىمىز، پالان-پۇستان دېگەنلىكى ئۈچۈن، سالاھىددىن ئۇنى ھەيدىۋەتكەن ۋە بۇ يىرگىنچلىق ۋەيرانىنى ئۆيگە ئەكەلگەندى، قانداق قىلىمىز، ئادەم يوق فاتىمە، دېگەندى، مېنىڭ كارىم يوق، دېگەندىم ۋە ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى تېزلا ئۆگىنىپ، تۇنجى يوپۇرماق ئورالمىسى①نى تەييارلىغان چاغدا، سالاھىددىن، نېمە دېگەن قولى ئەپچىل ئايال-ھە فاتىمە، دېگەندى ۋە مەن شۇ چاغدا كۆڭلۈم تۇيغاندى نېمە بولىدىغانلىقىنى ۋە شۇ ھامان يىرگەندىن ۋە ئويلىدىم، ئەجەپ ئىش، ئانام مېنى بۇ دۇنياغا باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىغا گۇۋاھ بولۇپ يىرگىنىش ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

شۇنداق، يىرگەندىم: سوغۇق قىش كېچىلىرىدە، ئاغزى ھاراق كۆپلىرىدىن بەتتەر سېسىق پۇرىغان ھالدا، سالاھىددىن مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ، باشتا پەلەمپەيلەردىن ئاۋايلاپ چۈشەتتى، ئاندىن، پاپا ھازىر تۇرۇۋاتقان ھوجرىدا بولغۇسى ئانىسى ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندا، يا رەببىم، نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق، ئاستا تىنۋش چىقارماي ماڭاتتى ۋە مەن بۇنى كۆرۈپ يىرگىنىپ كېتەتتىم: كېيىن ئۇنىڭ بىلەن، تېخىمۇ ئاسانىراق ۋە ئېنسىكلوپېدىيەسىدە كۆپ ئىشلەتكەن سۆزدە دېگىنىگە ئوخشاش بەلكىم تېخىمۇ « ھۆر ۋە ئىختىيارى" كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ھازىرقى قوتاننىڭ يېنىغا كىچىك بىر ياغاچ ئۆي سالغانلىقىنى كۆرۈپ يىرگىنەتتىم: مەس-ئەلەس ھالدا ئىشخانىسىدىن چىقىپ، يېرىم كېچىدە ئۇ يەرگە ماڭغان چېغىدا مەن ھوجرامدا، قولۇمدا توقۇۋاتقان نەرسەم بىلەن زىخلار، قىمىر قىلماستىن ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلاتتىم.

ئۇ بىچارە خوتۇنغا ماڭا قىلغۇزالمىغان ئىشلارنى قىلغۇزىۋاتقاندۇ، دەپ خىيال قىلاتتىم؛ ئۇنى گۇناھقا گېلىغىچە پاتقۇزۇش ئۈچۈن، دەسلەپ ھاراق ئىچكۈزىۋاتقاندۇ، ئاندىن خۇدايوق دېگۈزىۋاتقاندۇ، شەيتانىنى خوشال قىلىش ئۈچۈن ئۇ دۇنيا يوق دېگۈزىۋاتقاندۇ، يوق، يوق، مەن گۇناھتىن قورقمايمەن، خۇدا يوق. تۆۋە فاتىمە، ئويلىما! بەزىدە ئاستا چىقىپ، ئارقا ھوجرىغا كىرىپ، ياغاچ ئۆينىڭ گۇناھكار ۋە غۇۋا چىراقلىرىغا قاراپ ئويلىنىپ غۇدۇراپ كېتەتتىم: ئۇلار ئاشۇ يەردە؛ ئاشۇ ئۆيدە، ھازىر... بەلكىم ھاراملىقلىرىنى سۆيۈۋاتقاندۇ، خۇدانىڭ قەيەردە يوقلىقىنى چۈشەندۈرىۋاتقاندۇ، بەلكىم كۈلۈشىۋاتقاندۇ ۋە بەلكىم... ئويلىما فاتىمە ئويلىما! ئاندىن قىلغانلىرىدىن خىجىل بولغان ھالدا ھوجرامغا قايتىپ كېلىدۇ، دوغانىمغا جىلتكە توقۇپ بېرىش ئۈچۈن زىخ ۋە يىپلارنى قولۇمغا ئېلىپ ساقلايتتىم ۋە ئۇزۇن ساقلىشىمغىمۇ كېرەك يوق ئىدى: بىر سائەتتىن كېيىن سالاھىددىننىڭ ياغاچ ئۆيدىن چىققانلىقىنى ئاڭلايتتىم، ھايال ئۆتمەي تىنۋش چىقارماي مېڭىشتىنمۇ ئېرىنىپ پەلەمپەينى غىچىرلىتىپ چىققان چېغىدا مەن، ھوجرامنىڭ ئىشىكىنى بارمىقىم پاتقۇدەك ئاچاتتىم،

قىسلاچتىن ئۇ شەيتاننى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكۈچە قىزىقىسىنىش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە مارايتتىم.

پەلەمپەيدىن ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ چىقىۋېتىپ، بىر قېتىم، شىپپىدە توختىغان ئىدى: ئۇ چاغدا، ئىشىكنىڭ قىسلىچىغا، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، ئىشىكنى يېپىپ غىپپىدە ھوجرامدا يېتىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن كېچىكىپ قالغانىدىم، چۈنكى سالاھىددىن ۋارقىراشقا باشلىغانىدى: ئۇ يەردىن تۇمشۇقىڭنى سوزۇپ نېمىگە قاراۋاتىسەن توخۇ يۈرەك مەخلۇق! نەگە بارغانلىقمنى، نېمە ئىش قىلغانلىقمنى بىلمەيدىغاندەك خۇددى؟... ئىشىكنى تاقاپ قاچاي دېگەنىدىم، لېكىن ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى قويۇپ بېرەلمەيۋاتاتتىم، قويۇۋەتسەم گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالىدىغاندەك خۇددى! كېيىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ۋارقىراۋاتاتتى: ھېچنىمىدىن خىجىل بولمايمەن مەن فاتىمە، ھېچنىمىدىن! سېنىڭ كاللاڭنى ئۆمۈچۈك توردەك ئورىۋالغان ئۇ بىچارە قورقۇنچلار ۋە ئېتىقادلارغا پەرۋايىم پەلەك: شەرقنىڭ پۈتۈن ئەخمەقانىلىقلىرى، جىنايەت ۋە گۇناھ دېگەن نەرسىلەردىن يىراقتىمەن فاتىمە، چۈشىنىۋاتامسەن؟ مېنى ماراپ ئاۋارە بولما: سەن ئەيىپلىمەكچى ۋە يىرگىنىپ ھۇزۇرلانماقچى بولغان ئىشلاردىن مەن پەخىرلىنىمەن! ئاندىن ئىغاڭلىغان پېتى يەنە ئىككى، ئۈچ باسماق چىققاندىن كېيىن، مەن تېخىچە قىيا ئوچۇق قويغان ئىشىككە قاراپ ۋارقىرىغان ئىدى: مەن ئۇ خوتۇندىن پەخىرلىنىمەن، ماڭا تۇغۇپ بەرگەن باللاردىنمۇ... ئۇ خوتۇن تېرىشچان، دۇرۇست، نومۇسچان، گېپى ئوچۇق ۋە گۈزەل! ساڭا ئوخشاش پەقەت گۇناھ ۋە جازادىن قورقۇپلا ياشمايدۇ، چۈنكى ساڭا ئوخشاش ۋېلكا-پىچاقنى قانداق تۇتۇش ۋە قانداق قىلىپ نازاكەتلىك كۆرۈنۈش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆگەنمىگەنىكەن! ئەمدى ماۋۇ گېپىمگە قۇلاق سال! ئاۋازى ئەمدى ئازار بەرگۈچى شەكىلدە ئەمەس، ئالدىغۇچى شەكىلدە ئىدى، ئارىمىزدا مەن كۆنۈپ قېلىپ ھالقىسنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئىشىك بار ئىدى، ئاڭلاۋاتاتتىم: خىجىل بولغۇدەك، يىرگەنگۈدەك، ئەيىپلىگۈدەك بىر ئىش يوق فاتىمە، بىز ئەركىن كىشىلەرمىز! ئەركىنلىكىمىزنى بوغۇۋاتقانلار باشقىلاردۇر! بۇ يەردە بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق فاتىمە، سەنمۇ بىلىسەن، بىز ئادەمزاتىسىز بىر ئارالدا ياشاۋاتقاندەك ياشاۋاتىمىز. روبىنسونغا ئوخشاش، جەمىيەت دېگەن لەنەتتەككۈر نەرسىنى ئىستانبۇلغا تاشلاپ قويۇپ كەلدۇق، ئۇ يەرگە مەن ئېنسىكلوپېدىيەم بىلەن پۈتۈن شەرقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان كۈنى قايتىمىز. ئەمدى ئاڭلاپ تۇر: ئەركىنلىكىمىزنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، جىنايەت، گۇناھ ۋە خىجىللىقتىن خالىي ھالدا ياشاشنىڭ ئورنىغا، نېمە دەپ ھەممە ئىشنى كېسەلمەن بەڭگىلەرگە ئوخشاش خۇمار بولۇپ قالغان ئۇ بىمەنە ئېتىقادلىرىڭ ۋە ئەخلاقىڭ بىلەن زەھەرلەپ بەربات قىلىدىغانسەن؟ ئەگەر سەن

ئەركىنلىكىنى ئەمەس، بەختسىزلىكىنى خالاۋاتقان بولساڭ، بۇ، سەن ئەڭ ئاخىرىدا بىلىپ قالىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ: لېكىن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن باشقىلارنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشى توغرىمۇ؛ سېنىڭ بىمەنە ئەخلاقىي ئېتىقادلىرىڭ تۈپەيلىدىن باشقىلارنىڭ ئازاپ چېكىشى مۇۋاپىقمۇ؟ قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا: ھازىر ئۇ ياغاچ ئۆيدىن كەلدىم، يوشۇرغىدەك نېمە ئىش بار، مالاي خوتۇنىنىڭ، بالىلىرىمنىڭ، رەجەپ بىلەن ئىسمايىلنىڭ يېنىدىن چىققىنىمنى سەنمۇ بىلىسەن؛ گەبزەدىن ئۇلارغا بىر مەش ئالغان ئىدىم، پايدىسى بولماپتۇ، ئۇلار ئۇ يەردە سوغۇقتا مۇزلاپ ئولتۇرىشىدۇ فاتىمە، سېنىڭ بىمەنە ئېتىقادلىرىڭ سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە دىر-دىر تىترەپ تۇرىشىغا كۆڭلۈم ئەمدى ئۇنىمايدۇ، ئاڭلاۋاتامسەن؟

چۆشەنگەن ۋە قورقۇپ كەتكەنىدىم: ئىشىكنى مۇشتلاپ ۋە يىغلامسىراپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىدىم ۋە گەپ-سۆز قىلمىدىم. بىردەمدىن كېيىن، ئاھ ئۇرغىنىچە ئىشخانىسىغا كىرگىنىنى ۋە ھايال ئۆتمەي چۈشقۇر، خاتىرجەم ۋە مەستلىك ئىچىدىكى خورىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، تاڭ ئاتقۇچە ئويلىدىم. قار يېغىۋاتاتتى، دەرىزىدىن قاراپ تۇراتتىم. مەن ئويلىغان ۋە ھېس قىلغان ئىشنى ئۇ ماڭا ئەتىگەندە ناشتىلىقتا ئېيتتى.

ناشتىلىق قىلىۋاتاتتۇق ۋە ئۇ ئايال خىزمىتىمىزنى قىلىۋاتاتتى، كېيىن، خۇددى ھازىرقى كۈنلەردە پاپا قىلىۋاتقاندەك، گويا ئىش قىلىشتىن زېرىكىپ جاق تويۇپ كېتىپ، ئاشخانىغا چۈشۈۋالغانىدى، سالاھىددىن: سەن ئۇلارنى ھاراملىق دەيسەن، لېكىن ئۇلارمۇ ئىنسان، دەپ كۈسۈلدىدى. خۇددى ماڭا بىر سىرىنى دەپ بېرىۋاتقاندەك ۋە مەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈۋاتقاندەك، ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە سىلىق ۋە مۇلايىم بىر ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتاتتى. بىچارە بالىلار، ياغاچ ئۆيدە توڭۇپ قېلىۋاتىدۇ، بىرى تېخى ئەمدى ئىككى ياش، يەنە بىرى ئۈچ ياشتا: ئۇلارنىڭ ئانىسى بىلەن بۇ ئۆيدە تۇرىشىنى قارار قىلدىم فاتىمە! كىچىك ھوجرىغا ئەمدى سىغمايدۇ. ئۇلارنى ئاۋۇ يان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئۈنتۈپ قالما، نېمە دېگەن بىلەن ئۇلار مېنىڭ ئەۋلاتلىرىم. ئەمدى بىمەنە ئېتىقادلىرىڭ بىلەن بۇنىڭغا قارشى چىقما! مەن گەپ-سۆز قىلماستىن ئويلاۋاتاتتىم. چۈشلۈك تاماقتا چۈشكەن چېغىدا، بۇ قېتىم يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىدى ۋە قوشۇپ قويدى: يەردە يېتىشلىرىغا ۋە ئەدىيال دەپ قالغان ئۇ ئەسكى-تۈسكىلەرگە ئورىنىپ يېتىشلىرىغىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئەتە گەبزەگە ئايلىق سودىلىققا بارغاندا... دېمەك ئەتە گەبزەگە بارىدىكەن-دە دەپ ئويلىدىم مەن! چۈشتىن كېيىن مۇنداق ئويلىدىم: بەلكىم كەچلىك تاماق ۋاقتىدا بۇندىن كېيىن بىر ئۈستەلدە بىللە تاماق يەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتار. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىمىزنى سۆزلەپ يۈرىۋاتامدۇ؟ لېكىن ئۇنداق دېمىدى.

راكسىنى ئىچتى، ئەتە ئەتىگەندە گەبزەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە تارتىنماستىن كەتتى. شۇ ھامان يۇقىرىغا چىقتىم ۋە ئارقا ئۆيگە كىرىپ كەينىدىن قارىدىم: ئاي يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان قارلار ئۇستىدە ئىغاڭلىغانچە ياغاچ ئۆيىنىڭ گۇناھكار چىراق يورۇقىغا قاراپ ماڭ، شەيتان ماڭ، ئەتە كۆرۈپ قالىسەن! قايتىپ چىققۇچە ئايدىڭدىكى قارلىق باغقا قاراپ تۇرغان ئىدىم؛ بىر كۆزۈم غۇۋا ۋە سەت چىراق نۇرىدا ئىدى. قايتىپ چىقىپ ئۇدۇل ھوجرامغا كىردى ۋە يۈزۈمدىن يۈزۈمگىلا مۇنداق دېدى: ئىككى يىلدىن بېرى خېتىڭنى بېرىۋېتىش ئۈچۈن سوتقا بېرىش كېرەك بولۇپ قالغانلىقى ۋە سەن قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئۈستۈڭگە بىر خوتۇن ئالالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئالدىراپ كۆرەڭلەپ كەتمە! ئارىمىزدا، نىكاھ دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇ كۈلكىلىك كېلىشىمدىن باشقا ھېچنىمە قالمىدى فاتىمە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كېلىشىمنى تۈزگەن زامانلاردىكى شارائىتلارغا كۆرە، مەن سېنى خالىغان ھامان، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن خېتىڭنى بېرەلەيتتىم، ياكى ئۈستۈڭگە باشقا بىرسىنى ئالالايتتىم، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا بۇنىڭغا ھاجىتىم يوق ئىدى! چۈشىنىۋاتامسەن؟ يەنە بىر مۇنچە سۆزلىدى ۋە مەن ئاخىرىغىچە ئاڭلىدىم. ئاندىن، ئەتىگەندە گەبزەگە بارىدىغانلىقىنى دەپ ئىغاڭلىغان پېتى چىقىپ كەتتى. قارلىق باغقا قاراپ ئويلاندىم، پۈتۈن كېچە ئويلاندىم.

بولدى بەس فاتىمە، ئويلىماي قوي! يوتقاننىڭ ئىچىدە تەرلەپ كېتىپتىمەن. ئېسىمگە كەلدى: پاپا دەپ قويۇۋاتقانمىدۇ؟ باللار، دەۋاتقاندۇ، مومىكىز قولىدىكى ھاسا بىلەن بىزنى... قورقتۇم، ئويلىغۇم كەلمىدى، ئۇخلىغۇممۇ يوق، لېكىن ساھىلنىڭ شەنبىلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدا دېمىسىمۇ قانداق ئۇخلىيالايمەن مەن!

يوتقان بىلەن بېشىمنى چۈمكىۋالدىم، يەنە ئاڭلىنىپ تۇراتتى ۋە ئەمدى چۈشەندىم ۋە ئويلاۋاتىمەن، ئەمدى چۈشەندىم ئۇ يالغۇز قىش كېچىلىرىنىڭ نە قەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى: كېچىنىڭ جىمجىتلىقى مېنىڭ ئىدى، ھەممە نەرسە تاشتەك قاتتىقلىشىپ، ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى: مەن قۇلاقلىرىمنى ياستۇقنىڭ يۇمشاق قاراڭغۇلۇقىغا تەگكۈزۈپ، دۇنيانىڭ چوڭقۇر، يالغۇز جىمجىتلىقىنى خىيال قىلىۋاتىمەن، تۇپراقنىڭ ئىچىدىن ۋە ۋاقىتنىڭ سىرتىدىن كېلىۋاتقاندەك، دۇنيا ماڭا ئاستا-ئاستا ئۆزىنى تىڭشىتاتتى: سالاھىددىن ئەتىسى گەبزەگە كەتكەن ئىدى. قىيامەت كۈنى قانچىلىك يىراقتا بولغىيتتى ئۇ چاغدا! ئۆيدە يالغۇز قالغاندىم. قانچىلىق يىراقلىقتا بولغىيتتى گۆردە چىرىپ كەتكەن ئۆلۈكلەر! ئۆزۈم ئويلىغاندەك، ھاسامنى ئالدىم، پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ قارلىق باغقا چىقتىم. قانچىلىك يىراقتا قايناپ تۇرغان جەھەننەم قازانلىرى، قىين-قىستاق ئازاپلىرى! ئېرىگەن قاردا ئىزلىرىمنى قالدۇرۇپ شەيتان ياغاچ ئۆي دەۋالغان گۇناھ ئۇۋىسىغا قاراپ تېز-تېز ماڭدىم. قانچىلىك يىراقتا شەپەرەڭلەر، قوڭغۇراقلىق يىلانلار، جەسەتلەر! ياغاچ ئۆيىنىڭ قېشىغا باردىم، ئىشىكنى

چەكتىم، بىردەم ساقلىدىم، بىچارە قوڭالتاق خوتۇن، كالۋا مالاي، ئىشىكنى شۇئان ئاچتى. ئۆلۈك چاشقانلار، بايقۇشلار، جىنلار! ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئىچىگە كىردىم، دېمەك ھارامىلىقلىرىڭ بۇلار، قولۇمنى تۇتۇۋالماقچى بولدى! ئەۋرەز تۇرۇۋېلىرى، سۇۋەرەكلەر، ئۆلۈم ۋەھىمىلىرى! ئۇنداق قىلماڭ خانىم، باللارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ھەبەش قۇللىرى، زەنگىلەر، داتلاشقان تۆمۈر-تەسەكلەر! باللارنى ئۇرغىچە مېنى ئۇرۇڭ خانىم، ئۇلارنىڭ نېمە گۇناھى بار. ۋاي ئاللا، چاپسان قېچىڭلار باللىرىم، قېچىڭلار! قاچالمىدى! سېسىقلار، تاپلار، ھارامىلىقلار! قاچالمىدى ۋە ئۇلارنى تازا سالدىم، شۇ ئارىدا، تېخى ماڭا قول ياندۇرىۋاتىسەن-ھە، ئانىسىنىمۇ تازا سالدىم، مېنىمۇ ئۇرغىلى قوپۇۋېدى تېخىمۇ بەك دۇمبالىدىم ۋە ئاخىرىدا سالاھىددىن، سەن تېرىشچان، كۆچلۈك دېگەن بەقۇۋۋەت خوتۇن يەرگە يىقىلدى، مەن ئەمەس! ئۇ چاغدا، بەش يىلدىن بېرى باغنىڭ بىر ئۇچىدا تىكىلىپ تۇرغان، سەن ياغاچ ئۆي دەۋالغان يىرگىنچلىك گۇناھ ئۇۋىسىنىڭ ئىچىنى، يىغلاۋاتقان ھارامىلىقلارنىڭ يىغا-زارىنى ئاڭلىغاچ تاماشا قىلدىم. ياغاچ قوشۇقلار، قەلەي پىچاقلار، ئانامنىڭ چىنە-تەخسىلىرىنىڭ پۇچۇلۇپ ۋە چاك كەتكەنلىرى ۋە قارا فاتىمە، يوقاپ كەتكەن ساندۇقلارنىڭ ساقلىرىمۇ بۇ يەردە ئىكەن ۋە ئۇستەل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ساندۇقلار، ئەسكى-تۈسكى لاتىلار، يىرتىق رەختلەر، مەش كانايلىرى، يەر سېلىنچىلىرى، دەرىزىلەرنىڭ ۋە ئىشىكلەرنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇلغان گېزىت پارچىلىرى، ۋاي خۇدايىم نېمە دېگەن قالايمىقان، كىرلەشكەن ۋە داغ باسقان كونا كىيىم كېچەكلەر، قەغەز دۆۋىلىرى، يېقىلىپ بولغان سەرەڭگە تالىلىرى، داتلاشقان ۋە سۇنۇق لاخشىگىر، قەلەي قۇتىنىڭ ئىچىدىكى پارچە-پۇرات ئوتۇنلار، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەبجەق ئورۇندۇقلار، تۇتقۇچلار، قۇرۇق ھاراق شىشىلىرى، يەرلەردە ئەينەك سۇنۇقلىرى، قان ۋە تېخىچە يىغلاۋاتقان ھارامىلىقلار، مەن سەسكىنىپ كەتتىم ۋە سالاھىددىن ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ ئاۋۋال بىردەم يىغلىدى ۋە ئۇن كۈندىن كېيىن ئۇلارنى يىراق بىر يېزىغا ئاپىرىۋەتتى.

بويتۇ فاتىمە، دەۋاتاتتى، سېنىڭ ھېساب بولسۇن، لېكىن بۇ قىلغىنىڭ ئىنسان بالىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، كىچىكىنىڭ پاچىقىنى سۇندۇرۇۋېتىپسەن، چوڭىغا نېمە بولدى بىلەلمىدىم، پۈتۈن بەدىنى كۆكىرىپ كېتىپتۇ، شۇڭ بولۇپ قالغان چېغى، بۇ قىلغانلىرىڭغا پەقەت ئېنسىكلوپېدىيەمنى دەپلا چىداپ تۇرۇۋاتىمەن ۋە ئۇلارنى يىراق يېزىغا ئاپىرىۋەتتىم، باللارنى بېقىۋېلىشنى خالايدىغان ياشانغان بىر ئادەمنىمۇ ئۇقۇۋشتۇم، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پۇل بەرگەنلىكىم ئۈچۈن، يەھۇدىنى پات ئارىدا يەنە چاقىرىشقا مەجبۇرمەن، قانداق قىلاتتۇق، گۇناھلىرىمىزنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن، بولدى، بولدى، يەنە باشلىما، سەن گۇناھسىز، پەقەت مېنىڭ گۇناھىم ئۈچۈن، لېكىن بۇندىن كېيىن مەندىن نېمىشقا بۇنچە كۆپ ھاراق ئىچىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنىڭ سورىمايلا قويارسەن، مېنىڭ بېشىمنى ئوچاق ئەتمەي

تۇرارسەن، بىكار بولۇپ قالغان ئاشخانىدا سەن ئىشلەرسەن، ئەمدى مەن ئۈستىگە چىقىپ ئىشلەيمەن، سەنمۇ نېرۋامنى ئۆرلەتمەي كۆزۈمدىن يوقال، ھوجراڭغا چىق، سوغۇق كارۋېتىڭدا، كېچىچە، ھۇقۇشتەك تورۇسقا قاراپ، ئۇخلىيالماستىن، ئۇخلىيالماي يات.

تېخىچە ياتماقتىمەن ۋە ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. كېچىنى ساقلاۋاتىمەن. كارۋاتلىرىڭلاردا سوزۇلۇپ، ھەممىڭلار ئۇخلاپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن، ھېچكىمنىڭ بۇلغاشقا كۈچى يەتمەيدىغان كېچە بىر كەلسە! ئۇ چاغدا ئۆزۈم يالغۇز سىيلاپ-سىيپاشتۇرىمەن، پۇرايمەن، تەمىنى تېتىيمەن، تىڭشايمەن، ئويلايمەن: سۈنى، سۇ شىشىسىنى، ئاچقۇچلارنى، قولياغلىقنى، شاپتۇلنى، كولونيانى، تەخسىنى، ئۈستەلنى، سائەتنى... ھەممىسى مېنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان، مېنىڭ ئۆزۈمگە ئوخشاش، بوشلۇقتا، ئەتراپىمدا ئارامخۇدا ۋە چۈشىنىشلىك ھالدا تۇرىشىدۇ، تاراقشىيدۇ، چاراس-چۇرۇس قىلىشىدۇ، كېچە جىمجىتلىقىدا، خۇددى مەن بىلەن بىللە ئەسنەپ، خاتالىقتىن، گۇناھتىن ۋە مەينەتچىلىكتىن ئېرىغدىنىشاتتى. ئۇ چاغدا، ۋاقتىمۇ ۋاقىت بولاتتى ۋە ئۇلار ماڭا تېخىمۇ يېقىن ۋە مەنمۇ ئۆزۈمگە تېخىمۇ يېقىن بولاتتىم ئۇ چاغدا.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

غەلىتە ۋە ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈۋاتاتتىم، تۇيۇقسىزلا ئويغىنىپ كەتتىم ۋە كۆرگەنلىرىمنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. چۈشۈمدە ماڭا قاراپ « فارۇق، فارۇق!» دەپ تووۋلاۋاتقان، يېپىنچا ئارتىۋالغان بىر بوۋاينى كۆرۈۋاتاتتىم. ماڭا بەلكىم تارىخنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچىدەك قىلاتتى، لېكىن سۆزلەپ بېرىشتىن بۇرۇن مېنى بىر ئاز قىيىن-قىستاققا ئېلىۋاتاتتى. نېمىشقىكىن ھەرقانداق ئىشىنىڭ بەدەلسىز بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن مەن، بىلىم، ئۈچۈر ئۈچۈن قىيىن-قىستاققا چىداۋاتاتتىم، ئاجايىپ بىر خىل نومۇس تۇيغۇسىدا قىلىۋاتاتتىم، يەنە بىردەم چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ شۇ ئىشلارنى بىلىۋالاي دەۋاتاتتىم، نومۇس تۇيغۇسى بىردىنلا چىدىغۇسىز ھالغا كەلدى ۋە چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم. ئەمدى ساھىلنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى، باغنىڭ ئىشىكى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنا ۋە موتور ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمەن. ئۇزۇن چۈشلۈك ئۇيقۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى: تۈنۈگۈن كېچىچە ئىچىپ چىققانلىقىم ئۈچۈن تېخىچە ئۇيقۇم قانمىغان ئىدى. قارىدىم، سائەت تۆتكە چارەك باركەن. تېخى ئىچىدىغان چاغ بولمىغان ئىدى، لېكىن ئورنۇمدىن تۇردۇم،

ھوجرىدىن چىقتىم. ئۆي جىمجىت. پەلەمپەيدىن چۈشتۈم، ئاشخانىغا كىردىم: ئادىتىم بويىچە توڭلاتقۇنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقان چېغىمدا يەنە شۇ نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان تۇيغۇ ئىچىدە قالدىم: يېڭى بىر نەرسە، بىر ھاياجان، كۈتۈلمىگەن بىر تەۋەككۈلچىلىك. ھاياتىمدا شۇنداق بىر ئىش يۈز بەرسە، ئارخىپخانىنى، ھېكايىلەرنى ۋە تارىخنى ئۇنتۇپ كېتەلىسەم. توڭلاتقۇنى ئاچتىم، زەرگەرنىڭ پۇكەيلىرىگە قاراۋاتقاندەك چاقناپ تۇرغان نەرسىلەرگە قارىدىم: رومكىلار، شىشىلەر، رەڭلەر، شوخلىلار، تۇخۇملار، گىلاسلار، دىققىتىمنى چېچىڭلار. لېكىن ئۇلار مۇنداق دەۋاتقاندەك قىلىشاتتى: ياق، بىز سېنىڭ دىققىتىڭنى چېچىپ بولالمايمىز؛ سېنىڭ دىققىتىڭنى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشىڭ ۋە قول ئۈزۈۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشىڭ ھاجانلىرى چاچالايدۇ. كېيىن پۈتۈن بۇ ھاياجان ۋە ئازابلىرىڭنى ئىچىملىك بىلەن تولۇقلاپ، ئۆزۈڭنى تاشلىۋېتىسەن. راكى شىشىسى يېرىمدىلىپ قاپتۇ، باققالغا بېرىپ يەنە ئالايمۇ؟ توڭلاتقۇنى ياپتىم ۋە مۇنداق ئويلىدىم: مەنمۇ

ئۇلاردەك، بوۋامدەك، دادامدەك قىلسام، ھەممە ئىشنى تاشلاپ بۇ يەرگە بىكىنسەم، ھەر كۈنى گەبزەگە بېرىپ كەلسەم، تارىخ دېگەن نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، باش-ئاخىرى يوق مىلىيونلىغان سۆزلۈك بىر يازما ئۈچۈن ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرسام. بۇلارنى دۇنيانى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن يازسام.

سالقىن شامال كۈچىيىپ قالغان ئىدى. بۇلۇتلارمۇ يېقىنلىشىپ قاپتۇ. كۈچلۈك غەربىي جەنۇپ شاملى كەلمەكتە. ئىتتىكلىك قاپقاقلىرىغا قاراپ رەجەپنىڭ ھوجرىسىدا قانداق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئويلىدىم. نىلگۈن، توخۇ فىرمىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ، ساپما كەشنى سىلىقۇېتىپتۇ، يالاڭ ئاياق يەرگە دەسسەپ تۇرۇپتۇ. باغدا بىردەم ئايلاندىم. مەقسەتسىز يۈرگەن كىچىك بالىدەك قۇدۇق بىلەن، پومپا بىلەن بىردەم ھەپىلەشتىم، ياشلىقىمنى ئويلىدىم؛ بالىلىقىمنىمۇ. بىردەمدىن كېيىن ئايالىم يەنە كاللامغا كېلىۋېلىۋېدى، بېرىپ بىر نەرسە يەيچۇ دېدىم، ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. لېكىن ئاشخانىغا كىرىشنىڭ ئورنىغا پەلەمپەيلەردىن چىقىپ ھوجرامغا قايتىپ كىردىم ۋە دەرىزىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئەجىبا ئويلىغانلىرىم ئىز قوغلاپ مېڭىشقا، ياشاشقا ئەرزىيەمۇ، دەپ غۇتۇلدىدىم. ئىز قوغلاپ ماڭغۇدەك بىرەر نەرسە ئويلىيالىدىمۇ؟ كۆپ ئويلانماي دەپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ كىتابىنى ئېچىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردىن باشلاپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

غەربىي ئاناتولىيەگە قىلغان سەپىرىنى يازغانىدى: ئاقھىسارنى، مارمارا بازىرىنى، ئاندىن بىر كىچىك يېزىنى ۋە بازارنىڭ ئارشاڭلىرىنى: ئارشاڭنىڭ سۈيى ئىنسانغا ياغدەك جۇلا بېرەرمىش، قىرىق كۈن ئىچىپ بەرسە جۇزام كېسەللىكىمۇ پايدا قىلارمىش. كېيىن بىر كۆلنى ئوقۇشتىپ، تازىلاتقاندىن كېيىن، خۇشال-خورام ھالدا چۆمۈلگىنىنى ئوقۇدۇم. بۇ كۆل تاماشاسىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم ۋە ئەۋلىيانىڭ خاتالىق ۋە گۇناھ تۇيغۇسىدىن خالىي بۇ تاماشىسىغا ھەسەتتىم قوزغالدى، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويغۇم كەلدى. كېيىن كۆلنىڭ بىر تۆۋرىكىگە رېمونت قىلىنغان چېسلانىمۇ يېزىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، گەدىزدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېچ نەرسىدىن تەپتارتماي، ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە خاتىرجەم ھالدا؛ دۇمبىقىنى زوق-ئىشتىياق بىلەن چالغان دۇمباقچىنىڭ شادىمان كەيپىياتىدا يازغانىدى. كىتابنى يېپىپ قويۇپ، قانداق قىلىپ مۇشۇنداق يازالىغانلىقىنى، قىلغانلىرى بىلەن يازغىنىنى قانداق قىلىپ مۇشۇنداق جىپسىلاشتۇرالىغانلىقىنى، ئۆزىنى قانداق قىلىپ خۇددى باشقا بىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك سىرتتىن كۆرەلىگەنلىكىنى ئويلىدىم. ئوخشاش ئىشلارنى مەن قىلىپ، خالىغان بىر دوستۇمغا خەت يېزىپ سۆزلەپ بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسام، نە بۇنداق جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتتىم، نە بۇ قەدەر ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى چىقمايتتى: ئىچىگە ئۆزۈمنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان بولاتتىم؛ قالايمىقان ۋە گۇناھ تۇيغۇسىغا پاتقان ئەقلىم،

ھادىسىلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى يېپىۋالاتتى. قىلغىنىم بىلەن نىيىتىم، يۈز بەرگەنلەر بىلەن باھالىرىم بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، ئاللىقانداق نەرسىلەر بىلەن ئەۋلىيا قۇرۇپ چىققان بىۋاستە ۋە ھەقىقىي باغلىنىشنى قۇرالماي، بۇرنۇم سىرتقى كۆرۈنۈشلەرگە تېگىپ قانغان ھالدا ئازاپ چەككەن بولاتتىم.

ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم: تۇرگۇتلۇ شەھىرىنى، نىڧ شەھىرىنى ۋە ئۇلۇجاكلىنىۋە بۇ يەردىكى باشقا بىر ئالەمنى:« چېدىرلىرىمىزنى ئابى ھاياتنىڭ بىر بۇرجىكىگە قۇرۇپ، يايلاقتىكى پادىچىلاردىن سېمىز بىر پاقلان ئېلىپ،  بىخىرامان ۋە پەرۋاسىز ئولتۇرۇپ كاۋاپ ئېتىپ يېدۇق.»  مانا: ھۇزۇر ۋە خۇشاللىقمۇ سىرتقى دۇنياغا ئوخشاشلا جانلىق ئىدى. دۇنيامۇ ئوخشاشلا، مەۋجۇت ۋە ھۇزۇر بىلەن، يامنى كەلسە بەزىدە قىزغىنلىق، بەزىدە تاتلىق بىر ئازاپ بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان ۋە ياشىلىدىغان بىر يەر ئىدى؛ ھەرگىزمۇ تەتقىق قىلىنىدىغان ۋە ئۆزگەرتىش ۋە ئىگەللىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز-ئارا ئاچچىقلىنىشىپ، غەزەپلىنىدىغان بىر يەر ئەمەس ئىدى.

كېيىن تۇرۇپلا ئەۋلىيانىڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئالداش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى خىيال قىلدىم. بەلكىم ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىرىدۇر، لېكىن قانداق يېزىشنى ئوبدان بىلەتتى-خالاس؛ يالغان-ياۋىداقلارنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ئۇستا ئىدى: بەلكىم دەل-دەرەخلەر ۋە قۇشلار، ئۆيلەر ۋە تاملار ئۇنىڭغىمۇ ماڭا كۆرۈنگەندەك كۆرۈنىشى مۇمكىن، لېكىن يېزىقچىلىك ھۈنىرى بىلەن مېنى ئالداۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ چىنپۈتەلمىدىم، يەنە بىر ئاز ئوقۇغاندىن كېيىن بۇنىڭ ھۈنەر ئەمەس، بەلكى ئىدراك ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدىم. ئەۋلىيانىڭ دۇنيانى، دەل-دەرەخلەرنى، ئۆيلەرنى، ئىنسانلارنى كۆرگەن ئىدراكى بىزنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. تۇيۇقسىز، بۇ نېمە ئىشتۇ، ئەۋلىيانىڭ ئىدراكى قانداق بولۇپ ئاشۇنداق بولالىغاندۇ، دەپ قىزىقىسىندىم. بولۇشقا ئىچىپ، تازا مۇڭ كەيىپ بولغاندىن كېيىن، ئايالىمنى ئويلىغان چېغىمدا، بەزىدە، ئويغىنىپمۇ قۇتۇلالمىغان چۈشلىرىمدىن بىرىگە توۋلاپ كېتىمەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چارەسىزلىك ئىچىدە ۋارقىرىغۇم كەلگەندەك ئويلىدىم: مەنمۇ ئۇنىڭدەك بولالماسمەنمۇ، ئىدىيەم ۋە مېڭەمنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۇنىڭكىگە ئوخشىتالماسمەنمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ دۇنيانى ئۆز پېتى، جانلىق تەسۋىرلەشكە كىرىشىپ كېتەلمەسمەنمۇ؟

كىتابنى يېپىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويدۇم. بۇنى قىلالايسەن، ھېچبولمىسا ھاياتىڭنى ئىشەنچ بىلەن بۇ ئىشقا ئاتىيالايسەن، دەپ كەيپىياتىمنى كۆتۈردۈم. ئۇنىڭغا ئوخشاش دۇنياۋە تارىخنى ئۇدۇل كەلگەن يەردىن باشلاپلا تەسۋىرلەشكە باشلايمەن. ئۇنىڭ مانىسانىڭ كىمنىڭ، قانچە پۇللۇق شەخسى زېمنى ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك يېرى، قانچە خىزمەتكارى،

قانچە ئەسكىرى بارلىقىنى يازغىنىغا ئوخشاش، مەنمۇ ھادىسىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىمەن. بۇ ھادىسىلەر دىمىسىمۇ ئارخىپخانىدا مىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەۋلىيا تارىخىي قۇرۇلۇشلارنى، ئۆرپ-ئادەتلەرنى، قائىدە-يوسۇنلارنى تىلغا ئالغان چاغدىكى بەھۇزۇرلۇق بىلەن، مەنمۇ ئۇ ھۆججەت ۋە ئارخىپلارنى قەغەزگە قوندۇرىمەن. ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلغاندا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كېپىمگە ئۆز كۆز-قاراش، باھالىرىمنى قوشمايمەن. ئاندىن، خۇددى ئۇ بىر جامە ئۆگزىسىنىڭ كاھىش ياكى قوغۇشۇن بىلەن يېپىلغانلىقىنى يېزىپ قويغىنىدەك، مەنمۇ بىر ھادىسىنىڭ تەپسىلاتىنىڭ شۇنداق ياكى مۇنداق ئىكەنلىكىنى قوشۇپلا قويۇۋەرگەن بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يازغان تارىخمۇ ئەۋلىيانىڭ ساياھەتنامىسىدەك ھادىسىلەرنىڭ چەكسىز بىر تەسۋىرىدىن باشقا بىر نەرسە بولۇپ قالمايتتى. بۇنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنىڭدەك ئاردا بىر توختاپ، دۇنيادا باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىغاچ، بىر قەغەزنىڭ ئۈستىگە 《 ھېكايە》 دەپ يېزىپ، ھادىسىلىرىمنىڭ ئىنسانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ھاياجانلىرى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاتلىق، ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى توقۇلمىلاردىنمۇ خالى ئىكەنلىكىنى، ئوقۇغانلارغا مۇشۇ شەكىلدە ھېس قىلدۇرىمەن. ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ 6000 بەتلىك كىتابىدىنمۇ ھەجمى چوڭ بولىدىغان مىنىڭ يازغانلىرىمنى بىر كۈنى بىرسى ئوقۇسا، تارىخنىڭ كاللامدىكى بۇلۇتسىمان دۆۋىسىنى كىتابىمدا ئۆز ئەينى كۆرىدۇ. ھەممە نەرسە، قەغەزنىڭ ئۈستىدە، خۇددى ئەۋلىيانىڭ يازغىنىدەك، تەبىئىي نەرسىلەردەك، بىر دەرەختەك، قۇشتەك، بىر تال تاشتەك تۇرىدۇ؛ ئوقۇغانلارغىمۇ بۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئوخشاش تەبىئىيلىكتە بىر ھادىسىنىڭ ياتقانلىقىنى تۇيدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېڭەمنىڭ ئىچىدە كېزىپ يۈرگەندەك ھېس قىلغان تارىخنىڭ ئۇ غەلىتە قۇرتلىرى ئۇ يەردىن تۆكۈلگەن، مەنمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلغان بولىمەن. ئۇ قۇتۇلۇش كۈنىدە، مەنمۇ بەلكىم بىرىپ دېڭىزغا كىرەرمەن. دېڭىزدا ھېس قىلغان خۇشاللىقىم، ئەۋلىيا كۆلچەكتە ھېس قىلغان خۇشاللىق بىلەن تەڭ بولار، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم: بىر ماشىنىنىڭ لاباسى بىزەڭلەرچە بېسىلىۋاتاتتى. چۈشلەرنى بۆلگەن، خاتىرىلەرنى ئۆچۈرگەن، غەلىتە، چىرقىراق، «چاغداش» ۋاراڭ-چۇرۇڭ نىرۋامنى بىردەمدىلا ئۆرلىتىۋەتتى.

تېزلا ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئالدىراش-سالدىراش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ھويلىغا چىقتىم. شامال كۈچىيىپتۇ، بۇلۇتلار يېقىن سۈرۈلۈپتۇ: يامغۇر ياغاي دەپ قالغاندەك. تاماكا تۇتاشتۇردۇم، باغدىن ئۆتتۈم، كوچىغا چىقتىم، كېتىپ بارىمەن. شۇنداق، ماڭا كۆرسىتىڭلار، نىمە كۆرسەتكۈڭلار بولسا، ھەي تاملار، دەرىزىلەر، ماشىنىلار، بالكونلار، بالكون ئىچىدىكى ھاياتلار، نېلون توپلار، ساپما كەشلەر، يالتىراق سىمتىلەر، قامچىلار، شىشىلەر، مايلار، قۇتىلار، كۆينەكلەر، لۆڭگىلەر، چامادانلار، پاچاقلار، يوپكىلار، ئايالار، ئەركەكلەر، باللار، قۇرت-

قوڭغۇزلار كۆرستىڭلار، ماڭا تۇرغۇن، ئۆلۈك چىرايىڭلارنى كۆرستىڭلار، كۆيۈپ قارىدىغان بويىنۇڭلارنى كۆرستىڭلار، تولغان كۆكسىڭلارنى، ئىشەنچسىز ئىنچىكە قولۇڭلارنى، قاملاشتۇرالمىغان بىقىشىڭلارنى، كۆرستىڭلار، كۆرستىڭلار بارلىق رەڭلەرنى، يۈزۈڭلارنى، چۈنكى مەنمۇ ئۇ يۈزلەرگە بۇرنۇمنى تەگدۈرۈپ، تەگدۈرۈپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كەتسەم دېمەن، ئۇچسام دېمەن، نىيونلۇق لامپىلارغا، يالتىراق ئەينەككە ئىلىنغان ئىلانلار، سىياسىي شوئارلارغا، تېلېۋىزورلارغا، تاملارغا چاپلانغان يالىڭاچ ئايال رەسىملىرىگە، ئادەتتىكى ئىلان تاختىلىرىغا كۆز يۈگۈرتكەچ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كەتكۈم بار؛ قېنى كۆرستىڭلار ماڭا، كۆرستىڭلار...

بولدى بەس! پىرىستانغا كېلىپ قاپتىمەن! قۇرۇق هاياجان؛ ئۆزۈمنى ئالداۋاتىمەن! ھەممىسىنى خۇپپىيانە ياخشى كۆرگەنلىكىمنى، ئۆزۈم روھسىز ۋە ئادەتتىكى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چىن كۆڭلۈمدىن سېغىنغانلىقىمنى، بىزار بولغان ئوخشايمەن دەپ قارىغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. بەزىدە ئۆزۈمنى بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن، ياكى كېيىن ياشىغۇم بارلىقىغا ئىشەندۈرىمەن، لېكىن يالغان گەپ بۇ: بۇنداق غەلىتە يۈزەكىلىككە مەپتۇن بولۇش ئادىتىگىمۇ خۇشتار ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. گازلىق سۇ ۋە سوپۇن ئېلانلىرىغا، كىرئالغۇلارغا ۋە سۈنئىي سارمايلارغىمۇ ئاجايىپ خۇشتارمەن. مەن ياشىغان بۇ ئەسىر، كۆزۈمگە ھەممە نەرسىنى سۇنۇق، پۇچۇق قىلىپ كۆرستىدىغان بىر كۆزئەينەكنىڭ تاقاپ قويغان بولۇپ، ھەقىقەتنى، ھەقىقىي نەرسىلەرنى كۆرەلمىگىنىمنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن، لېكىن ئاللاھ قەھرى ياغدۇرسۇنكى، كۆرگەنلىرىمنى ياخشى كۆرەتتىم!

بىر ئۇرۇش پاراخوتى غەربىي جەنۇپ بورنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاستا پىرىستانغا يېقىنلاشماقتا ۋە تېخى كۈچىيىپ كەتمىگەن دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئۈستىدە ئاستا ئىغاڭلىماقتا. ئىغاڭلاۋاتقان چېغىدا، خۇددى ئۆزىنى ئىغاڭلىتىۋاتقان، تەۋرىتىۋاتقان بىلىنمەس بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى: بەختلىك پاراخوت! قەھۋەخانىغا قاراپ ماڭدىم. كىشىلەر توپى. شامال سىرتتىكى ئۇستەللەرنىڭ ياپقۇچلىرىنىڭ ئۇچىنى كۆتۈرۈۋېتىۋاتاتتى لېكىن، ئانىلار، دادىلار، باللار چاي ۋە گازلىق ئىچىملىكلىرىنى خاتىرجەم ئىچسۇن دەپ ياپقۇچلارنىڭ چۆرىسى كاۋچۇك بىلەن قاپلىۋېتىلگەن بولغاچقا مەسىلە يوق ئىدى. پاراخوتنىڭ شامالنىڭ پەيزىنى سۈرىۋاتقان يەلكىنىنى كۈچەپ چۈشۈرىشىۋاتاتتى. ئاق لاتا پەسكە چۈشكەندە، تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاناتلىرىنى پالاقشىتقان كەپتەردەك تىترەۋاتاتتى،لېكىن پايدىسى يوق ئىدى: ئاخىرى، مانا، يەلكەننى چۈشۈرۈشتى. تارىخ دېگەن نېمە دېگەن بۇ ئويۇننى بىر چەتكە تاشلاپ قويسام قانداق بولار؟ بىرىپ دەپتىرىمنى ئوقۇي، ئارخىپلاردىكى خاتىرىلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەي. ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيمۇ-يا؟ بوش ئۇستەل يوق. كەتتىم،

قەھۋەخانىنىڭ ئىچىگە دەرىزىسىدىن قارىدىم. كورت ئويناۋاتقانلار بار، بوش ئۇستەلمۇ بار. رەجەپ كېلەر بۇ يەرگە! قوللىرىدىكى قەرتكە قارىشىۋاتىدۇ، تاشلىشىۋاتىدۇ، خۇددى ھېرىپ-چارچاپ كېلىپ بۇ يەردە ھاردۇق چىقىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىرسى تاشلانغان قەرتلەرنى يىغدى، ئارىلاشتۇرىۋاتىدۇ. ئارىلاشتۇرىشىغا قاراپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز ئىسىمگە كەلدى، ھاياجانلاندىم. شۇنداق، شۇنداق: بىر قەرت دەستىسى ھەممىنى ھەل قىلىۋېتىدۇ!

ئۆيگە قايتىۋاتىمەن ۋە ئويلاۋاتىمەن. بۇنداق:

ئارخىپخانىدىكى جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان بارلىق جىنايەتلەر ۋە ئوغرىلىقلارنى، ئۇرۇشلار ۋە يېڭىلىقلارنى، پاشالار ۋە شەكىللىۋازلىقلارنى، بارلىق ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ قەرت قەغىزى چوڭلۇقىدىكى قەغەزلەرگە يېزىپ چىقىمەن. ئاندىن، يۈزلىگەن، ياق، مىلىيونلىغان قەغەزلەردىن تەشكىل تاپقان ئۇ غايەت دەستىنى، قەرت دەستىسىنى ئارىلاشتۇرغاندەك، ئەلۋەتتە، مىڭ تەسلىكتە، ئالاھىدە ئەسۋاپلارنىڭ ياردىمى بىلەن، گۇۋاھچىلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلىتىلىدىغان لاتارىيە ماشىنىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن! مانا، دەيمەن ئاندىن، ھېچبىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئالاقىسى، باش-ئايىغى، ئالدى كەينى، سەۋەب-نەتىجىسى يوقتۇر: مەرھەمەت، ياش ئوقۇرمەن، مانا تارىخ ۋە ھايات، خالىغانچە ئوقۇڭلار. ھەممىسى بار، يۈز بەرگەن ھەممە نەرسە بۇنىڭ ئىچىدە، لېكىن ھەممىسىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بىر ھېكايە يوقتۇر. خالىساڭلار ئۇ ھېكايىنى ئۆزۈڭلار بۇلارنىڭ ئىچىگە يەرلەشتۈرۈڭلار. ئۇ چاغدا: ھېكايە يوقمۇ، دەپ سورايدۇ ياش ئوقۇرمەن ھەسرەت بىلەن، ھېكايە پەقەتلا يوقمۇ. ئۇ چاغدا، ئۇنىمۇ توغرا چۈشىنىمەن، ئەلۋەتتە دەيمەن، سىلەرنى چۈشىنىمەن، سىلەر تېخى ياش، ئارامخۇدا ياشىماق ۋە ياشاۋاتقان چېغىڭلاردا دۇنيانى بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ خالىغان يېرىڭلارغا تارتالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىش ئۈچۈن، ئەخلاق ئۈچۈن، سىلەرگە ھەممە ئىشنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان بىر ھېكايە لازىم، بولمىسا بۇ ياشتا ئادەم ساراڭ بولۇپ قالىدۇ؛ دەيمەن ۋە سانى مىلىيونغا يەتكەن قەرت دەستىسىنىڭ ئارىسىغا جوكەرلەرنى قىستۇرۇپ قويغاندەك ئالدىراش ھالدا، ئۈستىگە، ھېكايە ۋە ئىچىگە ھېكايىنىڭ ئۆزى يېزىلغان قەغەزلەرنى قىستۇرۇپ قويۇشقا باشلايمەن. ئۇنداقتا، بۇلارنىڭ مەنىسى نېمە، دەپ سورايدۇ ياش ئوقۇرمەن يەنە. بۇلاردىن قانداق بىر نەتىجە چىقىدۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ نېمىگە ئىشىنىش كېرەك؟ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا؟ ھاياتتا نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك؟ ھايات دېگەن نېمە؟ قەيەردىن باشلاش كېرەك؟ ھەممىسىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ بۇنىڭدىن قانداق نەتىجە چىقىدۇ؟ نېمە قىلسام بولار؟ نېمە قىلسام بولار؟ نېمە قىلسام بولار؟ ئاللاھ قەھىر قىلسۇن! ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى. قايتىۋاتىمەن...

ساھىلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقىنىمدا قۇياش بىردىنلا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېدى، قۇم ئۈستىدىكى مىغ-مىغ يۈرگەن كىشىلەر توپى مەقسەت-مۇددىئاسىزدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ، قۇم ئۈستىدە ئەمەس، مۇزلۇقنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان ھالىتىنى، ئاپتاپسىنىش ئەمەس، تۇخۇملىرىنى ئىسسىتىشنى ئىستىگەن توخۇلاردەك مۇزلۇقنى ئىسسىتماقچى بولۇۋاتقان ھالىتىنى خىيال قىلىشقا ئۇرۇندۇم. لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى بىلىمەن: سەۋەب-نەتىجە زەنجىرىنى ئۈزۈۋېتەي، زۆرۈرىيەتنىڭ ئەخلاقىي دەۋەتلىرىدىن قۇتۇلاي دەپ. ئۇلار ئۈستىدە ياتقان نەرسە قۇم بولماي مۇز بولغان بولسا، مەن گۇناھسىزمەن، ئەركىن مەن،ھەممە ئىشنى قىلالايمەن، ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن: ماڭدىم.

كۆن چىقتى، باققالنىڭ دۇكىنىغا باردىم، ئۈچ شىشە پىۋا ئالدىم. باققالنىڭ شاگىرتى پىۋىلارنى قەغەز خالتىغا سېلىۋاتقاندا، بويى پاكار، ئاغزى يوغان، كۆرۈمسىز بىر ياشانغان ئادەمنى نىمشقىدۇر ئېدۋارد G. روبىنسونغا ئوخشاتتىم. ئاجايىپ ئىش، ھەقىقەتەن ئوخشايتتى. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە: بۇرنى ئۇنىڭكىدەك ئۇچلۇق، چىشلىرى كىچىك ۋە ياڭىقىدا مېڭى بار ئىدى. لېكىن بېشى يوغانراق ۋە بۇرۇتلۇق ئىدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ ئۆمتىسىز ئىجتىمائىي بىلىمى مانا مۇنداق بولىدۇ: كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان بۇ ئادەم بىز ئوخشىتىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆپەيتىلگەن ناچار نۇسخىسى ئىدى، ئۇنداق بولسا ئۇ ئىككىسى قايسى تەرەپلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟ دېموكراتسىيە ۋە سانائەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا يوغان بىر كاللا ۋە بۇرۇت. يالغان ئېدۋارد G. روبىنسون بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. بىردىنلا ماڭا دەرت تۆكۈۋاتقاندەك بىلىندى: ئەپەندىم، پۈتۈن ئۆمرۈمنى باشقا بىر ئادەمنىڭ تاشلاندۇق نۇسخىسىدەك ئۆتكۈزمەك ماڭا قانچىلىك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ بىلەمسىز؟ ئايالىم ۋە باللىرىم ھەمىشە راست ئېدۋارد G. روبىنسونغا قارايدۇ، ئاندىن كېلىپ مېنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان تەرەپلىرىمنى خۇددى مېنىڭ خاتالىقىمدەك يۈزۈمگە ئۇرۇشىدۇ، ئۇنىڭغا ئوخشىماسلىق گۇناھمۇ، خۇدا ھەققىدە سىز بىر دەپ بېقىڭ، ئادەم ئۆزى بولۇپ تۇرالامدۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم داڭلىق بىر ئارتىس بولماي قالغان بولسا نېمە بولار بولغىيتتى، ئۇ چاغدا مېنى قانداق ئەيىپلەر بولغىيتتى؟ ئۇ چاغدا باشقا بىر ئۆرنەك تېپىپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىڭنى تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ، دەپ ئويلىدىم. توغرا، توغرا دەيسىز ئەپەندىم، سىز پالانى جەمىيەتشۇناسمۇ، ياكى بىر پروفېسسورمۇ؟ ياق، دوتسېنت! قېرى روبىنسون ئىرىمچىكلىرىنى ئېلىپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ شىشلىرىمنى ئالدىم، ئۆيگە قايتىۋاتىمەن ۋە بولار ئەمدى دەپ ئويلاۋاتىمەن. راۋۇرۇس كۆچىيىپ قالغان شامال، بالكونلارغا ئېسىلغان سۇ ئۈزۈش كىيىمنى بىكاردىن - بىكارلا كىر يايىدىغان تانىلارغا يۆگەپ قويۇۋاتاتتى، بىر دەرىزە بىكاردىن - بىكارغا ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇراتتى.

ئۆيگە باردىم، شىشىلەرنى توگىلاتقۇغا قويدۇم، ئىشىكنى يېپىۋېتىپ شەيتان دەۋەت قىلىشقىدى، ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم، ئاچ قورساققا بىر رومكا راكىنى دورا ئىچكەندەك ئىچىۋېتىپ نىلگۈننىڭ قېشىغا باردىم. ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇمۇ مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. چېچى ۋە كىتابىنىڭ ۋاراقلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. مەھەللىدە كۆرگۈدەك بىر نەرسە يوقلۇقىنى ئېيتتىم. ماشىنا بىلەن ئايلىنىپ كېلىدىغان بولدۇق. ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن يۇقىرىغا چىقتىم، دەپتىرىمنىمۇ ئالدىم، ئاشخانىدىن سۇ، راكى ۋە پىۋىلارنى ئالدىم، شىشە ئاچقۇچنىمۇ ئېلىشنى ئۇنۇتمىدىم. ئالغان نەرسىلىرىمنى كۆرۈپ ماشا كوتۇلدىغىسى كەلگەندەك قارىدى، ئاندىن يۈگۈرگىنىچە كىرىپ رادىيونى كۆتۈرۈپ چىقتى. ماشىنا ئىنجىقلاپ، چىڭقىلىپ ئوت ئالدى. ساھىلدىن چىقىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن ئاستا ئۆتتۇق، مەھەللىدىن چىققان چېغىمىزدا، دالىدا، يىراقلاردا ئۈنسىز چاقماق چېقىلدى. ئاۋازى خېلى بىر چاغدا ئاڭلاندى.

«نەگە بارايلى؟» دېدىم. «سەن گېپىنى قىلغان ۋابا تەگكەنلەرنىڭ كارۋان سارىيىغا» دېدى نىلگۈن. «ۋابا دۆلىتىگە.» «ئۇنداق بىر جاينىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىق بىلمەيمەن» دېدىم. «ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى» دېدى نىلگۈن. «بىرىپ كۆرۈپ بېقىپ ئېنىق بىر قارارغا كېلىسەن.» «ئېنىق بىر قارار» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، ئۇ قوشۇپ قويدى: «ئېنىق بىر قارارغا كېلىشتىن قورقۇۋاتامسەن-يا؟» «ۋابا كېچىلىرى ۋە جەننەت كۈنلىرى» دەپ غۇدۇراپ قويدۇم. «سەن رومان ئوقۇۋاتامسەن؟» دېدى نىلگۈن ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا. «بىلەمسەن؟» دېدىم ھاياجانلانغان ھالدا، «بۇ ۋابا پىكرى مېنى بارغانسېرى چىرماپ ئېلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن كېچە ئېسىمگە كەلدى، بىر يەردە ئوقۇغان ئىدىم، كورتېزنىڭ، شۇنچىلىك كىچىك بىر قوشۇن بىلەن ئازتېكلەرنى يېڭىپ مېكسىكا شەھىرىنى قولغا كەلتۈرىۋېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ۋابا كېسىلىمىش. شەھەردە ۋابا تارقالغاندا ئازتېكلەر تەڭرىنىڭ كورتېز تەرەپتە تۇرغانلىقىغا ئىشىنىپ قېلىشقان.» «نېمىدىگەن ئوبدان ئىش مانا» دېدى نىلگۈن. «سەنمۇ بىزنىڭ ۋابانى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى باشقا ئىشلارغا باغلاپ، مۇشۇ بويىنچە ئىز قوغلاپ ماڭارسەن.» «لېكىن ئەگەر بۇنداق بىر ئىش يوق بولۇپ چىقسىچۇ؟» «ئۇ چاغدا ئىز قوغلاپ يۈرمەيسەن.» «ئۇ چاغدا نېمە ئىش قىلىمەن؟» «مۇشۇ كۈنگىچە قىلىپ كەلگەن ئىشىڭنى قىلىسەن، تارىخ بىلەن ھەپىلىشىسەن.» «ئەمدى ئۇنداق قىلالماسمەنمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن.» «ياخشى بىر تارىخچى بولالايدىغانلىقىڭغا نېمە دەپ ئىشەنگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ؟» «چۈنكى بىر ئادەمنىڭ تۈركىيەدە ياخشى ھېچنېمە بولالمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.» «ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە.» «ياق، بۇنى بىلىپ قوي، بۇ دۆلەت مانا مۇشۇنداق. راكى قۇيە.» «ياق. قارا بۇ نېمە دېگەن گۈزەل يەرلەر. كاللار. جەننەت ھامىنىڭ كاللىرى.» «كاللار!» دەپ تووۋلاپ سالدىم بىردىنلا. «كالا گۈيلار! پەس مەخلۇقلار! ئاللاھ جاجاڭلارنى بەرسۇن!» كەينىدىن قاقاھلاپ كۈلدۈم،

لېكىن سەل ياسالما چىقىپ قالدى بەلكىم. « بەل قويۇۋېتىش ئۇچۇن باھانە ئىزدەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟» دېدى نىلگۈن. « ئىزدەۋاتىمەن، راكى قۇيۇپ بەر ماڭا!» « بىكاردىن-بىكار نېمەدەپ بەل قويۇۋېتىسەن؟» دېدى نىلگۈن. « ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟» « نېمە دەپ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغۇدەك؟ بەل قويۇۋەتكەن شۇنچۇۋېلا كىشىدىن مېنىڭ نېمە پەرقىم بار؟ « لېكىن سىز ئاز ئۇقۇمىدىڭىز ئەپەندىم!» دېدى نىلگۈن مەسخىرە تەلەپپۇزىدا. « ئەسلىدە بۇ گەپلەرنى ئەستايىدىل دېگۈدەك بار ئىچىڭىدە، لېكىن جۆرئەت قىلالمايۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟» « شۇنداق» دېدى نىلگۈن كەسكىن قىلىپ. « شۇنداق، بىر ئادەم نېمىدەپ بىكاردىن ــ بىكارغىلا بەل قويۇۋېتىدۇ؟» « بىكاردىن-بىكارغا ئەمەس» دېدىم. « بەل قويۇۋەتسەم خۇشال بولىمەن. ھەقىقىي بولىمەن ئۇ چاغدا.» « سەن ھازىرمۇ ھەقىقىي» دېدى بوش كەلمەي. « رېئال بولىمەن، چۈشەندىڭمۇ. ھازىر مەن رېئال ئەمەس! ئۆزىگە ھاكىم بولغان، ئۆزىنى ھەمىشە سوراققا تارتىپ تۇرىدىغان ئادەم، تۈركىيەدە رېئال بولالمايدۇ، چوقۇم ئېلىشىپ قالىدۇ. تۈركىيەدە ئېلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئادەم ئۆزىنى تاشلىۋېتىشى كېرەك. راكى قۇيۇپ بەرمەمسەن؟ « ئالە مانا!» « ھە مۇنداق قىلمامسەن، ھە راست، رادىيونىمۇ قويۇپ قوي!» « ئاكىلىق قىلىش ساڭا بەك خوش ياقىدۇ.» « ئاكىلىق قىلمىدىم، مەن مۇشۇنداق ئادەم، مەن دېگەن تۈرك!» « نەگە ماڭدىڭ؟» « يۇقىرىغا» دېدىم ھاياجانلانغان ھالدا، « ھەممە نەرسىنى ئۇچۇق كۆرگىلى بولىدىغان بىر يەرگە. ھەممە نەرسىنى بىرلىكتە...» « نېمىنىڭ ھەممىسىنى؟» « ھەممىسىنى بىر يەردە كۆرەلىسەم بەلكىم...» « بەلكىم؟» دەپ سورىدى نىلگۈن، لېكىن مەن ئۈندىمىدىم.

ئۈندىمىدىم، ئۈندىمىدۇق، ئىسمايىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن دۆڭگە چىقتۇق. دارىجا يولىغا قايرىلدىم، قەبرىستانلىقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، سىمونت زاۋۇتىنىڭ ئارقىسىغا چىقىدىغان كونا، توپىلىق يولغا كىردىم، يامغۇردا جۇلقى چىقىپ كەتكەن دۆڭگە ئىككى تەرەپكە قايغان ھالدا چىقتۇق. تۆپىلىككە چىققان چېغىمىزدا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىغان ئىدى. «ئانادول» نىڭ ئالدىنى مەنزىرە تەرەپكە توغرىلىدىم، بۇ يەرگە يېرىم كېچىدە جەننەتھىساردىن ماشىنىلىرىدا سۆيۈشۈشكە ۋە تۈركىيەدە بېشىدىن ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە كەلگەن ياشلارغا ئوخشاش تۇردۇق، قارىدۇق: تۇزلادىن جەننەتھىسارغىچە يىلاندەك تولغۇنۇپ سوزۇلغان ساھىل، زاۋۇتلار، ئىستىراھەت يېزىلىرى، بانكا لاگېرلىرى، يوقالغان زەيتۇنلۇقلار، گىلاس دەرەخلىرى، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، فاتىھ ئۆلگەن ئۆستەڭ، دېڭىزدىكى ماياك، دەل-دەرەخلەر، ئۆيلەر، كۆلەڭگىلەر، تۇزلا تەرەپتىن ئاستا-ئاستا بىز تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقان يامغۇردا قالغۇلىۋاتاتتى. بوران-چاپقۇننىڭ دېڭىز ئۈستىدە سۈرۈلۈپ ماڭغان

چېغىدىكى ئاق ئىزلارنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. راكى شىشىسىنىڭ تېگىدە قالغانلىرىنىمۇ رومكىغا قۇيۇپ كۆتۈرۈۋەتتىم.

«ئاشقازىنىڭنى كاردىن چىقىرىسەن!» دېدى نىلگۈن. " سېنىڭچە ئايالىم، مېنى نېمىدەپ تاشلاپ كەتتى؟» دېدىم. ئارىنى قىسقىغىنە جىمجىتلىق باستى، ئاندىن نىلگۈن ئاۋايلىغان بىر تەلەپپۇزدا، قورۇنۇپ تۇرۇپ دېدى: « مەن تېخى ھەر ئىككىڭلارنى بىر-بىرىڭلارنى تاشلىۋەتتىمىكىن دەپتىكەنمەن.» « ياق، يالغۇز ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى. دېگەن يېرىدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقالمىغان ئىدىم... چاكىنىلىشىپ كېتىدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا كېرەك.» « ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە!» « شۇنداق، شۇنداق،» دېدىم. « قارا يامغۇرغا!» « چۈشەنمىدىم.» « نېمىنى؟ يامغۇرنىمۇ؟» «ياق،» دېدى نىلگۈن ئەستايىدىل ھالدا. « سەن ئېدۋارد .گ. روبىنسون كىم بىلەمسەن؟» «كىمتى؟» « ئۇ مەن تۈركىيەدە بىر تەقلىدىنى كۆرگەن ئارتىس. ئىككى كىشى بولۇپ ياشايدىغان ھاياتتىن جاق تويدۇم. چۈشەندىڭمۇ؟» «ياق.» « ھاراق ئىچسەڭ چۈشىنىسەن. سەن نېمىشقا ئىچمەيسەن؟ ھاراق ئىچىشنى مەغلۇبىيەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايسەن، شۇنداقمۇ؟» « ياق، ئۇنداق دەپ قارىمايمەن.» « شۇنداق دەپ قارايسەن، بىلىمەن، مەيلى شۇنداق ئويلاۋەر. مەنمۇ تەسلىم بولدۇم...» « لېكىن سەن تېخى بىرەر جەڭگىمۇ كىرىپ باقمىغان تۇرساڭ،» دېدى نىلگۈن. « ئىككى روھ بىلەن ياشاشقا چىدىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن تەسلىم بولۇۋاتىمەن. سەنمۇ بەزىدە شۇنداق ھېس قىلامسەن: مەن بەزىدە ئۆزۈمنى ئىككى ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالىمەن.» «ياق!» دېدى نىلگۈن. « پەقەت ھېس قىلىپ باقمىدىم.» « مەن شۇنداق ھېس قىلىمەن،» دېدىم. « لېكىن مەن قارار قىلدىم، بۇندىن كېيىن ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ. بىر ئادەم بولۇپ ياشايمەن، بىر پۈتۈن، تولۇق، ساغلام بىر ئادەم. تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەن، ئىچى لىق تولدۇرۇلغان توڭلاتقۇلارنى، گېلەم ئىلانلىرىنى، ئىمتىھاندا قول كۆتۈرۈپ، مۇئەللىم ئىككىنچى سۇئالدىن باشلاپ جاۋاپ يازساق بولامدۇ؟ دەپ سورايدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمنى، گېزىتلەرنىڭ ژورنال سەھىپىلىرىنى، بىر-بىرلىرىنى سۆيۈشكەچ ھاراق ئىچىشكەن كۈيلارنى، ئاپتوبۇسلارنىڭ ئىچىگە ئېسىلغان دەرسخانا ۋە قىزا ئىلانلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. چۈشەندىڭمۇ؟» « ئاز-پاز» دېدى نىلگۈن كۆڭلى يېرىم ھالدا. « ئىچىڭنى سىققان بولسام ئەمدى كوتۇلداۋەرمەي.» « ياق، ئىچىم سىقىلمىدى.» « يامغۇر تازا ياغقىلى تۇردى-ھە؟» « ھەئە.» « مەن مەس بولۇپ قالدىم.» « بۇنچىلىك ئىچكەنگە مەس بولمايدۇ.» يېڭى شىشىلەردىن بىرىنى ئېلىپ ئاچتىم، شىشىدىنلا ئىچكەچ، « ھەممە نەرسىنى يۇقىرىدىن كۆرۈپ تۇرغىنىڭدا خىيالىڭغا نېمە كېلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدىم. « ھەممە نەرسىنى كۆرۈنمەيۋاتسا...» دېدى نىلگۈن خۇشال ھالدا. « كۆرەلىگەن بولساڭ؟ ساراڭلىقتا مەدھىيەدە مۇنداق بىر پارچىنى ئوقۇغان ئىدىم: بىرى

ئايغا چىقىپ، دۇنياغا قارىغان بولسا ۋە بارلىق ھەرىكەتلەرنى بىر ۋاقىتتىلا كۆرەلىگەن بولسا، نېمىلەرنى ئويلار بولغىيتتى؟» « بەلكىم قالايمىقان ئىكەنلىكىنى ئويلار بولغىيتتى.» « شۇنداق،» دېدىم ۋە تۇيۇقسىزلا ئەقلىمگە كەلدى:« بۇ ھەيۋەلايى تەسەۋۋۇر دا مۇشەۋۋەش گۆرۈنۈر...»① «كىمنىڭ بۇ؟» «نەدىمنىڭ!» دېدىم. «تەخمىسى غەزەلى نەشاتى. مۇنداقسىگە ئوقۇغان ئىدىم، ئېسىمدە قاپتۇ.» « يەنە ئازراق ئوقۇغىنە!» « مەندە تۈزۈك بىر نەرسە يوق. ئەس-ھوش يوق! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋلىيانىڭ كىتابىنى ئوقۇۋاتىمەن. نېمدەپ ئۇنىڭدەك ئەمەستۇرمىز سېنىڭچە؟» «قانداق؟» « بىر كىشىلىك روھى بار ئۇ گۇيىنىڭ، ئۆزى بولۇشنى قاملاشتۇرىدۇ. مەن بولالمايۋاتىمەن. سەنچۇ؟» « بىلمەيمەن،» دېدى نىلگۈن. «ئاھ،» دېدىم. « نېمە دېگەن ئېھتىياتچان سەن! كىتابلارنىڭ سىرتىغا بىر قەدەم ئېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىسەن. ئاپىرىن، راست، بۇنىڭغا ئىشەن! ئۇلارمۇ ئىشىنەتتى، ئىشىنىدۇ...لېكىن بىر كۈنى ئىشىنەلمەي قېلىشىدۇ. قارا، زاۋۇتمۇ يامغۇردا قېلىشقا باشلىدى. بۇ دۇنيا نېمە دېگەن غەلىتە جاي!» « نېمىشقا؟» « ۋايتاڭ... ئىچىگىنى پۇشۇرۇپ قويىدۇمۇ؟» «ياقەي!» « رەجەپنىمۇ ئېلىۋالغان بولساقچۇ.» « كەلمىدى.» « شۇنداق، ئۇ خىجىل بولىدۇ.» « رەجەپنى بەك ياخشى كۆرىمەن،» دېدى نىلگۈن. «چوپس!» «نېمە؟» «دېكىنسوننىڭ رومانىدىكى بىر مەككار پاپا...» « ئاكا، سەن بەك تاش يۈرەكسەن.» « تۈنۈگۈن مەندىن ئۈسكۈدار تارىخىغا ئالاقىدار بىر سوئال سورايدىغاندەك قىلغانىدى!» « نېمە سوئالكەن؟» « سورىمىدى! ئۇ، ئۈسكۈدار، دېۋىدى ئېسىمگە ئەۋلىيا چەلەبى كەلدى: بۇ ئۈسكۈدار، «ئەسكى دار» دىن گالات ئۈستى ئوچۇق زىندانى داردۇر، دېدىم مەن.» « ئۇ نېمە دېدى؟» «ئەسكى دارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن چېغى، خىجىل بولۇپ ئۆنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى چوپسنىڭ! لېكىن كېيىن قارىغىنە، ماڭا نېمىنى كۆرسەتتى! «بەك باغرى تاش ئادەمسەن!» « بوۋىمىز يازغان بىر تىزىملىكنى !» «بوۋىمىزنىڭمۇ؟» «بىزدە، يەنى تۈركىيەدە ھەددىدىن زىيادە جىق بولغان ۋە ھەددىدىن زىيادە ئاز بولغان نەرسىلەر.» قولۇمنى ئۇزۇتۇپ دەپتىرىمنىڭ ئىچىدىن ئالدىم! « نەدىن چىقتى ئۇ قەغەز؟» « رەجەپ بەردى دېدىمغۇ!» دېدىم ۋە ئوقۇدۇم. « بىلىم، شىلەپە، رەسىم، تىجارەت، سۇ ئاستى كېمىسى... «نېمە؟» «بۇلار بىزدە كەم نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكى...» « رەجەپنىڭ جىيەنى ھەسەن بارغۇ!» «يوق!» «ئۇ ھەسەن ماڭا ئەگىشىپلا يۈرىدۇ.» «تىزىملىكنى ئوقۇيمۇ؟» « كەينىمدىلا يۈرىدۇ دەۋاتىمەن.» «نېمىدەپ كەينىڭگە كىرىۋالغۇدەك؟.. سۇ ئاستى كېمىسى، بۇرژۇئازىيە، رەسىم سەنئىتى، نەملىك، شاھمات، ھايۋاناتلار باغچىسى.» « مەنمۇ چۈشەنمەيلا قالدىم...» « سەن ئۆيدىلا ئولتۇرىدىغان تۇرساڭ، قانداق كەينىڭگە كىرىۋالىدۇ... فابرىكا، پروفېسسور، تۈزۈم. كۈلكىلىك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» « كۈلكىلىك!» «ياق. ئېچىنىشلىق!» «ئىشقىلىپ ساھىلدىن ھەر قايتىشىمدا بۇ ھەسەن

پېشىمدە بارلا بار.» «بەلكىم سەن بىلەن دوست بولغۇسى باردۇر.» « ھەئە، شۇنداق دېدى!» «كۆردۈڭمۇ؟ قۇلاق سال ھە ئۇنداق بولسا. بىۋۋىمىز بىزدىن تا قانچە يىل بۇرۇن كەم نەرسىلىرىمىزنى ئويلاپ تېپىپ چىققان ئىكەن، قارا. «ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىكەن لېكىن!» « قايسىسى؟ ھايۋاناتلار باغچىسى، فابرىكا، پروفېسسور، مېنىڭچە بىزدە ھازىر يېتەرلىك پروفېسسورلار بار، ئاندىن تۆزۈم، ماتېماتىكا، كىتاب، پرىنسىپ، ئاندىن پىيادىلەر يولى، باشقا بىر قەلەم بىلەن ئۆلۈم قورقۇنچى ۋە يوقلۇق ئېڭى، دەپ يېزىپتۇ، ئاندىن كونسېرۋا، ھۆررىيەت،...» « بولدى بەس ئاكا!» «ئۇندىن باشقا، پۇقراۋى جەمىيەتنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك. بەلكىم ساڭا ئاشقىتۇر.» «بەلكىم.» « بىزدە ھەددىدىن زىيادە جىق بولغان نەرسىلەر بولسا بۇلاركەن: ئادەم، دېھقان، مەمۇر، مۇسۇلمان، ئەسكەر، ئايال، بالا...» « بۇلار ماڭا كۆلكىلىك تۇيۇلمىدى.» «...قەھۋە، ئىلتىماس، ھورۇنلۇق، مۇغەمبەرلىك، پارىخورلۇق، غەپلەت، قورقۇنچ، ھامال...» « بۇ ئادەم دېموكراتىكمۇ ئەمەسكەن.» «...مۇنار، خوشە، مۈشۈك، ئىت، مېھمان، ئەل-ئاغىنە، قۇرۇق ياغاچ، قەسەم، ئۇلان①، تىلەمچى...» « بولدى يېتەر ئەمدى!» «...سامساق، پىياز، چاكار، ھۆنەرۋەن...بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوشۇقچىمىش...» « بولدى قىل!» «...بوتكا، ئىمام...» « يانپىشىڭغا ئۇرۇپلا تېپىۋاتىسەن بۇلارنى!» « ياق، ئال، قاراپ باق.» « كونا يېزىقكەن بۇ.» « رەجەپ كۆرسەتتى بۆگۈن، ئوقۇپ باق دېدى، بوۋىمىز بېرىپتىكەن ئۇنىڭغا.» « نېمە ئۈچۈن بېرىپتىكەن؟» «بىلمىدىم.» « يامغۇرغا قارا! ئايروپىلانىنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ بۇ؟» « شۇنداق!» «مۇشۇنداق ھاۋادا!» « ئايروپىلان دېگەن ئاجايىپ بىر نەرسە جۇمۇ!» «شۇنداق!» « ھازىر بىزمۇ ئىچىدە بولغان بولساق.» «ئاكا، ئىچىم پۇشتى، قايتايلى ئەمدى.» « چۈشۈپ كېتەرمىش!» «قايتايلى!» «چۈشۈپ كېتەرمىش، ئۆلۈپ كېتەر بولغىيدۇق، ئۇ دۇنيا بارمىش.» « ئاكا، ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، دەيمەن.» « بارمىش، مەندىن ھېساپ-كىتاپ سورايدىكەن. مەجبۇرىيىتىڭنى نېمىشقا ئادا قىلمىدىڭ؟ مەجبۇرىيىتىمىز نېمە ئىدى؟ ئاددى: ئىنسانلارغا ئۈمىت ئاتا قىلىش.» « توغرا!» «شۇنداق، سىڭلىممۇ سەممىگە سالغاندى بۇ مەجبۇرىيىتىمنى. لېكىن مەن ئۆزۈمنى تاشلىۋەتكەن ئىدىم.» «ياق، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتكەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتاتتىڭ.» « شۇنداق قىلىۋاتاتتىم، چۈنكى زېرىككەن ئىدىم.» «ئاكا، بولمىسا ماشىنىنى مەن ھەيدەي.» «ھەيدەشنى بىلەمسەن؟» « ئۆتكەن يىلى بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويغانتىڭغۇ...» «ئۆتكەن يىلى مەن بارمىتىم؟» «رەجەپ ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ھەقىچان.» «چوپىس. ئۇمۇ ماڭا غەلىتە بىر خىل قارايدۇ.» « بولدى قىل، ئاكا.» « خوتۇنۇممۇ ھەممىشە شۇنداق دەيتتى: بولدى قىل فارۇق!» « بۇنچىلىك مەست بولۇپ كېتىشىڭگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.» « توغرا دەيسەن، ئىشەنگۈدەك ھېچبىر نەرسە يوق. قەبرىستانغا بارايلى.» « ئاكا، قايتىپ كېتەيلى، يول پاتقاق

بولۇپ كەتتى.» « بۇ يەردە پاتقاقنىڭ ئىچىدە يىللاپ قالغۇدەكمىز.» « مەن چۈشۈپ قالاي.» « نېمە؟» «چۈشۈپ قېلىپ مېڭىپ قايتىپ كېتىمەن.» « ساراڭلىق قىلما!» « ئۇنداق بولسا قايتايلى.» « مەن توغرۇلۇق نېمە ئويلايدىغانلىقىڭنى دەپ بەر.» « سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئاكا.» «يەنىچۇ؟» «بۇنداق جىق ئىچمىسكەن دېيمەن.» « يەنىچۇ؟» « نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىڭ؟» « بۇنداق دەپ نېمە دېمەكچىسەن؟» «ئۆيگە قايتايلى دېيمەن!» « مەن سېنى خۇشال قىلالمىدىم، شۇنداقمۇ؟ توختا، سېنى بىر خۇش قىلىۋېتەي! دەپتىرىم نەدە؟ بەر! قاراپ تۇر ـ هە: قاسساپ خەلىلنىڭ 21 ئاقچىلىك كالا گۆشى تارتىلدى ۋە 120 دىرهەم ئاز چىقتى. چىسلا 1023 ـ يىلى زۇلهەججە ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى. بۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟» «مەنىسى ئېنىقلايىن ئېنىق.» « خىزمەتكار ئەيسا، خوجايىنى ئەھمەتنىڭ 30مىڭ ئاقچىسىنى، بىر ئىگىرىنى، بىر ئېتىنى، ئىككى قىلىچىنى، بىر قالقىنىنى ئېلىپ رامازان ئىسىملىك بىرىدىن پاناھ تىلىدى. « قىزىق ئىش بوپتۇ!» «قىزىقمۇ؟ نېمىسى قىزىق؟» «مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قايتىمەن.» «مەن بىلەن تۇرغۇڭ بارمۇ؟» «نېمە؟» « بۇ يەردە، ماشىنىدا، دەۋاتقىنىم يوق، چاقچاق قىلمىدىم، قۇلاق سال: ئىستانبۇلدا هاممىلىرىڭ بىلەن بىللە تۇرغىچە مەن بىلەن تۇر نىلگۈن. يوغان بىر بىكار هوجرا بار ئۆيۈمدە، مەن بەك يالغۇز قالدىم.» ئارىنى جىمجىتلىق باستى. « بۇنى ئويلاپ باقماپتىمەن،» دېدى نىلگۈن. «قانداق؟» «هاممامىلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرارمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم.» «بوپتۇ» دېدىم تۇيۇقسىزلا. «قايتايلى.» ماشىنىنى ئوت ئالدۇردۇم، ئەينەك سۈرتكۈچلەرنى ماڭدۇردۇم.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

تۈنۈگۈن كېچە بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆيىنغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى، بۈگۈن كېچە يەنە شۇنداق قىلغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرانلارنىڭكىدە ئولتۇراتتۇق.

ــ شاكىلات يېگۈسى كەلگەنلەر بارمۇ؟ــ دەپ سورىدى تۇرگاي.

ــمەن يەيمەن،ــ دېدى زېينەپ.

ــ شاكىلاتمىش!ــ دېدى گۈلنۇر. يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدىم! غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى،ــ بۈگۈن ھەممىڭلار نېمىدەپ بۇنداق بولۇپ قالدىڭلار؟ بىلمەن ئەسلىدە: لايىغەزەل بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن! كۆڭۈل ئاچقىلى بولمايدۇ بۇ يەردە.

ھەسرەتلىك بولىشى كېرەك بولغان ئېغىر رىتىمدىكى مۇزىكىنىڭ ۋە رەڭگارەڭ چىراقلارنىڭ ئىچىدە غەزەپ بىلەن ئايلانغان ھالدا قەيەرلەرگىدۇر غايىپ بولدى.

زېينەپنىڭ ئاغزى شاكىلات بىلەن تولغانىدى. «سارالىڭ بوپتۇ!» قاقاھلاپ كۈلدى.

ــ ياق، دېدى فۇنداــ مېنىڭمۇ ئىچىم سىقىلدى.

ــ يامغۇرنىڭ تەسىرى!

ــ بۇ يامغۇردا ماشىنا بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كەزسەك بەك پەيزى بولاتتى! ماشائىيلى باللار!

ــ تۈزۈكرەك باشقا بىر مۇزىكا قويۇڭلار ھېچبولمىسا!ــ دېدى فۇنداــ سەن كونا بىر پلاستىنكا بار دېۋىدىڭ، ئېلۋىس پرېسلېينىڭ...

ــBest of Elvis مۇ؟ــ دېدى جەيلان.

ــ شۇنداق، ئۇنى ئېلىپ كىلە، ئاڭلايلى.

ــ مۇشۇ يامغۇردا؟

ــ مەندە ماشىنا بار جەيلان!ــ دېدىم بىردىنلا،ــ مەن ئاپىراي!

ــ بولدىلا...

ــ بېرىپ ئەكىلە جەيلان، پەيزى قىلىپ تىڭشايمىز!

ــ بولە، قوپە قىزچاق، بېرىپ ئەكىلەيلى شۇ پلاستىنكىنى،ــ دېدىم مەن.

ــ ماقۇل قىزچاق!ــ دېدى جەيلان كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ بىز جەيلان بىلەن ئىككىمىز، ھەسرەتلىك ۋە تايىنى يوق مۇزىكا ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا زەھەرلىنىپ لەقۋالىشىپ كېتىۋاتقان بەختسىزلەرنى كەينىمىزدە قالدۇرۇپ ئۆيدىن چىقتۇق ۋە يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ئاكامنىڭ كونا «ئانادول» ماركىلىق ماشىنىسىغا چىقتۇق. يوپيورۇماقلاردىن تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنى، ماشىنىنىڭ كونا ۋە بىچارە چىراقلىرى يورۇتۇپ تۇرغان تېيىلغاق يولنى، قاراڭغۇلۇقنى ۋە غىچىرلىغىنىچە يۇقىرى تۆۋەن سىرىلىۋاتقان ئەينەك سۈرتكۈچنى تاماشا قىلغاچ بىرلىكتە يۈرۈپ كەتتۇق. جەيلانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ماشىنىنى توختاتتىم. ماشىنىدىن چۈشكەن جەيلاننىڭ كاۋا چېچىكى رەڭگىدىكى يوپكىسىنى، ماشىنا چىراقلىرىنىڭ يورۇقىدا پارقىراتقىنىچە يۈگۈرۈشكە قاراپ قالدىم. ئاندىن ئۆيدە چىراقلار يانغاندا، جەيلاننىڭ ئۆيدىن ئۆيگە ئۆتۈشىنى ۋە ئۇ يەردە نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمدا جانلاندۇرۇشقا تىرىشتىم. ئاندىن مۇنداق ئويلىدىم: مۇھەببەت دېگەن ئەجەپ بىر ئىشكەن! ھازىرقى زاماندا پەقەتلا ياشىيالمايۋاتقاندەك قىلاتتىم! بىر تەرەپتىن، زىرىكمەي ـ تىرىكمەي كەلگۈسىدە نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلايمەن، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرىدىن بىر مەنە چىقىرىش ئۈچۈن بولۇپ ئۆتكەنلەرنى يېڭىباشتىن تەكرار ـ تەكرار ئەسلەپ ئۆتمۈشتە ياشاۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ، ئۇ پەسكەش گۈيلارنىڭ مۇھەببەت دەپ كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان ئاشۇ نەرسە ئىكەنلىكىگە ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتىم. لېكىن شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ! ياستۇقنىڭ سالقىن تەرىپىنى ئىزدەپ، قىززىپ كەتكەن مېڭەم ۋە خىياللىرىمنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئاۋارە بولىدىغان ئۇيقۇسىز كېچىلەر ئاياغلاشسىلا بولغىنى! ھايالشىماي، جەيلان، قولىدا پلاستىنكا، يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ ماشىنىغا چىقتى.

ــ ئانام بىلەن تاكاللىشىپ قالدۇق!ــ دېدى،ــ بۇ چاغ بولغاندا نەگە بارغۇدەكمىشمەن!

بىردەم جىمىپ قالدۇق. تۇرانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ماشىنىنى توختاتمايلا ئۆتۈپ كەتتىم. جەيلان جىددىيلىشىپ سورىدى: نەگە؟

ــ پىغانىم ئۆرلەپ كەتتى ئۇ يەردە!ــ دېدىم گۇناھكارلارچە،ــ قايتىپ بارغۇم يوق ئۇ يەرگە! بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى، بولامدۇ جەيلان، بەك ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، ھاۋا يېگەچ بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى!

ــ ماقۇل، لېكىن تېزرەك قايتايلى، بىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

ئۆلەندىمدىم. يان كوچىلاردىن ئاۋايلاپ ۋە خۇشال ھالدا ئاستا ھەيدەپ ماڭدىم.

كىچىك ئۆيلەرنىڭ، كىچىك بالكونلىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا ۋە دەرەخلەرگە قاراپ تۇرۇشقان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ گۈڭگا چىراقلىرىغا كۆزۈم چۈشۈشىدى، ئاھ، مەن نېمە دېگەن ھاماقەت، بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق بولالايدىغانلىقىمىزنى، تۇۋي

قىلالايدىغانلىقىمىزنى، ھەتتا بالا-چاقىلىرىمىزنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلدىم! كېيىن قايتىدىغان چاغ بولغاندا يەنە بىر قېتىم باللىق قىلدىم ۋە تۇرانلارنىڭكىگە قايتىشنىڭ ئورنىغا، ماشىنىنى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقاردىم ۋە تېز سۈرئەت بىلەن دۆڭ تەرەپكە قاراپ ھەيدەپ ماڭدىم.

- نېمە قىلىۋاتىسەن؟- دەپ سورىدى.

باشتا جاۋاپ بەرمىدىم ۋە ئېھتىياتچان ئاپتوموبىل مۇسابىقىچىسىدەك بېشىمنى يولدىن كۆتۈرمەستىن ھەيدەپ ماڭدىم. ئاندىن يالغانچىلىقىمنىڭ ئاشكارە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ماي قاچىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. ئۆزۈمنى بەك تېتىقسىزدەك ھېس قىلىپ كېتىۋاتاتتىم.

- ياق، قايتايلى،بولدى- دېدى- بىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

- سەن بىلەن بىردەم يالغۇز پاراڭلاشقۇم بار جەيلان.

- نېمە توغرۇلۇق؟- دېدى قوپال ھالدا.

- تۈنۈگۈنكى ئىشلار ھەققىدە نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

-ھېچنىمە! ئۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدۇ، ھەر ئىككىمىز مەست ئىدۇق.

- گېپىڭ شۇنچىلىكمۇ؟- دېدىم قايىل بولماي. مايغا كۆچەپ دەسسىدىم- دېيدىغىنىڭ مۇشۇنچىلىكمۇ؟

- بولدى مەتىن، قايتايلى، سەت تۇرىدۇ.

گەپ-سۆزلىرىمنىڭ تېتىقسىزلىقىدىن ۋە ئۆزۈمدىن يىرگىنىپ تۇرۇپ، ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە دېدىم- تۈنۈگۈن كېچىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن!

- شۇنداق، بەك كۆپ ئىچىۋالدىڭ، ئەمدى ئىككىنچى بۇنداق كۆپ ئىچمەسسەن!

- ياق، ياق، ئۇنىڭدىن ئەمەس!

- نېمىدىن ئۇنداق بولسا؟- دېدى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە پەرۋاسىز بىر قىياپەتتە.

شۇ چاغدا قولۇم، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قولىنى بىچارە ھالدا تۇتتى. كىچىككىنە كەلگەن قولى ئىسسىق ئىدى. قورققىنىمدەك، قولىنى تارتىۋالمىدى.

- ماقۇل دە، قايتايلى!- دېدى.

- سېنى ياخشى كۆرىمەن- دېدىم خىجىللىق ئىچىدە.

- قايتايلى!

تۇيۇقسىزلا يىغلىغۇم كەلگەندەك بولدى ۋە قولىنى تېخىمۇ چىڭ سىقتىم ۋە نېمىشقىكىن پەقەتلا ئېيسىمگە ئالالمايدىغان ئانامنى ئويلاپ قالدىم ۋە كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتمىسۇن دەپ قورقتۇم ۋە ئۇنى قۇچاقلاي دېۋىدىم، ۋارقىرىدى.

ـ دىققەت قىل!

بىر جۇپ، كۆچلۈك، رەھىمسىز چىراق نۇرى كۆزۈمگە چۈشتى، ئۇدۇل كېلىۋاتاتتى، شۇئان رولنى ئوڭغا ئۇردۇم. ئۇزۇن بىر يۈك ماشىنىسى يېقىمسىز ۋە چىرقىراق ئاۋازدا كانايى چالغىنىچە قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلەپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. جىددىيلەشكىنىمدىن تورمۇزغا دەسسىگەن چاغدا مۇقتاغا دەسسەشنى ئۇنتۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ماشىنا سىلكىنىپ توختىدى ۋە موتۇر ئۆچۈپ قالدى. پەقەت تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ـ قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟ـ دېدىم.

ـ بوله، چاپسان قايتايلى، كەچ قالدۇق!ـ دېدى.

ئاچقۇچنى تولغىدىم، لېكىن موتور ئوت ئالمىدى. ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم، يەنە تولغىدىم، لېكىن يەنە ئوت ئالمىدى. ماشىنىدىن چۈشتۈم، ئىتتىرىپ ئوت ئالدۇراي دېدىم، لېكىن يەنىلا ئوت ئالمىدى. ماشىنىنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكىچە تۈز يولدا ئىتتەردىم. ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ توكى تۈگەپ كەتمىسۇن دەپ چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، كونا «ئانادول»نى ئۇزۇن دۆڭدىن پەسكە تېز ۋە جىمجىت قويۇۋەتتىم.

چاقلار ھۆل ئاسفالت يولدا يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ تېز ئايلىنىشقا باشلىغاندا، ئوچۇق دېڭىزنىڭ كور قاراڭغۇلۇقىدا كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاش دۆڭدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدۇق. بىر قانچە قېتىم موتورنى ئوت ئالدۇراي دېدىم، لېكىن ئوت ئالمىدى. يىراقلاردا بىر يەردە چاقماق چېقىپ، ئاسمان ساپسېرىق يورۇغاندا تاملارغا خەت يېزىۋاتقانلارنى كۆردۇق. ئاندىن تورمۇزغا زادىلا دەسسىمىدىم، لېكىن دوقمۇشتىن قايرىلدۇق ۋە دۆڭدىن چۈشكەن سۈرئەت بىلەن تاكى پىيىز كۆۋرۈكىگىچە ۋە ئۇ يەردىن ئاستا-ئاستا ئەنقەرە يولىدىكى ماي قاچىلاش ئورنىغىچە چۈشتۇق، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق. ماي قاچىلاش ئورنىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشتۈم، ئىشخانىغا كىردىم. ئۈستەلگە يۆلەنگەن پېتى ئۇخلاپ قالغان مۇلازىمنى ئويغاتتىم، موتورنىڭ ئوت ئالمايۋاتقانلىقىنى، مۇقتانىڭمۇ بۇزۇلغانلىقىنى ئېيتتىم؛ «ئانادول»نى ئوڭشىيالايدىغان ئادەم بارمىدۇ دەپ سورىدىم.

ـ ئانادولچى شەرت ئەمەس،ـ دېدى مۇلازىم،ـ بىردەم توختاپ تۇر!

گاڭگىرىغان ھالدا تامدىكى نېفىت شىركىتىنىڭ ۋېۋىسكىسىغا قارىدىم: قولىغا ماي تۈگكى ئېلىۋالغان چىرايلىق مودېل ئايال جەيلانغا ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئوخشايتتى. لەۋۋادەك سالپىيىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا باردىم.

ـ سېنى ياخشى كۆرىمەن جەيلان!

غەزەپلەنگەن ھالدا تاماكا چېكىۋاتاتتى.

ـ كەچ قېلىۋاتىمىز!

ــ سېنى ياخشى كۆرىمەن دەۋاتىمەن.

بىر-بىرىمىزگە ئېپادىسىز قاراشقان بولساق كېرەك. ماشىنىدىن چۈشتۈم، خۇددى ئېسىمگە بىر ئىش كەلگەندەك تېز-تېز ماڭدىم ۋە ئۇ يەردىن قاچتىم. قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ يىراقتىن كۆزەتتىم. ئۈستىگە ئۆچۈپ، يېنىپ تۇرغان بىر نېئون لامپىسىنىڭ ئادەمنىڭ نىرۋىسىنى قوداڭشىتىدىغان يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى، تاماكا چېكىۋاتقان بىر كۆلەڭگە ئىدى، پۈتۈن ئوي-پىكرىمنى توڭلىتىۋەتكەندەك؛ قورقۇۋاتاتتىم، تەرلەۋاتاتتىم، تاماكىسىنىڭ قىزىل چوغىنىڭ پات-پات يېنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئۇ يەردە، ئۇنى كۆزەتكەچ ۋە ئۆزۈمنى مەككار ۋە پەسكەشتەك ھېس قىلغاچ يېرىم سائەتتەك تۇرغان بولسام كېرەك. كېيىن ئالدى تەرەپتىكى تېز تاماقخانىغا باردىم، تېلېفونزوردا ئىلانى ئەڭ كۆپ بېرىلگەن شاكىلاتلاردىن بىر تال ئالدىم، ماشىنىغا قايتىپ، يېنىدا ئولتۇردۇم.

ــ نەگە كەتتىڭ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ ــ دېدى ــ كەچ قالدۇق.

ــ ساڭا سوۋغا ئالدىم، قارا.

ــ ئورمان ياڭىقى قوشۇلغانكەن، پەقەتلا خوشۇم يوق بۇنداقلىرى بىلەن...

ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم ئېيتتىم، لېكىن گەپلىرىم تايىنى يوق بولۇپلا قالماستىن يەنە تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى؛ قۇپقۇرۇق ئىدى؛ يەنە بىر قېتىم سىناپ باقتىم، ئاندىن بېشىم قۇچىقىدا تۇرغان قولىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. قىمىرلاپ تۇرغان، غەزەپلىك قولىنى بىر قانچە قېتىم ئالدىراش-سالدىراش، خۇددى بىر نەرسىدىن قۇرۇق قېلىشتىن قورققاندەك سۆيدۈم ۋە يەنە شۇ ئوخشاش، تايىنى يوق گەپلەرنى تېز-تېز تەكرارلاۋېتىپ قولىنى ئالقىنىمغا ئالدىم، ئۈستىدىكى تۈزلۈق تەمىنىڭ تەر ياكى ياش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىغا مۇشۇنچىۋىلا دەرىجىدە چۆكۈپ كەتكەندەك قىلاتتىم گويا! يەنە بىردەم سۆيۈپ ئۇ مەنىسىز گەپلەرنى غۇدۇڭشىۋەتكەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن گەۋدەمنى توغرىلاپ بېشىمنى ساپ ھاۋاغا قاراتتىم.

ــ كۆرۈپ قالدۇ!ــ دەۋاتاتتى.

يەنە چىقتىم، كەتتىم، ماشىنىسىغا ماي قاچىلاۋاتقان گېرمانىيەدىن كەلگەن ئائىلىگە قارىدىم. يۈزۈم قان ئىدىشىدىن چىققاندەك ئىدى. ماي ناسوسلىرىنىڭ ئۈستىدىكى لامپىلار بۇزۇق بولسا كېرەك، لاپىلداپ تۇراتتى. ئادەم باي بولۇپمۇ تۇغۇلىدۇ، كەمبەغەل بولۇپمۇ، بۇ تەلەيگە باغلىق ئىش ۋە ئىنسانغا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تامغىسىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمدى رايىم قايتقان ئىدى، لېكىن پۈتلىرىم مېنى يەنە ئۇ يەرگە ئېلىپ باردى ۋە ماشىنىنىڭ ئىچىدە يەنە شۇ نەتىجىسىز ئەخمەقلىق باشلاندى.

ـ سېنى ياخشى كۆرىمەن!

ـ ۋاي ۋۇي مەتىن، ئۆتۈنۈپ قالاي قايتايلىچۇ!

ـ يەنە بىردەم ساقلايلى، جەيلان، ماقۇل دە!

ـ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرگەن بولساڭ، مېنى بۇ تاغ بېشىدا زورلاپ تۇتۇپ تۇرمىغان بولاتتىڭ!

ـ سېنى راستىنلا ياخشى كۆرىمەن!

ئاندىن دېگۈدەك باشقا سۆزلەرنى ئىزدىدىم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم پېتى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يارىغۇدەك سۆزلەرنى، لېكىن ئويلىغانسىرى چۈشىنىپ يېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم گويا: سۆزلەر ئۆستىمىزدىكى ياپقۇچلارنى ئاچمايدىكەن، بىزنى تېخىمۇ يوشۇرۇپ قويىدىكەن. ئىلاجسىزلىق ئىچىدە تىپىرلاپ تۇرغان چېغىمدا ئارقا ئورۇندۇقتا تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئېلىپ قارىدىم: بىر دەپتەر، مەست ئاكام ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. نېئون لامپىسىنىڭ يورۇقىدا قاراپ باقتىم، ئاندىن ئىچى سىقىلىشتىن ۋە غەزەپتىن يېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ جەيلانغا بەردىم، ئوقۇپ باق، دېدىم، لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئازراق ئوقۇپ باقتى، ئاندىن تۇيۇقسىزلا پىرقىرىتىپ ئارقا ئورۇندۇققا چۆرۈپ تاشلىدى تارىخ دەپتىرىنى. رېمونتچى بالا كەلگەن چاغدا ماشىنىنى يورۇقراق بىر يەرگە تارتتىم ۋە يوپيورۇق چىراقلارنىڭ نۇرىدا جەيلانىنىڭ ئىپادىسىزۋە رەھىمسىز يۈزىنى كۆردۈم.

خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن، رېمونتچى بالا بىلەن موتورنى كۆرۈپ چىققاندىن ۋە ئۇ كېرەكلىك بىر زاپچاسنى ئالغىلى كەتكەندىن كېيىن يەنە قايتىپ قارىغىنىمدا جەيلانىنىڭ يۈزىدە يەنە شۇ رەھىمسىز ۋە پەرۋاسىز ئىپادىنى كۆردۈم. ئۆزۈمنى ۋە ئۇنى جازالاش ئۈچۈن غەلىتە بىر خىل ئازاپ چېكىش ئىستىكى بىلەن ئويلىدىم: دېمەك، ئائىلە ئايالى دەپ ئاتىلىدىغان بىچارە مەخلۇقنىڭ ياشلىقى مۇشۇنداق بولىدىكەن! لېكىن، ئاللاھ قەھر قىلسۇن: ياخشى كۆرىمەن مەن ئۇنى! بۇزۇق «ئانادول»دىن بىر ئاز يىراقلاشتىم، يېڭىباشتىن يېغىشقا باشلىغان يامغۇردا تۇرۇپ، خىيالىمدىن مۇھەببەت توغرۇلۇق قالايمىقان ئوي-پىكىرلەرنى ئۆتكۈزدۈم، بۇ بالا-قازا ۋە بەرباتلىق تۇيغۇسىنى ئۇلۇغلىغانلىقلىرى ئۈچۈن شائىر ۋە ناخشىچىلارغا لەنەت ئوقۇدۇم. لېكىن كېيىن، بۇ خىل تۇيغۇدىمۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ياخشى كۆرگۈسى كېلىدىغان بىر تەرەپنىڭمۇ بارلىقىنى سېزىپ يېرگەندىم: گويا، كېيىن قانداق بولار، دەپ ئەنسىرىگەنلىكىم ئۈچۈن يېقىن بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆلۈمىنى، ياكى پەقەت ۋە پەقەت تاماشا قىلىش ئۈچۈنلا، بىر ئۆيىنىڭ كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىشىنى خۇيىيانە ھالدا ئىستىمەكتە ئىدىم ۋە بۇ ئازغۇن ئىستەكلەردىنمۇ ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلىۋاتاتتىم. بەرباتلىق تۇرىغۇسىغا ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ چۇڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم.

جەيلانىنىڭ غەزەپلىك ۋە ئەيىپلىگۈچى قاراشلىرىغا چىدىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئاۋۋال ماشىنىدىن يىراقلاشتىم، ئاندىن رېمونتچى بالا بىلەن بىرلىكتە ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىردىم. ئۇ يەردە، شاگىرت بىلەن بىللە، كونا ماشىنا يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتقان مەينەت، ياغ يۇقى قاراڭغۇلۇقتا سوزۇلۇپ ياتقىنىمدا جەيلانىنىڭ مەندىن 50 سانتىمېتىر يۇقىرىدا ۋە تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. خېلى بىر ھازادىن كېيىن، ماشىنا سىلكىندى ۋە ياتقان يېرىمدە تۇرۇپ ماشىنىدىن چۈشكەن جەيلانىنىڭ سۆيۈملۈك پۇتلىرىنى ۋە گۈزەل ئۇزۇن پاچاقلىرىنى يېنىمدىلا كۆردۈم. ئېگىز پاشنىلىق قىزىل ئاياغلىرى بىرئاز ئوڭ ـ سولغا مىدىرلىدى، ئاچچىقى كېلىپ تاقەتسىزلەندى، كېيىن غەزەپ ۋە قەتئىي نىيەت بىلەن بىر يەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كاۋا چېچەكلىك رەڭگىدىكى يوپكىسى ۋە ئۇستىخانلىق گەۋدىسى كۆرۈش دائىرەمگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشخانىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇ ھامان ئېسىمگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ماشىنىنىڭ ئاستىدىن ئالدىراش ـ تېنەش سۈرۈلۈپ، سۈرۈلۈپ چىقتىم ۋە شاگىرت بالىغا « چاققان ئوڭشا بۇنى!» دەپ ۋارقىرىدىم ۋە چاپتىم. ئىشخانىغا كىرگىنىمدە، ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مۇلازىممۇ جەيلانغا قاراپ تۇراتتى.

«توختاپ تۇر جەيلان!» دەپ تۋۋلىدىم. «مەن تېلېفون قىلاي!» «ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىمۇ؟» دېدى جەيلان. « بەك كەچ قالدۇق. ئەنسىرەپ كەتكەندۇ ھەقچان، كىم بىلىدۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىشتى...سائەت ئىككى بولدى...» يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە كوتۇلداۋاتاتتى، ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، ماي قاچىلاش ئۈچۈن بىر ماشىنا كەلدى ۋە مۇلازىم چىقىپ كەتتى، مەنمۇ خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدىم ۋە تېلېفون دەپتىرىنى ئېچىپ شۇ ھامان تۇرانلارنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتىم. مەن نومۇرلارنى بېسىۋاتقان چاغدا، « بەك بىپەرۋا ئىكەنسەن!» دەۋاتاتتى جەيلان. « سېنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن!» مەنمۇ، ئۇنىڭغا يەنە، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە ھېچنېمىنى ئويلىماستىن، ئىشەنچ ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە، « سەن بىلەن توي قىلغۇم بار!» دەپ قوشۇپ قويدۇم، لېكىن گەپلەر ھېچنېمىگە كار قىلمايۋاتاتتى: جەيلان ۋېۋىسكا تاختىسىدىكى ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئايالنىڭ يېنىدا تۇرغىنىچە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى؛ ئەلۋەتتە ماڭا ئەمەس قولۇمدىكى تېلېفونغا.

مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى نەپرەت ياكى ئېلاندىكى ئايال بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى سېھىرلىك ئوخشاشلىقنىڭ قايسىسىدىن قورققانلىقىمنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم. لېكىن قورقۇنچلۇق پالاكەتكە تەييارلىنىپ بولغان ئىدىم. بىردەمدىن كېيىن، تېلېفون ئۇلاندى ۋە ئاللاھ قەھر قىلسۇن، فىكرەتنىڭ ئاۋازىنى شۇئان تونۇدۇم. « بۇ سەنمۇ؟» دېدىم. «بىزدىن ئەنسىرىمەڭلار دەپ تېلېفون قىلغان ئىدۇق!» بىر تەرەپتىن تۇرانلارنىڭكىدە شۇنچە كۆپ ئادەم تۇرۇپ، تېلېفوننى نېمىشقا ئۇنىڭ ئالغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتىم. « سىلەر كىم؟» دېدى فىكرەت

بىردىنلا. « مەن، جېنىم: مەتىن!» « سەن ئىكەنلىكىڭنى بىلدۇق، يېنىڭدىكى كىم؟» «جەيلان!» دېدىم ھودۇقۇش ئىچىدە. شۇ ئارىدا ئىككىسىنىڭ بىر بولۇپ مېنى مازاق قىلىشاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنىمۇ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم، لېكىن جەيلاننىڭ يۈزى ئىپادىسىز ئىدى: پەقەت تۇرۇپ-تۇرۇپ، « تېلېفوننى كىم ئالدى؟» دەپ سوراپ تۇراتتى. « مەن تېخى سېنى جەيلاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى دەپ يۈرۈپتىمەن!» دېدى فىكرەت، «ياق» دېدىم. «ئىككىمىز بىللە، ماي قاچىلاش ئورنىدا. ئەنسىرىمەڭلار دېمەكچىدۇق. ماقۇل، خۇداغا ئامانەت!» « كىم ئۇ، كىم بىلەن سۆزلەشتىڭ؟» دەپ سورىدى جەيلان. « ماڭا بېرە تېلېفوننى!» لېكىن مەن بەرگىلى ئۇنىماي، فىكرەتنىڭ غەلىتە سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىۋاتاتتىم: « سىلەر ماي قاچىلاش ئورنىدا نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» « ماشىنىدىن كىچىككىنە بىر چاتاق چىقىپ قالغان،» دېدىم ۋە ھاپىلا-شاپىلا قوشۇپ قويدۇم: « ھازىرلا كېلىمىز، خۇداغا ئامانەت!» لېكىن جەيلان ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ۋارقىرىدى. « توختا، توختا، قويۇۋەتمىسۇن، كىم ئۇ؟» قويۇۋېتەي دەپ تۇراتتىم، فىكرەت سوغۇق ۋە چىرقىراق ئاۋازدا سورىدى. « جەيلاننىڭ ماڭا گېپى باردەك قىلامدۇ نېمە؟» تېلېفوننى قويۇۋەتكۈدەك جاسارىتىم يوق ئىدى، گاڭگىراپ قالدىم، تۇرۇپكىنى جەيلانغا بەردىم ۋە بەرباتلىق ۋە خورلۇق تۇيغۇسى ئىچىدە ئىشخانىدىن تالاغا ــ قاراڭغۇلۇق ۋە يامغۇرنىڭ ئىچىگە چىقىپ كەتتىم.

بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم، يوپيورۇق ئۆيگە، پوكەي، ئېلان ۋە ماي تۇڭلىرى ئارىسىدا چاچلىرىنى ئويىنىغاچ تېلېفوندا پاراڭلىشىۋاتقان جەيلانغا قارىدىم ۋە ئامىرىكىغا بارغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، لېكىن ئەمدى ئامىرىكىغا كەتكۈم كەلمەيۋاتاتتى. جەيلان بەدەن ئېغىرلىقىنى چىرايلىق پاچاقلىرىنىڭ بىرىدىن يەنە بىرىگە يۆتكەپ، غەزەپلەنگەن ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا ئەلەم بىلەن غودۇڭشىدىم: مەن تونۇغان، ئۆمرۈمدە كۆرگەن قىزلارنىڭ ھەممىسىدىن گۈزەل! ئۇ يەردە، يامغۇردا، مەن ئۈچۈن قارار قىلىنغان بىر جازانى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چارىسىزلىك ۋە ھۇزۇر ئىچىدە تەييارلىنىۋاتقاندەك ئۆرە تۇرۇپ ساقلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن، جەيلان تېلېفوننى قويدى، خۇشال ھالدا سىرتقا چىقتى.

ــ فىكرەت ھازىرلا كېلىدىغان بولدى!

ــ ياق! سېنى مەن ياخشى كۆرىمەن!

يۈگۈرگەن پېتى ماشىنىنىڭ يېنىغا باردىم، شاگىرتقا قاراپ ۋارقىراپ، جارقىرىدىم، ماشىنىنى دەرھال ئوت ئالدۇرسا يانچۇقۇمدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ــ ئوت ئالدۇرىمەن!ــ دېدى شاگىرت ــ لېكىن بۇ مۇقتا سېنى يەنە يېرىم يولدا تاشلاپ قويىدۇ.

ـ ياق ئۇنداق بولمايدۇ! دەرھال ئوت ئالدۇر شۇنى!

بىردەم ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئاچقۇچنى تولغاپ بېقىشىمنى ئېيتتى. ھاياجان بىلەن ماشىنىغا چىقتىم، تولغىدىم، لېكىن ئوت ئالمىدى. يەنە بىردەم ھەپىلەشكەندىن كېيىن شاگىرت يەنە سىناپ بېقىشىمنى ئېيتتى، يەنە ئوت ئالمىدى. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغان بولسام كېرەك.

ـ جەيلان، جەيلان، مېنى تاشلاپ كەتمە، تاشلاپ كەتمە، ئۆتۈنۈپ قالاي!

ـ سېنىڭ كاللاڭ تازا جايىدا ئەمەس ـ دېدى جەيلان.

بىردەمدىن كېيىن فىكرەت «ئالفا رومېئو» ماركىلىق ماشىنىسى بىلەن ماي قاچىلاش ئورنىغا كېلىۋېدى ئۆزۈمنى ئوڭشاپ ماشىنىدىن چۈشتۈم.

ـ دەرھال بۇ يەردىن كېتەيلى فىكرەت ـ دېدى جەيلان.

ـ بۇ «ئانادول»نىڭ قەيىرى بۇزۇلۇپ قالدى؟ ـ دېدى فىكرەت.

ـ ھازىرلا ئوڭشىلىدۇ ـ دېدىم ـ ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن جەننەتھىسارغا بېرىپ بولمەن جەيلان، خالىساڭ بەسلىشەيلى!

ـ بولىدۇ ـ دېدى فىكرەت جەڭ ئېلان قىلغاندەك قىلىپ ـ بەسلىشەيلى.

جەيلان بېرىپ فىكرەتنىڭ «ئالفا رومېئو»سىغا چىقتى. مايغا دەسسىدىم ۋە خۇداغا شۈكرى موتۇر ئوت ئالدى. شاگىرتقا ئاۋۋال 1000لىرا، ئاندىن يەنە بىرنى بەردىم. ئاندىن مۇسابىقىلىشىش ئۈچۈن ماشىنىلىرىمىزنى يانمۇ-يان توختاتتۇق:

ـ دىققەت قىل فىكرەت ـ دېدى جەيلان ـ مەتىنىنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس.

ـ تۇرانلارنىڭكىگىچە! بىر، ئىككى... ـ دەپ ساندى فىكرەت.

ۋە ئۈچ دېيىشى بىلەن تەڭ ماشىنىلىرىمىز گۈركىرىگىنىچە ئوقتەك ئېتىلدى، قېنى كۆرىمىز، مانا ئەمىسە، مايغا قۇلاقىچە دەسسىدىم، لېكىن ئۇ مەندىن بۇرۇن قوزغالغانلىقى ئۈچۈن ئالدىغا كىرىۋالغانىدى، بۇمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولدى، چۈنكى توختىماي لاباغا بېسىپ، ۋە چوڭ چىراقنى گەجگىسىگە توغرىلاپ يانىدۇرۇپ، بۇ قوتۇر «ئانادول» بىلەن بولسىمۇ تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىمەن؛ سېنى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن-دە! كۆۋرۈكتىن ئۆتكىچە تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلاشتىم ۋە دۆڭنىڭ بېشىدىكى ئەگىلمىگە كەلگەن چېغىمدا سۈرئەتنى ئاستىلىتىشنىڭ ئورنىغا مايغا تېخىمۇ كۈچەپ دەسسىدىم، چۈنكى، بۇ بەلكىم قاملاشمىغان ۋە كۆلكىلىك بىر خىيال، لېكىن سەندەك بىر قىزغا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ تەۋەككۈل قىلىشىم كېرەككىلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم، لېكىن شۇ تەلەيسىزلىكنى نېمە دەي، سەن ئۇ قورقۇنچاق گۈيىنىڭ ماشىنىسىدا، قايرىلىدىغان چاغدا،

تـوخۇ يۇرەك گـۇي، قارا جەيلان، تـورمۇزغا دەسسـدى، قىزىل چىراقلىرى ياندى، مەن يانـداي دېگەندە بولسا يول بەرمەي قويدى، چۈشەندىڭمۇ، ۋاي خۇدايىم، مەنمۇ ئۇچىغا چىققـان بىـر بىچارە، دەپ تۇراتتىم، تۇيۇقسىزلا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم: ئاۋۋال ئاستا خوتقا سالدى ۋە مايغا دەسسىۋىدى «ئالفا رومېئو»، شۇنداق ئىشەنگۈسىز بىـر سۈرئەتتە دۆڭـگە يامىششقا باشلىدى، بارغانسىرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان قىزىل چىراقلار، مانا ئىككى مىنۇتتىلا كۆزدىن غايىپ بولدى! ۋاي خۇدايىم! ماينى قۇلاقىچە دەسسەۋاتىمەن، لېكىن ھەيدەۋاتقىنىم ئەبجەق بىر ماشىنا بولغىنى ئۈچۈن، دۆڭگە تېز چىقىپ كېتىۋاتقان ئات ھارۋىسىغا ئوخشاش كاتاڭلاردا سىلكىنىپ، ئىنجىقلاپ، ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن، ئۇزۇن ئۆتمەي سەت ئاۋاز چىقىرىپ غۇڭۇلداشقا باشلىدى ۋە كەينىدىنلا چاقلار موتۇرغا بويسۇنماس بولدى، لەنەتتەككۈر مۇفتانىڭ سەۋەبىدىن موتۇر كۆيۈپ كەتمىسۇن دەپ ئوتنى ئۆچۈرىشىمگە يەنە يولدا قالدىم، شۇنىڭ بىلەن، زۇۋانىم ئۆچۈپ، دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا سالپىيىپ يەككە-يىگانە ھالدا قالدىم، ئەتراپتا يەنە شۇ لەنەتتەككۈر تومۇزغىلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

بىر قانچە قېتىم موتۇرنى ئوت ئوت ئالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسىنىڭ، ماشىنىنى دۆڭنىڭ ئۈستىگىچە ۋە ئۇ يەردىكى تۈز يولنىڭ نېرىسىغىچە ئىتتىرىپ بېرىپ، ئاندىن تاكى جەننەتھسارغىچە دۆڭدىن پەسكە قويۇۋېتىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللىغىنىمچە ئىتتىرىشكە باشلىغان چېغىمدا يامغۇر توختىغانىدى. بىردەمدىلا چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە قالدىم، بېلىمنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ يەنە بىردەم ئىتتىرىپ باقتىم. يامغۇر يەنە يېغىشقا باشلىغاندا بېلىمنىڭ ئاغرىقى چىدىغۇسىز ھالغا كەلگەنىدى. قول تورمۇزىنى تارتتىم، ماشىنىنى غەزەپ بىلەن تەپتىم. كېيىن دۆڭگە چىقىۋاتقان بىر ماشىنىغا ئۈمىد بىلەن قول پۇلاڭلاتتىم، لېكىن لاباسىنى يۇقىرى ئاۋازدا باسقان ھالدا ئۆتۈپ كەتتى. يىراقلاردا بىر يەردە ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ماشىنىنى يېڭىباشتىن ئىتتىرىشكە باشلىدىم. بېلىم ئاغرىپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپ ئاغرىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن نەپرەت بىلەن ئۇلارنى ئويلاۋاتاتتىم.

كېيىن، شۇنچىۋىلا جاپا چېكىپ ئازراقلا يەرگە ئىتتىرىپ بارغانلىقىمنى كۆرۈپ بېشىم قېيىپ كەتتى، يولنى بويلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم، يامغۇر كۈچىيىۋاتاتتى، يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن گىلاسلىق باغقا كىردىم، باغلاردىن ئۆتتۈم، لېكىن لاي-پاتقاق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۈگۈرەلمەيۋاتاتتىم. بىرئازدىن كېيىن سانجىق ۋە بەل ئاغرىقىنىڭ دەستىدىن ئولتۇرۇپ قالدىم ۋە كۆڭلۈم ئېلىششقا باشلىدى، پۇتلىرىم پاتقاقتا ئىدى، يىراقلاردىن خۇددى مېنى ئاگاھلاندۇرىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان نەس باسقۇر ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ يېقىنلاشقىنىنى

تۈۋېپ كەينىمگە ياندىم. تېخىمۇ بەك ھۆل بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىۋالدىم، ئولتۇردۇم، رولغا بېشىمنى قويدۇم: سىنى ياخشى كۆرىمەن.

بىرئازدىن كېيىن، دۆڭ تەرەپتىن ئۈچ كىشىنىڭ پاراڭلاشقاچ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ياردەم سوراش ئۈچۈن قىن-قىنىمغا پاتمىغان ھالدا ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. لېكىن كۆلەڭگىلەر يېقىنلاشقاندا ئۇلارنى قورقۇنچ ئىچىدە ئېسىمگە ئالدىم: تەتۈر ئۈستىخان كەلگىنىنىڭ قولىدا سىر قۇتىسى تۇراتتى، بىرى بۆرۈتلۈق، يەنە بىرى چاپان كىيىۋالغان ئىدى.

ــ يېرىم كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ــ دېدى بۆرۈتلۈق.

ــ ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى، ئىتتىرىشىپ بېرەمسىلەر؟

ــ بىزنى قوش كالىسى دەپ قالغان ئوخشىمامسەن، ياكى داداڭنىڭ مالىيى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ دۆڭدىن پەسكە قويىۋۆەت.

ــ توختا، توختا!ــ دېدى چاپانلىق ــ مەن سىزنى ئەمدى تونۇغاندەك قىلىمەن ھۆرمەتلىك ئەپەندى، ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ، بۈگۈن ئەتىگەن تاس قالغانتىڭىز بىزنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكىلى!

ــ نەدە؟ ھە، شۇنداق! سىلەرمىتىڭلار! ئەيىپكە بۇيرۇما قېرىندىشىم!

چاپانلىق مېنى ئەمەس، بىر ئايال كىشىنى دورىغاندەك گەپ قىلىشقا باشلىدى: ــ رەنجىمە شىكەرىم، ئەتىگەن تاس قالدىم سېنىڭ مىجىقىڭنى چىقىرىپ تاشلىغىلى! بېسىۋەتكەن بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

ــ مېڭىڭلار باللار، ھۆل بولۇپ كېتىسىلەر ــ دېدى بۆرۈتلۈق.

ــ مەن بۇ يەردە بۈنىڭ بىلەن قالىمەن ــ دېدى چاپانلىق. بېرىپ ماشىنىدا ئولتۇردى ــ كېلىڭلار، سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار.

بۆرۈتلۈق بىلەن قولىدا سىر قۇتىسى كۆتۈرۈۋالغىنى بىردەم ئىككىلەنگەندەك قىلغاندىن كېيىن كېلىپ ماشىنىنىڭ كەينىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. مەنمۇ رولغا، چاپانلىقنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. سىرتتا يامغۇر كۈچەيگەن ئىدى.

ــ سىزنى ئاۋارە قىلمىغاندۇق-ھە شىكەرىم؟ــ دېدى چاپانلىق.

جاۋاب ئورنىدا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

ــ ئاپىرىن! مەن بۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم، چاخچاق كۆتۈرىدىكەن، بولىدىغان بالىكەن! ئىسمىڭ نېمە سېنىڭ؟

دەپ بەردىم.

ــ بەك مەمنۇن بولدۇم مەتىن بەي. مەن سەردار، بۇ مۇستافا، ماۋۇ كالۋا ئېيىقنى چاكال دەپ چاقىرىمىز. ئەسلى ئىسمى ھەسەن.

ــ يەنە كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن، قاراپ تۇر!ــ دېدى ھەسەن.

ــ نېمە بوپتۇ؟ــ دېدى سەردار ــ تونۇشۇپ قويغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ شۇنداق ئەمەسمۇ مەتىن بەي؟

قولنى ئۇزاتتى. مەنمۇ ئۇزۇتۇشۇمغا تۇتۇۋېلىپ پۇتۇن كۈچى بىلەن سىقىشقا باشلىدى. كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىشكە تاس-تاماس قىلىۋېدى، مەنمۇ ئامالسىز ئۇنىڭ قولىنى سىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولۇمنى قويۇۋەتتى.

ــ ئاپېرىن! كۈچلۈككەنسەن، لېكىن مەندىن كۈچلۈك ئەمەس سەن!

ــ نەدە ئوقۇيسەن؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ ئامېرىكان تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە!

ــ ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىدە-ھە؟ــ دېدى سەردار ــ بىزنىڭ چاكال سېنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىڭدىن بىرسىگە ئاشىق بوپتۇ!

ــ يەنە باشلىما!ــ دېدى ھەسەن.

ــ جىم تۇرە بىردەم! بەلكىم ساڭا يول كۆرسىتەر. بۇمۇ ئۇلاردىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمىگە كۈلىسەن؟

ــ ھېچنېمىگە!ــ دېدىم.

ــ بىلمەن سېنىڭ نېمىگە كۈلگىنىڭنى!ــ دېدى سەردار ــ باينىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دەپ بۇ بىچارىنى مازاق قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

ــ سەنمۇ كۈلۈۋاتاتتىڭغۇ؟ــ دېدىم.

ۋارقىرىغىنىچە ــ مەن كۈلىمەن، قانداق؟ــ دېدى سەردار ــ مەن دېگەن ئۇنىڭ دوستى، ئۇنى پەس كۆرمەيمەن، لېكىن سەن كۆرىسەن. نېمە بوپتۇ، ئېشەكنىڭ بالىسى ، سەن ئۆمرۈڭدە ئاشىق بولۇپ باقمىغانمۇ؟

بىر ھازا تىللىدى ۋە مەن ھېچنېمە دېمەي تۇرۇۋالغاچقا تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ۋە غەزەپ بىلەن ماشىنىنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىنى مالتىلاشقا باشلىدى، تارتمىنى ئاچتى، سۇغۇرتا دەپتىرىگە يېزىلغانلارنى قىزىقارلىق بىر نەرسىدەك، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە، ۋارقىراپ-جارقىراپ ئوقۇدى ۋە ماشىنىنىڭ مېنىڭ ئەمەس ئاكامنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن مېنى مەنسىتمىدى ۋە تۇيۇقسىزلا سورىدى:

ــ ئۇ ماشىنىلار ۋە قىزلار بىلەن يېرىم كېچىدە نېمە قىلىشسەن ھەرقايسىلىڭ؟

جاۋاب بەرمىدىم. پەسكەش ۋە رەزىل بىر گۇيغا ئوخشاش سەت ھېجىيىپ قويدۇم.

ــ نومۇسسىز گۇيلار! لېكىن ئوبدان قىپسىلەر، تونۇگۈن يېنىڭدا ئولتۇرغان سېنىڭ سۆيگىنىڭمىدى؟

ــ ياق، ــ دېدىم ئالدىراپ-تېنەپ، ــ ئەمەستى.

ــ يالغان سۆزلىمە، ــ دېدى سەردار.

بىردەم ئويلىنىۋالدىم، ــ ھەدەم ئىدى!ــ دېدىم، ــ مومام ئاغرىپ قالغان، دورا ئالغىلى چىققانتۇق.

ــ نېمىدەپ ساھىلنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دۆڭدىكى دورىخانىدىن ئالمىدىڭلار؟

ــ ئۇ يەر تاقاقتى!

ــ يالغان! ھەر ئاخشام ئوچۇق ئۇ يەر! ئۇ دورىخانىنىڭ ئىگىسىنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى بىلەمتىڭ-يا؟

ــ بىلمەيدىكەنمەن.

ــ بايىنىڭ قىزلىرى بىلەن سۆرىشىپ يۈرۈشتىن باشقا نېمىنى بىلىسەن سەن؟

ــ سەن بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلەمسەن؟ــ دېدى مۇستافا.

ــ بىلىمەن، ــ دېدىم، ــ ئۈلكۈجىلەر!

ــ ئاپىرىن!ــ دېدى مۇستافا، ــ بىزنىڭ مەقسىدىمىز نېمە، بۇنىمۇ بىلەمسەن؟

ــ مىللەتچىلىك دېگەندەك!

ــ ئۇ، «دېگەندەك» دېگىنىڭ نېمىسى؟

ــ تۈرك بولمىسا كېرەك بۇ بالا!ــ دېدى سەردار، ــ سەن تۈركمۇ؟ ئاناڭ، داداڭ تۈركمۇ؟

ــ مەن تۈرك!

ــ ئۇنداق بولسا بۇ نېمە؟ــ جەيلان ئۇنتۇپ قالغان پلاستىنكىنى كۆرسەتتى سەردار، ھەجىلىدى: «Best of Elvis »

ــ پلاستىنكىغۇ بۇ، ــ دېدىم.

ــئاقسالىق قىلما، ھېلى بىكار!ــ دېدى سەردار، ــ بۇ ھېچقىزنىڭ پلاستىنكىسى بىر تۈركنىڭ ماشىنىسىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ــ مەن قىزنىقمايمەن، ــ دېدىم، ــ ھەدەمنىڭ پلاستىنكىسى، ماشىنىدا ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ــ دېمەكچى سەن دىسكوخانىلارغا پەقەتلا بارمامسەن؟ــ دېدى سەردار.

ــ ئاندا-ساندا بېرىپ باققان!

ــ سەن كوممۇنىزىمغا قارشىمۇ؟

ــ قارشى!

ــ نېمىشقا قارشى، دەپ باقە؟

ــ بۇنى سەنمۇ بىلىسەن...

ــ يوغسۇ...مەن بىلمەيدىكەنمەن، سەن دەپ بەرگىن، بىزمۇ بىلىپ قالايلى...

ــ بەك تارتىنچاق بولسا كېرەك بۇ دوستىمىز ــ دېدى سەردار ــ گەپ قىلالمايۋاتىدۇ...
ــ سەن قورقۇنچاقمۇ؟ــ دېدى مۇستافا.
ــ ئۇنداق دەپ قارىمايمەن!
ــ ئۇنداق قارىماسمىش!ــ دېدى مۇستافا ــ ئاقسا! قورقۇنچاق بولمىساڭ ئۆزۈڭ قارشى بولغان كومۇنىزىمغا قارشى نېمە دەپ كۆرەش قىلمايسەن؟
ــ پۇرسەت بولمىغان تۇرسا!ــ دېدىم ــ سىلەر مەن تونۇشقان تۇنجى ئۆلكۈجىلەر.
ــ هە، ئۇنداق بولسا، بىزگە قانداق قارايسەن؟ــ دېدى سەردار،- ياقتۇردۇڭمۇ؟
ــ ياقتۇردۇم.
ــ بىزنىڭ سەن! ئەتە كەچتە چىققان چاغدا سېنىمۇ ئېلىۋالايلىمۇ؟
ــ ئەلۋەتتە، كېلىپ ئېلىۋېلىڭلار...
ــ ئاغزىڭنى يۇم توخۇ يۈرەك ساختىپەز. بىزدىن قۇتۇلۇپلا ساقچىغا چاپىسەن، شۇنداقمۇ؟
ــ ئۆزۈڭنى بېسىۋال سەردار ــ دېدى مۇستافا، يامان ئەمەس بالىكەن بۇ! قاراپ تۇر هە، ئەمدى بىزدىن تەكلىپنامە سېتىۋالىدۇ!
ــ تەنتەربىيە ۋە كۆرگەزمە سارىيىدا كېچىلىك ئۆتكۈزىمىز، كېلەمسەن؟ــ دېدى سەردار.
ــ كېلىمەن!ــ دېدىم ــ قانچە پۇل؟
ــ ساڭا بىر كىم پۇلنىڭ گېپىنى قىلدىمۇ؟
ــ ماقۇل، سەردار! بەك پۇلغا ئالغۇسى بولسا، تۆلىسۇن بۇ يىگىت! ياردەم قىلغىنى بولۇپ قالار!
سەردار ئەدەپ بىلەن سورىدى: ــ قانچە تال ئالاي دېيىسىز ئەپەندىم؟
ــ 500 لىرالىق.
پورتمالىمدىن ئالدىراش 500 لىرالىق پۇلدىن بىرنى ئېلىۋاتاتتىم.
ــ ئۇ پورتمال يىلان تېرىسىدىن تىكىلگەنمۇ؟
ــ ياق!ــ 500 لىرانى ئالدىراش سەردارغا ئۇزاتتىم. سەردار پۇلنى ئالمىدى ــ كۆرۈپ باقاي شۇ يىلان تېرىسىنى؟
ــ يىلان ئەمەس، دېدىم!
ــ ئەكەل بىر كۆرۈپ باقايلى پورتمالىڭنى.
پۈتۈن بىر ئاي، يازنىڭ ئىسسىقدا ئىشلەپ يىغقان پۇللىرىم بىلەن تولغان پورتمالنى بەردىم.
ــ ئاپىرىن!ــ دېدى سەردار ــ بۇ پورتمال يىلان تېرىسى ئەمەسكەن، لېكىن سەن بىزنى ئالدىدىڭ.

ـ ئەكەلگىنە، مەن ئوبدان بىلمەن ـ دېدى مۇستافا. پورتمالنى ئالدى، مالتىلدى ـ بۇ دەرس دەپتىرى ساڭا لازىمىمۇ؟ لازىم ئەمەس... ئەجەپ تونۇشۇك جىقكەن، ھەممىسىنىڭ تېلېفونى باركەن... بۇنچە كۆپ تونۇشى بار ئادەمنىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتۇش ئۈچۈن كىملىك كۆتۈرۈپ يۈرۈشى بىھاجەت، كىملىكىڭ مەندە قالسۇن... 12 مىڭ لىرا! بۇنچە كۆپ پۇلنى ساڭا داداڭ بەرگەنمۇ؟

ـ ياق، ئۆزۈم تاپتىم ـ دېدىم ـ ئىنگلىزچە، ماتېماتىكىدىن دەرس بېرىمەن.

ـ قارا چاكال، نەق ساڭا لايىق ئىكەن!ـ دېدى سەردار ـ ئۇنىڭغىمۇ دەرس بېرەمسەن، ئەلۋەتتە ھەقسىز...

ـ بېرەي ـ دېدىم ۋە چاكال دېيىلگەن ھەسەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم...

ـ ئاپىرىن!ـ دېدى مۇستافا ـ دېمىسىمۇ سېنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن ئىدىم. بۇ 12مىڭ لىراغا، نەق يىگىرمە تۆت تەكلىپنامە ئالالايسەن. دوستلىرىڭغا تارقىتىپ بېرەرسەن.

ـ ھېچبولمىسا ماڭا مىڭ لىرا قالدۇرۇپ قويۇڭلار ـ دەۋاتاتتىم.

ـ نېرۋىمىزغا تەگكىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى!ـ دەپ ۋارقىرىدى سەردار.

ـ ياق، ئۇ نارازىدەك قىلمايدۇ، بۇ 12 مىڭ لىرانى ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن بەردىڭ، شۇنداقمۇ؟ـ دېدى مۇستافا.

ـ ساڭا گەپ قىلىۋاتىدۇ ھەي سېرىق تۈك!

ـ بولدى قىل سەردار، كۆڭلىگە ئازار بەرمە!

ـ بۇ نېمە دەپتەر؟ سەردار ئارقا ئورۇندۇقتىن تاپقان فارۇقنىڭ دەپتىرىنى ئاچتى، ئوقۇدى، « ئەسلىدە سىپاھى ئەلىگە تەۋە بولغان، لېكىن ھەربىي يۈرۈشكە بارمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئېلىنىپ ھەببىكە بېرىلگەن، گەبزە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئون يەتتە مىڭ ئاقچىلىق بىر يېزىنىڭ، نېمە بۇ، چۈشەنمىدىمغۇ! سېتىۋالغان خىچىرنىڭ پۇلنى تۆلىمىگەن مەھمۇتنىڭ ئۇستىدىن ۋەلىنىڭ قىلغان ئەرزى...

ـ نېمە بۇلار؟ـ دېدى مۇستافا.

ـ ئاكام تارىخچى ـ دېدىم.

ـ بىچارە!ـ دېدى سەردار.

ـ ماڭايلى، يامغۇر توختاي دەپتۇ ـ دېدى مۇستافا.

ـ ھېچبولمىسا كىملىكىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار ـ دېدىم.

ـ «ھېچبولمىسا» دېگەن قانداق گەپ!ـ دېدى سەردار،ـ بىز ساڭا يامانلىق قىلدۇقمۇ؟ گەپ قىلە! يامانلىق قىلغۇسى باردەك ماشىنامنىڭ ئىچىگە قارىدى، Best of Elvisنى كۆردى،ـ بۇنىمۇ ئالدىم! فارۇقنىڭ دەپتىرىنىمۇ ئالدى. « بۇندىن كېيىن ماشىناڭنى ئاستىراق ھەيدەرسەن، خەقنى داداڭنىڭ مالىيى كۆرۈپ قالماسسەن! پەسكەش، لاتا گۇي!

ئىشكنى جاڭگىدە ياپتى، يېنىدىكىلەر بىلەن بىللە كەتتى. ئۇزاپ كەتكەنلىككە كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشتۈم ۋە «ئانادول»نى دۆڭنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئىتتىرىشكە باشلىدىم.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

ــ تازا ئەدىپنى بەردۇق ئۇ لاتا گۇيىنىڭ!ــ دېدى سەردار.
ــ سەنىڭ پۇخادىن چىقىۋالدىڭــ دېدى مۇستافاــ تاسادىپى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قالسىچۇ؟
ــ مەلۇم قىلمايدۇــ دېدى سەردارــ كۆرمىدىڭمۇ، ئۇچىغا چىققان توخۇ يۈرەك بىر نېمە ئىكەن.
ــ پلاستىنكا بىلەن دەپتەرنى نېمىدەپ ئالىسەن؟ــ دېدى مۇستافا.
مەن شۇ چاغدا كۆردۈم نىلگۈن: سەن ماشىنىدا ئۇنتۇپ قالغان پلاستىنكا بىلەن، فارۇقنىڭ دەپتىرىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ سەردار. تۆۋەنكى مەھەللىگە كەلگەندە كوچا چىرىقىنىڭ يورۇقىدا توختىدى، پلاستىنكىنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىدى.
ــ ھەممە ئادەمنى دادىسىنىڭ چاكىرىدەك كۆرۈشىگە ئىچىم پۇشۇپ ئالدىم!ــ دېدى سەردار.
ــ يامان قىلدىڭــ دېدى مۇستافاــ بىكاردىن-بىكار ئۇنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈردۈڭ.
ــ بولمىساــ دېدىم مەنــ پلاستىنكىنى ماڭا بېرىڭلار، ماشىنىسىغا ئاپىرىپ بېرەي.
ــ بۇ رەسمىي كاللىسى ئىشلىمەيدىغان گۇيكەنغۇ!ــ دېدى سەردار.
ــ ھە، راست، بۇندىن كېيىن ئىككىنچى ھەسەنىنى خەقنىڭ ئالدىدا كالۋا، چاكال دېمەيسەن.
سەردار جىمىپ قالدى. لام-جىم دېمەي دۆڭدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدۇق: مۇستافانىڭ يانچۇقىدىكى 12مىڭ لىراغا پەنىدىكتە كۆرگەن سەدەپ ساپلىق قەلەمتۇراچنى، چەمى كاۋچۇك، ئۈستى تېرە ئاياغنى ئالالايسەن دەپ ئويلىدىم. يەنە ئازراق قوشساڭ، بىر تاپانچىمۇ كېلىدۇ. قەھۋەخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاشتى.
ــ خوشــ دېدى مۇستافاــ ئەمدى تارقىلايلى.
ــ يەنە يازمامدۇق؟ــ دېدىم مەن.
ــ ياقــ دېدى مۇستافاــ يەنە ياغدىغاندەك قىلىدۇ بۇ، ھۆل بولۇپ كېتىسىلەر. سىز بىلەن چوتكىلار بۆگۈن سەندە قالسۇن ھەسەن. بولامدۇ؟

ئۇ ئىككىسى تۆۋەن تەرەپكە ـ ئۆيلىرىگە كېتىشىدۇ، مەن ئارقىغا قايتىپ دۆڭگە چىقمەن ۋە4000 = 3 ÷12000 بولىدۇ. نىلگۈننىڭ پلاستىنكىسى بىلەن دەپتەرمۇ بار تېخى.

ــ نېمە بولدى؟ــ دېدى مۇستافا ــ جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ ھە ماڭايلى. ئاندىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلدى:ــ ھە راست ــ دېدى ــ ئالە ھەسەن، تاماكا بىلەن سەرەڭگە، چېكەرسەن.

ئالماي دېگەنىدىم، شۇنداق بىر قارىۋىدى ئالدىم.

ــ رەھمەت ئېيتمامسەن؟ــ دېدى.

ــ رەھمەت.

بۇرۇلۇپ كېتىشتى. بىردەم ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم: 4000 لىراغا جىق نەرسە ئالغىلى بولىدۇ! بولكىخانىنىڭ ئالدىدىكى يورۇقتىن ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى. ئاندىن تۇيۇقسىزلا توۋلىدىم: مۇستافا! ئاياغ تېۋىشلىرىنىڭ توختىغانلىقىنى ئاڭلىدىم:

ــ نېمە بولدى؟ــ دەپ توۋلىدى.

بىردەم تۇرۇۋالدىم، ئاندىن يۈگۈرۈپ يېنىغا باردىم.

ــ ئاۋۇ پلاستىنكا بىلەن دەپتەرنى ئالسام بولامدۇ مۇستافا؟ــ دېدىم ھاسىراپ تۇرۇپ.

ــ نېمە قىلىسەن؟ــ دېدى سەردار ــ راستىنلا ئاپىرىپ بېرەمسەن؟

ــ باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن ــ دېدىم ــ ماڭا ئۇلارنى بەرسەڭلارلا بولىدۇ.

ــ ئۇ نەرسىلەرنى بېرە بولدى ئۇنىڭغا ــ دېدى مۇستافا.

سەردار ھەر ئىككىسنى بەردى ــ سەن بەك كالۋا ئىكەنسەن!ــ دېدى.

ــ ئاغزىڭنى يۇم!ــ دېدى مۇستافا ئۇنىڭغا. ئاندىن ماڭا قاراپ: ــ ماڭا قارا ھەسەن ــ دېدى ــ بۇ 12مىڭ لىرانى بۇ يەردىكى چىقملارغا ئىشلىتىشنى قارار قىلدۇق؛ خاتا چۈشۈنۈپ قالما. بىزگىمۇ كىچىككىنە پۇل تېگىدۇ. ساڭا تېگىدىغان بەش يۈز لىرانى خالىساڭ ھازىرلا ئال.

ــ ياق ــ دېدىم ــ ھەممىنى ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇڭلار، ھەممىسى كۆرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلسۇن. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن.

ــ لېكىن پلاستىنكىنى ئالدىڭغۇ؟ــ دەپ ھۆركىرىدى سەردار.

شۇنىڭ بىلەن گاڭگىراپ قالدىم ۋە ماڭا تېگىدىغان 500 لىرانى ئالدىم، يانچۇقۇمغا سالدىم.

ــ بولدى!ــ دېدى سەردار ــ ئەمدى بۇ ئون ئىككى مىڭ لىرادا ھەققىڭ قالمىدى. ھېچكىمگە بىر نەرسە دەپ يۈرمەسسەن ئىنشائاللاھ!

ــ دەپ يۈرمەيدۇ.ـ دېدى مۇستافاــ سەن ئويلىغاندەك كالۋا ئەمەس ئۇ. جىندەك بىر نېمىكەن، لېكىن چاندۇرمايدىكەن. ئۆز ئۆلۈشىنى ئېلىش ئۈچۈن، قارا، ئاتايىن قايتىپ كەلدى.

ــ ھېيلىگەر گۆي!ــ دېدى سەردار.

ــ ماقۇل ئەمىسەــ دېدى مۇستافا ۋە بۇرۇلۇپ قايتىپ كېتىشتى.

بىردەم ئارىسىدىن قاراپ تۇردۇم ۋە پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدىم. بەلكىم مېنى مازاق قىلىشىۋاتقاندۇر. يەنە بىردەم قاراپ تۇردۇم، ئاندىن تاماكا ياقتىم ۋە بىر قولۇمدا سىر قۇتىسى بىلەن چوتكا، يەنە بىر قولۇمدا پلاستىنكا بىلەن دەپتەر، كەينىمگەــ دۆڭ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتىم. ئەتە سەھەردە ساھىلغا بارىمەن، مۇستافا كەلسە كۆرىدۇ، كېلىپ كۆرمىسە ئەتە ئاخشام دېمەنكى، مەن ئەتىگەندە ئۇ قىزنى ساقلىغىلى كەلدىم، مۇستافا، دېمەن، لېكىن سەن كەلمىدىڭ: ئىنتىزامنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەنگەنلىكىمنى چۈشىنىپ قالار: ھەممىسىنىڭ ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن!

دۆڭگە يەنە بىر ئاز چىققاندىن كېيىن مەتىننىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم: ئەنە، ئالدى تەرەپتە، چەكسىز قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە بىر يەردە مەتىن، ئۆزى يالغۇز تىللاۋاتاتتى. ھۆل ئاسفالت يولدا تۆۋش چىقارماي ئاستا يېقىنلاشتىم ۋە كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم، لېكىن پەقەت خۇددى ئالدىدا پۇت-قولى باغلاقلىق بىرسى باردەك بولۇشىغا تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالىدىم. ئاندىن غەلىتە بىر خىل تاراقشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ يولنىڭ بىر چېتىگە ئۆتتۈۋالدىم ۋە يېقىنلىشىپ ماشىنىسىنى تېپىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. خۇيسىز ئېتىنى دۇمبالاۋاتقان مىنگۈچىدەك تىللىغىنىچە تېپىۋاتاتتى، لېكىن ماشىنىدىن ئۆزى كۈتكەن جاۋاب كەلمەيتتى ۋە بۇ گويا ئۇنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاجايىپ ئىشلار ئېسىمگە كەلدى. ھازىر بىرىپ مەتىننى تازا دۇمبالىسام بولىدۇ! ئويلىدىم: بوران-چاپقۇنلارنى، ئۆلۈملەرنى، يەر تەۋرەشلەرنى. قولۇمدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلسام بولىدۇ: مېنى نېمىشقا تونۇمىدىڭ؟ نېمىدەپ ئۇنۇتتۇڭ مېنى؟ مۇشۇنداق بولىدۇ: بۇلار مۇھىم كىشىلەر، سەن ئۇنى تونۇيسەن، يىراقتىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىسەن، پۈتۈن ھاياتىنى بەش قولدەك بىلىسەن، ئۇ سېنى تونۇمايدۇ ۋە ھەتتا سېنى بىلمەستىن، تونۇماستىن ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. بىلىپ قىلىشىدۇ مېنى بىر كۈنى، بىلىپ قېلىشىدۇ. تاشلاپ كەتتىم بۇ ئاۋارە گۆينى، ماشىنىسىنى دۇمبالىسۇن. ئۇنىڭغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن پاتقاق باغدىن ئۆتۈپ، يۇقىرىغا كېتىۋاتقاندا بايقىدىم. ماشىنىسىنى تارتقۇزۇپ قويغان يۇلى ۋە بۇزۇلۇپ قالغان ماشىنىسى ئۈچۈن تېپىۋاتىدۇ، دەپ قاپتىكەنمەن، ئەسلىدە بىرى ئۈچۈن ئىكەن! ئۆزىنى ساتىدىغان ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھېلىقى گەپنى قايتا-قايتا

تەكرارلاپ تىللاۋاتاتتى. ئۇ گەپتىن بەزىدە قورقىمەن، ئۇنداق خوتۇنلار قورقۇنچلۇقتۇر،خوشۇم يوق، ئىپسمەدىن چىقىرىۋېتىمەن. ماڭدىم.

ئۇ بەلكىم سەن بولىشىڭ مۇمكىن نىلگۈن، دەپ ئويلىدىم، بەلكىم باشقا بىرسى. نېمە دېگەن سەت گەپ ئۇ! ئاياللار بەزىدە مېنى بەك قورقۇتىۋېتىدۇ. چۈشەنگىلى بولمايدىغان مەخلۇقلار، خۇددى سەن چۈشىنەلمەيدىغان قاپقاراڭغۇ خىياللىرى باردەكلا قىلىدۇ، تېنىڭنى شۈركۈندۈرىدىغان شۇنداق بىر يەرلىرى باركى، ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدىكەنمۇ، بـالادا قالىسـەن: ئۆلۈمـدەك بىـر نەرسـە، لـېكىن بىشـىغا هـاۋا رەڭ لىنتىسـىنى چىگىۋېلىـپ كۈلۈمسىرەيدۇ بۇزۇق! ئاسمان، يىراقتا، ساپسېرىق، يـورۇپ كېتىۋېـدى چاقمـاقتىن قورقتـۇم. بۇلۇتلار، قارا بوران-چاپقۇنلار، مەن تـېگىگە يېتەلمەيـدىغان ئـوي-خىيـاللار! ھەممىمىـز بىـز تونۇمايدىغان بىرىنىڭ قۇللىرى گويا، بەزىدە تۇرۇپلا شۇنداق بىر ئىسيان كۆتۈرگىمىز كېلىدۇ، لېكىن قورقۇپ قالىمىز: چاقماقلارنى، گۈلدۈرماملارنى، يىراقتىكى نـامەلۇم بالايىئـاپەتلەرنى ئۈستۈمگە تاشلايدۇ! شـۇنىڭ بىـلەن بىزنىـڭ ئۆيىنىـڭ تۇرغـۇن چىـراق يورۇقىـدا، ئىسيانىمۇ كۆتۈرمەي، ھېچنىمنى بىلمەستىن ئارامخۇدا ياشىغۇم كېلىدۇ. مەن گۇناھتىن قـورقىمەن! بىچارە لاتارىيەچى دادامغا ئوخشاش.

ئۆيدىكى چىراقنىڭ تېخىچە يېنىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا يامغۇر يەنە يېغىشقا باشــلىغانىدى. يېقىنلىشــىپ دەرىزىــدىن قــاراپ دادامــنىڭلا ئەمەس، ئانــامنىڭمۇ تېخــى ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆردۈم. بىچارە ئانامنى ئۇخلاتماسلىق ئۈچۈن مەن توغرۇلۇق كىم بىلىدۇ نېملەرنى دەپ كەتتىكىن بۇ توكۇر؟ ئىپسمگە كەلدى: باققال دەپ قويغانـدۇر! رەزىـل پـوق قورساق، ئىقتىماي-تىمتىماي يەتكۈزگەندۇر. ئىسمايىل، دېگەندۇ، سـېنىڭ ئوغلـۇڭ بۈگـۈن ئەتىگەن دۇكانغا كەلدى، دېگەندۇ، گېزىت-ژورناللارنى يىرتىپ ئاتتى، تەھدىت سالدى، كىم بىلىدۇ كىملەرگە ئەگەشتى، تەلۋىلىشىپتۇ! قانچە پۇل، دېگەندۇ، پۇلدىن باشقا ھېچنىمنى بىلمەيدىغان لاتارىيەچى دادا، قانچە پۇللۇق زىيان سالدى، دېگەندۇ ۋە بىكاردىن ــبىكارغا،ئۇ كېرەكسىز گېزىتلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىگەندۇر. بىكاردىن ئەمەس، ياق: ئاخشاملىققا بۇرنۇمدىن بـۇلاق قىلىـش ئۈچـۈن، لـېكىن مېنـى تاپالىسـاڭ شـۇنداق قىلارسـەن. ئىچـىگە كـىرىش ـ كىرمەسلىكنى قارار قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ يەردە قاراپ تۇردۇم. دەرىزىدىن ئىچىگە قارىدىم، ئانام بىلەن دادامغا نەزەر سالدىم. ئاندىن، يامغۇر قويۇلۇشقا باشـلىغاندا كەتـتىم، سـىرلارنى، نىلگۈننىڭ پلاستىنكىسى ۋە فارۇقنىڭ دەپتىرىنـى تاقـاقلىق دەرىزەمنىـڭ لەمپىسـىگە قويـۇپ قويدۇم، شۇ يەردە تامنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ يامغۇرغا قـارىغىنىمچە ئويلىـدىم. يـامغۇر شـارقىراپ قۇيۇۋاتتى.

خېلى بىر ھازادىن كېيىن، يامغۇر چېلەكلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىغاندىن ۋە مەتىن ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىن، دادام ئۆز قولى بىلەن يەرلەشتۈرگەن نوكەشلەرگە تامدىن ئاققان يامغۇر سۇلىرى پاتماي قالغاندا، دەرىزىدىن ئاۋايلاپ ئىچىگە قارىدىم ۋە بىچارە ئانامنىڭ ياللىراق داسلارنى ۋە لېگەنلەرنى يەنە ئۆينىڭ ئۇ يېرىدىن بۇ يېرىگە يۆتكەپ قويۇۋاتقانلىقىنى، سۇ ئۆتۈپ كەتكەن تورۇسنىڭ ئاستىدا چېپىپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. كېيىن مېنىڭ ھوجرام ئېسىگە كەلدى، چۈنكى تورۇستىكى شۈڭقارنىڭ قاناتلىرى ئارىسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كارىۋاتقا چۈشەتتى. چىراقنى ياندۇردى، كۆرپەمنى قاتلىدى. قارىدىم.

ئاخىرى، يامغۇر توختىغاندا، نە ئۇلارنى، نە باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت سېنىلا ئويلىغانلىقىمنى چۈشەندىم نىلگۈن! شۇ تاپ كارىۋىتىڭدا ياتقانسەن، بەلكىم يامغۇرنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەنسەن، دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغانسەن، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئەندىكىپ خىيالغا پاتقانسەن. سەھەردە يامغۇر توختىغاندا ساھىلغا كېلەرسەن، مەن سېنى ساقلايمەن ۋە سەن ئاخىرى مېنى كۆرىسەن، پاراڭلىشىمىز، مەن سۆزلەپ بېرىمەن، سۆزلەپ بېرىمەن: ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن بىر ھېكايە: ھايات: سېنى ياخشى كۆرىمەن.

باشقا ھېكايىلەرنىمۇ ئويلىدىم: ئەگەر ئادەم ئىشەنسە، پۈتۈنلەي يېپيېڭى بىر ئادەم بولالايدۇ. يىراق ئەللەرنى، ئايىغى چىقماس تۆمۈر يوللىرىنى، ئافرىقا ئورمانلىقلىرىنى، سەھرايى كەبىرنى، چۆللەرنى، مۇز تۇتقان كۆللەرنى، جۇغراپىيە كىتابلىرىدىكى قوشۇقچىقۇشلارنى، شىرلارنى، تېلېۋىزوردا كۆرگەن سۇ كالىلىرىنى، ئۇلارنى قورشاپ پارچىلاپ تاشلايدىغان سىرىتلانلارنى، فىلىملەردىكى پىللارنى، ھىندىستاننى، قىزىل تەنلىكلەرنى، جۇڭگۇلۇقلارنى، يۇلتۇزلارنى، پلانېتلار ئۇرۇشىنى، بارلىق ئۇرۇشلارنى، تارىخنى، بىزنىڭ تارىخىمىزنى، دۇمباقلىرىمىزنىڭ كۈچىنى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغان كاپىرنىڭ قورقۇنچىنى ئويلىدىم: ئادەم باشقا بىرى بولالايدۇ، شۇنداق. بىز قۇل ئەمەس: پۈتۈن قورقۇنچلارنى، قائىدىلەرنى، چېگرا سىزىقلىرىنى يىرتىپ تاشلايمەن، نىشانىمغا قاراپ ئىلگىرلەيمەن، بايراق لەپىلدەيدۇ: قىلىچلار، پىچاقلار، تاپانچىلار، ھاكىمىيەت! مەن  يېپيېڭى بىر ئادەممەن، بۇرۇنقى مەن ئەمەسمەن، ئۆتمۈشىم ئەمەس، بۇندىن كېيىن  پەقەت كەلگۈسىملا بار مېنىڭ. ئۆتمۈش دېگەن قۇللار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۇخلىسۇن، مەن ئويلىدىم.

ئويلىدىم، ئاندىن ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە كۈچۈم يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، دەپتەرنى لەمپىدە تاشلاپ قويىمدىم، پلاستىنكىنىمۇ ئالدىم ۋە ماڭدىم. ئەمدى گويا، ئايىغىغا كۆزۈم يەتكەن قاراڭغۇلۇققا، يولغا چىققانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ يۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، نامەلۇم بىر يەرگە قاراپ ئاتلانغان ئىدىم. دۆڭدىن پەسكە سۇ ئېقىۋاتاتتى. يامغۇر ھېدى كېلىپ تۇراتتى. ئاۋۋال تۆۋەن مەھەللىگە ئاخىرقى رەت بىر نەزەر سېلىۋالىمەن،

دەۋاتاتتىم: چىراقلارغا، ئۇبدان پەرۋىش قىلىنغان ساختا باغلارغا، پۇختا، روھسىز بىتونلارغا، چىراق تۈۋىدە ھېچكىم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خاتىرجەم ھالدا، گۇناھكار كوچىلارغا تويغۇدەك قارىۋالىمەن، ئاخىرقى قېتىم، زەپەر كۈنىگىچە قايتىپ كەلمەسلىك ئۈچۈن ئۇ دەرىزىلەرنىڭ بىرىگە يەنە بىر قارىۋالىمەن، دەۋاتاتتىم. نىلگۈن، بەلكىم ئۇخلىمىغانسەن، دەرىزەڭدىن يامغۇرنى تاماشا قىلىۋاتقانسەن ۋە چاقماق چېقىپ ھەممە يەر ھاۋارەڭ بولۇپ يورۇغاندا، بەلكىم مېنى كۆرەرسەن، دەھشەتلىك يامغۇرنىڭ ئىچىدە، يېرىم كېچىدە، چىلىق-چىلىق ھالدا دەرىزەڭگە قاراپ تۇرۇپتىمەن. لېكىن قورققانلىقىم ئۈچۈن بارمىغاندەك قىلاتتىم. چۈنكى دۆڭدىن چۈشكىچە ئېسىمگە كەلگەنىدى. ھازىر، ئۇ يەردە، ئۇلارنىڭ ئىشىك باقارلىرى: ئوغلۇم، بۇ چاغ بولغاندا بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار، دېيىشەتتى، ماڭە ماڭ، كەت، بۇ سەن كېلىدىغان يەرلەر ئەمەس! ماقۇل!

قايتتىم ۋە ئۆز ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن، ناتونۇش بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندەك، مۆگىدەپ، يۇقىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. ئانامنىڭ، دادامنىڭ چىرىقى تېخىچە يېنىپ تۇراتتى. ئۆيىمىزنىڭ غۇۋا، نامرات چىراي چىراقلىرى نە قەدەر مىسكىن-ھە! مېنى كۆرۈشمىگەندۇر. تۈز يول تۈگەپ، دۆڭدىن چۈشىدىغان يەرگە كەلگەنىدە ھەيران قالدىم: مەتىن، تېخىچە قاراڭغۇلۇقتا، تىللىغان پېتى، ئىنجىقلاپ ماشىنىسىنى ئىتتىرىۋاتاتتى. مەن ئۇنى كەتكەن چېغى دەپ قالغانىدىم. توختىدىم، تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان بىر غەلىتە دۆلەتنىڭ، غەلىتە ئادەملىرىگە قارىغاندەك، قورقۇمسىراپ، لېكىن قىزىقسىنىپ ۋە قورقۇمسىراشتىن ھۇزۇرلانغانلىقىم ئۈچۈن يىراقتىن ئۇنى تاماشا قىلدىم. كېيىن يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ قالدىم، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بوغۇق بىر ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى. بالىلىقتىكى دوستلۇقىمىزنى ئەسلەپ قالغانلىقىم، لېكىن بۇلارنىڭ، ھاياتنى باشقىلارنى ئەيىپلەپلا ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئىچىم ئاغرىپ يېقىنلاشتىم.

— كىم ئۇ؟

— مەن— دېدىم— مەتىن، مېنى باياتىن تونۇمىدىڭ، مەن، ھەسەن!

— ئاخىرىدا تونۇغان ئىدىم!— دېدى— پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدىڭلارمۇ؟

— مەن يالغۇز كەلدىم!— دېدىم— پۇلنى قايتۇرىۋالغۇڭ بارمۇ؟

— ئون ئىككى مىڭ لىرا پۇلۇمنى بۇلاشتىڭ!— دېدى— بىلەمسەن؟

بىر نەرسە دېمىدىم. جىم تۇردۇق.

— قېنى سەن؟— دەپ ۋارقىرىدى كېيىن— چىقە بۇياققا، چىرايىڭنى كۆرۈپ باقاي.

قولۇمدىكى دەپتەر بىلەن پلاستىنكىنى قۇرۇق بىر يەرگە تاشلاپ قويدۇم، يېقىنلاشتىم.

— پۇلنى قايتۇرۇپ كەلمەمسەن؟— دېدى— چىقە بۇ ياققا!

يېقىن كېلىپ تەرلەپ كەتكەن ئۇمىدسىز چىرايىنى كۆردۇم: بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق.
ــ ياق، ــ دېدىم، ــ پۇلۇڭ مەندە ئەمەس!
ــ نېمىدەپ كەلدىڭ ئۇنداق بولسا؟
ــ سەن باياتىن يىغلىدىڭمۇ؟
ــ خاتا ئاڭلاپ قاپسەن، ــ دېدى، ــ ھارغۇنلۇقتىن... سەن نېمىدەپ كەلدىڭ بۇ يەرگە؟
ــ كىچىك چېغىمىزدا ئەجەپ ئوبدان دوستلاردىن ئىدۇق! ــ دېدىم. ئۇ بىر نېمە دېيىشتىن بۇرۇن قوشۇپ قويدۇم، ــ مەتىن، خالىساڭ ساڭا ياردەم قىلاي!
ــ نېمىشقا؟ ــ دېدى باشتا، ئاندىن بىردەمدىن كېيىن، ــ بولىدۇ، كېلە ئۇنداق بولسا!
يۆلىنىپ ئىتتىردىم. بىردەمدىن كېيىن، ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپ دۆڭگە چىقىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭدىن بەكرەك مەن خوش بولۇپ كەتتىم. غەلىتىلا تۇيغۇ بۇ نىلگۈن. لېكىن كېيىن، ئازراقلا ماڭالىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئىچىم سىقىلدى.
ــ نېمە بولدى؟ ــ دېدى مەتىن، قول تورمۇزىنى تارتتى.
ــ توختا! بىردەم تىنىۋالاي.
ــ بولە، ــ دېدى مەتىن، ــ كەچ قالىمىز.
ماشىنىغا قايتىدىن يۆلەندىم، لېكىن كۆپ ماڭالمىدۇق. چاقلىق بىر نەرسە ئەمەس، خۇددى يوغان بىر تاشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىردەم ئارام ئالدىم ۋە يەنە بىردەم ئارام ئېلىۋالاي دەپ تۇراتتىم قول تورمۇزىنى قويۇۋەتتى. ماشىنا كەينىگە يېنىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىتتىردىم، لېكىن يەنە توختىدىم.
ــ نېمە بولدى؟ ــ دېدى، ــ نېمىشقا ئىتتىرمەيسەن؟
ــ سەن نېمىشقا ئىتتىرمەيسەن؟
ــ مېنىڭ جېنىم قالمىدى!
ــ بۇ چاغ بولغاندا نەگە ئالدىرايسەن؟
جاۋاپ بەرمىدى. پەقەت سائىتىگە قاراپ قويدى ۋە تىللىدى. بۇ قېتىم، مەن بىلەن بىللە ئۇمۇ ئىتتىردى، لېكىن ئىلگىرىلىشىمىزمۇ چاغلىق ئىدى. بىز ماشىنىنى دۆڭگە ئىتتىرىۋاتىمىز ۋە ماشىنىمۇ گويا بىزنى تۆۋەنگە ئىتتىرىۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە تۇرغان جايىمىزدا تۇراتتۇق. ئاخىرى بىر نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىدۇق، لېكىن جېنىم قالمىغانىدى، قويۇۋەتتىم. يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىردىم. مەتىنمۇ كەلدى، يېنىمدا ئولتۇردى.
ــ بولە! ــ دېدى.
ــ بارىدىغان يېرىڭگە ئەتە بارارسەن! ــ دېدىم، ــ ئەمدى بىردەم پاراڭلىشايلى.
ــ نېمىنى پاراڭلىشىمىز؟

بىردەم جىم تۇردۇم، ئاندىن:ــ ئاجايىپ بىر كىچە بولدى،ــ دېدىم،ــ چاقماقتىن قورقامسەن؟

ــ قورقمايمەن مەن!ــ دېدى،ــ بولە، يەنە بىردەم ئىتتىرەيلى.

ــ مەنمۇ قورقمايمەن!ــ دېدىم،ــ لېكىن ئادەم ئويلىغانسىرى بەدىنى تىكەنلىشىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟

بىر نەرسە دېمىدى.

ــ تاماكا چېكەمسەن؟ــ دېدىم، قاپنى چىقىرىپ ئۇزاتتىم.

ــ چەكمەيمەن!ــ دېدى،ــ بولە، بىردەم ئىتتىرەيلى.

چۈشتۇق، ئىتتىرەلىگىنىمىزچە ئىتتىردۇق ۋە چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىچىگە كىردۇق. ئالدىراۋاتقان يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم سورىدىم، لېكىن جاۋاپ ئورنىغا ئۇلارنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن چاكال دەيدىغانلىقىنى سورىۋېدى،

ــ كارىڭ بولمىسۇن!ــ دېدىم،ــ ساراڭ گۈيلار ئۇلار!

ــ لېكىن ئۇلار بىلەن بىللە يۈرىدىكەنسەن،ــ دېدى،ــ مېنى بىللە بۇلىدىغلار.

شۇ چاغدا ھەممىنى دەۋتەي دەپمۇ ئويلىدىم: ھەممىنى دەۋتەيمۇ، لېكىن ئۇ ھەممىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتىم گويا: ھەممىسى ئېسىمدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، نەدىن باشلىشىمنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن؛ چۈنكى، خۇددى بېشىنى تېپىۋالغان ھامان، تۈنجى گۇناھىنىڭ گۇناھكارىنىمۇ بىرىپ جازاغا تارتىشىم كېرەكتەك، ھازىرلا بىرىپ قولۇمنى قانغا بوياشنى كۆڭلۈم خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تۈنجى جىنايەتچىنى ئەسلەشنى خالىغۇم كەلمىگەندەك قىلاتتى. ئەڭ باشتا ئۇنىڭدىن باشلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن، لېكىن مەن نىلگۈن! ساڭا ئەتە ئەتىگەن سۆزلەپ بېرىمەن. لېكىن نېمىدەپ ئەتە ئەتىگەننى كۈتۈپ تۇرغۇدەكمەن، ھازىرلا، دەپ ئويلىدىم، شۇنداق، بۇ «ئانادول»نى بىز ھازىر مەتىن بىلەن ئىتتىرىمىز ۋە ئاندىن، دۆگىدىن پەسكە بىللە چۈشۈپ سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغاندا نىلگۈن، سېنى مەتىن ئويغىتىدۇ ۋە مەن شۇ چاغدا، سەن ئۇستۇڭدە ئاق رەڭلىك كىچىلىك كىيىم بىلەن گەپلىرىمگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندا، سېنىڭ بېشىڭغا كېلىدىغان خەتەرنى ھازىرلا دەپ بېرىمەن: سېنى كومۇنىست دەپ قېلىشتى، گۆزەلىم، كەل بىللە قاچايلى، كەل كېتەيلى، ئۇلار ھەممە يەردە بار، ھەم ئۇلار بەك كۈچلۈك، شۇنداقتىمۇ دۇنيادا بىز بىللە ياشىيالايدىغان بىر يەر باردۇر، ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن بىر يەر باردۇر...

ــ بولە ئىتتىرەيلى!

يامغۇردا ماشىنىدىن چۈشتۇق، ئىتتەردۇق. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بەل قويۇۋەتتى، لېكىن مەن يەنە ئىتتەردىم، ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، گويا تېخىمۇ كۈچەپ، لېكىن دەۋاتىمەنغۇ، بۇ بىر

ماشىنا ئەمەس، يوغان بىر قىيا تاشتەك ئېغىر ئىدى. ھالىم قالماي توختاپ قالدىم، لېكىن مەتىن ئەيىپلەش نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى. ھۆل بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشۇمغا،

ــ ئۇلارنى ساراڭ دېيسەڭ، لېكىن ئۇلار بىلەن بىللە يۈرىيدىكەنسەن!ــ دېدى ــ ئۇ پۇلنى مەندىن يالغۇز ئۇ ئىككىسى ئەمەس، ئۈچۈڭلار ئېلىۋالدىڭلار.

ــ ئۇلارنى بىر تال تۈكۈمگە تەڭ قىلمايمەن. مەن ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمايمەن!

ماڭا قورققاندەك قارىمىدى؛ تېخىچە مېنى ئەيىپلەۋاتاتتى. شۇ چاغدا،

ــ ئۇ ئون ئىككى مىڭ لىرادىن مەن بىر تىيىنمۇ ئالمىدىم، مەتىن!ــ دېدىم ــ قەسەم قىلىپ بېرەي.

لېكىن ھېچ ئىشەنگەندەك قىلمايتتى. تۇتۇپ بوغۇۋەتكۈم كەلدى. ماشىنىنىڭ ئاچقۇچى سېلىنغلىق ئىدى. ھەيدەشنى بىلگەن بولسا شۇ تاپتا! دۇنيادا يول نېمە دېگەن تولا، يىراقلاردا ھەر دۆلەتلەر، ھەر شەھەرلەر، ھەر دېڭىزلار.

ــ بولە، چۈشۈپ ئىتتىرە!

ھېچنېمىنى ئويلىماي شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ماشىنىدىن چۈشتۈم، ئىتتەردىم. مەتىن ئىتتىرمەيۋاتاتتى، قوللىرىنى بېلىگە قويۇپ بايۋەچچىلەردەك قاراپ تۇراتتى. ھېرىپ كەتتىم، توختىدىم، لېكىن قول تورمۇزىنى تارتمىدى. يامغۇردا ئاۋازىمنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن، ۋارقىراپ دېگۈدەك دېدىم:

ــ ھېرىپ كەتتىم!

ــ ياق!ــ دېدى ــ يەنە ئىتتىرەلەيسەن.

ــ قويۇۋېتىمەن!ــ دەپ ۋارقىرىدىم ــ كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ!

ــ ئۇ پۇلنىڭ ھېسابىنى كىمدىن سورايمەن مەن؟

ــ ئىتتەرمىسەم ساقچىغا مەلۇم قىلامسەن؟

جاۋاپ كەلمىۋىدى يەنە ئازراق ئىتتەردىم ۋە بېلىم شۇنداق ئاغرىپ كەتتىكى، سۇنۇپ كېتەرمىكىن دەپ قالدىم. ئاخىرى قول تورمۇزىنى تارتتى. ماشىنىغا چىقتىم. ئۈست-بېشىم چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. بىر تال تاماكا ياقتىم ۋە بىردىنلا يەر ۋە ئاسمان ئىشەنگۈسىز پارلاق بىر پارتلاشتىن يورۇپ قورقۇنچلۇق چاقماق بۇرنۇمنىڭ تۈۋىگىلا چۈشۈۋىدى دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

ــ قورقتۇڭمۇ؟ــ دېدى مەتىن.

گەپ قىلمىدىم. يەنە سورىدى. گەپ قىلمىدىم. ئاخىرى،

ــ مۇشۇ يەرگە چۈشتى!ــ دېيەلىدىم ــ نەق مۇشۇ يەرگە، مانا!

ــ ياق، ــ دېدى ــ بەك يىراققا چۈشتى، بەلكى تا دېڭىزغا، قورقما!

ــ ئەمدى ئىتتەرگۈم يوق.

ــ نېمىشقا؟ــ دېدى ــ قورققانلىقلىك ئۈچۈنمۇ؟ كالۋا! ئەمدى بۇنداق يېقىن يەرگە چۈشمەيدۇ. سىلەرگە مەكتەپتە ئۆگەتمىدىمۇ؟

بىر نەرسە دېمىدىم.

ــ قورقۇنچاق!ــ دەپ ۋارقىرىدى: بىچارە نادان قورقۇنچاق!

ــ مەن ئۆيگە قايتىمەن ــ دېدىم.

ــ ئۇنداق بولسا مېنىڭ 12مىڭ لىرا پۇلۇمنى قانداق قىلىمىز؟

ــ مەن ئالمىغان تۇرسام!ــ دېدىم ــ قەسەم قىلدىمغۇ...

ــ بۇ گېپىڭنى ئەتە باشقىلارغا دەپ بېرەرسەن ــ دېدى ــ ساقچىغا دەپ بېرەرسەن.

بېشىمنى مۈرىلىرىمنىڭ ئارىسىغا تىقىپ، ئاۋايلاپ ماشىنىدىن چۈشۈپ، يەنە ئىتتىرىشكە باشلىۋېدىم، دۆڭنىڭ ئاخىرىغا كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ سۆيۈندۈم. مەتىن ماشىنىدىن چۈشكەندى، لېكىن ئۇنىڭغا يالغاندىن ئىتتىرگەن بولۇۋېلىپ ماڭا مەدەت بېرىشمۇ خوشياقمىغان ئىدى. پەقەت، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئادىتى بويىچە « بولە، بولە» دەپ ماڭا كۈچ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە كېيىن، بايىقى جالاپ دەپ تىللىغان كىملەرنىدۇر يەنە تىللاۋاتاتتى، لېكىن ئۇلار ئىككى ئۈچ كىشىدەك قىلاتتى، چۈنكى مەن كۆرسىتىپ قويىمەن «سىلەرگە» دەۋاتاتتى. مەن ئىتتەرمەي قويدۇم، چۈنكى مەن نېمە ئەمەس، سەردارنىڭ دېگىنىدەك، شۇنداق، مالاي ئەمەس مەن! لېكىن بۇ قېتىم،

ــ سەن پۇل ئالامتىڭ-يا؟ــ دېدى ــ سەن قانچىلىك ئالىمەن دېسەڭ بېرىمەن. ماشىنىنى ئىتتىرىپ بەرسەڭلا بولغىنى.

دۆڭنىڭ ئاخىرىغا كىلىپ قالغاچقا ئىتتىردىم. بېلىمنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي، يۈرىكىم ۋە ئۆپكەمگە بىر ئاز قان ۋە هاۋا يېتىشىۋالسۇن دەپ توختىدىم، لېكىن ئۇ توختىماي ۋارقىرايتتى، تىللايتتى، هۆركىرەيتتى. ماڭا مىڭ لىرا بېرەرمىش! ئەڭ ئاخىرقى كۈچۈمگە ئىشىنىپ تۇرۇپ يەنە ئىتتەردىم. ئىككى مىڭ لىرا دېدى. بوپتۇ، ئىتتىردىم ۋە بىزنىڭكىلەر سەندىكى پۇللارنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ كەتكەن تۇرسا، يەنە نېمەڭگە ئىشىنىپ ۋەدە قىلىسەن، دېمىدىم. تۈز يولغا بارغاندا، ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختىدىم، لېكىن ئۇ يەنە ئاچچىغلاپ تاقەتسىزلەندى: تىللاۋاتاتتى ۋە مېنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويماۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن بەلكىم يەنە ماشىنىنى تېپىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. ئاندىن يەنە ئاجايىپ بىر ئىش قىلىۋېدى قورقۇپ قالدىم: يۈزىنى يامغۇرغا قارىتىپ، قاراڭغۇ ئاسمانىنى تىللاۋاتاتتى، خۇددى ئۇ①نى تىللاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەقلىمدىن كەچكەنلەردىنمۇ قورقۇپ

كەتتىم، يەنە ئويلاپ سىلىشتىن قورقۇپ ئىتتەردىم. ئاسمان، دۆڭدە تۇرساق نىمە دېگەن يېقىن، گۈرۈلدىگەنىدە ۋە يەنە ھاۋارەڭ يورۇغاندا ۋە يەنە قورقۇنچلۇق گۈرۈلدەشلەر ۋە ئىشەنگۈسىز كۆپكۆك يامغۇر، چاچلىرىمدىن ۋە ماڭلىيىمدىن ئاغزىمغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىغاندا ئىتتەردىم، ئىتتەردىم مەن. ئاھ خۇدا، بارغانسېرى جىق چېقىۋاتقان چاقماقنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، يۈزۈمنى يەرگە قارىتىپ، قۇلغا ئوخشاش ئىتتەردىم، بارلىق خىياللىرىدىن مەھرۇم قالغان بىر بىچارىمەن شۇ تاپ، ھېچكىم مېنى ئەيىپلىيەلمەس ۋە جازالىيالماس، چۈنكى بويۇن ئىگىۋاتىمەن، قارا مانا، جىنايەت ۋە گۇناھتىن خەۋىرىممۇ يوق. يۈگۈرگەنچە ۋە ماشىنا تېز مېڭىشقا باشلىغانسېرى غەلىتە بىر خىل جۇشقۇنلۇق ھېس قىلغاچ ئىتتىرىۋاتىمەن. مەتىن ماشىنىغا چىقىۋالغانىدى، رولنى باشقۇرۇۋاتاتتى ۋە ئوچۇق دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ، تېخىچە ھۆركىرەپ تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم، نېمە ئۈچۈن كوتۇلدىشىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ئەر-خوتۇنلاردەك، ئاتلىرىنى تىللىغان قېرى ھارۋىكەشتەك، لېكىن ئۇ①نىمۇ تىللاۋاتقاندەك. گويا كۆكنى گۈلدۈرلىتىۋاتقان ئۇ② ئەمەستەك! سەن كىمسەن؟ مەن ھېچكىمنىڭ تىل-ھاقارىتىگە شېرىك بولمايمەن! مەن توختىدىم، ئىتتەرمەيمەن ئەمدى.

لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ماشىنا بىردەم ئۆزى ماڭدى. ئۆزى بىلەن ئۆزى كېتىۋاتقان، جىمجىت ۋە قورقۇنچلۇق بىر قارا كېمىگە قارىغاندەك، ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىشىگە قاراپ تۇردۇم. يامغۇرمۇ پەسىيىپ قالغانىدى. ئۆزى بىلەن ئۆزى كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ ئېسىمگە كەلدى: ئۇ③گويا، بەرمەكچى بولۇۋاتقان جازانى ماڭا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ ئىككىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىۋېتىپ باراتتى، لېكىن يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا توختاپ قالدى. ئاسمان يورۇغاندا، مەتىننىڭ سىرتقا چىققانلىقىنى كۆردۈم.

— نەدىسەن؟— دەپ ۋارقىرىدى ھۇۋلىغاندەك— كەل بۇ يەرگە، ماشىنىنى ئىتتىرىسەن! مىت قىلمىدىم.

— ئوغرى!— دەپ ۋارقىرىدى قاراڭغۇلۇققا قاراپ— نومۇسسىز ئوغرى، قاچە قېنى، قاچ! بىردەم جايىمدا جىم تۇردۇم. سوغۇقتا تىترەۋاتاتتىم. ئاندىن يۈگۈرۈپ يېنىغا باردىم.

— سەن ئاللاھتىن قورقماسمەن؟— دەپ ۋارقىرىدىم.

— سەن قورقساڭ نېمەدەپ ئوغۇرلۇق قىلسەن؟— دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن قورقىمەن!— دېدىم— سەن يۇقىرىغا قاراپ ئۇنى تىللايسەن. جاجاڭنى بېرەر بىر كۈنى.

— كالۋا نادان!— دېدى— باياتىنقى چاقماقتىن قورقتۇڭ، شۇنداقمۇ؟ چاقماق چاققاندا دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىسىدىن، مازارلىقتىن، يامغۇردىن، بوراندىن قورقۇپ كېتىسەن،

شۇنداقمۇ؟ چوپچوك ئادەم تۇرۇپ! قانچىنچى سىنىپتا سەن؟ نادان! مەن ساڭا دەپ بېرەي: خۇدا يوق! ماقۇلمۇ؟ كەل ئەمدى، ئىتتىرە بۇنى. ساڭا ئىككى ملك لىرا بېرىمەن دەيمەن.

ــ كىيىن نەگە بارىسەن؟ــ دېدىم ــ سىلەرنىڭ ئۆيگىمۇ؟

ــ سېنىمۇ ئاپىرىمەن ــ دېدى ــ نەگە بارغۇڭ بولسا ئاپىرىپ قويىمەن، ماشىنا دۆڭدىن پەسكە، ئاھ، بىر ماڭسۇن!

ئىتتەردىم نىلگۈن. ئۇ ماشىنىسىغا چىقتى ۋە بۇ قېتىم خۇددى ئاچچىقلىنىپ ئەمەس، ئاتلىرىنى ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تىللىغان ھارۋىكەشتەك تىللىدى.

بىردەمدىن كېيىن ماشىنا تېز مېڭىشقا باشلىغاندا دۆڭدىن پەسكە چۈشىدىغان يەرگە ئازلا قالغانلىقىنى ۋە ماشىنىنىڭ ئوت ئالىدىغانلىقىنى ئويلىدىم ۋە ئەقلىمگە مۇنداق بىر پىكىر كەلگەندەك بولدى: مەتىنىمۇ ھەممىسىدىن زېرىكىپتۇ، بىزار بوپتۇ! ماشىنىغا چىقىمەن، پارنى ئاچىدۇ، ئىسسىنىمىز. ئاندىن سېنى ئېلىپ، بىللە يىراقلارغا كېتىمىز، ياكى باشقا بىر يەرگە بېشىمىزنى ئېلىپ كېتىمىز. لېكىن ماشىنا دۆڭدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىغاندا، موتۇردىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى، پەقەت چاقلارنىڭ ھۆل ئاسفالت يولدىكى غەلىتە جىمجىتلىقى بىلەن كېتىپ باراتتى. شۇ ھامان يۈگۈرۈپ يېتىشتىم، ماشىنىغا ئاتلاپ چىقىۋالاي دېدىم، لېكىن ئىشىك قۇلۇپلانغانىدى.

ــ ئاچ!ــ دېدىم ــ ئاچ مەتىن، ئىشىك قۇلۇپلىنىپ قاپتۇ! ئاچ، مېنىمۇ ئېلىۋال! توختا دەيمەن! لېكىن ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى، چۈنكى يەنە غەزەپ بىلەن تىللاشقا باشلىغانىدى. ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى ئۇرغىنىمچە، بوغۇلۇپ قالىدىغاندەك ۋارقىراپ، ھاسىراپ يۈگۈرەلىگىنىمچە يانداشىپ يۈگۈرۈپ باقتىم، لېكىن ئۇ چاقلىق جانىۋار ھايال ئۆتمەيلا مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ۋارقىراپــ جارقىراپ كەينىدىن يۈگۈردۈم، نە ماشىنا، نە مەتىن توختىمىدى. چىراقلىرىنى جىممىدە ياندۇرۇپ، ھويلا ۋە باغ-ئاراملىرىنى يورۇتقان ھالدا ۋە ئەگىملەردە تولغىنىپ قايرىلىپ، تاكى تۆۋەن تەرەپلەرگە چۈشۈپ، كۆزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم. ئاندىن توختىدىم، قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

ئويلىدىم.

ئېڭەكلىرىم جاقىلداپ بىر-بىرىگە تېگىشكە باشلىغاندا ئەقلىمگە كەلدى: سېنىڭ پلاستىنكاڭ نىلگۈن، ئاشۇ يەردە قالدى، دۆڭنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە. قايتتىم، ئىسسىناي دەپ ئارقىغاــ دۆڭگە يۈگۈرۈپ چىقتىم، لېكىن كۆينىكىم ئېتىمگە چاپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پايدىسى بولمىدى. پۇتلىرىم ئېرىقچاقلارغا كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. مەن مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويغان دەپ ئويلىغان يەرگە كېلىپ پلاستىنكىنى تاپالماي يەنە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. ھاۋا گۈلدۈرلەپ يورۇپ كەتكەندە، قورقۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، تۇڭلاپ كەتكەنلىكىم

ئۈچۈن تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. نەپىسىم يېتىشمەي قالغاندا بىلىمنىڭ ئاغرىقىنى يەنە ھېس قىلدىم. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۇگۇرۇپ چۈشۈپ چىقىۋاتاتتىم، ماڭدامدا بىر توختاپ قارايتتىم، لېكىن پلاستىنكا يوق تۇراتتى.

كۈن تۇغۇپ ھايال ئۆتمەي پلاستىنكىنى تاپقانغا قەدەر دۆڭدىن پەسكە قانچە قېتىم چۈشۈپ چىققىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ھارغىنلىق ۋە تىترەكتىن ھوشۇمدىن كېتەي دەپ قالغاندا ئۇ ناكەس پلاستىنكا ۋە دەپتەرنىڭ قانچە قېتىم كۆزۈم چۈشۈپ بۇ ئەمەس دەپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆلەڭگىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن چېغىمدا بىرسىنىڭ مەن بىلەن ئويۇن ئوينىغانلىقىنى خىيال قىلدىم: ھەممە نەرسىسىنى يوشۇرۇپ قويغان ۋە ماڭا قول ھاياتنى ياشاتقۇزغان بىرى باردەك قىلاتتى. Best of Elvis نىڭ ھېچقىز ئامېرىكا چىرايىنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈم كەلدى. ئۇنىڭسىزمۇ يامغۇردا خىمىر بولۇپ كەتكەن ئىدى. يەر يۈتسۇن، يەر يۈتسۇن، ھەممىڭنى يەر يۈتسۇن! لېكىن دەسسىۋەتمىدىم، ساڭا بېرىمەن!

بۇگۈنكى تۈنجى ماشىنا، خەلىلنىڭ ئەخلەت ماشىنىسى، دۆڭگە چىقىۋاتاتتى، يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ قىزىل نۇرلىرى كەينىگە چۈشۈپ تۇراتتى، مەن يولدىن باغلارغا كىردىم. مازارلىققا بارىدىغان يولغا چىقتىم، تامنىڭ تۈۋىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، كىچىكىمدە ئانام بىلەن ئۆتىدىغان ئۆچكە يولى بىلەن ماڭدىم. بۇ يەردە مېنىڭ كونا بىر جايىم بار ئىدى، بادام ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا.

ئوتتۇن- چاۋار يىغدىم، قۇرۇقلىرىنى تاپماق تەس بولدى. لېكىن فارۇقنىڭ دەپتىرىدىن بىر قانچە ۋاراق تېپىپ يىرتىۋېدىم ئوتنى تۇتاشتۇرالىدىم. ھېچكىممۇ كۆرمەيدىغان، كۆكۈچ ئىس-تۈتەك چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلىكىمنى، ئىشتىنىمنى سالدىم، يۈتلىرىمدىكى كاۋچۇك كەشلىرىم بىلەن ئوتنىڭ ئىچىگە دېگۈدەك كىردىم، شۇ پېتى تۇردۇم. ئىسسىق ئوت بەك خوشياقتى. ھۆزۈرلىنىپ گەۋدەمگە نەزەر سالدىم، ئاستى تەرەپتىن تەپتى كىلىپ تۇرغان يالقۇنلارنىڭ ئىچىدە قىپيالىڭاچ؛ مەن ھېچنىمىدىن قورقمايمەن! بىر نېمەمنىڭ يالقۇنلارنىڭ ئىچىدە، ئۇ يەردە، ئاشۇنداق تۇرىشىنى تاماشا قىلدىم. گەۋدەم خۇددى باشقا بىر ئەركەكنىڭ گەۋدىسىدەك تۇراتتى: ئاپتاپتا كۆيگەن، ساغلام، چۆيۈندەك، ساداقەتلىك! ئويلىدىم: مەن دېگەن ئەركەك، قولۇمدىن ھەر ئىش كېلىدۇ، مەندىن قورقۇڭلار! تۈكلىرىم يالقۇندا تۈتسۇن، ماڭا بىر ئىش بولمايدۇ. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئوتنى ئۆلگىيتىش ئۈچۈن يالقۇن ئىچىدىن چىقتىم، ئوتۇن- چاۋار ئىزدەۋاتاتتىم، سۆرۈن بىر شامال ئۇرۇلدى، كاسام ئەندىكىپ مۇزلىدى، ئەقلىمگە كەلدى: خوتۇن كىشى ئەمەسمەن، دەيمەن، ھېچقىز ئەمەسمەن: ئۇلار قورقىدۇ. ئويلىدىم. ئوت يېڭىباشتىن يالقۇنلىغاندىن كېيىن، ئىچىگە كىرىپ ھېلىقى بىر نېمەمگە قاراپ

ئويلىدىم: قىلالايدىغان ئىشلىرىمنى، ئۆلۈمنى، قورقۇنچنى، ئوتنى، باشقا دۆلەتلەرنى، قۇراللارنى، بىچارىلەرنى، قۇللارنى، بايراقنى، دۆلەتنى، شەيتاننى، ئىسيانىنى، دوزاقنى.

ئاندىن، پلاستىنكىنىڭ خىمىردەك بولۇپ كەتكەن كارتون قەغىزىنى ئوتقا تۇتۇپ قۇرۇتتۇم. كىيىملىرىمنىمۇ قۇرۇتتۇم، كەيدىم. ئۇلارنى، ھەممىسىنى، ئويلىغاچ قۇرۇقراق بىر بۇلۇڭدا ئۈزىنىپ ياتتىم.

شۇ ھامان ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئويغانغىنىمدا چۈش كۆرگەنلىكىمنى بىلەتتىم، لېكىن چۈشۈمدە نېمە كۆرگەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. ئىسسىق بىر نەرسىدەك. قۇياش خېلى كۆتۈرۈلگەنىدى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، چاپتىم. ۋاقىت يوق بەلكىم. سەل گاڭگىراپ قالغان بولسام كېرەك.

قولۇمدا سېنىڭ پلاستىنكاڭ، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئىلدام-ئىلدام دۆڭدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا، يېنىمدىن ساھىلغا ئالدىراپ كېتىشىۋاتقان يەكشەنبىلىك كىشىلەر توپىنىڭ غەلىتە ماشىنىلىرى يېنىمدىن ئۆتۈشىۋاتاتتى. ئۆيدىكىلەردىن ھېچكىم كۆرمىدى: نە دادام، نە ئانام كۆرۈنمەيتتى. پەردىلەرنى قايرىۋېتىشكەن ئىدى. تاھسىنلار يامغۇردىن كېيىن قۇرتلاپ كەتمىسۇن دەپ، ئالدىراش گىلاس يىغىۋاتاتتى. مەھەللىگە كىرگەندە، 500 لىرانى پارچىلاتتىم؛ يەكشەنبە كۈنلىرى بۇ يەردىكى دۇكانلار ئوچۇق بولىدۇ. بىر كېسىم بولكا بىلەن چاي بۇيرۇتتۇم. چاي ئىچكەچ يانچۇقىمدىن تارغاقلارنى چىقىرىپ قارىدىم: بىرى يېشىل، يەنە بىرى قىزىل. ئالالاھ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

ھەممە گەپنى دېيمەن. ھەممىنى سۆزلەپ بەرسەم جىنايەت ۋە گۇناھ ئايدىڭلىشىدۇ. ھېچنىمە چۈشۈپ قالمايدۇ. مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىپ قالىسەن نىلگۈن. سەن، تامامەن باشقىچە بىر ئادەم ئىكەنسەن ئەسلىدە، دەپ قالىسەن، قۇل ئەمەسمەن. قاراڭلارچۇ ماڭا، خالىغان ئىشىمنى قىلىۋاتىمەن، يانچۇقۇمدا 500 لىرانىڭ ئاشقىنى، ئۆز-ئۆزۈمنىڭ خوجايىنىمەن، خوجايىن ئەپەندىسى! ساھىلغا كېتىپ بارىسىلەر، قولۇڭلاردا دېڭىز توپلىرى، سومكىلار بار، پۇتۇڭلاردا غەلىتە ساپما كەشلەر، يېنىڭلاردا ئەرلەر، باللار، سىلەر بايقۇشسىلەر! چۈشەنمەيۋاتىسىلەر! قاراۋاتىسىلەر، لېكىن كۆرەلمەيۋاتىسىلەر؛ ئويلاۋاتىسىلەر، لېكىن بىلمەيۋاتىسىلەر! مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، كىم بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيۋاتىسىلەر؛ چۈنكى كورلاردىنمۇ بەتتەر ئۇلار: يىرگىنىشلىك! ساھىلغا ماڭغان، ھۇزۇر-ھالاۋەتكە دۇم چۈشكەن، يىرگىنىشلىك كىشىلەر! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا يولغا باشلاش، دېمەك ماڭا قاپتۇ. قاراڭلار ماڭا: مېنىڭ بىر زاۋۇتىم بار! ماڭا قاراڭلار: مېنىڭ بىر قامچام بار! خوجايىنىمەن، كاتتا خوجايىن. سىم توساقلارنىڭ ئارىسىدىن كىشىلەر مىغىلداپ تۇرغان

ساھىلغا قارىدىم ۋە سىزنى نىلگۈن خانىم، ئۇ كىشىلەر توپى ئارىسىدا كۆرەلمىگەندىن كېيىن ئەقلىمگە كەلدى. چۈنكى، مۇستافامۇ كەلمەيتۇ دەپ ئويلىدىم.

ماڭدىم، ئۆيىڭىزگە كېتىپ بارىمەن. بىر ئەپەندىم كەپتۇ، دەيدۇ پاپا، مېنى كۆرۈپ، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، نىلگۈن خانىم. شۇنداقمۇ، دەيسەن، سالاپەتلىكمىكەن، ئۇنداق بولسا ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاڭ رەھمەت ئەپەندى، مەن ھازىرلا كىرىمەن. كېتىۋاتقاچ، بەلكىم نىلگۈن، ئەمدى ئۆيدىن چىققاندۇ، يولدا ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراۋاتاتتىم، لېكىن سىزنى ئۇچراتمىدىم ھۆرمەتلىك خانىم. ھويلىڭىزنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختاپ قارىدىم: مەن كېچىدە، يامغۇردا كىمنىڭ بىر ئەخمەق ۋە كور قۇلغا ئوخشاش دۆڭگە ئىتتىرىپ چىقارغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ماشىنا ھويلىڭىزدا يوق تۇراتتى. «ئانادول» نەدە؟ ئويلىغاچ ئىشىكتىن كىردىم ۋە پەلەمپەيلىك چوڭ ئىشىككە ئەمەس، ھېچكىمنى ئاۋارە قىلغۇسى كەلمەيدىغان بىر سالاپەتلىك ئەپەندى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاشخانا ئىشىكىگە قاراپ ماڭدىم. ئەنجۈرنىڭ سايىسى، تامنىڭ تاشلىرى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. چۈشكە ئوخشاش. ئاشخانا ئىشىكىنى چەكتىم، بىردەم كۈتتۈم: سىز بۇ ئۆينىڭ مالىيىمۇ، دەيمەن، رەھمەت ئەپەندى، بۇ پلاستىنكا بىلەن بۇ يېشىل تارغاق، بۇ ئۆيدە تۇرىدىغان بىر گۈزەل خانىمنىڭغۇ دەيمەن، بۇرۇن ئازراق تونۇيتتۇم، قىسقىسى، ھازىر بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، دەيمەن، ئۇلارنى قويۇپ قويغىلى كېلىۋىدىم، باشقا ھېچبىر نىيىتىم يوق. بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن ئويلىدىم: رەھمەت تاغا بازارغا كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆيدە يوق. بەلكىم ئۆيدە ھېچكىم يوق! چۈشتەك، شۇنداق، شۈركۈنۈپ كەتتىم!

تۇتقۇچىنى بېسىۋىدىم ئاشخانا ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى. مۈشۈكتەك غىپپىدە ئاشخانىغا كىردىم. ياغ پۇراپ تۇراتتى، ئېسىمگە كەلدى. ھېچكىم يوق ئىدى ۋە پۈتۈمدا كاۋچۇك كەشىم بولغاچقا، كۈپنىڭ يېنىدىن تولغىشىپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتكەن پەلەمپەيلەردىن چىققان چېغىمدا ھېچكىم تۇيمىدى. چۈش ئىچىدە كىرىپ يۈرگەن بىر كۆلەڭگىمەن شۇ تاپتا ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن بەلكىم چۈش دەپ قىلىۋاتقان چېغىم دەپ ئويلىدىم، چۈنكى پۇراۋاتقاندا ئەقلىمگە كەلدى: دېمەك، ئۆيلىرىنىڭ ئىچى مۇشۇنداق پۇرايدىكەن دەۋاتاتتىم: ھەقىقەتەن بىر ئۆيدەك! مەن كەلدىم دېيمەن.

ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىققاندا، يېپىقلىق ئىشىكلەرنىڭ بىرىنى ئاستا ئاچتىم. قارىدىم: شۇ ھامان تونۇدۇم يىرگىنىشلىك گەۋدىسىنى: مانا مەتىن، يوتقانغا چۈمكىلىپ ئۇخلاۋاتىدۇ! ئىككى مىڭ لىرا قەرز ماڭا، دەپ ئويلىدىم ۋە خۇدا يوق، دېدى دەپمۇ ئويلىدىم. ئۇنى بوغۇۋەتسەم ھېچكىم بىلمەيدۇ. توختىدىم، ئويلىدىم: بارماق ئىزى قالىدۇ. ئىشىكنى ئاستا ياپتىم ۋە ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن يەنە بىر ئۆيگە كىردىم.

ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى شىشىدىن ۋە قالايمىقان كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان يوغان ئىشتاندىن بىلدىم: فارۇقنىڭ ھوجرىسى بۇ. ئۇ يەردىمۇ چىقتىم ۋە ھېچ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقىنىمدا، ئەندىككەن ھالدا تامدىكى دادامنى كۆردۇم گويا؛ ئاجايىپ ئىش، دادام ساقاللىق ئىدى، جاھازىنىڭ ئىچىدىن ماڭا گويا غەزەپ بىلەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەندەك قاراپ تۇراتتى ۋە ئاھ، ئىست، سەن ئۈچىغا چىققان بىر كالۋا ئىكەنسەن، دەۋاتاتتى. قورقتۇم. كېيىن، خىرىلدىغان قېرى خوتۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تامدىكىنىڭ ۋە ئۆيدىكىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ــ كىم ئۇ؟

لېكىن، يەنىلا، ئىشىكنى بىردەم ئېچىپ قاربدىم ۋە پۇرۇش ــ پۇرۇش يوتقاننىڭ ئارىسىغا چۈمكەلگەن، پۇرۇش-پۇرۇش چىرايىنى ۋە يوغان قۇلاقلارنى كۆرۈپ ئىشىكنى دەرھال ياپتىم.

ــ رەجەپ، سەنمۇ رەجەپ؟

تېنىش چىقارماي يۇگۇرۇپ ئەڭ چەتتىكى ئۆينىڭ تۆۋىگە باردىم ۋە ئىشىكنىڭ ئالدىدا تىترىگىنىمچە كۈتۈپ تۇرغان چېغىمدا يەنە ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ؛

ــ رەجەپ، ئۇ سەنمۇ؟ ساڭا دەۋاتىمەن رەجەپ، كىم ئۇ؟

شۇ ھامان ئۆيگە كىردىم ۋە ھەيران قالدىم: سىزمۇ ھوجرىڭىزدا يوقكەنسىز نىلگۈن خانىم! بوش كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان ياپقۇچنى ئېچىپ ھىدىنى پۇرىدىم ۋە ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن دەرھال يېپىپ قويدۇم، چۈنكى ئۇ قېرى ئاۋاز، خۇددى مېنى مالتىلىمىسۇن دېگەندەك يەنە ۋارقىراۋاتاتتى.

ــ كىم ئۇ، دەۋاتىمەن. كىم بار ئۇ يەردە رەجەپ؟

ياستۇقنىڭ ئاستىدىن كىچىكلىك كىيىمنى ئېلىپ پۇرىدىم: لاۋانتا ۋە نىلگۈننىڭ ھىدى كەلدى. ئاندىن خۇددى پۇرىۋالمىغاندەك قاتلاپ، ياستۇقنىڭ ئاستىغا قويدۇم ۋە پلاستىنكا بىلەن تارغاقنى قويۇپ قوياي دەپ ئويلىدىم: مۇشۇ يەرگە، كارىۋىتىڭىنىڭ ئۈستىگە نىلگۈن، قويۇپ قويىمەن، قويۇپ قوياي. تارغاقلارنى بۇ يەردە كۆرگەن چېغىڭدا چۈشىنىپ قالىسەن نىلگۈن: نەچچە كۈندىن بېرى يېپىگدە يۈردۇم، سېنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن قويۇپ قويمىدىم؛ چۈنكى قويۇپ قويغان بولسام، ھەممە ئىش تۈگەيدىغان قىلاتتى؛ مەنمۇ تۈگىسۇن بوپتۇ، دەپ تۇراتتىم، ھەممە ئىش، لېكىن يەنە تۇۋلاۋاتاتتى:

ــ رەجەپ، ساڭا دەۋاتىمەن رەجەپ!

ئۆيدىن دەرھال چىقتىم، چۈنكى ئاستا تىرىقشىغان ئاۋازدىن بىلگەنىدىم، مومىسى كارىۋىتىدىن تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. پەلەمپەيدىن ئىتتىك چۈشۈۋېتىپ، كەينىمدىن، ئىشىكنى ئاچقانلىقىنى ۋە ھاسىسى بىلەن يەرنى تېشىۋېتىدىغاندەك ئۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ـ رەجەپ دەۋاتىمەن، رەجەپ!

غىپ قىلىپ ئاشخانىغا كىردىم، چىقىپ كېتىشۋېتىپ توختىدىم: بۇنداقلا بولدى قىلمايمەن. ئوچاقنىڭ ئۈستىدە، ئاستىدىن سۇس ئوت كۆيۈپ تۇرغان بىر كورا تۇراتتى. ئوچاقنىڭ قۇلىقىنى تولغىدىم، ئوت ئۆلغايدى. ئاندىن يەنە بىر تەرىپىنىمۇ تولغىدىم. چىقتىم، ئويلىدىم: ئىش چالا قالدى.

ھەرقانداقىغا پەرۋايىم پەلەك دەپ ئويلىغاچ ئىلدام-ئىلدام ماڭدىم ۋە ساھىلغا كېلىپ، پەرەز قىلغىنىمدەك، سىم توساقلارنىڭ ئارىسىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىچىدە، بۇ قېتىم كۆردۇم سىزنى، ئەنە تۇرۇپسىز، نىلگۈن خانىم! تارغىقىڭىز بىلەن پلاستىنكىڭىزنى بېرىۋېتەي، تۆگىسۇن بۇ ئىش! مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن. بەدىنىنى قۇرۇتۇۋاتاتتى. دېمەك، باياتىن دېڭىزدا ئىدىڭىز. مۇستافا يوق، كەلمەپتۇ. ئويلىدىم.

بىردەم ساقلاپ بېقىپ باققالنىڭ دۇكىنىغا باردىم. باشقا خېرىدارلار بار ئىدى.

ـ «جۇمھۇرىيەت»تىن بىرنى ئېلىۋېتە!ـ دېدىم.

ـ يوق!ـ دېدى باققال چىرايىنى قىپقىزىل قىلىپ تۇرۇپـ ئەمدى ساتمايمىز.

بىر نىمە دېمىدىم. بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن سىزمۇ، نىلگۈن خانىم ساھىلدىن كەلدىڭىز ۋە ھەر كۈندىكىدەك سورىدىڭىز:

ـ «جۇمھۇرىيەت»تىن بىرنى بېرىڭە.

لېكىن، ـ يوقـ دېدى باققالـ ئەمدى ساتمايمىز.

ـ نېمىشقا؟ـ دېدىڭ سەن نىلگۈنـ تۈنۈگۈن ساتقان ئىدىڭىزغۇ؟

باققال تۇمشۇقى بىلەن مېنى كۆرسىتىۋېدى ماڭا قارىدىڭ: قاراشتۇق: چۈشەندىڭمۇ، چۈشەندىڭمۇ، چۈشەندىڭمۇ مېنى؟ ئاندىن: ھازىر، ئەدەپلىك بىر ئەپەندىدەك ساڭا سەۋرچانلىق بىلەن ئالدىرىماي ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، دەپ ئويلىدىم. سىرتقا چىقتىم، پلاستىنكا ۋە تارغاقلار تەييار، ساقلىدىم. بىردەمدىن كېيىن سەنمۇ چىقتىڭ. ھەممىنى، ھەممە ئىشنى، ھەممىنى ئاڭلىتىمەن، بىلىپ قالىسەن.

ـ بىردەم پاراڭلاشساق بولامدۇ؟ـ دېدىم.

ھەيران قالدى، توختىدى ۋە ماڭا لاپپىدە قارىدى، ئاھ، ئۇ گۈزەل چىراي! پاراڭلىشىدىغان بولدى دەپتىمەن، ھاياجانلاندىم، لېكىن يۈرۈپ كەتتى! شەيتاننى كۆرگەندەك قېچىپ كەتتى. شۇ ھامان كەينىدىن چاپتىم، يېتىشتىم، ھېچكىمگە پەرۋا قىلماستىن:

ـ ئۆتتۈنۈپ قالاي نىلگۈن!ـ دېدىمـ بىر قېتىم بولسىمۇ گېپىمگە قۇلاق سال!

شاپپىدە توختىدى. چىرايىنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كۆزلىرى نېمە دېگەن چىرايلىق!

ــ بوپتۇ، ــ دېدى، ــ نېمە گېپىڭ بولسا تېز ئېيت!

ھەممە گەپنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم: ئېسىمگە ھېچنېمە كەلمىدى: خۇددى يېڭىلا تونۇشقاندەك، دېگۈدەك ھېچ گەپ يوقتەكلا. ئاندىن، ئاخىرقى بىر ئۈمىد بىلەن:

ــ بۇ پلاستىنكا سېنىڭ ئەمەسمۇ؟ ــ دېدىم.

پلاستىنكىنى ئۇزاتتىم، لېكىن قولىغا ئېلىپمۇ قويمىدى!

ــ ياق، ــ دېدى، ــ ئەمەس!

ــ سېنىڭ، بۇ پلاستىنكا سېنىڭ نىلگۈن! ئوبدان قارا. ھۆل بولغاچ تونۇيالمىدىڭ! ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، يېڭىلا قۇرۇتۇپ قويغانىتىم.

ئېڭىشىپ قارىدى، ــ ياق. مېنىڭ ئەمەس بۇ! ــ دېدى، ــ سەن مېنى باشقا بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىسەن.

كېتىپ باراتتى، يۈگۈرۈپ بېرىپ بىلىكىدىن تۇتتۇم.

ــ قويۇۋەت! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ نېمدەپ ھەممىڭلار ماڭا يالغان ئېيتىسلەر؟

ــ قويۇۋەت!

ــ نېمشقا مەندىن قاچىسلەر؟ مەندىن بىر سالامنىمۇ ئاياپ كېتىۋاتىسەن! مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم، ئېيتە! مەن بولمىغان بولسام ئۇلار سېنى شۇ تاپقىچە نېمە قىلىۋېتەتتى بىلەمسەن؟ ــ ۋارقىراۋاتاتتىم.

ــ كىم ئۇلار؟ ــ دېدى.

ــ نېمشقا يالغان ئېيتىسەن؟ خۇددى بىلمەيدىغاندەك. نېمشقا « جۇمھۇرىيەت» ئوقۇيسەن؟

تۈزۈك بىر جاۋاپ بېرىشىنىڭ ئورنىغا چارەسىز كۆزلىرى بىلەن ئۈمىدسىزلەرچە يادەم تىلەپ ئەتراپىغا قاراۋاتاتتى. مەن شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى بىر ئۈمىد بىلەن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن گەپ قىلدىم ۋە بىلىكىدىن تۇتتۇم:

ــ مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى بىلەمسەن؟

تۇيۇقسىزلا قولۇمدىن سىيرىلىپ يۈگۈرىدىغاندەك سەكرەپ قېچىشقا ئۇرۇندى، لېكىن قېچىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيتتى! يۈگۈردۈم، ئىككى سەكرەپلا يارىلانغان چاشقاننى تۇتۇۋالغان مۈشۈكتەك، كىشلەرنىڭ ئارىسىدا ئىنچىكە بىلەكلىرىدىن شۇنداق چىڭ چىرايلىق تۇتۇۋالدىم. توختا دېيمەن! شۇنچىلىك ئىش. تىترەۋاتاتتى. سۆيۈۋالغۇم كەلدى، لېكىن ھازىر مەن دېگەن بىر ئەپەندى، ئۇنى گۇناھىنى بويىنىغا ئالدى دەپ پۈرسەتپەرەسلىك قىلسام ياراشمايدۇ: مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىمەن. قارا، كىشلەرنىڭ ھېچقايسىسى يادەمگە

كەلمىدى، چۈنكى خاتالىقنىڭ سەندە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھە، ئەمدى ئېيتە قېنى، نېمىدەپ مەنــدىن قاچىســەن، ئېيــتە، مەنــدىن يوشــۇرۇپ، ھەممىڭــلار بىرلىشــىپ نــېمە ئويــۇن ئويناۋاتقانلىقىڭلارنى سۆزلە، ھەممە ئادەم ئاڭلىسۇن ۋە مېنى ئەيىپلەش ئۈچۈن خاتا چۈشىنىپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنمىسۇن. مۇستافا بۇ يەردىمۇ؟ مەن، گويا ھەممەيلەننىڭ ماڭا چاپلىغـان تـۆھمىتى، ئـۇ ئىشەنگۈسـىز چۈشـىنىڭ تـۈگمەس قورقـۇنچلىرى ھـازىرلا ئاخىرلىشىدۇ دەپ، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى كۈتۈپ تۇراتتىمكى تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى:

ــ ساراڭ فاشىست، مېنى قويۇۋەت!

مانا شۇنداق قىلىپ باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولدى. مەن دەسلەپتە بەك ھەيران قالدىم، لېكىن كېيىن ئۇنى دەرھال، شۇ يەردىلا جازالاش قارارىغا كەلدىم ۋە تازا ئۇرۇپ جازاغا تارتتىم.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

ئـۇرۇپ قاچقاننىـڭ ھەسـەن ئىكەنلىكىنـى ۋە يەردە ياتقاننىـڭ نىلگـۈن ئىكەنلىكىنـى بىلگەندىن كېيىن مەن: نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، تېز بول رەجەپ، چاپ! تـور خـالتىلىرىمنى تاشلاپ يۈگـۈردۈم، يۈگـۈردۈم مەن، يېتىشتىم.

ــ نىلگۈن ــ دېدىم ــ نىلگۈن، قانداقراق قىزىم؟

كارىۋېتىدا ياتقاندەك سۇنايلىنىپ ياتاتتى، بېشىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئاسفالتقا يۈزىنى قىلىپ تىترەۋاتاتتى. خۇددى جېنىنىڭ ئەمەس، روھىنىڭ ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ كېتىۋاتقاندەك، ۋە بۇ سەۋەپتىن ۋارقىرىغۇسى كەلمەي ئىڭراۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــنىلگۈن، نىلگۈن ــ دېدىم، مۈرىسىدىن تۇتتۇۋالغان ئىدىم.

يەنە بىـردەم يىغلىـدى ۋە تىتـرىدى. ئانـدىن ئىڭـراپ ئەمەس، غەزەپ بىـلەن ۋە ئىچـى سـىقىلىپ بىرسـىنى سىلكىشـلىمەكچى بولغانـدەك ۋە بىـر ئـاز پۇشـايمان ئوتىـدا يانغانـدەك مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئاسفالتنى ئۇرۇشقا باشلىدى. تۇتتۇم.

تۇتۇشۇمغا، نىلگۈن چۆشەنمەي كەلگەن بىر ئىشنى گويا تـۈنجى قېتىم چۈشىنىپ يەتكەنـدەك ۋە كۆرگەنـدەك بولـدى: سـۈندۈكلىرى بۇلـۇڭلاردىن چىقىــپ بېشــىمىزغا يىغىلىۋالغــانلارنى، ۋارقىرىشــىپــ جارقىراشــقانلارنى، ئوبــدانىراق كــۆرۈۋېلىش ۋە يەنە نېمىلەرنىـدۇر دەۋېلىش ئۈچـۈن بىـر-بىرىنىـڭ مـۈرىلىرى ئارىسىدىن ھەيرانلىـق، قورقـۇنچ چىقىپ تۇرغان باشلىرىنى ئۈزىتىۋاتقانلارنى كـۆردى ۋە خىجىـل بولـۇپ كەتتـى. ئورنىـدىن تـۇرۇش ئۈچـۈن ماڭـا ئېسـىلدى. قـانلىق يـۈزىنى كـۆردۈم مەن. ۋاي خـۇدايىم. بىـر ئايـال چىرقىرىۋەتتى.

ــ ماڭا يۆلەن جېنىم، يۆلەن.

ئورنىدىن تۇردى، يۆلەندى. قولياغلىقىمنى بەردىم.

ــ بۇ يەردىن كېتەيلى، ئۆيگە كېتەيلى.

ــ قانداقراق تۇرىسەن؟

ــ تاكسى كەلدى ــ دېدى ــ بىرى ــ چىقىڭلار.

يــول بېرىشــتى، ماشــىنىغا چىقىۋاتــاتتۇق، بىــرى تــور خــالتىلىرىمنى ۋە نىلگۈنىنــىڭ سومكىسىنى ئۈزاتتى ۋە بىر بالىمۇ:

ــ بۇ ئاچاشنىڭ بۇــ دېدى، پلاستىنكىنى بەردى.

ــ دوختۇرخانىغىمۇ؟ــ دېدى شوپۇرــ ئىستانبۇلغىمۇ؟

ــ ئۆيگە كەتكۈم بار!ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ھېچبولمىسا ئاۋۋال دوربخانىغا بارايلى!ــ دېدىم مەن.

بىر نېمە دېمىدى. دوربخانىغا بـارغۇچە گەپ قىلمىـدى، تىترىـدى ۋە تـۇرۇپ-تـۇرۇپ، ئۆزىگە قانچىلىك جان كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كـۆزىگە يـېقىن تۇتـۇپ تۇرغان قولياغلىقىقا ئىپادىسىز ۋە بىپەرۋا ھالدا قاراپ قويدى.

ــ بېشىڭنى مۇنداق تۇت!ــ دېدىم، چاچلىرىنى ئوڭشىدىم.

دوربخانىـدا يەنە كامـال بەينىـڭ ئـۆزى ئەمەس، چىرايلىـق ئايـالى بـار ئىـدى، رادىيـو تىڭشاۋاتاتتى.

ــ كامال بەي يوقمۇ؟ــ دېدىم.

ئـۇ ئايـال نىلگـۈننى كـۆرۈپ ۋارقىرىـۋەتتى. ئانـدىن دۇكانىنىـڭ ئىچىـدە پايپاسلاشـقا باشلىدى، بىر تەرەپتىن گەپ سورايتتى، لېكىن نىلگۈن ئۈلتۈردى، گەپ قىلمىدى. ئـاخىرى كامال بەينىڭ ئايالىنىڭمۇ ئاغزى بېسىقتى ۋە پاختا ۋە دورىلار بىلەن نىلگۈنىنىـڭ يۈزىـدىكى يارىلارنى تازىلاشقا باشلىدى. مەن كەينىمنى قىلىۋالدىم، كۆرمىدىم.

ــ كامال بەي يوقمۇ؟ــ دېدىم.

ــ دورىگەر دېگەن مەن!ــ دېـدى ئايـالىــ ئـۇنى نـېمە قىلاتتىـڭ؟ ئـۇ يۇقىرىـدا! ئـاھ، گۈزەلىم، نېمە بىلەن ئۇردى سېنى مۇنچىۋېلا؟

شۇ ئارىدا ئىچىلغان ئىشىكتىن كامال بەي كىردى. كۆرۈپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن خۇددى مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك غەزەپ بىلەن قارىدى.

ــ نېمىشقا بۇنداق بولدى؟ــ دېدى.

ــ ئۇرۇشتىــ دېدى نىلگۈنــ دۇمباللىدى.

ــ ئاھ خۇدا!ــ دەپ ۋارقىرىدى دورىگەر ئايالــ نېمە بوپ كەتتۇق بىز، نېمە بولدۇق.

ــ كىم بىز؟ــ دېدى كامال بەي.

ــ بۇنى كىم قىلغان بولسا...دېدى ئايالى.

ــ فاشىستــ دەپ غۇدۇرىدى نىلگۈن.

ــ گەپ قىلما، سەن گەپ قىلما ھازىرــ دېدى ئايالــ جىم ئولتۇر.

لېكىن كامال بەي ئۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەندى. سەت بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك ياكى ئەسلەپ قالغاندەك. ئاندىن تۇيۇقسىزلا رادىيوغا قولىنى ئۇزاتتى ۋە ئايالىغا ۋارقىرىدى: رادىيونى نېمدەپ بۇنچە چىلك قويۇۋالىسەن؟

رادىيو ئۆچۈۋېدى، دۇكان خۇددى بىردىنلا قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى ۋە ئازاپ ۋە خىجىللىق ۋە جىنايەت لەيلەپلا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئويلىغۇم كەلمىدى.

ــ ئۆچۈرىۋەتمەڭ ــ دېدى نىلگۈن ــ قويۇپ بېرەمسىز؟

كامال بەي رادىيونى قويدى ۋە مەن ئويلىمىدىم. ھەممىمىز جىم بولدۇق. ئايال ئىشنى تۈگىتىپ،

ــ ئەمدى ئۇدۇل دوختۇرخانىغا! ــ دېدى ــ خۇدايىم ساقلىسۇن، ئىچكى ئەزالار جاراھەتلەنگەن بولىشى مۇمكىن. بېشىغىمۇ بەك جىق ئۇرىۋېتىپتۇ، مېڭىسىدە بىر نەرسە...

ــ ئاكام ئۆيدىمۇ رەجەپ؟ ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ياق ــ دېدىم ــ ماشىنىسىنى رېمونت قىلدۇرغىلى كەتتى.

ــ دەرھال بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ مېڭىڭلار ــ دېدى ئايال ــ يېنىڭدا پۇل بارمۇ رەجەپ بەي؟

ــ مەن بېرەي ــ دەۋاتاتتى كامال بەي.

ــ ياق ــ دېدى نىلگۈن ــ ھازىر ئۆيگە كەتكۈم بار. ئورنىدىن تۇرغىچە ئىڭراپ سالدى.

ــ توختاپ تۇر ــ دېدى دورىگەر خوتۇن ــ ساڭا ئاغرىق توختىتىدىغان ئوكۇلدىن بىرنى ئۇرۇپ قوياي.

نىلگۈن ئۈندىمىۋېدى ئۇنى ئىچكە ئەكىردىم. بىز كامال بەي بىلەن جىم تۇردۇق. دەرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتاتتى، تاڭ ئاتقۇچە قاراپ چىقىدىغان مەنزىرىگە: قارشى تەرەپتىكى تېز تاماقخانىنىڭ ئەينەك تېمى، كوكا-كولا ئېلانى، لامپا ۋە دۆنەرلىك ساندۇچلار. بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن:

ــ يەكشەنبە كەچتە كەلدىم، ئاسپىرىن ئالدىم، ــ دېدىم ــ ئۇخلاۋېتىپتىكەنسەن. شۇكۈنى ئەتىگەندە بېلىق تۇتقىلى چىقىپسەن.

ــ ھەممە يەردە بۇ ئىش ــ دېدى ــ ئادەم نەگىلا بارسا ياقىسىدىن ئېسىلىدىغان.

ــ نېمە؟

ــ سىياسەت.

ــ بىلمەيدىكەنمەن ــ دېدىم.

ئاندىن يەنە بىردەم سىرتقا قارىدۇق. ساھىلغا كېتىپ بارغان يەكشەنبىلىك كىشىلەر توپىغا. ئۇلار كەلدى. ئۆرۈلۈپ قاراپ نىلگۈننىڭ چىرايىنى كۆردۈم: بىر كۆزى ئېتىلىپ قالاي

دەپتۇ ۋە ياڭقىنىڭ ئىككى تەرىپى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. كامال بەينىڭ ئايالى دوختۇرخانىغا بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى، لېكىن نىلگۈن ئۈنىمىدى، لېكىن ئۇ يەنە شۇنداق دېدى ۋە كېيىن، تاكسى چاقىر، دېدى ئېرىگە، لېكىن،

ــ ياق، ــ دېدى نىلگۈن، سومكىسىنى ئالدى، ــ پىيادە ماڭايلى، سەگىپ قالارمەن، ئۆيىمۇ يېقىنلا يەردە.

يېنىمىزدىكىلەر تېخىچە سۆزلەۋاتاتتى، مەن تور سومكامنى، خالتىلىرىمنى ئالدىم، بېرىپ نىلگۈننى قولتۇقىدىن يۆلىدىم. خۇددى ئەجداتىدىن قالغان بىر ئادەتتەك ماڭا يېنىك يۆلەندى. ئىشىكنى ئاچتۇق، قوڭغۇراق جىرىڭلىدى، چىقىۋاتاتتۇق.

ــ سەن ئىنقىلابچىمۇ؟ــ دېدى كامال بەي.

يارىلانغان بېشىنى لىڭشىتىپ، «ھەئە» دەپ ئىشارەت قىلدى نىلگۈن ۋە كامال بەي تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى ۋە تۇتالمىدى.

ــ قانداق بىلىپ قالدى؟

ــ باققالدىن ئالغان گېزىتلەردىن!

ــ ھە!ــ دېدى كامال بەي، ئارام تاپقاندەك، لېكىن بەكرەك خىجىل بولغاندەك ۋە ئاندىن تېخىمۇ بەك خىجىل بولۇپ كەتتى، چۈنكى شۇ چاغدا چىرايلىق ئايالىمۇ،

ــ قانداق!ــ دەۋاتاتتى، ــ مەن ساڭا دېمىدىممۇ كامال...

ــ ئاغزىڭنى يۇم!ــ دەپ بىردىنلا ۋارقىرىدى كامال بەي. قارىماققا خىجىل بولۇشتىن زېرىككەندەك قىلاتتى.

نىلگۈن بىلەن بىز سىرتقا ئاپتاپقا چىقتۇق.

ــ ماڭا ئوبدان يۆلەن جېنىم، ــ دېدىم، ــ سومكاڭنىمۇ بەر.

ھېچكىمگە كۆرۈنمەي چوڭ يولدىن ئۆتتۇق، ئۇدۇلدىكى كوچىغا كىردۇق، رەڭگارەڭ سۇ ئۈزۈش كىيىملىرى، لۆڭگىلەر ئېسىغلىق تۇرغان بالكونلار ۋە ھويلىلارنىڭ ئارىسىدىن ماڭدۇق. تېخىچە ناشتىلىق قىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى، لېكىن بىزگە قارىمايۋاتاتتى. كېيىن ۋەلسىپىتلىك بىر ياش ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىدى، لېكىن ئۇ ياردار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەن پاپا بولغانلىقىم ئۈچۈن قارىدى؛ قاراشلىرىدىن بىلدىم. ئاندىن كىچىك بىر قىز پۇتلىرىدىكى سۇ ئۈزۈش ئۆتۈكى بىلەن ئالدىمىزدىن ئۆردەكتەك ئۆتۈپ كەتتى ۋە نىلگۈننى كۈلدۈرىۋەتتى.

ــ كۈلسەم بۇ يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ، ــ دېدى ۋە تېخىمۇ بەك كۈلدى ۋە، ــ سەن نېمىشقا كۈلمەيسەن رەجەپ؟ــ دېدى، ــ نېمىشقا بۇنداق ئېغىر ـ بېسىقسەن؟ دائىم جىددى تۇرىسەن، جىددى ئادەملەردەك گالستۇك تاقىۋالسەن. كۈلۈپ باقە.

زورلاپ كۈلۈشۈمگە،

ــ ھە... سىنىڭمۇ چىشلىرىڭ باركەن ــ دېدى ۋە مەن خىجىل بولدۇم ۋە تېخىمۇ بەك كۈلۈپ كەتتىم، لېكىن يەنە جىمىپ قالدۇق ۋە ئاندىن يىغلىدى ۋە ئۇنى يىغلىغىنىنى ماڭا كۆرسەتكۈسى كەلمەس دەپ ئويلىدىم، قارىمىدىم، لېكىن تىترەشكە باشلىۋىدى بەزلەپ قويالاي دېدىم.

ــ يىغلىما جېنىم، يىغلىمساڭچۇ.

ــ قاراپ تۇرۇپ ــ دەۋاتاتتى ــ خۇددى كالۋادەكلا، بىكاردىن بىكار...كالۋاكەنمەن، بىر كىچىك بالىدىن...

ــ يىغلىما، يىغلىما.

توختىدۇق: چاچلىرىنى تۈزەشتۈردۇم. ئاندىن ئەقلىمگە كەلدى: ئادەمنىڭ يالغۇز قىلىپ يىغلىۋالغۇسى كېلىدۇ. قويۇپ بەردىم. كوچىغا قارىدىم. بىر بالا ئۇدۇلدىكى بالكوندىن قىزىقسىنىپ ۋە قورقۇمسىراپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنى مېنى يىغلاتتى دەپ ئويلاۋاتقاندۇر. بىردەمدىن كېيىن نىلگۈن جىمىپ قالدى، قارا كۆزەينىكىنى سورىدى، سومكىسىدا ئىكەن، چىقاردىم، بەردىم. تاقىۋالدى.

ــ ياراشتى ــ دېدىم. كۈلدى.

ــ مەن چىرايلىقمۇ؟ ــ دېدى ۋە مەن جاۋاپ بەرگۈچە ــ ئانام چىرايلىقمىدى؟ ــ دېدى ــ ئانام قانداقراقتى رەجەپ؟

ــ سەنمۇ چىرايلىق، ئاناڭمۇ چىرايلىقتى.

ــ قانداقتى ئانام؟

ــ ياخشى ئايالتى ــ دېدىم.

ــ قانداق ياخشى؟

ئويلىدىم: ھېچكىمدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايتتى، ھېچكىمگە ئېغىرىنى سالمايتتى، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى: كۆلەڭگىدەك: مۆشۈكتەك، دەيتتى چوڭ خانىم: ئېرىنىڭ كەينىدە: لېكىن كۈلەتتى، قۇياشتەك، لېكىن كەمتەر. شۇنداق: ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى.

ــ ساڭا ئوخشاش ياخشى ــ دېدىم.

ــ مەن ياخشىمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە.

ــ كىچىك چېغىمدا قانداقتىم؟

ئۆيلىدىم: ھويلىدا شۇنداق چىرايلىق ئويناپتىتىڭلار. ئىككى كىچىك قېرىنداش. فارۇق بەك چوڭتى، قېتىلمايتتى. دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا چېپىپ يۈرەتتىڭلار. كېيىن ئۇمۇ ئۆيىدىن كېلەتتى، سىلەرگە قېتىلاتتى. ئۇنى پەقەت چەتكە قاقمايتىڭلار. مەن ئاشخانىنىڭ دەرىزىسىدىن ئاڭلاپ تۇراتتىم: مۆكۈ-مۆكۈلەك ئوينامدۇق؟ ماقۇل سانىشايلى. سەن سانا ئاچا: ئەنا مەنا دوسى، دوسى ساكلامبوسى، ساكلامبوس...ۋە تۆيۇقسىزلا،

ــ سەن فرانسۇزچە بىلەمسەن نىلگۈن؟ــ دەيتتى ھەسەن.

ــ كىچىك چېغىڭدىمۇ مۇشۇنداقتىڭ ــ دېدىم.

ــ قانداقتىم؟

ئاندىن مەن تاماقنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىغا قاراپ توۋلايتتىم: چوڭ خانىم، تاماق تەييار بولدى، دەيتتىم ۋە چوڭ خانىممۇ دەرىزىنى ئېچىپ پەسكە قاراپ توۋلايتتى، نىلگۈن، مەتىن، بولۇڭلار تاماق يەڭلار، دەيتتى، قېنى سىلەر، يەنە يوققۇ رەجەپ، نەدە ئۇلار؛ ئەنە، چوڭ خانىم، ئەنجۈرنىڭ تۈۋىدە، دەيتتىم ۋە چوڭ خانىم بوينىنى سوزۇپ قارايتتى، ئاندىن ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆرەتتى ۋە توۋلايتتى: ئاپلا، يەنە ھەسەن بىلەن بىللىغۇ، رەجەپ مەن ساڭا قانچە قېتىم دېدىم ئۇ بالىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمە، دەپ، نېمىشقا كېلىدۇ، كەتسۇن دادىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرسۇن، دەپ تۇرىشىغا چوڭ خانىم، يانىدىكى دەرىزە قاپقىقىمۇ ئېچىلاتتى ۋە دوغان بەينىڭ بېشى دادىسى يىللاپ ئولتۇرۇپ ئىشلىگەن ھوجرىنىڭ دەرىزىسىدىن سوزۇلۇپ چىقاتتى ۋە نېمە بوپتۇ ئانا، دەيتتى، بىللە ئوينىسا نېمە بوپتۇ ۋە ساڭا نېمە بولدى، دەيتتى، چوڭ خانىم، سەن داداڭغا ئوخشاش ھوجراڭدا ئولتۇر، پەلىپەتىش نەرسىلىرىڭنى ياز، ھېچنىمىدىن خەۋىرىڭ يوق، لېكىن بۇ بالىلار خىزمەتكارنىڭ بالىسى بىلەن بىللە يۈرۈپ، دېيىشىگە، ۋاي ۋۇي ئانا، نېمە بوپتۇ، دەيتتى دوغان بەي، قېرىنداشلار بىللە ئويناۋاتىدۇ ئەنە.

ــ رەجەپ، سىنىڭ ئاغزىڭدىن گەپلەر ئامبۇر بىلەن تارتقاندەك چىقىدىكەن...

ــ نېمە؟

ــ كىچىك چېغىمنى سورىغانىدىم.

ــ مەتىن بىلەن شۇنداق ئېجىل-ئامراق ئويناپتىتىڭلار!

قېرىنداشلارمۇ؟ دەيتتى چوڭ خانىم، تۆۋە يارەببىم، بۇ گەپلەر نەدىن چىقتى، بۇ بالىلارنىڭ فارۇقتىن باشقا بىر قېرىندىشىنىڭ يوقلۇقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، خۇددى دوغانىمنىڭ باشقا بىر قېرىندىشى بولمىغىنىدەك، دوغانىمنىڭ قېرىنداشلىرىمىش، بۇ پىتنە-پاساتلارنى كىم توقۇپ چىقارغاندۇ، مەن ئەمدى سەكسەن ياشقا كىرگەندىن كېيىن بۇ يالغان-ياۋىداقلار بىلەن ھەپىلىشەمدىم، بىر پاپا ۋە توكۇر بىلەن سەن قانداقسىگە بىر جەمەتتىن

بولغۇدەكسەن؟ مەن قۇلاق سېلىپ جىم تۇراتتىم: ئاندىن ھەر ئىككىسى دەرىزىلىرىنى تاقاپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندە تالاغا چىقاتتىم، بولۇڭلار نىلگۇن، مەتىن، دەيتتىم، موماڭلار چاقىرىۋاتىدۇ، تاماق تەييار بولدى. ئۇلار يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ بىر بۇلۇڭدا قالاتتى.

ــ ھەسەن بىلەن ئوينايتتۇق!ــ دەيتتى نىلگۇن.

ــ ھەئە، ھەئە!

ــ ئېسىڭدە بارمۇ؟

ۋە سىلەر ئۇستىدە موماڭلار، دوغان بەي ۋە قەيەردىن ئۆلگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان فارۇق ۋە مەتىن ۋە سەن تاماق يەۋاتقان چېغىڭلاردا، مەن ئۇنى باياتىن قالغان بۇلۇڭدىن تاپاتتىم، ھۇشت، ھەسەن، دەيتتىم، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ بالام، مەيەرگە كېلە. قورقۇمسىراپ ئاستا كەينىمدىن كېلەتتى، ئىچىگە باشلاپ كىرەتتىم، كىچىك ئورۇندۇقۇمغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا مەن تېخى يەۋاتقان تامقىمنى قوياتتىم. ئۇستىلىنىكى قەۋەتكە چىقىپ ئۇستەلدىكى كۆفتە تەخسىسىنى، سالاتنى، پۇرچاقلارنى ۋە فارۇق يەپ ۋە يانچۇقلىرىغا تىقىپمۇ تۆگىتەلمىگەن شاپتۇل ۋە گىلاسلارنى ئېلىپ چۈشۈپ ئالدىغا قوياتتىم ۋە ئۇ يەۋاتقاندا سورايتتىم: داداڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ھەسەن؟ ھېچ ئىش، لاتارىيە! پۇتى ياخشىدۇ، ئاغرىمىدىكەن؟ ۋايىتاڭ! سەن ئوبدان تۇرغانسەن، قاچان مەكتەپكە بارىسەن؟ ۋايىتاڭ! كېلەر يىلى، شۇنداقمۇ بالام؟ گەپ قىلمايتتى، مېنى خۇددى تونجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قورقۇمسىراپ قارايتتى. دوغان بەي ئۆلۈپ كەتكەندىن ۋە ئۇ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ: ھەسەن سەن بۇ ياز قانچىنچى سىنىپقا كۆچتۈڭ؟ گەپ قىلمايتتى. ئۈچىنچى سىنىپقا، شۇنداقمۇ؟ ئاندىن، ئوقۇپ كاتتا ئادەم بولىسەن! چوڭ بولساڭ نېمە ئىش قىلماقچى؟ نىلگۇن تۈيۈقسىز ماڭا ئېسىلىپ قالدى.

ــ نېمە بولدى؟ــ دېدىم ــ ئولتۇرايلىمۇ؟

ــ بىقىنىم ئاغرىۋاتىدۇ ــ دېدى ــ بۇ يەرگىمۇ ئۇرغانتى.

ــ تاكسىغا ئولتۇرايلىمۇ؟ــ دېدىم.

جاۋاپ بەرمىدى، ماڭدۇق. يەنە چوڭ يولغا چىقتۇق، دېڭىز قىرغىقىغا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارنىڭ، ئىستانبۇلدىن كەلگەن يەكشەنبىلىك كىشىلەر توپىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتۇق. ھويلا ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ قارىدىم، ماشىنىنى كۆردۈم.

ــ ئاكام كەپتۇ ــ دېدى نىلگۇن.

ــ ھەئە ــ دېدىم ــ دەرھال ئىستانبۇلغا دوختۇرخانىغا بارارسىلەر.

بىر نېمە دېمىدى. ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىردۇق. ھەيران قالدىم. گازنى ئوچۇق قويۇپ كېتىپتىمەن. يەنە بىر ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتاتتى. قورقۇنچ ئىچىدە شۇ ھامان ئۆچۈردۈم.

ئاندىن نىلگۈننى ئۈستىگە ئېلىپ چىقتىم. فارۇق بەي ئۇ يەردە يوق ئىدى. نىلگۈننى دىۋانغا ياتقۇزدۇم، دۈمبىسىگە ياستۇق قويۇۋاتسام ئۈستىدىن تووۇلغىنىنى ئاڭلىدىم.

ــ مەن بۇ يەردە چوڭ خانىم، مەن بۇ يەردە، مانا ھازىر.ـ دېدىم. نىلگۈننىڭ بېشىغىمۇ بىر ياستۇق قويدۇم. قانداقراق تۇرىسەن؟ــ دېدىم، ــ ھازىرلا فارۇق بەينى ئەۋەتىمەن.

ئۈستىگە چىقتىم. چوڭ خانىم ھوجرىسىدىن چىقىپتۇ، قولىدا ھاسا، پەلەمپەينىڭ تۆۋىدە ئۆرە تۇراتتى.

ــ نەدە ئىدىڭ؟ــ دېدى.

ــ بازارغا چىققانتىمغۇ...ــ دېدىم.

ــ نەگە ماڭدىڭ يەنە؟

ــ مانا ھازىرــ دېدىمــ سىز ھوجرىڭىزغا كىرىپ تۇرۇڭ، ھازىرلا كېلىمەن.

فارۇق بەينىڭ ئىشىكىنى چەكتىم، جاۋاب كەلمىدى. ساقلاپ تۇرمايلا ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردىم، كارىۋىتىدا يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

ــ ماشىننى بىردەمدىلا ئوڭشاپ بولدى رەجەپــ دېدىــ مەتىن تۈنۈگۈن بىكاردىن-بىكار يولدا قاپتۇ.

ــ نىلگۈن خانىم پەستەــ دېدىمــ سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

ــ مېنىمۇ؟ــ دېدىــ نېمشقا؟

ــ رەجەپــ دەپ ۋارقىرىدى چوڭ خانىمــ نېمە قىلىۋاتىسەن ئۇ يەردە؟

ــ نىلگۈن پەستەــ دېدىمــ سىز پەسكە دىككىدە چۈشكە فارۇق بەي.

فارۇق بەي سەل ھەيران قالدى. چىرايىمغا قاراپ تۇراتتى. كىتابىنى تاشلاپ كارىۋىتىدىن تۇردى. ئاندىن چىقتى.

ــ مانا كەلدىم چوڭ خانىمــ دېدىم مەن. باردىم.

ــ نېمشقا بۇ يەردە تۇرىسىز؟ــ دېدىمــ ماڭا يۆلىنىڭ، مەن سىزنى كارىۋىتىڭىزغا ياتقۇزۇپ قوياي. بۇ يەردە سوغۇق تەگكۈزىۋالىسىز. ھېرىپ قالغانسىز.

ــ مەككار!ــ دېدىــ سەن يەنە يالغان ئېيتىۋاتىسەن. فارۇق بايا نەگە ماڭدى؟

ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن چوڭ خانىمنىڭ ھوجرىسىغا كىردىم.

ــ نېمە قىلىۋاتىسەن ئۇ يەردە؟ــ دېدىــ قالايمىقان قىلما.

ــ ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرىۋاتىمەن چوڭ خانىمــ دېدىمــ ھېچنېمىگە چېقىلمىدىم، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز.

چوڭ خانىم ھوجرىغا كىردى. مەن قاپقاقلارنى ئاچتىم.

ــ قېنى كارىۋاتتا يېتىۋېلىڭــ دېدىم.

ياتتى، كىچىك بالىدەك يوتقاننى پىشانىسىگىچە تارتتى ۋە ئۈنتۈپ قالغانىدەك قىلاتتى، يىرگىنىشىنى، بىزار بولۇشىنى شۇ هامان ئۇنتۇپ قالغانىدەك قىلاتتى، كىچىك بالىدەك قىزىقسىنىپ سوراپ سالدى.

ــ بازاردا نېمىلەر باركەن؟ــ دېدى.ــ نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

بېرىپ يوتقىنىنىڭ چۆرىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدۇم، ياستۇقنى قېقىشتۇرۇپ قويدۇم.

ــ تۈزۈك بىر نەرسە يوق.ــ دېدىم.ــ ئادەمگە ھېچنىمە چىرايلىق كۆرۈنمەس بوپ قالدىغۇ-تاڭ.

ــ ئوسال پاپا!ــ دېدى.ــ بىلەتتىم، سەندىن سورىمىغان بولاي. يۈزىدە نەپرەت ۋە بىزارلىق ئەكس ئەتتى ۋە جىمىپ قالدى.

ــ يېڭى مېۋە ئالدىم، ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟ــ دېدىم.

ئۈندىمىدى. ئىشىكنى ياپتىم، پەسكە چۈشتۈم. نىلگۈن بىلەن فارۇق پاراڭغا چۈشكەنىدى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

دورىگەر ئايال بىلەن ئېرى ۋە رەجەپكە يۆلىنىپ ئۆيگە كېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئىشىنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى سورىغۇم كەلدى. چىرايىمغا قاراپ بىلىۋالغاندەكلا:

ــ كېرەك يوق فارۇق، ــ دېدى نىلگۈن، ــ ۋاكسىنا ئۈرگۈزگەنلىك بىر ئىش.

ــ ۋاكسىنا ئۈرگۈزگەندە ساقلايسەن، ــ دېدىم، ــ ئاللاھ قەھر قىلسۇن، لېكىن ئۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، قولۇڭ يىڭنىنىڭ مۇدھىش سوغۇقنى ھېس قىلىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟

ــ شۇنداق، لېكىن ئۇ تۇيغۇ ئاخىرىدا پەيدا بولىدۇ، ــ دېدى، ــ ئاخىرقى پەيتتە.

ــ ئاندىنچۇ؟

ــ ئاندىن پۇشايمان قىلدىم، شۇ. ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كەلدى. ئاشۇ كالۋاغا تەگ كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن. قاراپ تۇرۇپ...

ــ كالۋامۇ؟

ــ ۋايتاڭ، ــ دېدى، ــ كىچىك چېغىدا ئۇنداق ئەمەستى، ياخشى بالىتى. لېكىن كېيىن، بۇ يىل، كالۋا دەپ ئويلىغان ئىدىم، كالۋا ۋە ساددا. ئۈرۈۋاتقان چېغىدىمۇ، مەن، بۇ ئەخمىقانە ئىشنى نېمىشقا كونترول قىلالمىدىم دەپ ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كەلگەنىدى.

ــ ئاندىنچۇ؟ ــ دېدىم سەل قورۇنۇپ تۇرۇپ.

ــ ئاندىن، ئۆزۈمنىڭ ئاللىقاچان كېچىكىپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم. دېمىسىمۇ يېگەن ھەر تاياقنىڭ پەقەت بىرى ئىكەنلىكىنى، ئاندىن يەنە بىرنى يەيدىغانلىقىڭنى ئويلايسەن. ۋارقىراپ كەتكەن بولسام كېرەك. ھېچكىممۇ كېلىپ ياردەم قىلمىدى. بۇلارغا نېمىدەپ قىزىقىپ قالدىڭ فارۇق، بۇنچىۋىلا؟

ــ چىرايىمغا چىقىپ كېتىپتىمۇ قىزىقىپ كەتكىنىم؟

ــ ئازاپ چېكىشتىن خۇشاللىق تاپىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش، ــ دېدى، ــ ئۈمىدسىزلەرگە ئوخشاش. يېقىن بىر ئادىمى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلگۈسى كېلىدىغان ئادەملەردەك، پايدىسى يوق تەپسىلاتلارغا نېمانچە قىزىقىپ كېتىسەن؟

ــ مەن مۇشۇنداق ئادەم، ــ دېدىم غەلىتە بىر خىل ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسىدا.

ـ سەن ئۇنداق ئەمەس، ـ دېدى، ـ پەقەت ئۇمىدسىز ئىكەنلىكىڭگە ئۆزۈڭنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن.

ـ ئۇنداق ئەمەستۇ؟

ـ شۇنداق. بىكاردىن-بىكار ئۇمىدسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتىسەن.

ـ سېنىڭ بۇ ئۇمىد دېگەن نەرسەڭ نېمە ئۇنداق بولسا؟

نىلگۈن بىرئاز ئويلىنىۋالدى. ئاندىن:

ـ ئادەم پەرۋاسىز بولۇپ قالىدۇ، ـ دېدى، ـ پەرۋاسىز بولۇپ قىلىشقا ھېچقانداق بىر باھانە ـ سەۋەب بولمىسىمۇ؛ شۇنداق.

يەنە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ـ ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان نەرسىدۇر، ـ دېدى.

ـ ئۆلۈمدىن ئادەمنى توسۇپ تۇرغان نەرسە. بۇنىڭغا ئوخشاش: بەزىدە، ئادەم كىچىك چېغىدا ئويلاپ قالىدىغۇ، مەن ئۆلسەم نېمە بولار دەپ... شۇنداق چاغدا، قارشىلىق قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىمگە تولىدۇ، بۇ خىل تۇيغۇغا ئەگىشىپ ماڭساڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىسەن: سەن ئۆلگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا قىزىقىسەن، بۇ خىل قىزىقىش، چىدىغۇسىز، قورقۇنچلۇق بىر نەرسىدۇر.

ـ ئۇ قىزىقىش ئەمەس نىلگۈن! ـ دېدىم، ـ ئۇ تامامەن بىر قىزغانچۇقلۇق. سەن ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەت كۆرىدىغانلىقىنى، بەختلىك بولىدىغانلىقىنى، سېنى ئۇنتۇپ گۈزەل بىر ھايات ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزۈڭنىڭ بۇ شاد-خۇراملىقتا بىر نېسىۋەڭنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئويلايسەن ۋە بۇ سەۋەپتىن ھەممىسىدىن قىزغىنىسەن.

ـ ياق، ـ دېدى، ـ قىزىقىسەن. ھەم سەن ئادەمنى ئۆلۈمدىن توسۇپ تۇرغان بۇ قىزىقىشتىن ۋاز كېچىۋاتىسەن، قىزىقمايدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتىسەن ئاكا.

ـ ياق! ـ دېدىم ئاچچىغلاپ، ـ مەن پەقەت قىزىقمايمەن.

ـ نېمىدەپ قىزىقمىغۇدەكسەن؟ ـ دېدى غەلىتە بىر خىل ئىشەنچ بىلەن.

ـ چۈنكى بىلىمەن، ـ دېدىم، ـ ھەممىسى ئوخشاش نەرسىلەر: ئوخشاش ھېكايە.

ـ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

ـ ئاشۇنداق، ئاشۇنداق، ـ دېدىم، ـ ئىشەنچىڭدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن سېنىڭمۇ بىلگۈڭ كەلمەيۋاتىدۇ.

ـ مەندىكىسىنى ئىشەنچ دېگىلى بولمايدۇ، ـ دېدى نىلگۈن، ـ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشەنچ بولغان تەقدىردىمۇ، بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئىشەنمەكتىمەن.

ــ مەن بىلمەيۋاتىمەن شۇ!ــ دېدىم.

بىردەم جىم بولدۇق. كېيىن ئىلگۈن:

ــسەن كىتابلاردا، ئارخىپخانىدا ئوقۇغان شۇنچىۋىلا نەرسىلەر نېمە ئۈنداق بولسا؟ــ دېدى،ـ سەن پەقەت بىلمىگەنلەرنى قىياپەتكە كىرىۋالماقچى بولۇۋىلىۋاتىسەن.

ــ نېمىدەپ بىكاردىن-بىكارغا بۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ــ دېدىم مەن.

شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىزلا مېنى راھەتلىنىدىغان بىر ئىش قىلدى: تېخمۇ تېرەن بىر يەردە ياتقان سەۋەپنى ئىزاھلاپ بېرىشكە ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلارغا ئوخشاش چارەسىزلىك ئىچىدە ئالقىنىنى ئىككى يانغا قىلىپ ئاچتى ۋە مەنمۇ غەلىتە بىر خىل تۇيغۇغا چۆمدۈم: ئەركىنمەن. لېكىن نېمىشقىكىن ئۆزۈمدىن يىرگەندىم. ئۆزۈمدە ساختا، ئىككى يۈزلىمچى بىر نەرسىلەر باردەك ۋە مەن ئۇنى يوشۇرۇپ كەلگەندەك خۇددى. مۇنداق ئويلىدىم. ئادەم ئۆزىنى مەلۇم نۇقتىغىچە تونۇيدۇ، ئاندىن مەيلى ئۇ قانچىلىك ھەپىلەشسە ھەپىلەشسۇن، بىر نۇقتىغا كېلىپ توسۇلۇپ قالىدۇ ۋە ئاندىن قورۇق بىلجىرلاشلار باشلىنىدۇ. رەجەپ ئۆيگە كىرگەندى. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، قەيەردىن پەيدا بولغانلىقى نامەلۇم بىر ئىشەنچ بىلەن:

ــ ماكايلى نىلگۈن!ــ دېدىم،ــ سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي.

ــئۇففففۇ!ــ دېدى كىچىك بالىدەك،ــ بارغۇم يوق.

ــ ئەركىلىمە! دورىگەر گۈي توغرا دەيدۇ. ئىچ جاراھەت بولۇپ قالسىچۇ؟

ــ دورىگەر دېگەن ئايال كىشى، ئەر ئەمەس! جاراھەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ــ ماكايلى نىلگۈن، گەپنى ئاز قىلىپ.

شۇنداق قىلىپ، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىكاردىن-بىكار گەپ سوقۇشتۇرۇش ۋە مەنالارنىڭ چارەسىزلىكىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ-سوقۇپ تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن پاراڭلىششقا باشلىدۇق. مەن بۇنى دەيمەن، ئۇ ئۇنى دەيدۇ ۋە ماكا مۇنداق تۇيۇلاتتى، مەن ئۇنىمۇ دېيەلەيتتىم، ئۇمۇ، بۇ نۆۋەت بۇنى ۋە نەتىجىدە گەپ-سۆزلەر ھېچنىمنى ئۆزگەرتەلمەي، بۇ يەردە، بىزنىڭ سۆز ۋە ۋاقىت ئىسراپ قىلىشىمىزدىن باشقا ھېچبىر ئىشقا كارغا كەلمەيتتى. ئاخىرىدا نىلگۈننىڭ ئۇيقۇسى كەلدى. يۆلىنىپ ئولتۇرغان دىۋاندا پۇت-قولىنى سۇنۇپ ياتتى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ماكا دېدى:

ــ ئاكا، بىردەم تارىختىن گەپ قىلىپ بىرە ماكا!

ــقانداق؟

ــ دەپتىرىڭنى ئوقۇغىنە.

ــ ئۇخلىۋالساڭ ئوبدان بولارمىكى؟

سوزۇلۇپ يېتىپ زورلاپ ھېكايە ئاڭلىماقچى بولۇۋاتقان كىچىك قىزدەك ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈمسىرىدى. ھېكايىلەرنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىرەر ئىشقا يارايدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ خۇشال ھالدا چاپتىم، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھوجرامغا چىقتىم، لېكىن سومكىدا تارىخ دەپتىرىم يوق تۇراتتى. ھاسراپ ـ ھۆمىدەپ، تارتمىلارغا، ئىشكاپقا، چامادانلىرىمغا قارىدىم، ئاندىن باشقا ئۆيلەرنىمۇ ئىزدەپ باقتىم، مومامنىڭ ھوجرىسىغىمۇ كىردىم، لېكىن لەنەتتەككۈر دەپتەرنى تاپالمىدىم. ئويلاپ بېقىپ، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن نىلگۈن بىلەن يامغۇر تاماشاسى قىلغاندىن كېيىن، مەستچىلىكتە دەپتەرنى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا تاشلاپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم، لېكىن ئۇ يەردىمۇ يوق تۇراتتى. ئۆيلەرنى يەنە بىر ئاختۇرۇپ بېقىش نىيىتىدە ئۈستىنگە چىقىپ كېتىۋېتىپ نىلگۈننىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، توختىدىم، قارىدىم: يۈزى ئۈستىنگە كۆك ۋە قىزىل بوياق سۈرتۈلگەن ئاق، كونا ماسكىغا ئوخشايتتى. ئوچۇق تۇرغان ئاغزىنىڭ قاراڭغۇ ئاراچلىرى، ئادەمدە ئىنتىزارلىق ۋە ئەندىكىش تۇيغۇلىرىنى قوزغايدىغان ئابستراكىت ھەيكەللەرنىڭ تۆشۈكلىرىنى ئەسلىتەتتى. رەجەپنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ باغقا چىقىپ كەتتىم. نىلگۈن پۈتۈن ھەپتە بويى ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇيدىغان قاتلىما ئورۇندۇققا يوغان گەۋدەمنى جايلاشتۇردۇم، قاراپ ئولتۇردۇم.

ئۈنىۋېرسىتېت كارىدورلىرىنى، شەھەردىكى قىستاڭچىلىقنى، قىسقا يەڭلىك كۆينەكلەرنى، نەمخۇش ياز ئىسسىقىنى، دىمىقتا يېپىلىدىغان چۈشلۈك تاماقلارنى، سۆزلەرنى خىيال قىلدىم. شۇنداق، ئوبدان ئېتىلگەن جۈمەكلەردىن سۇ ئېقىۋاتقاندۇر، ئۆيلەردىن توپا ـ چاڭ ۋە كىتاپ پۇرىقى كىلىپ تۇرغاندۇر، توڭلاتقۇدا يالتىراق تېتىيدىغان سۈنئى سارماي پارچىسى مۇزدەك قېتىپ، ئاپئاق رەڭگە كىرگەن ھالدا نائېنىق بىر ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرغاندۇر. بوش ئۆيمۇ، دېمەك بوش قالىدىكەن! ھاراق ئىچكۈم، ئۇخلىغۇم كەلدى. ئاندىن مۇنداق ئويلىدىم: ئارىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشىنىڭ بېشىغا كەلدى بۇ ئىش! ئاندىن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئاۋايلاپ مېڭىپ ئىچىگە كىردىم ۋە ئۇخلاۋاتقان يارىدار گەۋدىگە قارىدىم. رەجەپ كەلدى.

ــ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭ، فارۇق بەي!ــ دېدى.

ــ ئويغاتمايلى ــ دېدىم.

ــ ئويغاتمايلىمۇ؟

مۇرىلىرىنى سىلكىپ ئىغاڭلىغىنىچە ئاشخانىسىغا چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ، قايتىدىن ئايناپقا چىقىپ قاشانىڭ تۈۋىدە لەقۋا توخۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. خېلى بىر چاغدىن كېيىن مەتىن كەلدى، يېڭىلا ئويغىنىپتۇ، لېكىن كۆزلىرى ئۇيقۇ يۇقى ئەمەس، جىددى كۆرۈنەتتى.

دەپ بەردى: نىلگۈن سۆزلەپ بېرىپتۇ! نىلگۈننىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ماڭا يەنە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، ئارىلىقتا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنىمۇ سۆزلەپ بەردى: تۈنۈگۈن كەچتە ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويغان ئون ئىككى مىڭ لىرا، ماشىنىنىڭ قانداق بۇزۇلۇپ قالغانلىقى، ئىشەنگۈسىز دەپ تەرىپلىگەن يامغۇر ۋاھاكازالارنى. مەن ئۇنىڭ ئۇ يەرلەردە كېچىنىڭ ئۇ ۋاقتىدا نېمە ئىشى بارلىقىنى سورىۋېدىم، بىردەم جىمىپ قالدى، ئاندىن غەلىتە بىر ھەرىكەت قىلدى. شۇ چاغدا مەن:

ــ مېنىڭ دەپتىرىم بولىدىغان ــ دەپ سورىدىم ــ ماشىنىدا ئۇنتۇپ قالغان بولۇشىم مۇمكىن، كۆردۈڭمۇ؟ يوق تۇرىدۇ.

ــ كۆرمىدىم!

ئاندىن ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا ئاپىرىش ئۈچۈن قانداق ئوت ئالدۇرغانلىقىمنى سورىدى. رەجەپ بىلەن ئازراق ئىتتىرىشىمىزگە ئوت ئالغانلىقىنى ئېيتىۋېدىم، ماڭا ئىشەنمىدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ رەجەپتىن سورىدى، ئۇمۇ ئوخشاش جاۋاپنى بەرگەندە، بۈگۈن ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان نىلگۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدەك تەلەيسىزلىكتىن قاقشاپ كەتتى. ئاندىن مەن كاللامدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئىشنى ئېسىمگە سالدى. بىرەرسى ساقچىغا مەلۇم قىلغانىدەكمۇ؟ ھېچكىمنىڭ مەلۇم قىلمىغانلىقىنى ئېيتتىم ۋە مەتىنىنىڭ چىرايىنى بىغەملىكتىن يىرگەندەك قىلىپ پۈرۈشتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، لېكىن بىردەمدىن كېيىن يۈزى خۇددى بىزنى ئۇنتۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇرراق باشقا بىر ئازاپنى ئەسكە ئالغاندەك بولۇپ كەتتى. مەن كىرىپ كەتتىم، ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ، نىلگۈنگە دوختۇرخانا ۋە جاراھەتتىن سۆز ئاچتىم، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۇ سۆزنى چىقارماستىن ئۆلۈمنى ئېسىگە سالدىم، چاندۇرماي قورقۇتۇپ قويسام، ماقۇل، بارايلى، دەمدىكىن دېدىم، لېكىن ئۇنداق دېمىدى.

ــ ھازىر بارغۇم يوق ــ دېدى ــ تاماقتىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن.

مومام پەسكە چۈشمىگەچكە، تاماق ۋاقتىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىچتىم ۋە رەجەپ ھەممەيلەنگە يۇقتۇرماقچى بولۇۋاتقان گۇناھ تۇيغۇسىنى رەجەپنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، رەجەپنىڭ ھەممىدىن بەك ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلغانلىقىنى ئويلىدىم. گويا گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈن بەختسىز، بەختسىز بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكاردەك قىلاتتى. لېكىن دەل بۇنداقمۇ ئەمەس. گويا ھەممەيلەن سىرتتا ئىدۇق، بۇنى بىلەتتۇق، لېكىن ئىچىدە بولۇشىمىز كېرەك بولغان نەرسە نېمە، بۇنى بىلمەيتتۇق. ھازىر قەيەرلەردىدۇر يۈرگەن ئۇ، ھەسەن ئىدى، ئىچىدە بولغان، لېكىن بىز ئۇنى ئەيىپلەۋاتاتتۇق ۋە ھالىغا ئېچىنىۋاتاتتۇق. تاماقنىڭ ئاخىرىدا ئېسىمگە نېرۋامغا تېگىدىغان بۇ خىيالمۇ كەلدى: نىلگۈن ئۇنىڭغا « ساراڭ فاشىست»

دېمىگەن بولسا بەلكىم بۇ ئىشلار يۈز بەرمەس بولغىيتتى. راۋۇرۇس مەست بولۇپ قالغان بولسام كېرەك. كېيىن تۇرۇپلا، بۇ مەنزىرە كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى: گېزىتلەردە ئوقۇغاندىم، بوغۇزدا بىر يەردە، بەلكىم تارابيادا ھاۋادانلىق بىر شەھەر ئاپتوبۇسى، ئىچىدىكى يولۇچىلار بىلەن بىللە يېرىم كېچىدە دېڭىزغا چۆشۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا، مەنمۇ خۇددى ئۆزۈمنى ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم، دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆشۈپ كەتكەندۇق، لېكىن ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىكى لامپىلار يېنىپ تۇراتتى، ھەممەيلەن ئاللاقىزادە بولۇپ دەرىزىگە قارايتتۇق، ئەمما ئۆلۈمنىڭ ماشىنا ئىچىگە چۆشۈپ تۇرۇۋاتقان قاراڭغۇلۇقى يېقىملىق ۋە ئوچۇق-يورۇق بىر ئايالدەك جەلپكار ئىدى، كۆتۈپ تۇراتتۇق.

تاماقتىن كېيىن، نىلگۈنگە دوختۇرخانىنىڭ كېيىنكى يەنە بىر قېتىم قىلدىم، بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھوجرامغا چىقتىم، كارىۋىتىمدا ياتتىم، «ئەۋلىيا چەلەبى» نى ئاچتىم. ئوقۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

دەل ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئويغانغان چېغىمدا يۈرىكىم غەلىتە سوقۇۋاتاتتى. نېمشقىكىن ئۆرۈلۈپ ئورنۇمدىن تۇرالمايۋاتاتتىم؛ خۇددى قوللىرىم ۋە پاچاقلىرىمنىڭ ئۈستىگە مىنى كارىۋاتقا مەھكەم بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنمەس پىللار ئولتۇرۇۋالغاندەك قىلاتتى. خالسام كۆزۈمنى بىر يۇمۇپ، ئاسانلا ئۇخلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم، لېكىن چۆشلەر كۈتۈپ تۇرغان گۈزەل ئۇيقۇغا قارشىلىق كۆرسەتتىم، ئۆزۈمنى زورلاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھوجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھازا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ھاڭۋېقىپ تۇردۇم، ئاندىن مۇنداق غۇدۇراپ قويدۇم: ۋاقىت دېگەن زادى نېمە نەرسىدۇر؟ چارە دەپ كۈتۈپ تۇرغان نەرسىمىزچۇ؟ سائەت بەش بولاي دېگەنىدى، پەسكە چۈشتۇم.

نىلگۈنمۇ ئۇخلاپتۇ، ئويغىنىپتۇ، يەنە دىۋاندا يېتىپ قولىدىكى كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى.

— مېنىڭ زادى مۇشۇنداق بىر ئاغرىپ قالغۇم بارتى — دېدى — خاتىرجەم يېتىپ، كۆڭلۈم خالىغان كىتابلارنى ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن.

— سەن كېسەل ئەمەس — دېدىم — ئەھۋالىڭ ئۇنىڭدىن بەتتەر. قوپ، سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن.

قويمىدى. «دادىلار ۋە ئوغۇللار»نى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇۋاتاتتى. ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشىنى خالىمايدىغان كىتاب مەستانىسىگە ئوخشاش، ماڭا پىسەنتمۇ قىلىپ قويماستىن، كىتاب ئوقۇغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، بىردەم قۇرۇق پاراڭ سېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم ۋە بۇ قېتىم ئۇ سۆزنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ كۆڭلۈمگە ئۆلۈم قورقۇنچى سېلىپ قويماقچى بولدۇم، ئەمما ئۇ كۈلۈمسىرەيتتى، بېشىغا ئۇنداق ئىشنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى دەيتتى: چۈنكى ئۆزىنى بەك قاتتىق يارىلانغاندەك ھېس قىلمايتتى.

قولـــدىكى كىتابقــا قارىتىلىۋىـــدى، مەن، ئـــۇ ئىششـــىق، كۆپكـــۆك كۆزلەرنـــىڭ، قانـــداق ئوقۇۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

ئانـدىن ئۇسـتىگە چىقتىم ۋە ئـۆيلەرنى ئايلىنىـپ دەپتىرىمنـى ئىزدىـدىم، تاپالمـىدىم. دەپتـىرىمگە ۋاباغـا ئالاقىـدار بىـر نەرسـىلەرنى يازغـان-يازمىغـانلىقىمنى ئەسـكە ئالالمـىدىم. دەپتىرىمنـى ئىـزدەپ بـاغقىمۇ چىقىـپ قالغانـىدىم، لېكىـن خـۇددى ئـۇنى ئىزدەۋاتقـانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم. كوچىغا چىققان چېغىمدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۇيغـۇ بـار ئىدى ئىچىمدە: كېزىپ يۈرەتتىم، لېكىن پۈتۈنلەي مەقسەتسىزدەكمۇ قىلمايتتىم: بىـر نەرسە تاپالايدىغانلىقىمغا تېخىچە ئىشىنىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

كـوچىلاردا، ساھىللاردا تۈنۈگـۈنكى قايـنام-تاشـقىنلىق يـوق ئىـدى. قـۇملار ھـۆل، ھـاۋا سۆرۈن ئىدى، كىر ۋە رەڭسىز مارمـارا سـوزۇلۇپ ياتـاتتى. چۈشـۈرىۋېتىلگەن سـايىۋەنلەردىن ئۆلۈمنى ئەسلىتىدىغان چارەسىزلىك چىقىپ تـۇراتتى؛ ئـۆزى ئـۆزى ئۆچـۈن بولالمىغـان بىـر مەدەنىيەتنىڭ، قەيەردىن، قانداق كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر تەيفىيك بورىنىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىدە غۇلاپ يوق بولۇپ كېتىشكە تەييارلانغىنىغا ئوخشاش... كۈنىنىڭ تەپتىنى، ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بىر كۈنگە قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئارىسـىدىن مېڭىـپ، كىچىك پىرىستانىنىڭ بېشىدىكى قەھۋەخانىغىچە باردىم. ئۇ يەردە، كونا بىر مەھەللىلىكىمنى ئـۇچراتتىم: چـوڭ بولـۇپ كېتىپتـۇ، تـوي قىپتـۇ، يېنىـدا ئايـالى بىـلەن بالىسـىمۇ بـار ئىـدى؛ پاراڭلاشتۇق: شۇنداق، يەنە شۇ مەنىسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىپ...

ئايالىغا، مېنىڭ بـۇ يەرنـىڭ ئەڭ كونـا ئادەملىرىـدىن ئىكەنلىكىمنـى سـۆزلەپ بەردى. دۇشـەنبە كەچقـۇرۇن رەجەپنـى ئۇچرىتىـپ قېلىشـىپتۇ. سـەلمانى سـورىۋېدى، ئاجرىشىـپ كەتكەنلىكىمىزنـى ئېيتىمـىدىم. ئانـدىن يـاش چېغىمىزدىكـى ئىشـلارنى ئەسـلىتىپ ئـۆتتى: ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. قېيىقتا ئولتۇرۇپ تـاڭ ئـاتقۇچە ئىچكەنلىكىمىزنـى ۋاھاكـازا. ئاندىن باشقا دوست-بۇرادەرلەر توغرۇلۇق سۆزلىدى؛ ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى. ئانىسىنى ئۇچرىتىپتۇ: شەۋكەت بىلەن ئورخان كېلەر ھەپتە كېلىدىكەن؛ شەۋكەت ئۆيلىنىپتۇ، ئورخان رومان يېزىۋاتقۇدەك. ئانـدىن مەنـدىن بـالام بـار-يوقلـۇقىنى سـورىدى. ئۇنىۋېرسـىتېت توغرۇلۇقمـۇ سورىدى، ئۆلـۈپ كەتكەنلەرنـى تىلغا ئالـدى، پىچىـرلاپ گەپ قىلمايۋاتاتتى، لېكىن پىچىرلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، قوشۇپ قويـدى: ئەتـىگەن بـۇ يەردە بىـر قىزغا ھۇجۇم قىلىشىپتۇ، ئۇ قىزنى نېمە ئۈچۈن دۇمبالىغانلىقى ئېنىق ئەمەسكەن. كىشىلەر تويىنىـڭ نەق ئوتتۇرىسـىدا يـۈز بەرگەنمىـش. ھەمـمە ئـادەم قـاراپ تۇرۇشـۇپتۇ، ھـېچكىم ئارىلاشماپتۇ؛ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ ئەمدى ئارىلاشماسلىقنى، قورقۇپ ياردەم قىلماسلىقنى ئۆگەنگەنمىش. ئاندىن، مەن بىلەن ئىستانبۇلدا كۆرۈشكۈسى بارلىقنى ئېيتتى، يانچۇقىدىن

بىر ئىسىم كارتىسى چىقىرىپ بەردى. ئورنىمىزدا تۇرغاندا كارتىغا قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ دېدى: زاۋۇت دەپ كەتكىلى بولمايدىكەن، لېكىن بىر سېخى بار ئىكەن: لىگەن، چىلەك ۋە سېۋەت ياسايدىكەن: ھەئە، ئەلۋەتتە، يالتىراقتىن.

ئۆيگە قايتاشىمدا باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ كىچىك بىر شىشە راكى ئالدىم، نىلگۈنگە «دوختۇرخانا» دەۋەتكەنىدىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدىم. نىلگۈن « ياق، بارمايمەن،» دېگەنىدى، رەجەپمۇ ئاڭلىغان ئىدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ كېيىن ماڭا يەنىلا ئەيىپلەش نەزىرىدە قارىغانىدى. بەلكىم مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇنى ماڭا زاكوۇسكا تەييارلاپ بېرىشكە بۇيرۇيالمىغان ئىدىم. بىرىپ ئاشخانىدا ھەممە نەرسىنى ئۆزۈم تەييارلىدىم. ئاندىن گەپ-سۆزلەر، كۆرۈنۈشلەر خىيالىمغا خالىغانچە كىلىپ چىپىپ يۈرۈشىشۇن دەپ ئۆزۈمنى قويۇۋەتتىم. مەغلۇبىيەت ۋە زەپەرنىڭ پەقەت قۇرۇق گەپ-سۆزدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم: قايىسىغا ئىشەنسەڭ، ئاخىرى ئۇ كىلىپ سېنى تاپىدۇ. خۇددى رومانلاردا يازغاندەك: ھەممە ئىشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. بەلكىم، ئورخاننىڭ رومانىدا مۇشۇنداق بىر جۈملە باردۇر. رەجەپ داستىخاننى تەييارلاۋاتقاندا ئورنۇمدىن مىت قىلمىدىم، ئەيىپلەش نەزىرىدە قاراشلىرىغا پىسەنت قىلمىدىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ مومامنى پەسكە ئېلىپ چۈشكەندە شىشەمنى يوشۇرۇپ قويدۇم. كېيىن مەتىن، ھېچنەرسىدىن تەپتارتماي شىشىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدى. مومامۇ كۆرمىگەنگە سىلىۋالدى: دۇئا قىلىۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى غۇتۇلداپ قاقشاۋاتاتتى. كېيىن رەجەپ ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىز لام-جىم دىمەي ئولتۇراتتۇق.

ــ بولدى، ئەمدى ئىستانبۇلغا قايتايلى ــ دېدى مەتىن ــ ھازىرلا، دەرھال!

ــ قېنى سەن يازنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە تۇرماقچى ئىدىڭغۇ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ۋاز كەچتىم ــ دېدى ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ ــ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، دەرھال قايتايلى.

ــ ياقتۇرمىدىڭمۇ ئۇلارنى؟- دېدى نىلگۈن.

ــ كىملەرنى؟

ــ كونا دوستلىرىڭنى؟

ــ دەرھال كېتىشىڭ كېرەك سەن، چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ــ دېدى مەتىن ــ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس!

ــ ئەتە كېتىدىغان بولدۇققۇ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى بۇ يەردە ــ دېدى مەتىن ــ خالىساڭ سەن قال بۇ يەردە، فارۇق. ئەمما ماڭا ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بەر، نىلگۈننى ئېلىپ كېتەي.

ــ سېنىڭ پىراۋاڭ بولمىسا ــ دېدى نىلگۈن.

ــ چۈشەنمەيۋاتامسەن ئاچا، كېتىشىڭ كېرەكــ دېدى مەتىنــ بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ماڭا قارا، فارۇق بىر ئىش قىلىدىغاندەك ئەمەس. ماشىنىنى مەن ھەيدەيمەن.
ــ سەنمۇ ئۇنىڭدەك مەست بولۇپ قاپسەنــ دېدى نىلگۈن.
ــ كەتكۈڭ يوقمۇ؟ــ دېدى مەتىنــ نېمىشقا كەتكۈڭ يوق؟
ــ بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە قالىمىزــ دېدى نىلگۈن.

جىم بولۇپ قېلىشتى. ئارىدا خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مومىمىزنى ياتقۇزۇپ قويۇپ پەسكە چۈشكەن رەجەپ ئۈستەلنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. مەتىنىنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. مەينەت تويا ـ تۇمانىنىڭ ئىچىدە قېلىپ چىداپ نەپەس ئالماي ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن بىردىنلا سۈكۈتنى بۇزدى.

ــ مەن بۇ ئاخشام بۇ يەردە قالمايمەنــ دېدى. ئورنىدىن تۇردى. ئاخىرقى بىر ئۈمىد بىلەن ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن چاچلىرى تارالغان، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئالماشتۇرۇلغان ھالدا پەسكە چۈشتى، ھېچنېمە دېمەستىن كېتىپ قالدى. ساقال ئالغاندىن كېيىن سۈرگەن يۈز مېيىنىڭ پۇرىقى، ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ بولغان ۋاقىتتىمۇ گۈيۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

ــ نېمە بولىدىكىن بۇنىڭغا؟ــ دېدى نىلگۈن.

جاۋابەن، سەل ئۆزگەرتىپرەك، فۇزۇلىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر بېيىت ئوقۇدۇم:

ئاشىق بولدى يەنە بىر تازە گۈلى رەناغا،
كى ئالار ئال ئىلە ھەر دەم ئۇنى يۈز غەۋغاغا.

نىلگۈن كۈلدى. جىمىپ قالدۇق. باشقا پاراڭلاشقۇدەك گەپ قالمىغاندەك قىلاتتى. ھويلىدا ئاجايىپ بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، يامغۇردىن كېيىن بولسا تېخىمۇ بەتتەر، تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ قالغانىدى. قاملاشمىغان بىر خىل قىزىقىسىنىش بىلەن نىلگۈننىڭ يۈزىدىكى ماسكىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. كۆك سىياھ بىلەن مۆھۈر بېسىلغاندەك ئىدى. رەجەپ تېخىچە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى. تارىخنى خىيال قىلدىم، يېتىپ كەتكەن دەپتىرىمنى، باشقا نەرسىلەرنى. چىداپ تۇرغۇسىز ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپتىمەن.

ــ بولدۇ ئاكاــ دېدى نىلگۈنــ سەن بىردەم ئايلان، سەگىپ قالارسەن.

مەن بۇنى ئويلىمىغان ئىدىم، ئەمما ماڭدىم.

ــ ئۆزۈڭگە دىققەت قىلــ دېدى نىلگۈن ئارقامدىنــ كۆپ ئىچىۋالدىڭ.

باغنىڭ ئىشكىدىن چىقىۋېتىپ ئايالىمنى خىيال قىلىۋاتاتتىم. ئاندىن بىردەم فۇزۇلىنى خىيال قىلدىم، فۇزۇلىنىڭ ئازاپ چېكىش ئىستىكىنى. ئەجەبا دىۋان شائىرلىرى ئۇ شېئىرلارنى بىر تۇرۇۋشىدىلا ئوقۇپ چىقىرىۋېتەمدىغاندۇ ياكى سائەتلەپ قەغەزنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، يېزىپ-ئۆچۈرۈپ، تۈزىتىپ يازامدىغاندۇ؟ بۇلارنى بىكار تۇرغاننىڭ ئورنىدا خىيال قىلىۋاتاتتىم، ئۆيگە بالىدۇر قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەنگەن ئىدىم. كوچىلاردا يەكشەنبە ئاخشىمىنىڭ تەنھالىقى هۆكۈم سۈرەتتى، قەهۋەخانىلار، كەچلىك كۇلۇپلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بوش ئىدى، دەل-دەرەخلەرگە ئېسىلغان رەڭگارەڭ چىراقلارنىڭ بەزىلىرى تۇنۇگۈنكى بوراننىڭ زەربىسىدە ئۆچۈپ قالغاندەك قىلاتتى. پىيادىلەر يولىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۇلىرىنى كېچىپ ئۆتكەن ۋەلىسپىتلەرنىڭ لاي چاق ئىزلىرى ئاسفالت يولنىڭ ئۈستىگە چۈشىنىكسىز ئەگرى-بۈگرى سىزىقلارنى قالدۇرغان ئىدى. ۋەلىسپىت مىنىپ يۈرىيدىغان يىللارنى، ياشلىقىمنى، ئاندىن يەنە ئايالىمنى، تارىخنى، هېكايىلەرنى، دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىم كېرەك بولغان نىلگۈننى، ئەۋلىيا چەلەبىنى ئويلىغاچ تاكى مېھمانخانىغىچە دەلدەڭشىپ ماڭدىم. ئۇ يەردە، ئەينەكلىك بىر تاختىنى يورۇتۇپ تۇرغان فلورلۇق لامپىلارنىڭ ئەسەبلەرنى بۇزىدىغان گىژىلدىشى بىلەن ئۇ تېپتىقسىز مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىككىلىنىپ تۇردۇم. گۇناھىنىمۇ، پاكلىقىنىمۇ خالاپ تۇراتتىم. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا دۇم چۈشكەن گۈيلارغا ھەيران قالاتتىم، تۇرۇپ-تۇرۇپ مېنى گۇناھ ئۈستىدىلا تۇتۇۋالماقچى بولىدىغان ئىدراكىم بىلەن خوشۇم يوق ئىدى، ئەخلاقچىلىق نېرۋامنى قوداڭشىتاتتى: پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە ۋاراتالارنىڭ كەينىدە ساقلاپ تۇرۇپ ۋاراتارلارنى جىلە قىلىدىغان فوتو-سۈرەتچىلەردەك! دوختۇرخانىغا ئەتە ئەتىگەندە بارارمىز، دەپ ئويلىدىم ئاخىرى.

ئايلانما ئىشكتىن مېھمانخانىغا كىردىم، پۇراپ-پۇراپ ئاشخاننى تاپقان ئىتقا ئوخشاش، تىڭشا-تىڭشا جىمجىت تۇرغان گىلەم ۋە مۇلازىملارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، پەلەمپەيدىن مۇزىكىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە چۈشتۇم، بىر ئىشكنى ئاچتىم: ئۈستەللەردە ئولتۇرۇشاتتى،ئەر، ئايال، مەست سايامەتچىلەر، ئالدىلىرىدا شىشىلەر، باشلىرىدا فەس①لەر، ئالا-تاغىل تووۋلىشىۋاتاتتى. چۈشەندىم: چەتئەللىك سايامەتچىلەرگە تۈركىيەدىكى ئەڭ ئاخىرقى كېچىسىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەرق كېچىلىكى ئىدى، كەڭرى بىر كۆتۈرۈلمە سەھنىدە پەسكەش بىر مۇزىكا ئەترىتى يېقىمسىز شاۋقۇن چىقىرىۋاتاتتى. بىر مۇلازىمدىن سوراپ، بەل تولغىما ئۇسۇلىنىڭ تېخى باشلانمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كەينى تەرەپتىكى بىر ئۈستەلدە ئولتۇردۇم، تارتىنىپ، تاتىرىپ تۇرۇپ راكى بۇيرۇدۇم.

تۈنجى قەدەھنى ئىچىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوينىاق ۋە سۈنئىي بىر مۇزىكا باشلاندى، قوڭغۇراقنىڭ شىرىقلىشىنى ئاڭلاپ تونۇپ قارىدىم، يېرىم قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە ئايلىنىۋاتقان يۇملاق يورۇقلۇقنىڭ بىر ئۇچىدا تولغۇنىۋاتقان رەققاسنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن تېنىنى كۆردۈم، جىرىڭشىپ تۇرغان پارقىراق زىبۇ-زىننەتلەر دىققىتىمنى تارتتى: تېز-تېز تولغانغاندا، يانپىشىدىن ۋە كۆكسىدىن نۇر چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاياجانلاندىم.

ئورنۇمدىن تۇرۇۋاپتىمەن. مۇلازىم ئىككىنچى قەدەھنى كەلتۈردى. ئولتۇردۇم ۋە يالغۇز رەققاسلا ئەمەس، ھەممەيلەن ئويۇن ئويناۋاتىمىز، دەپ ئويلىدىم. رەققاس، شەرقلىق نەسنە ئايالنىڭ رولىنى ئوينىماقتا، شەرقتە ئاخىرقى كېچىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ساياھەتچىلەر بولسا، ئۇنى ئۆزلىرى خالىغان ھالەتتە كۆرۈشمەكتە ئىدى. نۇر چەمبىرى ئۇستەللەرنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىشقا باشلىغاندا، نېمىس ئاياللارنىڭ چىرايىغا قاراۋاتاتتىم: ھەيران قېلىشمىغانىدى، لېكىن بەلكىم ھەيران قالغۇسى باردۇ، كۈلۈمسىرىشىۋاتاتتى، كۆتكەنلىرى ئاستا-ئاستا رېئاللىققا ئايلىنىۋاتاتتى، رەققاسقا قارىغان چاغلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ «ئۇنداق» ئەمەسلىكىنى ئويلاۋاتاتتى؛ شۇڭا مەمنۇن بولغانلىقلىرىنى، ئۆزلىرىنى ئەرلىرى بىلەن باراۋەر ھېس قىلىشىۋاتقانلىرىنى سېزىۋاتاتتىم؛ ئاللاھ قەھىر قىلسۇن: خۇددى خىزمەتكارلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئائىلە ئاياللىرىغا ئوخشاش بىزنى پەس كۆرۈشىۋاتاتتى!

بىردىنلا ئۆزۈمنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە خورلانغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم، بۇ مەينەت ئويۇننى بۇزىۋەتكۈم كەلدى، لېكىن ھېچنىمە قىلمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم؛ مەغلۇبىيەت ۋە پىكىر قالايمىقانچىلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكتىمەن.

مۇزىكا كۈچەيدى، كۆتۈرۈلمە سەھنىنىڭ كۆرۈنمەيدىغان بۇرجىكىدە بىر دۇمباق، ئانچە كۈچەپ كەتمەيلا ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنى بېسىپ كەتكەندە رەققاس ئۇستەللەرگە كەينىنى قىلدى ۋە غەزەپ بىلەن يەلپۈنىۋاتقان بىر قولىنىڭ تېزلىكىدە قوپال مۇسكۇللىرىنى سىلكىدى. بۇنى ياساك ساۋار كەبى قىلغانلىقىنى كۆكسىنى بىز تەرەپكە ناھايىتى قوپال ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قارىتىشىدىن چۈشەندىم. ئاندىن نۇر چەمبىرى ئۇنىڭ يۈزىدىكى زەپەر ۋە ئىشەنچ ئىپادىسىنى يورۇتۇپ بېرىۋېدى ئارام تېپىپ قالدىم. شۇنداق، مانا: بىزنى بويۇن ئەگدۈرمەك ئۈنچىۋېلا ئاسان ئىش ئەمەس: ھېلىھەم بىر ئىشلارنى قىلالايمىز، ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىمىز.

مانا: ھازىر رەققاس ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلماقتا؛ تۇرۇپ-تۇرۇپ يۇتقۇنىۋاتقان ساياھەتچى ئاياللارنىڭ بېقىشلىرىنى، ئۇ ئىلمىي كۈزىتىشلەرنى يوققا چىقارماقتا. بېشىغا فەس كېيىۋالغان ئەر ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بوششىپلا كېتىشكەنىدى: بىر نەسنە ئايالغا نەزەر

سىلىنىۋاتقاندەك قىلىشمايتتى، يۇمشاپ كېتىشكەنىدى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئايالنىڭ ئالدىدا خوشامەت قىلىنىۋاتقاندەك ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى.

غەلىتە بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈم: رەققاسىنىڭ پىچىمسىز، لېكىن ھەرىكەتچان گەۋدىسى مېنى ھاياجانلاندۇردى. ھەممىمىز گويا ئۇيقۇدىن ئويغىنىۋاتاتتۇق. تەر ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان كىندىكىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى قارامتۇل ئەتكە قاراپ ھەممە نەرسىگە توْت قوللاپ چىڭ يېپىشالايدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، ئۆزۈمگە غۇدىرىدىم: دەرھال ئۆيگە قايتاي، نىلگۈننى دوختۇرخانىغا ئاپىراي، ئاندىن زېغىرلاپ ئولتۇرماي تارىخ بىلەن شۇغۇللىناي، ئۆتمۈش ۋە ھەقىقىي ھېكايىلەرگە، قانلىق، جانلىق ۋەقە-ھادىسىلەرگە ئىشەنسەم بۇنى قىلالايمەن، دەرھال، ھازىرلا قىلالايمەن.

ئاندىن رەققاس، ئۆزى ھېس قىلغان كەمسىتىشنى ئاشكارىلىماقچى بولغاندەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كۆزى چۈشكەنلەرنى قوللىرىدىن تارتىپ سەھنىگە چىقىرىشقا باشلىدى؛ ئۇلارنى بىللە بەل تولغاشقا زورلىدى، ۋاي خۇدايىم! نېمىس ئەرلەر ئاۋۋال قولاشمىغاندەك ھەرىكەتلىرى بىلەن قوللىرىنى ئىككى يانغا ئېچىپ ئاستا مىدىرلاشتى، دوستلىرىغا خىجىل بولغان، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن نەزەردە قاراشتى، لېكىن ئاللاھ قەھىر قىلسۇن، ئۇيۇن، ئويۇن، ئويۇن ھەممىسى؛ ئۆزۈمنى بىكاردىن-بىكارغا ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنىۋاتىمەن.

بىردەمدىن كېيىن مەن ئويلىغان ۋە قورققان ئىشقا كىرىشىۋېدى پۈتۈن ئۈمىدلىرىمنىڭ يەنە بىر قېتىم يوققا چىققانلىقىغا ئىشەندىم: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەخمەق ۋە خالايدىغاندەك كۆرۈنگەن كىشىنى ئۇستىلىق بىلەن تاللاپ، كىيىمىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. ئاغىنىلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەچ قاملاشمىسىمۇ بېلىنى تولغاۋاتقان نېمىس، كۆينىكىنى سىلىۋېدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بېشىم ساڭگىلاپ كەتتى. كالالامدىكى ئىدراكىمنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىنى، ئۆتمۈشىمدىن ھېچقانداق ئىز قالماسلىقىنى، كەلگۈسىم ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىمدىنمۇ ھېچبىر نامۇ-نىشان قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. كالالامدىكى توقۇلمىلاردىن قۇتۇلۇشنى، كاللامنىڭ سىرتىدىكى دۇنيادا ئەركىن-ئازادە ئايلىنىشنى ئىستەپ قالدىم، لېكىن ئۆزۈمنى ئەركىن قويۇۋېتەلمەيدىغانلىقىمنى، ھەر دائىم ئىككى كىشى ھالىتىدە قالىدىغانلىقىمنى ۋە كاللامدىكى توقۇلمىلار ۋە ئازغۇنلۇقلار ئىچىدە پىرقىراپ، لەنەت بولسۇن، بۇ پاسكىنا يەردە، بۇ سەت مۇزىكىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ئولتۇرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن خېلى ئۆتتى، لېكىن تىرىقشىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن ۋە قىزىقسىنىپ قېلىۋاتىمەن: نېمە قىلىشىۋاتىدۇ پەستە، ئۇخلىشىپ جىمجىت كېچىنى نېمىدەپ ماڭا تاشلاپ قويۇشمايدىغاندۇ؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەرىزە تەرەپكە ماڭدىم ۋە پەسكە قارىدىم: ئەنە، رەجەپنىڭ چىرىقى تېخىچە هويلىغا يورۇق تاشلاپ تۇرۇپتۇ: نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ ئۇ يەردە ئۇ پاپا؟ قورقتۇم! ئۇ دېگەن بىر مەككار: ماڭا شۇنداق قارايدۇ، ھەممە ئىشىمغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى، قول ھەرىكەتلىرىمنى كۆرۈپ كۈزىتىۋاتقانلىقىنى، ئۇ يوغان بېشىنىڭ ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىمەن. ئەمدى كېلىپ كېچىلىرىمنىمۇ ئوغا-زەھەرگە ئايلاندۇرۇشماقچى، پىكىر-خىياللىرىمنىمۇ بۇلغاشماقچى گويا: ئېسىمگە كېلىپ قورقتۇم: سالاھىددىن، مېنى، ئۆز پىكىر-خىياللىرىمنىڭ بىغۇبار ياللىقلىرىغا چۈمۈلۈپ، ھاياتنىڭ بۇلغىنىشلىرىدىن ئېرىغدىلالماي، ئۆزىگە ئوخشاش ئازاپ چەكسۇن، دەپ بىر كېچىسى ھوجرامغا كىرگەنىدى: ئويلاپ يەنە قورقتۇم، ئەندىكتىم، مۇزلىغانىدەك بولدۇم: ئۆلۈمنىڭ سىرىنى تاپقانلىقىنى ئېيتقانىدى. يەنە بىر قېتىم ئويلىدىم ۋە تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ دەرىزىنىڭ تۈۋىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، باغقا چۈشۈپ تۇرغان كۆلەڭگەم غايىپ بولدى، ئىتتىك ئورنۇمغا بېرىپ ياتتىم، يوتقىنىمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم، ئويلىدىم:

ئۆلۈپ كېتىشتىن تۆت ئاي بۇرۇن ئىدى: تالادا بوران-چاپقۇن بولۇۋاتاتتى، دەرىزىلەرنىڭ كىشەكلىرى غىچىرلايتتى. ھوجرامغا چىقىۋالغانىدىم، كارىۋىتىمدا ياتاتتىم، لېكىن سالاھىددىنىنىڭ ھوجرىسىدىن ئۇيانىدىن بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن ئاۋازى تېخىچە كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بوران-چاپقۇن ۋە تامغا ئۇرۇلۇۋاتقان قاپقاق، ئەجەپ ئىش، تېنىمنى شۈركۈندۈرىۋاتقاچقا، زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتىم. ئاندىن يېقىنلىشىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم، قورقتۇم! بىردىنلا ئىشىكىم ئېچىلغاندا يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالغانىدەك بولدۇم، ئويلىدىم: شۇنچە يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم، كېچىسى ھوجرامدا! ئىشىكتىن ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردە، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە، سالاھىددىن بىردەم قاراپ تۇرغانىدى: «ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، فاتىمە!» گويا مەست ئەمەستەك قىلاتتى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا قانچىلىك ئىچكىنىنى كۆرمىگەن بولسام كاشكى. گەپ ـ سۆز قىلمىدىم. دەلدەڭشىگىنىچە

ئىچىگە كىردى. كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى:« ئۇخلىيالمىدىم فاتىمە، چۈنكى قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى بايقىدىم. بۈگۈن ئاخشام گەپلىرىمگە قۇلاق سېلىشىڭ كېرەك. توقۇيدىغان نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىۋېلىشىڭغا رۇخسەت يوق. قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى بايقىدىم، بىرەرسىگە دەۋېلىشىم كېرەك!» پاپا پەستە سالاھىددىن، گەپلىرىڭنى ئاڭلاشقا خۇشتار، دەپ ئويلىدىم، لېكىن ھېچنىمە دېمىدىم، چۈنكى چىرايى بىر قىسىملا تۇراتتى ۋە بىردىنلا پىچىرلىدى: «ئۆلۈمنىڭ سىرىنى تاپتىم فاتىمە، بۇ يەرە تېخى ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق، ئۆلۈمنىڭ سىرىنى، شەرقتە تۇنجى بولۇپ مەن بايقىدىم! تېخى باياتىن، بۇ كېچە.» بىردەم تۇرۇۋالدى، ئاندىن بايقىشىدىن قورققاندەك بولدى، لېكىن گەپ-سۆزلىرىدىن مەستتەك قىلمايتتى. « قۇلاق سال فاتىمە! سەنمۇ بىلىسەن، "ئو" ھەرىپىنى باشلاپ بەك كېچىكىپ بولسىمۇ ئاخىرى پۈتتۈردۈم. ھازىر "ئۆ" ھەرىپىنى يېزىۋاتىمەن؛ ئۆلۈم بابىنى يېزىش كېرەكتى، سەنمۇ بىلىسەن!» بىلەتتىم، چۈنكى ناشتىلىق، چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقلاردا بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمايتتى. « لېكىن، نېمىشقىدۇر يازالمايۋاتاتتىم، خېلى كۈنلەردىن بېرى ھوجرامدا ئۇيياقتىن بۇياققا مېڭىپ نېمىشقا يازالمايۋاتقانلىقىمنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى باشقا بابلارغا ئوخشاش، بۇنىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلاردىن ئالاتتىم؛ مەندە ئۇلارنىڭ يازغان نەرسىلىرىگە قوشۇپ قويغۇدەك بىر نەرسە نېمە قىلسۇن، دەپ ئويلايتتىم، لېكىن بۇ بابنى نېمىدەپ باشلىيالمىغانلىقىمنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم...» بىردەم كۈلدى. « بەلكىم ئۆز ئۆلۈمىم ئېسىمگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئېنسىكلوپېدىيەلىرىمنى تېخىچە پۈتتۈرەلمىگەنلىكىم ۋە يەتمىشكە يېقىنلاپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ، بەلكىم، شۇنداق دېمەكچىمۇ سەن؟» مەن ھېچنىمە دېمەكچى ئەمەستىم. « ياق فاتىمە، ئۇنداق ئەمەس، مەن تېخى ياش، قىلماقچى بولغانلىرىمنى پۈتتۈرمىدىم تېخى! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بايقاشتىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ياش ۋە تېتىك ھېس قىلىۋاتىمەن: بۇ بايقاشنىڭ ياردىمى ئاستىدا قىلىنىدىغان ئۇ قەدەر كۆپ ئىش باركى، يەنە يۈز يىل ياشىساممۇ يەتمەس ماڭا!» بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى: « ھەممە نەرسە، ھەممە نەرسە، پۈتۈن ھادىسلەر، ھەرىكەتلەر، ھايات يېپيېڭى بىر مەنىگە ئېرىشتى! ھەممە نەرسە كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنىۋاتىدۇ. بىر ھەپتە ھوجرامدا ئۇيياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، بىر خەتمۇ يازالمىغاندىن كېيىن، بۇ بايقاش، ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا بىردىنلا كاللامدا چاقنىدى. ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا شەرقتە تۇنجى بولۇپ مەن، يوقلۇق قورقۇنچىغا كۆزلىرىمنى ئاچتىم فاتىمە. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، چۈشەنمەيۋاتىسەن، لېكىن مېنى چۈشىنىپ قالىسەن، قۇلاق سال!» چۈشەنگۈم بارلىقى ئۈچۈن ئەمەس، باشقا بىر ئىش قولۇمدىن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇلاق سېلىۋاتاتتىم ۋە ئۇمۇ خۇددى ئۆز ھوجرىسىدا تۇرغاندەك ئۇ ياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. « بىر ھەپتىدىن بۇيان ھوجرامدا، ئۇيياقتىن بۇياققا مېڭىپ

يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆلۈمنى ئويلاۋاتاتتىم ۋە ئۆلارنىڭ، ئېنسىكلوپېدىيەلىرىدە، كىتابلىرىدا نېمىدەپ بۇ تېمىغا، بۇ قەدەر كۆپ ئورۇن بېرىلگەنلىكىگە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتىم. سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىر ياققا تاشلاپ قويغاندىم، غەرپتە، پەقەت ئۆلۈم ھەققىدە يېزىلغان مىڭلىغان كىتابلار بار. بۇنچىلىك ئاددى بىر تېمىنى نېمىدەپ بۇنچىۋىلا مۇبالىغە قىلىشىدىغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، نىيىتىم بۇ تېمىنى ئېنسىكلوپېدىيەمگە قىسقىچە قىلىپ قىستۇرۇپ قويۇش ئىدى: بۇنداق يازماقچى ئىدىم: ئۆلۈم ــ ئورگانىزىملارنىڭ ۋەيران بولۇشىدۇر! مۇشۇنداق، قىسقا بىر تىببىي ئىزاھات بېرىشۋەتكەندىن كېيىن، ئەپسانىلەردىكى ۋە ساماۋى كىتاپلاردىكى ئۆلۈم چۈشەنچىلىرىنى بىر-بىرلەپ يوققا چىقىرىپ، بۇ ساماۋى كىتابلارنىڭ، دىمىسىمۇ بىر-بىرىدىن كۆچۈرۈلمە ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر قېتىم ھۆزۈرلىنىپ تۇرۇپ كۆرسىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن، خىلمۇ-خىل مىللەتلەرنىڭ دەپنە مۇراسىملىرى ۋە ئادەتلىرىنىڭ كۈلكىلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ قوپاللىق بىلەن خۇلاسىلىمەكچى ئىدىم. ئىشنى بۇ قەدەر قىسقارتىشنى، بەلكىم ئېنسىكلوپېدىيەمنى بالدۇرراق تاماملاش ئۈچۈن خالاپ قېلىۋاتاتتىم، لېكىن ئەسلىدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس ئىكەن: ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىككى سائەتنىڭ ئالدىغىچە چۈشەنمىگەنلىكىم، ئادەتتىكى بىر شەرقلىقتەك مۇئامىلە قىلغانلىقىم ئۈچۈن بۇ تېمىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي كەلگەنىكەنمەن فاتىمە، بۇنى ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا چۈشەندىم: شۇنچە يىللاردىن بېرى چۈشەنمەي كەلگەن نەرسىنى، ئىككى سائەت بۇرۇن، گېزىتلەردىكى جەسەتلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ چۈشىنىپ يەتتىم. بەك قورقۇنچلۇق! قۇلاق سال! نېمىسلار بۇ قېتىم كاركوۋغا ھۇجۇم قىلىشىپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن، بۇ مۇھىم ئەمەس! ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا، گېزىتلەردىكى جەسەتلەرگە پەرۋاسىزلارچە، تىببىي مەكتەپتە، دوختۇرخانىلاردا قىرىق يىل بۇرۇنقى جەسەتلەرنى كۆرگەندە ھېس قىلغان قورقۇمسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرغان چېغىمدا، بىردىنلا كاللامدا بىر چاقماق چاقتى، دەھشەت، كاللامغا بىر بازغان چۈشكەندەك بولدۇم ۋە مۇنداق ئويلىدىم: يوقلۇق! شۇنداق، يوقلۇق! يوقلۇق دەپ بىر نەرسە بار ۋە بۇ بىچارە ئۇرۇش ئۆلۈكلىرى، ھازىر، بۇ يوقلۇقنىڭ يېپيېڭى قۇدۇقلىرىغا چۈشۈپ كېتىشتى. فاتىمە، بەك قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بۇ، ھازىرمۇ ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن: مۇنداق ئويلىدىم: خۇدا، جەننەت ۋە دوزاقلار يوق بولغاندىكىن، ئۆلۈمدىن كېيىن پەقەت ھېچنىمە بار بولىدۇ: يوقلۇق، دەپ ئاتالغان نەرسە بار پەقەت. قۇيقۇرۇق بىر يوقلۇق! ئەمدى، سېنىڭمۇ شۇ ھامان چۈشىنەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن. ئىككى سائەتنىڭ ئالدىغا قەدەر، مەنمۇ بىلمەيتتىم؛ لېكىن يوقلۇق دېگەن نەرسىنى بايقىغاندىن كېيىن، چۈشەندىن فاتىمە، چۈشەنگەنسېرى تېخىمۇ چۇڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم يوقلۇق ۋە ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچلىقلىقىنى! شەرقتە بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق. شۇڭا يۈزلىگەن، مىڭلىغان يىللاردىن بېرى

سۆرۈلۈپ يۈرۈپتۇق بىز، لېكىن ئەمدى ئالدىراقسانلىق قىلمايلى، ساڭا ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرەي؛ بۇ بايقاشنىڭ ۋەزنىنى بوگۇن كېچە مەن ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرۈپ بولالمايمەن!» تاقەتسىزلىك ئىچىدە ھەرىكەتلىنەتتى، قوللىرىنى ياش چاغلىرىدىكىدەك ئۇۋىنىتاتتى. «چۈنكى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا، ھەممە نەرسىنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم: بىز نېمىشقا مۇشۇنداق ۋە ئۇلار نېمىشقا ئاشۇنداق. شەرق نېمە ئۈچۈن شەرق، غەرب نېمە ئۈچۈن غەرب، بۇنى چۈشەندىم، قەسەم قىلىمەنكى چۈشەندىم فاتىمە، ئۆتۈنۈپ قالاي فاتىمە، ئەمدى پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن قۇلاق سال، چۈشىنىپ قالىسەن.» خۇددى قىرىق يىلدىن بېرى قۇلاق سالماي كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلىدىغاندەك چۈشەندۈرۈپ كەتتى. دەسلەپكى يىللاردىكىگە ئوخشاش، ئىشەنچ ۋە دىققەت بىلەن، بىر كىچىك بالىنى گوللىماقچى بولۇۋاتقان ئەخمەق، قېرى مۇئەللىمنىڭ تاتلىق ۋە مېھرىبان بولۇشقا ئۇرۇنغان، لېكىن پەقەت ھاياجانلىق ۋە گۇناھكارانە چىققان ئاۋازى بىلەن چۈشەندۈردى. «ئەمدى دىققەت قىلىپ ئاڭلا فاتىمە! ئاچچىقلانما، بولامدۇ؟ خۇدا يوق دەۋاتىمىز، نەچچە قېتىم ئېيتتىم، چۈنكى بارلىقىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا، تەڭرىنىڭ بارلىقى ئاساسىغا ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق دىنلار شېئىرىي بىلجىرلاشلاردۇر. شۇنداق بولغاچقا، بۇ بىلجىرلاشلار داۋا قىلىدىغان جەننەت ۋە دوزاقمۇ ئەلۋەتتە يوقتۇر. جەننەت بىلەن دوزاق بولمىسا، ئۇ چاغدا ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىقمۇ يوقتۇر. ئاڭلاۋاتىسەن، شۇنداقمۇ فاتىمە؟ ئۆلۈمدىن كېيىن ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلگەنلەرنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي، ئارقىدا ھېچنىمە قالدۇرماستىن، ئۆلۈم بىلەن تەڭ يوق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا، ئەمدى، ئۆلۈكلەرنىڭ قاراش نۇقتىسىدىن نەزەر سېلىپ باقايلى، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ياشىغان ئۆلۈك، ئۆلۈمدىن كېيىن نەدە بولغان بولىدۇ؟ تېنى ھەققىدە دېمەيۋاتىمەن: ئىدراك، تۇيغۇ، ئەقىل سۈپىتىدە نەدىدۇر ھازىر ئۇ؟ ھېچبىر يەردە: يوقتۇر، شۇنداقمۇ فاتىمە، يوق نەرسىنىڭ ئىچىدە، يوقلۇق دېگەن نەرسىگە كۆمۈلگەندۇر؛ ئەمدى يا ھېچكىمنى كۆرەلمەيدۇ ياكى كۆرۈنەلمەيدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ فاتىمە، يوقلۇق دېگەن نەرسىنىڭ قورقۇنچلۇقلىقىنى؟ ئويلىغانسېرى دەھشەت بېسىۋاتىدۇ مېنى: يارەببى، نېمە دېگەن غەلىتە، شۈركۈنۈشلۈك پىكىر! كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا تۈكلىرىم تىكەنلىشىدۇ! سەنمۇ ئويلان فاتىمە؛ شۇنداق بىر نەرسىنى ئويلىغىنكى، ئىچىدە ھېچبىر نەرسە بولمىسۇن؛ نە ئاۋاز، نە رەڭ، نە پۇراق، نە ھەرىكەت بولمىسۇن ئىچىدە، ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكى بولمىغان ۋە بوشلۇقتا ئورنىمۇ بولمىغان بىر نەرسىنى خىيال قىل فاتىمە: كۆز ئالدىڭغا، ھاۋادا ھېچنەرسە قاپلىيالمايدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان ۋە ئاڭلانمايدىغان بىر نەرسىنى كەلتۈرەلمەيۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ پەقەت بىر كور قاراڭغۇلۇقكى، باش ـ ئاخىرى يوق بىر كور قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىدىن ئۆزىنىڭمۇ خەۋىرى يوق! بۇنىڭدىنمۇ قاراڭغۇ ئۆلۈم دېگەن نەرسە، يوقلۇق

بۇنىڭمۇ نېرىسىدا! قورقۇۋاتامسەن فاتىمە؟ جەسەتلىرىمىز، تۇپراقنىڭ ئاجايىپ ۋە مۇزدەك جىمجىتلىقى ئىچىدە چىرىۋاتقاندا ۋە ئۇرۇش قۇربانلىرىنىڭ، ئىچىدە مۇشتۇمدەك تۆشۈكلەر ئېچىلغان گەۋدىلىرى ۋە چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەن باش سۆڭەكلىرى ۋە تۇپراققا چېچىلىپ كەتكەن مېڭىلىرى، ئېقىپ كەتكەن كۆزلىرى ۋە قان ئىچىدە تۇرغان يىرتىق ئېغىزلىرى بىتون خارابىلىرى ئىچىدە سېسىپ كېتىۋاتقاندا، ئىدراكلىرى، ئىدراكلىرىمىز، ئاھ، يوقلۇقنىڭ، بۇ باش-ئاخىرسىز قاراڭغۇلۇقىغا كۆمۈلىدۇ؛ تەگسىز بىر ھاڭغا تىك پېتى چۈشۈپ كېتىپ، ئەبەدىيلىككىچە دومچىلاپ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، بېشىغا كەلگەنلەردىن خەۋەرسىز قالغان كورغا ئوخشاش، ياق، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر؛ ھېچبىر نەرسىدەك: ئاللاھ قەھر قىلسۇن، يادىمغا كەلسىلا، دەھشەت بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆلۈشنى خالىمايۋاتىمەن، ئۆلۈم ئېسىمگە كەلسىلا دات-پەريات كۆتۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ، يارەببى، توختىماستىن ئەبەدىيلىكنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا كۆمۈلۈۋاتقاندا، بۇنىڭ باش ۋە ئاخىرىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ۋە پەقەت قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە، ئىككىنچىلەپ ئەسلا سىرتقا چىقماي ۋە ھېچنىمىنى تۇيماي غايىپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىش نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئىش: ھەممەيلەن يوقلۇققا پېتىپ كېتىمىز فاتىمە، يوقۇلۇش بۇ يېرىمىزگىچە تولدۇرىدۇ بىزنى! قورقمايۋاتامسەن، ئىچىڭدىن نالە-پەريات كۆتۈرگۈڭ كەلمەيۋاتامدۇ؛ قورقۇشلۇق، قورقۇنچقا ئويغۇنىشىڭ كېرەك، ئىچىڭدە، ئۇ ئىسيانكار ئۆلۈم قورقۇنچى ئويغانماي تۇرۇپ سېنى قويۇۋەتمەيمەن بۇ كېچە: ئاڭلا: ئاڭلا: جەننەت يوق، جەھەننەم يوق، خۇدا يوق، سېنى كۈزىتىپ تۇرىدىغان ۋە قوللايدىغان ۋە جازالايدىغان ۋە كەچۈرىدىغان ھېچكىم يوق: ئۆلۈمدىن كېيىن، بۇ ھېچكىم بولمىغان يوقلۇققا ئىچىدىن ھەرگىز چىققىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ دېڭىزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك كىرىپ كېتىسەن: قايتىپ كەلگىلى بولمايدىغان جىمجىت بىر بوشلۇقتا بوغۇلىسەن؛ جەسىتىڭ سوغۇق تۇپراقتا چىرىۋاتقاندا، باش سۆڭىكىڭ بىلەن ئاغزىڭ تەشتەككە ئوخشاش توپىغا تولىدۇ، گۆشلىرىڭ قۇرۇغان قىغ پارچىلىرىدەك تۆكۈلۈپ يېيىلىپ كېتىدۇ، ئىسكىلىتىڭ، كۆمۈر پارچىلىرىدەك ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىر تال چېچىڭغا قەدەر سېنى ئېرىتىپ يوق قىلىپ تاشلايدىغان غەلىتە پاتقاقلىققا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىش ئۈمىدىنى خىيال قىلىشقا ھەققىڭنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالدا كىرىپ كېتىسەن ۋە يوقلۇقنىڭ رەھىمسىز، مۇزدەك لاي-لاتقىسىدا يەككە-يېگانە ھالدا يوق بولۇپ كېتىسەن، فاتىمە، چۈشىنىۋاتامسەن؟

قورقتۇم! بېشىمنى ياستۇقتىن قورقۇنچ ئىچىدە كۆتۈردۈم ۋە ئۆيگە كۆز يۈگۈرتتۈم. كونا دۇنيا، ھازىرقى دۇنيا: ئەمما ھوجرام ۋە ئەشيالىرىم ئۇخلاۋاتىدۇ. تەرلەپ كېتىپتىمەن. بىرەرسىنى كۆرگۈم كەلدى، بىرەرسى بىلەن پاراڭلاشقۇم، بىرەرسىنى تۇتۇپ باققۇم كەلدى.

ئاندىن پەستىكى تىرىقشىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم، قىزىقسىندىم. سائەت ئۇچ بوپتۇ. دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، دەرىزىگە قاراپ چاپتىم: رەجەپنىڭ چىرىقى يېنىق تۇراتتى. ئويلىدىم: مەككار پاپا، خىزمەتكارنىڭ ھاراملىقى! قورقۇنچ ئىچىدە سوغۇق قىش كېچىسىنى ئويلىدىم: ئۆرۈلگەن ئورۇندۇقلارنى، چېقىلغان ئەينەكلەرنى، تاۋاقلارنى، ئەسكى-تۇسكى لاتا پۇتىلەرنى، قاننى ۋە شۇركۈنۈپ كەتتىم، جىددىيلىشىپ كەتكەندەك بولدۇم. ھاسام نەدە؟ ئالدىم ۋە يەرگە ئۇردۇم، يەنە بىر ئۇردۇم، توۋلىدىم.

ــ رەجەپ، رەجەپ چاققان ئۈستىگە چىق!

ھوجرامدىن چىقىپ پەلەمپەيىنىڭ تۇۋىگە باردىم.

ــ رەجەپ، رەجەپ ساڭا دەۋاتىمەن، نەدىسەن؟

پەسكە قاراۋاتىمەن؛ ئۇ يەردىن كېلىپ تۇرغان يورۇقلۇقنىڭ ئىچىدە كۆلەڭگىلەر بار ئىدى، تامدا مىدىرلاۋاتاتتى: بىلىمەن، سىلەر شۇ يەردە. يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدىم ۋە ئاخىرى بىر ساىينى كۆردۈم.

ــ مانا كېلىۋاتىمەن چوڭ خانىم، كېلىۋاتىمەن ــ دېدى ۋە سايىسى كىچىكلەپ ئۆزى كۆرۈندى ــ نېمە بولدى؟ ــ دېدى ــ نېمە لازىم؟

ئۈستىگە چىقمىدى.

ــ سەن نېمىشقا بۇ كەم بولغۇچە ياتمايسەن؟ ــ دېدىم ــ پەستە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

ــ ھېچ ئىش ــ دېدى ــ ئولتۇرغان شۇ.

ــ مۇشۇ چاغدا؟ ــ دېدىم ــ يالغان گەپ قىلما، بىلىۋالىمەن. سەن ئۇلارغا نېمىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىسەن؟

ــ ئۇلارغا ھېچنېمىنى سۆزلەپ بەرمىدىم ــ دېدى ــ سىزگە يەنە نېمە بولدى؟ يەنە ئويلاۋاتامسىز؟ ئويلىماڭ! ئۇخلىيالمىسىڭىز گېزىت ئوقۇڭ، ئىشكاپلىرىڭىزنى ئاختۇرۇڭ، كىيىم-كېچەكلىرىڭىز جايىدىمۇ قاراپ بېقىڭ، مېۋە يەڭ، ئۇ ئىشلارنى يەنە ئويلىۋالماڭ!

ــ سەن ئارىلاشما! ــ دېدىم ــ ئۇلارنى چاقىرىپ چىق، بۇ يەرگە كەلسۇن.

ــ يالغۇز نىلگۈن خانىملا بار ــ دېدى ــ فارۇق بەي بىلەن مەتىن يوق.

ــ يوقمۇ؟ ــ دېدىم ــ مېنى پەسكە ئەپچۈش، كۆرۈپ باقاي، سەن ئۇلارغا نېمىلەرنى ئاڭلاتتىڭ؟

ــ نېمىنى دەپ بېرىشىمنى خالايتىڭىز، چوڭ خانىم، چۈشەنمىدىم!

ئاخىرى پەلەمپەيگە چىقتى. مېنىڭ يېنىمغا كېلىدىغان بولدى دەپ قاپتىمەن، ھوجرامغا كىردى.

ــ ھوجرامنى ئېلەشتۈرمە ــ دېدىم ــ نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئۇ يەردە تۇراتتى پاپا. دەرھال كەينىدىن كىردىم. بىردىنلا بۇرۇلدى، ماڭا يېقىنلاشتى، قولۇمدىن تۇتتى؛ لېكىن ھەيران قالدىم: ماقۇل. مېنى تۇتتى، كارىۋىتىمغا ئاپاردى: ياتقۇزدى، ئىسسىق يوتقىنىمنى يېپىپ قويدى: ماقۇل، مەن دېگەن كىچىك بىر قىز، بىغۇبار، مەن ئۇنۇتتۇم. مەن كارىۋىتىمدا ياتاتتىم، ئۇ چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

ـ شاپتۇلىڭىزنى بىر چىشلەپ تاشلاپ قويۇپسىزـ دېدىـ ئەڭ ياخشى شاپتۇللاردىن ئىدى، ياراتمايۋاتىسىز. ئۇرۇك ئەچىقىپ بېرەيمۇ؟

چىقىپ كەتتى: مەن يالغۇز قالدىم: ئۈستۈمنى يەنە شۇ تورۇس يېپىپ تۇرغاندا، مەن يەنە شۇ يەرنىڭ ئۈستىدە؛ ئەينەك چۆگۈننىڭ ئىچىدە يەنە شۇ سۇ ۋە ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە يەنە شۇ ئىستاكان، چوتكا، كولونيا، تەخسە ۋە سائەت يەنە شۇ پېتى تۇراتتى، مەن سوزۇلۇپ ياتتىم ۋە ۋاقىت دېگەن نەرسىنىڭ نەقەدەر غەلىتە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ شۈركۈنۈپ كەتتىم: يەنە سالاھىددىن ئۇ كېچە بايقىغان نەرسىنى ئويلايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم، قورقتۇم. سۆزلەۋاتاتتى شەيتان:

«بۇ بايقاشنىڭ چوڭلۇقىنى چۈشىنىۋاتامسەن فاتىمە؟ ئۇلار بىلەن بىزنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان چېگرا سىزىقنى بايقىدىم بۇ كېچە! ياق: ئۈست-باشلار، ماشىنىلار، ئۆيلەر، ئۆي جابدۇقلىرى، پەيغەمبەرلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر بىلەن زاۋۇت-فابرىكىلار ئايرىپ تۇرمايۋاتىدۇ شەرق بىلەن غەربنى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەتىجە: ئۇلارنى بىزدىن، شۇ كىچىك، ئاددى رېئاللىق ئايرىپ تۇرماقتا: ئۇلار، ئۆلۈم دېيىلىدىغان تەگسىز قۇدۇقتىن خەۋەردار، بىزنىڭ بولسا خەۋىرىمىز يوق بۇ قورقۇنچلۇق رېئاللىقتىن. ئارىدىكى ئۇ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى چوڭ پەرقنىڭ بۇ قەدەر كىچىك، ئاددى بىر بايقاشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ مېنى ساراڭ قىلىپ قويايدۇ دەۋاتىدۇ! مىڭ يىلدا شۇنچە يوغان شەرقتىن قانداقسىگە مۇشۇنداق بىر نەرسىنى ئويلايدىغان بىرەر ئادەمنىڭ چىقمىغانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ۋاقىت ۋە ھاياتقا قارايدىغان بولساڭ ئەخمەقلىق ۋە بىخۇتلۇقنىڭ قانچىلىك يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى سەنمۇ كۆرۈپ يېتەلەيسەن فاتىمە! لېكىن مەن يەنىلا كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار، چۈنكى، ئاسان لېكىن، بېسىلىشقا شۇنچە يۈز يىل كەتكەن ئۇ تۈنجى قەدەمنى مەن باستىم؛ بۇ كېچە، مەنـ سالاھىددىن دارۋىنئوغلۇ، شەرقتە ئۆلۈمنىڭ سىرىنى تاپتىم! نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟ تۆشۈكتەك قاراپ تۇرىسەن! ئەلۋەتتە، چۈنكى قاراڭغۇلۇقنى بىلگەن يورۇقلۇقنى چۈشىنىدۇ، پەقەت يوقلۇقنى بىلگەن مەۋجۇت بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ. ئۆلۈمنى ئويلاۋاتىمەن، دېمەك مەن بار! ياق! ئۇ شەرقلىق بىغەملەرمۇ ئەپسۇسكى، بار ۋە سەنمۇ، قولۇڭدىكى توقۇما زىخلىرىڭمۇ بار، ئەمما ئۆلۈمدىن ھېچ خەۋىرىڭلار يوق! شۇڭا، مۇنداق دېسەك توغرا بولىدۇ: ئۆلۈمنى ئويلاۋاتىمەن، دېمەك مەن غەربلىك! شەرقتىن چىقىپ

كەلگەن تۇنجى غەرىبلىكمەن! غەرب بولغان تۇنجى شەرق! چۈشەندىڭمۇ فاتىمە؟» بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى. « ھەي يارەببى، سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش، كور سەن!» ئاندىن، يىغلامسىرىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ دەرىزە تەرەپكە دەلدەڭشىپ ئىككى قەدەم ماڭدى، شۇ چاغدا ئۇنى، ئەجەپ ئىش، دەرىزىنىڭ قاناتلىرىنى ئېچىپ سىرتقا، بوران-چاپقۇنغا ئۆزىنى تاشلىمىدىكىن ۋە بايىقىشىنىڭ جۇشقۇنلىقى بىلەن قانات قېقىپ بىردەم ئۇچامىدىكىن دەپ قالدىم، ئۇ ھاياجان بىلەن، ئىككى، ئۈچ قېتىم قول قېقىپ ئۇچىدۇ ۋە ئاندىن ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەچ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆلىدۇ، دەپ قالغان ئىدىم، لېكىن سالاھىددىن ھوجرىنىڭ ئىچىدە تۇردى ۋە تاقاق ھەم قاراڭغۇ دەرىزىنىڭ كەينىدىن خۇددى پۈتۈن مەملىكەتنى ۋە ئۆزى شەرق دەپ تىلغا ئالغان نەرسىنى كۆرەلەۋاتقاندەك نەپرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن باقتى: « بىچارە كورلار! ئۇخلىشىۋاتىدۇ! ئورۇنلىرىغا كىرىشىپتۇ، يوتقانلىرىغا چۈمكىلىشىپتۇ، ئەخمەقلىقنىڭ ھۇزۇرغا تولغان ئۇيقۇسىغا كۆمۈلۈپ بەھۇزۇر ئۇخلىشىۋېتىپتۇ! پۈتۈن شەرق ئۇخلىماقتا. قۇللار! ئۇلارغا ئۆلۈمنى بىلدۈرۈپ بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرىمەن. لېكىن ئاۋۋال سېنى قۇتۇلدۇرىمەن فاتىمە، گېپىمگە قۇلاق سال، چۈشەن ۋە ئۆلۈمدىن قورقتۇم دېگىن!» ۋە شۇنداق قىلىپ، خۇددى، خۇدا يوق، دېگۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرغىنىغا ئوخشاش، مېنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى؛ ئىشەنمىدىم. زېرىكىپ بېسىققاندا، ئالدىمدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى ۋە قاپقاق تېخىچە تامغا ئۇرۇلۇۋاتاتتى. كېيىن تۇيۇقسىزلا، يان تەرەپ ئۈستۈمدە تۇرغان سائەتكە كۆزى چۈشتى ۋە خۇددى، يىلان ياكى چايان كۆرگەندەك قورقۇپ كەتتى ۋە ۋارقىراپ كەتتى: « ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك! يېتىشىشىمىز كېرەك! تېخىمۇ تېزرەك، چاققانراق!» سائەتنى ئالدى، ياپقۇچ يېپىلغان كارىۋېتىمنىڭ ئۈستىگە چۆرۈپ تاشلىدى ۋە توۋلىدى:« ئارىمىزدا بەلكىم ملىڭ يىللىق بىر ۋاقىت بار، لېكىن يېتىشەلەيمىز فاتىمە، ئۇلارغا يېتىشىمىز، چۈنكى بىزدىن يوشۇرغىدەك ھېچنەرسىسى قالمىدى، ھەممە نەرسىلىرىنى بىلىۋالدۇق، ئەڭ چوڭقۇر ھەقىقەتلىرى نېمە، ئۇنىمۇ بىلىۋالدۇق! بۇ ھەقىقەتنى بىر رىسالە قىلىپ باستۇرۇپ بىزنىڭ بايقۇشلارغا ئۆگىتىمەن. ئەخمەقلەر! تېخىچە مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋەرلىرى يوق؛ ئويلىغانسېرى نېرۋام ئۆرلەيدۇ. ھېچنىمىدىن غەم يېمەي، ياشاۋاتقان ھاياتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ بىخەۋەر، دۇنيا كۆزلىرىگە نورمال كۆرۈنۈپ، رايىشلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاشماقتا! ئادەم بولغىنىغا تويغۇزىمەن ئۇلارنى! ئۆلۈم قورقۇنچى بىلەن تىز چۆكتۈرىمەن! ئۆزلىرىنى تونۇشىدۇ؛ ئۆزلىرىدىن قورقۇشنى، يىرگىنىشنى ئۆگىنىشىدۇ! سەن ئۆزىدىن نەپرەتلىنەلىگەن بىرەر مۇسۇلماننى كۆردۈڭمۇ، ئۆزىدىن يىرگىنەلىگەن بىرەر شەرقلىقنى تونۇمسەن؟ ئۆزلىرىدىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئۈمىدلىرى يوق تۇرسا، ئۆزلىرىنى

تويتىن ئايرىشنى بىلمەيدىغان تۇرسا؛ پەقەت نىمىلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئىبقمغا باش ئىگىشىدۇ ۋە باشقىچىرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلارنى ئازغۇن ياكى ساراڭ دېيىشىنى بىلىشىدۇ! ئۇلارغا يالغۇزلۇقتىن ئەمەس، ئۆلۈمدىن قورقۇشنى ئۆگىتىمەن فاتىمە. شۇ چاغدا يالغۇز قېلىشقا چىدىيالايدىغان بولۇشىدۇ، شۇ چاغدا يالغۇزلۇقنىڭ چوڭقۇر ئازابلىرىنى جامائەت بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ئەخمىقانە ھوزۇرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان بولۇشىدۇ! شۇ چاغدا، ئۆزلىرىنى، دۇنيانىڭ مەركىزىگە قويۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشىدۇ! ئۆمۈر بويى ئوخشاش بىر ئادەم بولۇشتىن پەخىرلىنىدىغان ئەمەس، نومۇس قىلىدىغان بولۇشىدۇ ئۇ چاغدا؛ ئۆزلىرىنى سوراققا تارتىشىدۇ؛ ھەم ئاللاھقا ئەمەس، ئۆزلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ سوراققا تارتىشىدۇ ئۆزلىرىنى! بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ فاتىمە، مىڭ يىللىق راھەت ۋە ئارامبەخش ئەخمىقانە ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىتىمەن ئۇلارنى! يۈرەكلىرىگە، ئۆلۈم قورقۇنچىنىڭ نەپەسلەرنى بوغىدىغان، كىشىنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغان دەھشىتىنى سالىمەن! بۇنى جەزمەن قىلىمەن، قەسەم قىلىپ بېرەي!» ئاندىن، ئاچچىقلىنىۋېرىپ ھېرىپ قالغاندەك بىردەم جىم بولدى، ھاسىرىغىنىچە تۇردى؛ بىر ئاز خىجىل بولۇۋاتقاندەك ۋە ئۆزى سالماقچى بولۇۋاتقان قورقۇنچتىن ئۆزى قورقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، لېكىن يەنە باشلىدى: « قۇلاق سال فاتىمە: بۇ قورقۇنچنى ئۆزلۈكىڭدىن ھېس قىلالمايۋاتقان بولساڭ، ئەقلىڭنى ئىشقا سالساڭ ھېس قىلالايسەن. بىز ياشاۋاتقان ھايات، بىز شەرقلىقلەرگە بۇ دەھشەتنى ھېس قىلدۇرمايۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ دەھشەتنى، ئەقلى تەپەككۇرىمىز بىلەن تونۇپ يېتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ياخشىراق تونۇپ يېتىمىز، ئۇلاردەك بولالايمىز. ئۇلاردەك بولۇش ئۈچۈن دېگەنلىرىمگە قۇلاق سالساڭ، ئەقلىڭنى ئىشلەتسەڭلا كۇپايە. گېپىمگە قۇلاق سال!» لېكىن قۇلاق سالمايۋاتاتتىم. مېنى ھەممە نەرسىدىن خالىي كېچىگە تاشلاپ قويسۇن، گۈزەل ئۇيقۇنىڭ سەھەر پەيتىگە قايتىۋالاي، دەپ ساقلاۋاتاتتىم.

پەستىن كېلىۋاتقان تىرىقشىغان ئاۋاز يەنە كاللامغا كىرىۋالدى، ئىسسىق ياستۇقمىدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. پاپىنىڭ، خۇددى تېنىمنىڭ ئىچىدە كېزىپ يۈرگەندەك، ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىمسىقلاپ يۈرگەنلىكىنى تۇيۇپ تۇرۇپتىمەن. نېمە قىلىۋاتىسەن پاپا، ئۇلارغا نېمىلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتىسەن؟ ئاندىن ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراققىدە يېپىلغىنىنى ئاڭلىدىم ۋە قورقۇپ كەتتىم ۋە ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى تونۇدۇم: مەتىن! بۇ چاغقىچە نەلەردە يۈرگەنتىڭ؟ ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى تاراقشىتىپ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۈستىگە چىقمىدى. ئويلىدىم: ئۇلار پەستە، ھازىر ھەممىسى پەستە ۋە پاپا ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. شۈركىنىپ كەتتىم ۋە نەدە مېنىڭ ھاسام، ھەممىڭلارنى نەقمەيداندىلا تۇتۇۋالاي دېدىم، لېكىن ئورنۇمدىن تۇرمىدىم. كېيىن پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ

خاتىرجەم بولدۇم، لېكىن ئاۋازلارنىڭ غەلىتە چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، خۇددى شەيتان يەنە ئىچىۋېلىپ ھوجرىسىغا قايتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى! ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىن يىلاندەك بۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتمەي توختىدى ۋە ئىشىكىم چېكىلگەندە قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغانغاندەك ۋارقىرىغۇم كەلدى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم.

مەتىن ھوجرامغا كىردى. « قانداقراق تۇرىسىز موما؟» دېدى. غەلىتىلىغۇ! « ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟» جاۋاپ بەرمىدىم، قاراپمۇ قويمىدىم. « سىز ياخشى تۇرىسىز، موما، سىزدە چاتاق يوق، سىزگە ھېچنېمە بولمايدۇ.» بىلدىم: مەستكەن! بوۋىسىدەك! كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. « ئۇخلىماي تۇرۇڭ موما! سىزگە دەيدىغان گېپىم بار!» دېمە! « بىردەم ئۇخلىماي تۇرۇڭ!» ئۇخلاۋاتىمەن ۋە كارىۋىتىمغا يېقىنلاشقانلىقىنى تۇيدۇم. « بۇ كونا ئۆيىنى چاقايلى موما.» بىلگەنىدىم. « بۇ ئۆينى چېقىۋېتەيلى، ئورنىغا چوڭ بىر بىنا سالدۇرايلى. سېلىپ-ساتقۇچى بىزگە يېرىمىنى بېرىدۇ. ھەممىمىزگە ياخشى بولىدۇ. سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىز.» شۇنداق، مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن! «ھەممەيلەنگە پۇل لازىم موما! بۇنداق كېتىۋەرسە، پات يېقىندا ئاشخانىنىڭ چىقملىرىغىمۇ چىقىنالمايمىز!» بىزنىڭ ئاشخانا، دەپ ئويلاۋاتىمەن مەن: كىچىكىمدە سەبدە ۋە دارچىن پۇرايتتى بىزنىڭ ئاشخانا. « بىرەر ئىش قىلمىساق يېقىندا رەجەپ بىلەن بۇ يەردە ئاچ قالىسلەر. ئاۋۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى يوق موما. فارۇق، ئەنە ھەر كۈنى مەست يۈرىدۇ، نىلگۈن بولسا كومۇنىست، بۇنى بىلەمتىڭىز؟» دارچىن پۇرىقىنى پۇرايتتىم ۋە ھېچ ئىشنى بىلمەيتتىم ۋە ياخشى كۆرۈلۈش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى بىلىش كېرەكلىكىنىمۇ. « ماڭا جاۋاپ بېرىڭچۇ! سىزگە ياخشى بولسۇن دەپ! گەپلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟» ئاڭلىماپىۋاتىمەن، چۈنكى مەن بۇ يەردە ئەمەس، ئۇيقۇدا ۋە ئەسلەۋاتىمەن: مۇرابىا قايناتاتتۇق، لىمون سۈيى ئىچەتتۇق، شەربەت ئىچەتتۇق. « جاۋاب بېرىڭ موما، ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر نەرسە دەڭ!» ئاندىن شۈكرۈ پاشانىڭ قىزلىرىنىڭ يېنىغا باراتتىم: مەرھابا تۈركان، شۈكران، نىگان مەرھابا! « قوشۇلامسىز؟ بۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۆيدە ئاچ قېلىپ، توڭلاپ ئۆلتۈرۈش، چىرايلىق ۋە ئىسسىق بىنا ئۆيدە تۇرغاندىن ياخشىمۇ؟» كارىۋىتىمنىڭ تۈۋىگە كەلدى، مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قەلەي تۇتقۇچلۇق كارىۋىتىمنى لىڭشىتتى. « ئويغىنىڭ موما، بولۇڭ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ماڭا جاۋاپ بېرىڭ!» ئاچمايۋاتىمەن ۋە سىلكىنىۋاتىمەن: ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن ئات ھارۋىسىغا چىققاندا، تاراق-تۇرۇق، تاراق-تۇرۇق. « ئۇلار، سىزنى بۇ ئۆينى چاققۇسى يوق دەپ قېلىۋاتىدۇ، بولمىسا ئۇلارغىمۇ پۇل لازىمتى. فارۇقنىڭ ئايالى، سىزنىڭچە نېمىدەپ ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالغاندۇ؟ پۇلنى دەپ! ئادەملەر پۇلدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ موما!» تېخىچە سىلكىنىۋاتاتتى. تاراق-تۇرۇق، تاراق-تۇرۇق، ئات ھارۋىسى سىلكىنەتتى. ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرى...« موما، جاۋاپ

بېرىڭ!» پاشىلارنى قورۇيتتى. « جاۋاپ بەرمىسىڭىز سىزنى ئۇخلاتمايمەن!» ئەسلىدىم، ئەسلىدىم، ئەسلىدىم. « ماڭىمۇ پۇل لازىم، ھەممىدىن بەك ماڭا، چۈشەندىڭىزمۇ؟ چۈنكى مەن...» كارىۋىتىمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى، ۋاي خۇدايىم. « ئۇلارغا ئوخشاش ئازغا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرمايمەن. بۇ ئەخمەقلەر دۆلەتتىن يىرگىنىپ كەتتىم! ئامېرىكىغا كېتىمەن. پۇل لازىم. چۈشەندىڭىزمۇ؟» ئاغزىدىن كۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئىسپىرت پۇرىقىنى يىرگىنىپ تۇرۇپ پۇرىدىم ۋە چۈشەندىم. «ئەمدى ماڭا، ماقۇل دەڭ، موما! سىزنىڭمۇ بىنا ئۆيدە تۇرغىڭىز بار، ئۇلارغا دېمىز، ماقۇل دەڭ موما!» دېمىدىم. « نېمىدەپ ماقۇل دېمەيسىز؟ خاتىرەلىرىڭىزگە تارتىشىپمۇ؟» مېنىڭ خاتىرەلىرىم مېنىڭ. « ئۇ بىنا ئۆيگە تۇشۇپ چىقىمىز ھەممە نەرسىلەرنى! ئىشكاپلىرىڭىزنى، ساندۇقلىرىڭىزنى، تىكىش ماشىنىڭىزنى، چىنە ـ تەخسىلىرىڭىزنى، ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىمىز. موما، سىزمۇ مەمنۇن بولىسىز، چۈشەندىڭىزمۇ؟» چۈشىنىۋاتىمەن ئەجەپ چىرايلىق ئىكەنتۇق ئۇ قىش كېچىلىرى: كېچىنىڭ جىمجىتلىقى مېنىڭ ئىدى، ھەممە نەرسە مۇزدەك قېتىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى! « تامدىكى بوۋامنىڭ بۇ رەسىمىنىمۇ ئاسىمىز. ھوجرىڭىز مۇشۇ ھوجرىڭىزنىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ. ئۆتۈنەي، بىر جاۋاپ بېرىڭ!» بەرمىدىم! « ۋاي خۇدايىم، بىرى مەست ۋە بىغەم، يەنە بىرى كوممۇنىست ۋە بۇ قېرى بولسا ئالجىغان دەپ مەن...» ئاڭلىمىدىم! «... ئۆمرۈمنى، بۇ ئەخمەقلەر تۈرمىسىدە ئۆتكۈزسەم بولمايدۇ، ياق!» قورقۇپ كەتتىم ۋە مۇزدەك قوللىرىنىڭ مۈرەمگە تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدىم! يىغلامسىرىغان ئاۋازى يېقىنلاشقانىدى، ھاراق پۇراپ تۇرغان نەپەسلىرى بىلەن يالۋۇرۇۋاتاتتى، مەن ئەسلەۋاتاتتىم: جەننەت يوق، جەھەننەم يوق، جەسىتىڭ تۇپراقنىڭ مۇزدەك قاراڭغۇلۇقىدا يالغۇز قالىدۇ. تېخىمۇ بەك يالۋۇرۇۋاتاتتى. كۆزلىرىگە تويپا تولىدۇ، بۆرىلەر ئۇچەيلىرىڭنى چىشلەپ تارتىشىدۇ، گۆشلىرىڭ چىرىپ كېتىدۇ. « موما، ئۆتۈنۈپ قالاي!» مېڭەڭنىڭ ئىچىدە چۇمۇلىلەر چېپىپ يۈرىشىدۇ، جىگىرىڭدە پارازىت قۇرۇتلار مىغىلدايدۇ، يۈرىكىڭدە سازاڭلار قايناپ كېتىدۇ. ئاندىن بىردىنلا توختىدى. « نېمە ئۈچۈن ئانام بىلەن دادام ئۆلۈپ كېتىپ سىز ھايات قالدىڭىز؟» دېدى. « بۇ راستىمۇ؟» ئويلىدىم. ئۇلار ئالدايتۇ. ئويلىدىم: پاپا پەستە دەپ بېرىۋاتىدۇ! ئويلىدىم، لېكىن باشقا گەپ قىلمىدى. يىغلاۋاتاتتى، بىر چاغدا، قوللىرى گېلىمنى بوغىدىغان بولدى دەپ قالدىم! قەبرەمنى ئويلىدىم. كارىۋىتىمدا يېتىپ تېخىچە يىغلاۋاتاتتى. يىرگەندىم. كارىۋىتىمدىن قوپۇش تەس كەلدى، لېكىن قوپتۇم ۋە ساپما كەشلىرىمنى كىيدىم ۋە ھاسامنى ئېلىپ ھوجرامدىن چىقتىم، پەلەمپەيىنىڭ قېشىغا باردىم ۋە توۋلىدىم:

ــ رەجەپ، رەجەپ، چاپسان يۇقىرىغا چىقىڭلار!

# ئوتتۇزىنچى باب

نىلگۇن بىلەن پەستە ئولتۇراتتۇق. چوڭ خانىمنىڭ تۇۋلىغىنىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ دىگۈدەك چىقتىم. چوڭ خانىم ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىدە تۇراتتى.

ــ بول رەجەپ!ــ دەپ ۋارقىراۋاتاتتىــ بۇ ئۆيدە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ دەپ بەر ماڭا!

ــ ھېچنىمەــ دېدىم ھاسراپ تۇرۇپ.

ــ ھېچنىمەمىش!ــ دېدىــ بۇ ساراڭ بوپتۇ، قاراپ باق!

ھاسىسىنىڭ ئۇچى بىلەن خۇددى بىر چاشقاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەتكەندەك يىرگىنىپ تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىنى كۆرسەتتى. ئىچىگە كىردىم: مەتىن، چوڭ خانىمنىڭ كارىۋىتىدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى، بېشىنى گۈل تىكىلگەن ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ تىترەۋاتاتتى.

ــ تاس قالدى مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلىــ دېدى چوڭ خانىمــ ئۆتۈنۈپ قالاي دەۋاتىمەن، ئۆيدە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، مەندىن يوشۇرماڭلار.

ــ ھېچ ئىش يوقــ دېدىمــ سىزگە بۇنداق قىلىش يارىشامدۇ مەتىن بەي، قېنى قوپۇڭ.

ــ ھېچ ئىش يوقمىش. بۇنى كىم ئازدۇردى؟ مېنى ھازىرلا پەسكە چۈشۈرۈڭلار.

ــ ماقۇلــ دېدىمــ مەتىن بەي ئازراق ئىچىۋاپتۇ، چوڭ خانىم! بولغان ئىش مۇشۇ. ياش تۇرسا، ئانچە-مۇنچە ئىچىپ قويىدىكەن، ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز. دادىسىمۇ، بوۋىسىمۇ مۇشۇنداق ئەمەسمىدى؟

ــ بولدى، بولدىــ دېدىــ ئاغزىڭنى يۇم، سەندىن بۇنى سورىمىدىم!

ــ تۇرۇڭ، مەتىن بەي!ــ دېدىمــ قوپۇڭ، سىزنى ئورنىڭىزغا ياتقۇزۇپ قوياي!

دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى، ھوجرىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ بوۋىسىنىڭ تامدىكى رەسىمىگە غەلىتىلا قاراپ قويدى. ئاندىن ھوجرىسىغا كىرگەندە بولسا يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

ــ مېنىڭ ئانام بىلەن دادام نېمە ئۈچۈن بالدۇر ئۆلۈپ كەتتى؟ــ دېدىــ دېگىنە رەجەپ، نېمە ئۈچۈن؟

كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ ياتسۇن، دەپ ياردەم قىلىۋېتىپ «ئاللاھ» دەپ گەپ باشلىۋېدىم، بىردىنلا مېنى ئىتتىرىۋەتتى.

ــ ئاللاھىمش! كالۋا پاپا! مەن ئـۆزۈم سـالىمەن، كارىـك بولمىسـۇن. لـېكىن كىيىمنـى سېلىشنىڭ ئورنىغا چامادانىدىن بىر نەرسە ئالدى. ھوجرىدىن چىقىۋېتىپ توختىدى، غەلىتە ھالدا، «خالاغا چىقىمەن!» دېدى، ماڭدى.

چوڭ خانىم ۋارقىراۋاتاتتى، باردىم.

ــ مېنى پەسكە چۈشۈر، رەجەپ. ئۆزۈم كۆرۈپ باقاي، نېمە قىلىشىۋاتىدۇ پەستە.

ــ ھېچ ئىش يوق چوڭ خانىم ــ دېدىم ــ نىلگۈن خانىم كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ، فـارۇق بەي چىقىپ كەتتى.

ــ بۇ چاغ بولغاندا نەگە كەتتى؟ سەن ئۇلارغا نېمە دېدىڭ؟ يالغان ئېيتما.

ــ يالغـان ئېيتىقـىنىم يـوق ــ دېـدىم ــ كېلىـدۇ، سـىزنى يـاتقۇزۇپ قويـاي. ھوجرىسـىغا كىردىم.

ــ بـۇ ئۆيـدە بىـر ئـىش بولۇۋاتـىدۇ...ھوجرامغـا كىـرمە، قالايمىقـان قىلمـا!ــ دېـدى، كەينىمدىن ئۇمۇ ھوجرىسىغا كىردى.

ــ بولۇڭ چوڭ خانىم، يېتىۋېلىڭ، بولمىسا چارچـاپ قالىسـىز ــ دەۋاتـاتتىم ۋە شـۇ چاغـدا مەتىننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، قورقۇپ كەتتىم. دەرھال ھوجرىدىن چىقتىم.

مەتىن دەلدەڭشىپ يىقىلىلاشتى ۋە بىردىنلا، مەستتەك، « قارا،» دېدى. « قارا نېمە بوپتۇ رەجەپ!» بىلىكىدىن ئېقىۋاتقان قانغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇراتتى. كېسىلىپتۇ، لېكىن ئانچە چوڭقۇر كېسىلمەپتۇ، سـىزىلىپ كېتىپتـۇ. ئانـدىن خـۇددى ئىچـىگە قورقـۇنچ چۈشـكەندەك بولدى، مېنى، ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەرنى، پۇشايماننى ئەسلىدى.

ــ دورىخانا ھازىر ئوچۇقمىدۇر؟

ــ ئوچۇق ــ دېدىم ــ لېكىن ئاۋال سىزگە ئازراق پاختا بېرەي مەتىن بەي!

دەرھال پەسكە چۈشتۈم. ئىشكاپتىن پاختا ئېلىۋاتاتتىم.

ــ نېمە بولدى؟ــ دېدى نىلگۈن بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

ــ ھېچنېمە!ــ دېدى مەتىن ــ قولۇمنى كېسىۋالدىم.

پاختىنى بەردىم، يارىسىغا بېسىۋاتقان چاغدا نىلگۈن كەلدى، قارىدى.

ــ قولـۇڭ ئەمەس، بىلىكىـڭ ئىـكەن ــ دېـدى ــ لـېكىن چـوڭ چاتـاق يـوق. قانـداق كېسىۋالدىڭ؟

ــ چاتاق يوقمۇ؟ــ دېدى مەتىن.

ــ بۇ ئىشكاپتا نېمە بار رەجەپ؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ چاتاق يوقمىش تېخى!ــ دېدى مەتىن ــ مەن دورىخانىغا بارىمەن.

ــ ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەر بار، كىچىك خانىم ــ دېدىم.

ــ دادامنىڭ، بوۋامنىڭ كونا نەرسىلىرىدىن يوقمۇ؟ــ دېدى نىلگۈنــ ئۇلار نېمە يازاتتى؟

سەل ئويلىنىۋالدىم ۋە ئاندىن تۇيۇقسىزلا « ئاللاھىنىڭ يوقلۇقىنى» دەپ سالدىم.

نىلگۈن كۈلدى ۋە چىرايلىقلىشىپ كەتتىــ سەن قانداق بىلىسەن؟ــ دېدىــ ساڭا سۆزلەپ بېرەمتى؟

بىر نەرسە دېمىدىم. ئىشكاپنى تاقىدىم. چوڭ خانىمنىڭ تۈۋلىغىنىنى ئاڭلاپ ئۈستىگە چىقتىم، ئۇنى يەنە ياتقۇزۇپ قويۇپ پەستە ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەينەك چۆگۈندىكى سۈنى ئالماشتۇرىۋېتىشىمنى ئېيتتى. پاكىز سۇ قاچىلاپ بولۇپ پەسكە چۈشكىنىمدە نىلگۈن يەنە كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئاندىن ئاشخانا تەرەپتىن تىرىقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. فارۇق بەي ئاشخانا ئىشىكىنىڭ سىرتىدا ئىدى، نېمىشقىكىن ئىشىكنى ئاچالمايۋاتاتتى. مەن ئاچتىم.

ــ تاقاقلىق ئەمەستىــ دېدىم.

ــ ھەممە چىراقلارنى يېقىۋاپسىلەرغۇ؟ــ دېدى. ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ راكى پۇراپ تۇراتتى، ــ نېمە ئىش بولدى؟

ــ سىزنى ساقلاۋاتقاندۇق فارۇق بەيــ دېدىم.

ــ مېنىڭ كاساپىتىمدىن!ــ دېدىــ ئاھ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن. كاشكى تاكسى بىلەنلا بارغان بولساڭلار. مەن بولسام بەل تولغاش ئۇسۇلى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ــ نىلگۈن خانىمنى دەۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنىڭدا چاتاق يوق،ـ دېدىم.

ــ چاتاق يوقمۇ؟ بىلمەپتىمەنــ دېدى، لېكىن ھەيران قالغاندەك كۆرۈنەتتىــ ياخشى تۇرامدۇ؟

ــ ياخشى. ئىچىگە كىرمەمسىز؟

كىردى. ئاندىن بۇرۇلدى، قاراڭغۇلۇقتا قارىدى، ھويلا ئىشىكىنىڭ نېرىسىدىكى غۇۋا لامپىغا، ئۇيەردىكى بىر يەرگە، ئاخىرقى رەت بىر بېرىپ كەلگۈسى باردەك. ئاندىن توڭلاتقۇنى ئاچتى، شىشىنى ئالدى. تۇيۇقسىزلا، قولىدىكى شىشىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويغاندەك كەينىگە ئىككى قەدەم سەنتۈرۈلدى، قاتلىنىپ ئورۇندۇقۇمغا ئولتۇردى. نەپسى يېتىشمايۋاتقاندەك ھاسىرايتتى.

ــ ئۆزىڭىزگە زۇلۇم سېلىۋاتىسىز فارۇق بەيــ دېدىمــ كىممۇ بۇنداق كۆپ ئىچىدۇ؟

خېلى بىر ھازادىن كېيىن، « بىلىمەن»، دېدى. باشقا بىر نەرسە دېمىدى.

ئامراق قونچىقىنى قۇچاقلىۋالغان كىچىك قىز بالىدەك شىشىسىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى.

ــ سىزگە شورپا قىلىپ بېرەيمۇ؟ــ دېدىمــ گۆش سۈيى تەييار.

ــ قىل‍ــ دېدى، يەنە بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى.

شورپىلارنى ئىلىپ چىققان چېغىمدا مەتىنمۇ كەلگەنىدى. بىلىكىگە كىچىك بىر چاپلاق چاپلانغان ئىدى.

ــ دورىگەر سېنى سورىدى ئاچا!ــ دېدى‍ــ دوختۇرخانىغا بارمىغىنىڭنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

ــ شۇنداق‍ــ دېدى فارۇق‍ــ ھېلىھەم كىچىكىپ قالغان بولمايمىز، ئۆلگۈرىمىز.

ــ نېمە دەيدىغانسىلەر‍ــ دېدى نىلگۈن‍ــ ھېچنېمە بولمايدۇ.

ــ مەن بەل تولغاش ئۇسسۇلى كۆرۈپ كەلدىم‍ــ دېدى فارۇق‍ــ باشلىرىغا فەس كىيىۋالغان ئەخمەق ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە.

ــ قانداقراقكەن؟ــ دېدى نىلگۈن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ دەپتىرىم نەدە قالغاندۇ؟‍ــ دېدى فارۇق‍ــ پەقەت بولمىسا دەپتەردىن، تارىختىن بىر نەرسىلەرنى تاپقىلى بولاتتى.

ــ بىغەملەر... سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن‍ــ دەۋاتاتتى مەتىن.

ــ سېنىڭ ئىستانبۇلغا قايتقۇڭ بارمىدى مەتىن؟ــ دېدى فارۇق‍ــ ئىستانبۇل يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك!

ــ ھەر ئىككىڭلار مەست بولۇپ قاپسىلەر. ماشىنىنى ھېچكىم ھەيدىيەلمەيدۇ‍ــ دېدى نىلگۈن.

مەتىن ۋارقىرىدى:ــ مەن ھەيدەيمەن!

ــ ياق، بۈگۈن ئاخشام، بۇ يەردە، قېرىنداشلار جەم بولۇپ ئولتۇرىمىز‍ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ھەممىسى ھېكايە!‍ــ دېدى فارۇق بەي. بىردەم جىم تۇردى، ئاندىن قوشۇپ قويدى:ــ ھېچقانداق سەۋەبى بولمىغان ھېكايىلەر...

ــ ياق! ھەر قېتىم دېمەن. بىر سەۋەبى بار بۇلارنىڭ...

ــ بارىكاللاھ! دېمىسمۇ زېرىكمەي ــ تېرىكمەي دېيسەن.

ــ ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار، بولار ئەمدى!ــ دېدى مەتىن.

ــ غەربلىك بىر ئائىلىنىڭ بالىلىرى بولۇپ تۇغۇلغان بولساق قانداق بولاردۇق؟ــ دېدى فارۇق‍ــ مەسىلەن، بىر فرانسۇز ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى بولغان بولساق بىز! مەتىن خۇشال بولارمىدى ئەجەبا؟

ــ ياق‍ــ دېدى نىلگۈن‍ــ ئۇ ئامېرىكىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ــ شۇنداقمۇ مەتىن؟

ــ شششش! جىم تۇرۇڭلار‍ــ دېدى مەتىن‍ــ ئۇخلايمەن.

ــ مەتىن بەي، بۇ يەردە ئۇخلىماڭــ دېدىم مەنــ سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن.

ــ سەن ئارىلاشما.

ــ سىزگىمۇ شورپا ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟

ــ ئاھ، رەجەپ!ــ دېدى فارۇقــ ئاھ، رەجەپ، ئاھ!

ــ ئەكەل!ــ دېدى مەتىن.

ئاشخانىغا چۈشتۈم، ئۈنىڭغىمۇ تەييارلىدىم. ئۈستىگە چىققان چېغىمدا فارۇق بەيمۇ ياندىكى دىۋاندا ياتاتتى. توررۇسقا قاراپ نىلگۈن بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، كۈلۈمسىرىشىۋاتاتتى. مەتىن قولىدىكى پلاستىنكىغا قاراپ تۇراتتى.

ــ ئەجەپ ياخشى!ــ دېدى نىلگۈنــ ياتاقداشلاردەك!

ــ ئۈستىگە چىقىپ ياتامسىز؟ــ دەۋاتاتتىم، چوڭ خانىمنىڭ تۈۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۈستىگە چىقتىم. خېلى بىر ھازا ھەپىلىشىپ چوڭ خانىمنى ئاران ياتقۇزدۇم. پەسكە چۈشكۈسى بار ئىدى، شاپتۇل بەردىم. ئىشىكىنى يېپىپ پەسكە چۈشكەن چېغىمدا فارۇق بەي ئۇخلاپ قالغان ئىدى؛ كۆپ ئازاپ-ئوقۇبەت چەككەن قېرىلارنى ئەسلىتىدىغان غەلىتە بىر خىل ئاۋازدا بولۇشىغا خورەك تارتىۋاتاتتى.

ــ سائەت قانچە بولدى؟ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ئۈچ يېرىم بولدىــ دېدىمــ سىزمۇ مۇشۇ يەردە ئۇخلامسىز؟

ــ ھەئە.

ئۈستىگە چىقتىم. ھوجرىلىرىغا بىر-بىرلەپ كىردىم، كارىۋات ياپقۇچلىرىنى پەسكە ئەپچۈشتۈم. نىلگۈن رەھمەت ئېيتتى، فارۇق بەيگىمۇ يېپىپ قويدۇم.

ــ ماڭا لازىم ئەمەســ دېدى مەتىن. ھارغۇن ھالدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندەك قولىدىكى پلاستىنكىنىڭ مۇقاۋىسىغا قاراۋاتاتتى. يېقىن كېلىپ كۆردۈم، ئەتىگەنكى پلاستىنكا ئىكەن. «چىراقلارنى ئۆچۈر» دېدى.

نىلگۈن بىر نەرسە دېمىدى، بىرىپ تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان يالىڭاچ لامپىنى ئۆچۈردۈم، لېكىن ئۇلارنى يەنىلا كۆرۈپ تۇراتتىم. چۈنكى سىرتتا يېنىپ تۇرغان لامپىنىڭ يورۇقى قاپقاقلارنىڭ قىسلىچىدىن كىرىپ تۇراتتى ۋە گويا فارۇق بەينىڭ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكەندەك چىقىۋاتقان خورىكىنى كۆرسىتىش ۋە بىر بۇرجەكتىن، كىچىككىنە بولسىمۇ نۇر چۈشۈپ تۇرغاندا ۋە دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولمىغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ قورقماسلىقى كېرەكلىكىنى ماڭا ئەسلىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇ يەردە ياتقان ئۈچ قېرىنداش گەۋدىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئاندىن تالادىن ئەمەس، يېقىن بىر يەردىن كېلىۋاتقان قىسقا ۋە جاراڭلىق چېكەتكە ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. خۇددى قورققۇم باردەك لېكىن

قورقۇيالمايۋاتقاندەك قىلاتتىم، چۈنكى تۇرۇپ-تۇرۇپ بىرىنىڭ يېنىك قىمىرلىغىنىنى كۆرۈپ تۇراتتىم ۋە ئوخشاش بىر ئۆيدىكى ئۈچ قېرىنداشنىڭ ئۇيقۇسى، ئۇلار قاراڭغۇلۇقنىڭ، بەھۇزۇر ۋە چارىسىز خورەكنىڭ ئىسسىق يوتقىنىغا يۆگىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن شىرىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاۋاتاتتىم. ئۇيقىدىمۇ، چۈنكى، يالغۇز ئەمەسسەن، سوغۇق قىش كېچىسىدە، مۇشۇنداق ئۇخلىساڭمۇ، تىكەندەك يالغۇز يېتىپ شۈركۈنمەيسەن! گويا يۇقىرىدىكى ھوجرىدا، ياكى ياندىكى ھوجرىدا سېنىڭ تاراقشىتقان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ۋە سېنى ساقلاپ تۇرىدىغان بىر ئانا ياكى بىر دادا ۋە ياكى ھەر ئىككىسىلا باردەك ۋە بۇنى ئويلاپ ھۇزۇرلۇق ئۇيقۇنىڭ قۇش پېيىدەك يېنىكلىكى ئىچىدە غايىپ بولۇپ كەتكەندەك. شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلدى ۋە نېمىشقىكىن مەن شۇئاندا دۈگدىيىپ تۇرغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەسەننى ئويلىدىم. نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ ئويلىدىم ۋە تېخىمۇ كۆپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ يېنىك-يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان تىرىك گەۋدىلىرىنى تاماشا قىلغاچ ھېكايىلەرنى، يەنە بىر باشتىن ئۆزۈمگە سۆزلەپ بەرگەچ بىردەم بۇ يەردە ئولتۇراي دېۋىدىم، ياق، بىردەم ئەمەس، تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇراي، قورقاي، قورقۇنچىنىڭ ئىسسىق يۈرىكىدە ياتاي، دەۋاتسام نىلگۈننىڭ ئاۋازى،

ــ رەجەپ، سەن تېخىچە بۇ يەردىمۇ؟ــ دېدى.

ــ ھە، كىچىك خانىم؟

ــ نېمىشقا ياتمىدىڭ؟

ــ ياتاي دەۋاتقان.

ــ چىقىپ ئۇخلا رەجەپ، مەندە چاتاق يوق.

چىقتىم، سۈت بىلەن بىر ئاز قېتىق ئىچكەندىن كېيىن ياتتىم، لېكىن ئۇيقۇم كەلمىدى. كارىۋېتىمدا ئۆرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ، ئۇ يەردە، ئۈستىدە، ئۈچ قېرىنداش، بىر ئۆيدە، بىللە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئويلىدىم، ئاندىن يادىمغا ئۆلۈم كەلدى، ئاندىن ئۆلۈمدىن بۇرۇنقى سالاھىددىن بەي. ئاھ، ئوغلۇم، مىڭ ئەپسۇسكى، سەن بىلەن ئىسمايىل ئىككىڭلارنىڭ ئوقۇش ئىشىڭلارغا كۆڭۈل بۆلەلمىدىم، دېگەنىدى. يېزىغا ئاپىرىپ سېلەرگە داداڭلار دەپ تونۇشتۇرغان ئۇ گويي سىلەرنى بەك قىيناپتۇ، ئەلۋەتتە، بۇ قىسمەن جەھەتتىن مېنىڭ گۇناھىم، فاتىمەنىڭ سىلەرنى ئۇ يەرگە يوللىۋېتىشىگە كۆز يۇمۇپ قاراپ تۇردۇم، دېگەنىدى، بوشاڭلىق قىلدىم، لېكىن فاتىمەنى قىينىغىممۇ كەلمىدى، تەتقىقاتىم ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىملارنى ھېلىغىچە فاتىمە چىقىرىۋاتىدۇ، سىلەر يەۋاتقان نانمۇ ئۇنىڭ، تارتقان جاپا-مۇشەققەتىڭلارمۇ، دېگەنىدى، ئەڭ كۆڭلۈم يېرىم بولغان ئىش يېزىدىكى ئۇ كالۋالارنىڭ سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارنى قورقۇنچلار بىلەن بۇلغىۋەتكەنلىكى بولدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ئەمدى مەن سىلەرنى تەربىيەلەپ، ئۆز ئالدىڭلارغا پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇستەقىل قارار

چىقىرالايدىغان ئەركىن ئىنسانلاردىن قىلىپ چىقالمايمەن، بەك كېچىكتىم، ھەرگىزمۇ دەرەخ نوتا چېغىدا ئىگىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، مېنىڭ بىر پۇتۇمنىڭ ئاللىبۇرۇن گۆرگە ساڭگىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن كېچىكتۇق؛ چۈنكى مەن بىر، ئىككى ئادەمنى تەربىيەلەپ قۇتۇلدۇرۇش بىلەن قانائەتلەنسەم بولمايدۇ، قاراڭغۇلۇقنىڭ گەملىرىدە تىمسقىلاپ يۈرگەن ملىيونلىغان بىچارە مۇسۇلمانلار بار، مېنىڭ كىتابىمنىڭ يورۇقلۇقىغا تەشنا ملىيونلىغان بىخۇتلاشتۇرۇلغان قۇللار! ھالبۇكى ۋاقىت، ئاھ، مىڭ ئەپسۇس، بەك ئاز! خۇدايىمغا ئامانەت مېنىڭ بىچارە، جىمغۇر ئەۋلادىم، ھېچبولمىسا ساڭا ئاخىرقى نەسھەتىمنى قىلىۋالاي، گېپىمگە قۇلاق سال رەجەپ: كەڭ قورساق ۋە ئەركىن بول، ئۆزۈڭگە، پەقەت ئۆز ئەقلىڭگىلا ئىشەن، چۈشىنىۋاتامسەن؟ مەن گەپ قىلماي، بېشىمنى لىڭشىتىپ ئويلاۋاتاتتىم: سۆزلەر! جەننەتنىڭ دەرىخىدىن ئەقىل مېۋىسىنى ئۈز رەجەپ، قورقماي ئۈز، ئۇ چاغدا بەلكىم ئازاب ئىچىدە تولغۇنۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن، لېكىن ئەركىن بولىسەن ۋە ھەممە ئادەم ئەركىن بولغاندا ھەقىقىي جەننەتنى بۇ دۇنيادا قۇرۇپ چىقالايسەن چۈنكى، شۇ چاغدا ھېچنەرسىدىن قورقمايسەن. سۆزلەر، دەپ ئويلاۋاتاتتىم مەن، سۆزلەر، ھاۋاغا تارقىلىپلا يوق بولۇپ كېتىدىغان بىر توقام ئاۋازلار، سۆزلەر... سۆزلەرنى ئويلىغاچ ئۇخلىدىم.

كۈن چىقىپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، دەرىزەم چېكىلگەندە ئويغاندىم. ئىسمايىل ئىكەن. دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. بىر-بىرىمىزگە خۇددى گۇناھ ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندەك قاراشتۇق. ئاندىن يىغلامسىرىغان ئاۋازدا:« ھەسەن بۇ يەرگە كەلمىگەندۇ-ھە ئاكا؟» دېدى. «ياق» دېدىم. « ئىچىگە كىر، ئىسمايىل.» ئاشخانىغا كىردى، بىر نەرسىنى چېقىپ قويۇشتىن قورققاندەك تۇردى. بىردەم جىم تۇردۇق. ئاندىن بۇ قېتىم خۇددى تارتىنمىغاندەك كۆرۈندى ۋە « نېمىشقا ئۇنداق قىلىپتۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېدى. بىر نەرسە دېمىدىم، ئىچىگە كىرىپ كەتتىم، ئۇخلاش كىيىمىمنى سالدىم، كۆينىكىم بىلەن ئىشتىنىمنى كىيىۋېتىپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىم، « نېمە دېسە قىلىپ بەردىم»، دەۋاتاتتى، ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك. « ساتىراشقا شاگىرت بولۇشقا ئۇنىمىدى. ماقۇل، ئوقۇ دېدىم. لېكىن ياخشى ئوقۇمىدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ، بىلدىم، كۆرگەنلەر بار ئىكەن، دەپ بەردى، پەندىككىچە بېرىپ يۈرۈپتۇ، تىجارەتچىلەردىن مەجبۇرلاپ پۇل يىغىشىپتۇ!» ئاندىن بىردەم جىمىپ قالدى. يىغلىمىدىكىن دېدىم، لېكىن مەن ئاشخانىغا قايتىپ كىرگىنىمدە يىغلىمىغان ئىدى. تارتىنىپ تۇرۇپ،« ئۇلار نېمە دېدى؟» دېدى. « ئۇستىدىكىلەر. كىچىك خانىم قانداقراق؟» « تونۇگۈن ئاخشام، چاتاق يوق، دېگەنىدى، ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ» دېدىم. « لېكىن دوختۇرخانىغا ئاپارمىدى، ئەسلىدە ئاپىرىشى كېرەك ئىدى.» ئىسمايىل سۆيۈنگەندەك قىلدى. « بەلكىم دوختۇرخانىغا ئاپارغۇدەك چاتاق يوقتۇر» دېدى. « بەلكىم ئۇنچىلىك ئۇرمىغاندۇر.» مەن، بىردەم جىم تۇردۇم، ئاندىن،

« مەن كۆردۈم ئىسمايىل!» دېدىم. « ئۇرۇۋاتقاندا كۆردۈم قانداق ئۇرغىنىنى!» خۇددى ئۆزى ئۇرغاندەك خىجىل بولۇپ كەتتى، كىچىك ئورۇندۇقۇمغا ئولتۇردى، يىغلايدىغان بولدى دېگەندىم، ئولتۇردى.

بىردەمدىن كېيىن، ئۈستىدىن تىرىقشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، چايغا سۇ قويدۇم ۋە چوك خانىمنىڭ يېنىغا چىقتىم.

ــ خەيرلىك سەھەر ــ دېدىم ــ ناشتىنى پەستە قىلامسىز، بۇ يەردىمۇ؟ قاپقاقنى ئاچتىم.

ــ مۇشۇ يەردە ــ دېدى ــ چاقىر ئۇلارنى كۆرىمەن.

ــ ھەممىسى ئۇخلاۋاتىدۇ ــ دېدىم ــ لېكىن پەسكە چۈشكەندە نىلگۈننىڭ ئويغانلىقىنى كۆردۈم.

ــ قانداقراق؟

قىزىل كېيىمنى كىيىپتۇ.

ــ ئىنتايىن ياخشى رەجەپ ــ دېدى ــ مەندە چاتاق يوق.

لېكىن چىرايىدىن ئۇنداقتەك قىلمايتتى: بىر كۆزى تامامەن ئېتىلىپ قاپتۇ، قېتىشقا باشلىغان يارىلىرى ئىششىپ، كۆكىرىپ كېتىپتۇ.

ــ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىڭلار!ــ دېدىم.

ــ ئاكام ئويغاندىمۇ؟ــ دېدى.

پەسكە چۈشتۈم. ئىسمايىل تېخىچە ئورنىدا مىت قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. مەن چاي دەملىدىم. بىر ئازدىن كېيىن، ئىسمايىل: « تۈنۈگۈن ئۆيگە ژاندارمىلار كەلدى» دېدى. « يوشۇرماڭلار، دېدى. مەن نېمىدەپ يوشۇرۇپ قويغۇدەكمەن، دۆلەتتىن ئاۋال مەن جازاسىنى بېرىمەن، » دېدىم. جىمىپ قالدى، مېنى بىر نەرسە دەمدىكىن دەپ ساقلىدى، مەن بىر نەرسە دېمىگەندىن كېيىن يىغلايدىغاندەك قىلدى، لېكىن يىغلىمىدى. « ئۇلار نېمە دەيدۇ؟» دېدى. جاۋاپ ئالالماي تاماكا ياقتى. « نەدىن تاپالايمەن ئۇنى؟» مەن ئىسسىتىش ئۈچۈن بولكا كېسىۋاتاتتىم. « ئاغىنىلىرى بار، قەھۋەخانىغا بارارمىش» دېدى. « ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ شۇنداق قىلغان گەپ. ھېچنېمە بىلمەيدىغان تۇرسا!» ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بولكا كېسىۋاتاتتىم. يەنە سۆزلىدى: « ھېچنېمە بىلمەيدىغان تۇرسا!» بولكىلارنى كەستىم.

ئۈستىگە چىققان چېغىمدا فارۇق بەيمۇ ئويغانغان ئىدى. نىلگۈن ئىشتىياق بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

ــ شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى تارىخ پەرىشتىسىنىڭ قۇچاقلىرىدا كۆردۈم!ــ دەۋاتاتتى فارۇق بەي ــ مېنى، مېھرىبان بىر ھامىمغا ئوخشاش چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى، مانا، ھازىر، ساڭا، تارىخنىڭ سىرىنى دەپ بېرىمەن، دەۋاتاتتى.

نىلگۈن خىرىلداپ كۈلدى، فارۇق داۋاملاشتۇردى.

ــ ئاجايىپ بىر چۈش! قورقۇپ كەتتىم، ئويغاندىم، لېكىن بۇنى ئويغىنىش دېگىلى بولمايتتى. ئويغىنىپ كەتكۈدەك بار، لېكىن ئۇيقۇنىڭ ھېچقىنىدا چۈشۈپ كېتىۋاتىسەن. قارا بۇ پۇرلەش نەرسە يانچۇقىمدىن چىقتى.

ــ ھە...ــ دېدى نىلگۈن ــ فەس!

ــ فەس ئىكەن راست! تۇنۇگۈن بەل تولغاش ئۇسسۇلى كۆرۈۋاتقان چېغىمدا ساياھەتچىلەر سۇركىلىپ يۈرۈشەتتى. نېمە قىلغانلىقىم ئېسىمدە يوق. بايا يانچۇقىمدىن چىقتى. يانچۇقىمغا قانداق سىغقاندۇ؟

ــ ناشتىلىقنى ھازىرلا ئەكىلەيمۇ؟ــ دېدىم.

ــ ھەئە رەھمەتــ دېيىشتى.

چۈنكى ئۇلار يوللار تىجارەتچىلەر بىلەن تولۇپ قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىستانبۇلغا قايتماقچى بولۇشۇپتۇ. ئاشخانىغا چۈشتۇم، بولكىلارنى ئوتقا قويدۇم، تۇخۇم قايناتتىم، ناشتىلىقلارنى چىقىرىۋاتاتتىم، ئىسمايىل،«بەلكىم سەن بىلمىگەنسەن،» دېدى. « سەن بۇ يەردە تۇرىسەن، شۇڭا ھەممىدىن جىق سەن خەۋەردار بولۇپ تۇرىسەن رەھمەت!» بىردەم ئويلاندىم. « مەنمۇ سەنچىلىك بىلمەيمەن ئىسمايىل!» دېدىم. ئاندىن ئۇنىڭ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئىسمايىل خۇددى ئالدىنىپ قالغاندەك قارىدى، ھەيران قالغاندى. ئاندىن، ئۇمىد بىلەن،« نەگىمۇ بارار،» دېدى. « بىر يەردىن، بىر كۈنى چىقىپ كەپ قالار. ھەر كۈنى بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قانچىلىغان كىشىلەر ئۆلۈۋاتىدۇ، بۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر.» بىردەم جىم بولدى، ئاندىن « ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟» دېدى. چاي قۇيۇپ ئالدىغا قويدۇم. « سەن بولساڭ ئۇنتۇپ كېتەمتىڭ؟» دېدىم.

ئۈستىگە چىقتىم.

ــ ئۇلار ئويغاندى چوڭ خانىم ــ دېدىم ــ پەستە سىزنى ساقلىشىۋاتىدۇ. قېنى، پەسكە چۈشەيلى، ئۇلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىللە ناشتا قىلىۋېلىڭ.

ــ چاقىر ئۇلارنى!ــ دېدى ــ ئۇلارغا گېپىم بار. سېنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىڭگە ئالدىنىپ كېتىشنى خالىمايمەن.

بىر نەرسە دېمەي پەسكە چۈشتۇم. داستىخاننى تەييارلاۋاتاتتىم، مەتىنمۇ ئويغىنىپتۇ. فارۇق بىلەن نىلگۈن كۈلۈشىۋاتاتتى، مەتىن گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. ئاشخانىغا چۈشسەم ئىسمايىل، «ھەسەن ئىككى كۈن بولدى ئۆيگە كەلمىدى،» دېدى. « خەۋىرىڭ يوقمۇ؟» ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى. « بىلمەيدىكەنمەن،» دېدىم. « يامغۇر ياغقان كېچىسىمۇ يوقمىدى؟» «يوقتى» دېدى. «تاملار ئېقىپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپىنى سەل ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. كېچىچە

ئولتۇردۇق، ساقلىدۇق، كەلمىدى.» «يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا بىرەر يەرگە كىرىۋالغاندۇ.» دېدىم. تېخىمۇ دىققەت بىلەن قارىدى. «بۇ يەرگە كەلمىدىمۇ؟» دېدى. «پەقەت كەلمىدى، ئىسمايىل!» دېدىم، لېكىن ئويلاپ قالدىم، ئېسىمگە ئوچۇق قالغان ئوچاقلار كەلدى. چاينى، بولكىلارنى، تۇخۇملارنى ئۈستىگە ئېلىپ چىقتىم. ئېسىمگە كەلدى.

ــ سۈت ئىچەمسىز نىلگۈن خانىم؟

ــ ئىچكۈم يوق ــ دېدى.

كاشكى، نىلگۈندىن سوراپ يۈرمەي سۈتنى قايىنتىپلا ئالدىغا قويغان بولسام بوپتىكەن. ئاشخانىغا چۈشتۈم، «ئالە ئىسمايىل» دېدىم. «چاي ئىچكىنە.» ئالدىغا ناشتىلىق قويدۇم، بولكا كەستىم. «سەن دەپ باقتىڭمۇ رەجەپ؟» دېدى. جاۋاپ بەرمىدىم، ئازراق خىجىل بولدى، خۇددى كەچۈرۈم سورىماقچى بولغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى. چوڭ خانىمنىڭ تەخسىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ چىقتىم.

ــ ئۇلار نېمەدەپ ئۈستىگە چىقمايدۇ؟ ــ دېدى چوڭ خانىم ــ ئۇلارنى چاقىرغانلىقىمنى دېمىدىڭمۇ ـ يا؟

ــ دېدىم چوڭ خانىم... ناشتا قىلىۋاتىدۇ. مېڭىشتىن بۇرۇن، ئەلۋەتتە كېلىپ قولىڭىزنى سۆيىدۇ.

بىردىنلا، ھېلىگەرلەرچە بىر چاققانلىق بىلەن بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى.

ــ سەن ئۇلارغا نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ ئاخشام؟ ــ دېدى ــ ئېيتە، يالغان گەپ قىلما!

ــ مېنىڭ ئۇلارنى نېمە دېيىشىمنى خالايتىڭىز؟ قىززىق گەپ قىلىدىكەنسىز!

جاۋاپ بەرمىدى. يىرگىنىشكە باشلىغانىدى. تەخسىسىنى قويۇپ قويدۇم، پەسكە چۈشتۈم.

ــ ھېچبولمىسا دەپتەرلىرىمنى تاپالىغان بولسامىمۇ ــ دېدى فارۇق بەي.

ــ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نەدە كۆرگەنىدىڭ؟

ــ ماشىنىدا. كېيىن ماشىنىنى مەتىن ئېلىپ ماڭدى، لېكىن كۆرمەپتۇ.

ــ كۆرمىدىڭمۇ؟ ــ دېدى نىلگۈن.

ئۇلار تەڭلا مەتىنگە قارىدى، لېكىن ئۇ جاۋاپ بېرىپمۇ قويمىدى. تاياق يېگەن بالىدەك سالپىيىپ ئولتۇراتتى: تاياق يېگەن، لېكىن يىغلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان بىر بالىدەك، قولىدا بولكا، لېكىن خۇددى قولىدىكىنىڭ بولكا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغاندەك، ئۇزۇنغىچە پەرۋاسىز قاراپ تۇردى، ئاندىن ھالىدىن كەتكەن قېرى ئادەمدەك، ئۆزىنى زورلاپ بۇنىڭ بىر چاغلاردا ئۈستىگە ياغ ۋە مۇرابا سۈركەپ يېگەن بولكا تىلىمى بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ۋە خۇددى ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن، گۈزەل چاغلارنى ئەسلىمەكچى

بولغاندەك بىردىنلا ئۇمىدلىنىپ بولكىنى چىشلىدى ۋە يېڭىباشتىن باشلاش ئۈچۈن، بىردەم ھاياجانلانغاندەك قىلدى، لېكىن كېيىن، غەلىبە ئۈمىدىنى ئۇنتۇتتى، ئاغزىدىكى لوقمىنىمۇ ئۇنتۇتتى ۋە ئاغزىدا خۇددى بىر شىخىل تاشنى چىشلەپ تۇرغاندەك، مەت قىلماي تۇردى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئويلاۋاتاتتىم.

ــ مەتىن، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمىز!

ــ كۆرمىدىم دەپتىرىڭلارنى!

پەسكە چۈشتۇم، ئىسمايىل يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئاشۇرۇپ قويغان بولكىلار بىلەن مەنمۇ ناشتا قىلىشقا باشلىدىم. ئىسمايىل بىلەن گەپ- سۆز قىلىشماي، ئۈچۈق تۇرغان ئىشىكتىن سىرتقا، باغقا، قۇشقاچلار دانلاپ يۈرگەن يەرگە قاراپ تۇراتتۇق. ئۆي ئىچىگە، بىچارە قوللىرىمىزغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇنى يىغلاپ سالمىسۇن دەپ بىر نەرسە دېيىش نىيىتىگە كەلدىم. « لاتارىيە قاچان ئېچىلىدۇ ئىسمايىل؟» « تۇنۇگۈن ئاخشام ئېچىلدى!» ئاندىن ئۇزۇنغىچە گۈرۈلدىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: نەۋزاتنىڭ موتوسىكلىتى ئۆتۈپ كەتتى. « مەن ماڭاي ئەمدى،» دېدى ئىسمايىل. « ئولتۇرە،» دېدىم، « نەگە؟ ئۇلار كەتكەندىن كېيىن پاراڭلىشىمىز.» ئولتۇردى. مەن ئۈستىگە چىقىپ كەتتىم.

فارۇق بەي ناشتا قىلىپ بولۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى.

ــ مومامنى ئەمدى خۇشال ھالدا كۆرسەڭ رەھمەت!ــ دېدى.ــ بىز ساڭا، پات-پات تېلېفون قىلىپ تۇرىمىز. ياز ئاخىرىغىچە، چوقۇم يەنە بىر قېتىم كېلىمىز.

ــ يولۇڭلارغا قارايمىز.

ــ خۇدايىم ساقلىسۇن، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا دەرھال تېلېفون قىلارسەن. بىرەر نەرسە لازىم بولسىمۇ... لېكىن سەن تېخىچە تېلېفونغا كۆنەلمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

ــ ئاۋۋال دوختۇرخانىغا بارىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ــ دېدىم.ــ لېكىن ھازىرلا قوپۇپ كەتمەي تۇرۇڭلار. سىلەرگە يەنە بىرەر پىيالىدىن چاي قۇياي.

ــ بولىدۇ.

پەسكە چۈشتۇم. چايلارنى قۇيۇپ ئەكەلدىم. نىلگۈن بىلەن فارۇق باشلىغانىدى.

ــ ساڭا قەرت دەستىسى نەزەرىيەسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەنمىدىم؟ــ دېدى فارۇق بەي.

ــ ھەئەــ دېدى نىلگۈنــ كاللاڭنى ياڭاققا ئوخشىتىدىغانلىقىڭنى، ئۇنى ئۇ يەردىن ئۇزۇپ، چېقىپ ئىچىگە قارىغان ئادەمنىڭ توقۇلمىلارنىڭ ئارىسىدا تارىخنىڭ قۇرت-قوڭغۇزلىرىنى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدىڭ. مەنمۇ ساڭا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ

قـۇرۇق گەپ ئـكەنلىكىنـى ئىپتقانـدىم. لـېكىن بـۇ ھېكايىلىرىـڭ ناھـايىتى قىزىقـارلىق تۇيۇلغانىدى.

ــ توغرا. قىزىقارلىق، تېتىقسىز ھېكايىلەردۇر ھەممىسى.

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس ــ دېدى نىلگۈن ــ بۇ ئىشلار مېنىڭ بېشىمغا بىكـاردىن ـ بىكـار كەلمىدى.

ــ ئۇرۇشلار، غەنىمەتلەر، جىنايەتلەر، پاشالار، ھۇجۇم قىلىشلار...

ــ ھېچقايسىسى بىكاردىن بىكار بولغان ئەمەس.

ــ قويمىچىلار، ۋابانىڭ يامرىشى، سودىگەرلەر، غەۋغالار: ھايات...

ــ ھەممىسىنىڭ بىر سەۋەبى بارلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن.

ــ بىلەمدىم؟ ــ دېدى فارۇق. جىم بولدى، ئاندىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنـدى ــ قىزىقـارلىق، تېتىقسىز ھېكايىلەر، ئاھ!

ــ كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ ــ دېدى نىلگۈن.

ــ ماشايىلى ئەمدى ــ دېدى مەتىن.

ــ سەن نېمىشقا بۇ يەردە قالمايسەن مەتىن؟ ــ دېدى فارۇق ــ دېڭىزغا كىرەتتىڭ. نـېمە قىلىسەن ئىستانبۇلدا؟

ــ سـىلەر بـىغەم بولغاچقـا تاپالمىغـان پـۇلنى تېپىشـىم كېـرەك! ــ دېـدى مەتـىن ــ ھاماملارنىڭكىدە سائەتلىكىگە 250 لىرادىن، پۇتۇن ياز دەرس ئۆتىمەن، بولدىمۇ؟

ــ قورقتۇم مەن سەندىن! ــ دېدى فارۇق.

مەن ئاشخانىغا چۈشتۈم. نىلگۈننىڭ ئاشقازىنىغا نـېمە پايـدا قـىلار دەپ ئويلاۋاتـاتتىم. ئىسمايىل بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى. « مەن ماشاي» دېدى. « ھەسەن نەچچە كۈن ئايلىنىپ بېقىپ ئۆيگە قايتىپ كېلەرمۇ رەجەپ؟» ئويلىدىم. «كېلىدۇ!» دېدىم. « نەگە باراتتى، قايتىپ كېلىـدۇ، لـېكىن سـەن ئولتـۇرە بـىردەم ئىسـمايىل!» ئولتۇرمـىدى. «ئـۇلار ئۈسـتىدە نـېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟» دېدى. « چىقىپ كەچۈرۈم سورايمۇ؟» ھەيـران قالـدىم، ئويلىـدىم. «ئولتـۇرە ئىسمايىل، كەتمەي تۇر.» دەۋاتاتتىم ۋە ئۈستىدىن كەلگەن ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىدۇق. چوڭ خانىم ھاسىسى بىلەن يەرگە ئۇرۇۋاتاتتى. ئىسىڭدە بارمۇ؟ بـىردەم بېشىمىزنى كۆتـۈرۈپ ئۈسـتىگە قاراپ تۇردۇق. ئاندىن ئىسمايىل ئولتۇردى. ھاسا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇلـدى، ئىسـمايىلنىڭ بېشىغا ئۇرۇلغاندەك. ئاندىن ھالسىز، ئاجىز، لـېكىن ھېچقاچـان بېسـىقمىغان قېـرى ئـاۋازنى ئاڭلىدۇق.

ــ رەجەپ، رەجەپ، پەستە نېمە بولۇۋاتىدۇ؟

ئۈستىگە چىقتىم.

ــ بىر ئىش بولغىنى يوق چوڭ خانىمــ دېدىم، ھوجرىسىغا كىرىپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ ھازىرلا ئۇستىگە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. چامادانلىرىنى، پەسكە، ماشىنىغا چۈشۈرەيمۇ دەپ ئويلاۋاتاتتىم. ئاخىرىدا نىلگۈننىڭ چامادانىنى ئالدىم، ئاستا ـ ئاستا پەسكە چۈشۈردۈم. چۈشۈرىۋېتىپ نىلگۈننىڭ، نېمىشقا چۈشۈردۈڭ رەجەپ، دەيدىغانلىقىنى ئويلىدىم، لېكىن ئىچىدىكى دىۋاندا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇنتۇپ قالماي دەپ تۇرۇپ ئۇنتۇپ قالغان بىر ئىشقا ئوخشايتتى: چۈنكى، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇسۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مەن چامادانىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالغان ئىدىم، فارۇق بىلەن مەتىن گاڭگىرىغىنىچە قاراپ تۇرۇشاتتى: تۇيۇقسىز نىلگۈن ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمايلا بېشىنى بىر تەرەپكە بۇرىۋالغانىدى: ئاغزىدىن چىققانلارنى كۆرۈپ، نېمىشقىكىن ئەقلىمگە تۇخۇملار كەلدى. نىلگۈن قۇسۇۋاتقاندا، مەن ئاشقازىنىغا پايدا قىلىدىغان نەرسە ئىزدەش ئۈچۈن جىددىيلىشىپ، يۈگۈرگەن پېتى ئاشخانىغا چۈشتۈم. بۈگۈن ئەتىگەن سۈت بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، كالۋاغا ئوخشاش، مېنىڭ سەۋەبىمدىن. لېكىن سۈتمۇ ئالمىدىم. نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقان ئىسمايىلغا ھاڭۋېقىپ قارىدىم. ئاندىن ئېسىمگە كېلىپ چاپتىم. يەنە يۇقىرىغا چىققان چېغىمدا نىلگۈن ئۆلگەنىدى. ئۆلگەنلىكىنى ئۇلار دەپ بەرمىگەنىدى، كۆرۈپ بىلگەنىدىم، لېكىن ھېچكىمگە دېمىدىم ئۆلۈم دېگەن گەپنى. يېشىل يۈزىگە، قاپقارىغۇ ۋە جىمجىت تۇرغان ئاغزىغا، ئارام ئېلىۋاتقان بىر ياش قىزنىڭ ئاغزى ۋە يۈزىگە قاراپ تۇرغاندەك ۋە ئۇنى ھاردۇرۇپ كالۋالىق قىلغاندەك گۇناھكارانە ھالدا قاراپ تۇردۇق. ئون مىنۇتتىن كېيىن، مەتىن ماشىنا بىلەن ئېلىپ كەلگەن كامال بەينىڭ دورىگەر ئايالى ئۆلۈم سۆزىنى تىلغا ئالدى. مېڭىسىگە قان چۈشكەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بەلكىم تۇرۇپ مېڭىپ كېتەر دەپ، نىلگۈنگە ئۆمىد بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردۇق.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

كالۋا كىرپىنى، ئۇ كىچىك ۋە قاملاشمىغان بۇرنىنى تىكەنلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقارسا بىردەم ئوينىشاي دەپ، ئۈستىدىن سىر تۇڭىنى ئېلىۋېتىپ بىردەم جىم تۇرۇپ ساقلىدىم. لېكىن چىقارمىدى. ئەمدى ئەقلىنى تاپقان بولسا كېرەك. يەنە بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن، ئىچىم پۇشتى ۋە تىكەنلىرىنىڭ بىرىدىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ كالۋا كىرپىنى ئېگىز كۆتۈردۈم. جېنىڭ ئاغرىۋاتامدۇ ئەمدى سېنىڭـھە؟ تۇيۇقسىزلا قويۇپ بېرىۋېدىم پوككىدە يەرگە چۈشتى، ئۆرۈلدى. نېمە دېگەن بىچارە نەرسە بۇ كالۋا كىرپە، ساڭا ئىچىم ئاغرىدى، سەندىن يىرگەندىم، زېرىكتىم.

سائەت يەتتە يېرىم بوپتۇ، بىر كۈننىڭياقى بۇ يەردە يوشۇرۇنۇۋاتىمەن؛ يېرىم كېچىدە بۇ كىرپىنى تېپىۋالغاندىن بېرى ئالتە سائەت بوپتۇ بۇ كىرپە بىلەن ھەپىلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىۋاتقىلى. بۇرۇنلاردا بۇ كىرپىلەر ئەجەپ جىق ئىدى، بۇ يەرلەردە، پەستە، بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە، كېچىلىرى ھويلىغا كىرەتتى، ئانام بىلەن ئۇلارنىڭ تىرىقشىغان ئاۋازىدىن تونۇۋالاتتۇق، قاراڭغۇدا كۆزلىرىگە بىر تال سەرەڭگە يېقىپ تۇتۇپ قويساق گاڭگىراپ تۇرۇپ قالاتتى كالۋا كىرپە! ئۈستىگە بىر چىلەكنى دۈمكۆمتۈرۈپ قويۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئەسىرگە ئالاتتۇق. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەتتى، يالغۇز مۇشۇ قاپتۇ: ئەڭ ئاخىرقى ھاڭۋاقتى كىرپە، زېرىكتىم سەندىن. تاماكا تۈتاشتۇرۇۋېتىپ ئوت قويۇۋەتكۈم كەلدى، پەقەت بۇ كىرپىگىلا ئەمەس، بۇ يەرلەرگە، گىلاس باغلىرىغا، ئاخىرقى زەيتۇن دەرەخلىرىگە، ھەممە نەرسىلەرگە. ھەممىڭلارغا قىلغان ياخشى بىر خوشلىشىش سوۋغام بولۇپ قالاتتى، لېكىن بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم. پۈتۈم بىلەن كىرپىنى ئوڭدا قىلىپ قويدۇم، نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار. ئاغزىمدا ئاچلىقمنى ئۇنۇتتۇرغان تاماكا، كېتىپ بارماقتىمەن.

نەرسە كېرەككلىرىمنى يىغىشتۇراي دېدىم، ئىچىدە يەتتە تال قالغان تاماكا قېپى، ئىككى تارغاق، سەرەڭگە، سىر تۇڭىنى كىرپىنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويدۇم، لېكىن فارۇق بەينىڭ تارىخ دەپتىرىنى ئېلىۋالدىم، بىر ئىشقا يارىمىغان تەقدىردىمۇ قولىدا دەپتەر كۆتۈرىۋالغان بىر ئادەمدىن ئانچە بەك گۇمانلىنىپ كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن؛ ئەلۋەتتە، بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەينىمگە چۈشكەنلەر بولسا. كېتىشتىن بۇرۇن ئاخىرقى رەت ئوبدان بىر كۆرۈۋالاي

دىمدىم، بۇ يەرگە، بادام ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرى ئارىسىدىكى مېنىڭ بۇ كونا جايىمغا، كىچىك چېغىمدىمۇ كېلەتتىم، ئۆيدە ئىچىم پۇشقان، ھەممە ئادەمدىن زېرىككەن چاغلىرىمدا. ئاخىرقى رەت بىر قارىدىم ۋە يۈرۈپ كەتتىم.

ئۆچكە يولىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قېتىم، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىزنىڭ ئۆيگە ۋە تۆۋەن مەھەللىگە ئاخىرقى رەت بىر قارىۋالاي دېدىم. ماقۇل دادا، خۇداغا ئامانەت، ئۇ كۆڭ كېلىپ، مەن زەپەر بىلەن بۇ يەرگە قايتقاندا، ئۇ چاغقىچىغۇ گېزىتلەردە، بەلكىم، ئوقۇپ بىلىپ بولارسەن، شۇ چاغدا ماڭا قانچىلىك خاتا قىلغانلىقىڭنى چۈشىنىپ قالىسەن؛ مەن ئادەتتىكى بىر ساتىراش بولىدىغان ئادەم ئەمەس. خۇدايىمغا ئامانەت ئانا، بەلكىم ئەڭ ئاۋۋال سېنى ئۇ پېخسىق لاتارىيەچىدىن قۇتۇلدۇرىمەن. ئاندىن، ئۇ گۇناھكار ئۆيلەرنىڭ باي ۋە مەنسىز تاملىرىغا، قاشالىرىغا قارىدىم؛ سىزنىڭ ئۆيىڭىز بۇ يەردىن كۆرۈنمەيدۇ نىلگۈن، ئالىلقاچان ساقچىغا خەۋەر قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ ھازىرچە خۇداغا ئامانەت.

قەبرىستانلىقتا توختىمىدىم، يولۇم شۇ يەرگە توغرا كېلىپ قالغاچقىلا ئۆتتۈم ۋە كېتىۋېتىپ باشقا قەبرە تاشلىرىنى ئوقۇۋاتقاندەك پەرۋاسىز ھالدا ئوقۇدۇم: گۈل ۋە دوغان ۋە سالاھىددىن دارۋىنئوغلۇ دەپ يېزىلغانىدى، روھىغا فاتىھە. ئوقۇدۇم ۋە نېمىشقىكىن ئۆزۈمنى بەك يالغۇز، گۇناھكار ۋە چارەسىز ھېس قىلىپ يىغلاپ سېلىشتىن قورقۇپ تېز-تېز ماڭدىم.

بىرەرسى كۆرۈپ قالىدۇ، ئاقساقاللىق قىلىپ سالىدۇ، ئىشلاردىن خەۋىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ، دۆشەنبە سەھەردىلا بىر-بىرىنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا ئالدىرىشىپ كېتىۋاتقانلار ماڭىدىغان ئاسفالىت يولغا چۈشمىدىم، باغلار ۋە ئېتىزلىقلاردىن ماڭدىم. گىلاس ۋە بۆلجۈرگەنلەرگە كۆنۈپ قالغان قاغىلار، مەن يېقىنلاشقاندا، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئىچىدىن پالاقشىپ قېچىۋاتاتتى. ئاتاتۈركنىڭ بىر چاغلاردا قېرىندىشى بىلەن قارغا قوغلىغانلىقىنى سەن بىلەمتىڭ دادا؟ تۈنۈگۈن كېچە پۈتۈن جاسارىتىمنى يىغىپ بېرىپ بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ باققانىدىم، دەرىزىدىن ئىچىگە: ھەممە چىراقلار يېنىپ تۇراتتى ۋە ھېچكىم، ئۆچۈرۈڭلار، ئىسراپچىلىق قىلماڭلار، دېمەيۋاتاتتى ۋە دادام بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ تۇراتتى، يىغلاۋاتامدۇ، كوتۇلداۋاتامدۇ يىراقتىن بىلگىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا، دېمەك بىرەرسى خەۋەر بېرىپتۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بەلكىم ژاندارما كەلگەندۇر. دادامنىڭ ئۇ تۇرقى يەنە كۆز ئالدىمدا جانلاندى ۋە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى، ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلىشقا تاس قالدىم.

تۆۋەن مەھەللىگە كەلگەندە، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرۇشقان، كىم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، كىم زادى كىمدۇر، دەپ غەيۋەت قىلىپ ئولتۇرىشىدىغان، قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق بىر توپ لالمىلار يىغىلىۋالغاچقا ئۇ يەردىن ئۆتمىدىم. مەتىن قايسى كۈنى

ماشىنىسى بىلەن قالغان يەردىن، ئاسفالىت يولدىن چىقىپ كەتتىم، باغلاردىن مېڭىپ ئۇدۇل پەسكە چۈشتۈم. تۆمۈر يولغا چۈشكەندە، يەنە بىر ئىستانسىغا قاراپ يېزا-ئىگىلىك مەكتەپنى بويلاپ ماڭدىم. دادامغا قالغان بولسا ۋە ئوقۇشقا كىرىش ئىمتىھانىغا بىزگە ئۆگىتىلمىگەن نەرسىلەر چىقمىغان بولسىدى، بۇ يېزا-ئىگىلىك مەكتىپى بىزنىڭ ئۆيگە يېقىن دەپ مېنى بۇ يەرگە بەرگەن بولاتتى ۋە مەن كېلەر يىلى دىپلومى بار بىر باغۋەن بولۇپ چىققان بولاتتىم. دىپلومى بار ئادەم باغۋەن ئەمەس، مەمۇر ھېسابلىنىدۇ، دېيەتتى دادام، شۇنداق، مەمۇر ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى گالىستۇك تاقايدۇ، لېكىن مېنىڭچە، ئۇ يەنىلا باغۋەندۇر، پەقەت گالىستۇك تاقىغانلا يېرى بار. بۇلار يازدىمۇ دەرس ئوقۇيدۇ. قاراپ تۇر، سەل تۇرۇپ قوڭغۇراق چېلىنىدۇ، بولۇڭلار مۇئەللىمنىڭ پېشىنىڭ ئاستىغا يۈگۈرۈڭلار، ئۇ سىلەرگە پەمىدۇرنىڭ ئۇرۇقى بارلىقىنى لابىراتورىيەدە كۆرسىتىپ قويىسۇن. دانخورەك بېسىپ كەتكەن شەھۋەتخورلار، بايقۇشلار! بۇلارنى كۆرۈپ، ئۇ قىزغا ئۇچراپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، مەن بەك مەمنۇن بولۇۋاتىمەن: ئەگەر، ئۇ قىز بۇ ئىشلارنى بېشىمغا كەلتۈرمىگەن بولسا، بەلكىم مەنمۇ، ھاياتتا گالىستۇك تاقىغان بىر باغۋەن بولۇشقا، ياكى دۇكىنى ئۆزىنىڭ بىر ساتىراش بولۇشقا رازى بولغان بولۇشىم مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە، ساتىراچقا شاگىرت بولۇپ بىر ئۇستىغا ئايلانغۇچە، ئۇن يىل پەقەت دادامنىڭلا ئەمەس، ساتىراچ ئۇستامنىڭمۇ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشىمغا، ساقلىشىمغا توغرا كېلەتتى!

كابىل زاۋۇتىدا ئىشچىلار بار ئىدى، خۇددى پويىز ئۆتىۋاتقاندا ماشىنىلار ماڭمىسۇن، دەپ ياسالغان ۋە ئۇنىڭدەك قىزىل، ئاق بويالغان، چۈشۈپ-كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، لېكىن ئۇ يەردىن ئەمەس، ئىچكە ياندىكى كىچىك ئىشىكتىن تەرتىپلىك ھالدا كىرىشىۋاتاتتى ۋە قاراۋۇلخانىنىڭ يېنىدا قوللىرىدىكى كارتىلارنى بىر يەرگە سېلىپ چىقىرىۋاتقاندا، نۆۋەتچىلەر، ئىشچىلارغا خۇددى قاراۋۇللاردەك قاراۋاتاتتى. زاۋۇتنىڭ ئەتراپى تىكەنلىك سىملار بىلەن قورشالغانىدى. شۇنداق، زاۋۇت دېگەن يەر، ئەسلىدە زامانىۋى تۈرمىدۇر ۋە ماشىنىلار زىرىكىپ قالمىسۇن دەپ، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئاخشام بەشكىچە بىچارە قۇللار ئۆمۈرلىرىنى سېلىپ بېرىشىدۇ. دادام، مەن ئۈچۈن بىر يول تاپالىغان بولسا، شۇ ھامان ئوقۇماسلىقىمنى قارار قىلاتتى، مېنى شۇ ئىشچىلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ قوياتتى ۋە پۈتۈن ئۆمرۈمنى بۇ تۈرمىدە ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئوغلۇمنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولدى دەپ سۆيۈنگەن بولاتتى. ماۋۇ يەر بولسا، زاۋۇت دېگەن تۈرمىنىڭ ئىسكىلاتى، بىزنىڭكىلەر بىكار تۇڭلارنىڭ ئۈستىگە كومۇنىستلارنى قانداق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى يېزىپ قويۇشقان ئىدى.

ئاندىن زاۋۇتنىڭ پىرىستانىدىكى بىر كېمىدىن كىران بىلەن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يۈكلەرنى تاماشا قىلدىم. نېمە دېگەن چوڭ يۈك! ھاۋادا لەپەڭشىپ تۇرىشىمۇ ئاجايىپ! ھازىر بۇ كېمە يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن نەلەرگىدۇر كېتىدۇ! يەنە بىردەم تۇرۇپ كېمىنى تاماشا قىلدىم، ئاندىن قارشى تەرەپتىن كەلگەن ئىشچىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مېنى قىلدىغان ئىشى يوق بىكار تەلەپ دەپ قىلىشىنى خالىمىدىم. ئۇلار بىر يولنى تېپىپ ئىشچى بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى مەندىن ئۈستۈن چاغلاپ قىلىشمىسۇن. يانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىدىم: ئانچە بەك پەرقلىنىپمۇ كەتمەيدىكەنمىز؛ ناھايىتى شۇ مەندىن ئازراق چوڭ ۋە كىيىم ــ كېچەكلىرى پاكىز ئىدى. كاۋچۇك ئاياغلىرىمغا يېپىشىپ قالغان لايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قىلىدىغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوقلۇقى بەك چېنىپمۇ قالمايتتى.

بۇ يەردىكى بۇلاق ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ئاۋۋال قانغۇدەك سۇ ئىچىۋالدىم، ئاچ قورساققا خوشياقمىدى، لېكىن كېرەك يوق. ئاندىن ئاياغلىرىمدىكى لايلارنى تازىلىدىم. لەنەتتەگەكۈر يەرنىڭ قىزىل لايلىرى چىقىپ كەتسۇن، ئۆتمۈشىمنىڭ مەينەتچىلىكلىرى چىقىپ كەتسۇن دەپ تۇرسام بىرى كەلدى.

ــ ئۆتۈپ تۇرە بۇرادەر، مەن بىر سۇ ئىچىۋالاي!ــ دېدى.

بىر ياققا ئۆتۈپ تۇردۇم، ئۇ ئىشچى بولسا كېرەك، مۇشۇ ئىسسىقتىمۇ چاپان كىيىۋاپتۇ. سالدى ۋە دىققەت بىلەن قاتلاپ بىر چەتكە قويدى. ئاندىن سۇ ئىچىشنىڭ ئورنىغا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ مەزە-مەزە قىلىشقا باشلىدى. ھۇشيار بولساڭ دېمەك، ئىش تاپالايسەن، ھەممە باشقىلارنىڭ نۆۋىتىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مەزە قىلىشنىڭ ئىسمى سۇ ئىچىش بولىدۇ. بۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى بارمىدۇر ئەجەبا؟ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدا پورتمالى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تېخىچە مەزە قىلىۋاتاتتى، ئاچچىغىم كەلگەنىدى، چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن پورتمالنى غاچچىدە ئېلىۋالدىم ۋە دەرھال ئارقا يانچۇقىمغا سېلىۋالدىم. قاراپمۇ قويمىدى، كۆرمىدى، چۈنكى تېخىچە مەزە قىلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن، مېنىڭ ئالدىمدا سەت تۇرمىسۇن دەپ سۇ ئىچىپمۇ قويۇۋاتاتتى،

ــ بولە بۇرادەرــ دېدىم ــ مېنىڭمۇ ئىشىم بار.

بىر ياققا ئۆتتى. ئاندىن «رەھمەت!» دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ. چاپىنىنى ئالدى، كىيدى، بايقىمىدى. مەن تەمكىنلىك بىلەن ئاياغلىرىمنى تازىلاۋاتقاندا ئۇ زاۋۇت تەرەپكە كەتتى. كەينىدىن قاراپمۇ قويمىدىم. ئاياغلىرىمنى تازىلاپ بولغاندا ئۇ كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. مەنمۇ تېز-تېز يەنە بىر تەرەپكە ماڭدىم، ئىستانسىغا قاراپ. تومۇزغىلار ئىسسىققا چىدىماي جىرىلداشقا باشلىدى. ئارقامدىن بىر پويىز كەلدى، ئىچىدە دۆشەنبە ئەتىگەنلىكى ئىشقا

ماڭغانلار، ھەممىسى بىلىقتەك تىزىلىشقان بولۇپ، ماڭا قارىغاچ ئۆتۈپ كېتىشتى. بۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىدىم، يەنە بىر پويىزنى ساقلايمەن.

ئىستانسىنىڭ بېتون سۇپىسىغا چىقتىم ۋە باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش، ئىشى بار ئادەملەرگە ئوخشاش، قولۇمدا دەپتەر، پەرۋاسىز كېتىۋېتىپ ئۇچراپ قالغان ئىككى ژاندارمىغا قاراپمۇ قويمىدىم. ئۇدۇل بىر تاماقخانىغا قاراپ ماڭدىم.

ــ كاشار① سۈركەلگەن بولكىدىن ئۈچنى!ــ دېدىم.

ئەينەكلىك ئىشكاپقا بىر قول سوزۇلدى ۋە ئاۋۋال ئەتراپقا سارقىپ كەتكەن كاشارنى كېسىلگەن بولكا پارچىسىنىڭ ئىچىگە قويدى. كاشارلارنى سىرتقا تاشۇرۇپ ئەينەكلىك ئىشكاپقا قويۇپ قويۇشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن بولكىنىڭ ئىچىگە كاشار جىق قويۇلۇپتۇ دەپ قالىسەن! ھەممىڭلار بەك ئەقىللىق ۋە ئۆزۈڭلارنى مەندىنمۇ ئەقىللىق چاغلاپ، تېرەڭلەرگە سىغماي قالىسىلەر. شۇنداقمۇ دېيلى، لېكىن ئەگەر مەن سىلەر ئويلىغاندەك كالۋا بولماي قالسامچۇ، سىلەردىنمۇ بەك ئەقىللىق بولسامچۇ، ياكى پۈتۈن ھىيلە ـ مىكىرىڭلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىۋەتسەمچۇ، ئېسىمگە كەلدى.

ــ تىغدىن بىر تال، شىلىمدىنمۇ بىرنى بەرــ دېدىم ۋە تاماقخانىنىڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان پۈكىيگە 100 لىرا تاشلىدىم.

ئاشقان پۇل بىلەن دۇكاندار بەرگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدىم. ژاندارملارغا يەنە قارىمىدىم. بۇ ئىستانسىدا ھاجەتخانىلار بېتون سۇپىنىڭ بىر ئۇچىدا بولىدۇ. ئىچى تاپتەك سېسىق پۇرايدۇ. ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىپ قويغاندىن كېيىن، كەينى يانچۇقۇمدىن پورتمالنى چىقاردىم، قارىدىم، بىزنىڭ ئەقىللىق ئىشچىنىڭ بىر تال 1000 لىرا، ئىككى تال 500 لىرا ۋە پارچە پۇللار بىلەن قوشۇلۇپ ئىككى مىڭ بىر يۈز يىگىرمە بەش لىرا پۇلى بار ئىكەن. پورتمالنىڭ يەنە بىر كۆزىدىن خۇددى ئۆزۈم پەرەز قىلغاندەك بىر كىملىك تاپتىم. ئىجتىمائى كاپالەت سۇغۇرتا كارتىسى ئىكەن. ئىسمى ئىبراھىم، فامىلىسى شەنەر، دادىسىنىڭ ئىسمى فەۋزى، ئانىسىنىڭ ئىسمى قەمەر، ترابزون، سۈرمەنە ۋاھاكازا. ماقۇل، ھەممىسنى بىر قانچە رەت ئوقۇپ يادلىۋالدىم. ئاندىن يانچۇقۇمدىن ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكامنى چىقاردىم، تامغا قويۇپ تۇرۇپ، رەسىمىنى تىغ بىلەن ئاۋايلاپ كەستىم، ئالدىم. تىرنىقىمنىڭ ئۇچى بىلەن رەسىمنىڭ كەينىگە يېپىشىپ قالغان كارتون قەغەزنى سىيرىپ چىقىرىۋەتتىم. ئاندىن ئىبراھىم شەنەرنىڭ سۇغۇرتا كارتىسىدىن رەسىمنى چىقىرىپ تاشلىدىم، شىلىم بىلەن، ئۇنىڭ ئورنىغا رەسىمىمنى چاپلىۋېدىم، مەن ئەمدى ئىبراھىم شەنەر بولدۇم. مۇشۇنچىلىك بىر ئىش ئىكەن. ئىبراھىم شەنەرنىڭ سۇغۇرتا كارتىسىنى پورتمالىمغا سالدىم، پورتمالنى بولسا يانچۇقىمغا. ئاندىن ھاجەتخانىدىن چىقتىم ۋە تاماقخانىغا كىردىم.

بولكىلىرىم تەييار بوپتۇ. بىر كۈنىنىڭياقى قورسىقىمغا گىلاس ۋە باغدىكى پەمىدۇردىن باشقا نەرسە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھۇزۇرلىنىپ يېدىم. ئايرانىدىنمۇ بىرنى ئىچىۋەتتىم ۋە يەنە نېمە يېسەم بولار دەپ قارىدىم، يانچۇقىمدا پۇل دېگەن توشاق. پېچىنىلەر، شاكىلاتلار تۇرۇپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنى ياقتۇرمىدىم. ئاندىن يەنە بىر تال بولكىا بۇيرۇدۇم ۋە ئوبدانراق پىشسۇن، دېدىم، دۇكاندار بىر نېمە دېمىدى. مۇرەمنى تاماقخانىنىڭ پۈكىيگە يۆلەپ، ئىستانىسىغا قىيپاش كەينىمنى قىلىپ تۇراتتىم، خاتىرجەم ئىدىم، ھېچنىمىدىن ئەنسىرىمەيتتىم. پەقەت بىر قېتىم بۇرۇلۇپ، بۇلاق تەرەپكە قاراپ قويدۇم، تۆمۈر يولى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرەرسى بارمۇ-يوقمۇ دەپ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆزىنى بەك ئەقىللىق چاغلاپ كەتكەنىدى بىزنىڭ ئىشچى، لېكىن پورتمالنىڭ كېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىمۇ يوق. بەلكىم بىلگەندۇر، لېكىن مېنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىمنى ئەقلىگە كەلتۈرەلمەيۋاتقاندۇ. دۇكاندار بولكامنى ئەكەلگەندە گېزىت بۇيرۇدۇم.

— «ھۆررىيەت.»

ئالدىم، ماڭدىم، ئۇ يەرگە بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇپ قويۇشقان ئىدى، ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي بېرىپ ئولتۇردۇم، بولكامنى يېگەچ ئوقۇۋاتىمەن.

ئاۋۋال، تۈنۈگۈن قانچە ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قارىدىم. كارستا، ئىزمىردە، ئانتالىيادا، ئەنقەرە بالگاتتا... ئىستانبۇلنى ئاتلاپ ئاخىرىغا قارىدىم. بىزدىن 12، ئۇلاردىن 16 كىشى ئۆلۈپتۇ. ئاندىن ئىستانبۇلدىكىلەرگە قارىدىم، يوق، ئىزمىتنىڭ ئىسمىمۇ چىقماپتۇ. ئاندىن، ھاياجان بىلەن، ئۆزۈم قورقۇپ تۇرغان يەرگە قارىدىم، تېز-تېز ئوقۇدۇم، لېكىن يارىلانغانلارنىڭ تىزىملىكىدە نىلگۈن دارۋىنئوغلۇ يوق ئىدى. ئاندىن ھەممىسىنى يەنە بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم، يوق، شۇنداق. بەلكىم بۇ گېزىتكە بېسىلمىغاندۇ دەپ ئويلىدىم، ئېسىمگە كەلدى، بېرىپ «مىللىيەت» تىن بىرنى ئالدىم. ئۇنىڭدىمۇ، يارىلانغانلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى. دېمىسىمۇ يارىلانغانلارنى يازىدۇ، لېكىن كىمنىڭ يارىلاندۇرغانلىقىنى ئانچە بەك يېزىپ كەتمەيتتى. كېرەك يوق، ئىسمىمنىڭ گېزىتلەرگە چىقىشىغا بەك قىزىقىدىغان بولسامتىم، يا جالاپ بولاتتىم ياكى پۇتبولچى.

ئاندىن گېزىتلەرنى خوشياقمىغاندەك قاتلىدىم، ئىچىگە كىردىم، تۆشۈككە قاراپ ماڭدىم، نەگە بارىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

—ئۈسكۈدارغا بىر بىلەت— دېدىم.

— ئۈسكۈدارغا پويىز بارمايدۇ!— دېدى مەمەدان بىلەتچى— ئاخىرقى بىكەت ھەيدەرپاشا.

— بىلىمىز، بىلىمىز!— دېدىم— ھەيدەرپاشاغا بەر.

يەنە بەرمىدى. ئاللاھ بالا-قازا ياغدۇرسۇن بېشىڭغا. بۇ قېتىم،

ـ پۈتۈن بىلەتمۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلەتمۇ؟ــ دېدى.
ـ مەن ئەمدى ئوقۇغۇچى ئەمەس!ــ دېدىم ــ مېنىڭ ئىسمىم ئىبراھىم شەنەر.
ـ ئىسمىڭ بىلەن نېمە كارىم!ــ دېدى. لېكىن چىرايىمغا قاراپ قورقۇپ كەتكەن چېغى، جىمىقىپ بىلەتنى بەردى.

نېرۋام ئۆرلىدى. ھېچكىمدىن قورقمايمەن مەن. تالاغا چىقتىم، قارىدىم، تۆمۈر يولى بويىدا نە كېلىۋاتقانلار، نە كېتىۋاتقانلار يوق ئىدى. بايىتىن ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا باشقا ئەقىللىقلار ئولتۇرۇشۇۋاپتۇ. بىرىپ قوپۇرىۋېتەي، بۇ يەردە بايىتىن مەن ئولتۇرغانىدىم دەي، دەپ ئويلىدىم، لېكىن بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، ئۇنداق قىلساڭ، پويىز ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گۇرۇردە توپلىشىدۇ ۋە ساڭا قارشى چىقىدۇ. ئولتۇرغىدەك باشقا جاي ئىزلەۋېتىپ تۇيۇقسىزلا بەك قورقۇپ كەتتىم: ژاندارمىلار ماڭا قاراپ تۇراتتى.
ـ بۇرادەر، سائەت بارمۇ؟ــ دېدى ژاندارمىلارنىڭ بىرى.
ـ مەندىمۇ؟ــ دېدىم ــ سائىتىم بار.
ـ قانچە؟
ـ سائەتمۇ؟ سەككىزدىن بەش ئۆتۈپتۇ ــ دېدىم.

بىر نېمە دېمىدى، بىر-بىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى. مەنمۇ يولۇمنى داۋام قىلدىم، لېكىن نەگە بارىمەن؟ ھەر نېمە بولسا ئۇ يەردە بىر بوش ئورۇندۇق بار ئىكەن، بېرىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغان كىشىلەرنىڭ قىلغىنىدەك، مەنمۇ تاماكامنى تۇتاشتۇرۇپ، گېزىتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. مەملىكەت خەۋەرلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باللىرى، مەسئۇلىيەتلىرى بار مۇھىم كىشىلەردەك دىققەت قىلىپ خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئوقۇدۇم؛ بىرىژنېۋ بىلەن كارتېر تۈركىيەنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن مەخپىي كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولسا، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئاندىن، پاپانىمۇ تۈركىيەگە ئۇلار ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاۋاتسام، يېنىمغا بىرى كېلىپ ئولتۇرىۋېدى قورقۇپ كەتتىم.

گېزىتىمنى چۈشۈرمەستىن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم. قوللىرى يوغان ۋە قاداق بېسىپ كەتكەن، بارماقلىرى توم، مېنىڭكىدىنمۇ كونا ئىشتان كىيىۋالغان، ھارغىن بىرى ئىدى. چىرايىغىمۇ قارىدىم، بىلدىم: ئىشلەۋېرىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن بىچارە، قېرى ئىشچى. ئىچىم ئاغرىدى. ئەگەر بىر قانچە يىلغىچە ئۆلۈپ كەتمىسەك، پېنسىيىگە چىقسەن، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمرۈڭ بىكاردىن-بىكارغىلا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئۇنداقتەك قىلمايتتى، ھاياتىدىن نارازىدەك كۆرۈنمەيتتى، يولنىڭ قارشى تەرىپىدە كۈتۈپ تۇرغانلارغا پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى، ئاساسەن خۇشالدەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا، ئەجبا بىرەر

ئىشنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ ـ يا، دەپ ئويلىدىم، بەلكىم ئۇلار بىلەن كېلىشىۋالغاندۇر، ھەممىسى، ئىستانسىدا ساقلاپ تۇرغان ھەممە ئادەم بەلكى مەن بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقاندۇر. شۈركۈنۈپ كەتتىم. لېكىن، قېرى ئىشچى شۇنداق بىر ئەسنىدىكى، ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان بىر ئەخمەق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. نېمىدەپ قورققۇدەكمەن، ئۇلار قورقسۇن مەندىن. ئېسىمگە كېلىپ راھەتكە چىقىپ قالدىم.

شۇ چاغدا، ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى دەپ سالىدىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى، بەلكىم دادامنى بىر يەردىن تونۇيدىغاندۇر، دادامنىڭ بارمايدىغان يېرى يوق، شۇنداق، مەن ئۇ توكۇر لاتارىيەچىنىڭ ئوغلى بولىمەن، ھازىر ئىستانبۇلغا ماڭدىم، ئۇسكۇدارغا؛ نىلگۈن، بىزنىڭ باللار ۋە ئۇلارنىڭ مېنى نېمە دەپ قالغانلىقلىرىنىمۇ سۆزلەپ سېلىشىم مۇمكىن، لېكىن قارا، قولۇمدىكى گېزىتكە ھازىرچە يازمايتۇ، بىلەمسەن، بەزىدە ماڭا مۇنداق تۇيۇلىدۇ، پۈتۈن بۇ ئىشلار، بىزگە قىلتاق قۇرماقچى بولۇشۇۋاتقان بەزى كىشلەر تۈپەيلى يۈز بېرىۋاتىدۇ، لېكىن مەن بىر كۈنى شۇنداق بىر ئىش قىلىمەنكى، ئۇ قىلتاقلارنىمۇ كارغا كەلمەس قىلىۋېتىمەن، شۇنداق، ھازىرچە، مەن قىلماقچى بولغان ئۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ھەممىڭلار ئاغزىڭلارنى ئېچىپ ھەيرانۇ ـ ھەس قالغۇدەك بىر ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلىمەن، چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئۇ چاغدا قولۇمدىكى بۇ گېزىتكە بېسىلىدۇ، پويىز ساقلاۋاتقان ۋە ھەر ئەتىگەندە بارىدىغان خىزمىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغان،، دۇنيادىن خەۋەرسىز بۇ كالۋالار چۈشىنىپ قېلىشىدۇ، ئۇ چاغدا ھەيران قېلىشىدۇ، ھەتتا مەندىن قورقۇپ كېتىشىدۇ ۋە دېمەك بىز بىلمەي يۈرۈپتۇق دەپ ئويلىشىدۇ، دېمەك ھەممىسى كارغا كەلمەيدىكەنتۇق، بىلمەي يۈرۈپتىكەنمىز دېمەك. ئۇ كۈن كەلگەندە، پەقەت گېزىتلەرلا ئەمەس، تېلېۋىزورلارمۇ مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىدۇ، چۈشىنىپ قېلىشىدۇ، ھەممىڭلار چۈشىنىپ قالىسىلەر.

ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، پويىز كېلىۋېتىپتۇ، ئالدىرىماي قولۇمدىكى گېزىتلەرنى قاتلىدىم، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاندىن فارۇقنىڭ قولىيازمىلىرى بىلەن تولغان تارىخ دەپتىرىگە قارىدىم، ئازراق ئوقۇپ باقتىم! قاملاشمىغان! تارىخ قۇللار ئۈچۈندۇر، ھېكايىلەر بىغەملەر ئۈچۈن، چۆچەكلەر دۆت باللار ئۈچۈن، كالۋالار، بىچارىلەر، قورقۇنچاقلار ئۈچۈندۇر تارىخ! دەپتەرنى يىرتىۋەتمىدىم. ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى ئەخلەت تۇڭىنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتىم. ئاندىن، قىلغان ئىشلىرى، قىلغانلىرى خىيالىنىڭ بۇرجىكىگىمۇ كېلىپ قويمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش، تاماكامنى پەرۋاسىزلارچە يەرگە ئاتتىم، ئايىغىم بىلەن تاماكا كۆتىكىنى سىلەردەك ئويلىماستىن دەسسەپ ئېزىۋەتتىم. ۋاگونلارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى: ۋاگون ئىچىدىن ماڭا قاراپ تۇرغان يۈزلىگەن باشلار: ئەتىگەندە ئىشقا

مىڭىشىدۇ، ئاخشىمى قايتىپ كېلىشىدۇ، ئەتىگەندە ئىشقا مىڭىشىدۇ، ئاخشىمى قايتىپ كېلىشىدۇ، ئەتىگەندە ئىشقا مىڭىشىدۇ، ئاخشىمى قايتىپ كېلىشىدۇ، بىچارىلەر، بىلمەيدۇ، بىلمەيدۇ! بىلىپ قېلىشىدۇ! بىلدۈرۈپ قويىمەن، لېكىن ھازىر ئەمەس؛ ھازىر، بوپتۇ، مەنمۇ بىر خىزمىتى بار ۋە ئەتىگەندە ئىشقا ماڭىدىغان سىلەرگە ئوخشاش، ھەممىڭلارغا ئوخشاش، قاراڭلار، قىستا-قىستاڭ پويىزغا چىقىۋاتىمەن، ئاراڭلارغا كىرىۋاتىمەن.

ۋاگوننىڭ ئىچى مىغ-مىغ ئادەملەرنىڭ ھارارىتى بىلەن ئىسسىپ، نەملىشىپ كەتكەندى! قورقۇڭلار مەندىن، قورقۇڭلار ئەمدى!

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

كارىۋىتىمدا يېتىپ ساقلاۋاتاتتىم. ئىستانبۇلغا قايتىشتىن بۇرۇن قولۇمغا سۆيۈپ خوشلىشىدۇ، بىر ئازدىن كېيىن، قولۇمنى سۆيگىلى كىرگەندە مەن بىلەن پاراڭلىشىدۇ ۋە گېپىمنى ئاڭلايدۇ دەپ ياستۇقتا بېشىمنى قويۇپ ساقلاۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتىم: ئاستىنقى قەۋەتتىن كېلىۋاتقان بارلىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىردىنلا پىچاق بىلەن كېسىۋېتىلگەندەك جىمىپ قالدى! ئۆيدىن ئۆيگە چىقىپ ـ كىرىپ تۇرغان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلانمىدى، ئىشىكلەر ئېچىلىپ، دەرىزىلەر يېپىلغان چاغدا چىقىدىغان تاراق-تۇرۇقلار بېسىقىپ قالدى، پەلەمپەيلەردە، تورۇسقا يېقىن بىر يەرلەردە قىلىشقان پاراڭلىرى يوق بولدى ۋە قورقۇپ كەتتىم.

كارىۋاتتىن تۇرۇپ كەتتىم، ھاسامنى ئالدىم ۋە بىر قانچە قېتىم يەرگە ئۇردۇم، لېكىن مەككار پاپا تەپسە تەۋرىمەس بىر مۆڭ. ھاسام بىلەن يەرگە يەنە نەچچە قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن، بەلكىم ئاۋۋالرنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ خىجىل بولۇپ ئاڭلىماسلىقتا سىلىۋاتاماس دەپ ھوجرامدىن ئاستا چىقتىم، پەلەمپەينىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردۇم ۋە يەنە باشلىدىم:

ــ رەجەپ، رەجەپ، چاپسان بۇ ياققا چىق.

پەستە بىر شەپە يوق.

ــ رەجەپ، رەجەپ، ساڭا دەۋاتىمەن.

ئەجەپ قورقۇنچلۇق نەرسىكەن بۇ جىمجىتلىق دېگەن. ئىلدام-ئىلدام ھوجرامغا كىرىۋالدىم، پاچاقلىرىم مۇزلاۋاتاتتى، دەرىزىنىڭ تۈۋىگە باردىم، قاپقاقنى ئىتتىردىم، پەسكە قارىدىم: ھويلىدا بىرى ئالدىراش-سالدىراش ماشىنا تەرەپكە كېتىپ بارىدۇ، تونۇدۇم، مەتىن ئىكەن، ماشىنىغا چىقتى ۋە مىنى، ۋاي خۇدايىم ئىچىمگە ئەنسىزلىك سىڭىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. دەرىزىدىن پەسكە قاراپ يامان خىياللارغا پېتىپ كېتىپتىمەن قورقۇنچ ئىچىدە، لېكىن ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، چۈنكى ھايال ئۆتمەي مەتىن، قانداق كەتكەن بولسا شۇنداق تېزلا قايتىپ كەلدى ۋە مىنى ھەيران قالدۇردى: ماشىنىدىن مەتىن بىلەن بىللە بىر ئايالمۇ چۈشتى ۋە بىللە ئىچىگە كىردى: قولىدىكى سومكا بىلەن ئۇزۇن شارپىسىنى كۆرۈپ ئۇ ئايالنى تونۇدۇم: دورىگەر خانىم، ئاغرىپ قالغانلىقىمنى دېگەن ھامان، قولىدا ئەرلەرگە تېخىمۇ بەكرەك يارىشىدىغان ئۇ يوغان سومكىنى كۆتۈرگىنىچە يېتىپ كېلەتتى، مىنىڭ ئامراقلىقىمنى

كەلتۈرۈش ۋە زەھەرلىك يىگىنسىنى تېنىمگە ئاسانراق تىقىۋېلىش ئۈچۈن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ۋىتىلىدايتتى: فاتىمە خانىم، قاراڭ قىزىتىپ قاپسىز، بىكاردىن-بىكار ئۆزىڭىزنى چارچىتىۋاتىسىز، سىزگە بىر پىنسىلىن ئۇرۇپ قوياي، ئارام تېپىپ قالىسىز، نېمىشقا ئۇنىمايسىز، سىز دېگەن دوختۇرنىڭ خانىمى، قاراڭ، بۇ يەردە ھەممەيلەن سىزگە ياخشى بولسۇن دەۋاتىدۇ. ھەممىدىن بەك مۇشۇ گەپكە ئىشەنمەيتتىم ۋە ئاخىرىدا، مەن يىغلىغىلى تۇرغاندا مېنى قىزىتمام بىلەن تاشلاپ كۆزدىن يوقىلاتتى ۋە مەن ئويلايتتىم: ئوي-خىياللىرىڭنى زەھەرلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تېنىڭنى زەھەرلىمەكچى فاتىمە، دىققەت قىل.

دىققەت قىلىۋاتىمەن، قورقۇنچ ئىچىدە كۈتۈۋاتىمەن. لېكىن بىر ئىش بولمىدى. مەن كۈتۈۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى پەلەمپەيدىن چىقمايۋاتىدۇ، پەستىن كېلىۋاتقان جىمجىتلىق بۇزۇلمايۋاتىدۇ. بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن ئاشخانا ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن تىرىقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە يەنە دەرىزە تۈۋىگە چاپتىم. دورىگەر ئايال قولىدا سومكا، ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىۋاتىدۇ: ئۇ چىرايلىق ئايال ھويلىدا بىر قىسمىلا كېتىپ باراتتى، ياش ۋە تېتىك؛ قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن، ئەنسىرەتتى مېنى: ھويلا ئىشىكىگە بىر قانچە قەدەم قالغاندا تۇيۇقسىز توختىدى، قولىدىكى سومكىنى يەرگە قويدى ۋە ئىچىدىن ئالدىراشلا بىر نەرسىنى ئالدى، چوڭ بىر قولياغلىق، قولياغلىق بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ يىغلاشقا باشلىدى. تۇرۇپلا ئۇ چىرايلىق ئايالغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئېيتقىنا، ساڭا نېمە قىلىشتى، ماڭا ئېيتقىنا، لېكىن بىردىنلا ئۆزىنى تۈتۈۋالدى ۋە قولياغلىق بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆزىنى سۈرتتى، سومكىسىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ئۆيگە بىر قارىۋەتتى، لېكىن مېنى كۆرمىدى.

مەن نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي دەرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن چىداپ بولالماي ئۇلارغا ئاچچىغىم كەلدى، كېتىڭلار، كېتىڭلار ئەمدى، خىيالىمدىن چىقىپ كېتىڭلار، مېنى يالغۇز قويۇڭلار! لېكىن ئۇلار تېخىچە چىقمايۋاتاتتى ۋە پەستىن بىر سادا يوق. كارىۋىتىمغا قاراپ ماڭدىم. كارىڭ بولمىسۇن فاتىمە، بىردەمدىن كېيىن يەنە باشلىنىدۇ ئۇ سەت ۋاراڭ-چۇرۇڭ، بىردەمدىن كېيىن ئۇ نومۇسسىز كۈلكە-چاقچاق، تاراق-تۇرۇقلار يەنە باشلىنىدۇ. ئورنۇمغا كىردىم، ئويلىدىم: سەل تۇرۇپ ئۇلار كېلىدۇ، پەلەمپەيلەرنى تاراقشىتىپ فارۇق، نىلگۈن، مەتىن ھوجرامغا كىرىدۇ ۋە قولۇمنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېگىلىشىدۇ ۋە ئۇ چاغدا مەن، ھۇزۇر، غەزەپ ۋە قىزغانچۇقلۇق بىلەن ئويلايمەن: قولۇمغا ئېگىلگەن باشلاردىكى چاچلار نېمە دېگەن غەلىتە! بىز ماڭماقچى موما، بىز ماڭدۇق، دېيىشىدۇ ئۇ چاغدا، لېكىن پات يېقىندا يەنە كېلىمىز. موما، سىز شۇنداق ئوبدان تۇرۇپسىز، ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ ياخشى دىققەت قىلىڭ، بىزدىن ئەنسىرىمەڭ، بىز ماڭدۇق. ئاندىن ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باسىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن: دىققەت بىلەن، سۆيۈنۈپ ۋە ئىچى ئاغرىپ. شۇ

چاغدا ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۆلۈممنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە خىيال قىلغان ئۆلۈمنى ماڭا خوپ كۆرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمەن ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن بەلكىم چاقچاق قىلىپمۇ قويارمەن، لېكىن ئۇلار رەجەپنىمۇ تونىغىنىدا چۈشىنىپ مۇشۇ سىرنى ئاچچىغىمنى كەلتۈرمىسە قىلىمەن ئۇ چاقچاقنى: بۇ ھاسىنىڭ تەمى ئىپسىڭلاردا بارمۇ، دەيمەن بەلكىم، قىسقا ئىشتىنىڭلارنى نېمىشقا كىيمىدىڭلار، دەيمەن بەلكىم، قۇلاقلىرىڭلاردىن تۈتۈپ تامغا مىخ قىلىپ قېقىۋېتىمەن سىلەرنى دەيمەن بەلكىم، لېكىن بىلىپ تۇرۇپتىمەن، بۇ گەپلەر ئۇلارنى بىردەم بولسىمۇ كۈلدۈرمەيدۇ، پەقەت ئۇلارغا يادا بولۇپ كەتكەن جانسىز ۋە قاملاشمىغان خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئەسلىشكە يول ئاچىدۇ ۋە بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىشىدۇ:

ــ بىز ماڭدۇق موما، سىز ئىستانبۇلدا كىمگە سالام ئېيتىپ قويۇشىمىزنى ئارزۇ قىلىسىز؟

دېيىشىدۇ ۋە مەن بىردىنلا بۇ سوئالنى ئەسلا كۈتۈپ تۇرمىغاندەك ھەيران قېلىپ ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. ئاندىن ئىستانبۇلنى خىيال قىلىمەن، يەتمىش يىل بۇرۇن ئىستانبۇلدا قېپقالغانلارنى، ئاھ، ئەپسۇس، مەن ئالدانمايمەن، چۈنكى بىلىمەن: سالاھىددىننىڭ ئېنسىكلوپېدىيەسىدە يازغىنىدەك ۋە ئارزۇ قىلغىنىدەك، ئۇ يەردە گۇناھلارغا كېكىردىكىڭلارغىچە پېتىپ ياشاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمەن. لېكىن بەزىدە ئويلاپ قالىمەن. سوغۇق قىش كېچىلىرىدە ئويلىغانلىرىم ۋە پاپا ئوتنى تۈزۈك قالىيالمىغان مەش ئىچىمنى ئىسسىتالمىغان چاغلاردا، مەن، ئۇلار بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇشنى خالاپ قالىمەن، يوپيورۇق، ئىسسىق ۋە ئازادە بىر ئۆيدە ياشاشنى ئويلاپ، خىيالغا پېتىپ كېتىمەن، لېكىن، ياق، خالىمايمەن گۇناھنى! ئۇ ئىسسىق ۋە يورۇق ئۆيىنىڭ شاتلىقىنى كاللامدىن زادىلا چىقىرالمىسام، ئاخىرىدا، قىش كېچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشكاپىمنى ئېچىپ، يىپى تۈگىگەن غالتەكلەرنىڭ ئاستىدىن ۋە جاۋاھىرات قۇتىسىنىڭ يېنىدىن ۋە تىكىش ماشىنامنىڭ سۇنۇق يىڭنىلىرى، توك تالونلىرى بار قۇتىدىن ئېلىپ قارايمەن: ئاھ، ئەپسۇس، ھەممىڭلار ئۆلۈپ كەتتىڭلار، ئارقاڭلاردىن پۈتۈن دۇنياغا خەۋەر قىلىشتى، مەنمۇ گېزىتلەردىن كېسىۋېلىپ ساقلىدىم، قاراڭلار مۇسىبەت خەۋىرىڭلارغا: مۇسىبەت خەۋىرى: سەممىھا ئەسەن، شېكەر زاۋۇتلىرى ئىدارىسىنىڭ باش مۇدىرلىرىدىن مەرھۇم خالىت جەمىل بەيىنىڭ قىزى، مۇسىبەت خەۋىرى: ئىدارە كېڭەش ئەزاسىمىش، ھۆرمىتى زىيادە بولغاي، مۇرۇۋۋەت خانىم، ئەڭ كالۋاسى بۇ ئىدى؛ مۇسىبەت خەۋىرى: كونا بايلاردىن مەرھۇم ئادنان بەيىنىڭ يالغۇز قىزى نىھال ھەدە، ئەلۋەتتە ئېسىمدە، قارا، بىر تاماكا سودىگىرى بىلەن توي قىلىپسەن، ئۈچ بالاڭ، ماشائاللاھ ئون بىر نەۋرەڭ بوپتۇ، لېكىن سەن ئەسلىدە بەھلۈلنى ياخشى كۆرەتتىڭ، لېكىن ئۇ، ئەخلاقسىز بىھتەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئويلىما فاتىمە، قارا، يەنە بىر تال بار ئىكەن، بۇ ئەڭ

ئاخىرقىسى، ئون يىل بولدىغۇ دېيمەن، مۇسىبەت خەۋىرى: ئۆي-مۈلۈكچىلىك مىنىستىرى ۋە پارىژدا تۇرۇۋاتقان باش ئەلچى مەرھۇم شوكرۇ پاشانىڭ قىزى ۋە مەرھۇمە تۈركان بىلەن شوكرانىنىڭ سىڭلىسى، نىگان ئىشىقچى خانىم، ئاھ، نىگان ھەدە، سېنىڭمۇ ھەقىنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىڭنى ئوقۇپ، قولۇمدا مۇسىبەت خەۋەرلىرى، سوغۇق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئىستانبۇلدا تونۇش-بىلىش ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمەن ۋە ئاندىن ئويلايمەن: ھەممىڭلار سالاھىددىن يەر يۈزىگە چۈشسۇن دەپ يالۋۇرۇپ ياقا يىرتقان ۋە ئېنسىكلوپېدىيەسىدە يازغان دوزاقنىڭ ئىچىگە كىردىڭلار، ھەممىڭلار ئىستانبۇلنىڭ مەيىنەت گۇناھلىرىغا پاتتىڭلار ۋە ئۆلدۈڭلار ۋە بېتون بىنا ئۆيلەر، زاۋۇت تۇرخۇنلىرى، گىرىم بويۇملىرىنىڭ پۇراقلىرى، ئەۋرەز يوللىرىنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلدۈڭلار، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق! بۇنى ئويلاپ غەلىتە بىر قورقۇنچنىڭ ھوزۇرىنى ھېس قىلىمەن ۋە سوغۇق قىش كېچىسىدە ئىسسىق يوتقانغا كىرىۋالغۇم كەلگەچكە كارىۋىتىمغا قايتىپ چىقىمەن ۋە خىياللىرىم مېنى چارچاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇخلىۋالغۇم، ئۇنتۇپ كەتكۈم كېلىدۇ: ئىستانبۇلدا سالام ئېيتقۇدەك ھېچكىمىم قالماپتۇ، شۇنداق.

كېلىشسۇن، سوراشسۇن، بۇ قېتىم ھەيران قېلىپ، ھاياجانلىنىپ ئولتۇرماي بۇ جاۋاپنى ئۈدۈللا بېرىمەن، دەپ ساقلاۋاتىمەن، لېكىن تېخىچە پەستىن بىر سادا يوق. ئورنۇمدىن قوپتۇم، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى سائەتكە قارىدىم، ئەتىگەن سائەت ئون بوپتۇ! نەدە قېلىشقاندۇ؟ بىرىپ دەرىزىدىن بېشىمنى چىقاردىم: مەتىن توختىتىپ قويغان ماشىنا يەنە ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئېسىمگە كەلدى: ئاشخانا ئىشىكىدە بىر ھەپتىنىڭياقى مىت قىلماي تۇرغان تومۇزغىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمايۋاتىمەن: جىمجىتلىقتىن قورقۇۋاتىمەن! ئاندىن باياتىن كەلگەن دورىگەر ئايالنى خىيال قىلدىم، لېكىن ئۇنى ھېچقانداق بىر ئىشقا باغلىيالمىدىم ۋە يەنە يادىمغا پاپىنىڭ گەپلىرى كەلدى، ئۇلارنى يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندۇر ۋە كۇسۇلداپ جىنايەت ۋە گۇناھلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندۇر: دەرھال ھوجرامدىن چىقتىم، پەلەمپەينىڭ يېنىغا باردىم ۋە ھاسامنى يەرگە ئۇرۇپ توۋلىدىم:

– رەجەپ، رەجەپ، چاققان بۇ يەرگە چىق!

لېكىن نېمىشقىكىن بۇ نۆۋەت چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم، ھاسامنى بىكارغىلا يەرگە ئۇرغانلىقىمنى، قېرى ئاۋازىمنى بىكاردىن-بىكارلا زورلىغانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم، ئەمما يەنە بىر قېتىم توۋلىدىم ۋە توۋلاۋېتىپ غەلىتىلا بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، شۈركۈنۈپ كەتتىم: خۇددى ھەممىسى ماڭا خەۋەر قىلماستىن ۋە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەسلىككە كېتىپ قالغاندەك ۋە مەن ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالغاندەكلا! سەل قورقتۇم ۋە بۇنى ئويلىماسلىق ئۈچۈن يەنە پەسكە قاراپ توۋلىدىم، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ غەلىتە تۇيغۇغا

تېخىمۇ بەك چۆكۈپ كەتتىم. گويا دۇنيادا ھېچكىم قالمىغاندەك، نە بىر ئىنسان، نە بىر قۇش، نە بىر نومۇسسىز ئىت، جىر-جىر ئاۋازلىرى بىلەن ماڭا ئىسسىقنى ۋە ۋاقىتنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ قالمىغاندەك: ۋاقىت توختاپ قالغاندەك ۋە ئۆزۈم يالغۇز قالغاندەك ۋە مانا دەھشەتكە چۈشۈپ قالغان ئۈمىدسىز ئاۋازىم يەنە بىر قېتىم بىكاردىن-بىكارغا پەسكە نىدا قىلماقتا ۋە ھاسام چارەسىز ھالدا يەرگە، يەرگە ئۇرۇلماقتا ۋە ھېچكىم ئاۋازىمنى ئاڭلىمايۋاتاتتى: پەقەت تاشلاپ قويۇلغان دىۋانلار، ئورۇندۇقلار، ئۈستىنى توپا-چاڭ باسقان ئۈستەللەر، يېپىقلىق ئىشىكلەر، ئۆزى بىلەن ئۆزى چىرىسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغان ئۈمىدسىز نەرسە-كېرەكلەر؛ سېنىڭ ئۆلۈمىڭ سالاھىددىن! ۋاي خۇدايىم، قورقۇپ كەتتىم ۋە ئوي-خىياللىرىمنىمۇ نەرسە-كېرەكلەرگە ئوخشاش قاتتىقلىشىپ، مۇز پارچىسىدەك رەڭسىز، پۈراقسىز بولۇپ قالىدىغاندەك ۋە ئۆزۈمنى بۇ يەردە مەڭگۈ ھېچنىمىنى تۇيماي قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. ئاندىن بىردىنلا يادىمغا كەلدى، پەسكە چۈشۈپ ۋاقىتنى ۋە ھەرىكەتنى تاپماقچى بولدۇم ۋە قىينىلىپ يۆرۈپ پەلەمپەيدىن تۆت باسماق پەسكە چۈشتۈم، لېكىن بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قورقتى: يەنە ئون بەش باسماق بار، چۈشەلمەيسەن فاتىمە، يىقىلىپ چۈشىسەن! باسماقنىڭ ئۈستىدە جىددىيلىشىپ ئاستا كەينىمگە قايتتىم ۋە ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، شۈركۈنۈشلۈك جىمجىتلىقتا دۈمبەمنى قىلىپ، ئۆزۈمنى بەزلىمەكچى ۋە ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدۇم: ھازىر كېلىپ قولۇڭنى سۆيىدۇ فاتىمە، قورقما!

ھوجرامنىڭ ئىشىكىگە بارغاندا قورقمايۋاتاتتىم، لېكىن ئۆزۈمنى بەزلىيەلمەيۋاتاتتىم: سالاھىددىن تامدىكى رەسىمدىن ماڭا مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قاراپ تۇراتتى، لېكىن ھېچنىمىنى تۇيمايتتىم، گويا پۈراش، سېزىش، تېتىش ۋە تېگىش تۇيغۇلىرىمدىن مەھرۇم قالغاندەك قىلاتتىم. ئاندىن يەنە يەتتە كىچىك قەدەم ماڭدىم، كارىۋىتىمغا باردىم، بۇرجىكىدە ئولتۇردۇم ۋە كېيىن ئۆزۈمنى قويۇۋەتتىم، گەۋدەم كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى ۋە يەردىكى گىلەمگە قاراپ خىياللىرىمنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى ۋە تەكرارلىنىشىنى ھېس قىلدىم ۋە ئىچىم سىقىلدى: مەن ۋە قۇرۇق خىياللىرىم تېخىچە بوشلۇقنىڭ ئىچىدە تۇراتتۇق. ئاندىن كارىۋاتتا پۇت-قولۇمنى سوزۇپ ياتتىم ۋە بېشىم ياستۇققا تەگكەندە ۋاقىت توشقانمىدۇر، دەپ ئويلىدىم، كېلىۋاتقانمىدۇر، قولۇمنى سۆيۈش ئۈچۈن ئىشىكتىن كىرىۋاتامدىغاندۇر؛ خۇداغا ئامانەت موما، خۇداغا ئامانەت موما، تەييارمۇ سەن؟ پەلەمپەيلەردە ۋە پەستە تېخىچە ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى ۋە پەرەز قىلىۋېرىشتىن زېرىككەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ تېخى تەييار بولمىغانلىقىمنى ئويلىدىم، كۈتۈشىم كېرەكلىكىنى، خۇددى جىمجىت، يالغۇز قىش كېچىلىرىدە قىلغىنىمغا ئوخشاش، ۋاقىتنى تىلىم-تىلىم ئاپلىپسىندەك بۆلۈشىم كېرەكلىكىنى ئويلىدىم ۋە يوتقاننى ئۈستۈمگە يېپىپ ساقلىدىم.

مۇشۇنداق ساقلاۋاتقاندا كاللامغا بىر خىيالنىڭ كىرىۋالدىغانلىقىنى بىلىمەن. قايسىسى؟ ئىچى تېشىغا ئۆرۈلۈپ قالغان پەلەيگە ئوخشاش، ئىدراكىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىنى ماڭا كۆرسىتىشىنى خالاپ قالدىم: دېمەك سەن ئەسلى مۇنداق ئىكەنسەن فاتىمە، دەي ئاخىرىدا، سىرتىمنىڭ شەكلى ئەينەكتە ئەكس ئېتىپتۇ، لېكىن ئىچىم خۇددى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغاندەك! چۆچۈپ كېتەي، ئۇنتۇپ كېتەي، ھەيران قالاي: ئۇلار ھەر قېتىم كېلىپ كۆرگەن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشكەن ۋە سەل تۇرۇپ قولىنى سۆيىدىغان نەرسە بولسا مېنىڭ تېشىم، ئۇنداقتا ئىچىم قايسىدۇر، دەپ قالىمەن بەزىدە. گۇپ، گۇپ قىلىپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىم ۋە ئېقىن سۇ ئۇستىدىكى قەغەز قېيىقتەك خىياللىرىم ۋە باشقىلار نېمىدۇر؟ غەلىتە ئىش! بەزىدە ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئارىلاشتۇرۇپ قويىمەن ۋە تاتلىق بىر خىل ھاياجان بىلەن قىزىقىپ قالىمەن: گويا ئىچىم تېشىم بولۇپ قالغاندەك، تېشىممۇ ئىچىم ۋە مەن قايسىسى دەپ جىمجىت قاراڭغۇلۇقتا تاپالمايمەن. قولۇمنى مۈشۈككە ئوخشاش تىرنىقى چىقارماي ئۇزىتىپ چىراقنى ياندۇرىمەن، كارىۋاتنىڭ سوغۇق تۆمۈرىنى سىيلاپ-سىپاشتۇرۇپ تېپىشقا ئۇرىنىمەن، لېكىن سوغۇق تۆمۈر مېنى كۆتۈرۈپ سوغۇق بىر قىش كېچىسىگە تاشلاپ قويىدۇ: مەن نەدە؟ ئادەم بەزىدە مۇشۇنىمۇ بىلەلمەيدۇ دەپ ئويلايمەن. يەتمىش يىل ئوخشاش بىر ئۆيدە ياشىغان ئادەم مۇشۇنىمۇ پەرق ئېتەلمىسە، شۇنداق، مەن يەنىلا ئويلاۋاتىمەن ۋە قارار چىقىرىۋاتىمەن، بىز تۇگەتتۇق دەپ ئويلايدىغان ھايات دېگەن نەرسە، غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز بىر نەرسە ئىكەن ۋە ھېچكىم ئۆز ھاياتىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيدىكەن. بەزىدە ساقلايسەن ۋە ئۇ، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە، نېمە ئۈچۈنلىكىنى ھېچكىم بىلمەستىن، كېتىپ قالىدۇ، سەن ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئىچىدە، نەدىن نەگە كېتىپ بارغانلىقىڭ ھەققىدە خىيال سۈرىسەن؛ خاتاسى، توغرىسى بولمىغان ۋە ھەتتا بىر نەتىجىسىمۇ بولمىغان، غەلىتە خىياللار دەپ تۇرغىنىڭدا، شۇنداق قارىساڭ، كەلدۇق فاتىمە، پەسكە چۈش! ئاۋۋال بۇ پۇتۇمنى، ئاندىن ئۇ پۇتۇمنى ئېلىپ، پەيتۇندىن چۈشىمەن. ئىككى قەدەم مېڭىپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ پەيتۇنغا قارايمەن. بىزنى ئىچىدە سىلكىپ، سىلكىپ كەزدۈرگەن نەرسە مۇشۇمىدى؟ مۇشۇ ئىكەن. ئاخىرىغا كەلگەندە دېمەك مەن ئاشۇنداق ئويلايمەن: مۇشۇ ئىكەن، مەن ھېچنىمىنى چۈشەنمىدىم، لېكىن يېڭىباشتىن باشلىغۇم بار. لېكىن رۇخسەت يوق! قېنى ئەمىسە، دېيىشىدۇ، ئەمدى بىز بۇ يەردە، يەنە بىر تەرەپتە، ئەمدى ئۇنىڭغا قايتا چىقالمايسەن، قايتىدىن باشلىيالمايسەن. ۋە ھارۋىكەش قامچىسىنى تاراسلىتىپ ئاتلىرى بىلەن ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقاندا، ھارۋىنىڭ كەينىدىن قاراپ يىغلىغۇم كېلىدۇ : دېمەك يەنە بىر قېتىم باشلىيالمايمەن ئانا، دېمەك يەنە بىر قېتىم يوق! لېكىن ئادەم يەنە بىر قېتىم باشلىيالىشى كېرەك ئىدىغۇ، دەپ ئويلايمەن، خۇددى

ئەگەر بىر كىچىك قىز ئۆمۈر بويى كىچىك، گۇناھسىز بىر قىز پېتى قېلىشنى خالىسا، شۇنداق قالالىشى كېرەك دەپ ئويلىغىنىمدەك، ئادەم يېڭىباشتىن باشلىيالىشى كېرەك دەپ غۇتۇلدايمەن ۋە شۇ چاغدا نىگان، تۇركان ۋە شۆكرانلار ماڭا ئوقۇپ بەرگەن كىتابلار ۋە ئانام بىلەن ھارۋىدا قايتقان چاغ يادىمغا كېلىدۇ ۋە غەلىتە بىر خىل ئازاپ ئىچىدە ھۆزۈرلىنىپ كېتىمەن.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئانام مېنى شۆكرۇ پاشالارنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان ئىدى ۋە مېنى ئۇلارنىڭكىدە قويۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا، ھەر قېتىم ھارۋىدا دېگىنىدەك، قارا فاتىمە، دېگەنىدى، ئاخشاملىققا سېنى ئالغىلى كەلگەندە ھەرگىز يەنە ئۇنداق يىغلىما، ماقۇلمۇ، بولمىسا ئىككىنچى سېنى ئەكەلمەيمەن، دېگەنىدى، لېكىن مەن ئانامنىڭ ئۇ گەپلىرىنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدىم، مەن كۈنبويى نىگان، تۇركان ۋە شۆكرانلار بىلەن ئويناۋېتىپ ئۇلارنىڭ مەندىن نە قەدەر ئەقىللىق ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ھەۋەس بىلەن قاراش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئانامنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، چۈنكى پىيانىنونى بەك چىرايلىق چېلىشاتتى ۋە توكۇر ھارۋىكەشنى، ئاشپەزنى ئاجايىپ ئوخشىتىپ دورىشاتتى ۋە ئاندىن دادىلىرىنىمۇ دورىشاتتى، مەن ھەيران قالاتتىم ۋە ئۇلاردەك كۈلۈشكە خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن جۈرئەت قىلالايتتىم، چۈشتىن كېيىن شېئىر ئوقۇشاتتى، فرانسىيەگە بېرىپتۇ، فرانسۇزچە بىلەتتى، لېكىن كېيىن، ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش يەنە تۈركچە كىتاب ئېلىپ چىقاتتى ۋە تەرجىمە كىتابنى قولدىن قولغا ئايلاندۇرۇپ ئوقۇشاتتى ۋە ئۇنى ئاڭلاش شۇنچىلىك ھۆزۈرلۇق ئىدىكى مەن ئانامنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدىم ۋە ئاندىن تۇيۇقسىز ئانامنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتىدىغان چاغنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ يىغلاشقا باشلىغان ئىدىم ۋە ئۇ چاغدا ئانام ماڭا سەت ئالىيىپ قارىغان ئىدى، لېكىن مەن ئانامنىڭ ئەتىگەن ھارۋىدا دېگەن گەپلىرىنى تېخىچە ئېسىمگە ئالالمىغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن پەقەت ئۆيگە قايتىدىغان چاغ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئانام ماڭا سەت ئالىيىپ قارىدى، دەپ يىغلىغان ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن نىگان، تۇركان ۋە شۆكراننىڭ ئانىسىنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىغان ئىدى ۋە بولۇڭلار قىزلار، ئۇنىڭغا كەمپۈت ئەكىلىپ بېرىڭلار، دېگەنىدى ۋە ئانام ئەجەپ سەت بولدى خانىم دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئانىسى، كېرەك يوق دەۋاتقاندا، نىگان كۈمۈش قەندەلدە كەمپۈت ئېلىپ كەلدى ۋە ھەممەيلەن مېنى ئەمدى بېسىقتۇ دەپ قاراپ تۇرغاندا مەن قولۇمنى سۇنۇپ كەمپۈتلەرنى ئالمىدىم ۋە ياق، دېدىم، بۇنى ئەمەس ئۇنى ئالىمەن، دېدىم، ۋە شۇ چاغدا نېمىنى ئالاتتىڭ، دېيىشتى ۋە ئانام، بولدى دېيمەن فاتىمە، دېگەندە، پۈتۈن جاسارىتىمنى يىغىپ، ئۇ كىتابنى، دېدىم، لېكىن يىغلاۋاتقاچقا قايىسىنى ئالىدىغانلىقىمنى دېيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن شۆكران ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ كىتابلارنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇ چاغدا ئانام، خانىم، بۇ كىتابلار بۇ قىزغا ماس كەلمىسە كېرەك،

دىبدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، دەۋاتقاندا، مەن كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىغا كۆزۈمنىڭ ئۇچىدا قارىدىم، Paul de Kock، Xavier de Montepin ۋە Monte Cristo لار بار ئىدى، ئەمما مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم چۈشتىن كىيىن ماڭا ئوقۇپ بەرگەن ھىكايەئى روبىنسون ئىدى ۋە ئالسام بولامدۇ، دىدىم ۋە ئانام يەنە بەك خىجىل بولۇپ كىتىۋىدى ئۇلارنىڭ ئانىسى بولىدۇ قىزىم، دىدى، سەندە قالسۇن، لىكىن يوقىتىپ قويما، ئۇ شۆكرۇ پاشانىڭ كىتابى ۋە شۇ چاغدا مەن بىسىقتىم ۋە كىتابنى ئىلىپ ئاستا بىرىپ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردۇم.

ئۆيگە قايتىش يولىدا ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ ئانامنىڭ يۈزىگە قاراشتىن قورقۇۋاتاتتىم: يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىم ھارۋىنىڭ كەينىدە قىلىۋاتقان يولدا ۋە شۆكرۇ پاشالارنىڭ ھىلىھەم كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان داچىسىنىڭ دەرىزىلىرىدە ئىدى، ئانام بىردىنلا ماڭا ۋارقىراپ تۇرۇپ، مىنىڭ ئەركە نايناق بىر قىز بولغانلىقىمنى ئىيتتى. ئاچچىقى بىسىلمىغان ئىدى، يەنە بىر ھازا كوتۇلدىغاندىن كىيىن قوشۇپ قويدى: كىلەر ھەپتە شۆكرۇ پاشالارنىڭكىگە بارالمايتتىم. شۇ چاغدا ئانامنىڭ چىرايىغا قاراپ بۇ گەپنى مىنى يىغلىتىش ئۈچۈن دىگەنلىكىنى ئويلىدىم، چۈنكى باشقا ۋاقىتلاردا بۇنداق گەپلەر مىنى يىغلىتاتتى، لىكىن يىغلىمىدىم. چۈنكى غەلىتە بىر خىل سۆيۈنۈش ۋە ھۇزۇر ھىس قىلىۋاتاتتىم، ئىچىمنى بىر خىل ئازادىلىك قاپلىغان ئىدى، بۇنى خىلى كىيىنكى چاغلاردا، بۇ يەردە كارىۋىتىمدا يىتىپ تولا ئويلاپ تىپىپ چىققان ئىدىم: خىلى كىيىنكى چاغلاردا، قولۇمدىكى ئۇ كىتاب تۈپەيلىدىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىگە قاراپ ئويلىناتتىم: ئىچىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى نىگار، تۈركان ۋە شۆكرانلار ئۇ كۈنى ماڭا نۆۋەت بىلەن ئوقۇپ بەرگەنىدى؛ تولۇق چۈشىنەلمىگەن ئىدىم، ماڭا قالايمىقان بىر كىتابتەك بىلىنگەن ئىدى، لىكىن شۇنداقتىمۇ بەزى ۋەقەلەرنى ئاڭقىرالىغانىدىم: بىر ئىنگلىز، كىمسى چۆكۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر يىگانە ئارالدا ئۇزۇن يىل تىنكەندەك يالغۇز ياشىغانىدى، ياق، تىنكەندەك يالغۇز ئەمەس، چۈنكى نەچچە يىلدىن كىيىن ئۇچرىشىپ قالغان بىر خىزمەتكارى بار ئىدى، لىكىن يەنىلا ئىنتايىن غەلىتە ئىدى. ئۇزۇن يىللارغىچە باشقا ھىچقانداق ئادەمنى كۆرمەي ياشىغان ئۇ ئادەم بىلەن خىزمەتكارىنى خىيال قىلىش ئاجايىپ غەلىتە تۇيۇلاتتى، لىكىن ھارۋا بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇياققا سىلكىنىپ كىتىۋاتقاندا، ماڭا بارغانسىرى تىخىمۇ كۆپ ھۇزۇر بىغىشلىغان نەرسە بۇ ئەمەستى، بىلىپ تۇرۇپتىمەن، باشقا بىر نەرسە بار ئىدى. شۇنداق، ئانام ماڭا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، دەرىزىدىن ئالدى تەرەپكە ئەمەس، دائىم ئامراق بولغىنىمدەك كەينى تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتىم، ئەمدى كۆرۈنمەي قالغان شۆكرۇ پاشالارنىڭ داچىسىغا ئەمەس، لىكىن كەينىمىزدە قىلىۋاتقان يولغا، خىيال قىلىشىمۇ گۈزەل بولغان

ئۆتمۈشكە قاراۋاتاتتىم، لېكىن ھەقىقىي گۈزەل بولغىنى، قولۇمدىكى كىتاب سەۋەبىدىن ئۇ قالايمىقان ئۆتمۈشنى بەلكىم ئۆيدە قايتا بېشىمدىن ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىشىم ئىدى. تاقەتسىزلەرچە ۋە رايىشلىق بىلەن قاراشلىرىم ئۆيدە كىتابىنىڭ چۈشىنىكسىز بەتلىرى ئارىسىدا بەلكىم نىشانسىز ھالدا كېزىپ يۈرەتتى، لېكىن كېزىۋاتقاندا مەن كېلەر ھەپتە بارالمايدىغان شۈكرۈ پاشالارنىڭ ئۆيىنى، ئۇ يەردە قىلغانلىرىمىزنى ئۇ يەر، بۇ يېرىدىن بولسىمۇ ئېسىمگە ئالاتتىم. چۈنكى خېلى كېيىنكى چاغلاردا، بۇ يەردە كارىۋېتىمدا يېتىپ ئويلىغىنىمغا ئوخشاش: ھاياتنى، ئۇ بىر قېتىملىق ھارۋا سەپىرىنى، ئاخىرلاشقان چاغدا يېڭىباشتىن باشلىيالمايسەن، لېكىن قولۇڭدا بىر كىتاب بولسا، مەيلى قانچىلىك قالايمىقان ۋە چۈشىنىكسىز بولسا بولسۇن ئۇ كىتاب، تۈگىگەن ۋاقىتتا، چۈشىنىكسىز بولغان نەرسىنى ۋە ھاياتنى يېڭىباشتىن چۈشەنمەك ئۈچۈن، خالىساڭ باشتىن باشلاپ، تۈگىگەن كىتابنى يېڭىباشتىن ئوقۇيالايسەن، شۇنداقمۇ فاتىمە؟

1983ـ1980

بۇ رومانىنىڭ تەرجىمىسى تولۇق تۈگىدى.